ئۆمەرجان سدىق



# ئىدىقۇت ئوغلانلىرى

## ـ مۇھتىلار جەمەتى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئىدىقۇت ئوغلانلىرى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى


نەشر قىلدۇرغۇچى : يالقۇن روزى
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : نۇرمۇھەممەت ئۆمەر




ISBN 7-228-08440-3
9 787228 084401 >
ISBN 7 – 228 – 08440 – 3
（民文）定价：25.00 元

www.uyghurkitap.com
TURAN KİTAPLIĞI

Doğu Türkistanlı Uzman Dr.
Turguncan UYGURTÜRKOĞLU'nun
Kütüphanesi
Kitap No.:......


بۇ ئەسەرىمنى شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىشلىرىغا ، ھەربىي ئىشلىرىغا
ۋە سودا ـ سانائەت ئىشلىرىغا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان مەشھۇر ئائىلە ـ مۇھىتىلار جەمەتىگە
ھۆرمەت بىلەن بېغىشلايمەن .
ـــ ئاپتوردىن



ئۆمەرجان سىدىق

# ئىدىقۇت ئوغلانلىرى

## — مۇھتىلار جەمەتى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

图书在版编目（CIP）数据

火焰山子孙/吾买尔江·斯迪克著.—乌鲁木齐:新疆人民出版社,2003.11

ISBN 7—228—08440—3

Ⅰ. 火… Ⅱ. 吾—… Ⅲ. 人物—生平事迹—吐鲁番市—维吾尔吾（中国少数民族语言）

Ⅳ. K820.845.3

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2003）第 103396 号

责任编辑：买买提吐尔地·米尔孜艾合买提
责任校对：艾加尔古丽·吐尔逊
封面设计：努尔买买提·吾买尔

# 火焰山子孙

吾买尔江·斯迪克著

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市解放南路 348 号 邮政编码 830001）
新疆新华书店发行 工人时报印刷厂印刷
850mm×1168mm 32 开本 14.25 印张 插页 16
2003 年 12 月第 1 版 2003 年 12 月第 1 次印刷
印数：1——4000 册

ISBN 7—228—08440—3（民文） 定价:25.00 元



مەخسۇت مۇھىتى موسكۋادا

( 1910 - يىللار )

ئۇيغۇر كىتاب تورىستى
www.uyghurkitap.com

# ئاكا - ئۇكا تۆت مۇھىتى



مۇسۇل مۇھىتى
( 1941 - 1870 )



مەخسۇت مۇھىتى
( 1933 - 1885 )



مەھمۇت مۇھىتى
(1945 -1887 )

گوسۇل مۇھىتى
( 1940 - 1894 )

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



مەخسۇت مۇھىتى ( ئوتتۇرىدا ) ، تاھىربەگ ( ئوڭدا ) ، ئابدۇلھەق ( سولدا ) ، ئابدۇلھەقنىڭ بالىسى رەئىس .
( 1930 - يىلى 2 - مارت موسكۋا )



مەھمۇت مۇھىتى ( ئالدىنقى رەت ئوتتۇرىدا ) 1934 - 1935 - يىللاردا قەشقەر دىكى جامائەت ئەرباپلىرى بىلەن بىللە .
ئالدىنقى رەت ئوڭدىن بىرىنچى كىشى نۇجۇۋۇللا ئەپەندى ، ئىككىنچى كىشى نامەلۇم ، تۆتىنچى كىشى ئابدۇراخمان ئەپەندى ( تىگجاڭ ) ، بەشىنچى كىشى گايىت ئاخۇن ( قاراشەھەرلىك ) ، ئارقا رەت ئوڭدىن بىرىنچى كىشى مايىت ( قارا شەھەرلىك )، ئىككىنچى كىشى نامەلۇم ، ئۈچىنچى كىشى توختى ھاجى ( قەشقەر قىزىلدۆۋىلىك مەرپەتپەرۋەر باي ) ، تۆتىنچى كىشى نامەلۇم ، بەشىنچى كىشى گايىت ( توخسۇنلۇق )



هەيدەر سايرانى ئەپەندى
( 1943 - 1886 )



گۇلەندەم ئاۋۇستەي 1938-يىلدا
( 1973 - 1889 )




هەيدەر سايرانى ئەپەندى ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىللە ( 1930- يىللار، ئۈرۈمچى )
ئوڭدىن بىرىنچى كىشى هەيدەر ئەپەندى ، سولدىن بىرىنچى كىشى ئۇيغۇر سايرانى ،
ئوڭدىن ئىككىنچى كىشى هەيدەر سايرانىنىڭ ئايالى زەينەپ شەهىدى ( بورهان شەهىدىنىڭ
سىڭلىسى ) .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



ئابدۇراخمان مۇهتى ( ئوتتۇردىكى كىشى ، موسۇل مۇهتىنىڭ ئوغلى ، 1947 - يىلدىكى
تۇرپان قوزغىلىڭىنىڭ رەهبىرى ) ، مجىت مۇهتى ( ئارقا رەت سولدا ، مەهمۇت مۇهتىنىڭ ئوغلى )
1950 - يىلى 2 - ئايدىكى سۇرەت



ئابلىمت مۇهتى ( ئوڭدا ، مەهمۇت مۇهتىنىڭ چوڭ ئوغلى ) ،
[illegible]





ئۈستۈنكى سۈرەت ئوڭ تەرەپتىكى ئابدۇرىشىت مۇھىتى ( مەخسۇت مۇھىتىنىڭ ئىككىنچى ئوغلى، 1936 ـ يىلى 18 ياشتا )، ئاستىنقى سۈرەت ئوتتۇرىدىكى يەنىلا ئابدۇرىشىت مۇھىتى. بۇ ئۇنىڭ 1939 ـ يىلى تۇرمىدىن چىققاندىكى سۈرىتى. ئۇ 1940 ـ يىلى 22 ياشتا قازا قىلغان. ئۈستۈنكى سۈرەت سولدىكى باۋۇدۇن يۇسۇپ ( 1915 ـ 1998 ). ئاستىنقى سۈرەت ئوڭ تەرەپتىكى رۇقىيە مۇھىتى ( مەخسۇت مۇھىتىنىڭ ئاچىسى )، سولدا زەينەپ پەرسا ( مەخسۇت مۇھىتىنىڭ ئايالى ).

ئۇيغۇر كتاب تور بيكتى
www.uyghurkitap.com



مەھمۇت مۇھتىنىڭ خوتۇن ـ بالىلىرى



ئابدۇرېھىم مۇھتى ( موسۇل مۇھتىنىڭ
ئۈچىنچى ئوغلى . 1912 - 1972 )



پاتەم مۇھتى ( مەخسۇت مۇھتىنىڭ چوڭ
قىزى . 1920 — 1976 )



ئالدىنقى رەت سولدا گۆھەر مۇھىتى (موسۇل مۇھىتىنىڭ نەۋرىسى)، ئوڭدا ئايىمخان (ئاستانىلىق باي توختى ھاجىنىڭ قىزى)، ئارقا رەت سولدا سائادەت مۇھىتى (مەخسۇت مۇھىتىنىڭ قىزى)، ئوڭدا زىۋىدىخان (قۇربان سەئىدىنىڭ قىزى)



سائادەت مۇھىتى (2003 - يىلدا)



گۆھەر مۇھىتى (2002 - يىلدا)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئىبراهىم مۇهتى ( مەخسۇت مۇهتىنىڭ ئوغلى )
2003 - يىلى 80 ياشتا



مىجىت مۇهتى ( مەهمۇت مۇهتىنىڭ ئوغلى )
1998 - 1930



ئوڭدىن توختى هاشىم ( سائادەت مۇهتىنىڭ ئېرى ) ، سائادەت مۇهتى ، ئايىمخان ( مىجىت مۇهتىنىڭ ئايالى ) ، بىشارەت مۇهتى ( مەهمۇت مۇهتىنىڭ قىزى ) ، خەلچىخان مۇهتى ( مەهمۇت مۇهتىنىڭ قىزى ) ، مەسئۇت مۇهتى ( ئىبراهىم مۇهتىنىڭ ئوغلى ) « مەخسۇدىيە مەكتىپى » نىڭ 90 يىللىق تويىدا ، 2003 - يىلى 11 - ئاي



مەمۇت مۇھتىنىڭ پەرزەنتلىرى:  سولدىن مجىت مۇھتى ، بېشارەت مۇھتى ، خەلچىخان مۇھتى
**1940** - يىلى سېنتەبىر غۇلجا كۇرەدە .



ئابلىمىت مەخسۇدوف
( **2001 - 1916** )



ئىسكەندەر ئابىدى
( ؟ – **1911** )




تۇرپان ئاستانىدىكى « مەخسۇدىيە مەكتىپى » نىڭ 90 يىللىق خاتىرە تويىدىن بىر كۆرۈنۈش .

( 8 . 11 . 2003 )



خاتىرە تويىغا قاتناشقان ئەدىبلەر : ئوگدىن ، ئەنۋەر ئابدۇگول ، قۇربان مامۇت ، ئۆمەرجان سىدىق ، يالقۇن روزى ، ئابدۇقادىر جالالىدىن ، ئەكبەر داۋۇت ، ئەخمەت ئىمىن ، كامىل رىھىم .



ئاپتور ئۆمەرجان سدىق ( سولدا ) ئىبراھىم مۇھتى ۋە سائادەت مۇھتىلار بىلەن بىرگە .
( 2003 ـ يىلى 8 ـ نوْيابىر ، توْرپان ئاستانە ) .

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

Doğu Türkistanlı Uzman Dr.
Turguncan UYGURTÜRKOĞLU'nun
Kütüphanesi
Kitap No.: [illegible]

# «ئىدىقۇت ئوغلانلىرى»غا
# كىرىش سۆز

Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No: 7
Daire: 4 Zeytinburnu - İST.

يالقۇن روزى

ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدا بىر مەھەل پارلاق نۇر چاچقان «ئىدىقۇت مەدەنىيىتى» چىڭگىزخاننىڭ شەرق ۋە غەربنى بويسۇندۇرۇش مەقسىتىدىكى ھەربىي يۈرۈشلىرىدىن كېيىن، ئاستا - ئاستا پارلاقلىقىنى يوقىتىپ، چۈشكۈنلىشىشكە قاراپ يۈزلىنىپ ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ قاراڭغۇ زۇلمىتى ئىچىگە غەرق بولۇپ كەتتى. مەدەنىيەت، مائارىپ ۋە تەرەققىيات جەھەتتە كۆنسېرى كەينىگە چېكىنگەن بۇنداق زۇلمەتلىك دەۋر 600 — 700 يىللار داۋام قىلىپ، كېيىنكى كۈنلەرگە كەلگەندە، ئىدىقۇت ئەۋلادلىرى ھەتتا ئۆزلىرىنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى ياراتقان پارلاق مەدەنىيەتنىڭ ۋە يۈكسەك تەرەققىياتنىڭ شان - شۆھرىتىگە ئىشىنىشكە پېتىنالمايدىغان دەرىجىدىكى مەنىۋى زەئىپلىككە مۇپتىلا بولۇشتى.

ئەلۋەتتە، پەقەت ئىدىقۇت ۋادىسىلا ئەمەس، قەدىمكى دەۋرلەردە نى - نى سەلتەنەتلىك شەھەرلەر قۇرۇلۇپ، يۈكسەك دەرىجىدە تەرققىي قىلغان مەدەنىيەت نەمۇنىلىرى مەيدانغا كەلگەن ئانا دىيارىمىز — شىنجاڭ كۆپ ئەسىرلەردىن بېرى خەلقىنى قۇل قىلغۇچى زالىم ھۆكۈمرانلارنىڭ تىنىمسىز تالان - تاراج قىلىشلىرى، دىنىي تەپرىقىچىلەرنىڭ نومۇسسىزلارچە زىددىيەت تېرىشلىرى سەۋەبىدىن 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە

زۇلۇم - جاھالەتنىڭ، ئېزىلىش - خورلۇقنىڭ، نادانلىق - خۇراپاتلىقنىڭ، نامراتلىق - بىقۇۋۇللۇقنىڭ ئوچىقى بولۇپ قالدى. شىنجاڭدا «مۇستەقىل پادىشاھ» بولۇۋېلىشقان، رەزىللىكتە بىر - بىرىدىن ئېشىپ چۈشىدىغان سىياسىي سېھىرگەر ياڭ زېڭشىن، ئەپيۈنكەش جىن شۇرېن، جاللات شېڭ شىسەي قاتارلىقلار ۋە ئۇلارنىڭ قول - چوماقچىلىرى بولغان ئامبال - دارىنلار، يەرلىك بەگ، ئەمەلدارلار بىچارە خەلقنى ھەر خىل قەبىھ ئۇسۇللار، قاتمۇ قات، سېلىق، بويۇنتۇرۇقلار بىلەن دەھشەتلىك تۇردە ئېزىپ، ئەقەللىي ئىنسانىي ھوقۇقىدىن، ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم قىلىپ قويىدى. ھەتتا ياشاش ئىمكانىيىتىنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈپ قويىدى. دىنىي تونغا ئورۇنۇۋالغان مۇتەئەسسىپ كۈچلەر، سوپى - ئىشانلار خەلقنى روھىي قۇللۇققا سۆرەپ، ئۇلارنىڭ قەلبىنى قاراڭغۇ زىنداندا مەھكۇم قىلدى. مۇشۇنداق شارائىت ئاستىدا زامانلاردىن بۇيان خەلقنىڭ ئېڭىدا سۇزۇك ئېقىننىڭ چوشلىرىدىكى ئەخلەتتەك تىنىپ قالغان ئىشانچىلىق، مۇتەئەسسىپلىك، خۇراپاتلىق، نادانلىق ئىدىيىلىرى «كۈچلىنىپ ئېچىغان ئوغۇت» قا ئېرىشكەن ئازغاندەك باراقسان ئۆسۈپ، بۇ قەدىمىي قوۋمنىڭ قەلبى ۋە ۋۇجۇدىنى يىلاندەك چىرمىۋالدى. بۇ مۇقەددەس تۇپراقنىڭ ھەممىلا جايىدا زۇلۇم، سىتەم، تەقىب، نادانلىق ھۆكۈم سۈرۈپ، ئاھۇ - پەريادلار، يىغا - زارىلەر، قان - ياشلار خەلقنىڭ كۈندىلىك تامىقىغا ئايلاندى.

19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ تەرەققىي تاپقان ياۋروپا مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئەڭ بۇرۇن ئۇچرىغان قىرىم يېرىم ئارىلىدىكى ۋە تاتارىستاندىكى تاتار زىيالىيلىرى ھەم سودىگەرلىرى تىل ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە قېرىنداش بولغان خەلقلەرگە تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ نەشر بۇيۇملىرى ۋە چاقىرىق كۈچىگە باي تەشەببۇسلىرى قېرىنداش

خەلقلەرنىڭ مەربپەتچىلىك ئىدىيىسىنىڭ شەكىللىنىشىگە ۋە مىللىي ئېڭىنىڭ ئويغىنىشىغا زور تەسىر كۆرسەتتى. ئەنە شۇلارنىڭ تەسىرى بىلەن 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە قەشقەر، ئاتۇش، كۇچا، ئىلى ۋە تۇرپان رايونىدىكى تەرەققىيپەرۋەر سودىگەرلەر ۋە ئۆلىما - زىيالىيلار پەننىي مەكتەپلەرنى ئېچىپ، يېڭى مائارىپنى يولغا قويۇپ، خەلقنى ئويغىتىپ، تەرەققىيات ۋە قەد كۆتۈرۈش يولىغا باشلاشقا نىيەت باغلىدى. قۇمۇل تاغلىرىدا تەڭسىزلىككە قارشى قوزغالغان ئىنقىلاب بورىنىغا، نادانلىققا قارشى ئاتۇش زېمىنىدىن كۆتۈرۈلگەن مەربپەتچىلىك ھەرىكىتىگە، چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ تالان - تاراجىغا قارشى ئىلى، ئاتۇش، قەشقەردە شەكىللەنگەن «مىللىي سودىنى راۋاجلاندۇرۇش» دولقۇنىغا ئىدىقۇت دىيارىدىكى مەربپەتلىك جەمەت - مۇھەممەتلار ئائىلىسىنىڭ ئىقتىدارلىق پەرزەنتلىرى ئاكتىپ ئاۋاز قوشتى ۋە مىللەتنىڭ تەقدىرى، گۈللىنىشىگە بېرىپ چېتىلىدىغان، زور تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ سەركەردىسىگە ئايلاندى. بۇ ئائىلىنىڭ موسۇل مۇھىتى، مەخسۇت مۇھىتى، مەھمۇت مۇھىتى، گوسۇل مۇھىتى قاتارلىق تۆت ئوغلانى ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ تىجارەت ئېڭى بىخ ھالىتىدە تۇرۇۋاتقان شۇ دەۋرلەردە تۆگە كولدۇرمىلىرىنى جاراڭلىتىپ، شەرقتە لەنجۇ، تيەنجىن ۋە بوخەي دېڭىزى بويلىرىغىچە؛ شىمالدا چۆچەك، ئىلى ۋادىلىرىنى بېسىپ ئۆتۈپ، شەمەي، قازان، تاشكەنت، ھەتتا موسكۋا، لېنىنگرادلارغىچە؛ جەنۇبتا ئاتۇش، قەشقەرلەرگىچە بېرىپ، ئۇيغۇر مىللىي سانائىتى ۋە مىللىي سودىسىغا ئاساس سالدى، چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تالان - تاراجلىرىغا ئۇنۇملۇك زەربە بەردى. خەلقنىڭ قەلبى زۇلمەت زىندانلىرىغا مەھكۇم بولغان، يېڭىچە مائارىپتىن سۆز ئېچىش مۇمكىن بولمىغان شارائىتتا غايەت زور بېسىم،

قارشىلىقلارغا تاقابىل تۇرۇپ، خەتەرلەرگە تەۋەككۈل قىلىپ، تاپقان پۇلىنى خالىس هالدا خەلقنى نادانلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشقا سەرپ قىلدى. ئىدىقۇت دىيارىنى ئاساس قىلغان هالدا ئۇرۇمچى، چۆچەك، گۇچۇڭ قاتارلىق جايلاردا مەرىپەتچىلىك هەرىكىتىنى باشلاپ، يېڭى مائارىپ هەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇپ، خەلقىمىزنىڭ روهىيىتىدە زور ئويغىنىش، بۇرۇلۇش ياسىدى. مەرىپەت مەشئىلىنى ئىگىز كۆتۈرۈپ، ئەۋلادلارنىڭ قەلبىنى ئىلىم زەمزىمى بىلەن سۇغىرىپ، مائارىپ تارىخىمىزدا يىپ ـ يېڭى سەهىپە ياراتتى؛ خەلقنى زۇلۇمدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن قولىغا قورال ئېلىپ، ئىنقىلاب قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ يېتىپ، ئىسسىق جېنىدىن ۋە تالاي مۇشەققەتلەر بەدىلىگە توپلىغان مېلىدىن كېچىپ، ئېزىلگەن خەلقنى باشلاپ، زولۇمغا، تەڭسىزلىككە قارشى ئىسيان تۇغىنى كۆتۈردى. ئۇلار يۇگۇرۇك ئاتلارغا مىنىپ، ئەگرى قىلىچلارنى مەهكەم تۇتۇپ، «ئاچىل» ناخشىسىنى توۋلاپ، ئىنقىلاب يالقۇنىنى تەڭرىتاغ، قاراقۇرۇم ئېتەكلىرىگىچە، باشئەگىم بويلىرىغىچە، تەكلىماكان چۆللۈكلىرىگىچە تۇتاشتۇردى. ئۇلارنىڭ ئات تۇياقلىرىنىڭ هەيۋەتلىك دۈكۈرلىگەن ئاۋازلىرىدىن، غالىبانە «هۇررا» سادالىرىدىن زالىملارنىڭ يۈرەكلىرى دىر ـ دىر تىترەپ، مەهكۇم خەلقنىڭ جاراهەتلەنگەن قەلبى ئالەمچە شادلىققا تولدى. مۇهىتىلار پەرزەنتلىرىنىڭ كۆپىنچىسى جەڭ مەيدانلىرىدا، جاللات شېڭ شىسەينىڭ تۈرمىلىرىدە ئەزىز خەلقى ئۈچۈن قىممەتلىك هاياتىنى تەقدىم قىلدى. ئۇلار شىنجاڭ زېمىنىدا ئالدىنقى ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يۈز بەرگەن زور ئۆزگىرىشلەرنىڭ، تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ، سىياسىي بوران ـ چاپقۇنلارنىڭ، ئاقارتىش چۇقانلىرىنىڭ مۇهىم ئىجابىي ئىشتىراكچىسى، باشلامچىسى، سەركەردىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن خەلقىمىزنىڭ قەلب تۆرىدىن ئورۇن ئالدى، تارىخنىڭ ئالتۇن بەتلىرىگە يېزىلدى. بىزگە يېڭى

دۇنيا يارىتىش ئۇچۇن بارلىقىنى، ھاياتىنى تەقدىم قىلغان بۇ ئۇلۇغ ئوغلانلار خەلقىمىزنىڭ پەخرى، ياشلىرىمىزنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن بىزنى مەڭگۈ ئىلھاملاندۇرىدۇ. مەزكۇر كىتاب دەل مۇشۇ مۇھىتىلار جەمەتىنىڭ ئارسلاندەك ئەزىمەت ئوغۇللىرىغا، تۆھپىكار پەرزەنتلىرىگە ھۆرمەت بىلەن بېغىشلاندى.

2000 - يىل 12 - ئاي، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No: 7
Daire: 4 Zeytinburnu - İST.

# مۇندەرىجە

ئاپتوردىن ........................................ 1
مۇقەددىمە ........................................ 1
مۇھەممەت ھاجى ........................................ 25
موسۇل مۇھىتى ........................................ 34
مەخسۇت مۇھىتى ........................................ 55
مەھمۇت مۇھىتى ........................................ 250
گوسۇل مۇھىتى ........................................ 391
مۇھىتىلار جەمەتىنىڭ تۆھپىكار ئەۋلادلىرى ........................................ 395
ئابدۇراخمان مۇھىتى ........................................ 395
ئابدۇرېھىم مۇھىتى ........................................ 402
ئەنۋەر مۇھىتى ........................................ 405
ئابدۇرېشىت مۇھىتى ........................................ 406
ئىبراھىم مۇھىتى ........................................ 407
ئابلىمىت مۇھىتى ........................................ 410
ئابدۇمىجىت مۇھىتى ........................................ 412
ئابلىمىت مەخسۇدوف ........................................ 414
رېشىت مەخسۇت ........................................ 420
خاتىمە ........................................ 429
پايدىلانغان مەنبەلەر ........................................ 437

Doğu Türkistanlı Uzman Dr.
Turguncan UYGURTÜRKOĞLU'nun
Kütüphanesi
Kitap No.:........

# ئاپتوردىن

بىرقانچە يىلدىن بېرى كۆپلىگەن كىتاب - ماتېرىياللارنى كۆرۈش، تۆۋەنگە چۈشۈپ مۇخبىرلىق قىلىش پۇرسىتىدە، بىر قىسىم كىشىلەردىن ھەر خىل تارىخي ۋەقەلەرنى ئاڭلاش جەريانىدا، تۇرپان ئاستانىدىكى مەشھۇر مەرىپەتپەرۋەر جەمەت - مۇھىتىلار ئائىلىسى ھەققىدە خېلى چوڭقۇر چۈشەنچىگە ئىگە بولغانىدىم ۋە «كېيىن ئەسقېتىپ قالار» دېگەن نىيەتتە بىر قىسىم ماتېرىياللارنىمۇ توپلاپ قويغانىدىم. بۇ چاغلاردا مەندە مۇھىتىلار ئائىلىسى ھەققىدە بىرەر يىرىك ماقالە يېزىش، يەنىمۇ ئىزدىنىپ بېقىش ئويى بولسىمۇ، لېكىن كىتاب ئىشلەش خىيالى تېخى شەكىللەنمىگەنىدى، شۇنداقتىمۇ بۇ ئائىلىگە ئالاھىدە ھۆرمىتىم بولغاچقا، ئەدەبىي سورۇنلاردا بۇ ھەقتە گەپ بولۇپ قالسا، ھاياجان بىلەن سۆزلەپ قوياتتىم.

2000 - يىلى 11 - ئايدا ئۈرۈمچىدىكى ئىقتىدارلىق ئەدەبىي تەنقىدچى يالقۇن روزى، ياش شائىر، ژۇرنالىست ئابلىكىم ھەسەن ئەپەندىلەرنىڭ تۇرپانغا كېلىشى مۇناسىۋىتى بىلەن تۇرپاندىكى ئۆمەر ئابدۇللا، ئابدۇللا ئېلى قاتارلىق بىرقانچە قەلەمكەش دوستلار «تۇرپان» ژۇرنىلىنىڭ مۇھەررىرى، شائىر ئەكبەر داۋۇت تەنهايىنىڭ ئۆيىگە جەم بولۇپ قالدۇق. بۇ سورۇندا مۇھىتىلار ئائىلىسى ھەققىدە گەپ بولۇپ، مەن يەنە تەبىئىي ھالدا بۇ ھەقتە قىزىشىپ سۆزلەپ كەتتىم. سۆزۈمنى بېرىلىپ ئاڭلاۋاتقان يالقۇن روزى «مۇھىتىلار جەمەتى ھەققەتەن 20 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا شىنجاڭنىڭ تارىخىغا تەسىر كۆرسەتكەن مەشھۇر ئائىلىلەرنىڭ بىرى، ئۇلار شىنجاڭنىڭ سودا- سانائەت، مەدەنىيەت - مائارىپ، سىياسىي ۋە ھەربىي

ئىشلىرىغا زور تۆھپە قوشقان. بۇنداق مەشھۇر جەمەتلەر ئۇيغۇر تارىخىدا ئانچە كۆپ ئەمەس، سىزدە مۇھىتلار ئائىلىسى ھەققىدە خېلى كۆپ ماتېرىيال بار ئوخشايدۇ، مۇشۇ دېگەنلىرىڭىزنى كىتاب، قىلىپلا يېزىپ چىقمامسىز، بولمىسا قولىڭىزدىكى ماتېرىيالنى ماڭا بەرسىڭىز، مەن يېزىپ چىقاي» دەپ قالدى، مەن ھەم تەن بەرمىگەن، ھەم چاقچاق قىلغان بولۇپ «تۇرپانلىقلارنىڭ تارىخىنى تۇرپانلىقلار ئۆزلىرىمۇ يازالايدۇ جۇمۇ» دېدىم. يالقۇن روزى ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن: «ئۇنداق بولسا تېخىمۇ ياخشى، سىلەر مۇشۇ تۇپراقتا ئۆسۈپ يېتىلگەن، بۇ يەرنىڭ ئەھۋالى بىزگە قارىغاندا سىلەرگە تېخىمۇ تونۇشلۇق، بولدى، بىز كېلىشكەن بولايلى، بۇ كىتابىڭىزنى تېز يېزىپ، ئىككى ئايدا ماڭا تاپشۇرۇڭ، كىتابنى نەشر قىلدۇرۇشقا مەن مەسئۇل بولاي» دېدى. شۇنداق قىلىپ چاقچاققا ئوخشاشلا دېيىلگەن بۇ گەپ چىڭىغا چىقىپ قالدى. سورۇندىكى باشقا دوستلارنىڭمۇ ماڭا مەدەت بېرىشى ئارقىسىدا يالقۇن روزىغا ئىشەنچلىك ۋەدە بەردىم.

نىھايەت، بۇ كىتابنى يېزىش جەريانىدا شۇنى قايتا ـ قايتا ھېس قىلدىمكى، ئەركەكلىككە ئېلىپ دەپ قويغان بۇ گېپىمنى ئورۇنداش، لەۋزىمدە تۇرۇش ئۇچۇن مىڭ بىر مۇشەققەت تارتتىم، ئاجايىپ زور بېسىم ھېس قىلدىم، ھەتتا ئۆزۈمنى چاغلىماي ئالدىراپ ۋەدە بېرىپ قويغانلىقىمغا پۇشايمانمۇ قىلدىم. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىككى ئايدا پۈتمەكچى بولغان بۇ كىتاب ئىككى يىلدا ئاران يېزىلىپ تاماملاندى. لېكىن، شۇنىڭغا ئىقرارمەنكى، نەچچە ئوغۇلبالىنىڭ ئالدىدا بەرگەن شۇ ۋەدەم، يالقۇن روزى ئەپەندىنىڭ بېسىمى، ئەينى ۋاقىتتا سورۇنغا قاتناشقان دوستلارنىڭ «ھە، ھېلىقى كىتاب قانداق بولۇپ كەتتى؟» دەپ داۋاملىق مېنى سۈيلىشى بولمىغان، مۇشۇ خىل بېسىملىق تۈرتكىلەر مېنى تۈگىمەس ھاراق سورۇنلىرىدىن ئۆزۈمنى تارتىشقا مەجبۇرلىمىغان بولسا، بۇ كىتاب ئىككى يىلدىمۇ

www.uyghurkitap.com

پۈتمىگەن بولاتتى.

مەن يالقۇن روزى بىلەن بۇ ھەقتە سۆزلىشىپ بولۇپلا، بىر تەرەپتىن ماتېرىيال يىغقاچ، بىر تەرەپتىن يېزىشنى باشلىغانىدىم. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە بىرقانچە قېتىم چىقىپ مۇھىتىلار ئائىلىسىنىڭ تۇغقانلىرىنى ئىزدىدىم، ئاستانە يېزىسىغا كۆپ قېتىم بېرىپ، پېشقەدەملەر بىلەن، ئەينى يىللاردىكى تارىخىي ۋەقەلەردىن خەۋەردار كىشىلەر بىلەن كۆرۈشتۈم. ئاستانە يېزىسىدىكى يازغۇچى ئابدۇراخمان ئابدۇللا ئاكا مېنى قىزغىنلىق بىلەن قوللاپ، بىر قىسىم ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىدى. يەنە مۇھىتىلار ئائىلىسى ھەققىدە يېزىلغان ماقالىلەرنى ئىزدەپ، سوراپ يىغدىم، ھەتتا بۇ ئائىلىنىڭ بىرەر ئەزاسىنىڭ ئىسمى چىقىپلا قالغان ماتېرىيال بولسا تېپىپ كەلدىم. كىتابنى يېزىش جەريانىدا بىر تەرەپتىن تارىخىي ئەسەر يېزىشنىڭ نەقەدەر تەسلىكىنى تونۇپ يەتسەم، يەنە بىر تەرەپتىن بىلىمىمنىڭ كەملىكى، تەجرىبەمنىڭ يېتەرسىزلىكى، قەلەم قۇۋۋىتىمنىڭ ئاجىزلىقىنى ھېس قىلدىم. چۈنكى، ئەمدى بىرەر يېڭى پاكىتنى تېپىپ، ھاياجان بىلەن يېزىشنى باشلا ـ باشلىمايلا يەنە بىر تارىخىي ۋەقەلىككە، شەخسكە، ئاتالغۇغا دۇچ كېلەتتىم. بۇنى شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە تاپالمايتتىم، ياكى تېپىش ئۈچۈن نۇرغۇن ماتېرىيال كۆرەتتىم. بۇ چاغدا، بايامقى ئىلھام، ھاياجانلار ئاللىقاياقلارغا ئۇچۇپ كېتىپ، يېزىش قىزغىنلىقىم شۇئان پەسىيىپ قالاتتى، بۇنىڭدىن ھېرىپلا قالاتتىم ـ دە، كومپيۇتېرنى ئۆچۈرۈپ، باشقا ئىشقا كىرىشەتتىم. بۇنىڭدىكى ئاساسىي سەۋەب شۇكى، تارىخىي ئەسەرنى بولۇپمۇ، مەزكۇر كىتابقا ئوخشاش تارىخىي تەزكىرە ئەسىرىنى بەدىئىي ئەسەرگە ئوخشاش ئاپتور ھاياجانلانغاندا، ئىلھامى كەلگەندە كۆڭۈل خاتىرىسىدىن فونتاندەك چىقىۋاتقان پىكىرلەرنى قەلەمگە ئېلىش بىلەن ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولمايدىكەن. ھەر بىر تارىخىي ئاتالغۇ خۇددى ئېگىز بىر تاغقا ئوخشاش ئاپتورنىڭ ئالدىنى توسۇپ،

بولدۇقلاپ قايناۋاتقان ئىلھامىنى سوغۇق سۇ قۇيغاندەك پەسەيتىپ قويىدىكەن. ئەمەلىي يۈز بەرگەن بۇ پاكىتلارنى، جەريانلارنى باشتىن كەچۈرگەن، ئاڭلىغان، خاتىرىلىگەن كىشىلەردىن، ئىشەنچلىك ماتېرىياللاردىن ئىزدەشكە توغرا كېلىدىكەن. ئەلۋەتتە بۇنىڭغا نۇرغۇن ۋاقىت، زېھنىي كۈچ، تەپەككۇر، ئىرادە سەرپ قىلىنىدىكەن. مەن مۇشۇلارنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقىنىمدا سەيپىدىن ئەزىزى، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، زوردۇن سابىر قاتارلىق پېشۋا يازغۇچىلىرىمىزنىڭ توم - توم تارىخىي ئەسەرلەرنى يېزىش جەريانىدا قانچىلىك مۇشەققەت چەككەنلىكىنى، ئىزدەنگەنلىكىنى ھەقىقىي تۈردە چۈشىنىپ يەتتىم. ئىلگىرى ھەقىقىي ھېس قىلالمىغان بىر نۇقتىغا يەنى ئۇلارنىڭ «بۇ ئەسەرنى يېزىش ئۈچۈن ئون يىل، يىگىرمە يىل تەييارلىق قىلدىم» دېگەن سۆزلىرىنىڭ ھەرگىزمۇ ئاساسسىز ئەمەسلىكىگە ئىشەندىم.

مەن بۇ كىتابنىڭ مۇھىتىلار پەرزەنتلىرىنىڭ قوزغىلاڭغا باشچىلىق قىلىش جەريانىدىكى ۋەقەلىرى تەسۋىرلەنگەن قىسمىنى يېزىشتا ئابلىمىت مەقسۇدوف ئەپەندىنىڭ «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ 38 - قىسمى (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1994 - يىلى نەشرى) دا ئېلان قىلىنغان «1931 -، 1934 - يىللىرى شىنجاڭدا بولغان خەلق قوزغىلاڭلىرىدىن قىسقىچە ئەسلىمە» ناملىق ماقالىسىنى ئاساس قىلدىم. چۈنكى، ئابلىمىت مەقسۇدوف مۇھىتىلار پەرزەنتلىرى بىلەن نەۋرە تۇغقان بولۇش سۈپىتى بىلەن مەخسۇت مۇھىتى، مەھمۇت مۇھىتى قاتارلىقلار بىلەن قوزغىلاڭدا باشتىن - ئاخىر بىللە بولغان، مەھمۇت مۇھىتىنى قوغداش روتىسىنىڭ كوماندىرى بولۇپ، قەشقەرگىچە بارغان ۋە كېيىن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا چىقىپ كەتكەن. شۇڭا، ئۇنىڭ تارىخىي ئەسلىمىسىنى بۇ ھەقتە يېزىلغان باشقا ماتېرىياللارغا سېلىشتۇرغاندا ئىشەنچلىك دەپ ھېسابلىدىم؛ 1999 - يىلى 2 - ئايدا مەن ھەم «تۇرپان گېزىتى» نىڭ «ئىدىقۇت ئوغلانلىرى» سەھىپىسىدە تونۇشتۇرۇش، ھەم قىسمەن

بولىسىمۇ ماتېرىيالغا ئېرىشىش مەقسىتىدە ئۇرۇمچىگە چىقىپ، ئابلىمىت مەقسۇدوفنى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى قورۇسىدىكى ئۆيىگە ئىزدەپ بارغانىدىم. شۇ ۋاقىتتا 83 ياشقا كىرگەن، ياشىنىپ قالغانلىقتىن سالامەتلىكى دېگەندەك ياخشى بولمايۋاتقان، خاتىرىسىمۇ ئاجىزلىشىپ كەتكەن بۇ زات مەقسىتىمنى ئۇققاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ۋەقەلەرنى يۇقىرىقى ماقالىسىدە تەپسىلىي بايان قىلغانلىقىنى ئېيتىپ، شۇ ماقالىسىدىن پايدىلىنىشىمنى تەۋسىيە قىلغانىدى. ئۇنىڭدىن باشقا سەيپىدىن ئەزىزى ئەپەندىنىڭ «ئۆمۈر داستانى»، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ «ئويغانغان زېمىن»، يالقۇن روزى بىلەن مىرئەھمەت سېيىتنىڭ «مەمتىلى ئەپەندى» قاتارلىق كىتابلىرى ۋە «تۇرپان تارىخ ماتېرىياللىرى»، «پىچان تارىخ ماتېرىياللىرى» قاتارلىق كىتابلار پايدىلىنىشىم ئۈچۈن مۇھىم قوللانما بولدى. بۇ كىتابلارنى قايتا ـ قايتا ۋاراقلاش جەريانىدا ئاپتورلارنىڭ بۇ ئىلمىي ئەمگەكلىرىگە ئاجايىپ زور ئەجىر سىڭدۈرگەنلىكىگە، بولۇپمۇ سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ «ئۆمۈر داستانى» ناملىق كىتابىنىڭ شىنجاڭنىڭ ئەينى يىللاردىكى تارىخىنى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەنلىكىگە چىن دىلىمدىن قايىل بولدۇم. يەنە يەرلىك تارىخىي ماتېرىياللارنى قېزىش، تۈزۈشنىڭمۇ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى، بۇ ماتېرىياللارنىڭ كېيىنكى تەتقىقاتلار ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتىم. تارىخنى ئويدۇرۇپ چىقىرىش، ئۆزگەرتىشكە بولمىغاچقا، مەزكۇر تەزكىرە ئەسىرىنىڭ تەلىپى بويىچە بىر قىسىم پاكىتلارنى يۇقىرىقى كىتابلاردىن ئەينەن ئالدىم. يۇقىرىقىدەك جەريانلار كىتاب يېزىلىش سۈرئىتىنىڭ ئىنتايىن ئاستا بولۇپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

كىتابنىڭ دەسلەپكى تېزىسى پۈتۈپ، رەسمىي يېزىش ۋە قايتا ئىشلەش باسقۇچىغا كەلگەندە بىردىنلا پۈتۈن ۋۇجۇدۇم، تەپەككۇرۇم، ئەس ـ يادىم بىلەن كىتابتىكى ۋەقەلىكلەر ئىچىگە



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

كىرىپ كەتتىم. ئىلھامىم تېشىپ، ھېرىپ - چارچىغىنىمنى تۇيماي، ھەر ئاخشىمى كېچە سائەت بىر - ئىككىلەرگىچە ئىشلەشنى داۋاملاشتۇردۇم. مۇھىتىلارنىڭ ئېتىقادلىق، ئوت يۈرەك پەرزەنتلىرىنىڭ روھى مېنى ئىلھاملاندۇرۇۋاتقاندەك ھېس قىلىپ، بىر خىل بۇرچ تۇيغۇسىدىن ئىرادەم چىڭىيىپ باردى. خەير، ئاخىرى مەن مەسئۇلىيىتىمنى ئادا قىلىپ، ئىدىقۇت ۋادىسىدا ئۇلۇغ ئوتتەك لاۋۇلداپ، پۈتۈن شىنجاڭ تۇپرىقىغا يورۇقلۇق، ھارارەت تارقاتقان بۇ مەشھۇر جەمەت ھەققىدىكى ئاددىي ئابىدە بولغان بۇ كىتابىمنى يېزىپ تاماملىدىم. لېكىن، باشتا ئېيتىپ ئۆتكەندەك «ئارمانغا تۇشلۇق دەرمان» بولمىغاچقا كىتابىمدا يېتەرسىزلىكلەرنىڭ بولۇشى تەبىئىي. بۇ جەھەتتە ئوقۇرمەنلەرنىڭ تەنقىدىي پىكرىنى قوبۇل قىلىمەن.

ئاخىرىدا مەن بۇ ئىلمىي ئەمگەكنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشىمدا تۈرتكىلىك رول ئوينىغان ئەدەبىي تەنقىدچى يالقۇن روزى ئەپەندىگە ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمەن. يالقۇن روزى ماتېرىيال توپلىشىمغا، بولۇپمۇ مۇھىتىلار جەمەتىدىكىلەرنىڭ تېخى ئاشكارىلانمىغان رەسىملىرىنى قانداق چارە - ئاماللار بىلەن تېپىشىمغا كۆپ مەسلىھەت كۆرسەتتى، موسۇل مۇھىتىنىڭ رەسىمىنى تاپالمىغان ۋاقتىمدا ئۆزى بىر ئامال قىلىپ تېپىپ كىتابقا كىرگۈزدى. مەن يەنە، مېنى بىر قىسىم ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىگەن ئابدۇراخمان ئابدۇللا، مەرھۇم ئابلىمىت مەقسۇدوف، ئالىم ئۇيغۇر سايرانى، مەھمۇد زەيدى، ئىبراھىم مۇھىتى، مەسئۇد ئىبراھىم، مېھرىبان مىجىت، ھىمىت نىياز، ئەنۋەر ئابدۇگۇل قاتارلىق بارلىق ياخشى كۆڭۈل كىشىلەرگە چىن قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.

2002 - يىلى دېكابىر، تۇرپان

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# مۇقەددىمە

1912 ـ يىلى كۈز. ۋاقىت 11 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغا ئۈلىشىپ
قالغان بولسىمۇ، ئىدىقۇت دىيارىنىڭ هارارەتلىك قۇياشى يەنىلا
خۇش تەبەسسۇم ئىلكىدە زېمىنغا ئالتۇن نۇرلىرىنى سېخىيلىق
بىلەن چاچماقتا ئىدى. خۇددى چوڭقۇر تەپەككۇر ئىلكىدە ئويغا
پاتقان، يىللار قامچىلىرى چېھرىگە قات ـ قات قورۇقلارنى
سالغان مۆھتەرەم بوۋايغا ئوخشاش سوزۇلۇپ ياتقان مۇقەددەس
ئىدىقۇت تېغى ئاپئاق قۇياش نۇرىدا چوغ بولۇپ يانغان يالقۇنغىلا
ئوخشايتتى. تىلىم ـ تىلىم، يول ـ يول ئېرىقچىلار، پاكار ـ
پاكار تاقىر چوققىلار، قىزغۇچ رەڭدە تاۋلىنىپ تۇرغان تاش ـ
توپىلار گىرەلىشىپ، ئاجايىپ بىر ساماۋى، مۆجىزىۋى
كۆرۈنۈش هاسىل قىلغان ئىدىقۇت تېغىنىڭ گەۋدىسى كىشىگە
خۇددى ياۋ خەنجىرىدە لەختە ـ لەختە بولسىمۇ، يەنىلا تىنىماي
سوقۇپ تۇرغان باتۇرنىڭ قىپقىزىل يۈرىكىنى ئەسلىتەتتى.
دەرهەقىقەت، بۇ تاغ غەيۇر ئەجدادلارنىڭ تامچە ـ تامچە قانلىرىدىن
چوغ رەڭگىگە كىرگەن بولۇپ، قەهرىمان ئوغلانلارنىڭ
يۈرىكىدىن ئەنداز ئېلىپ، قىش ـ ياز توختىماي يالقۇنجاپ
تۇرماقتا ئىدى. ئۇزۇنلۇقى 100 كىلومېتىرغا، كەڭلىكى ئون
كىلومېتىرغىمۇ يەتمەيدىغان، باغرىدا بىر تالمۇ گىياھ
ئۈنمەيدىغان بۇ تاقىر تاغ ئۆزىدە بىهېساب مۆجىزىۋى
خىسلەتلەرنى، تەسۋىرلىگۈسىز بايلىقلارنى مۇجەسسەملىگەن،
ئىدىقۇت باغرىدىكى ساناقسىز سەلتەنەت ۋە زەبۇنلۇقلارغا،
دەريادەك ئاققان قان ۋە كۆز ياشلارغا، تارىخ تۈگمىنىنىڭ ئاجايىپ
قىسمەتلىك چۆرگىلەشلىرىگە گۇۋاھ بولغان، ئۆز سېهرى بىلەن

ساھىلىدىكى مېھنەتكەش، ئاق كۆڭۈل خەلقىنى بېقىپ كەلگەنىدى.

غەربتىن شەرققە سوزۇلغان ئىدىقۇت تېغى ئاستانە يېزىسىنىڭ ئۇدۇلىدىن سەل ئۆتكەندە 90 گرادۇسلۇق بۇلۇڭ ياساپ، جەنۇبقا بىر كىلومېتىردەك ئىچكىرىلەپ، يىقىلغان توغراقتا چورتلا ئۈزۈلەتتى. ئاندىن كېيىن بۇ يىقىلغان توغراقنىڭ شەرق تەرىپىدىن تاغ يەنە باشلىنىپ، شەرققە ئۇزىراپ ماڭاتتى. تاغنىڭ جەنۇبىي يانباغرىنى بويلاپ، شەرق، غەربنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرغان يول تاغنىڭ 90 گرادۇس بۇرۇلغان قىسمىدا تاغنىڭ چورت ئوتتۇرىدىن كېسىپ ئۆتۈپ، تاغنىڭ شىمالىي يانباغرىغا ئۆتۈپ قالاتتى. يولنىڭ تاغنى كېسىپ ئۆتكەن قىسمىدا بىر ئېغىز شەكىللەنگەن بولۇپ، بۇ ئېغىز ئاستانە يېزىسىنىڭ ئون كىلومېتىر شەرقىدىكى سىڭگىم يېزىسىنىڭ نامى بىلەن «سىڭگىم ئېغىزى» دەپ ئاتىلاتتى. ئىدىقۇت تېغىنىڭ شىمالىي يانباغرىدىكى مۇرتۇق جىرالىرىدىن ئېقىپ كەلگەن بۇلاق سۇلىرى چوڭ ئېقىننى شەكىللەندۈرۈپ، ئېغىزدىن ئۆتۈپ، ئاستانە، قاراغوجا يېزىلىرىغا ئېقىپ كىرىپ بۇ يەردىكى خەلقلەرگە ھاياتلىق كەۋسىرى بولاتتى. بۇنىڭدىن نەچچە مىڭ يىللار ئىلگىرى بۇ ئېقىن ناھايىتى ئۇلۇغ دەريا بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى دەۋرلەردىكى سۇ، يايلاق قوغلىشىپ كۆچۈش ئەنئەنىسىگە ئاساسلانغاندا قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ پايتەختى دەل مۇشۇ دەريانىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىدىكى سۇ يېيىلىپ ئاقىدىغان، تۇپرىقى مۇنبەت، مۇھىتى گۈزەل ئورۇنغا جايلاشقانىدى. ھازىرقى قاراغوجا يېزىسى تەۋەسىدىكى قوچۇ قەدىمكى شەھىرى خارابىسىنىڭ يېنىدىكى دەريا ئېقىنىنىڭ ئىزناسى بۇ قارىشىمىزنى ئىسپاتلايدۇ. سىڭگىم ئېغىزىدىن مۇرتۇق دەرياسىنى بويلاپ يۇقىرىغا قاراپ ئالتە كىلومېتىر ماڭغاندا ئىدىقۇت تېغىنى كېسىپ ئېقىپ چىققان دەريا غولىنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى قىياغا

www.uyghurkitap.com

«بېزەكلىك مىڭئۆيى» جايلاشقانىدى. «بېزەكلىك» مىلادىيە 5 ـ ئەسىرلەردىن تارتىپ ياسىلىشقا باشلىنىپ، مىلادىيە 15 ـ ئەسىردە تۇرپان ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغانغا قەدەر ئىزچىل ياسالغان، رېمونت قىلىنغان، كېڭەيتىلگەن. «بېزەكلىك» ئەينى يىللاردىكى زىيالىيلار بولغان راھىبلار، تويۇنلار، باخشىلار تۈرلۈك مەدەنىي پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارىدىغان جاي بولۇپ، بۇ يەرمۇ گۈزەل مەنزىرىلىك تاغ باغرىغا، مۇرتۇق دەرياسىنىڭ بويىغا جايلاشقان. «بېزەكلىك مىڭئۆيى» سەنئەتكارلىقىدا ئىمارەتچىلىك، ھەيكەلتىراشلىق، رەسساملىقتىن ئىبارەت ئۈچ خىل سەنئەت شەكلى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن بولۇپ، نومۇر سېلىپ رەتلەنگەن غاردىن 57 سى بار. «بېزەكلىك مىڭئۆيى» دىكى ئاجايىپ نەپىس تام سۈرەتلىرى، رەسىم ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ھېكايىلەر، قەدىمكى يېزىقلار، قۇرۇلۇش ئۇسلۇبى ۋە ھەيكەللەر مۇھىم تارىخىي قىممەتكە، تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە بولۇپ، دۇنيا مىقياسىدىكى تەتقىقاتچىلارنىڭ دىققەت مەركىزىدە تۇرۇپ كەلمەكتە.

دەل يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن «كېسىلگەن توغراق» نىڭ، يەنى سىڭگىم ئېغىزىنىڭ باغرىدىن ئىككى ئاتلىق كىشى ئېقىننى بويلاپ ئاستانە يېزىسىغا قاراپ ئاستا كەلمەكتە ئىدى. بۇلارنىڭ بىرى 40 ياشلار چامىسىدىكى بېشىغا تۇماق كىيىۋالغان، كەكە ساقال، سېمىزرەك، گەۋدىلىك كىشى، يەنە بىرى 30 ياشلار چامىسىدىكى چىرايلىق كىچىك بۇرۇت قويۇۋالغان قاڭشارلىق، يالاڭۋاش، بۇركۈتنىڭكىدەك كۆزلىرى چاقناپ تۇرىدىغان، ئۆز زامانىسىنىڭ تىلى بويىچە ئېيتقاندا «ئەجنەبىيچە» كىيىنگەن كىشى ئىدى. بۇلار ئاستانىدىكى نامدار باي مۇھەت ھاجىنىڭ ئوغۇللىرى ـ موسۇل مۇھەتتى بىلەن مەخسۇت مۇھەتتى ئىدى. ئۇلار مۇشۇ كېلىشىدە موسۇل باينىڭ ئېقىن بېشىغا قۇرغان سۇ ئارقىلىق يۇرۇشىدىغان پاختا

پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتنى كۆرۈپ كېلىشۋاتاتتى.

— زاۋۇتنىڭ ئىشى خېلى ئامدان كېتىۋېتىپتۇ، ئاكا، — دېدى مەخسۇت مۇھىتى ئېتىنى دېۋىتكەچ.

— ئەلھۆكمۇلىللا، خۇدايىم ئىشلىرىمىزنى يۈرۈشتۈردى. بۇ يىل كېۋەزلەر ئوخشاپ، لوكچۇن، ياڭخى، چاتقال، مۇرتۇق، سىڭگىملەردىن خېلى كۆپ پاختا سېتىۋالدىم. ئەمدى مۇشۇ پاختىلارنى پىششىقلاپ قولدىن چىقىرىشقا نىيسىپ قىلسا، تىجارىتىمىز تېخىمۇ روناق تېپىپ كېتىدۇ. بۇ يىل كارىزلىرىمىزنىڭ ئەھۋالىمۇ ياخشى. ھە، راست ئۇكەم، ھېلىقى مەكتەپنىڭ ئىشلىرى قانداق بولۇپ كەتتى؟

مەخسۇت مۇھىتى كۆز ئالدىدا يېيىلىپ ياتقان كۆجۈم مەھەللىلەرگە، ئانارلىق باغلارغا ۋەزمىن نەزەر تاشلىغىنىچە سۆز باشلىدى:

— ئۆزلە مېنى تۇنجى قېتىم رۇس يېرىگە ئەپچىققاندىلا مۇشۇ ئىشنى ياخشىراق ئويلاشمىغىنىمغا ئۆكۈنىمەن. ئاكا، خەقلەر نە ھالدا، بىز قانداق ئەھۋالدا؟ ھەر قېتىم مۇشۇلارنى ئويلىسام ئىچىم چىدىغۇسىز ئاچچىققا تولىدۇ. ھەر قېتىم ئۇ يەرلەردىكى ھەيۋەتلىك بىنالار، ئازادە يوللاردا ئۈزۈلمەي ئۆتۈشۈۋاتقان ماشىنىلار، يورۇق سىنىپلاردا رەتلىك ئولتۇرۇپ ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار، پاكىز كىيىنىپ، مەدەنىيەت، دۇنيا ھەققىدە پاراڭلىشىۋاتقان كىشىلەرنى كۆرسەم، ھاڭ - تاڭ قالىمەن. بىزنى ئۇلارغا بىزەمۇ سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. بىز باللىرىمىز تۇغۇلۇشى بىلەنلا، ئۇلارنى جاھالەت، خۇراپاتلىق، نادانلىققا باشلايدىغان مۇتەئەسسىپ، ئىچى قۇرۇق ئۆلىما، قارىيلارغا، پۈشكەل ئۇچۇن ھەر قانداق رەزىللىكنى قىلىشتىن يانمايدىغان ئاچ كۆز موللىلارغا ئوقۇشقا بېرىمىز. قەلبى زېمىندەك تازا باللىرىمىز زەي، قاراڭغۇ كېمىرلەردە ۋەھىمىلىك تەنبىھ، قورقۇتۇشلارنىڭ تەسىرى بىلەن روھى چىقىپ كەتكەندەك

جانسىز، قەلبى خۇددى شۇ قاراڭغۇ كېمىرلەردەك خىرە ھالدا چۇڭ بولىدۇ. بىر ئۆمۈر باي ـ خوجاملارغا؛ چىرىك لوزۇڭ، ئەمەلدارلارغا ئىشلەپ، قورسىقى تويغۇدەك نان، پۇتىغا كىيگۈدەك كېپىشمۇ ئالالماي، ھايۋاندەك ئىشلەپ ھايۋاندەك ئالەمدىن كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە چىرىك، قانخور ئەمەلدارلارنىڭ جازانىخور، مەنپەئەتپەرەس باي ـ خوجىلارنىڭ دەھشەتلىك ئېزىش، زۇلۇملىرى ئادەمنى بىگىز سانچىپ ئۆلتۈرگەنگە ئوخشاش خورلۇققا قويىدۇ. بىزدە ئادەمدە ئەڭ ئەدناسى بولۇشقا تېگىشلىك بولغان ئادەمدەك ياشاش، خەت تونۇش دېگەنلەردىن نەدىمۇ ئېغىز ئاچقىلى بولسۇن. بىر نەچچە كىشىنىڭ راھەت ـ پاراغەتتە ياشىغىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، كۆپىنچە دېھقانلار ئۆمۈر بويى قۇلدەك ياشاپ، قۇلدەك ئۆلىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بىزنىڭ قۇلدىن نېمە پەرقىمىز بار؟ ئەڭ ئېچىنىشلىق يېرى، بىز ئۆزىمىز مۇشۇ كۈنىمىزگە شۈكۈر قىلىمىز، ئويغانمايمىز. خەۋەرلەرگە قارىغاندا، ئىچكىرىدە سۇڭ ۋېن (سۇن جۇڭشەننى دېمەكچى) دېگەن بىرى چىقىپ، ئىنقىلاب قىلىپ پادىشاھلىقنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپتۇدەك. بۇ ئىشنىڭ غۇلغۇلىسى بۇ يەرلەردىمۇ بولۇۋاتىدۇ. ئەڭ مۇھىم مەسىلە خەلقنى ئويغىتىش، خەلقنىڭ ئاڭ سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش. خەلقنى ئويغىتىشتىكى ئەڭ ياخشى سۇنەي (سۇناي)، جىن چىراغ ئىلرانلا يورۇتۇپ تۇرغان كېمىر ئۆيگە ئوخشاش خىرەلىشىپ كەتكەن قەلبنى نۇرلاندۇرۇشتىكى ئەڭ ئۈنۈملۈك مەشئەل ـ مەكتەپ، يېڭىچە مەكتەپ ئېچىش. ئاڭلىسام، ئاتۇشلۇق ئاكا ـ ئۇكا سودىگەرلەر ھۈسەيىن باي بىلەن باۋۇدۇن باي[1] لار ئاتۇشتا يېڭىچە مەكتەپلەرنى ئېچىپ، بالا ئوقۇتۇۋاتقىنىغا ئۇزاق بوپتۇ.

---

① ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېفلار دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇلار 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ، سودا ـ سانائەت ۋە سىياسىي تارىخىدا ناھايىتى زور تەسىر پەيدا قىلغان.

بىزمۇ قاراپ تۇرساق، يەنە كېچىكسەك ھەرگىز بولمايدۇ.

مەخسۇت مۇھىتى ھاياجانلىنىپ كەتكەنلىكتىن بولسا كېرەك، دېمى كېسىلىپ توختاپ قالدى ۋە چوڭقۇر نەپەس ئېلىۋالدى. ئىنىسىنىڭ گېپىنى قايىللىق بىلەن ئاڭلاپ كېلىۋاتقان موسۇل باي سۆز قېتىپ:

— ئومدان گەپ قىلدىڭ ئۇكەم، گەپلىرىڭدىن ئىچىم يوپيورۇق بولۇپ كەتتى. دېمىسىمۇ مەنمۇ ھەر قېتىم موسكۋا، لېنىنگراد، شەمەيلەرگە بارغىنىمدا، يۇرتىمىز بىلەن ئۇ يەرلەردىكى ئاسمان ـ زېمىن پەرقلىنىدىغان ئۆزگىرىشلەرنى كۆرۈپ، ھەيرانلىقتا ياقامنى چىشلىگەنىدىم. بىراق، سەن مەن خىيال قىلمىغان نەرسىلەرنى ئويلاپسەن، سېنى قوللايمەن ئۇكەم، مەكتەپ قۇرىدىغان ئىش بولسا بىزنىڭ ھويلىغىلا سالايلى. مەن بارلىق پۇلنى چىقىرىپ، كەم ماتېرىياللارنى رۇستىن ئەكىلىپ، بارلىق تەييارلىقلارنى پۈتتۈرۈپ بېرەي. بالا ئوقۇتىدىغاننىڭ تەييارلىقىنى جىددىي ئىشلىگىن.

— ھەشقالىلا ئاكا، ھازىر ئاتا ـ ئانىلارنى قايىل قىلىپ، بالىلارنى يېڭى مەكتەپكە ئەكىرىش ئىشىنى ھەل قىلغىلى بولىدۇ. ھازىرقى مۇھىم مەسىلە، بالىلارنى ئوقۇتىدىغان مۇئەللىم مەسىلىسى. قارىغاندا رۇس تەرەپكە يەنە بىر ئۆتۈپ، شۇ يەردىن مۇئەللىم ئەكەلمەي بولمايدىغان ئوخشايدۇ.

— شۇنداق قىلايلى، — دېدى موسۇل باي ئىنىسىنىڭ پىكرىگە قوشۇلۇپ.

بۇ ئاكا ـ ئۇكا يۇقىرىقى پاراڭلار بىلەن مەھەللىسى بولغان غوجامئالدىغا قانداق كېلىپ قالغانلىقىنى تۇيمايلا قالدى.

خوش، ئەينى يىللاردا بۇ قەدەر مەنىلىك، ئەھمىيەتلىك سۆھبەتلەرنى قىلىپ كېلىۋاتقان بۇ ئاكا ـ ئۇكا زادى كىم؟ ئاستانە، غوجامئالدى دېگەن زادى قەيەر؟ ئاستانە ھازىرقى تۇرپان شەھىرىنىڭ ئاستانە يېزىسى بولۇپ، ئۆز ئارا تۇتاش كەتكەن

www.uyghurkitap.com

ئاستانە، قاراغوجا يېزىلىرى تارىختىن بۇيان سەلتەنەتلىك خانلىقلارنىڭ پايتەختى، ۋاڭ ـ خوجىلارنىڭ ئاستانىسى، تۇرپان دىيارىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت مەركىزى بولۇپ كەلگەن، تارىخى ئۇزۇن يۇرت. ئەلۋەتتە، بۇ سۆزنى ئىزاھلاش ئۈچۈن، تۇرپاننىڭ ئۇزۇن تارىخى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىشقا، گەپنى يىراقتىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ.

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئۆزىنىڭ «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ: «قارا قۇچۇ ـ قاڭقىل دۆلىتى. ‹قارا قۇچۇ› دېگەن خەت 1908 ـ يىلى تۇرپاندىكى شىمالىي تاغدىن تېپىلغان، يەرلىك خەلق بۇ يەرنى ‹قارا غوجا› دەپ ئاتاپ كەلگەن. تارىخىي مەنبەلەر ۋە ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار ھازىرقى قاراغوجا، ئاستانە، يارغول ۋە ئۇرۇمچى نەنسەن تېغىدىكى ئالغوي، يۇئەرگۇ قاتارلىق جايلار جۇملىدىن جىمسار، مورى ئەتراپىدا قەدىمكى زاماندىلا خۇجيە، ئۇجيە، گۇشى ـ گۇجۇي خەلقلىرىنىڭ ياشىغانلىقى، ئۇلارنىڭ ھون تەڭرىقۇتلۇقىنىڭ شەكىللىنىشىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە دىڭلىڭ، كۇي ـ دى، كونا لوپ خەلقلىرى بىلەن يېقىن قانداشلىق مۇناسىۋىتىدە ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى. خۇجيە، گۇشى، چې شى دەپ ئاتالغان خەلقلەر ئۇيغۇر قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى خۇجيە ـ قۇچۇ دىڭلىڭلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھون تەڭرىقۇتلۇقىغا قارشى كۆتۈرۈلۈشلىرى ۋە ‹ئوقياچى خەلقلەر› سۈپىتىدە ھون تەڭرىقۇتلۇقى تەركىبىگە كىرىشى بىللە بولغان. ‹قۇچۇ› ئىبارىسى ‹خۇجيە›، ‹گۇشى›، ‹گۇجۇي› ئاتالمىلىرى قۇچۇ، گاۋچاڭ ئاتالمىسىدۇر. بەزى تارىخشۇناسلار بۇ سۆزنى قاڭقىل دەپ ئىزاھلىغان. بۇ ھازىرغىچە تۇرپاندا ساقلانغان ‹قاڭقا بازار› بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ‹ھارۋا (قاڭقا) ياسىغۇچىلار› دېگەن مەنىنى بىلدۈرگەن.

تۇرپان رايونىدا ھايات ناھايىتى قەدىمكى دەۋرلەردىلا باشلانغان. بىز تۇرپان ئاستانە يېزىسىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى چۆللۈكتىن، يارغولدىكى قۇرۇپ كەتكەن «سۇلۇق بۇلاق» دېگەن جايدىن يېڭى تاش قورال دەۋرىگە ئائىت نۇرغۇنلىغان سىلىقلاپ ئىشلەنگەن تاش قوراللارنىڭ، ئۇچلۇق، ئاي ۋە يېرىم ئاي شەكىللىك قىرغۇلارنىڭ، پالتىسىمان تاش قورالنىڭ، تاش مۇنچاق، تاش تېشىدىغان تاش، جۈملىدىن ئاددىي ۋە رەڭدار ساپال چۆگۈنلەرنىڭ سۇنۇقلىرى چىققانلىقىنى كۆرىمىز. قاراغوجا يارلىقىنىڭ شىمالىدىن سىلىقلانغان تاش پالتا ۋە رەڭدار بىر قۇلاقلىق ساپال قاچا بىلەن يىرتقۇچ بېشى شەكلىدىكى مىس قەدەھ چىققان. ئايدىڭكۆل، سىڭگىم، توقسۇن، پىچان سۇ بېشى ئەتراپىدىن چىققان ساپال بۇيۇملارمۇ بۇلارغا ئوخشاش بولغان...

تۇرپان قەدىمكى شەھىرى، خەلق ئىچىدە «دەقيانۇس شەھىرى» دەپمۇ، «ئىدىقۇت شەھىرى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. «تۇرپان» ئاتالمىسى قەدىمكى خوتەن مەنبەلىرىدە «تۇرپانا» (TURPANA) دەپ يېزىلغان بولۇپ، ئېھتىمال كۇچا (ئاق قۇچۇ) يېنىدىكى «يۇيپان» قەلئەسىگە ئوخشاش بىر قەدەر قەدىمىي نام بولۇشى مۇمكىن. «تۇرپان» - تۇرلۇق (سېپىللىق) شەھەر دېگەن مەنىگە يېقىن. خەلق ئىچىدىكى «توپا ئاتا» سۆزىگە كەلگەندە «توپا ئاتا» - قارا تاغنىڭ كونا بىر نامى بولۇپ، «قارا قۇچۇ» سۆزى بىلەن «توپا ئاتا قۇچۇ» بىر مەنىگە ئىگە. ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى دەشت ئاتا (داش ئاتا، تاش ئاتا)، توپا ئاتا، ئەۋلىيا ئاتا قاتارلىق ناملار بىلەن ئۆز ماكانلىرىنى ئاتاشقان. تۇر - سېپىل، تۇرپان ئاتا — سېپىللىق شەھەر دېمەكتۇر.»

مىلادىيە 840 - يىلى چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى سېلىنگا ۋە ئورخۇن دەرياسى بويلىرىدا قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇپ، 200 يىلغا يېقىن ھۆكۈم سۈرگەن سەلتەنەتلىك ئۇيغۇر قاغانلىقى ئىچكى نىزا، ئېغىر تەبىئىي ئاپەت، قىرغىز قەبىلىلىرىنىڭ

www.uyghurkitap.com

ھۇجۇمى تۇپەيلىدىن يىمىرىلىپ، ئاھالىلەر تەرەپ - تەرەپكە پىتىراپ كەتتى. بۇلاردىن «پان تېكىن باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ 15 قەبىلىسى ئىچىدىكى بىر قىسىم ئۇيغۇرلار جەنۇبقا قاراپ كۆچۈپ، خېشى كارىدورىغا بارغاندىن باشقا، قالغان زور كۆپ سانىنى تەشكىل قىلىدىغان ئۇيغۇرلار ئۇزلۇكسىز غەربكە مېڭىپ ئېۋىرغول (ئورنى ھازىرقى قۇمۇل شەھىرىدە)، ناپچۇق (ھازىرقى پىچان ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى لۇكچۇن) ئارقىلىق تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىدىكى تاغ تىزمىلىرىدىن ئۆتۈپ كىنگىت، كۇسەن قاتارلىق جايلارغا كېلىپ، ئەسلىدىنلا مۇشۇ جايلاردا ياشاپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇرلارغا قوشۇلۇپ كەتكەن. . . پان تېكىن غەربكە كۆچكەندىن كېيىن قارا شەھەردە ئولتۇراقلىشىپ چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان»، «بۇ جايدا ئەزەلدىن ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلىشىپ كەلگەن بولغاچقا، پان تېكىن باشچىلىقىدا غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئۇلارنىڭ نوپۇسى بىردىنلا كۆپىيىپ 200 مىڭغا يەتكەن. . . پان تېكىنىنىڭ مۇشۇنچىۋالا كۆپ قوۋمى بولغاچقا، داجۇڭنىڭ 2 - يىلى (848- يىلى) باھار پەسلى نورۇز ئېيىدا ئۆزىنى قاغان دەپ ئاتىغان، چۆللۈكنىڭ غەربىدىكى شەھەرلەر ئۇنىڭغا قارىغان»، «پان تېكىن قاغان بولغاندىن كېيىن تاڭ سۇلالىسى دەرھال كۆڭۈل ئېيتىپ ئەلچى ئەۋەتكەن ۋە ئۇنىڭغا ‹ئۇلۇغ تەڭرىدە قۇت بولمىش ئالىپ قۇتلۇق بىلگە تۆھپىكار قاغان› دەپ نام بەرگەن، بۇ ‹سەرگەردانلىق باسقۇچى› دا تاڭ سۇلالىسىنىڭ نام بېرىشىگە مۇيەسسەر بولغان بىردىنبىر ئۇيغۇر قاغانى»، «پان تېكىن ئۆزىنى قاغان دەپ ئاتىغان ۋە تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتۇغات نامىغا ئېرىشكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىش - پائالىيەتلىرى تارىخ كىتابلىرىدا كۆرۈلمەيدۇ. شيەنتوڭ 7 - يىلى (866 - يىلى) غا كەلگەندە، ئۇيغۇرلارنىڭ بۆكۈ تېكىن قوۋمى تەڭرىتېغىدا باش كۆتۈرۈپ چىقىپ، قۇچۇ (ئورنى ھازىرقى تۇرپان شەھىرىدە)،

بەشبالىقنى ئىگىلىدى، بۆكۈ تېكىن قۇچۇنى ئالغاندىن كېيىن، تاڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ نام بېرىشنى تەلەپ قىلغان. تاڭ سۇلالىسى ‹غەربتىكى قوشۇنلاردىن كۆڭلى ئەمىن تېپىپ ۋە ئۇلارنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى قوغدىغانلىقى› دىن مەمنۇن بولۇپ، ئۇنىڭغا سول قول شىرمەت چەۋەندازلار ياساۋۇلخانىسىنىڭ ئۇلۇغ سانغۇنلۇق مەنسىپىنى بەرگەن» ، «بۆكۈ تېكىن بىلەن پان تېكىننىڭ مۇناسىۋىتى قانداق؟ بۇ ھەقتە تارىخىي ماتېرىياللاردا ئېنىق خاتىرە قالدۇرۇلمىغان. . . پان تېكىن بىلەن بۆكۈ تېكىن ھاكىمىيىتى قۇچۇ ئۇيغۇرلىرى ئىتتىپاقىنىڭ شەكىللىنىشىدە مۇھىم رول ئوينىغان»[①] دېمەك، بۆكۈ تېكىن ھازىرقى تۇرپان ئويمانلىقىغا كىرىپ، ئۇزاق ۋاقىت ئۇرۇش قىلغاندىن كېيىن، تۇبۇتلەرنىڭ تەڭرىتاغ بويلىرىدىكى كۈچلىرىنى تازىلاپ، ئۇلارنىڭ باشلىقى كۇرشاتىنىڭ كاللىسىنى ئالدى ۋە كۈندىن ـ كۈنگە زورىيىپ، قۇدرەتلىك قۇچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرۇپ چىقتى. شۇنداق قىلىپ بۇ خانلىق مىلادىيە 866 ـ يىلىدىن 1335 ـ يىلىغىچە 470 يىل سەلتەنەت سۈردى، بۆكۈ تېكىن تۇرپان ئويمانلىقىغا كىرىشتىن بۇرۇنلا «ھازىرقى شىنجاڭ رايونىدا ئۇزاق تارىختىن بۇيان ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ بىر بۆلىكى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 2 ـ، 3 ـ ئەسىرلەردىلا قۇمۇل، تۇرپان، ئۈرۈمچى، جىمسار قاتارلىق جايلاردا ئۆزلىرىنىڭ ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنى قۇرغانىدى»[②] ، «بۇ يەردە يەنە ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان سوغدىلار، تۇخارلار، خەنزۇلار ۋە باشقا تۈرك قوۋملىرى ياشايتتى»[③] . «بۇ مەزگىللەردە تۇرپان ئويمانلىقى ئىستراتېگىيىلىك ئورنىنىڭ

---

① بۇ بايانلار شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 ـ يىلى نەشر قىلغان، لىن گەن، گاۋ زىنخۇلار يازغان «قەدىمكى ئۇيغۇرلار تارىخى» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى.
② يىلماز ئۆزتۇنا: «بۈيۈك تۈركىيە تارىخى» ، تۈركچە، 1983 ـ يىلى، ئىستانبول نەشرى.
③ ئا. ۋ. گابائىن: «قارا قۇچۇ ئۇيغۇر خانلىقى» «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى ئۇيغۇرچە، 1980 ـ يىلى 3 ـ سان.

www.uyghurkitap.com

مۇھىملىقى بىلەن ھەرقايسى قوۋملار، بەگلىكلەرنىڭ تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي قىسمىنى تالىشىش ئۇرۇشلىرىدىكى قىزىق نۇقتىغا ئايلاندى. چۈنكى، تۇرپان ئويمانلىقى تەڭرىتاغنىڭ شەرقىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇ شىمالدا تەڭرىتېغىنىڭ ئاساسلىق چوققىسى — بوغدا چوققىسى، جەنۇبتا چۆل تاغ، شەرقتە خېشى كارىدورى رايونى بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدۇ. بۇ رايوننى ئۆز ئىلكىگە ئالغان كۈچ غەربتە تارىم ۋادىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسىملىرىغا بارىدىغان قاتناش يولىنىمۇ تىزگىنلەپ ئالالايتتى، شىمالدا تەڭرىتاغنىڭ يول ئېغىزلىرىنى بوغۇپ تاشلىيالايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۇ يەر ئەزەلدىن ھونلارنىڭ ئاساسلىق ھەربىي بازىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ كەلگەنىدى.
ئۇنىڭدىن باشقا تۇرپان يەنە يىپەك يولىنىڭ مۇھىم تۈگۈنى ئىدى. يىپەك يولى غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ پايتەختى چاڭئەندىن باشلىنىپ، خېشى كارىدورىدىن ئۆتۈپ، دۇڭخۇاڭغا بارغاندا غەربكە سوزۇلغان ئۈچ يولغا بۆلۈنەتتى. ئۇنىڭ ئىككىسى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي رايونىنى كېسىپ ئۆتەتتى. تۇرپان شىمالىي يولنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا جايلاشقانلىقتىن ئۇزۇن ۋە مۈشكۈل مۇساپىلەرنى بېسىپ ئۆتكەن كارۋانلار، ھۆكۈمەت ئەلچىلىرى، قىسقىسى، شىمالىي يولدا ماڭغانلارنىڭ ھەممىسى بۇ يەردە توختاپ ھاردۇقىنى چىقىرىۋالاتتى ياكى ئوزۇق - تۈلۈك تەييارلايتتى. شەرققە قاراپ ماڭغانلار باغايان قۇملۇقىدىن ئۆتۈشنىڭ تەييارلىقىنى، غەربكە قاراپ ماڭغانلار پامىر ئېگىزلىكىدىن ئۆتۈشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىشۋالاتتى.

قاتتىق داۋالغۇشلاردىن كېيىن 5 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تۇرپان ئويمانلىقىدا «قوچۇ دۆلىتى» ناملىق بىر ھاكىمىيەت مەيدانغا كەلدى. ئەينى يىللاردا تارىخىي خاتىرىلەردە قوچۇ دۆلىتى «چۆل - جەزىرە جىق، ھاۋاسى ئىسسىق، تۇپرىقى مۇنبەت، دانلىق ئاشلىقلار يىلدا ئىككى قېتىم پىشىدۇ. يىلە بېقىشقا باب،

مېۋە ـ چېۋە كۆپ، سۇ باشلاپ كېلىنىپ ئېتىزلار سۇغىرىلىدۇ. ئاق، قىزىل تۈز كۆپ چىقىدۇ، ئۈزۈم ھارىقى كۆپ ياسىلىدۇ، دەپ خاتىرىلەنگەنىدى. مىلادىيە 439 ـ يىلى ھونلار قۇچۇ دۆلىتىگە بېسىپ كىرىپ، پۈتۈن تۇرپان ئويمانلىقىنى بېسىۋېلىپ، بۇ يەردە ئۆز ھاكىمىيىتىنى تىكلىدى ۋە «قۇچۇ دۆلىتى» دېگەن نامنى داۋاملىق قوللاندى. مىلادىيە 546 ـ يىلى تۈركلەر جۇڭغار ئويمانلىقىدىكى تېلى قەبىلىلىرىنى قوراللىق كۈچ بىلەن ئۆزىگە قوشۇۋالغاندىن كېيىن، دەرھال تەڭرىتاغدىن ھالقىپ ئۆتۈپ تۇرپان ئويمانلىقىنى بېسىۋالدى. نەتىجىدە، شەرق بىلەن غەربنى تۇتاشتۇرىدىغان غەربتىكى بۇ قاتناش تۈگۈنى تۈركلەرنىڭ ئىلكىگە ئۆتتى. قۇچۇ دۆلىتى تۈرك خانلىقىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا ئۆز ئەتراپىدىكى بىر مۇنچە كىچىك دۆلەتلەرگە دادىل ھۇجۇم قىلىپ تۇردى. 7 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، ئۇنىڭ زېمىنى تارىم ۋادىسىنىڭ غەربىي تەرىپىگە قاراپ كېڭىيىشكە باشلاپ، كىنگىت (قارا شەھەرنىڭ بۇرۇنقى نامى) نىڭ شىمالىدىكى تەڭرىتاغ بويى رايونلىرى بىلەن پۈتكۈل تۇرپان ئويمانلىقى قۇچۇنىڭ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسىگە كىردى. بۇ چاغدا قۇچۇ دۆلىتىنىڭ دائىرىسىدە 22 قەلئە بولۇپ، ئۇلار ئۈچ ۋىلايەت، بەش ناھىيىگە بۆلۈنگەنىدى. قۇچۇ دۆلىتى مىلادىيە 640 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى تەرىپىدىن يىمىرىلدى.»①

دېمەك، پان تېكىن ۋە بۆكۈ تېكىن مۇشۇنداق ۋەزىيەتتىكى تۇرپان ئويمانلىقىغا كىرىپ، بۇ يەردىكى ئۆزلىرى بىلەن قانداش بولغان قوۋملار بىلەن بىرلىشىپ، قۇچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرغان بولۇپ بۇ خانلىقنىڭ قۇرۇلۇشى قۇدرەتلىك قۇچۇ ئۇيغۇر ئىتتىپاقىنىڭ شەكىللەنگەنلىكى، بۇ ئىتتىپاقنىڭ مۇستەقىل

① ليۇ زىشياۋ: «ئۇيغۇر تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى نەشرى

www.uyghurkitap.com

سىياسىي كۆچ سۈپىتىدە تەڭرىتاغ بويلىرىغا، تارىم ۋادىسىغا زور تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. بۇ خانلىقنىڭ پايتەختى ھازىرقى ئاستانە يېزىسى بولۇپ (ئاستانە يېزىسىغا قوشنا بولغان قاراغوجا يېزىسى قارا قۇچۇ دېگەن نامنىڭ ئۆزگىرىشىدىن ھاسىل بولغان بولۇپ، ئۆز ئارا تۇتاش كەتكەن ئاستانە، قاراغوجا يېزىلىرى بۇرۇن بىر شەھەر ئىدى) ، ھازىرمۇ بۇ يەردە قۇچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئوردا خارابىسى خېلى مۇكەممەل ساقلانماقتا. ئەينى ۋاقىتتىكى قۇچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تېررىتورىيىسى شەرقتە دۇڭخۇاڭغىچە، شەرقىي جەنۇبتا قۇرۇق تاغ تىزمىلىرىغىچە، جەنۇبتا تارىم چۆللۈكلىرىگىچە، غەربىي جەنۇبتا ئاقسۇنىڭ باي ناھىيىسىگىچە، شىمال تەرەپتە جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چېتىگىچە بولغان كەڭ زېمىنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، خانلىقنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، سودا، يېزىق، ئويما مەتبەچىلىك، رەسساملىق، ھەيكەلتىراشلىق، ئاسترونومىيە، كالېندارچىلىق، مۇزىكا، ئۇسسۇل ئىشلىرى يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان. يەنە بىر تەرەپتىن يۇقىرىدا قەيت قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك قۇچۇ دۆلىتى تارىختىكى مەشھۇر يىپەك يولى قاتناش لىنىيىسى شىمالىي يولىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقانلىقتىن، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كېلىپ ـ كېتىدىغان ھەر خىل خاراكتېردىكى كارۋانلارنىڭ قونالغۇسى بولۇپ، ئىقتىساد، سودا، مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىدا تۈرتكىلىك رول ئوينىغان. قۇچۇ دۆلىتى ئەينى ۋاقىتلاردىلا شەھەرلىشىش قەدىمىنى بېسىپ، ئۆزۈمدىن ھاراق ئېچىتىپ، يىپەك رەختلەردىن تاۋار ـ دۇردۇن، شايى قاتارلىقلارنى توقۇغان. قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدىكى ئەڭ چوڭ مۇۋەپپەقىيەتتى بولغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى ئىجاد قىلىپ، بۇ يېزىقنى تاكى 15-ئەسىرگىچە قوللىنىپ، بۇ يېزىقتا «ئالتۇن يارۇق» ،

«ۋاجراسىدىكا پراجىنا پاراقسا سۇترا» قاتارلىق مەشھۇر ئەسەرلەر ئىجاد قىلىنغان. بۇ يەردە قەدىمكى ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ گۈلتاجى بولغان ئىدىقۇت مائارىپى ھەققىدە تەپسىلىي توختىلىپ ئۆتمەي بولمايدۇ. بۇ ھەقتە پېشقەدەم يازغۇچى، مائارىپشۇناس ئابدۇللا تالىپ ئۆزىنىڭ «ئۇيغۇر مائارىپى تارىخىدىن ئوچېركلار» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «. . . ئۇيغۇرلاردا يېزىق تارىخى باشلانغاندىن كېيىن، مەكتەپ مائارىپ ئىشلىرىغا تۇنجى ئاساس سېلىنغان ماكان تۇرپان ئىدىقۇت ھېسابلىنىدۇ. ئىدىقۇت ئەينى زاماندا شەرق بىلەن غەرب مەدەنىيىتى بىر - بىرى بىلەن سىڭىشىپ يۇغۇرۇلغان مەركىزىي تۈگۈن ئىدى. ئۇ يەردە تۈرلۈك دىنلار ئەركىن پائالىيەت ئېلىپ باراتتى. ئىبادەتخانىلارنى قۇراتتى، مەكتەپلەرنى ئاچاتتى، كىتابلارنى باساتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى تارىخىدا بۇددا كىتابلىرى ئەڭ كۆپ يېزىلىپ ساقلانغان جايمۇ ئەنە شۇ ئىدىقۇت ئىدى. بۇ يەردە تېپىلغان يازما يادىكارلىقلار بىر نەچچە تۈمەندىن ئارتۇق.

كىشىلەر ئىدىقۇتنى ئەينى زاماندا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ «يەر ئاستى كۇتۇپخانىسى» دەپ بىكار ئېيتمىغان. تۆۋەندىكى پاكىتلار بۇ باھانى ئىسپاتلايدۇ:

بۇ يەردە نىستۇرى[1] دىنىي ئەقىدىسى مەزمۇن قىلىنغان: «ئىۋانگىلۇم» (بەخت ساداسى)، «سانت گىئورگىنىڭ شېھىت بولۇش خاتىرىسى»؛ مانى دىنىغا ئالاقىدار ئەسەرلەردىن: «ئىككى يىلتىز نوم»، «مانى مۇرىتلىرىنىڭ تۆۋىنامىسى»، «ئېرق پۈتۈك»؛ زورا ئاستىر[2] (ئاتەشپەرەسلىك) ئەقىدىسىگە ئائىت ئەسەرلەردىن: «ئەۋلىيا قەسىدىلىرى»؛ بۇددا دىنىغا

---

① نىستۇرى (401 — 451 ـ يىللار) — خرىستىئان دىنىنىڭ بىر مەزھىپى بولغان نىستۇرى ئەقىدىسىنى تەسىس قىلغۇچى. راھىب ئارابان 635 ـ يىلى ئىدىقۇتقا كېلىپ بۇ دىننى تەرغىب قىلغان.

② زورا ئاستىر — (مىلادىيىدىن سەككىز ئەسىر بۇرۇن ئۆتكەن) ئۇستا دوختۇر ۋە شائىر، زەردەشت دىنىنىڭ ئەۋلىياسى.

www.uyghurkitap.com

ئائىت ئەسەرلەردىن: «ئالتۇن يارۇق»، «سەككىز يۈكمەك»، «مائىترى سىمىت» ناملىق يىگىرمە يەتتە پەردىلىك دراما[1]، تارىخىي داستان ـ «ماھاراباتا»؛ 294 توم 25 كىتابنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «سەلتەنەتكە ياردەم بەرگۈچى ئۆرنەك ـ تەدبىرلەر»؛ بەش توملۇق چوڭ چۆچەكلەر توپلىمى — «پەنجى تانتىرا»؛ ئەدەبىي ئەسەرلەردىن: «ئەتەبەتۇل ھەقايىق»، «ئېزوپ مەسەللىرى»، «ئوغۇزنامە» ھەمدە بەش توملۇق رىۋايەتلەر توپلىمى؛ «چاستانى ئىلىك بەگ»، «قەدىمكى تۈرپان قوشاقلىرى»، «مېدىتسىنا بىلىملىرى»، «ئىككى تىللىق لۇغەت» ۋە ئىدىقۇت خانلىرىنىڭ مەڭگۈ تاش خاتىرىلىرى، ئىقتىسادىي ھۆججەتلەر؛ ئەرەب يېزىقىدىكى ئەسەرلەردىن: «تۆمۈر تەزكىرىسى»، «تەزكىرىي ئەۋلىيالار»، «مېراجنامە»، «كۆكۈلنامە»، «بەختنامە»، «شائىر خارازىمى تاللانمىلىرى» ۋە «مەۋلانە لۇتفى شېئىرلىرىدىن تاللانما»؛ بۇنىڭدىن باشقا دىداكتىك تەلىم ـ تەربىيە مەزمۇنىدىكى ئەدەبىي شېئىرىي ئەسەرلەردىن: «ئاخاۋاركا»، «قالىيامقارا ـ پاپامقارا»؛ دىداكتىك نەسرىي ئەسەرلەردىن: «چوڭ مايمۇن پاتمارال»، «بەختىيار شاھزادە»، «رەسسام بىلەن ياغاچچى ھېكايىلىرى» قاتارلىق ئىنتايىن كۆپ ئەسەرلەر يېزىلغان ۋە تەرجىمە قىلىنغان.

يۇقىرىدا تىزىپ ئۆتكەنلىرىمىز ئىدىقۇتتىن تېپىلغان مەدەنىي يازما يادىكارلىقلارنىڭ پەقەت بىر تۈركۈمىدىنلا ئىبارەت. مۇتلەق كۆپ قىسمى 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ چەت ئەل ئارخېئولوگلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەن.

يالغۇز گېرمانىيىنىڭ تۆت قېتىملىق ئارخېئولوگىيە ئەترىتىلا بۇ يەردىن ئېلىپ كەتكەن يازما ھۆججەتلەر بىر نەچچە

---

① بىرتانراكشىت تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان بۇ دراما 9 — 10 ـ ئەسىرلەردە بەشبالىق قاتارلىق قوچۇ شەھەرلىرىدە سەھنىدە ئوينالغان. بۇنىڭدىن ئىلگىرى قەدىمكى كۇسەن (كۇچا) نىڭ «ئەجدىھا ئويۇنى»، «سۇمۇچ ئويۇنى» قاتارلىق ئوچۇق سەھنە ئويۇنلىرىمۇ دراما شەكلىنى ئالغان ئويۇنلار ئىدى.

تۆمەندىن ئېشىپ كېتىدۇ! باشقا ئەللەرنىڭ ئېلىپ كەتكەنلىرى بۇنىڭ سىرتىدا.

ئىدىقۇتتا قانداق قىلىپ بۇنچىۋالا تارىخىي يادىكارلىقلار مەيدانغا كەلگەن ۋە ساقلىنىپ قالالىغان؟

بىرىنچىدىن، ئىدىقۇتتا مائارىپ ۋە ئىدېئولوگىيە ئەركىنلىكى يولغا قويۇلغان. قايسى ئېتىقادقا مەنسۇپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ بىلىم ئىگىسى بولسىلا، بولۇپمۇ تەربىيىلىگۈچى بولسىلا ھۆرمەتكە سازاۋەر ئىدى. خەلققە مەنپەئەت يەتكۈزگۈچى بۇنداق كىشىلەر «ئىلتەبىر» (ilteber) دەپ ئاتىلاتتى.

ئىككىنچىدىن، ئىدىقۇتتا كىتاب يېزىش ۋە كۆچۈرۈش ئەڭ ساۋابلىق كەسىپ دەپ قارىلاتتى. بۇنداق ئېتىقاد «بۇيان» (buyan) دېيىلەتتى. مەسىلەن، پۈتۈلگەن كىتابلارنىڭ خاتىمىسىدە مۇنداق سۆزلەر ئالاھىدە يېزىلاتتى: «... بۇ كىتابنىڭ ساۋابى ئالدى بىلەن خان سارىيىغا، ئاندىن قالسا مەرھۇم ئەجدادلارغا ۋە يارۇ بۇرادەرلەرگە بولغايلەر...»

ئۈچىنچىدىن، ئىدىقۇتتا بىلگە كېڭەشى (مائارىپپەرۋەر دانىشمەنلەر كېڭەشى) تەسىس قىلىنغان. ئۇلار دەرىجە، ئۇنۋانلارنى بەلگىلەيتتى، ھەم ئەل ئىچىدىكى ئاقارتىش ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلاتتى. بىلگە كېڭەشى نۇرغۇن تىللىق ئىزاھلىق لۇغەتلەر (سانسكرىت - ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە، توخار- ئۇيغۇرچە، سوغدى - ئۇيغۇرچە) نى قوللانما سۈپىتىدە تۈزۈپ چىققان.

ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى يەنە سۈپەتلىك قەغەز كەشىپ قىلغان. خەت پۈتۈلۈشتىن بۇرۇن قەغەز ئۈستىگە ئاق شىلىم سۈرتۈلەتتى. بۇ قەغەز «پاتلاپ يېزىش ئۇسۇلى» دېيىلەتتى. قاراغوجىدا يەنە خېلى چوڭ قەغەز زاۋۇتىمۇ قۇرۇلغان.

ئىدىقۇتلۇقلار ئۆز ئالدىغا ياغاچ مەتبە كەشىپ قىلغان. ھەرپلەر دانە - دانە كۈادرات ياغاچلارغا ئويۇلۇپ، ئاندىن قېلىپقا

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بېكىتىلىپ، ئۈستىدىن رەڭ سۈرتۈلۈپ، خىلمۇ خىل رەڭلىك كىتابلار بېسىلاتتى. مۇشۇنداق مەتبە ھەرپلىرىدىن چەت ئەل ئارخېئولوگلىرىنىڭ ئېلىپ كەتكەنلىرى 100 مىڭدىن ئارتۇق.①

ئەينى زاماندىكى ئىدىقۇت مائارىپى توغرۇلۇق ئاتاقلىق سەيياھ ۋاڭ يەندى (939 — 1006 ـ يىللار) ئۆزىنىڭ «ئاستانە خاتىرىلىرى» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق يازغان: «. . . ئىدىقۇتتا كەسپىي مۇئەللىملەر بار ئىكەن، ئۇيغۇرلار شېئىر ۋە قوشاقلا خۇشتار ئىكەن. ئۇلار ئۆز يېزىقىنى كۆندىلىك ئېھتىياج ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى تۈرلۈك ئەدەبىي ئەسەرلەرنى، كىتابلارنى يېزىشقىمۇ ئىشلىتىدىكەن، ئۇ يەردە ھەر خىل تىللاردا يېزىلغان نۇرغۇن كىتابلارنى كۆردۈم. . .»

ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى ئانا تىلىنىڭ ساپلىقىنى قوغداپ قالغانىدى. ئۇلار مەنسەپ ناملىرىنى ئاتاشتا ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلدى. مەسىلەن، ئۇلار «قاغان» سۆزىنى ئۇزاقىچە قوللاندى. بۇ سۆز ھۆكۈمران، ئىمپېراتور، خان مەنىلىرىدە بولۇپ، ھون، تۈرك ۋە سىيانپىلارمۇ بۇ سۆزنى ئورتاق ئىشلەتكەن، ھازىرقى زاماندا بۇ ئاتالغۇ ـ ئىسىملارنىڭ ئاخىرىغا ئۇلىنىدىغان ھۆرمەت قوشۇمچىسى سۈپىتىدە ئىشلىتىلمەكتە. مەسىلەن، قازاقلاردا ئۆمەرقان، تىلەۋقان، ئۇيغۇرلاردا ئابدۇكېرىمخان، قادىرخان دېگەنلەردەك. «ئىدىقۇت» سۆزى — بەختكە يېتەكلىگۈچى دېگەن بولىدۇ. «قۇت» سۆزى ھازىرمۇ ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن، «قۇتلۇق بولسۇن»، «ساڭا بۇ مال قۇت ئەتسۇن، قۇتاپ قالسۇن» دېگەندەك.

## قۇچۇ ئۇيغۇر خانلىقى (مىلادىيە 9 — 13 ـ ئەسىرلەر)

---

① 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا روسىيىلىك ئولدىنبۇرۇگ تۇرپانغا كېلىپ، ياغاچ مەتبە (kelaGerofi) ھەرپلىرىدىن 100 مىڭدىن ئارتۇقراقىنى ئېلىپ كېتىپ، موسكۋا مۇزېيىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن.

دەۋرىدە ئىدىقۇت مائارىپى نۇرغۇن تىلشۇناسلارنى، كۆپ تىللاردىن خەۋەردار تەرجىمانلارنى، ئابرۇيلۇق ئوقۇتقۇچىلارنى، مەرىپەتلىك ئەدىب ـ شائىرلارنى، دراماتورگلارنى، بوغالتىر ـ ھېساباتچىلارنى، تېۋىپ ـ دوختۇرلارنى يېتىشتۈرگەندى. بۇلارنىڭ ئىچىدە: سىڭقۇ سەلى، ئاتاقلىق ئەدىب ۋە تەرجىمان پىرتانراكشت، مائارىپچى، يازغۇچى، داستانچى ئاپرىنچۇرتېكىن، «ھېكمەتلەر پەزىلىتى»نىڭ ئاپتورى، دىداكتىك شائىر كى كى، شائىر چىنۇيا توتۇڭ، شائىر قالىم كەيشى، شائىر ئاتساڭ، كولتارقان، ئاسىخ توتۇڭ، قارانداز قاتارلىقلار بار.

شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، قۇچۇ (ئىدىقۇت) خانلىقى دەۋرىدە پۈتكۈل مائارىپ ئىدېئولوگىيىسى ئۈستىدە ھەر خىل دىنىي ئەقىدىلەر ھۆكۈمران ئورۇندا تۇراتتى. بىراق، ئۇ ئومۇمىي خەلق ئەدەبىياتى ۋە مائارىپ ئۇچۇن ئېيتقاندا، قىسمەن رامكىدىنلا ئىبارەت. ئۇنىڭ تەكتىدە خەلقنىڭ ئارزۇ ـ تىلەكلىرى، ئىجتىمائىي تۇرمۇش رېئاللىقى، تارىخى ۋە مەدەنىي مائارىپى يەنىلا كۈچلۈك ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. بۇنىڭغا مەشھۇر «ئوغۇزنامە» قىسسىسى تېخىمۇ تولۇق ئىسپات بولالايدۇ. «ئوغۇزنامە» ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمكى ھايات تارىخى، دۇنيا قارىشى، ئىجتىمائىي ئۆرپ ـ ئادەتلىرى، پەزىلەتلىرى ۋە جەڭگىۋارلىق خىسلەتلىرىنى تونۇشتۇرىدىغان قىسقا ۋە ئۇنىۋېرسال دەرسلىك قوللانمىدۇر.

قۇچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە يەنە ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى بىباھا گۆھەر بولغان، شەرق ـ غەرب مەدەنىيىتى قوشۇلغان ئۇنىۋېرسال ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرگەن ئاجايىپ نەپىس، كۆركەم تام رەسىملىرى سىزىلغان. ھازىرقى ئۇيغۇر 12 مۇقامىنىڭ ئاساسى بولغان «كۆسەن كۈيلىرى»، «قۇچۇ نەغمىلىرى»، «ئېۋىرغول

نەغمىلىرى» قاتارلىق ئۇيغۇر قەدىمكى مۇزىكا تارىخىدىكى پارلاپ تۇرغان مەرۋايىتلار مەيدانغا كەلگەن. بۇلارنىڭ پاكىتى بولغان ھازىرقى قاراغوجا يېزىسى تەۋەسىدىكى قۇچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ خېلى مۇكەممەل ساقلانغان شەھەر خارابىسى، ئاستانە يېزىسى تەۋەسىدىكى قاغان جەمەتىنىڭ جەسەتلىرى قويۇلغان ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقى، ئاستانە يېزىسىنىڭ ئون كىلومېتىر شەرقىي شىمالىدىكى تاغ باغرىغا جايلاشقان بېزەكلىك مىڭئۆيى، سىڭگىم مىڭئۆيلىرى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى مۇتەخەسسىس، ئالىملارنىڭ كۆچلۈك قىزىقىشىنى قوزغاپ كەلمەكتە. دېمەك، ئەينى ۋاقىتتىكى شەھەر، قەلئەلەر، ساگرام، ئىبادەتخانىلار، ئىلمىي مۇتائىلەخانا، ھۈنەرخانىلارنىڭ ھەممىسى خانلىقنىڭ پايتەختى بولغان ئاستانىنى مەركەز قىلىپ قۇرۇلغان بولۇپ، بۇ يەردە مەدەنىيەت غايەت زور دەرىجىدە گۈللەنگەن.

ئەمدى غوجام ئالدى ئاتالغۇسىغا كەلسەك، بۇ ئاستانە يېزىسىنىڭ مەركىزىدىكى كەنتنىڭ نامى بولۇپ، بۇ كەنت قەدىمكى زامانلاردا ئۆتكەن مەشھۇر تارىخىي شەخس ھەزرىتى ئەلپەتتاھ غوجىنىڭ مازىرى مۇشۇ يەردە بولغاچقا مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان.

ئەلپەتتاھ (ئابدۇل پەتتاھ) خوجا سامانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئەۋلادى بولغان ئەبۇ ناسىر سامانىينىڭ ئوغلى. ئەبۇ ناسىر سامانىي قارا خانىيلار خانلىقىنىڭ خانى سۇتۇق بۇغراخاننى تۇنجى بولۇپ ئىسلام دىنىغا كىرگۈزۈپ، قاراخانىيلار خانلىقىدا ئىسلام دىنىنىڭ ئومۇملىشىشىغا تۆھپە قوشقان. ئەلپەتتاھ خوجا ئاتىسى بىلەن بىرگە قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئىسلام ئېچىش كۈرەشلىرىگە ئاكتىپ قاتناشقان. مىلادىيە 948 ـ يىلى قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن قوشۇن تارتىپ، قۇچۇ ئۇيغۇر خانلىقىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئىسلام دىنىنى ئومۇملاشتۇرۇشتا تۆھپە كۆرسەتكەن ۋە «ئالىپ تېكىن»

(قەھرىمان شاھزادە) دېگەن نامغا ئېرىشكەن. شۇ مەزگىلدە قەشقەر، يەكەنلەردە ئىسلام دىنىغا قارشى توپىلاڭ كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن، قاراخانىيلار خانلىقى ئۇنى قۇچۇدىن قايتۇرۇپ كېلىپ، توپىلاڭنى تىنجىتىشقا ئەۋەتكەن. مىلادىيە 960 ـ يىلى ئەلپەتتاھ غوجا قۇچۇ ئۇيغۇر خانلىقىغا ئىككىنچى قېتىم يۈرۈش قىلىپ، قۇچۇ دۆلىتى تېررىتورىيىسىدە ئىسلام دىنىنى ئومۇملاشتۇرماقچى بولغان ۋە شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، كۇچا، قاراشەھەرلەرنى ئىشغال قىلىپ، خانلىقنىڭ لەشكەرگاھى يارغول شەھىرىنى بېسىۋالغان ۋە قۇچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ پايتەختى ئاستانىگە (ئىدىقۇت شەھىرىگە) قىستاپ كەلگەن. بۇ قېتىم قۇچۇ دۆلىتىنىڭ خانى ئارسلانخان قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىپ، ئەلپەتتاھ غوجا بىلەن ئېلىشقان. لېكىن، ئەلپەتتاھ غوجىنىڭ قوشۇنلىرى غالىب كېلىپ، ۋەزىيەت ئارسلانخانغا پايدىسىز بولۇۋاتقاچقا، ئۇ «دۇشمەننى ئالداپ ئىچكىرىگە باشلاپ كىرىش» تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، تەڭرىتاغلىرىنىڭ ئىچكىرىسىدىن خانلىقنىڭ يازلىق پايتەختى بەشبالىققا قاراپ چېكىنگەن. ئارسلانخان تەڭرىتېغىنى كېسىپ ئۆتىدىغان جۇغراپىيىلىك شارائىتى ئەۋزەل بولغان تاغ يولى ئېغىزىغا نۇرغۇن لەشكەرلەرنى پىستىرمىغا قويۇپ، ھەل قىلغۇچ جەڭگە تەييارلانغان. ئەلپەتتاھ خوجا ئارسلانخاننى قوغلاپ بوغدا چوققىسى ئەتراپىدىكى پىستىرما قويۇلغان جايغا كەلگەندە، ئارسلانخان تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، ئەلپەتتاھ غوجىنى مەغلۇپ قىلغان، ئەلپەتتاھ غوجا شۇ قېتىمقى جەڭدە شېھىت بولغان. ئۇرۇشتا غالىب كەلگەن ئارسلانخان قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، قارا خانىيلار قوشۇنلىرى بېسىۋالغان يارغول، قارا شەھەر قاتارلىق جايلارنى قايتۇرۇۋالغان ۋە قارا خانىيلار قوشۇنلىرىنى قارا قۇچۇ زېمىنىدىن قوغلاپ چىقىرىپ، غەربتە كۇچانى پاسىل قىلىپ، ئۇزۇنغىچە مۇستەقىل ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن.

www.uyghurkitap.com

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن قۇچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ خانى ئارسلانخان قارا خانىيلارنىڭ كېڭەيمىچىلىكىگە قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتكەنلىكتىن ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرى 13 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە كۇچانىڭ بېرىسىغا ئۆتەلمىگەن.

قۇچۇ خەلقى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئەلپەتتاھ غوجىنى چوڭقۇر ياد ئېتىپ، ئۇنىڭ جەستىنى بوغدا چوققىسى ئەتراپىدىكى «توپ ئاتار غوجام» (ئۇرۇمچىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا) دېگەن جايدىن يۆتكەپ كېلىپ ئاستانىدىكى ئۇزۇن تارىختا ئىگە، چوڭ قەبرىستانلىقتا دەپنە قىلغان ۋە ئەتراپىغا جامە بەرپا قىلغان. ئەلپەتتاھ غوجىنىڭ جەستى دەپنە قىلىنغاندىن كېيىن كۆلىمى 300 موغا يېتىدىغان بۇ قەبرىستانلىق مەشھۇر مازارلىقتا ئايلىنىپ، يىراق ـ يېقىندىن كەلگەن كىشىلەر تاۋاپ قىلىدىغان ئورۇن بولۇپ قالغان. كېيىن بۇ مازارلىقتا مەشھۇر ئىمىن خوجا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ، مۇھىتلار جەمەتىنىڭ ۋە يەنە بىر مۇنچە دىنىي ئۆلىمالار، مەشھۇر كىشىلەرنىڭ جەستى دەپنە قىلىنىپ، بۇ مازارنىڭ شۆھرىتى يىراق ـ يېقىنغا تارالغان.

«ھەزرىتى ئەلپەتتاھ غوجام مازىرى» نىڭ جەنۇبىي قىسمىدا تۇتاش كەتكەن، ئېگىز ـ ئېگىز گۇمبەزلەردىن تەشكىل تاپقان، ئەتراپى پاكار تام بىلەن قورشالغان قەبرىلەر توپى بار بولۇپ، بۇ يەردىكى ئەڭ ئېگىز گۇمبەزنىڭ ئېگىزلىكى ئون نەچچە مېتىرغا يېتىدۇ. ھەر خىل تەبىئىي، ئىجتىمائىي ئاپەتلەرنىڭ زەربىسى سەۋەبىدىن بۇ گۇمبەزنىڭ يېرىمى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن بولۇپ، گۇمبەزنىڭ ئىچىگە ئاجايىپ نەپىس رەڭلىك ھۆسنخەتلەر، سۈرەتلەر، چىرايلىق گۈللەر نەقىشلەنگەن. گۇمبەزنىڭ بىر چېتىگە «لۇكچۇن ئۇچكۆزۈكلۈك تىيىپ ئۇستام ئۈچ شاگىرتى بىلەن ئۇچ ئايدا ياساپ بولغان» دېگەن خەتلەر يېزىلغان. مانا بۇ قەبرىلەر توپى ئىمىن خوجا ۋە ئۇنىڭ جەمەتى

دەپنە قىلىنغان «ئالتۇنلۇق» تۇر. ئىمىن خوجا ئاپاق خوجا دەۋرىدىكى خوجىلار نەسەبىدىن بولۇپ، 1694 ـ يىلى ئاستانىدە تۇغۇلغان، ئۇنىڭ بوۋىسى سوپى خوجا «جەۋھىرىي سۇلۇك» يولىنى تۇتقان، تۇرپاندىكى چوڭ ئىشان، ئاتىسى نىياز خوجا ئاستانىدىكى «ھەزرىتى ئەلپەتتاھ خوجام مازىرى» نىڭ سەپتۇگۇرى ئىدى. ئىمىن خوجا كىچىكىدىنلا تەۋسىقلىق (سوپىلىق) تەربىيىسى ئېلىپ، كېيىنكى كۇنلەردە بوۋىسىنىڭ ئىشانلىقىغا ۋارىسلىق قىلىپ، نۇرغۇن مۇرىت قوبۇل قىلغان. بۇ دەۋردە تۇرپان جۇڭغارلارنىڭ قارامىلىقى ئاستىدا بولۇپ، چاغاتاي نەسەبىدىكى يەرلىك فېئودال ھۆكۇمرانلارنىڭ ۋەكىلى ئابدۇل ئەھمەت بەگنىڭ ئوغلى ئەخمەت باقى بەگ («كېپىشبەگ» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) تۇرپاننىڭ بېگى سۇپىتىدە لۇكچۇندىكى ئوردىدا تۇراتتى. تەخمىنەن 1720 ـ يىللىرى ئىمىن خوجا ئەيش ـ ئىشرەتكە بېرىلىپ كەتكەن ئەخمەت باقىبەگنىڭ ئۇۋۇغا چىقىپ كەتكەن پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، مۇرىتلىرىنى باشلاپ لۇكچۇن ئوردىسىغا باستۇرۇپ كىرىپ، ھوقۇقنى تارتىۋالغان ۋە ئەخمەت باقىبەگنى ئۆلتۇرگەن. 1715 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تۇرپان، قۇمۇللارنى جۇڭغارلارنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلدۇرماقچى بولۇپ، لۇكچۇنگە ئەسكەر تارتىپ كەلگەندە، ئىمىن خوجا قوۋۇقنى چوڭ ئېچىپ، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنى كۇتۇۋالغان ۋە چىڭ خانىدانلىقىغا بەيئەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۇرگەن، ئۇ مەركىزىي ھۆكۈمەتكە سادىقلىق بىلەن خىزمەت قىلغاچقا، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئىمىن خوجىغا «گوڭلۇق» مەنسىپىنى بەرگەن. ئىمىن خوجا جۇڭغارلارنىڭ پاراكەندىچىلىكىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، 1732 ـ يىلى لۇكچۇن بەگلىكىگە قاراشلىق قاراغوجا، مۇرتۇق، سۇ بېشى، لەمجىن، خاندو، شۆگە، سىركىپ، ياڭخى، تۇيۇق قاتارلىق جايلاردىكى 10 مىڭدىن ئارتۇق ئاھالىنى يېتەكلەپ، ئەنشى ئۆلكىسىنىڭ گۇاجۇ ۋىلايىتىگە

www.uyghurkitap.com

كۆچكەن. 1756 ـ يىلى ئاھالىنى باشلاپ يەنە لۈكچۈنگە قايتىپ كەلگەن. 1758 ـ يىلى لۈكچۈن ۋاڭلىقى تىكلەنگەندە ۋاڭلىققا تەۋە يەرلەر ئىمىن خوجىغا ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا سۇيۇرغال قىلىپ بېرىلگەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىدىن سۇلايمان خوجا، ئىسكەندەر خوجا، يۇنۇس خوجا، زوھۇرىددىن ھېكىمبەگ قاتارلىق 13 كىشى ئالتە ئەۋلاد بولۇپ، 200 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە تۇرپان دىيارىغا ۋە جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭدىكى ئوندىن ئارتۇق ۋىلايەت ۋە ناھىيىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان. ئىمىن خوجا لۈكچۈندىكى 1572 ـ يىلى سېلىنغان ۋاڭلىق ئوردىسىدا تۇرغان بولۇپ، ئۇستۈن تەمىنات، يۇقىرى مەرتىۋىدىن بەھرىمەن بولغان، چىڭ سۇلالىسىنىڭ قەدىرلەپ ئىشلىتىشىگە مۇيەسسەر بولغان ئايماق ۋاڭى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىمىن خوجا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە بەيئەت قىلىپ، جۇڭغارلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا ۋە چوڭ ـ كىچىك خوجىلارنىڭ توپىلىڭىغا قارشى تۇرۇشتا زور خىزمەت كۆرسەتكەن. ئىمىن خوجا ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشقا ئالاھىدە تۆھپە قوشقانلىقى ئۈچۈن پادىشاھ چيەنلۇڭ ئۇنىڭغا تىگىشلىك مەمۇرىي ۋەزىپە ۋە پەخرىي نام بەرگەن، مەرتىۋىسىنى يىلمۇ يىل ئۆستۈرگەن، ئۇنى ئوردىدا ئىككى قېتىم قوبۇل قىلغان، سىزما سۈرىتىنى جوڭنەنخەيدىكى بىنەپشە نۇر راۋىقىغا ئاستۇرغان. ئۇ 1777 ـ يىلى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئەلپەتتاھ خوجا مازىرىدىكى «ئالتۇنلۇق» قا دەپنە قىلىنغان. ئىمىن ۋاڭنىڭ ئوغلى سۇلايمان ۋاڭ ئاتىسى ئۆلگەندىن كېيىن ئاتىسىغا بىر ئابىدە تىكلەش مەقسىتىدە داڭلىق مېمارچىلىق ئۇستىلىرىنى تەكلىپ قىلىپ، تۇرپان شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى ئىككى كىلومېتىر كېلىدىغان جايغا خىش بىلەن، ئۇيغۇر بىناكارلىقىنىڭ ئىسلام دىنى ئۇسلۇبىدا، ئىچىگە بورما شەكلىدىكى 72 پەلەمپەي ئېلىنغان، 60 مېتىر ئېگىزلىكتىكى مۇنار ۋە ئۈچ قەۋەت ئىمارەت

ئېگىزلىكتىكى پەشتاق ۋە چوڭ جامە سالدۇرغان، كېيىن بىر قېتىملىق يەر تەۋرەشتە مۇنارنىڭ ئۈستىدىكى 20 مېتىر قىسمى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن ۋە قايتا رېمونت قىلىنىپ، ھازىرقى 40 مېتىرلىق ھالەتكە كەلتۈرۈلگەن. بۇ مۇنار كېيىن «ئىمىن ۋاڭ مۇنارى» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولغان، 60 ـ يىللاردىن كېيىن يەنە «سۇلايمان ۋاڭ مۇنارى» دەپ ئاتىلىشقا باشلىغان.

دېمەك، ئاستانە يېزىسى تارىختىن بۇيان، قەدىمكى مەشھۇر دۆلەتلەرنىڭ ئاستانىسى ـ پايتەختى، تۇرپان رايونىنىڭ ئىقتىساد، سودا، مەدەنىيەت مەركىزى بولۇپ كەلگەن. بۇ يەردە تىللاردا داستان بولىدىغان نى ـ نى ۋەقەلەر، مەشھۇر كىشىلەر ياشاپ ئۆتكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاستانە، قاراغوجا يېزىلىرى ھارارەتلىك ئىدىقۇت تېغى باغرىغا جايلاشقان، ھاۋاسى قۇرغاق، ئىسسىق، تۇپرىقى مۇنبەت، ئاھالىسى ئەزەلدىن بۇلاق سۇلىرىنى ئىچىپ كەلگەن بولغاچقا، بۇ يۇرتنىڭ خەلقى باتۇر، قورقۇمسىز، ئۇيۇشقاق، جەڭگىۋار، ناھەقچىلىكنى كۆرسە چىداپ تۇرالمايدىغان، مەرىپەتپەرۋەر بولۇشتەك خاراكتېرىنى يېتىلدۈرگەن. دەل مۇشۇنداق زېمىندا ئۆتكەن ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، مۇھىتىلار جەمەتىدىن ئىبارەت بىر جەمەتنىڭ پەرزەنتلىرى خۇددى زۇلمەت كېچىدىكى يالقۇندەك يېلىنجاپ، شىنجاڭ زېمىنىنىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغىچە ئىز قالدۇرۇپ ئۆتتى. خەلق جاھالەت، نادانلىق، خۇراپات سىرتمىقىدا بوغۇلۇۋاتقان ئەينى يىللاردا سودا، ئىنقىلاب، ئاقارتىشتىن ئىبارەت ئۈچ ئەڭگۈشتەرنى مەھكەم تۇتقان مۇھىتىلارنىڭ پەرزەنتلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئىسسىق قانلىرى بەدىلىگە خەلقنى ھۆرلۈككە، ئىلغارلىققا، ئىلىم ـ مەرىپەت ئۆگىنىشكە يېتەكلىدى. ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ تەقدىرى پاجىئەلىك بولغان بولسىمۇ، ئۇلار ئۆز ئەقىدىسى يولىدا بۇ دۇنيادىن ئارمانسىز كەتتى. . .

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# مۇھىت ھاجى

ئاستانە يېزىسىدىكى دېھقان مۆمىن ئاكىنىڭ مۇھىت ۋە مومىنت ئاتلىق ئىككى ئوغلى بار ئىدى. مۆمىن ئاكىنىڭ تۇرمۇشى غۇربەتچىلىكتە ئۆتكەن بولسىمۇ، ئوغۇللىرىنى قەيسەر، جىگەرلىك، پەم ـ پاراسەتلىك، ئاق كۆڭۈل قىلىپ تەربىيىلىدى. بۇ ئوغۇللار يىللار ئۆتكەنچە قەددى ـ قامەتلىك، كۆچتۈڭگۈر، ھالال مېھنىتى بىلەن ياشايدىغان يىگىتلەردىن بولۇپ چوڭ بولدى. بۇ ئىككى ئوغۇل ئۆي ـ ئوچاقلىق بولغاندىن كېيىن مومىنت ئاخۇن تۆمۈر، مەخسۇت ئىسىملىك باللارغا، مۇھىت ئاخۇن موسۇل، قۇسىيە (قۇسىياپئاق)، مەخسۇت، مەھمۇت، ھۆسنارە، رۇقىيە، گوسۇل قاتارلىق پەرزەنتلەرگە ئاتا بولدى.

بۇ يىللاردا مۇھىتىغا ھەزرىتى ئەلپەتتاھ غوجام مازىرىنىڭ ئىنىلىق شەيخلىق ۋەزىپىسى تېگىپ قالدى. ئەينى ۋاقىتتا ئەلپەتتاھ غوجام مازىرىنىڭ شۆھرىتى ناھايىتى چوڭ، تاۋاپقا كېلىدىغانلار كۆپ بولۇپ، مازاردا 30 ئاغىلىق شەيخ (باش شەيخ) ۋە 30 ئىنىلىق شەيخ (ياردەمچى شەيخ) بولاتتى. سىڭگىم ئېغىزىدىن ئېقىپ كېلىۋاتقان سۇ ھازىرقى قاراغوجا يېزىسىنىڭ توما دېگەن مەھەللىسىدە ئىككىگە بۆلۈنۈپ، بىر ئېرىقتا قاراغوجىغا، يەنە بىر ئېرىقتا ئاستانىگە قاراپ ئاقاتتى. بۇ سۇ يۇرت سۈيى دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، ئۇنى ئىككى يېزىدىكى خەلق ئىچەتتى. بۇ يەر توما ئارقىلىق سۇ بۆلۈنىدىغان جاي بولغاچقا، توما دەپ ئاتالغانىدى. ئەمدى دەل مۇشۇ سۇ بۆلۈنىدىغان تومىنىڭ سەل ئۈستىدە بىر تارام سۇ مەخسۇس ئەلپەتتاھ غوجام مازىرى

ئۇچۇن بۆلۈنگەن بولۇپ، بۇ غوجام سۈيى دەپ ئاتىلاتتى. بۇ سۇ توققۇز سۇڭ چوڭلۇقتىكى تۆشۈكتىن ئاستانىگە قاراپ ئېقىپ، پەقەت شەيخلەرنىڭ يەرلىرى ئۇچۇنلا ئىشلىتىلەتتى. مىلادىيە 1720 - يىلى ئاستانىدىن چىققان ئىمىن خوجا تۇرپانغا ۋاڭ بولغاندىن كېيىن، غوجام سۈيى ئېقىپ يۇقىرى مەھەللىگە كەلگەن جايدىن يەنە قوش مۇشتۇمچىلىك ئورۇننى چوڭايتىپ، بۇ سۇنى ئۇلغايتقان ۋە ئۆزى توغۇلغان يېڭى تۇر مەھەللىسىدىكى (غوجامئالدى مەھەللىسى بىلەن تۇتاش) توغقانلىرىنىڭ ئىشلىتىشىگە ئاجرىتىپ بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن غوجام سۈيى تېخىمۇ كۆپىيىپ، شەيخلەرنىڭ ئىگىلىكى يەنىمۇ راۋاجلانغان. ئادەتتە، 30 شەيخنىڭ ھەر بىرىنىڭ 36 مودىن تېرىلغۇ يېرى بولۇپ، ئىنىلىق شەيخ (ياردەمچى شەيخ) لەرمۇ توققۇز مو تېرىلغۇ يەرگە ئىگە بولغان. شۇ يىللاردا ئاددىي دېھقان مۇھىتنىڭ ئامىتى كېلىپ، ئەلپەتتاھ غوجام مازىرىنىڭ ئىنىلىق شەيخى بولغان، كېيىن باش شەيخ بولۇپ، 20 - 30 مو يەر تېرىغان ۋە ھال كۈنى بارا - بارا ياخشىلىنىپ، سىڭگىم، چاتقال، ياڭخى قاتارلىق يېزىلاردىن كۆپلىگەن كارىزلارنى سېتىۋالغان. ئاخىرىدا ئاستانە تەۋەسىدىكى مەشھۇر بايغا ئايلىنىپ ئىككى قېتىم ھەجگە بېرىپ، مۇھىت ھاجى دەپ ئاتالغان. مۇھىت ھاجى ئىككىنچى قېتىملىق ھەج سەپىرىدە قاراقچىلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ قازا قىلغان. مۇھىت ھاجىنىڭ پەرزەنتلىرى ئىچىدىكى موسۇل مۇھىتى، مەخسۇت مۇھىتى، مەھمۇت مۇھىتى، گوسۇل مۇھىتىدىن ئىبارەت تۆت مۇھىتى شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئىنتايىن مۇھىم روللارنى ئوينىغان.

بۇ تۆت ئوغۇل ھەققىدە توختىلىشتىن بۇرۇن، ئەينى ۋاقىتتىكى شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋەزىيىتىنى قىسقىچە بايان قىلىشقا توغرا كېلىدۇ: 1911 - يىلى ۋۇچاڭدا كۆتۈرۈلگەن شىنخەي ئىنقىلابى پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا

شىددەتلىك دولقۇن پەيدا قىلىپ، 300 نەچچە يىل ھۆكۈم سۈرگەن چىرىك چىڭ سۇلالىسىنى ۋە ئىچ ـ ئىچىدىن بىقسىپ كەتكەن خانلىق تۈزۈمنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، جۇڭگودا تۇنجى جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىنى تىكلىدى. بۇ دولقۇننىڭ تەسىرى بىلەن شىنجاڭدىمۇ كەينى ـ كەينىدىن كۆتۈرۈلگەن قوزغىلاڭلار چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىسىدىكى ئاخىرقى باش مۇپەتتىشى يۈەن داخۇانى ئىچكىرىگە قېچىشقا مەجبۇر قىلدى. بۇنىڭ بىلەن يۈەن داخۇانىڭ ئۇرۇمچىدىكى ئىنقىلابلارنى باستۇرۇش ھەرىكىتىگە ئاكتىپ قاتناشقان ئۆلكىنىڭ ھەربىي نازارەتچىسى ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا چىقىپ، ئۆزىنىڭ مىنگونىڭ ھەربىي باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. ياڭ زېڭشىننىڭ ئەسلىي يۇرتى جياڭسۇ بولۇپ، ئۇ 1863 ـ يىلى يۈننەن ئۆلكىسىدە يومىشچىلىك ئەمەلدار ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈي دەۋرىدە تەشرىپدارلىق ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ ئەمەلدار بولغان. كېيىنكى يىللاردا گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ تيەنشۈي ناھىيىسىدە ئامبال ۋە نىڭشيانىڭ خېجۇ ۋىلايىتىدە ۋالىي بولغان. 1908 ـ يىلى خان ئوردىسىغا بېرىپ شى تەيفۇ بىلەن كۆرۈشۈپ، چېگرا رايوننى قوغداشقا قەسەم بەرگەن ۋە چىڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن شىنجاڭ ئاقسۇنىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلەنگەنىدى.

ياڭ زېڭشىن تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئىزچىل تۈردە ئىستىبداتلىق جاھالەت سىياسىتى يۈرگۈزۈپ، قۇۋۇلۇق، شۇملۇق بىلەن يۇرت سوراپ، شىنجاڭنى ئۆز ئالدىغا باشقۇرۇپ «مۇستەقىل پادىشاھ» بولۇۋالغان. ھەر خىل ھىيلە ـ نەيرەڭلەرنى ئىشلىتىپ، خەلقنى قاتتىق ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغان. يۇمشاق ـ قاتتىق ۋاستىلەر بىلەن ئىنقىلابىي كۈچلەرنى پارچىلاش، باستۇرۇش، مىللەتلەرنى بىر ـ بىرىگە سېلىپ، ئۆز يېغىدا ئۆز گۆشىنى قورۇش، يوقىرى تەبىقىدىكىلەر ئارقىلىق

ئاۋامنى تىزگىنلەش، خەلقنى نادانلىقتا قالدۇرۇپ يوگەنلەش قاتارلىق رەزىل ئۇسۇللار ئارقىلىق شىنجاڭنى قاراڭغۇ، زۇلمەتلىك دەۋرگە سۆرەپ كىرگەن. «ياڭ زېڭشىن هۆكۈمرانلىقىدىكى شىنجاڭ نادانلىق، قالاقلىق قاپلاپ كەتكەن شىنجاڭ بولۇپ، ئەمەلدارلىق تۈزۈمى چىرىك، مالىيە كىرىمى قۇرۇق، هەربىي قوشۇنى بىر توپ بۇلاڭچى، ئىگىلىكى ۋەيران، هۈنەر، كەسىپ كاسات، خەلق ئاممىسى ئېغىر زۇلۇم ئاستىدا ئىدى.»[1]

1928 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى، قوشۇمچە جاڭجۇڭ يامۇلىنىڭ هەربىي ۋە خارجى ئىشلار مەهكىمە باشلىقى، ياپونىيىدە قانۇنشۇناسلىق بويىچە ئوقۇپ، بۇرژۇئا ئىسلاهاتچىلىق ئىدىيىسى، ئىلغار پىكىر ئېقىمىنى قوبۇل قىلغان، پارىخورلۇقنى تۈگىتىپ، مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى تەكىتلەيدىغان پەن ياۋنەن رۇسچە سىياسىي ـ قانۇن تېخنىكومىنىڭ ئىلمىي مۇدىرى جاڭ جۇڭشى قاتارلىقلار بىلەن بۇ تېخنىكومنىڭ بىرىنچى قارار ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىغا قاتنىشىش ئۈچۈن كەلگەن ياڭ زېڭشىننى ئېتىپ ئۆلتۈردى. تۆمۈر خەلىپە قاتارلىق نەچچە ئونلىغان ئەزىمەتلەرنىڭ قېنىنى ئىچىپ، ئابدۇقادىر داموللىدەك ئىلىم ـ ئېرپان يۇلتۇزلىرىنىڭ جېنىغا زامىن بولغان ۋە 20 ـ ئەسىر شارائىتىدا ئوتتۇرا ئەسىر جاهالىتىنى داۋاملاشتۇرۇپ، هاكىممۇتلەقلىق تەختىدە 17 يىل دەۋران سۈرگەن بۇ ئادەم جېنىدىن جۇدا بولدى[2].

سىياسىي ئۆزگىرىشتىن كېيىن، شۇ چاغدىكى مەمۇرىي ئىشلار نازىرى، ياڭ زېڭشىندىن قېلىشمايدىغان مۇستەبىت جىڭ شۇرېن توپىلاڭدىن توقاچ ئوغرىلاپ، پەن ياۋنەن قاتارلىقلارنى

---

① سەيپىدىن ئەزىزى «ئۆمۈر داستانى»، 1 ـ قىسىم، 140 ـ بەت.
② ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر «ئويغانغان زېمىن»، 1 ـ قىسىم، 19 ـ بەت.

باستۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا چىققان.

جىڭ شۇرېن گەنسۇ ئۆلكىسىدىن بولۇپ، ياڭ زېڭشىن بىلەن ئىككىسى كونا تونۇش، جىڭ شۇرېن گەنسۇدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك شۆتاڭنى پۈتتۈرۈپ، ياڭ زېڭشىن مۇئەللىملىك قىلغان ھەربىي مەكتەپتە ئوقۇغان، كېيىن ياڭ زېڭشىننىڭ كۆرسىتىشى بىلەن شۇ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولغان. 1914 ـ يىلى ياڭ زېڭشىننىڭ تەكلىپى بىلەن شىنجاڭغا كېلىپ ئاقسۇنىڭ ھاكىمى، ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ ئامبىلى، مەمۇرىي ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

ياڭ زېڭشىننىڭ قىساسنى ئالغۇچى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان ئىچى تار، كاللىسى پەم، ئەپيۈنكەش، زالىم جىڭ شۇرېن نەنجىڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى، قوشۇمچە «چېگرا مۇداپىئە دۇبەنى» دەپ ئېتىراپ قىلىنغان. ئۇ تەختكە چىقىپلا خەلققە ياڭ زېڭشىن دەۋرىدىكىدىنمۇ ئارتۇق زۇلۇم سېلىپ، بۇلاپ ـ تالاشنى جىددىيلەشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئاچ كۆز، نەپسانىيەتچى يالماۋۇز ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلاپ قويغان. 1933 ـ يىلى 12 ـ ئاپرېل كۈنى، چېن جوڭ، تاۋ مىنيۈ، لى شياۋسەن قاتارلىق ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدارلار ئۈرۈمچىدە چوڭ سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپ، جىڭ شۇرېننى تەختتىن قوغلاپ چىقارغان. جىڭ شۇرېننىڭ چىرىكلىك، خىيانەتچىلىك، ئەيش ـ ئىشرەت بىلەن تولغان ھاكىمىيەت ئورگىنىدىكى نىسبەتەن سەۋىيىلىك، ئىختىساسلىق بولغان شەرقىي يۈنىلىش قوشۇنىنىڭ باش قوماندانى قارا نىيەت، قۇۋ شېڭ شىسەي پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ شىنجاڭنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى قولىغا كىرگۈزۈۋالغان.

شېڭ شىسەي — لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ لەييۈەن ناھىيىسىدىن بولۇپ، 1897 ـ يىلى پومېشچىك ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. بەش ئوغۇلنىڭ تۇنجىسى بولغان شېڭ شىسەي



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

گۇاڭدۇڭ شاۋگۇەن ھەربىي مەكتىپى، ياپونىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق مەكتەپلەردە ئوقۇغان. كېيىن شەرقىي شىمالدىكى چوڭ مىلىتارىستنىڭ بىرى گو سۇڭلىننىڭ قول ئاستىدا ليەنجاڭ بولغان، گو سۇڭلىننىڭ جيەن قىزى چۇ يۈيفاڭ بىلەن توي قىلغان. گوسۇڭلىن جاڭ زولىنغا قارشى ھەربىي ئۆزگىرىشتە مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، شېڭ شىسەي ئۆزىنى جاڭ كەيشىنىڭ قۇچىقىغا ئاتقان ۋە گومىنداڭ ئارمىيىسى قوماندانلىق شتابىنىڭ شاڭشاۋ مەسلىھەتچىلىكىگە تەيىنلەنگەن. شىمالغا يۈرۈش ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، شېڭ شىسەي مەسلىھەتچىلەر پىرقىسىدە بۆلۈم باشلىقى بولغان. شېڭ شىسەي بۇ چاغدا «بىلىمىم يۇقىرى، تارىخىم ئۇزۇن تۇرۇقلۇق مۇۋاپىق ئورۇنغا قويۇلمىدىم» دەپ نارازى بولۇپ يۈرگەن. دەل شۇ چاغدا جىڭ شۇرېن ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش غەرىزىدە كۆچلۈك بىر ھەربىي قوشۇن تۈزمەكچى بولۇپ، ئۇرۇمچىدە ھەربىي مەكتەپ تەسىس قىلىپ، سىرتتىن ئىلغار ھەربىي لازىمەتلىكلەرنى كىرگۈزگەن ۋە جىددىي ھەربىي مۇتەخەسسىسكە ئېھتىياجلىق بولۇپ، شىنجاڭنىڭ نەنجىڭدا تۇرۇشلۇق باشقارمىسىنىڭ ۋەكىلى لۇن ياۋزۇغا بىرەر ھەربىي خادىم تاللاپ بېرىشنى تەۋسىيە قىلغان. نەنجىڭدىكى خىزمىتىدىن رازى بولماي ئىچى پۇشۇپ يۈرگەن شېڭ شىسەي بۇ كىشى بىلەن ئۇچرىشىپ، 1933 ـ يىلى شىنجاڭغا كېلىپ، دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك مۇشاۋىرلىقىغا تەيىنلەنگەن. قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىغاندا، شېڭ شىسەي 1933 ـ يىلى قوزغىلاڭنى باستۇرغۇچى قوماندان جاڭ پېيۈەننىڭ باش مۇشاۋىرى بولۇپ، قانلىق قىلىچىنى ئوينىتىپ قۇمۇل، تۇرپانلاردا نۇرغۇن ئوت يۈرەك ياشلارنىڭ جېنىغا زامىن بولغان. «شېڭ شىسەي شىنجاڭدا يەرلىك خاقان بولۇپ تۇرغان ئون يىل ئىچىدە، 110 مىڭدىن ئارتۇق بىگۇناھ ئادەمنى ئۆلتۈرگەنلىكى، بوۋىسى ياڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

زېكىشىنغا ئوخشاش ئالدامچىلىق قىلىپ، ئىلغارلىق بايرىقىنى، ھەتتا بىر مەزگىل ماركسىزم بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ خەلقنى ئالدىغانلىقى، يالغۇز شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئەمەس، بەلكى سوۋېت ھۆكۈمىتىنى، سوۋېت كومپارتىيىسىنى ۋە جۇڭگو كومپارتىيىسىنى ئالدىغانلىقى خۇددى ياڭ زېڭشىنغا ئوخشاش ‹ياتلارنى ياتلار ئارقىلىق تىزگىنلەش›، ‹ئۆزئارا ئىسكەنجىگە ئېلىش›، رەزىل ئويۇنىنى ئوينىغانلىقى، يالغۇز ئۇيغۇر ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنى خالىغانچە قىرىش بىلەنلا قالماستىن، يەنە ئىلغار خەنزۇلارنى ۋە خەنزۇ كوممۇنىستلىرىنىمۇ شەپقەتسىزلىك بىلەن ئۆلتۈرگەنلىكى بىلەن قانخورلۇقتا ھەر قانداق جاللاتتىن ئېشىپ كەتتى. . . قىسقىسى شېڭ شىسەينىڭ ھاكىمىيەت ئۈستىگە چىقىشى شىنجاڭ خەلقىگە ئىلگىرىكىدىنمۇ ئېغىر بالايىئاپەتلەرنى كەلتۈردى. ئۇزاق زامانلاردىن بېرى قانخورلارنىڭ قۇشخانىسى، زالىملارنىڭ زىندانى، ئىگىرىغان نامراتلارنىڭ خارابە ماكانىغا ئايلانغان شىنجاڭ شېڭ شىسەي دەۋرىگە كەلگەندە تېخىمۇ ئېچىنىشلىق ئەھۋالغا دۇچ كەلدى. شېڭ شىسەي ئۆزى ئېيتقاندەك شىنجاڭ ‹ئالغا ماڭالمايدىغان، قالاق، قوزغىلاڭلار بىلەن تولغان جاي›، بولۇپ قالدى. زالىم شېڭ شىسەي سۇيىقەست، ھىيلە ـ مىكىرلەر بىلەن تولغان ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىپ ‹ئالتۇن تاۋاق تۇتقان دىۋانىلەر يۇرتى›نى تالىماقچى، تېخىمۇ خاراب قىلماقچى بولدى. شېڭ شىسەي بۇ مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، بۇ ‹قوزغىلاڭ بىلەن تولغان جاي›نى قۇملار بىلەن تولغان جايغا ئايلاندۇرماقچى، ‹ئالتۇن تاۋاق›نى ياراتقان ئىگىلىرىدىن تارتىۋالماقچى بولدى.»① قىسقىسى، بۇ دەۋردە ھۆكۈمەت زالىم ۋە چىرىك، ئىقتىدارسىز، ئەمەلدارلار خىيانەتچى، راھەتپەرەس، ئەپيۇنكەش، ئىجتىمائىي ھايات قالاق،

---

① سەيپىدىن ئەزىزى«ئۆمۈر داستانى»، 1 ـ قىسىم، 349 ـبەت.

خۇراپاتلىق ھەممىلا جايغا قارا سايە تاشلىغان، مەدەنىيەت ـ مائارىپ، قاتناش ـ ترانسپورت ئىپتىدائىي ھالەتتە بولۇپ، تەرەققىياتتىن قىلچە سۆز ئاچقىلى بولمايتتى. چېرىكلەر قىمارۋاز، ئەپيۇنكەش، ئۆكتەم ۋە بۇلاڭچى، يەرلىك بەگلەر خەلق بېشىدىكى ئالۋان ـ ياساق، باجنى خالىغانچە ئېغىرلىتىدىغان، زۇلۇم تەسۋىرلىگۈسىز كۈچەيگەن، پۇقرالارنىڭ ھايۋانچىلىكمۇ قەدرى يوق بولۇپ، ئۆلتۈرۈلۈش، بۇلاپ ـ تالىنىش، ئاياغ ـ ئاستى قىلىنىش، خورلىنىشلار ئادەتتىكى ئىشقا ئايلىنىپ قالغانىدى. شۇ سەۋەبتىن دەھشەتلىك باستۇرۇلۇۋاتقان بولسىمۇ، خەلق قوزغىلاڭچىلىرى بىر كۈنمۇ توختاپ قالمىدى. 1912 ـ يىلى قۇمۇلدا تۆمۈر خەلىپە قوزغىلاڭ كۆتۈرگەندە، تۇرپان ئاستانىدە مويدۇن خەلىپە ئاۋاز قوشۇپ، خەلقنى قوزغىتىپ تۆمۈر خەلىپە بىلەن بىرلەشتى ۋە تۆمۈر خەلىپىگە باشتىن ـ ئاخىر ياخشى ياردەمچى، ھەمدەمچى بولۇپ، دۈشمەن قولىدا تەڭ شېھىت بولدى. 1931 ـ يىلى قۇمۇل تاغلىرىدا يەنە خوجىنىياز ھاجى باشچىلىقىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەندە، تۇرپان ئاستانىدىكى مۇھىت ھاجىنىڭ موسۇل، مەخسۇت، مەھمۇت قاتارلىق ئوغۇللىرى خەلقنى تەشكىللەپ، قوزغىلاڭغا ئاۋاز قوشۇپ، خوجىنىياز ھاجى بىلەن بىرلەشتى ۋە خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئەڭ يېقىن مەسلىھەتچىسى، ھەربىي قوماندانلىرىدىن بولۇپ قالدى.

تارىخنى ۋاراقلايدىغان بولساق شۇ نەرسە ئايانكى، قەدىمدىن بۇيان تۇرپان ئاستانە، قاراغوجا نۇرغۇن قېتىملىق سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىي ئۆزگىرىشلەرنىڭ مەركىزى بولۇپ كەلدى. نۇرغۇن قەھرىمان، مەردۇ مەردانىلەر، سىياسىي، مەدەنىي جەھەتتە زور تەسىر كۆرسەتكەن مەشھۇر شەخسلەر تۇرپان ئاستانىدىن چىقتى. بۇنىڭ سەۋەبلىرى ئىلگىرى ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئاستانە ئەزەلدىن پايتەخت، مەركەز،

www.uyghurkitap.com

ئوردا بولۇپ كەلگەن. ئۇنىڭ ئۇستىگە جۇغراپىيىۋى كىلىماتىدىن ئېيتقاندا، ئاستانىنىڭ ھاۋاسى قۇرغاق، ئىسسىق، ھۆل ـ يېغىن ئاز، ئاھالىسى تارىختىن بۇيان تەبىئىي ۋە ئەركەك سۇ بولغان تاغ سۇيىنى ئىچىپ كەلگەن. يەنە بىر تەرەپتىن بېشىنى كۆتۈرسىلا كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان شىمالدىكى ئىدىقۇت تېغىنىڭ چوغدەك ھارارىتى بىلەن بۇ يۇرتنىڭ خەلقى چوغداندا پىشقان چويۇندەك تاۋلىنىپ، مەزمۇت، بەردەم، جاپا ـ مۇشەققەتكە چىدايدىغان جەسۇر، مەغرۇر، ئۆزىگە ئىشىنىدىغان، قىزىققان ۋە خەتەرگە تەۋەككۇل قىلالايدىغان، ناھەقچىلىقنى كۆرگەن ھامان كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقالايدىغان، دۈشمەنگە يولۇقسا دەرھال ئىتتىپاقلىشالايدىغان، ھايات ـ ماماتلىق سىناقلارغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان، دانا، باتۇر كىشىنى كۆرسە دەرھال ھۆرمەتلەپ قوللىيالايدىغان، يېڭىلىقنى ئاسان قوبۇل قىلىدىغان، كەڭ قورساق، مەرد خاراكتېرنى شەكىللەندۈرگەن. دەل مۇشۇنداق ئالىيجاناب خاراكتېرنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن موسۇل، مەخسۇت، مەخمۇت، گوسۇلدىن ئىبارەت تۆت مۇھىتى خەلقنى غەپلەت ـ جاھالەتتىن، زۇلۇم ـ ئاسارەتتىن قۇتقۇزۇشقا پۇتكۈل ھاياتىنى بېغىشلىغان.

# موسۇل مۇھىتى

موسۇل مۇھىتى تەخمىنەن 1870 ـ يىللار ئەتراپىدا ئاستانىدە تۇغۇلغان. مۇھىت ھاجىنىڭ تۇنجى ئوغلى. كىچىكىدىن باشلاپ ئاتىسىنىڭ ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، سودا ـ تىجارەت ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلغان، ئىقتىسادىي جەھەتتىن تېز يۇكسىلىپ، «موسۇل باي» دەپ ئاتىلىپ، تۇرپان رايونىدىكى داڭلىق بايلاردىن بولۇپ قالغان.

موسۇلباي ئەسلىدە مۇرتۇق جىرالىرىدىن ئاستانىگە ئېقىپ كېلىدىغان چوڭ ئېقىندىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىپ، سىڭگىم ئېغىزىنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى ئېقىن ئۇستىگە سۇ تۇگمىنى قۇرۇپ تىجارىتىنى باشلىغان بولۇپ، ئاستا ـ ئاستا روناق تاپقاندىن كېيىن ئەينى يىللاردىكى شىنجاڭ سودىسىدىكى كوزىر تاۋار بولغان پاختا تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغان. تيەنجىن، لەنجۇ، ئۇرۇمچى، گۇچۇڭ، چۆچەك، غۇلجا، قەشقەر قاتارلىق كۆپلىگەن شەھەرلەرگە، شەمەي، قازان، لېنىنگراد، موسكۋا، تاشكەنت قاتارلىق چەت مەملىكەتلەردىكى شەھەرلەرگە كۆپ قېتىم بارغان. شىنجاڭدىكى مەشھۇر بايلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى تاشقى سودىسى رۇسىيىنى ئاساس قىلغان ھالدا، ئەنگلىيە، ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن بولىدىغان بولۇپ، بۇ دۆلەتلەر شىنجاڭدا باج ـ سېلىق تۆلىمەي جازانىخورلۇق قىلىپ، خام ئەشيالارنى بۇلاپ ـ تالاپ، ئىقتىسادىي تاجاۋۇزچىلىق يۇرگۇزەتتى. بولۇپمۇ شىنجاڭنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئالاھىدە يەرلىك مەھسۇلاتى بولغان پاختا، يۇڭ ـ تېرە، ئۇچەي، چارۋا قاتارلىقلارنى ئەرزان باھادا دۆلەتلىرىگە توشۇپ، خەلق تۇرمۇشىغا كېرەكلىك بولغان رەخت،

www.uyghurkitap.com

كىرىسىن، سەرەڭگە، ھەر خىل مىتال ئەسۋابلار ۋە مىلىچماللارنى قىممەت باھادا كىرگۈزۈپ ساتاتتى. شەھەرلەر ئارا مال يۆتكەشكە ئات ـ ئۇلاغ، تۆگىلەردىن پايدىلىنىپ خادىك ھارۋىلاردىن ترانسپورت ئەترەتلىرى قۇرۇلغان بولۇپ، بىر قىسىم ئۇيغۇر، قازاق چارۋىچىلار رۇسىيە بىلەن ئۈرۈمچى ئوتتۇرىسىدا مال توشۇپ خېلى كۆپ پايدا ئالاتتى. بۇ يەردە ئەينى ۋاقىتتىكى شىنجاڭنىڭ سودىسى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ، بۇ ھەقتە بۇرھان شەھىدى ئەپەندىنىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1986 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى» ناملىق كىتابىدا مۇنداق بايانلار بار: «چاررۇسىيە ھۆكۈمىتى 1890 ـ يىللاردىن باشلاپ بىر قاتار تەڭ ھوقۇقسىز شەرتنامىلەردىن پايدىلىنىپ، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدا باج تاپشۇرمايلا ئۆز ئىختىيارىچە سودا قىلىش، ئىلى، چۆچەك، قەشقەر، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردا كونسۇلخانا ۋە سودا چەمبىرىكى قۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇۋالغانىدى. چەمبىرەك ئىچىدىكى ھەممە ئىشنى چاررۇسىيىنىڭ كونسۇلخانىلىرى باشقۇراتتى، جۇڭگو ھۆكۈمىتى باشقۇرالمايتتى. شۇ زامانلاردا ئۈرۈمچى سودا چەمبىرىكى ئىچىگە چوڭراق فىرمىدىن سەككىزى جايلاشقانىدى، ئۇلاردىن ئەڭ چوڭى تاتار خۇسەيىن، خەسەن ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەننىڭ جىشياڭيۇڭ فىرمىسى، ئۇنىڭدىن قالسا تاتار ئاكا ـ ئۇكا ئىسھاقلار ئاچقان تيەنشىڭ فىرمىسى قاتارلىقلار ئىدى. 1907 ـ يىللار ئۆپچۆرىسىدە ئۈرۈمچىدىكى چاررۇسىيە تەۋەلىكىدىكى سودىگەرلەر 30 ئائىلە، 800 ئادەمدىن ئوشۇق بولۇپ، ئۇلارنىڭ يىل ئاخىرىدىكى زاپاس مېلىنىڭ قىممىتى 300 مىڭ رۇبلىغا يېتەتتى. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ شىنجاڭ چاررۇسىيە بىلەن ئەنگلىيىنىڭ تاۋار ۋە خام ئەشيا بازىرىغا ئايلىنىپ قالغان بولۇپ، پەقەت تيەنشىڭ شىركىتىلا ھەر يىلى رۇسىيىدىن 2000 تاي (1 مىليون 200

مىڭ مېتىرغا يېقىن) ھەر خىل گەزمال ئېلىپ كىرەتتى. شىنجاڭدىن توشۇپ كەتكەن يەرلىك مەھسۇلاتلىرىدىن پاختىنىڭ ئۆزىلا 90 نەچچە مىڭ كىلودىن ئاشاتتى. مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا چاررۇسىيە تەۋەلىكىدىكى سودىگەرلەرنىڭ ئۇرۇمچىدىن توشۇپ كېتىدىغان قوي يۇڭى 500 نەچچە مىڭ رۇبلى، ئۆچەي 5600 رۇبلىدىن ئارتۇق قىممەتتە ئىدى. 1931 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ چاررۇسىيە بىلەن قىلغان ئومۇمىي سودا سوممىسى ئېكسپورت قىلىدىغىنى 9 مىليون 800 مىڭ رۇبلىغا، ئىمپورت قىلىدىغىنى 8 مىليون 400 مىڭ رۇبلىغا يەتكەن. شىنجاڭنىڭ ماتا چەكمەن توقۇمىچىلىقى گەزلىمىلەرنىڭ كۆپلەپ ئىمپورت قىلىنىشى بىلەن ۋەيران بولۇش ھالىتىگە چۈشۈپ قالغان. بۇ فىرمىلارنىڭ ئىمپورت قىلىدىغان مېلى گەزلىمە، تۆمۈر، تاختا چاي، پەمىل چاي، شېكەر، يىپ، كىرسىن، تاماكا، سەرەڭگە ۋە باشقا كۈندىلىك لازىمەتلىكلەرنى ئاساس قىلاتتى. ئېكسپورت قىلىدىغان مېلى چارۋا، قوي يۇڭى، قوي تېرىسى، ئۆچەي، پاختا، قۇرۇق مېۋە قاتارلىقلارنى ئاساس قىلاتتى. ئۇلار سودا قىلىشتا، ئىشلەپ چىقارغۇچىلارغا مەبلەغ كېرەك بولغاندا، زاكالەت بېرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئىمپورت قىلىنغان مال ۋە ئاز بىر قىسىم نەق پۇلنى ئىشلەپ چىقارغۇچىلارغا بېرىپ، يەرلىك مەھسۇلاتنى دېگەن قەرەلدە تاپشۇرۇش توختىمى تۈزەتتى، قەرەلى توشۇپ مالنى تاپشۇرالمىسا، نەچچە ئون پىرسەنت قوشۇپ ئالاتتى، ھەتتا نەچچە ھەسسە جەرىمانە قوياتتى. شۇ يىللىرى شىنجاڭدىكى دېھقانلار، چارۋىچىلار فېئوداللىق ئېكسپىلاتاتسىيە دەھشەتلىك بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى قالاق بولغاچقا، ئاددىي تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنى ئارانلا قامداپ، ھەر يىلى ئىشلەپچىقىرىشنى ھەتتا تۇرمۇشنىمۇ مەبلەغ ئۆتنە ئېلىش بىلەن قامدايتتى. يەرلىك جازانىخورلار بولسا ئۇلارغا تىنىم بەرمەيتتى، شۇڭا ئۇلار سودا فىرمىلىرى

بىلەن توختام تۈزۈپ زاكالەت ئېلىپ تۇراتتى. چوڭ پومېشچىك، چارۋىدارلارمۇ تۇرمۇش سەرپىياتلىرىنىڭ كۆپلۈكى، چەت ئەل ماللىرىغا بولغان ئېھتىياج تۈپەيلىدىن، كۆپىنچە سودا فېرمىلىرىنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ قالاتتى. شۇنداق قىلىپ، دەللالارنىڭ شېرىنكانىسىدىن باشقا، سودا فېرمىلىرىمۇ بىر ھەسسىگە يېقىن پايدا ئالاتتى، ئۇلارنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلار بىلەن چەت ئەل مېلىنىڭ باھا پەرقى جەھەتتىن ئالىدىغان پايدىسى تېخىمۇ زور بولاتتى. ئۇلار ئېكسپورت سودىسىدا باج تۆلىمىگەچكە، شىمالىي شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي جان تومۇرىنى ئىگىلەپ كېتەيلا دەپ قالغانىدى. يەرلىك سودىگەرلەر قاتمۇ قات باج ئۆتكەللىرىدىن ئۆتەلمىگەچكە، رۇسىيە سودىگەرلىرى بىلەن رىقابەتلىشەلمەيتتى. شۇ يىللىرى شىنجاڭنىڭ يىلىغا 150 مىڭ تۆگىلىك يەرلىك مەھسۇلاتى ئۈرۈمچى ئارقىلىق رۇسىيىگە توشۇلۇپ تۇراتتى. بىر تۆگىگە ئارتىلغىنى ئون پۇت (بىر پۇت 16.38 كىلوگرامغا تەڭ) دەپ ھېسابلىغاندا، 24 مىڭ توننا بولىدۇ. ئۈرۈمچىگە كەلتۈرۈلىدىغان چەت ئەل مېلىنىڭ مىقدارىمۇ ئۇنىڭدىن قېلىشمايتتى. ھەر يىلى ئەتىياز ۋە كۈزدە مال يۈكلەنگەن تۆگىلەرنىڭ كولدۇرمىسى ئۈرۈمچى - چۆچەك شەمەي يولىنى چاڭ كەلتۈرەتتى. شىنجاڭنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلىرى ئۇ يەردىن نىژنى نوۋگرودقا ئەۋەتىلەتتى. شۇ يىللىرى ياۋروپا، ئاسىيا سودىگەرلىرى يىغىلىپ كېتىدىغان نىژنى نوۋگرود شەھىرىدىكى ۋاقىتلىق يەرمەنكىدە شىنجاڭنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلىرى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىدىغان تاۋارلارنىڭ بىرى ھېسابلىناتتى. شۇنداق قىلىپ رۇسىيە سودىگەرلىرى شىنجاڭدىكى ئەمگەكچى خەلقنىڭ قان - تەرىنى شوراپ ھېسابسىز بايلىققا ئېرىشەتتى» . دېمەك، موسۇل مۇھىتى دەسلەپتە يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن رۇسىيىلىك تاتار ئاكا - ئۇكا ئىسھاقبايلار ئۈرۈمچىدە قۇرغان تيەنشىڭ سودا فېرمىسىنىڭ

تۇرپاندىكى ۋاكالەتچىسى بولغان. بۇ شىركەت تۇرپاننى ئاساسىي
بازا قىلىپ تۇرۇپ، رۇسىيە ماللىرىنى توشۇپ، بۇ يەردىن
سېتىۋالغان تېرە، پاختا قاتارلىقلار بىلەن رۇسىيىدىكى پاختا،
كۆن ـ خۇرۇم زاۋۇتلىرىنى تەمىنلەپ تۇرغان. موسۇل مۇھىتى
بۇ شىركەتكە يادەملىشىپ رۇسىيە ماللىرىنى سېتىشىپ بەرگەن
ۋە تۇرپان، پىچان، توقسۇنلاردا پاختا سېتىۋېلىش ئىشلىرىغا
مەسئۇل بولۇپ، پاختا تىجارىتى جەھەتتە خېلى ئېچىلىپ قالغان.
شۇنىڭ بىلەن موسۇل مۇھىتى رۇسىيىدىن كەلگەن سودىگەرلەر
قاقتى ـ سوقتى قىلىپ ئېلىۋاتقان پايدىنى قاچۇرۇپ قويماسلىق،
پىششىقلاپ ئىشلەشنى ئۆزى قىلىش ئارقىلىق سېتىۋېلىش
باھاسىنى ئۆستۈرۈپ، دېھقانلارغا ئازراق بولسىمۇ مەنپەئەت
يەتكۈزۈش مەقسىتىدە ئۆز ئالدىغا پاختا زاۋۇتى قۇرۇشنى نىيەت
قىلغان. ئۇ بۇ قارارغا كېلىشتە ئۆزىنىڭ سۇ تۈگمىنىدىن ئىلھام
ئېلىپ، ئۆزلىرىگە تارىختىن بۇيان ھاياتلىق مەنبەسى بولۇپ
كەلگەن مۇرتۇق جىرالىرىنىڭ سۈيىدىن پايدىلىنىش، سۇ بىلەن
ھەرىكەتلىنىدىغان پاختا زاۋۇتىنى يۇرۇشتۇرۇش قارارىغا
كەلگەن. نۇرغۇن تەييارلىق كۆرۈش، ئەمەلىي شەرت ـ
شارائىتنى ئويلىشىش ئارقىلىق موسۇل مۇھىتى ئاخىرى
رۇسىيىدىن زاۋۇت ئۈسكۈنىلىرىنى تۆگە كارۋانلىرىغا بېسىپ
ئېلىپ كېلىپ، ئاستانىنىڭ شىمالىي تەرىپىگە جايلاشقان،
ئاستانىگە بۆلۈنۈپ ئېقىپ كېلىدىغان سۇنىڭ بېشىدىكى يۇقىرى
مەھەللىدە سۇ بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان كىچىك تىپتىكى پاختا
پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى قۇرغان. بۇ زاۋۇت ئېقىنىنىڭ
ئۈستىگە قۇرۇلغان بولۇپ، يوغان چاقپەلەك ئارقىلىق چىگىت
ئايرىش، پاختا چىگداش ماشىنىلىرى ھەرىكەتلەندۈرۈلگەن،
چىشلىق چاقلار توختىماي ئايلىنىپ، ئۆز ئارا كىرىشىش
ئارقىلىق پاختا بىلەن چىگىتنى ئايرىپ پىششىقلاش ئېلىپ
بېرىلغان. موسۇل مۇھىتى ئۆزىنىڭ كارىزلىرىدىن چىققان ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

باشقا ناھىيە، بازارلادىن سېتىۋالغان پاختىلارنى مۇشۇ زاۋۇتتا ئۆزى پىششىقلاپ، رۇسىيە سودىگەرلىرىگە ساتقان. كېيىنچە بۇ زاۋۇتنىڭ ئىشلىرى يۈرۈشۈپ، زاۋۇت كىچىك كېلىپ قالغانلىقتىن، زاۋۇتنى سىڭگىم ئېغىزىنىڭ جەنۇبىدىكى ئېقىننىڭ باش تەرىپىگە، سۇ ئىككىگە بۆلۈنمىگەن ئۇلۇغ جايغا يۆتكىگەن ۋە رۇسىيىدىن ئۇسكۇنە، تېخنىك خادىم ئېلىپ كېلىپ، زاۋۇتنى چوڭايتقان. بۇ زاۋۇت خېلى چوڭ كۆلەمدىكى، مۇكەممەل پاختا پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى بولۇپ، كېيىنكى مەزگىلدە يەرلىك كىشىلەر پاختا پىششىقلاپ ئىشلەش تېخنىكىسىنى ياخشى ئۆگىنىپ، داڭلىق ئۇستىلاردىن بولۇپ قالغان ۋە كۇچا ناھىيىسىدە پاختا پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى قۇرۇلغاندا شۇ يەرگە بېرىپ، تېخنىك يېتەكچىسى بولۇپ، كۇچانىڭ قول سانائەت ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغىمۇ تۆھپە قوشقان. مىللىي سانائەت پەقەت قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىلا ئاساس قىلغان، زاۋۇت، كارخانىلاردىن ئېغىز ئېچىش ئەسلا مۇمكىن بولمىغان ئاشۇ يىللاردا موسۇلباي قۇرغان بۇ زاۋۇت ئاتۇشتىكى مۇساباييېفلار قۇرغان كۆن ـ خۇرۇم كارخانىسىدىن كېيىنلا ئۇيغۇر تۇپرىقىدا قۇرۇلغان تۇنجى كارخانا بولۇپ، ئۇيغۇر قول ـ ھۈنەرۋەنچىلىكى ۋە سودىسىنىڭ سانائەتلىشىشىنىڭ تۇنجى نامايەندىسى ئىدى. موسۇل مۇھىتى ئەينى يىللاردا شەرقىي شىنجاڭ زېمىنىدا، ئىدىقۇت ۋادىسىدا زاۋۇت ماتورىنىڭ ئاۋازىنى تۇنجى بولۇپ ياڭرىتىپ، كىشىلەرنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرغان، كۆزىنى ئاچقان، غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغاتقان بولسا، تەرەققىي قىلغان ئەللەردىن زاۋۇت بىلەن بىللە ئىلغار پەن ـ تېخنىكىنى، ھەر خىل يېڭىلىقلارنى بىللە ئېلىپ كىرىپ، ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىنىڭ ئۆزگىرىشىگە تەسىر كۆرسەتكەن.

موسۇل مۇھىتى شۇنىڭدىن كېيىن سودا ئېھتىياجى بىلەن سىڭگىم، چاتقال، ياڭخى، لۈكچۈن، مۇرتۇق قاتارلىق جايلاردا

كۆپلىگەن كارىزلارنى سېتىۋېلىپ، بۇ جايلارغا كېۋەز تېرىغان. «ئەينى يىللاردا رۇسىيىنىڭ شەمەي شەھىرىدە يىلدا بىر قېتىم خەلقئارالىق سودا يەرمەنكىسى ئۆتكۈزۈلىدىغان بولۇپ، ھەر يىلى موسۇلباي ئىنىسى مەخسۇت مۇھىتى بىلەن بىرگە تۇرپاننىڭ پاختىسىنى سودا يەرمەنكىسىگە ئۇلگۇرتۇپ ئاپارغان. بۇ چاغدا قاتناش ناھايىتى قىيىن بولغاچقا، موسۇلباي بۇنىڭغا چارە ئىزدەپ، ئاتۇشقا ئادەم ئەۋەتىپ، تۆگە كارۋىنى بار كىراكەشلەردىن ئون نەچچە كىشىنى تۇرپانغا تەكلىپ قىلىپ ئېلىپ كەلگەن. مۇھەممەت ئەيسا تۆگىچى، خۇدىيار باي، كىچىك ئاخۇن، موللا قۇتلۇق باي، مىرزاپ كارۋان قاتارلىقلارنىڭ ھەر بىرى 40 — 50 تۆگىلىك كارۋىنىنى ئېلىپ تۇرپانغا كېلىپ، تۇرپان سودىگەرلىرى تەييار قىلغان ماللارنى شەمەيدىكى يەرمەنكىگە ئۇلگۇرتۇپ ئېلىپ بارغان، بىر قېتىمدا تۇرپاندىن 200 مىڭ جىڭ مال يۆتكەلگەن. بۇ خىل ئالاھىدە مەھسۇلاتلارغا كۆزى چۈشكەن تاشكەنتلىك مەۋلانباي ھاجىم (ئۆزبېك)، رېخىم باي (قازاق)، پولات باي (ئۆزبېك) قاتارلىق سودىگەرلەر موسۇلباينىڭ كارۋانلىرى بىلەن قوشۇلۇپ تۇرپانغا كېلىپ، سودىگەرچىلىك قىلىپ تۇرۇپ قالغان»[①]. موسۇلباي تىجارىتى روناق تاپقاندىن كېيىن، تۇرپاننىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى سودا، تىجارەت، مەدەنىيەت ئىشلىرى مەركەزلەشكەن يېڭىشەھەر بازىرىدىكى مەشھۇر قازىخانا مەسچىتىنىڭ كەينىدىن قورۇ ـ جاي سېتىۋالغان ۋە بۇ يەردە ئىدىقۇت سودا شىركىتىنى قۇرۇپ، تىجارەت ئىشىنى ئۇلچەملەشتۇرگەن. بۇ يەردە شۇنى ئىزاھلاپ قويۇش زۆرۈركى، تۇرپان خەلقى خاراكتېرىدىن ئېيتقاندا، ئەمگەكچان، ئاق كۆڭۈل، ساددا، تۈز، ھىيلە ـ مىكىر، رەڭۋازلىقنى ئانچە بىلىپ كەتمەيدىغان خەلق بولۇپ، تارىختىن

---

① ھاجى ياقۇپ ئۆمەرى «تۇرپاننىڭ يېقىنقى زامان ئىچكى ـ تاشقى سودىسى توغرىسىدا» «تۇرپان تارىخ ماتېرىياللىرى»، 5 ـ سان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۇيان، بۇ يەردىن سودا ـ تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار ئانچە كۆپ چىقمىغان. تۇرپان خەلقى پەقەت يەرگە ۋە ئەنئەنىۋى ئۇششاق قول ھۈنەرۋەنچىلىككە تايىنىپ، مۆجىزىلىك كارىزلارنى بازا قىلىپ ھاياتلىقىنى داۋاملاشتۇرغان. ئەينى يىللاردا تۇرپاندا سودىسىنى چەت ئەللەرگىچە كېڭەيتكەن كىشىلەر ساناقلىقلا بولۇپ، ئۇلاردىن تەسىرى چوڭراقلىرى ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ چوڭ دادىسى مىجىت ھاجى، موسۇل باي ۋە مەخسۇتباي، كېيىن موسۇل باي بىلەن بىرلىشىپ لەنجۇ، تيەنجىنلەردە ئىدىقۇت سودا شىركىتىنىڭ تارمىقىنى قۇرغان ۋاجىدى جەمەتى[1] دىن ھېسامىدىن زۇپەرى، توختىھاجى، لۇكچۇنلۇك تاھىربەگ قاتارلىقلار ئىدى. بۇ يىللاردا تۇرپان دىيارىدا بېيىپ پۇل تاپقانلار، سودىگەرلەر بىرى كارىز سېتىۋالغان، يەنە بىرى باغ، بۇيلۇقتىن تەك (ئۈزۈم تېلى) يېرى ئالغان، ئۈچىنچىسى يېڭى شەھەر بازىرىدىن مىراس جاي ياكى تىجارەت دۇكىنى سېتىۋالغان. بۇنىڭدىكى سەۋەب،

[1] ۋاجىدى جەمەتى تۇرپاندىكى تەسىرى زور، مەشھۇر ئائىلە بولۇپ، بۇ ئائىلىدىكى ھەمدۇللا ۋاجىدى، ئىمىن ھاجى ۋاجىدى، ھەۋىدۇللا ۋاجىدى ۋە ھەمدۇللا ۋاجىدىنىڭ ئوغلى ئابدۇۋاھىد ۋاجىدى قاتارلىق تۆتەيلەن شىڭ شىسەينىڭ زىيانكەشلىكى بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن. بۇلارنىڭ ئىنىسى ئەخمەت ۋاجىدى 1906 ـ يىلى ئاستانە يېزىسىدا تۇغۇلغان، 1918 ـ يىلىدىن 1924 ـ يىلىغىچە «مەخسۇدىيە مەكتىپى» دە ئوقۇغان. 1931 ـ يىلىدىن 1934 ـ يىلىغىچە ئاستانىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. ئاكىلىرى شىڭ شىسەي تەرىپىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغاندىن كېيىن، شىڭ شىسەينىڭ تۇتقۇنىدىن قېچىپ، گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ لەنجۇ شەھىرىگە بېرىۋالغان ۋە بۇ يەردە سودا دۇكىنى ئېچىپ تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان. سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن بىر تاتار ئادەمنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن 3 ـ ئىنتېرناتسىئونالغا قاتنىشىپ، يەر ئاستى ئىنقىلابىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان. 1935 ـ يىلىدىن باشلاپ «تىبرە سودىگىرى» نامى بىلەن 3 ـ ئىنتېرناتسىئونالنىڭ جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ غەربىي يۈنىلىش قىسىملىرىغا ياردەم قىلغان ماددىي ئەشيالىرىنى شىنجاڭ ئارقىلىق لەنجۇغا توشۇپ بېرىشقا مەسئۇل بولغان. 1941 ـ يىلى ئەتىيازدا «جۇڭگو تۇڭخى» ئاۋىئاتسىيە قاتناش شىركىتىنىڭ دىرېكتورى بولغان ۋە ئىزچىل تۈردە ئازادلىق ئارمىيىگە ھەربىي ماددىي ئەشيالارنى يەتكۈزۈپ بېرىش ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. لەنجۇدا يەنە «لەنجۇ ـ شىنجاڭ ئىدىقۇت شىركىتى» نى قۇرۇپ، شىركەتنىڭ باش مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان. 1939 ـ يىلى شىڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، 1946 ـ يىلى تۈرمىدىن قۇتۇلۇپ چىققان. 1949 ـ يىلى 9 ـ ئايدا جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 1 ـ دالا ئارمىيىسى شىنجاڭغا يۈرۈش قىلغاندا ئەخمەت ۋاجىدى «يول باشلىغۇچى ئۆمەك» نىڭ باشلىقى بولۇپ، ئازادلىق ئارمىيىنى شىنجاڭغا باشلاپ چىققان. كېيىن جۇڭگو ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ھەيئىتى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەپ، 1999 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئۈرۈمچىدە 93 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

تۇرپاننىڭ كارىزلىرى كولىنىپ بولغاندىن كېيىن مەبلەغ سالمىسىمۇ ئۆزلۈكىدىن سۇ ئېقىپ چىقىدىغان، سۈيى قىشمۇ ياز ئۆزۈلمەيدىغان، ئابىھايات چەشمىسى بىلەن چەكسىز بوستانلىقلارنى ئېمىتىدىغان خىسلەتلىك ئەڭگۈشتەر، ھاياتلىق مەنبەسى بولۇپ، كارىزغا ئىگە بولغان ئادەم كارىزنىڭ سۈيىنى سېتىپ، باشقىلارغا ئىجارىگە بېرىپمۇ پايدا ئالالايتتى. بۇنى ئوبدان چۈشەنگەن پۇلدارلار ئەڭ ئالدى بىلەن كارىز قېزىشقا، سۈيى ئۇلۇغ، چوڭ كارىزلارنى سېتىۋېلىشقا ئەھمىيەت بەرگەن. باغىر، بۈيلۈقنىڭ تەكلىرىنىڭ تارىخى ئۇزۇن، ياخشى تەبىئىي مۇھىتقا جايلاشقان، مەھسۇلاتى يۇقىرى بولۇپ، يىلدا بىر قېتىم ئېچىپ - كۆمۈپ قويىسلا، يىل بويى ئىشلىمىسىمۇ مەھسۇلات بېرىۋېرىدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىدى. شۇڭا، بۇ تەكزارلىقلار خۇددى سېغىن كالىغا ئوخشاش يەر ئىگىلىرىنىڭ ئالتۇن تاۋىقى بولۇپ قالغان. تۇرپان يېڭىشەھەر بولسا 1870- يىلى بەدۆلەت ياقۇپبەگ تەرىپىدىن بىنا قىلىنغان مۇسۇلمانلار شەھىرى بولۇپ، ياقۇپبەگنىڭ تەسىرى، دەۋتى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭدىن كۆپلىگەن ھۈنەرۋەن - كاسىپلار، ئالىم - ئۆلىمالار بۇ شەھەرگە كۆچۈپ كەلگەن. بارا- بارا بۇ شەھەر تۇرپاننىڭ سودا، مەدەنىيەت مەركىزىگە ئايلانغان. موسۇلباي دەل تۇرپان مۈلۈكدارلىرىنىڭ يىراقنى كۆرىدىغان ئەنئەنىسى بويىچە ئۆز ئىگىدارچىلىقىدىكى كارىزلارنى كۆپەيتكەن ۋە يېڭى شەھەر بازىرىنىڭ مەركىزىدىن، مەشھۇر قازىخانا مەسچىتىنىڭ كەينىدىكى كوچىدىن جاي سېتىۋېلىپ، ھەيۋەتلىك قورۇ - جاي سالدۇرغان، شىركەت قۇرۇپ دۇكان ئاچقان. موسۇلباينىڭ بۇ ھويلىسى كېيىن يەرلىك ماللار شىركىتىگە ئۆزگەرتىلگەن. 1945 - يىللىرى تېلېگراف شىركىتى بۇ ھويلىغا قۇرۇلۇپ، يەرلىك ماللار شىركىتى سامۇقجان باينىڭ قورۇسىغا يۆتكەلگەن. موسۇلباينىڭ كۆركەم، چوڭ ھويلىسى جايلاشقان، قوي ئۇچىيىدەك ئۇزۇن ۋە قەدىمكى

تۇسكە ئىگە، ئۇيغۇر ئاھالىلىرى، ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلىرى زىچ ئولتۇراقلاشقان بۇ كوچا موسۇلبايىنىڭ نامى بىلەن «موسۇلبايىنىڭ كوچىسى» دەپ ئاتالغان (ھازىرمۇ شۇنداق ئاتىلىپ كەلمەكتە) . بۇ قورۇغا كىمىرگە ئوخشاش كېسەكتىن ئەگمە قىلىنغان چوڭ دەرۋازا ياسالغان بولۇپ، كەڭرى ھويلىنىڭ غەرب تەرىپىگە شەرققە قارىتىپ ئىككى قەۋەتلىك قاتار ئۆيلەر سېلىنغان. ئىككىنچى قەۋەتتىگە چىرايلىق پېشايۋان ياسىلىپ، تۆت تۈۋرۈك قويۇلغان. ئىشىك ـ دېرىزىلەرنىڭ ئۈستى ياغاچ ۋە خىش بىلەن يېرىم ئاي شەكلىدە زىننەتلەنگەن. دالانغا چىقىدىغان چىرايلىق ياغاچ پەلەمپەي ياسالغان بولۇپ، تورۇسلار ۋاسا جۈپ شەكلىدە پۈتۈنلەي تۈپتۈز شال بىلەن يېپىلغان، ئۆيلەرگە ئەينى ۋاقىتتىكى رۇسىيىدىن كىرگۈزۈلگەن ئېگىز تام مەشلەر ئورنىتىلغان. بۇ ھويلا ھازىرمۇ خېلى مۇكەممەل ھالەتتە ساقلانماقتا.

تۇرپان خەلقى ئەينى يىللاردا، تۇنجى قېتىم موسۇلبايىنىڭ ۋاستىسى بىلەن رۇسىيە ماللىرى بىلەن تونۇشقان. موسۇلباي پاختىنى ئاساس قىلىپ، ئۈزۈم، يۇڭ ـ تېرە، يىپەك، تۆۋەت، ئات يايلىسى قاتارلىق يەرلىك مەھسۇلاتلارنى رۇسىيىگە ئېلىپ چىقىپ، ئۇ يەردىن چىنە ـ قاچا، ساماۋەر، كەمپۇت، سەرەڭگە، شاكىلات، ھەر خىل رەختلەرنى ئەكىلىپ سېتىپ، خەلقنى كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى بىلەن تەمىنلىگەن. جەنۇبنىڭ سودىگەرلىرى بولسا يېڭىشەھەر بازىرىدا قەشقەر ساراي، خوتەن ساراي، ئاق ساراي قاتارلىق مېھمانساراي، دەڭلەرنى قۇرۇپ، تۆگە كارۋانلىرىنى ماڭدۇرۇپ، تۇرپانغا ماتا، چەكمەن، سەگەز، قول ھۈنەر بۇيۇملىرى، قۇرۇق مېۋە ـ چېۋىلەرنى ئەكىلىپ ساتقان. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاقسۇدىن كەلگەن غوپۇر قارىي ئاچقان، ئاق گەج بىلەن سىرلانغانلىقى ئۈچۈن «ئاق ساراي» دەپ ئاتالغان (ھازىرقى تاشقى سودا شىركىتىنىڭ ئورنى) ساراي بىر قەدەر داڭلىق بولۇپ، بۇ يەردە ئەينى يىللاردا نۇرغۇن پائالىيەتلەر،

يىغىلىشلار ئۆتكۈزۈلگەن. ئەنئەنىۋى قول ھۈنەرۋەنچىلىك، دېھقانچىلىق، سانائەتلەشكەن كارخانا، چېگرا ئىچى - سىرتى سودىسى قاتارلىق بىر قانچە خىل تىجارەت تۈرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ھالاللاپ بېيىغان موسۇل مۇھىتى 1920 - ، 1930 - يىللاردا ئاتۇشتىكى مۇساباي، قەشقەرلىك ئاخۇنباي، ئوبۇلھەسەن ھاجى، ۋېلىباي، قۇمۇلدىكى ھەسەن بالاھاجىلار قاتارىدا شىنجاڭدىكى مەشھۇر بايلاردىن بولۇپ قالغان.

موسۇلباي رۇسىيىدىكى شەھەرلەرگە بىر نەچچە قېتىم بېرىپ - كېلىش جەريانىدا، كىچىكىدىن باشلاپ ئۆتكۈر، زېرەك، تەدبىرلىك، يېڭىلىققا قىزىقىشى كۈچلۈك بولغان ئىنىسى مەخسۇت مۇھىتىنىمۇ بىللە ئېلىۋېلىپ، ئۇنى تىجارەت ئىشلىرىدىن خەۋەردار قىلغان. موسۇل مۇھىتى ئېغىر - بېسىق، مۇلايىم، كەم سۆز، ئاق كۆڭۈل، ئىمانى كامىل، بوي - تۇرق جەھەتتىن يوغان يۇلپى، زور گەۋدىلىك كىشى بولۇپ، سودىدا ئىنچىل ئادىل بولۇپ، خەلققە مەنپەئەت يەتكۈزۈش تەرىپىدە تۇرغان. ھەر قانداق ئىشتا ئېھتىياتچان بولۇپ، ھارام بايلىققا، خەقنىڭ ھەققىگە يېقىن يولىمىغان. 1921 - يىلى مەخسۇت مۇھىتى ئىككىنچى قېتىم تەشكىل قىلغان «مەخسۇدىيە مەكتىپى» ئوقۇتقۇچى كەمچىل بولۇش سەۋەبىدىن تاقىلىپ قېلىش گىردابىغا بېرىپ قالغاندا، موسۇل مۇھىتى ئۈرۈمچىگە چىقىپ بۇيەردە تۇرۇۋاتقان مەخسۇدىيە مەكتىپىنىڭ بىرىنچى قارارلىق ئوقۇغۇچىسى، ئاستانىلىك ئابباس نەجىبىنى تەكلىپ قىلىپ ئەكىلىپ، بىر سىنىپلىق مەكتەپ ئاچقان. 1931 - يىلى ئىنىلىرى مەخسۇت مۇھىتى بىلەن مەھمۇت مۇھىتى قۇمۇلدا قوزغالغان خوجىنىياز ھاجىغا ئاۋاز قوشۇپ، ئاستانىدە قوزغىلاڭ كۆتۈرگەندە ئۇمۇ ئىنىلىرىغا ئاكتىپ ئاۋاز قوشقان، ئىنىسى مەخسۇت مۇھىتىغا ۋە ئۆزىگە تەۋە بىر قىسىم كارىزلارنى سېتىپ، شۇنىڭ پۇلىغا قوزغىلاڭنىڭ قورال - ياراغ مەسىلىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

ۋە باشقا خىراجەتلىرىنى ھەل قىلغان. موسۇل مۇھىتى قوزغىلاڭچىلار ئارىسىدىكى كۆپنى كۆرگەن، مويسىپىت، تەقۋادار، دانىشمەن كىشى بولۇش سۈپىتى بىلەن تۇرپاندىكى داڭلىق جامە بولغان قازىخانا مەسچىتىدە ئاممىنى يىغىپ: «شىڭ شىسەي نەچچە كونكىدا جادۇ ئەكىلىپ بىزنى توغرىماقچى بولۇۋاتىدۇ، قويمۇ بويىنىغا پىچاق سۈركەلگەندە جان تالىشىدۇ. ھەممىمىز ئىتتىپاقلىشىپ، ئىنقىلاب قىلساقلا دۈشمەننىڭ ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، جېنىمىزنى ساقلاپ قالالايمىز» دەپ نۇتۇق سۆزلەپ كۆپچىلىكنى پىدائىي بولۇشقا سەپەرۋەر قىلغان. مەخسۇت مۇھىتى لۈكچۈندىكى جەڭدە قازا قىلىپ، مەھمۇت مۇھىتى خوجىنىياز ھاجى بىلەن جەنۇبقا ماڭغاندا ئۇمۇ ئىگىلىكىنى تاشلاپ قويۇپ، قىلچە ئىككىلەنمەي قوزغىلاڭچىلار بىلەن بىرگە ئاتلانغان. قوزغىلاڭ جەريانىدا ئۇ ئاساسەن دېگۈدەك ئۆزىنى كۆرسەتمەي، خوجىنىياز ھاجى، جۈملىدىن مەھمۇت مۇھىتىنىڭ ئارقا سەپ، ئائىلە ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان ۋە نۇرغۇن ئىشلاردا قوزغىلاڭچىلارغا ياخشى ياردەم، مەسلىھەت بەرگەن.

1933 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئاستانىدە قوزغالغان مەخسۇت مۇھىتى، مەھمۇت مۇھىتىلار پىدائىيلار بىلەن بىرگە، تۇرپان يېڭىشەھەرنى ئىگىلەپ، كونا شەھەرگە ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلىنىدۇ. دەل شۇ پەيتتە سودا ئىشى بىلەن ئۈرۈمچىگە چىقىپ كەتكەن موسۇل مۇھىتى قوزغىلاڭچىلارنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىنتايىن مۇھىم بىر ئاخباراتنى ئېلىپ تۇرپانغا قايتىپ كېلىدۇ. ئەسلىدە جىڭ شۇرىن 800 ئەسكەرنى تۇرپان خەلق قوزغىلىڭىنى باستۇرۇشقا ئەۋەتكەن بولۇپ، موسۇلباي بۇ خەۋەرنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئادەم ماڭمايدىغان چىغىر يوللار بىلەن كېچىلەپ مېڭىپ كەلگەنىدى. ئەگەر ئەمدىلا قوزغالغان، قورال ۋە ئادەم كۈچى جەھەتتىن ئاجىز بولغان

قوزغىلاڭچىلار بۇنداق كۈچلۈك دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىسا مەغلۇپ بولۇش خەۋپىگە دۇچ كېلەتتى. بۇ ئىشتىن بالدۇر خەۋەر تاپقان قوزغىلاڭچىلار تەييارلىقنى پۇختا قىلىپ، ئاممىنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ، ئۈرۈمچىدىن ياردەمگە كەلگەن 800 ئەسكەرنى مەغلۇپ قىلىپ، قوزغىلاڭنىڭ دەسلەپكى زور غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردى.

ئامالسىز قالغان جىڭ شۇرىن قۇمۇل قوزغىلاڭچىلىرىنى باستۇرۇشقا ئەۋەتكەن شىڭ شىسەينى دەرھال كەينىگە يېنىپ، تۇرپاننى بېسىقتۇرۇشقا بۇيرۇق قىلىدۇ. كۈچلۈك دۈشمەننىڭ ئالدىدا ئامالسىز قالغان تۇپان قوزغىلاڭچىلىرى ئىككىگە بۆلۈنۈپ، مەخسۇت مۇھىتى باشچىلىقىدىكى بىر بۆلەك قۇمۇلغا بېرىپ، خوجىنىياز ھاجىنى تۇرپانغا تەكلىپ قىلىش، مەھمۇت مۇھىتى، موسۇل مۇھىتى، ما شىمىڭ باشچىلىقىدىكى بىر بۆلەك قارا شەھەرگە چېكىنىپ شۇ جايدا ۋاقىتلىق پاناھلىنىپ تۇرۇشنى قارار قىلىدۇ. ما شىمىڭ قارا شەھەرگە كەلگەندىن كېيىن مەھمۇت مۇھىتىنى يەكلەپ ئۇنى چەت بولغان خوتۇنسۇمبۇلدا تۇرغۇزۇپ قويىدۇ. مەھمۇت مۇھىتىغا مەسلىھەت سالماي موسۇل مۇھىتى باشچىلىقىدىكى بىر ئۆمەك تەشكىللەپ، گەنسۇدىكى ما جۇڭيىڭنى شىنجاڭغا چىقىپ ئىككىنچى قېتىم ياردەم بېرىشكە تەكلىپ قىلىش ئۈچۈن قارا شەھەردىن تەكلىماكان ئارقىلىق گەنسۇغا يولغا سالىدۇ. خوجىنىياز ھاجى تۇرپانغا كەلگەندە مەھمۇت مۇھىتىمۇ قول ئاستىدىكى پىدائىيلىرىنى باشلاپ تۇرپانغا قايتىدۇ. خوجىنىياز ھاجى قوشۇن باشلاپ گۈچۈڭغا كەلگەندە گەنسۇدىن قۇمۇلغا كىرگەن ما جۇڭيىڭ موسۇل مۇھىتىلار بىلەن ئۇچرىشىپ، موسۇل مۇھىتىنى تۇرپاننىڭ شەھەر مۇداپىئە قوماندانى قىلىپ تەيىنلەپ، كەينىگە قايتۇرۇپ ئۆزى قوشۇنلىرىنى باشلاپ خوجىنىياز ھاجىنىڭ يېنىغا قاراپ ماڭىدۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان خوجىنىياز ھاجى ما جۇڭيىڭنىڭ قانداق

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

قاراشتا ئىكەنلىكىنى بىلىپ بىقىش مەقسىتىدە تۇرپانغا ئادەم ئەۋەتىپ، موسۇل مۇھىتىنى مورىغا تەكلىپ قىلىدۇ ۋە مەھمۇت مۇھىتى بىلەن بىرگە مورىنىڭ ئۈستى تەرىپىدىكى تاغ ئىغىزىدىن كىرىپ، ئادەم ئاياغ باسمىغان يەرلەردىن ئۆتۈپ، پىچان كۆكياردىن ئۇدۇل مورىغا بارىدىغان يولغا چۈشۈپ، موسۇل مۇھىتى بىلەن ئۇچرىشىپ، ئەھۋاللىشىدۇ، ئاندىن مورىغا قايتىپ ما جۇڭيىڭ بىلەن كۆرۈشىدۇ. خوجىنىياز ھاجى گەرچە ما جۇڭيىڭ بىلەن بىر پىكىردە بولمىسىمۇ شىڭ شىسەيدەك كۈچلۈك دۈشمەن ئالدىدا ئۇنىڭ بىلەن بىرلىشىشكە مەجبۇر بولىدۇ. جىمسار ئۇرۇشىدا ما جۇڭيىڭ ۋاپاسىزلىق قىلىپ، خوجىنىياز ھاجىلار تەسلىم قىلغان جىمساردىكى چېرىكلەرنىڭ خىل قوراللىرىنى كۆز بويامچىلىق بىلەن ئېلىپ كېتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن خوجىنىياز ھاجى بىلەن ما جۇڭيىڭنىڭ ئىتتىپاقلىقى بۇزۇلۇپ، ئىككى تەرەپ رەسمىي دۈشمەنلىشىشكە قاراپ يۈزلىنىدۇ. خوجىنىياز ھاجى ئايلىنىپ كورلىنىڭ باشئەگىم جىلغىسىغا كېلىپ، ما جۇڭيىڭنى جەنۇبىي شىنجاڭغا ئۆتكۈزمەسلىك ئۈچۈن توسۇپ زەربە بېرىدۇ. بىراق، ما جۇڭيىڭنىڭ ئەسكىرىي كۈچى زور، قوراللىرى خىل بولغاچقا، خوجىنىياز ھاجى جىددىي ياردەمگە موھتاج بولىدۇ ۋە كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياراشتۇرۇشى ئارقىسىدا شىڭ شىسەي بىلەن جىمساردا تۈزۈلگەن ئىتتىپاقلىق كېلىشىمىنىڭ روھىغا ئاساسەن سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلى زىلاتكىنىدىن ھەم شىڭ شىسەيدىن ياردەم سورىماقچى بولىدۇ. بىراق، داۋانچىڭدىن قارا شەھەرگىچە بولغان يوللارنىڭ ھەممىسى ما جۇڭيىڭنىڭ قولىدا بولغاچقا، رۇس كونسۇلى ھەم ئۈرۈمچى بىلەن قانداق ئالاقىلىشىش، قورال - ياراغلارنى قانداق ئېلىپ كېلىش قىيىن مەسىلىگە ئايلىنىدۇ. خوجىنىياز ھاجى قاتارلىق قوزغىلاڭ باشلىقلىرىنىڭ نېمە قىلىشنى بىلەلمەي بېشى قېتىپ تۇرغاندا،

موسۇل باي مەسلىھەت كۆرسىتىپ: «ئۈرۈمچى يولى ئېتىلگەن بولسا قەشقەر يولى ئوچۇق، قەشقەردىمۇ سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ كونسۇلخانىسى بار. بىز شۇ كونسۇل بىلەن سۆزلىشىپ كۆرسەك، بىزگە ئۈچتۇرپان چېگراسى ئارقىلىق قورال - ياراغ يەتكۈزۈپ بەرسە» دېگەن مەسلىھەتنى بېرىدۇ. بۇنداق ئاقىلانە پىكىردىن كۆڭلى يورۇپ كەتكەن قوزغىلاڭ مەسئۇللىرى موسۇل مۇھىتىنىڭ باشچىلىقىدا قاسىم ئەپەندى، پازىل دورغا قاتارلىقلارنى سوۋېت كونسۇلى بىلەن سۆزلىشىش ئۈچۈن قەشقەرگە ئەۋەتىدۇ. دەرھال يولغا چىققان موسۇلبايلار سودىگەر قىياپىتىدە ياسىنىپ قەشقەرگە كېلىدۇ ۋە قەشقەر دوتيىي تۇرپانلىق يۇنۇسبەگ بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۆزلىرىنى سوۋېت كونسۇلى بىلەن كۆرۈشتۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۇلار سەمەندىكى سوۋېت كونسۇلخانىسىغا كىرىپ كونسۇل بىلەن كۆرۈشىدۇ. سوۋېت كونسۇلى موسكۋا بىلەن ئالاقىلىشىپ تۆت كۈندىن كېيىن خوجىنىياز ھاجىغا قورال سېتىپ بېرىش ھەققىدىكى سودا كېلىشىمىنىڭ بىر نۇسخىسىنى ئۇلارغا بېرىدۇ.

موسۇل بايلار شۇ كېچىسىلا ئۆزلىرىنى بىلىپ قېلىپ شەھەر سىرتىدىكى يول ئېغىزلىرىدا ساقلاپ ياتقان چولاق زىنخۇينىڭ ئادەملىرىنى داغدا قالدۇرۇپ، باشقا يول بىلەن باشئەگىمگە قاراپ يولغا چىقىدۇ، خوجىنىياز ھاجى بىلەن موسۇل بايلار كۇچادا جەم بولغاندىن كېيىن سوۋېت تەرەپ بىلەن تۈزۈشكەن سودا كېلىشىمى بويىچە سوۋېت تەرەپ مىڭ تال بەشئاتارنى 100 تالدىن ئوقى بىلەن سېتىپ بېرىش، قوزغىلاڭچىلار بۇنىڭ بەدىلىگە 80 مىڭ تۇياق ياش، ئەركەك قوي بېرىش شەرتى ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىدۇ. بىر تال مىلتىققا 80 ئەركەك قوي تېگىشىشتىن ئىبارەت بۇ ئېغىر شەرتنى قانداق ئورۇنداش، مۇنچىۋالا كۆپ قوينى نەدىن، قانداق تېپىش، تاغ - دەريالاردىن ئۆتكۈزۈپ، ئۈچتۇرپان ئارقىلىق سوۋېت چېگراسىغا قانداق

www.uyghurkitap.com

يەتكۈزۈش قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە تالاش ـ تارتىش بولۇپ، سوۋېت تەرەپنىڭ جازانىخورلۇقىدىن نارازى بولىدۇ. بۇ چاغدا كۇچالىق چوڭ چارۋىدار ۋە باي سادىق ھاجىم ئۆزىنىڭ بويىغا يەتكەن قىزى قەمبەرنىسانى خوجىنىياز ھاجىغا نىكاھلاپ بېرىش، خوجىنىياز ھاجى سادىق ھاجىغا ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ دوتەي ياكى مۇئاۋىن دوتەيلىك مەنسىپىنى بېرىش شەرتى بىلەن پىدائىيلارغا 30 مىڭ تۇياق قوي ياردەم قىلماقچى بولىدۇ. خوجىنىياز ھاجى بۇ ئىشنىڭ تەسىرى ياخشى بولمايدۇ دەپ، دەسلەپتە قوشۇلمايدۇ، كېيىن 80 مىڭ تۇياق قوينىڭ ئامالى بولمىغانلىقتىن ھەمدە موسۇل مۇھىتى قاتارلىقلارنىڭ «كۇچا خېنىمى 30 مىڭ تۇياق قوينى بىرگە ئېلىپ كەلسە بۇنىڭ نېمە يامىنى بار» دېگەن دەۋىتى بىلەن بۇ ئىشقا ماقۇل بولىدۇ. موسۇل باي قوي يىغىش ئىشىغا مەسئۇل بولۇپ، كۇچا، شايار، توقسۇ، باي، ئۈچتۇرپان، كەلپىن، ئاۋات قاتارلىق ناھىيىلەردە قوي ئىئانىسى توپلايدۇ. بۇنىڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن قويغا مىلتىق ئالماشتۇرۇش كېلىشىمى ئوڭۇشلۇق بولۇپ، پىدائىيلارنىڭ ئۇرۇش قىلىش كۈچى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ. موسۇلباي ئىنقىلابچىلارغا ئەگىشىپ ئاستانىدىن شۇ چىقىپ كەتكەنچە، ئىنىسى مەھمۇت شىجاڭ ۋە خوجىنىياز ھاجىلار بىلەن بىرگە قەشقەرگىچە بېرىپ، ئىزچىل تۇردە پىدائىيلارنىڭ ئارقا سەپ، تەمىنات، مەسلىھەتچىلىك ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇپ، بۇ ئىشلارنى ئوڭۇشلۇق يۈرۈشتۈرۈپ، ئىنقىلابنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشقان. 1937 ـ يىلى 4 ـ ئايدا مەھمۇت مۇھىتى قەشقەر قاغىلىقتىن لاداق يولى بىلەن ھىندىستانغا چىقىپ كەتكەندە موسۇل مۇھىتىمۇ ئىنىسى بىلەن بىرگە ماڭغان. ئۇلار شۇنىڭدىن كېيىن يات ئەللەردە سەرسان بولۇپ، ھىندىستان، سەئۇدى ئەرەبىستانلارغا بېرىپ، ياپونىيىدە بىر مەزگىل تۇرغان. موسۇل مۇھىتى 1941 ـ يىلى ياپونىيىنىڭ

توكيو شەھىرىدە 70 نەچچە يېشىدا كېسەل سەۋەبى بىلەن قازا تاپقان. ئۇنىڭ خاتىرە تاش تىكلەنگەن قەبرىسى توكيودىكى مۇسۇلمانلار قەبرىستانلىقىدا ھازىرمۇ بار.

موسۇلباي كەكە ساقال، كىچىك بۇرۇت قويۇۋالىدىغان، بېشىغا يوغان تۇماق كىيىۋالىدىغان، گەۋدىلىك، يوغان يۇلپى، كېلىشكەن كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ قاسىم مۇھىتى (قاسىم باي)، ئابدۇراخمان مۇھىتى، ئابدۇرېھىم مۇھىتى، ئابدۇراززاق مۇھىتى قاتارلىق ئوغۇللىرى، سارىخان مۇھىتى، مەختۇمىخان مۇھىتى قاتارلىق قىزلىرى بولغان.

قىسقىسى، تارىختا «موسۇلباي» دەپ ئاتالغان موسۇل مۇھىتى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مەھكۇملۇقتا ياشاۋاتقان خەلقىمىز ئەقەللىي ئىنسانلىق ھوقۇقىدىنمۇ بەھرىمەن بولالمايۋاتقان، سودا ئىگى تېخى يېتىلمىگەن، تىجارەت يوللىرى پۈتۈنلەي بېكىك ھالەتتە تۇرۇۋاتقان، بولۇپمۇ پۈتۈن شىنجاڭنىڭ تاشقى سودىسىنى باج تاپشۇرمايدىغان، نەپسانىيەتچى رۇسىيە سودىگەرلىرى مونوپول قىلىۋېلىپ، يەرلىك سودىگەرلەرنى ئېغىر باج بىلەن قىيناپ، ئۇلارنىڭ سودا قىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلىۋاتقان شارائىتتا، خۇددى ئاتۇشتىكى ئاكا - ئۇكا مۇساباييېفلارغا ئوخشاش ھەر قانداق قىيىنچىلىق، بېسىملارنى يېڭىپ، تىجارەت دائىرىسىنى چەت ئەللەرگىچە كېڭەيتىپ، خەلقىمىزنى چەت ئەللەرنىڭ ماددىي مەدەنىيىتى بىلەن تونۇشۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان. پۈتۈن شەرقىي شىنجاڭنىڭ سودىسىنى، يۇڭ، تېرە، پاختىسىنى مونوپول قىلىپ، تۆگە كارۋانلىرى بىلەن چۆل - جەزىرىلەردە ئايلاپ، يىللاپ مېڭىپ، ھەرقايسى يۇرتلاردا سودا ئوبوروتىنى يۇرۇشتۇرگەن، بۇ ئارقىلىق ئەڭ مۇھىمى چەت ئەللىكلەرنىڭ تىجارەت نىقابى بىلەن شىنجاڭغا كىرىپ، مول تەبىئىي بايلىقلارنى، قىممەتلىك خام ئەشيالارنى، نادان خەلقىمىزنى تالان - تاراج قىلىشىغا، رۇسىيە سودىگەرلىرىنىڭ

سودا تاجاۋۇزىغا ئۈنۈملۈك قارشى تۇرغان. خام ئەشيا سېتىپ چىقىرىشتىن زامانىۋى سودا بولغان پىششىقلاپ ئىشلەش يولىغا قاراپ مېڭىپ، پاختا پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتلىرىنى قۇرۇپ، ئەينى يىللاردىكى شىنجاڭنىڭ ئىپتىدائىي سودىسىدىكى مۆجىزىنى ياراتقان. تاپقان پۇلىنى ئىنىسىنىڭ مەكتەپ قۇرۇشى، زۇلمەتلىك دەۋردىكى بالىلارنىڭ قاراڭغۇ قەلبىنى يورۇتۇشى، دېھقانلار ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن ئىشلىتىپ، ئۆزىنىڭ يۈكسەك ئالىيجاناب روھىنى ئىپادىلىگەن.

كىشىلەرنىڭ پىسخىكىسىدىن شۇ نەرسە ئايانكى، پۇل يەنىمۇ كۆپەيتىش مەقسىتىدە جاپا ـ مۇشەققەت بىلەن تاپقان كىشىلەر ئۈچۈن تېخىمۇ قەدىرلىك بولىدۇ. شۇڭا، تىجارەتچىلەر ھەر قانداق ئىشتا پەقەت پايدا ئېلىشقا كۆزى يەتكەن شارائىت ئاستىدىلا ئاندىن مەبلەغ سالىدۇ. لېكىن، تارىخىمىزدىكى ئاز ساندىكى كىشىلەر مۇشۇنداق «زىيىنىغا سودا» قىلىپ، مىللەتنىڭ كەلگۈسى تەقدىرىگە چەمبەرچاس باغلانغان مائارىپقا مەبلەغ سالدى ۋە سېلىپ كېلىۋاتىدۇ. موسۇلباي تارىخىمىزدىكى دەل مۇشۇنداق كىشىلەرنىڭ ۋەكىلى بولۇپ، بۇ خىل روھنى ھەققەتەن ئۇلغارلىق، پىداكارلىق، ئالىيجانابلىق دېمەي بولمايدۇ. موسۇلباي كېيىن ئىنىلىرىنىڭ «مىللەتنى ئىنقىلاب ئارقىلىق قۇتقۇزۇش» چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، مال ـ دۇنياسىنى قوزغىلاڭغا ياردەم قىلىپ، ئىنقىلابقا ئاتلىنىپ، تەشكىلاتچىلىق، تەرغىباتچىلىق رولىنى ئوينىغان. مۇھىم پەيتلەردە ئۆزىنىڭ تەدبىرلىكلىكى، يىراقنى كۆرەرلىكى، دانىشمەنلىكى، سودا ـ تىجارەت جەھەتتىكى قابىللىقى بىلەن پايدىلىق مەسلىھەتلەرنى بېرىپ، مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداپ، ھالقىلىق پائالىيەتلەرنى تەشكىللەپ، ئىنقىلابنىڭ تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئوينىغان. موسۇلباينىڭ مۇساپايېفلاردىن پەرقلىنىدىغان، كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغان يېرى شۇ يەردىكى، ئۇنىڭ سودىسى، پاختا

يىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتىنىڭ ئەھۋالى، ھايات پائالىيەتلىرى ھەققىدە ھېچقانداق يازما ماتېرىيال قالدۇرۇلمىغان، ئۇنىڭ ئىش- ئىزلىرى تارىخىمىزغا پۈتۈلمىگەن. شۇڭا، مۇئەللىپ موسۇلباي ھەققىدە يەنىمۇ تەپسىلىيرەك مەلۇمات بېرىشكە ئاجىزلىق قىلدى. لېكىن، موسۇلباينىڭ نامى خەلقىمىزنىڭ مۇبارەك قەلبىگە پۈتۈلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ روھى زېمىنىمىزدا مەڭگۈ ياشايدۇ.

مىلادىيە 1885 - يىلى كۆزدە ئىدىيىسى ۋەتەنپەرۋەرلىك، مىللەتپەرۋەرلىك، مەرىپەتپەرۋەرلىك، تەرەققىيپەرۋەرلىك روھى بىلەن سۇغىرىلغان ئۇلۇغ زاتلاردىن مۇساباييفنىڭ ئوغۇللىرى بولغان ئاكا - ئۇكا ھۈسەيىنباي بىلەن باۋۇدۇنباي ئاتۇشنىڭ ئىكساق كەنتىدە «ھۈسەينىيە مەكتىپى» نى قۇرۇپ، تەڭرىتاغ باغرىدا تۇنجى يېڭى مائارىپ مەشئىلىنى ياقتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇر زېمىنىنىڭ قەدىمكى ئانا ماكانلىرىنىڭ، مەرىپەت ئوچاقلىرىنىڭ بىرى بولغان تۇرپان ئاستانىدە تارىخىمىزدا مۇھىم روللارنى ئوينىغان مۇھىت ھاجى ئائىلىسىنىڭ تۇنجى ئوغلى موسۇلباينىڭ قوللىشى بىلەن ئىككىنچى ئوغلى مەخسۇت مۇھىتى «مەخسۇدىيە مەكتىپى» نى قۇرۇپ، ئىدىقۇت دىيارىنى مەرىپەت مەشئىلى ئاتۇشتىن كېيىنلا ئىككىنچى بولۇپ يالقۇنجىغان زېمىنغا ئايلاندۇردى. ئاتۇشتىكى مۇساباييف ئائىلىسى بىلەن تۇرپاندىكى مۇھىتىلار ئائىلىسى ئاجايىپ ئوخشاشلىقلارغا ئىگە بولۇپ، ئىككىلا ئائىلە ئەڭ ئاۋۋال سودا - تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، تىجارەت دائىرىسىنى خەلقئاراغىچە كېڭەيتكەن ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن مۇستەھكەم ئاساسقا ئىگە بولغان. ئىككىلا ئائىلىنىڭ ھۈسەيىنباي، باۋۇدۇنباي ۋە موسۇلباي، مەخسۇتبايدىن ئىبارەت ئىككىدىن ئوغلى بولغان، بۇ ئوغۇللار دادىسىنىڭ سودا ئىگىنغا ۋارىسلىق قىلىش ، تىجارەت دائىرىسىنى

تېخىمۇ كېڭەيتىش بىلەن بىرگە تىجارەت داۋامىدا ئىلغار ئىدىيىلەر بىلەن قوراللانغان. ئىككىلا ئائىلىنىڭ چوڭ ئوغلى ئىقتىسادىي جەھەتتىن مۇھىم يۆلەنچۈك بولغان بولسا، ئىككىنچى ئوغلى مەكتەپ ئېچىپ مەرىپەتچىلىكنى تەرغىب قىلغان. ئىككىلا ئائىلە ئىككى يۇرتنىڭ ئابرۇيلۇق، شۆھرەتلىك، ئوقۇمۇشلۇق، شىنجاڭ تارىخىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن ئائىلىلەردىن بولۇپ قالغان. ئەمدى بۇ ئىككى ئائىلىنىڭ ئوخشىمايدىغان يېرى شۇ يەردىكى، مۇھىتىلار ئائىلىسىدىكى ئوغۇللار ئەينى دەۋردە، مىللەتنى جاھالەت ۋە زۇلۇمدىن پەقەت مەرىپەت ئارقىلىقلا قۇتقۇزغىلى بولمايدىغانلىقىنى، ئەڭ مۇھىمى قولغا قورال ئېلىپ ئىنقىلاب قىلىش كېرەكلىكىنى تونۇپ يېتىپ، تىجارەت قىلىش، مەرىپەتچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىش بىلەن بىرگە ئەينى دەۋردىكى دېھقانلار ئىنقىلابىغا رەھبەرلىك قىلىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ۋە يەرلىك فېئوداللارنىڭ زۇلمىغا قارشى قانلىق كۈرەشلەرنى ئېلىپ بارغان. ئۇلارنىڭ ھۆررا سادالىرى، ئات تۇياقلىرىنىڭ دۈپۈرلىگەن تىۋىشى شەرقتە قۇمۇل ئون ئىككى تاغدىن باشلىنىپ، شىمالدا گۈچۈڭ، جىمسار قەلئەلىرىگىچە، جەنۇبتا قاراقۇرۇم تاغلىرىغىچە، تەكلىماكان قۇملۇقلىرىغىچە، تارىم ۋادىلىرىغىچە ئەكس سادا پەيدا قىلغان. ئۇلار ئەينى ۋاقىتتىكى مۇستەبىت ھۆكۈمران، جاللات شېڭ شىسەينىڭ يۈرىكىنى مۇجۇپ، پۈتكۈل شىنجاڭ تۇپرىقىغا ئىنقىلاب ئوتىنى تۇتاشتۇرغان. مۇھىتىلار ئائىلىسى ئەۋلادلىرىنىڭ كۆپىنچىسى جەڭ مەيدانلىرىدا، جاللات شېڭ شىسەينىڭ تۈرمىلىرىدە قۇربان بولغان.

مۇھىتىلار ئائىلىسى پەرزەنتلىرىنىڭ ئۇلۇغ روھى شۇ يەردىكى، ئۇلار ئەينى دەۋردىكى جاھالەت ھۆكۈم سۈرگەن مۇھىتتا بايلىقى ھېسابسىز، تۇرمۇشى خاتىرجەم، يۇرت ئىچىدە ئابرۇي ـ ئىناۋىتى يۇقىرى، چەت ئەللەرگىچە ئىقتىسادىي

مۇئامىلە قىلالايدىغان، يەرلىك ئەمەلدار، بەگلەرمۇ ئۇلاردىن ھېيىقىدىغان ھالەتتە تۇرسىمۇ، ئەتراپىدىكى ئېزىلىۋاتقان قېرىنداشلىرى ئۇچۇن، خەلقى ئۇچۇن ئۆزلىرىنى، بايلىق، مەرتىۋىسىنى، ھەتتا ھاياتىنى قۇربان قىلىپ، تەڭلىك، ھۆرلۈك ئىزدەپ كۈرەشكە ئاتلانغان. مال - مۈلكىنى، يۇرتىنى، پەرزەنتلىرىنى، ھېچقانداق بىساتى يوق لېكىن ئېتىقادلىق يۈرىكى بار «يالاڭ تۆش» قېرىنداشلىرىغا ئاتاپ، قانلىق جەڭلەرگە قاتنىشىپ ئاخىرى ھاياتىنى قۇربان قىلغان. بۇ خىل ئالىيجاناب، شەخسىيەتسىز، پىداكارانە روھ كىشىنى ھەقىقەتەن قايىل قىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

# مەخسۇت مۇھىتى

مەشھۇر مەرىپەتپەرۋەر زات، مىللەتپەرۋەر ئىنقىلابچى، تەرەققىيپەرۋەر زىيالىي مەخسۇت مۇھىتى مۇھىت ھاجىنىڭ ئىككىنچى ئوغلى بولۇپ، 1885 ـ يىلى تۇرپان ئاستانىنىڭ غوجامئالدى مەھەللىسىدە دۇنياغا كەلگەن. باللىق مەزگىللىرىدە ئاستانىدىكى دىنىي مەكتەپ، مەدرىسىلەردە ئوقۇغان. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئاكىسى موسۇل مۇھىتى بىلەن بىرگە سودىگەرچىلىك ئىشى بىلەن ئۇرۇمچى، چۆچەكلەرگە ۋە رۇسىيىنىڭ شەمەي، قازان، موسكۋا قاتارلىق شەھەرلىرىگىچە بېرىپ، بىر تەرەپتىن تىجارەت قىلسا يەنە بىر تەرەپتىن سەيلە ـ ساياھەت، تۇرمۇش ئۆگىنىش بىلەن مەشغۇل بولغان. مۇشۇ جەرياندا بۇ جايلاردىكى بىر قىسىم ئالىملار، يۇقىرى دەرىجىلىك زىيالىيلار بىلەن ئۇچرىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشىپ، ئىدىيىسىدە زور بۇرۇلۇش ياسىغان. ئاكىسى موسۇلباينىڭ كۆزى كۆپرەك پەرەڭلەرنىڭ سەرخىل ماللىرىغا، تىجارەت دەستۇرلىرىغا چۈشسە، كىچىكىدىن زېرەك، زېھنى ئوچۇق، ئىچى كۇچلۇك، غۇرۇرلۇق، يېڭىلىقپەرۋەر بولۇپ چوڭ بولغان مەخسۇتباينىڭ كۆزى بۇ شەھەرلەردىكى مەكتەپلەرگە، خەلقنىڭ يۇقىرى مەدەنىيەت ساپاسىغا، پەن ـ تېخنىكا يېڭىلىقلىرىغا چۈشكەن. ئۇ بۇيەردىكى يېڭىلىقلار بىلەن يۇرتىدىكى قالاقلىقنى، جاھالەتنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ، قاتتىق ئىزتىراپقا چۈشكەن ۋە خەلقنى قاراڭغۇلۇقتىن قۇتقۇزۇشقا بەل باغلىغان.

مەخسۇت مۇھىتى 1910 ـ يىللىرى بىرىنچى قېتىم رۇسىيىگە چىققاندا قازان تاتارلىرىنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ

شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىدىن ناھايىتى چوڭ پەرق
قىلىدىغانلىقىنى كۆرۈپ، تاتار زىيالىيلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ،
بۇ ھەقتە پاراڭلاشقان. بۇ يەردە شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى،
تاتار خەلقى تارىخى ئۇزۇن، مەدەنىيەتلىك تۈركىي خەلقلەرنىڭ
بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىي-
مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىدا ئىنتايىن مۇھىم رول
ئوينىغان. تاتارلار ئاسىيا بىلەن ياۋروپا تۇتىشىدىغان جايلاردا
ياشىغاچقا، باشقا خەلقلەرگە قارىغاندا مەدەنىيەت جەھەتتە
بۇرۇنراق تەرەققىي قىلغان، 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىلا
ھازىرقى زامان مىللەتلىرى قاتارىغا كىرگەن. ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر
ۋە قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك قاتارلىق مىللەتلەر بىلەن تارىخىي
قانداشلىقى، تىل ئورتاقلىقى، تېررىتورىيە تۇتاشلىقى، دىنىي
ئېتىقاد بىرلىكى قاتارلىق تەرەپلەردە قويۇق مۇناسىۋىتى بار
بولغاچقا، تارىختىن بۇيان ئارىلىشىپ، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇپ،
ئۆزئارا ھەمكارلىشىپ كەلگەن.

مەخسۇت مۇھىتى دەل يۇقىرىقىدەك يېقىنلىقتىن
پايدىلىنىپ، تاتار زىيالىيلىرىغا خەلقىمىزنىڭ نادانلىق،
نامراتلىقلىرىنى سۆزلەپ بېرىپ، قانداق قىلغاندا خەلقىمىزنى،
مىللىتىمىزنى مەدەنىيەتلىك قىلغىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە
پىكىر ئالغان. تاتار زىيالىيلىرى ئەڭ مۇھىم مەسىلە مەكتەپ
ئېچىپ، خەلقنى ئاقارتىش، دەپ تەكلىپ بەرگەن. مەخسۇت
مۇھىتى شىنجاڭغا قايتىپ كېلىپ، شىنجاڭدىكى ئىلغار
پىكىرلىك زىيالىيلار بىلەنمۇ بۇ ھەقتە پىكىر ئالماشتۇرغان.
ئەينى يىللاردا قاراڭغۇ زۇلمەت قاپلىغان شىنجاڭ زېمىنىدا
مۇتەئەسسىپ دىنىي مەكتەپلەردىن باشقا، مىللىي مەدەنىيەت،
مىللىي مائارىپىمىزدىن سۆز ئېچىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس
ئىدى. 1911 - يىلى شىنخەي ئىنقىلابى پارتلاپ جۇڭخۇا مىنگو
قۇرۇلۇش ھارپىسىدا شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىغا ئوخشاش

تۇرپان ئاستاندىمۇ بىر سىنىپلىق خەنزۇ تىلى مەكتىپى قۇرۇلۇپ، ھەر بىر مەھەللىدىن بىر بالا مەجبۇرىي ئوقۇغۇچىلىققا قوبۇل قىلىندى، بۇ مەكتەپتە جەمئىي 40 ئوقۇغۇچى ئىككى يىلغا يېقىن ئوقۇپ، كېيىن تارقىلىپ كەتتى. بۇ چاغدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى پۈتۈنلەي مانجۇ پاسوندا بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارغا پۈپۈكلۈك قارا دوپپا، ئۇزۇن قارا چاپان كىيدۈرۈلگەن، ئۇزۇن چاچ قويدۇرۇلغان. بۇ مەكتەپنىڭ مەقسىتى خەلقنى نادانلىق، نامراتلىقتىن قۇتقۇزۇش ئەمەس بەلكى، شۇ ۋاقىتتىكى مۇستەبىت ئەمەلدارلارنىڭ قولچومىقى تۇڭچى (تەرجىمان) يېتىشتۈرۈپ بېرىش ئىدى. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا سۇن جۇڭشەن ئەپەندى باشچىلىقىدىكى شىنخەي ئىنقىلابى غەلىبە قىلىپ، 1912 - يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى جۇڭخۇا مىنگو قۇرۇلغان مەزگىل ئىدى. مەخسۇت مۇھىتى شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىدىن زور ھاياجانغا چۆمۈپ، مەشھۇر زىيالىي تاھىربەگ باشچىلىقىدىكى بىر نەچچە كىشىنى شىنجاڭ ۋەكىلى قىلىپ، نەنجىڭگە ئەۋەتكەن. بۇ يەردە ئىدىقۇت زېمىنىدا مەرىپەت يالقۇنىنى يەنىمۇ ئۇلغايتقان، مەخسۇت مۇھىتىنىڭ يېقىن دوستى، مەسلەكدىشى، مەرىپەتپەرۋەر زىيالىي، جامائەت ئەربابى، ئىنقىلابچى تاھىربەگنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتۈشنى لايىق تاپتىم.

«تاھىربەگ ئەپەندى 1878 - يىلى ئىدىقۇت ۋادىسىدىكى قەدىمكى مەدەنىيەت، مەرىپەت بۆشۈكلىرىنىڭ بىرى بولغان پىچان ناھىيىسىنىڭ لۈكچۈن بازىرىدا مەرىپەتپەرۋەر ھېيتبەگ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. تاھىربەگ كىچىكىدىنلا زېرەك، ئەقىللىق بولۇپ، ئاتىسى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، تاغىلىرىدىن لۈكچۈن ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ئەمەلدارى ئەمىر ئوردا بېگى ۋە ھېزبۇللا بەگ، شۇنداقلا ئاپىسى سارە خېنىملارنىڭ ھىمايىسىدە چوڭ بولغان. ئىدىقۇت ۋادىسىدا يەن - مەدەنىيەتنىڭ

يۈكسىلىشىگە تۆرتكە بولغان، سۇلتان سەئىدخان، ئەخمەت باقى ئاخۇنلۇق (قىسۇرى)، موللا زەيدىن، دېموكراتىك شائىر نەمەت خەلپەت قاتارلىق ئوغلانلارنىڭ دىلىنى ئىلىم نۇرى بىلەن يورۇتقان لۇكچۇن خانلىق مەدرىسىدە ئوقۇغان. تەربىيە ھامىيچىلىرىنىڭ يىراقنى كۆرەرلىكى بىلەن شۆتاڭدا خەنزۇ تىلىنىمۇ قوشۇمچە ئۆگەنگەن. تاھىربەگ ئەپەندى ياشلىق چاغلىرىنى لۇكچۇندە ئىلىم تەھسىل قىلىش بىلەن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىش مەقسىتىدە ۋە ئائىلىسىنىڭ دالالىتى بىلەن سودا بىلەنمۇ شۇغۇللانغان. ئۇ 50 — 60 تۆگىلىك يەرلىك مەھسۇلاتلارنى ئېلىپ، ئۈرۈمچى، چۆچەك، رۇسىيىنىڭ شەمەي، قازان، موسكۋا قاتارلىق شەھەرلىرىگە بېرىپ بىر تەرەپتىن ئىلىم تەھسىل قىلسا، بىر تەرەپتىن سودا، تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ جايلاردىن ئۇششاق سانائەت بۇيۇملىرى، ئىلمى توقۇلما مەھسۇلاتلىرى ۋە ياۋروپانىڭ ھەر خىل تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى تۇرپان، لۇكچۇنلەرگە يۆتكەپ كېلىپ، تىجارەت دائىرىسىنى كېڭەيتكەن. شۇ ۋاقىتلاردا تاھىربەگ ئەپەندىنىڭ سودا، تىجارىتى خېلى روناق تېپىپلا قالماي، سانائەتلىشىش ئىدىيىسىمۇ تۇرغۇزۇلغان بولۇپ، ئۇ رۇسىيىدىن ئۇسكۇنىلىرى خېلى ئىلغار بولغان پاختا پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتىنى كىرگۈزۈپ ئىشقا كىرىشتۈرگەن. تاھىربەگ ئەپەندى تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىش، ئىلىم تەھسىل قىلىش، ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش جەريانىدا نۇرغۇن زىيالىيلار بىلەن دوستلاشقان، ئىدىيە ئالماشتۇرغان. شۇلارنىڭ بىرى دەل مەخسۇت مۇھىتى ئىدى. تاھىربەگ ئەپەندى شۇ چاغلاردا ئەرەب، پارس، رۇس، خەنزۇ تىللىرى ۋە شىنجاڭدىكى باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىللىرىنى پۇختا ئىگىلىگەن ۋە توشقان بىلىمى، ئىجتىمائىي تالانتى بىلەن تېزلا كۆزگە كۆرۈنگەن جامائەت ئەربابىغا ئايلانغان. تاھىربەگ ئەپەندىنىڭ

پەۋقۇلئاددە تالانتى تېزلا يىراق ـ يېقىنغا تارالغان ۋە ئۇزۇن ئۆتمەي شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك مىللەتلەر كومىتېتىنىڭ رەئىسى بولغان. تاھىربەگ ئەپەندىنىڭ بۇ چاغلىرى جۇڭگونىڭ پەۋقۇلئاددە بىر مەزگىلگە توغرا كەلگەن، يەنى ئېلىمىزگە نەچچە مىڭ يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان چىرىك فېئوداللىق ھاكىمىيەت سۇن جۇڭشەن ئەپەندى رەھبەرلىك قىلغان دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ تەسىرىدە ئاغدۇرۇلغان. جۇڭگودا جۇمھۇرىيەت قۇرۇش، زۇڭتۇڭ سايلىمى ئۆتكۈزۈش باشلانغان. بۇنىڭ بىلەن تاھىربەگ ئەپەندى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىلى، زۇڭتۇڭ سايلىمىغا قاتنىشىدىغان شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى بولۇپ، مەخسۇت مۇھىتى قاتارلىق مەسلەكداشلىرىنىڭ نۇرغۇن ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى ئېلىپ، نەنجىڭگە بارغان. زۇڭتۇڭ سايلىمى جەريانىدا يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ پېشۋاسى سۇن جۇڭشەن ئەپەندىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولغان. تاھىربەگ ئەپەندى سۇن جۇڭشەن بىلەن كۆرۈشكەندە شىنجاڭدا مىللىي مائارىپنى يولغا قويۇش، خەلقنى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنى نادانلىق، خۇراپاتلىقتىن قۇتقۇزۇش، يېڭىدىن قۇرۇلغان جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتى شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىنى قوللاش قاتارلىق مەسىلىلەرگە ئائىت تەلەپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. سۇن جۇڭشەن ئەپەندى باشچىلىقىدىكى نەنجىڭ ھۆكۈمىتى تاھىربەگنىڭ مەركىزىي ھۆكۈمەتكە قويغان تەلەپلىرىنى تېزلىكتە ھەل قىلىش توغرىسىدا ۋەدە بەرگەن. بىراق، يېڭى قۇرۇلغان جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتىنىڭ ئارمانغا تۇشلۇق دەرمانى بولمىغانلىقى، فېئودال، جاھانگىر كۈچلەرنىڭ بېسىمى ئاستىدا ئۇلارنىڭ تەلىپى شۇ پېتى

قالغان.»①

شىنخەي ئىنقىلابىدىن كۆتكەن ئارزۇ - ئۈمىدلىرى يوققا چىققاندىن كېيىن، مەخسۇت مۇھىتى ۋە ئۇنىڭ زامانىسىدىكى ۋەتەن، مىللەتنى قىزغىن سۆيىدىغان تەرەققىيپەرۋەر زاتلار، خۇراپاتلىققا، نادانلىققا قارشى تۇرغۇچى مەرىپەتپەرۋەر زىيالىيلار ئۆز كۈچىگە تايىنىپ مەكتەپ ئېچىپ، يېڭىلىق، ئىلىم - ئېرپانغا يۈرۈش قىلىشقا بەل باغلىغان. ئەينى ۋاقىتتا مەكتەپ ئېچىش ئىمكانىيىتى بار بولسىمۇ، شۇ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغۇدەك بىرەر كىشىنى تاپماق تەس ئىدى. شۇڭا، چەت ئەلدىن ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىشقا توغرا كېلەتتى. مۇشۇنداق شارائىتتا مەخسۇت مۇھىتى رۇسىيىگە بېرىپ قازانلىق ئىلغار تاتار زىيالىي ھەيدەر ئەپەندى سايرانىنى تۇرپانغا ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلىدۇ. مەخسۇت مۇھىتىنىڭ ئۇلۇغۋار شىجائىتىدىن تەسىرلەنگەن ھەيدەر ئەپەندى ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ تۇرپانغا كېلىدۇ. شۇنداق قىلىپ مەخسۇت مۇھىتى 1913 - يىلى ئۆز قورۇسىنىڭ سەل يۇقىرىسىدىكى ئاكىسى موسۇلباينىڭ ھويلىسىدا تۇنجى يېڭىچە مەكتەپنى ئاچىدۇ. كېيىنچە «مەخسۇدىيە مەكتىپى» دەپ ئاتالغان بۇ مەكتەپ شەرقىي شىنجاڭ تارىخىدىكى ئۇيغۇر تىلىدا دەرس ئۆتۈلىدىغان تۇنجى پەننىي مەكتەپ بولۇپ قالىدۇ. بۇ دەل ياڭ زېڭشىننىڭ ھۆكۈمرانلىق تەختىگە چىققىنىغا بىر يىل بولغان، مۇدھىش، ئىستىبدات، قاراڭغۇ دەۋر ئىدى.

تۇرپاننىڭ شۇنداقلا شىنجاڭنىڭ دەسلەپكى يېڭى مائارىپ ئىشلىرىغا پۈتكۈل يۈرەك قېنىنى ۋە ھاياتىنى تەقدىم قىلغان مەرىپەتپەرۋەر زىيالىي، ئېتىقادلىق مائارىپچى ھەيدەر ئەپەندى سايرانى 1886 - يىلى رۇسىيىدىكى تاتارىستاننىڭ ئۇفا شەھىرىدە

---

① مۇھەممەت راخمان، مۇھەممەت ئىمىن «زۇلمەتلىك يىللاردا چاقنىغان يۇلتۇز» «تۇرپان گېزىتى»، 2001 - يىلى 19 - فېۋرال سانى.

سايرانىلارنىڭ ئالتىنچى ئەۋلادى، تاتار زىيالىي مىنھاجىتتىن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ئوقۇش يېشىغا يەتكەندە، ئۇفا شەھىرىدىكى باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئۇفادىن قازانغا ئوقۇشقا بېرىپ، قازان ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن. (ئەينى چاغدا ئۇفادا پەقەت مەدرىسىلەرلا بولۇپ، پەننىي ئالىي بىلىم يۇرتلىرى قازانغا جايلاشقانىدى) ئۇ 1905 ـ يىلى قازان ئۇنىۋېرستېتىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن شۇ مەكتەپتە خىزمەت قىلغان. 1905 — 1907 ـ يىلاردىكى رۇسىيە ئىنقىلابى ئۇنىڭغا چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن. بۇ جەرياندا قازاندا ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرىدىغان تۈرلۈك ئەدەبىيات ـ سەنئەت پائالىيەتلىرىدە ئۇ تاتار خەلقىنىڭ ئۇلۇغ شائىرى ئابدۇللا توقاي بىلەن تونۇشقان. ئۇلار ئابدۇللا توقاي ئىشلىگەن «ئەلئىسلاھ» ، «يەشىن» (چاقماق) ، «يالت ـ يۇلت» ژۇرناللىرىدىكى ماقالىلەر ئۈستىدە مۇلاھىزىلەر ئېلىپ بارغان.

1909 ـ يىلى مەخسۇت مۇھىتى قازانغا كېلىپ ھەيدەر سايرانى بىلەن تونۇشۇپ، ئۇنىڭغا ئۆز خەلقىنىڭ جاھالەت ۋە زۇلمەت تۇمانلىرى ئىچىدىكى ئېچىنىشلىق ھاياتى توغرىسىدا سۆزلەپ بەرگەن ۋە ئۇنى شىنجاڭغا بېرىپ ئوقۇش ـ ئاقارتىش ئىشلىرىنى يولغا سېلىپ، خەلقنى جاھالەت ۋە زۇلمەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىتىپ، مەرىپەتكە باشلاش توغرىسىدا تەكلىپ بەرگەن. مەخسۇت مۇھىتىنىڭ چىن يۈرەكتىن ئېيتىلغان سەمىمىي سۆزلىرى ھەيدەر سايرانىغا قاتتىق تەسىر قىلغاچقا، ئۇ خەلقنى جاھالەت ۋە زۇلمەت تۇمانلىرىدىن قۇتقۇزۇشتىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغۋار غايە ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا بەل باغلىغان.

ھەيدەر سايرانى ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن بىر قانچە مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەر بىلەن تونۇشقان ۋە بىر مەزگىل ئۈرۈمچىدە تۇرۇپ قالغان. بۇ چاغدا ئۈرۈمچىدە دىنىي مەكتەپلەر بولسىمۇ، بۇ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇش تەلىپى «قۇرئان» ئاساس

قىلىنغان «خەت تونۇش» ئىدى. شەھەردە مىللىي تىلدىكى بىرەرمۇ يېڭىچە مەكتەپ يوق ئىدى. ھەيدەر سايرانى ئۈرۈمچىدە يەنە ياڭخاڭ مەسچىتىنىڭ ئائىلىلىكلەر ئولتۇراق ئۆيىنى سېلىش قۇرۇلۇشىدا ياغاچچىلىق قىلىپ يۈرگەن تۆمۈر خەلىپە بىلەن تونۇشقان، تۆمۈر خەلىپىنىڭ «تورپاق يېغىلىقى» ھەققىدىكى بايانلىرى ئۇنى بەك قىزىقتۇرغان. بۇلارنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇ تۆمۈر خەلىپىگە 1905 ـ يىلى رۇسىيىنىڭ پېتىـــربۇرگ شەھىرىدە يۈز بەرگەن «قانلىق يەكشەنبە» ۋەقەسىنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەرگەن. شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئۆز سەرگۈزەشتىلىرىنى سۆزلىشىپ يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قالغان. ئۈرۈمچىدىكى مەرىپەتپەرۋەرلەر ھەيدەر سايرانىنى ئۈرۈمچىدە تۇرۇپ قېلىشقا دەۋەت قىلغان، لېكىن مەخسۇت مۇھىتى يەنىلا تۇرپان ئاستانىغا بېرىش تەلىپىدە چىڭ تۇرغانلىقتىن، ئۇ ئاستانىگە بارغان ۋە پۈتۈن ئۆمرىنى شىنجاڭ خەلقىنىڭ مەدەنىي مائارىپ ۋە ئازادلىق ئىشلىرى ئۈچۈن بېغىشلىغان.

ھەيدەر سايرانى 1909 ـ يىلى تۇرپان ئاستانىگە بارغان، ئۇ زاماندا ئاستانىدە، شۇنداقلا تۇرپان رايونىدا بىرەرمۇ يېڭىچە مەكتەپ بولمىغاچقا، ھەممەيلەن دىنىي ئۆلىمالارنىــڭ ئاغزىغا قارايتتى. شۇڭلاشقا، خەلقنى ئاقارتىش ۋە مەدەنىيەتكە باشلاش — يېڭىچە مەكتەپ ئېچىش ھە دېگەندە ئوڭۇشلۇق بولمىغان. نەتىجىـــدە ھەيدەر سايرانى دەسلەپ مەخسۇت مۇھىتىنىڭ ئائىلىسىدە ئۇنىڭ ۋە تۇغقانلىرىنىڭ بالىلىرىنى ئوقۇتقان.

سەۋرچانلىق بىلەن زېرىكمەي ـ تېرىكمەي ئېلىپ بېرىلغان تەشۋىق ـ تەربىيە نەتىجىسىدە، مەخسۇت مۇھىتىنىڭ ئائىلىسىدە ئوقۇشنى تەلەپ قىلغۇچى بالىلار تەدرىجىي كۆپىيىشكە باشلىغان. ئاخىرى ئۈرۈمچى ۋە تۇرپاندىكى ئىلغار زاتلارنىــڭ، بولۇپمۇ مەخسۇت مۇھىتىنىڭ قوللىشى ۋە ئىقتىسادىي تەرەپتىن يۆلىشى بىلەن 1913 ـ يىلى ئاستانە مەدرىسىسى يېنىغا كۇنگەيگە قارىتىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەينەك دېرىزىلىك، ئاستى ـ ئۈستى تاختايلىق سىنىپ سېلىنغان. بۇ مەكتەپتە تۇرپان، ئاستانە، قاراغوجا، سىڭگىم، مۇرتۇق، ياڭخى، پىچان، لۇكچۈن، تۇيۇق، خاندو، گۇچۇڭ قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن بالىلار ئوقۇغان.

مەكتەپنىڭ دەرس پروگراممىلىرى ئاساسەن رۇسىيىنىڭ قازان مەكتەپلىرىگە ئوخشاش بولۇپ، ئانا تىلى، ھېساب، جۇغراپىيە، تارىخ، تەبىئەت، ئەسرى سائادەت (پەيغەمبەرلەر تارىخى)، تەنتەربىيە ۋە شېئىر قاتارلىق دەرسلەر ئۆتۈلگەن. گەرچە مەكتەپ ئېچىلىپ ئوقۇش رەسمىي يولغا قويۇلغان بولسىمۇ، يەرلىك مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ قارشىلىقى توختىمىغان. چۈنكى، ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي پەنلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يېڭى مەدەنىيەت، يېڭى ئىلىم شىنجاڭنىڭ فېئودال كونا مەدەنىيىتى ۋە كونا ئىلىمگە قارشى ئىدى. ھەيدەر سايرانى زور تىرىشچانلىقلار بىلەن ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرغان.

1914 ـ يىلى ھەيدەر سايرانى ئۆز يۇرتىغا قايتىپ ئۇرۇق-تۇغقان، يارۇ بۇرادەر ۋە بەزى ساۋاقداشلىرى بىلەن كۆرۈشكەن ۋە ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى شىنجاڭغا ئېلىپ كېلىپ ئىشلەشكە دەۋەت قىلغان، ئۆزى ئاستانىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن دەرس ئۆتۈشنى داۋاملاشتۇرغان. ئادەم تەكلىپ قىلغانلىقىنى مەخسۇت مۇھىتىغا ئېيتقىنىدا ئۇ ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، ئىمكان بار ئۇلارنى ئالدۇرۇشنىڭ ئامالىنى قىلىشنى ئېيتقان. چۈنكى، بۇ چاغقا كەلگەندە ئاستانىدا ئېچىلغان يېڭىچە مەكتەپ بۇ ئەتراپتا خېلى چوڭ تەسىر قوزغىغان بولۇپ، بىر قىسىم ئىلغار زاتلار ئۆز يۇرتلىرىدىمۇ مۇشۇنداق مەكتەپ ئېچىش نىيەتلىرىنىڭ بارلىقىنى، مۇمكىن بولسا يەنە مۇئەللىم تەكلىپ قىلىش پىكىرلىرىنى ھەيدەر مۇئەللىمگە بىلدۈرۈشكەنىدى.

1917 ـ يىلى ئاستانىغا مەخسۇت مۇھىتىنىڭ موسكۋادىكى نۇرغۇن پۇللىرىنى ئۆتكۈزمەيۋاتىدۇ، دېگەن خەۋەر كەلگەن.

مەخسۇت مۇھىتى بۇ ئىشلارنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، موسكۋاغا ھەيدەر مۇئەللىمنى بىللە ئېلىپ بارغان. ئۇلارنىڭ ئويىچە ۋەتەننى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، پەقەت يېڭىلىقتا كۈچۈش كېرەك ئىدى. يېڭىلىقتا كۈچۈش ئۈچۈن پەقەت چەت ئەلدىن ئۆگىنىش كېرەك ئىدى. مانا مۇشۇنداق ئىدىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئۇلار بۇ نۆۋەت موسكۋا، قازان، ئۇفا، تاشكەنت، سېمىپالاتىنىسكى قاتارلىق جايلارنى ئايلىنىپ، ئەھۋاللارنى كۆزىتىپ يېڭىلىقلارنى ئۆگەنگەن، شۇنداقلا شىنجاڭغا ئەكىلىشكە ئادەم ئىزدىگەن ۋە ئۇ يەرلەردىن مۇھىبۇللا ئەپەندى، گۇلەندەم ئاۋۇستەي (ئابىستاي)، خىسام باۋىن، خەسەن فەھىمى، ئەلى ئىبراھىم، شاھى شەرەپ قاتارلىق ئالتە نەپەر مۇنەۋۋەر تاتار ئوقۇتقۇچىسىنى شىنجاڭغا ئەكىلىپ قىلغان. ئۇلار 1917 — 1919 ـ يىللىرى شىنجاڭغا كېلىپ بولغان. ھەيدەر سايرانىنىڭ بۇ خىل ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت ۋە فېئودال مۇتەئەسسىپ كۈچلەر بىلەن تىغمۇ تىغ تۇرۇپ كۈرەش قىلىپ، يېڭى مەكتەپلەرنى ئېچىپ خەلقنى مەدەنىيەت يولىغا باشلىغان قەيسەرلىكى، خەلق ئاممىسىنىڭ ئىشەنچى ۋە يۇقىرى ھۆرمىتىگە ئىگە بولغان. ئۇنىڭ ئىككى قېتىم ئۆز يۇرتىغا قايتىشى، كىشىلەر كۆڭلىدە ئۇنى يۇرتىغا قايتىپ كېتىپ كەلمەي قالارمۇ؟ دېگەن ئەندىشىگە سېلىپ قويغان. شۇنىڭ بىلەن جامائەت ئۇنىڭغا خىزمەت ئىشلەپ، يەرلىك ئورۇندىن ئۆيلەپ قويۇشقا كۆندۇرۇپ، ئاخىرى 1917 ـ يىلى ئاستانىلىك باھاۋۇدۇن ئاكىنىڭ قىزى ئايخان ئايلىغا ئۆيلەپ قويغان. 1919 ـ يىلى 18 ـ دېكابىردا، ھەيدەر سايرانى بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆرگەن. ھەيدەر سايرانى بۇ پەرزەنتىنىڭ ئىسمىنى ئۇيغۇر قويغان، بالا تۇغۇلۇپ ئالتە ئايدىن كېيىن بەختكە قارشى ئانىسى ئايخان ئايلا ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇيغۇرنى چوڭ ئانىسى مەگلىك قىز بىلەن ھەيدەر سايرانى ئۆزى باققان. ھەيدەر ئەپەندى ئۇرۇمچىگە يۆتكىلىپ كەتكەندىن كېيىن ئابدۇللا

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

پەرسا قارىغان. مەخسۇت مۇھىتى دوستى ھەيدەر سايرانىنىڭ ئوغلى ئۇيغۇرنى ئۆز بالىسىدەك كۆرۈپ، ھەر قېتىم رۇسىيىدىن كەلگەندە ئوغلى ئەنۋەر بىلەن ئۇيغۇرغا ئوخشاش كىيىم - كېچەك، دەپتەر - قەلەم قاتارلىقلارنى ئالغاچ كەلگەن، ئەنۋەر بىلەن ئۇيغۇرنى تەڭ خەتنە قىلدۇرغان.

1874 - يىلى ئۈرۈمچى ياڭخاڭدا سېلىنغان تاتار مەسچىتى يېنىدا 1912 - يىلى مەدرىسە سېلىنغان بولۇپ، بۇ يەردىكى ئوقۇتۇش «ئۇسۇلى قەدىم» ئىدى. دەرسنى قازاندىن كەلگەن زىننەتۇللا مۇئەللىم بېرەتتى. 1920 - يىلىغا كەلگەندە ئۈرۈمچىدە ئۆز بالىلىرىنى يېڭىچە ئوقۇتۇشنى تەلەپ قىلغۇچىلار كۆپەيدى. بۇ چاغدا ھەيدەر سايرانى ئۈرۈمچىدە مەكتەپ ئېچىش بىلەن شۇغۇللانغان. بۇ ئىشنى شۇ چاغدىكى زىيالىيلاردىن بۇرھان شەھىدى، خەسەن شاكولوف، زاكىر ئابدۇرېشىت قاتارلىقلار قىزغىن قوللاپ قۇۋۋەتلىگەن. مەكتەپكە خىسام باۋىن ئەپەندى گۇچۇڭدىن تەكلىپ قىلىپ كېلىنگەن، ئۇ بۇ مەكتەپتە يېڭىچە دەرس ئۆتكەن. زىننەتۇللا مۇئەللىم ئۆز سىنىپىدا كونىچە دەرس ئۆتكەن. بۇ ئىككى خىل ئوقۇتۇش تۈزۈمىدىكى سىنىپلاردا ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلار ئايرىم - ئايرىم بولغان.

1920 - يىلى ئۈرۈمچىدە شىنجاڭ مائارىپ نازارىتى قۇرۇلغاندا ھەيدەر سايرانى ئىنسپېكتورلۇق ۋەزىپىسىگە تەيىنلەنگەن. ئۇ مائارىپتىكى ۋەزىپىسىنى ئۆتەش بىلەن بىللە ئۈرۈمچىدە قۇرۇلغان مەكتەپتە دەرسمۇ ئۆتكەن. شۇنىڭ بىلەن ھەيدەر سايرانىنىڭ كونكرېت رەھبەرلىكىدە ئۈرۈمچى، تۇرپان، ئاستانە، قاراغوجا، لۈكچۈن، گۇچۇڭ، چۆچەكلەردە بىر يۈرۈش يېڭىچە پەننىي مەكتەپلەر ئېچىلغان.

ھەيدەر سايرانىنىڭ بۇ جاپالىق ئەمگەكلىرى شۇ جايدىكى ئەمگەكچى خەلق ۋە ئىلغار زاتلارنىڭ مەدھىيىلىشى ۋە ياردىمىگە مۇيەسسەر بولغان.

ھەيدەر سايرانى بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش ۋە مالىيە ئىشلىرىغا، تېمىرغەلى ئىسھاقوف خوجىلىق ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان، زاكىر ئابدىشېف خوجىلىق ئىشلىرىغا ياردەملەشكەن، مەكتەپ خىراجىتىنى ياڭخاڭلىقلار چىقارغان. بۇ مەكتەپتە ئۇرۇمچىدىكى تاتار، ئۆزبېك، ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، تۇڭگان قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ پەرزەنتلىرى ئوقۇغان.

1936 ـ يىلىغا كەلگەندە، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ «سىنىپى ئالتىدىن، ئوقۇتقۇچىسى ئوندىن ئاشقان مەكتەپلەرنى مائارىپ ئىدارىسى باشقۇرۇشقا ئۆتكۈزۈپ ئېلىپ، خىراجىتىگە ھۆكۈمەت مەسئۇل بولىدۇ» دېگەن قارارىغا ئاساسەن، بۇ مەكتەپ ھۆكۈمەت قارمىقىغا ئۆتۈپ، ئۇرۇمچىدىكى مەشھۇر 6 ـ مەكتەپ بولۇپ قۇرۇلغان. بۇ مەكتەپتە ئەسخەت ئىسھاقوف، ئۇيغۇر سايرانى، ئەنۋەرخانبابا، نۇسرەت شاھىدى، مەرغۇپ ئىسھاقوف، رەقىب ئابباس، ئەنۋەر ئىنكىيېف، مالىك غىمادى، ھامۇت خوجا، توقتاروف (قىرغىز)، سېيىت ھاسلوف قاتارلىق زور تۆركۈمدىكى ئىلغار زىيالىيلار تەربىيىلىنىپ چىقىپ، جەمئىيىتىمىزنىڭ تۈرلۈك سەپلىرىدە ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرغان.

1933 ـ يىلى ھەيدەر سايرانى مائارىپ نازارىتى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرىغا بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلارنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا چىقىرىش ئارقىلىق شىنجاڭ مائارىپىنىڭ تەرەققىياتىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرۈش ھەققىدە تەكلىپ بەرگەن. بۇ تەكلىپ ئەمەلگە ئاشمىغاندىن كېيىن، ھەيدەر سايرانى بالىلارنى تيەنجىن ئارقىلىق غەرب ئەللىرىگە چىقىرىش قارارىغا كەلگەن ۋە بىر قىسىم بالىلارنى يىغىپ ئىنگلىزچە ئۆگىنىشكە تەشكىللىگەن، ئىنگلىزچە دەرسنى روسوف بەرگەن. بۇ ئۆگىنىشكە ئۇيغۇر سايرانى، ئەنۋەر خانبابا، ئەسخەت ئىسھاقوف، نۇسرەت شاھىدى قاتارلىقلار قاتناشقان.

www.uyghurkitap.com

شىڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولغاندىن كېيىن، غەرب ئەللىرىگە ئوقۇشقا چىقىرىشتىن ۋاز كېچىپ، يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىرىشقا ھەرىكەت قىلغان ۋە ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىغا بۇ تەكلىپنى قايتا - قايتا بەرگەن. ئاخىرى خوجىنىياز ھاجى قاتارلىق ئىلغار زاتلارنىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشى بىلەن، شۇ يىلى (1934 - يىلى) ھۆكۈمەت بۇ تەكلىپكە قوشۇلۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئوقۇغۇچى چىقىرىپ ئوقۇتۇش كېلىشىمىنى تۈزگەن.

1934 - يىلى ھۆكۈمەت ئوتتۇرا ئاسىياغا ئوقۇشقا چىقارغان بىرىنچى تۈركۈمدىكى ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا تۇرپان ئاستانە مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن بالىلاردىن 18 نەپىرى بار ئىدى.

1934 - يىلى 12 - ئايدا ھەيدەر سايرانى ھۆكۈمەت رۇخسىتى بىلەن ئوغلى ئۆيغۇرنى، ئەنۋەرخانبابا، ئەسخەت ئىسھاقوف، نۇسرەت شاھىدىلەر بىلەن بىللە ئۆز ئىقتىسادى بىلەن موسكۋاغا ئوقۇشقا ئەۋەتكەن. ئۇلار بىلەن يەنە تۆت نەپەر خەنزۇ بالىسىنىمۇ بىللە ئوقۇشقا چىقارغان.

1922 - يىلى ھەيدەر سايرانى ئۈرۈمچىدە مەخپىي تەشكىللەنگەن ئىلغار ياشلار تەشكىلاتىغا قاتناشقان. بۇ تەشكىلاتتا بۇرھان شەھىدى، لۇكچۇنلۇك تاھىربەگ، تۇرپان ئاستانىلىق مەخسۇت مۇھىتى، قەشقەرلىك كېرەم چوڭ ھاجى، بايلىق ئايۇپ، تۇرپانلىق يۇنۇسبەگ، ئالتايلىق شەرىپقانلار بار ئىدى. 1925 - يىلى ھەيدەر سايرانى ئۈرۈمچىدە بۇرھان شەھىدىنىڭ سىڭلىسى زەينەپ بانۇ بىلەن توي قىلغان ۋە ئاستانىدىكى ئوغلى ئۆيغۇرنى يېنىغا ئالدۇرۇپ كەلگەن.

ھەيدەر سايرانى قۇمۇل قوزغىلىڭىنى قوللاپ - قۇۋۋەتلىگەن ۋە ئۇلار بىلەن ئالاقە ئورنىتىپ، ئۇلارنى ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەپ تۇرغان. ئۈرۈمچىدىكى جىڭ شۇرىن ئەسكەرلىرى قۇمۇل قوزغىلاڭچىلىرىنى باستۇرۇش ئۈچۈن يولغا چىقسا، ھەيدەر

ئەپەندى ئۇلارنىڭ سانى، قوراللىرىنىڭ ئەھۋاللىرىنى بىلىۋېلىپ، ئىشەنچلىك ئادەملىرىنى ئاتلىق قۇمۇلغا خەۋەر قىلىشقا ماڭدۇرغان. ئۇ «ئۈرۈمچىدىن قۇمۇلغا مۇنچە ھارۋىدا، مۇنچە تاي مال ئەۋەتتىم» دەپ مەخپىي خەت ئەۋەتىپ، قۇمۇل قوزغىلاڭچىلىرىنى ئىشەنچلىك ئۇچۇر بىلەن تەمىنلىگەن. بىر قېتىم ئاق ئورۇس ئەسكەرلىرىنىڭ باشلىقى مىزگىن قۇمۇل قوزغىلاڭچىلىرىنى باستۇرۇش ئۈچۈن ئۈرۈمچىدىن قۇمۇلغا مېڭىش ئالدىدا «قۇمۇل ئوغرىلىرىنىڭ ئۆزلىرىنىلا ئەمەس، ھامىلدار ئاياللىرىنىڭ قورسىقىدىكى باللىرىنىمۇ جەھەننەمگە ئۇزىتىمەن» دەپ جار سالغان. ھەيدەر ئەپەندى دەرھال قۇمۇلغا مەخپىي ھالدا ئادەم ئەۋەتىپ، ئەڭ ئالدى بىلەن جاللات مىزگىننى جايلىۋېتىشنى تەۋسىيە قىلغان ۋە مىزگىننىڭ قىياپىتىنى سۈرەتلەپ بەرگەن. قۇمۇل قوزغىلاڭچىلىرى بۇ خەۋەرگە ئاساسەن ئون نەچچە ئۇستا مەرگەننى دۈشمەنلەرنىڭ قۇمۇلغا كىرىش ئېغىزىغا بۆكتۈرمىگە قويۇپ، جاللات مىزگىننى ئېتىپ تاشلاپ دۈشمەنلەرنىڭ ھەيۋىسىنى سۇندۇرغان. 1932 ـ يىلى مەخسۇت مۇھىتى چەت ئەلدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن تەييارلىق ئىشلىرىغا ئاكتىپ ماسلىشىپ، ھەرىكەتنى تېزلەتكەن ۋە 11 ـ ئايدا تۇرپاندىكى سىڭگىمگە بېرىپ، شۇ يەردىكى دېھقانلارنى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە تەشكىللىگەن.

ھەيدەر سايرانى قۇمۇل ـ تۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى بولغان خوجىنىيازھاجى، مەخسۇت مۇھىتى قاتارلىق زاتلار بىلەن زىچ مۇناسىۋەت باغلاپ، شەرقىي شىنجاڭ ۋە ئۈرۈمچى رايونىدا ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتكە قارشى ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئىنقىلابىي پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ قاتناشقان ۋە ئۇيۇشتۇرغان. بۇ جەرياندا ھەيدەر سايرانى يەنە خەۋپ ئاستىدا قالغان تەشكىلات ئەزالىرى ۋە ئىلغار ياشلارنى قۇتقۇزۇش ئىشلىرى بىلەنمۇ شۇغۇللانغان. 1932 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 23ـ

كۇنى جىن شۇرېن ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتى شەرىپقاننى قولغا ئالماقچى بولۇۋاتقانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغان ھامان، شەرىپقاننى ئالتايغا قاچۇرۇۋەتكەن.

1934 - يىلى 8 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغان، ھەيدەر سايرانى ئۇيۇشما تەركىبىدىكى نەشرىيات باشقارمىسىغا مۇئاۋىن باش مۇھەررىر بولۇپ تەيىنلەنگەن. ئۇلارنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە زور ئەمگەك سىڭدۈرۈشى بىلەن، ئۇيغۇر يېزىقىدىكى سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئەدەبىي ھەپتىلىك گېزىت - «يېڭى شىنجاڭ» نىڭ 1 - سانى 1935 - يىلى 1 - ئاينىڭ 25 - كۈنى نەشر قىلىنغان.

شىڭ شىسەي جىڭ شۇرېننىڭ بىرىنچى نومۇرلۇق غالچىسى بولۇپ، قۇمۇل - تۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭىنى قانلىق باستۇرغان چاغلىرىدىلا ھەيدەر سايراننىڭ ئىسمىنى كۆڭلىگە چېك پۈكۈپ قويغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي قىياپىتىنى ئاشكارىلاپ، جاللات قىلمىچىنى كۈتۈرۈپ ئۈرۈمچىدىكى ئىلغار زاتلارنى قولغا ئېلىشقا باشلىغاندا، ھەيدەر سايرانى ئوقۇش - ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى كۆزدىن كۆچۈرۈش ئۈچۈن چۆچەككە بېرىپ خىسام باۋىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋاتقان ئىدى، 1938 - يىلى ئاپرېل ئېيىدا ئۇ شۇ يەردە ئەكسىيەتچىلەر تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان.

1938 - يىلى تەتلدە قايتىپ كەلگەن ئۇيغۇر سايرانى ئوقۇشقا قايتا ئەۋەتىلمەي ساۋەن ناھىيىسىگە پالانغان.

1940 - يىلى ھەيدەر سايراننىڭ پۈتۈن مال - مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىپ، ئائىلە، بالا - چاقىلىرى بىلەن دېكابىرنىڭ 40 گرادۇسلۇق قاتتىق سوغۇقىدا، قارا ماشىنىدا سۈيدۈڭدىكى كۆرەگە سۈرگۈن قىلىنغان. 1943 - يىلى 57 يېشىدا چېن تيەنچۇ، ماۋ زېمىن قاتارلىق كوممۇنىستلار ۋە ئىلغار زاتلار بىلەن

بىر قاتاردا ئۇرۇمچىدە جاللات جادۇسىغا بېسىلىپ، قۇربان بولغان[①].

مەخسۇت مۇھىتىنىڭ پۈتۈن خىراجەتنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى بىلەن قۇرۇلغان ئەينى ۋاقىتتىكى مەكتەپ ھەيدەر ئەپەندىنىڭ لايىھىلىشى بىلەن ئىككى قەۋەت قىلىپ سېلىنغان، ئاستى ـ ئۈستى تاختايلىق كۈنگەي تەرەپكە تۆت دېرىزە قويۇلغان سوۋېت پاسونىدىكى بىنا بولۇپ، شۇ ۋاقىتلاردا شەھەر بويىچە كۆركەم زامانىۋى قۇرۇلۇش ھېسابلىناتتى. سىنىپ ئىچىدە قارا تاختايلار كۈيە بىلەن سىرلىنىپ دوسكا ياسالغان، تاغدىن سىڭىر تاش ئەكىلىپ، خەت يازىدىغان بور تەييارلانغان، تاختايلاردىن چىرايلىق پارتىلار ياسالغان. سىنىپ ئىچى باشقا ئوقۇتۇش قوراللىرى بىلەن چىرايلىق جاھازلانغان، مەكتەپ ھويلىسىدا بىر كۆل بار بولۇپ، ئەتراپى دەل ـ دەرەخلەر بىلەن ئورالغانىدى. مەكتەپتە ئانا تىل، ھېساب، جۇغراپىيە، تارىخ، تەبىئەت، ئەسىرسائادەت (مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ تەرجىمىھالى)، تەنتەربىيە، ناخشا قاتارلىق دەرسلەر ئۆتۈلەتتى، شېئىر ئۆگىتىلەتتى. بۇ شېئىرلار تاتارچە بولۇپ، ئابدۇللا توقاينىڭ شېئىرلىرى تېكىست قىلىناتتى. مەسىلەن:

ئەي تۇغان تىل، ئەي ماتور تىل،
ئەتكەم ـ ئەنكەمنىڭ تىلى.
دۇنيادا كۆپ نەرسە بىلدىم،
سەن تۇغان تىل ئارقالى.

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە تۆۋەندىكىدەك شېئىرلارمۇ ئوقۇتۇلاتتى:

سۇسىز چۆللەردە،
تاشلىق قۇملۇقتا.
سۇ تاپالماستىن،

① ئىلچى سايرانى «تەرەققىيپەرۋەر زات ـ ھەيدەر سايرانى» «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 2000 ـ يىلى 1 ـ سان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

يۇرۇپتىمىز بىز.

قاراڭغۇ تۈندە،
چىققان بوراندا،
كۆز ئاچالماستىن،
يۇرۇپتىمىز بىز.
(ئابدۇرۇسۇل ئابدۇقەييۇمى سۆزى)

بۇ ۋاقىتتا ئۆتۈلگەن دەرسلەر بۇرۇنقى كونا مەكتەپلەردىن روشەن پەرقلىنىدىغان بولغاچقا، بىر قىسىم مۇتەئەسسىپلەرنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرىغانىدى. يەنە بىر تەرەپتىن ئېڭىدا خۇراپاتلىق، نادانلىق، مۇتەئەسسىپلىك قاتارلىق چىرىك ئىدىيىلەرنىڭ ئاسارىتى كۈچلۈك بولغاچقا، بالىلىرىنى بۇ مەكتەپكە بېرىدىغانلار ئاز ئىدى. شۇڭا، بۇ مەكتەپتە ئاستانە، قاراغوجىلىق بالىلاردىن باشقا تۇرپان بازىرى، ئۇرۇمچى، گۇچۇڭ، پىچان، لۇكچۇن قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلارمۇ تەلىم ئالاتتى. بىرىنچى قارار ئوقۇغۇچىلارنى ئۈچ يىل ئوقۇتۇش جەريانىدا مەخسۇت مۇھىتى ۋە ھەيدەر ئەپەندىلەر يەرلىك مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىغا ئۇچرىغان. بىر تەرەپتىن ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت يېڭى مەكتەپ مائارىپىغا توسالغۇلۇق قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن جەمئىيەتتىكى جاھىل مۇتەئەسسىپ كۈچلەر «يەن دىنغا قارشى، يەن ئوقۇتۇلسا دىن يوقىلىدۇ، يېڭى بىلىمنى ئوقۇماسلىق كېرەك، خەلق ئىسلام دىنى قائىدىلىرىنىلا ئوقۇسا بولىدى» دېگەن سەپسەتىنى تەرغىب قىلىپ، ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن بۇزغۇنچىلىق قىلغان. بولۇپمۇ ھەيدەر ئەپەندى «جەدىت» نامى بىلەن قىلىنغان تۆھمەت، ھاقارەتلەرگە چىداپ ئوقۇتۇشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرغان. مەخسۇت مۇھىتى يۇرتداشلىرىغا قايتا ـ قايتا تەربىيە ئىشلەپ يېڭى مەكتەپ مائارىپىنى ئۆلارنىڭ ئىدىيىسىدىن ئۆتكۈزۈپ،

قايىل قىلغان. 1917 ـ يىلى تۇنجى تۈركۈمدىكى ئابدۇرۇسۇل قەييۇمى، مۆمىن ئەخمەت، شاۋۇدۇن ئەپەندى، لېتىپ ئەپەندى، مۆمىن ئىمىنباي، دۇگامەت خۇدىيارى، قۇربان سەئىدى، ئەۋەيدۇل توختاجى، ئابدۇللا پەرسا، ئابباس نەجىبى، ئەخمەت نەزەر قاتارلىق 40 ئوقۇغۇچى غەلىبىلىك مەكتەپ پۈتتۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن ئاستانىدا ساۋاتسىز، نادان، خەت تونۇمايدىغان ھالەت پەيدىنپەي ئۆزگەرتىلىپ، ئۇيغۇر بالىلىرىنىڭ كۆزى ئېچىلىپ، يېڭىچە ياشلار مەيدانغا كېلىشكە باشلىغان. «لېكىن، مۇتەئەسسىپ قارا كۈچلەر پىتنە ـ ئىغۋا كۆتۈرۈپ: ‹مەخسۇت جەدىتى مەكتەپ ئاچتى، ھېساب، جۇغراپىيە دەپ بىسمىللاسى يوق بىرنېمىلەرنى ئوقۇيدىكەن، يەرنى يۇمىلاق دەيدىكەن›، دېگەندەك پىتنە ـ پاساتلارنى توقۇپ، ياڭ زېڭشىنغا ئەرز ـ شىكايەت قىلىشقان. يېڭىچە مەكتەپلەرنى ياپتۇرۇۋېتىشكە باھانە تاپالماي تۇرغان ياڭ زېڭشىن ئۇلارنىڭ ئەرز ـ شىكايەتلىرىنى كۆرۈپلا، بۇيرۇق بىلەن يېڭىچە مەكتەپلەرنى ياپتۇرۇۋەتكەن، ئوقۇتقۇچىلارنى قوغلىغان ۋە سۈرگۈن قىلغان.»[1] دېمەك، تۇرپاندا ئەمدىلا بىخ سۈرگەن مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتى جاھىل كۈچلەر تەرىپىدىن توسقۇنلۇققا ئۇچرىغان بولسىمۇ، بۇ ھەرىكەتنىڭ تەسىرى ناھايىتى زور بولغان. ياشلار ئوقۇپ كۆزنى ئېچىش كېرەكلىكىنى، ئۇخلاۋەرسە ئېزىلىۋېرىدىغانلىقىنى چۈشەنگەن، ئىلغارلىق بىلەن قالاقلىقنىڭ چېگرىسىنى ئايرىغان، يېڭى مائارىپچىلىقتا ئەكسىيەتچىلەرنىڭ قارشى تۇرىدىغانلىقى، يېڭىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن كونىلىقتا قارشى تۇرۇش كېرەكلىكىدەك خۇلاسە كىشىلەرنى تەربىيىلىگەن، شۇنىڭ بىلەن بىرگە «ئەكسىيەتچىلەرنىڭ يۆلەنچۈكى بولغان قولىدا قورالى بار ھۆكۈمرانلارغا قارشى تۇرۇش كېرەك» دېگەن ھەقىقەت خەلقنىڭ

① خېۋىر تۆمۈر: «بالدۇر ئويغانغان ئادەم».

كۆزىنى ئاچقان. شۇڭا، كېيىن «مەخسۇدىيە مەكتىپى»نىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ھەممىسى قولىغا قورال ئېلىپ، مەخسۇت مۇھىتى ۋە مەھمۇت مۇھىتىغا ئەگىشىپ، ئىنقىلابقا قاتناشقان. «شىنجاڭدىكى ‹جەدىتچىلىك› نىڭ مائارىپچىلىقتىن ئىبارەت بولغان بۇ ئەمەلىي ھەرىكىتى چوڭ تارىخىي ئەھمىيەتلىك بىر كۆرەشتىن ئىبارەت بولۇپ، شۇ ۋاقىتتىكى شارائىتتا ئۇ فېئودالىزمغا قارشى، دىنىي خۇراپاتلىققا قارشى، ئاخىرى بېرىپ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىققا قارشى ئىلغارلىق ئىدى. ئۇ گەرچە بىر ئىنقىلابىي ھەرىكەت بولمىسىمۇ، بۇرژۇئا ئىنقىلابچىلىق ئامىلىغا ئىگە ئىسلاھاتچىلىق (رىفورمىزم) ھەرىكەت بولغان. بۇ ھەرىكەت ئۇيغۇرلارنىڭ (شىنجاڭنىڭ) يېقىنقى زامان تارىخىدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ»[1].

1917 ـ يىلى ئۆكتەبىر ئىنقىلابى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن مەخسۇت مۇھىتى تېخىمۇ زور غەيرەتكە كېلىپ، تولۇپ ـ تاشقان قىزغىنلىق ۋە ئىشەنچ بىلەن يەنە بىر قېتىم موسكۋاغا سەپەر قىلغان. بۇ قېتىم مېڭىشىدا ئۇ تۇرپاندىكى تەسىرى بار يەنە بىر سودىگەر، ۋەتەنپەرۋەر، ئىلغار شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ چوڭ دادىسى مىجىت ھاجى ۋە ئەمدىلا 15 ياشقا كىرگەن ئابدۇخالىقلار بىلەن بىرگە بارغان. مەخسۇت مۇھىتى ئۇلۇغ، دېموكراتىك شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭمۇ ئۇستازى ۋە يېقىن مەسلەكدىشى بولۇپ، بۇ ھەقتە كىتابىمىزنىڭ كېيىنكى قىسىملىرىدا توختىلىمىز. مەخسۇت مۇھىتى رۇسىيىگە كەلگەن بۇ ۋاقىت دەل موسكۋا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان بىر تۈركۈم قازانلىق ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش پۈتتۈرگەن مەزگىل بولۇپ، مەخسۇت مۇھىتى ئۇلارغا شىنجاڭغا بېرىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلىش تەكلىپىنى قويىدۇ. ئۇلاردىن مۇھىببۇللا ئەپەندى، ئەلى

---

① سەيپىدىن ئەزىزى: «ئۈمۈر داستانى»، 2 ـ قىسىم، 148 ـ بەت.

ئىبراھىموف، ھېسامىدىن ئەپەندى (خىسام باۋىن)، شاھى شەرەپ، خەسەن فەھىمى ۋە گۈلەندەمدىن ئىبارەت ئالتە زىيالىي ئۆزلىرىنى مەلۇم قىلىپ، مەخسۇت مۇھىتىنىڭ خىراجىتى بىلەن شىنجاڭغا كېلىدۇ. مەخسۇت مۇھىتى ئۇلاردىن مۇھىببۇللا ئەپەندى بىلەن گۈلەندەم ئاۋۇستەيىنى ئاستانىگە، ئەلى ئىبراھىمنى تۇرپان بازىرىغا، ھېسامىدىن ئەپەندىنى گۇچۇڭغا، قالغان ئىككى ئوقۇتقۇچىدىن بىرىنى ئۇرۇمچى، يەنە بىرىنى چۆچەككە ئەۋەتىپ ئىككىنچى قېتىملىق «مەخسۇدىيە مەكتىپى»نى تەشكىل قىلىدۇ. مەخسۇت مۇھىتى بۇ ئالتە ئوقۇتقۇچىنىڭ بارلىق چىقىملىرىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشتىن باشقا، شىنجاڭغا كەلگەن كۈندىن باشلاپ مۇقىم مائاش بەلگىلەپ ئايمۇ ئاي تولۇق تەمىنلەپ تۇرغان. مۇھىببۇللا ئەپەندى بىلەن گۈلەندەم ئاۋۇستەي ئەر ـ ئايالنىڭ تۇرمۇشىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇلارغا ئۆز ھويلىسىدىن مەخسۇس ھۇجرا ئۆي جابدۇپ بەرگەن. مۇھىببۇللا ئەپەندى بۇرۇنقى ھەيدەر ئەپەندى سايرانى ئوقۇتقان مەكتەپنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ ئوقۇتۇشنى داۋاملاشتۇرغان. مەخسۇت مۇھىتى شۇ قېتىم يەنە ئاستانىدە گۈلەندەم ئاۋۇستەيىنىڭ باشچىلىقىدا بىر قىزلار سىنىپى تەشكىل قىلغان. گەرچە يەرلىك خەلق قىزلىرىنى مەكتەپكە بېرىشتە پاسسىپلىق قىلغان بولسىمۇ، مەخسۇت مۇھىتىنىڭ قايتا ـ قايتا چۈشەندۈرۈشى نەتىجىسىدە مۇھىتىلار جەمەتىنىڭ قىز ـ كېلىنلىرىنى ئاساس قىلغان ھالدا بىر تۈركۈم قىزلار ئوقۇش ئۈچۈن يىغىلغان. ئاستانە ئاياللىرىنىڭ قاراڭغۇلۇق، جاھالەت، نادانلىق ئىچىدە ياشاۋاتقانلىقىدىن قاتتىق ئېچىنغان گۈلەندەم ئاۋۇستەي بۇ قىزلارنى ئۆز ئائىلىسىدە ئوقۇتۇشقا باشلىغان. مۇھىببۇللا ئەپەندى بىلەن گۈلەندەم ئاۋۇستەيدىن ئىبارەت بۇ بىر جۈپ مەرىپەتپەرۋەر مائارىپچى تۇرپاننىڭ تومۇز ئىسسىق، زىمىستان سوغۇقلىرىغا بەرداشلىق بېرىپ، كېچە ـ كۈندۈز دېگۈدەك جاپالىق ئىشلەپ، ئاستانە

خەلقىنىڭ قەلبىگە يېڭى مائارىپ ئۇرۇقىنى چاچقان. ئۇلارنىڭ ئۈچ يىللىق جاپالىق ئەمگىكىنىڭ نەتىجىسىدە ياشلاردىن 100 دىن ئارتۇق يىگىت، 30 دىن ئارتۇق قىز يېڭى بىلىم ئىگىلىرىدىن بولۇپ قالغان. بولۇپمۇ قىزلار ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە مەدەنىي تۇرمۇشنىڭ قائىدە ـ قانۇنىيەتلىرىنى ياخشى ئۆگىنىپ، تېخنىكا جەھەتتىكى سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرگەن. گۇلەندەم ئاۋۇستەيىنىڭ قېتىرقىنىپ تەربىيىلىشى ئارقىسىدا بىر مۇنچە قىزلار ئۇنىڭ ئىزىنى بېسىپ، ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، يېڭى مائارىپ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ، بولۇپمۇ ئاياللار مائارىپىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ باشلامچىلىرىدىن بولۇپ قالغان. گۇلەندەم ئاۋۇستەي ئاستانە خەلقىنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغاچقا، تاتار تىلىنىڭ ئايال ئوقۇتقۇچىلارغا قارىتىپ ئىشلىتىلىدىغان «ئاۋۇستەي» دېگەن نامى گۇلەندەمنىڭ ھۆرمەت نامى بولۇپ قالغان.

بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، نەچچە سىنىپلىق مەكتەپ سېلىپ، چەت ئەلدىن تەكلىپ قىلغان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ۋە بارلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش خىراجىتى، مەكتەپ خىراجىتى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تەمىنات ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشى قاتارلىقلار ئۈچۈن غايەت زور خىراجەت كېتىدۇ. بۇ نۇقتىنى توغرا چۈشەنگەن مەخسۇت مۇھىتىنىڭ ئۆزىنىڭ پاراسەتلىك، بىلىملىك، رۇس تىلىنى پۇختا بىلىدىغان بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ، تىجارەت دائىرىسىنى ئىزچىل تۈردە كېڭەيتكەن. چۆچەك، گۇچۇڭ، مورى قاتارلىق جايلاردا كونتېر، دۇكانلارنى، مال ساقلاش ئىسكىلاتلىرىنى قۇرۇش بىلەن بىرگە، رۇسىيىنىڭ شەمەي، قازان شەھەرلىرى بىلەن بولغان سودىسىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. مەخسۇت مۇھىتىنىڭ چۆچەكتىكى تەسىرى، تىجارەت دائىرىسى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، بۇ يەردە ئىككى مو يەردە بېغى، 40 نەچچە

مېتىر ئۇزۇنلۇقتا 15 ئېغىزلىق ئاستى ـ ئۈستى تاختايلىق ئۆيى، نەچچە يۈز مېتىرغا سوزۇلغان، ئۈستى قاڭالتىر بىلەن يېپىلغان لاپاس، كونتېرلىرى بولغان. ياز كۈنلىرى مەخسۇت مۇھىتى ئاساسەن چۆچەكتە تۇرۇپ، رۇسىيە بىلەن مال ئالماشتۇرغان. مەخسۇت مۇھىتى بىلەن موسۇلباينىڭ ئىككىسىلا گەۋدىسى ناھايىتى زور، گوپەي كەلگەن كىشىلەر بولغاچقا، ئۇلار ئات مىنىپ چۆچەك كوچىلىرىدىن ئۆتكەندە بۇ يەردىكى قازاق ئاھالىلىرى ئۇلارغا ھەۋەسلىنىپ: «سارتىنىڭ نارلىرىغوي بۇلار!» (ئۇيغۇرنىڭ تۆگىلىرىغۇ بۇلار!) دېيىشىپ كېتىشكەن. مەخسۇت مۇھىتى ئاكىسى بىلەن بىرگە قۇمۇل، پىچان، توقسۇن، گۇچۇڭ، مورى قاتارلىق جايلارنىڭ يۇڭ، تېرىلىرىنى، پاختىسىنى مونوپول قىلىپ، رۇسىيىگە ئوبوروت قىلغان. 1917ـ يىلى چار رۇسىيە پادىشاھى نىكولاي ئاغدۇرۇلۇپ، سوۋېت كومپارتىيىسى ھاكىمىيەتنى ئىگىلىگەندە ئاكا ـ ئۇكا مۇھىتىلارنىڭ رۇسىيە چېگرىسى ئىچىدىكى نۇرغۇن مېلى «كۆيۈپ كەتكەن» (مۇسادىرە قىلىنغان). مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئۇلار قۇمۇل ۋاڭىنىڭ ئون يىللىق يۇڭ، پاختىسىنى نەق پۇل ۋە پىچان سۇبېشىدىكى چوڭ كارىزنى بېرىش (سۇ بېشىدىكى بۇ كارىز شۇنىڭدىن بۇيان كارىزنى سېتىۋالغان قۇمۇل ۋاڭى بېشىرنىڭ نامى بىلەن «بېشىرنىڭ كارىزى» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە) بەدىلىگە سېتىۋېلىپ، چۆچەككە يۆتكەپ زىياننى تولدۇرغان. شۇ مەزگىللەردە چۆچەكتىكى بارلىق بايلارنىڭ قورۇلىرى مۇھىتىلارنىڭ يۇڭ، تېرىلىرى بىلەن تولۇپ كەتكەن. ئۇلارنىڭ ئۈرۈمچىدىمۇ ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرى، دۇكانلىرى بار بولغاچقا، بۇ يەردىن قورۇ ـ جاي ئالمىغان. يەنە بىر تەرەپتىن مەخسۇت مۇھىتى ئۆزلىرىگە تەۋە بولغان مەڭگۈ بۇلاق (ئاستانە يېزىسىنىڭ بىر كەنتى، يېزا مەركىزىنىڭ 5.4 كىلومېتىر غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، چاتقال يېزىسىغا يېقىن)،

www.uyghurkitap.com

چىگىبۇلاق (چاتقال يېزىسىنىڭ ئەڭ چەت كەنتى)، خېنىمكارىز (ئاستانە يېزىسى مەڭگۈ بۇلاق كەنتىنىڭ بىر مەھەللىسى)، قاراغوجا كارىز (چاتقال يېزىسىنىڭ ئاستانە چېگرىسىدىكى كەنتى)، ھاجى كارىز (چاتقال يېزىسىنىڭ ئاستانە چېگرىسىدىكى كەنتى)، تۆت سوقما (چاتقال يېزىسى قاراغوجا كارىز كەنتىگە جايلاشقان بىر مەھەللە)، مۇجاڭ كارىز (ھازىرقى تۇرپان شەھىرىنىڭ چاتقال يېزا قاراغوجا كارىز كەنتى تەۋەسىدە)، ياڭخى (پىچان ناھىيە تۇيۇق يېزىسىغا قاراشلىق تۆت كەنتنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى) قاتارلىق جايلاردىكى كارىزلىرىنى ياخشى باشقۇرغان. بۇ كارىزلارنىڭ ئاستانە، قاراغوجا تەۋەسىدە بولماي، بۇ ئىككى يۇرتنىڭ چېگرىسىدا ياكى باشقا قوشنا يۇرتلاردا بولۇشى، تۇرپاننىڭ ھەممە يېزا، بازارلىرىدا دېگۈدەك ئومۇملاشقان كارىزنىڭ قاراغوجا، ئاستانىلەردە يوق بولۇشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، بۇ ئىككى يېزىنىڭ سۇ مەنبەسى تارىختىن بۇيان مۇرتۇق جىرالىرىدىن ئېقىپ كېلىدىغان ئەلۋەك سۇ بىلەن كاپالەتكە ئىگە بولۇپ تۇرغاچقا، بۇ ئىككى يۇرتتا كارىز ئاساسەن چېپىلمىغان؛ شۇڭا مۇھىتىلار قوشنا جايلاردىكى كارىزلارنى ئىگىلىك تىكلەشنىڭ مەنبەسى قىلغان. مۇھىتىلارنىڭ بۇ كارىزلارنى ئاساس قىلغان ھالدا 40 مىڭ موغا يېقىن يېرى بار بولۇپ، 1925 - يىللىرى بۇ يەرلەر ۋە مىراسلار مۇھىتىلار جەمەتىدىكى پەرزەنتلەرگە بۆلۈپ بېرىلگەن. دېمەك، يۇقىرىقىلاردىن مۇھىتىلار جەمەتىنىڭ ئىگىلىگىنىڭ نەقەدەر زور ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. شۇڭا، مەخسۇت مۇھىتى كېيىنكى ۋاقىتلاردا «مەخسۇت باي» دەپ ئاتالغان ۋە مۇشۇ بايلىقى بىلەن غايەت زور مەبلەغ كېتىدىغان مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتىنى ۋە دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ بىر قىسىم چىقىمىنى ئىقتىسادىي كاپالەتكە ئىگە قىلغان.

ئىككىنچى قېتىملىق «مەخسۇدىيە مەكتىپى» نىڭ

ئوقۇغۇچىلىرى ئوقۇتقۇچىغا ھەر ئايدا بىر سەردىن كۈمۈش تەڭگە پۇل تۆلەپ تۇرغان، مەكتەپكە كېرەكلىك باشقا خىراجەتلەرنى مەخسۇت مۇھىتى ئۆز يېنىدىن چىقىم قىلغان. شۇ ۋاقىتلاردا سوۋېتتىن كەلگەن شاھى شەرەپ دېگەن ئوقۇتقۇچى تاھىربەگ ئەپەندىنىڭ تەكلىپى بىلەن لوكچۇنگە بېرىپ، تاھىربەگ ئەپەندى ئاچقان «تاھىرىيە مەكتىپى»دە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. بىر مەزگىلدىن كېيىن لوكچۇندىكى ۋاڭلارنىڭ «جەدىت» دەپ ھاقارەتلىشىگە ئۇچراپ، شۇ ۋاقىتتىكى ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ، بوينىغا زەنجىر تاقاق سېلىنىپ، ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كېتىلىپ، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان. مۇھەببۇللا ئەپەندى 1921- يىلى كېسەل سەۋەبى بىلەن ئاستانىدە ۋاپات بولغان (ئۇنىڭ قەبرىسى ھازىرمۇ ئاستانىدىكى ئەلپەتتاھ غوجام مازىرىنىڭ مۇھىتىلار جەمەتى قەبرىستانلىقىدا بولۇپ، مەخسۇت مۇھىتىنىڭ قەبرىسى بىلەن بىللە) . گۈلەندەم ئاۋۇستەي ئوغلى پاتىخ بىلەن تۇل قالغاندىن كېيىن يەنە بىر مەزگىل ئىشلىگەن. 1922 - يىلى ئۇ ئۈرۈمچى ئارقىلىق چۆچەككە بېرىپ، ئىككى مەكتەپ تەسىس قىلغان. ئۇنىڭ بىرىگە كىشىلەر مۇشۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ شەرىپى ئۈچۈن «مەكتىپى گۈلەندەمىيە» دەپ نام بەرگەن، ئىككىنچىسى مەخسۇت مۇھىتىنىڭ نامى بىلەن «مەكتىپى مەخسۇدىيە» دەپ ئاتالغان. «ئۇيغۇر ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر يېڭى مائارىپىنىڭ ئايال مەنۋى ئىنژېنېرى» دەپ نام ئالغان گۈلەندەم ئاۋۇستەي ئىسمى - جىسمىغا لايىق ھەقىقىي مەرىپەت باغۋەنى ئىدى. گۈلەندەم ئاۋۇستەي تاتار مىللىتىدىن بولۇپ، 1889 - يىلى 18 - ئاۋغۇستتا رۇسىيىنىڭ قازان شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن، چۆچەك شەھىرىدە ئۆسۈپ چوڭ بولغان. كىچىكىدىن باشلاپ دىنىي مەكتەپتە ۋە ئائىلىسىدە ئاتىسىنىڭ قولىدا ئوقۇپ، ساۋاتلىق بولغان ۋە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ، كىتاب، گېزىت - ژۇرناللارنى كۆپ كۆرۈش

www.uyghurkitap.com

ئارقىلىق بىلىمىنى ئۆزلۈكسىز كۆپەيتكەن. 1910 - يىلى چۆچەك شەھىرىنىڭ ئەڭ ئىلغار مۇئەللىملىرىدىن ھېسابلانغان مۇھىببۇللا ئابدۇللىن ئىسىملىك تەرەققىيپەرۋەر، يېڭىلىقنى سۆيگۈچى مۇئەللىمگە تۇرمۇشلۇق بولغان، بۇ تۇرمۇش گۈلەندەم ئانىنىڭ مەرىپەتلىك ئادەم بولۇپ چىقىشىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسەتكەن. 1911 - يىلى 20 - سېنتەبىردە ئىلغار پىكىرلىك يولدىشى مۇھىببۇللا ئەپەندىنىڭ قىزغىن قوللىشى ۋە ئۆزىنىڭ ئاياللار مائارىپىنى يولغا قويۇش قىزغىنلىقىغا ئاساسەن ئۆز ئۆيىدە تارباغاتاي تارىخىدىكى تۇنجى قىزلار مەكتىپىنى ئاچقان. گۈلەندەم شۇنىڭدىن باشلاپ بارلىق ئۆمرىدىنى ئوقۇتقۇچىلىققا بېغىشلاپ، يېڭىچە مائارىپ يولىغا قەدەم تاشلىغان. ئەينى ۋاقىتتىكى كونىچە مائارىپ ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلىپ، يېڭىچە ئوقۇتۇش شەكلىنى يولغا قويغان. قىزلار مەكتىپىدىكى ئوقۇغۇچىلارنى بىرىنچى سىنىپتىن ئۈچىنچى سىنىپقىچە ئۈچ سىنىپقا ئايرىپ بىلىم سەۋىيىسىگە ئاساسەن ھېساب، ئانا تىل، جۇغراپىيە قاتارلىق ئاساسىي پەنلەردىن دەرس ئۆتكەندىن باشقا، ھەپتىسىگە ئىككى قېتىم دىن دەرسى ئۆتۈشنى ئورۇنلاشتۇرغان. بۇ خىل ئۇسۇل مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ قارشىلىقىنى پەسەيتىشتە مۇھىم رول ئويناپ، خەلقنىڭ قىزغىن قوللىشىغا ئېرىشكەن، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانىمۇ يىلدىن - يىلغا كۆپەيگەن. ئۇنىڭدىن باشقا گۈلەندەم ئاۋۇستەي يەنە ئۆز مەكتىپىدىكى قىزلارغا ياش قۇرامى ۋە قىزغىنلىقىغا قاراپ تىكىمچىلىك ۋە كەشتىچىلىك ھۈنەر - سەنئەتلىرىنى ئۆگەتكەن.

ھەر خىل كۈچلەرنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈشنى قولغا كەلتۈرۈش مەقسىتىدە، ئوقۇغۇچىلاردىن ئېلىنىدىغان يىللىق ئىمتىھانغا يۇرت مۆتىۋەرلىرىنى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرىنى تەكلىپ قىلىپ قاتناشتۇرغان، شۇنداقلا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىمتىھان نەتىجىلىرىنى بىر يىللىق ئەخلاق ۋە

ئىنتىزام جەھەتتىكى باھالىنىش ئەھۋاللىرىنى يىغىن قاتناشقۇچىلىرىغا نەق مەيداندا ئېلان قىلىش بىلەن بىرگە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشلىگەن ھەر خىل رەشلىيە، كانىۋاي، ھۈنەر- سەنئەت بۇيۇملىرىنى ئاما ئالدىدا كۆرگەزمە قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، نەتىجىسى ياخشى بولغان ئوقۇغۇچىلارنى تەقدىرلەشنى ئېلىپ بارغان. بۇ خىل ئۇسۇل - چارىلىرى ئارقىلىق گۇلەندەم ئاۋۇستەي كەڭ ئاممىنىڭ قىزغىن قوللىشىغا ۋە ماختىشىغا سازاۋەر بولغان. دەل مۇشۇ ۋاقىتلاردا مەخسۇت مۇھىتى غەيرەتكە كېلىپ ئىككىنچى قېتىم رۇسىيىگە بېرىپ زىيالىيلار بىلەن قايتا ئۇچراشقان. ھېسامىدىن ئەپەندى (خىسام باۋىن)، شاھى شەرەپ ۋە خەسەن فەھمى قاتارلىق ئوقۇتقۇچىلارنى شىنجاڭغا ئېلىپ كېتىش تەكلىپىنى بەرگەن. مەخسۇت مۇھىتىنىڭ تەكلىپىگە ئۇلار ئاخىرى قوشۇلغان. چۆچەككە كەلگەندە مۇھىبۇللا ئەپەندى بىلەن گۇلەندەم ئاۋۇستەينى تۇرپانغا بېرىشقا تەكلىپ قىلغان. مۇھىبۇللا ئەپەندى بىلەن گۇلەندەم ئاۋۇستەي چۆچەك خەلقىدىن، شۇنداقلا ئون يىلدىن بۇيان تەربىيىلەپ كېلىۋاتقان شاگىرتلاردىن ئايرىلغۇسى كەلمىگەن. بولۇپمۇ گۇلەندەم ئاۋۇستەيگە ئۆزى تەربىيىلەپ كېلىۋاتقان قىز ئوقۇغۇچىلاردىن ئايرىلىش ئىنتايىن ئېغىر تۇيۇلغان، شۇنداقتىمۇ ئۆز ھاياتىنى خەلقنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا، ئاياللارنىڭ ئازادلىق يولىغا بېغىشلىغان مۇھىبۇللا ئەپەندى ۋە گۇلەندەم ئاۋۇستەيلەر قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، مەخسۇت مۇھىتىنىڭ تەكلىپى بويىچە 1919 - يىلى 9 - ئايدا تۇرپان ئاستانىگە كېلىپ، ھەيدەر ئەپەندى ئاچقان مەكتەپنى ئۆتكۈزۈپ ئېلىپ، ئوقۇتقۇچىلىقنى داۋاملاشتۇرغان.

1922 - يىلى 3 - ئايدا مۇھىبۇللا ئەپەندى بەختكە قارشى كېسەل سەۋەبى بىلەن ئاستانىدە ئالەمدىن ئۆتكەن. بۇ تاسادىپىي ئايرىلىش گۇلەندەم ئاۋۇستەي ئۈچۈنلا ئەمەس، پۈتۈن ئاستانە

خەلقى ئۇچۇن چوڭ بىر يوقىتىش بولغان. يولدىشىدىن ئايرىلىپ بىر بالىسى بىلەن قالغان گۈلەندەم ئاۋۇستەيىنىڭ تۇرمۇشى قىيىنچىلىقتا قالغان. بۇ چاغدا مەخسۇت مۇھىتىنىڭ ماددىي ياردىمى بىلەن چۆچەككە كۆچۈپ كەتكەن.

خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇپ كېلىۋاتقان گۈلەندەم ئاۋۇستەيىنىڭ قايتىپ كېلىشىنى چۆچەك خەلقى قىزغىنلىق بىلەن قارشى ئېلىپ، ئۇنىڭ يەنىلا مائارىپ خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرۇشىنى تەلەپ قىلغان. خەلق تىلىكىنى ئورۇنداشنى مۇقەددەس بۇرچۇم، دەپ بىلگەن گۈلەندەم ئاۋۇستەي ئۆز ئۆيىدە قىزلار مەكتىپىنى ئاچقان. ئوقۇغۇچىلار سانى كۈندىن - كۈنگە كۆپەيگەن. لېكىن، ئوقۇتۇش شارائىتىنىڭ ناچارلىقى ئۇنى قىيىنچىلىقتا قالدۇرغان. نەتىجىدە يەر ئېلىپ مەكتەپ سېلىش قارارىغا كەلگەن. ئەينى ۋاقىتتا يولدىشى مۇھىبۇللا ئەپەندىدىن قالغان 1000 سەر پۇلغا ئۆزى ئىقتىساد قىلىپ توپلىغان 2000 سەر پۇلنى قوشۇپ، 1928 - يىلى چۆچەك شەھىرىدىكى كۆك كۆۋرۈكنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى ئۆستەڭ بويىدىن بىر بۆلۈك يەر سېتىپ ئالغان. بۇنىڭدىن تەسىرلەنگەن مۇھىبۇللا ئەپەندىنىڭ شاگىرتلىرى 1000 سەر پۇل ئىئانە توپلاپ، ياردەم قىلغان. نەتىجىدە، بۇ مەكتەپنى 1928 - يىلى 9 - ئايدا پۈتتۈرۈپ ئوقۇش باشلىغان. چۆچەك خەلقى بۇ مەكتەپنى گۈلەندەم ئاۋۇستەيىنىڭ نامىدا «گۈلەندەمىيە» مەكتىپى دەپ ئاتىغان. لېكىن، گۈلەندەم ئاۋۇستەي ئۆزى بولسا باشقىلارنىڭ ئۆيىنى ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرغان.

1934 - يىلى «گۈلەندەمىيە مەكتىپى»نى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت دۆلەت ئىلكىگە ئۆتكۈزۈپ ئېلىپ، مەكتەپ نامىنى «چۆچەك 1 - قىزلار مەكتىپى» دەپ ئۆزگەرتكەن. ئەمما، چۆچەك خەلقى بۇ مەكتەپنى يەنىلا «گۈلەندەمىيە مەكتىپى» دەپ ئاتاپ كەلگەن.

1937 - يىلى تۇرپان ئاستانىدىكى مەخسۇت مۇھىتىنىڭ پەرزەنتلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئوقۇش پۈتتۈرۈپ قايتىشىدا چۆچەككە كېلىپ گۇلەندەم ئاۋۇستەي بىلەن كۆرۈشكەن. ئۇلار گۇلەندەم ئاۋۇستەي ئاچقان مەكتەپ ئورنىنىڭ تارچىلىقىنى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ بۆلۈنۈپ بىر قانچە ئورۇندا ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئەينى يىللاردا دادىلىرى چۆچەكتە قۇرغان «ئۇيغۇرىستان كانتوراسى» (شىركىتى) نىڭ قورۇسىنى پايدىلىنىپ تۇرۇش ئۈچۈن «گۇلەندەمىيە مەكتىپى» گە تەقدىم قىلغان. شۇنىڭ بىلەن «گۇلەندەمىيە مەكتىپى» ۋە ئۇنىڭ شۆبە مەكتەپلىرىنىڭ ھەممىسى «ئۇيغۇرىستان كانتوراسى» نىڭ قورۇسىغا كۆچۈپ بارغان. گۇلەندەم ئاۋۇستەينىڭ توققۇز يىل مەكتەپ ئورنىدا ئىشلىتىلگەن ئۆيى مانا شۇندىن ئېتىبارەن ئۆزىگە تەئەللۇق بولغان، كېيىن بۇ مەكتەپ يەنە مەخسۇت مۇھىتىنىڭ نامى بىلەن «مەخسۇدىيە مەكتىپى» دەپمۇ ئاتالغان.

مەكتەپكە ئۆزگەرگەندىن كېيىن سەككىز سىنىپقا بۆلۈنگەن 255 نەپەر ئوقۇغۇچى ۋە 14 نەپەر ئوقۇتقۇچىنى چوڭقۇر شادلىققا چۆمدۈرگەن. ئۇلار مەخسۇت مۇھىتى ۋە ئۇنىڭ پەرزەنتلىرىگە چوڭقۇر تەشەككۈر بىلدۈرگەن. ئومۇمەن گۇلەندەم ئاۋۇستەي شىنجاڭ ئاياللار مائارىپىنى بارلىققا كەلتۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش يولىدا 44 يىل كۈرەش قىلىپ، 1955 - يىلى چۆچەك شەھىرىدە دەم ئېلىشقا چىققان. 1973 - يىلى 84 يېشىدا سوۋېت ئىتتىپاقىدا ۋاپات بولغان.

گۇلەندەم ئاۋۇستەي ئۇزاق مۇساپىلەرنى، چۆل - جەزىرىلەرنى كېزىپ، ئۇيغۇرلار يۇرتىغا كېلىش بىلەن تۇرپاننىڭ پىژغىرىم ئىسسىقلىرىدا، چۆچەك ۋە ئىلىنىڭ قەھرىتان سوغۇقلىرىدا چىدام بىلەن ئىشلەپ، ئۇيغۇر مائارىپى ئۈچۈن پۈتۈن ھاياتىنى بېغىشلىغان. ئۇنى ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ «سۆيۈملۈك ئانىسى» دەپ تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىككىنچى قېتىملىق «مەخسۇدىيە مەكتىپى» نىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتى خېلى يۇقىرى بولۇپ، بۇ مەكتەپتە ئوقۇپ چىققان كۆپلىگەن ئوقۇغۇچىلار كېيىنكى چاغلاردا باشقا جايلارغا بېرىپ، مەكتەپ ئاچقان ياكى تايانچ ئوقۇتقۇچىلاردىن بولۇپ قالغان. مۇھەببۇللا ئەپەندىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن مەخسۇت مۇھىتىنى ئىزچىل قوللاپ كېلىۋاتقان ئاكىسى موسۇل مۇھىتى ئۇرۇمچىدە تۇرۇۋاتقان «مەخسۇدىيە مەكتىپى» نىڭ تۇنجى قارار ئوقۇغۇچىسى ئاستانىلىك ئابباس نەجىبىنى تەكلىپ قىلىپ، ئاستانىدە بىر سىنىپلىق مەكتەپ ئاچقان. سوۋېتتىن كەلگەن ئوقۇتقۇچىلاردىن ھېسامىدىن ئەپەندى ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن چۆچەككە بېرىپ، شۇ جايدىكى «بىزنىڭ تاۋۇش» گېزىتىدە تەھرىر بولۇپ ئىشلەپ، 1955 ـ يىلى سوۋېتكە قايتىپ كەتكەن. ئەلى ئىبراھىموف تاكى 1975 ـ يىلىغىچە شىنجاڭدا ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلەپ ۋە مائارىپ خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ ئالەمدىن ئۆتكەن.

1927 ـ يىلى مەخسۇت مۇھىتى تۇرپان يېڭىشەھەردە پىچانلىق ئىسكەندەر خوجا قاتارلىقلار بىلەن بىرگە «ئاقارتىش بىرلەشمىسى» نامىدا بىر مەرىپەت جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرۇپ، 3000 سەر كۇمۇش ئىئانە توپلىغان. بۇ پۇل بىلەن يېڭىشەھەردىكى نىياز سەيپۇڭ دېگەن كىشىنىڭ قورۇسىدا بىر يېڭى مەكتەپ، كېيىنكى يىلى يەنە يېڭىشەھەر ئاق سارايدا «ھۆررىيەت مەكتىپى»، كونا شەھەر غەربىي قوۋۇقتا بىر مەكتەپ ئاچقان. بۇ مەكتەپلەردە ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىر قىسمى كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا چىقىپ، قايتىپ كەلگەندىن كېيىن مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ سەركەردىلىرىگە ئايلانغان. مەخسۇت مۇھىتى يەنە رۇسىيىنىڭ قازان شەھىرىدىن دىنىي ۋە پەننىي بىلىمدە توشقان زىيالىي مۇرات ئەپەندىنى شىنجاڭغا ئېلىپ كېلىپ، ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىگە ئورۇنلاشتۇرغان. مۇرات

ئەپەندى 1930 ـ يىللارغىچە مەخسۇت مۇھىتى تۇرپان ئاستانە ۋە چۆچەكلەردە ئاچقان مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان.

1931 ـ يىلى مەخسۇت مۇھىتىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن تۇنجى قارار «مەخسۇدىيە مەكتىپى» نىڭ ئوقۇغۇچىلىرىدىن بولغان يەرلىك كىشىلەردىن ئابدۇروسۇل قەييۇمى، دۆگامەت خۇديارىلارنىڭ ئوقۇتقۇچىلىقىدا ئاستانىدە بىر سىنىپلىق مەكتەپ ئېچىلغان. بۇ مەكتەپنىڭ تەمىناتى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاشى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ قەلەم، دەپتەرلىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى مەخسۇت مۇھىتى تەمىنلىگەن. شۇنىڭ بىلەن ئاستانىدە سىرتتىن ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىش تارىخىغا خاتىمە بېرىلگەن. بۇ مەكتەپتە ھەمدۇللا نىياز، ئابدۇل روزى، ئابدۇۋاھىت توختىھاجى، ئابلىز شېرىپى، ئىسمايىل مۇزۇل، ئەيسا نىياز، ئابلىمىت مۇھىتى، ئابدۇراخمان مۇھىتى، قادىر ھەسەن، ئەيسا مەنشا، ئابدۇللا ئوشۇروف، ئابدۇرېشىت مۇھىتى، ئەنۋەر مۇھىتى، ئابلېتىپ باقى قاتارلىقلار ئوقۇغان. بۇ مەزگىلدە ئوقۇتۇش ئىشلىرى تەرەققىي قىلىپ، يېڭىچە مەكتەپتە ئوقۇيدىغان ياشلارمۇ كۆپەيگەن. ئوخشاش كىيىم كىيىپ، رەتلىك تىزىلىپ، مەكتەپ ھويلىسىدا كۆرەك ئۆتكۈزۈۋاتقان ئوقۇغۇچىلار، جاراڭلىق ئاۋازى بىلەن:

جامىڭ ئاتاڭ چىڭگىزخانى،
نامىڭ ئۇيغۇر تۇرك خانى.
سەندە ئوتقۇل يۇرەك،
دۇشمىنىڭ كىم ھەمرانى.

ئوقۇت مېنى ئەزىز ئاتام،
ئوقۇتمىساڭ تاشتەك قاتاڭ.
ھېچنىمە كۆرمەي، ھېچنىمە بىلمەي،
ئىختىيارسىز بىكار ياتاڭ.

بىرلەشىلىڭ مەكتەپ ئاچىلىك،
نادانلىقنى ئاستىق باسىلىك.
شۇنداق قىلىپ بىز ياشلارنىڭ،
ئىلىم بىلەن كۆزىن ئاچىلىك.

يىغلاتماڭىز بىز ياشلارنى،
تۆكتەرمەڭىز كۆز ياشلارنى.
زىنھار ئانام، ئاتام زىنھار،
ئوقۇتتىڭىز بىز ياشلارنى.

زامان ھازىر شۇنداق زامان،
ئوقۇمىغان ئىتتىن يامان.
ئوقۇغانلار بولۇر ئامان،
ئوقۇتتىڭىز بىز ياشلارنى.

قوپ ئى ئاداش بىر ئەتراپىقا باق،
باق نە كۆرەرسەن ئويلاغىل ئۇزاق.
دەرسۇ ئېرەكلەر بېرىر بۇ، جاھاندا،
ياۋروپالاردىن ئال ئەمدى ساۋاق.

دېگەندەك شېئىر - ناخشىلارنى ئوقۇغىنىدا ئەتراپتا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ تۇرغان خەلقلەر ئىختىيارسىز ئۆز پەرزەنتلىرىگە مازⓘ بولۇشۇپ، ئۇلارغا ئاپىرىن ئېيتىشقان.

1931 - يىلى مەخسۇت مۇھىتى ئوغۇللىرى ئەنۋەر، ئابدۇرېشىت ۋە قېيىنىسى قاسىم پەرسانى تۆگە كارۋىنىغا قوشۇپ، نۇرغۇن چوكا ئالتۇنلار بىلەن تيەنجىنگە ئوقۇشقا ماڭغۇزغان. بۇ ئىككىيلەننى بىلىم ئېلىش ئۈچۈن ئاستانە

ⓘ تورپان شېۋىسى — ھېرىس بولماق.

يېزىسىدىن تۇنجى بولۇپ چوڭ شەھەرلەرگە ماڭغان كىشىلەر دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ. بەختكە قارشى ئۇلار لەنجۇغا يېتىپ كەلگەندە ما جۇڭيىڭ ئۇلارنى تۇتۇۋېلىپ، مال ـ دۇنياسىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن ئۆزى بىلەن بىللە قومۇلغا ئېلىپ كېلىپ، خوجىنىياز ھاجىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن.

شۇنىڭدىن كېيىن مەخسۇت مۇھىتىنىڭ تەسىرى، «مەخسۇدىيە مەكتىپى» ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن ئىدىقۇت زېمىنىنىڭ ھەممىلا جايىدا يېڭىچە مەكتەپلەر كەينى ـ كەينىدىن ئېچىلىشقا باشلىغان. 1930 ـ يىلى تۇرپان كونىشەھەر جەنۇبىي قوۋۇقتىكى قارىي ھاجىمنىڭ مەسچىتى يېنىدا، لېتىپ ئەپەندى بىر سىنىپلىق مەكتەپ ئېچىپ، سەيپۇللايوف، سەدۇللا نەجىبى، زەينۇللا ئەسلا، لېتىپ ھامىل، ئابدۇرېھىم ئەمتاجى، ھېمىت خالىق، خوجابدۇللا ئايۇپ، ئىسمايىل ئىسلام قاتارلىق 30 بالىنى ئوقۇتقان. نى شەنجاڭ (نىياز ھاجى) نىڭ ئوغلى ئابدۇرازاق يېڭى شەھەردىكى قورۇسىدا بىر سىنىپلىق مەكتەپ ئاچقان. ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتقۇچىغا ھەر ئايدا بىر سەردىن پۇل تۆلەپ ئوقۇغان.

1932 ـ يىلى تۇرپاننىڭ غەربىي شىمالىدىكى بەگلەر مەھەللىسىدە «يار داۋىيە مەكتىپى» قۇرۇلۇپ، مۇھەممەت زەئىدى 40 بالىنى ئوقۇتقان. 1933 ـ يىلى يار مەكتەپ قۇرۇلۇپ ئۈچ سىنىپتا 105 نەپەر ئوقۇغۇچى ئوقۇغان. ئوقۇتقۇچىلىرى ئابدۇرېھىم ھوشۇر، ئابلا خانلار بولغان. شۇ يىللاردا يېڭىشەھەردە ئاغا ـ ئىنى پى لاۋسى، كى لاۋسى ئىككى كىشى تۆت سىنىپلىق بىر مەكتەپ ئاچقان. 1935 ـ يىلى ئاستانىدە بىر سىنىپ قىزلار سىنىپى تەشكىل قىلىنغان، ئوقۇتقۇچىلىقنى ئابدۇرۇسۇل قەييۇمىنىڭ ئايالى ئايشەمخان بىلەن مەخسۇت مۇھىتىنىڭ قىزى پاتەمخان ئۈستىگە ئالغان. بۇ سىنىپتا مەريەم سەلىمى، ئامىنە خالىدى، سائادەت ئىبراھىم، سائادەت مۇھىتى

قاتارلىق ئوقۇغۇچىلار ئوقۇغان، ئۇلار مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن تايانچ ئايال ئوقۇتقۇچىلاردىن بولۇپ قالغان. 1934 ـ يىلى ئاپرېل ئۆزگىرىشىنىڭ تەسىرى ۋە مەھمۇت مۇھىتىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئاستانىدە بىر سىنىپلىق مەكتەپ تەشكىل قىلىنغان. ئوقۇتقۇچىلىقنى دۇگامەت خۇدىيارى ئۈستىگە ئالغان، مەكتەپنىڭ خىراجىتىنى مەخسۇت مۇھىتىنىڭ بالىلىرىغا ۋاكالىتەن ئابدۇللا پەرسا تەمىنلەپ تۇرغان. 1935 ـ يىلى بۇ مەكتەپ ھۆكۈمەت تەمىناتىغا ئۆتكەن. شۇ يىلى ئاستانە ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن ئالتە يىللىق سىستېمىدىكى بىر سىنىپلىق مەكتەپ تەشكىل قىلىنغان، ئوقۇتقۇچىسى ئىمىر خوجا بولغان. 1935 ـ يىلى شىنجاڭ ئۆلكىسىگە مۇئاۋىن رەئىس بولغان خوجىنىياز ھاجىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن بىر خەنزۇچە ئوقۇتۇش سىنىپى تەشكىل قىلىنغان، ئوقۇتقۇچىلىقنى پىچان تۇيۇقلۇق ساۋۇت ئۈستىگە ئالغان. مەكتەپ تەمىناتىنى بىر يىل خوجىنىياز ھاجى تەمىنلىگەن، كېيىن بۇ مەكتەپ ھۆكۈمەت تەمىناتىغا ئۆتكەن. 1939 ـ يىلى بۇ سىنىپتا خەنزۇچە ئوقۇتۇش توختىتىلىپ، ئۇيغۇر سىنىپلارغا قوشۇۋېتىلگەن، بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى 1939 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئوقۇش پۈتتۈرگەن.

بۇ يىللاردا ئوقۇغۇچىلاردىن ئىمتىھان ئېلىشتا ئاتا ـ ئانىلارنى قاتناشتۇرۇپ، ئېغىزچە ئىمتىھان ئېلىنغان بولۇپ، ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنىڭ ئوقۇشىدىن رازى بولۇپ، ئوقۇتقۇچىلارغا بىر كىيىملىكتىن رەخت سوۋغا قىلغان. 1934 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى مائارىپىنىڭ تەسىرى بىلەن ئاستانە بەش قىشلاق بىۋاستە قاراشلىق تارماق ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى قۇرۇلۇپ، مەدەنىي مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئورگىنى تەسىس قىلىنغان. شۇنىڭ بىلەن بەش قىشلاقتىكى 32 سىنىپ تارقاق ھالدا تەشكىللەنگەن، مەكتەپ ئورۇنلىرى شەخسلەرنىڭ قورۇلىرىدا بولغان. مائارىپ خىراجىتىنى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى

خەلقتىن ئۆشرە ـ زاكات، قۇربانلىق ئۇچەي ـ تېرىلەرنى يىغىش، ئىئانە توپلاش ئارقىلىق ھەل قىلغان. 1937 ـ يىلى ئاستانە ساقچىخانىنىڭ باشلىقى، قوشۇمچە ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى ھەسەن ئەلىيوفنىڭ تەشەببۇسى، ئاستانىدىكى ھاللىق سەككىز ئائىلىنىڭ ھەر بىرى بىردىن سىنىپ سېلىپ بېرىشى نەتىجىسىدە سەككىز سىنىپلىق مۇنتىزىم بىر مەكتەپ مەيدانغا كەلگەن.

1934 ـ يىلى تۇرپان ناھىيىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئاستانە بىۋاسىتە تارماق ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى مەخسۇت مۇھىتىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى پىلانىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئالتە ئايلىق ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈش كۇرسى ئاچقان. كۇرسقا تۇرپان، توقسۇن، پىچان ئۈچ ناھىيىدىن 50 نەپەر ئادەم تەكلىپ قىلىنىپ، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى كۆپەيتىلگەن. ئوقۇتقۇچىلىق كۇرسىغا ئابدۇروسۇل ئەپەندى، دۇگامەت خۇدىيارى ئەپەندى، ئابدۇرېھىم توختىنىيازلار مەسئۇل بولغان. ئوقۇتقۇچىلىق كۇرسىدىن كېيىن كۇرسانتلار تۇرپاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ئورۇنلىشىپ، مەكتەپلەرنى ئاچقان. بۇ مەكتەپلەرنىڭ ئىقتىسادى ئۇيغۇر ئۇيۇشما تەرىپىدىن يىغىلغان ئۆشرە ـ زاكاتتىن بېرىلگەن. ئوقۇتقۇچىنىڭ ئايلىق ئىش ھەققى ئۈچۈن ئىككى كۈرە بۇغداي ۋە ئازغىنە پۇل بېرىلگەن. شۇنىڭدىن كېيىن تۇرپاندا يەمشى مەكتەپ، چاتقال مەكتەپ، باغرى مەكتەپ، بۇيلۇق مەكتەپ، لامپا گۆڭشاڭ مەكتەپ، يارغول مەكتەپ، لۇزۇن مەكتەپ، جاپپار ئىمام مەسچىتىدىكى مەكتەپ، جەنۇبىي قوۋۇق مەكتەپ، يېڭىشەھەر رەئىس ئاخۇن مەسچىتىدىكى مەكتەپ، سىڭگىم مەكتەپ، قاراغوجا مەكتەپ، مۇرتۇق مەكتەپ، پاقابۇلاق مەكتەپ، ئاستانە ئوغۇللار مەكتىپى، ئاستانە قىزلار مەكتىپى، يېڭىشەھەر مۇھەندىيە مەكتىپى، يېڭىشەھەر ـ كونىشەھەر خەنخۇي مەكتەپ قاتارلىق 18 ئورۇندا

30 سىنىپ ئىچىلىپ، 1029 نەپەر ئوقۇغۇچى ئوقۇغان. ئوقۇتقۇچىلىرى ئىسمايىل ئىسلام پەخىردىن، ئابدۇۋاھىت، نەمتۇل قارىي، ئابدۇرېھىم نۇرۇل، ئىمىن ئەپەندى، نەسرۇللا ئەپەندى، ئابدۇراخمان پازىلى، ئابلىم سەئىدى، ئىلى سوۋروف، ئەنەيتۇللا ئەپەندى، ئابلىز خالىق، قاسىم سادىر، ئابدۇرېھىم ئابدۇراخمان، قاسىم ھابىلى، ھەمدۇللا نىياز، ئىلى ئەپەندى، لىتىپ ھامىل، ئابدۇرۇسۇل ئەپەندى، تىيىپ ئابدۇللا، ۋەكىل قارىي، ئايشەم ئاۋۇستەي، پاتەم ئاۋۇستەي، مويدىن ئەپەندى قاتارلىقلار بولغان.

1932 ـ يىلى تۇرپان ئاستانىدە قۇمۇلدىكى خوجىنىياز ھاجى يېتەكچىلىك قىلغان دېھقانلار ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى بىلەن دېھقانلار قوزغىلىڭى باشلانغان، «مەخسۇدىيە مەكتىپى» دە ئوقۇغان كۆپ قىسىم ياشلار مەھمۇت سىجاڭ رەھبەرلىكىدە ئىنقىلابقا قاتنىشىپ قەشقەرغىچە بارغان. 1934 ـ يىلى مەھمۇت مۇھىتى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن سۆزلىشىپ ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مەمۇرىي ھوقۇق فاكۇلتېتىدا ۋە لېنىن نامىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ھەربىي مەكتەپتە ئوقۇش ئۈچۈن بىر تۈركۈم ياشلارنى چىقارغان. بۇ ياشلاردىن قۇربان سەئىدى، ئابدۇللا ئەپەندى، سايىم ئاخۇن، ئەخمەت مەخسۇملار. . . لېنىن نامىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ھەربىي مەكتەپتە؛ ئابدۇراخمان مۇھىتى، ئابدۇرېھىم مۇھىتى، ئابدۇرېشىت مۇھىتى، ئەنۋەر مۇھىتى، ئابلىمىت مەخسۇدوف، ئەيسا نىياز، قادىر ھەسەنوف، ئىسمايىل ھېۋزۇللايوف، ئابدۇللا ھوشۇروف، ھەسەن كېرىم، باۋۇدۇن يۇسۇپ، ئابلىمىت نىياز، ئابلىمىت مۇھىتى، ئەبەيدۇللا رەۋەيدۇللايوف، ھوشۇر كېرىم، ئابلىز شېرىپى، سەدۇللا شويى، مەدەنشا شويى، قاسىم پەرسا، سەدۇللا ھەيۋول، سەيپۇللايوف، ئابدۇۋاھىت توختاجى قاتارلىقلار ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مەمۇرىي ھوقۇق فاكۇلتېتىدا

ئوقۇغان.
1938 ـ يىلى ئابدۇراخمان قاسىم، ئابلىمىت شېرىپىلار ئۈرۈمچى سۇ ئىشلىرى تېخنىكومىغا، رەجەپ توختى ئۆلكىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپكە، تۇرسۇن ۋاھىدى، ئەنۋەر يۇسۇپ، رازاق نىياز، ئەيسا يۇسۇپ، يۇسۇپ ئىلىياس، مۇقىيىت يۇسۇپ، جېلىل مەخمۇت، كارامەت ئىسلام، ئابدۇراخمان ساۋۇر، ھادى قەدى قاتارلىقلار ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىنگە، سىراجىددىن زىپەر، سالاھىددىن ھوشۇرلار ئۆلكىلىك مەدەنىيەت كادىرلار يېتىشتۈرۈش مەكتىپىگە ئوقۇشقا بارغان.
1940 ـ يىللاردا، تۇرپاننىڭ مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىشلىرى خېلى تەرەققىي قىلغان. خەلقنىڭ كۆزى ئېچىلىپ، يېزىلاردا زىيالىيلار يۇرەكلىك پەننىي دەرس ئۆتەلەيدىغان ھالەت شەكىللەنگەن. ئوقۇتقۇچىلار كۇندۇزى ئوقۇغۇچىلارنى ئوقۇتسا، ئاخشىمى چوڭلارنىڭ ساۋاتىنى چىقىرىش ئىشلىرىنى ئېلىپ بارغان، شۇ يىللاردا تۇرپان ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى، ئاستانە بىۋاستە تارماق ئۇيغۇر ئۇيۇشمىلىرى (ئاستانە ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى ئۆلكىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا بىۋاستە قارايدىغان تۇرپاندىكى بىردىنبىر چوڭ ئۇيۇشما ئىدى)، ئوقۇتقۇچىلار ۋە سەنئەتتىن خەۋىرى بار ئاممىدىن ئۇيۇشما قارىمىقىدا سانائىنەپىسە ئۆمىكى تەشكىللەپ، يېڭى سەنئەت نومۇرلىرىنى تەييارلاپ، تۇرپاننىڭ يېزا ـ قىشلاقلىرىدىكى كەڭ ئاممىغا قويۇپ بېرىپ، ئاممىغا ئىلھام بەرگەن. جۇڭگونىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇش ھەققىدىكى «شاڭخەي كېچىسى»، «شانلىق ئىرادە»، «سامساق ئاكاڭ قايىنايدۇ»، «نەسەبتىن قۇربان»، «بەختسىزلەر»، «پاشاخان»، «خىيالىي تېۋىپ»، «چىمەنگۈل»، «ئارشىن مال ئالان»، «غېرىب ـ سەنەم» قاتارلىق دراما، كومېدىيە، تىياتىرلارنى كۆرسىتىپ ئاممىنى تەربىيىلىگەن. لېكىن، كۆپ ئۆتمەيلا قانخور شېڭ شىسەي «باراۋەرلىك، گۈللىنىش» نىقابىنى

ئېلىپ تاشلاپ، ياۋۇز ئەپت ـ بەشرىسىنى ئاشكارىلاپ، مەدەنىي ـ مائارىپ ئىشلىرىغا ئېغىر بۇزغۇنچىلىق قىلغان، زىيالىيلارنى تۇتقۇن قىلغان. 1940 ـ يىلى 8 ـ ئايدا شېڭ شىسەي ئاستانە مەدرىسىنىڭ ئىشتىن چىققان كونا ھوجرىلىرىنىڭ ئورنىغا كۇلۇب سېلىشنى تەستىقلىغان. ئۇيۇشما ئەزالىرى مەدرىسىنىڭ ئۆيلىرىنى بۇزۇشقا كىرىشكەندە بولسا، تورپان ناھىيىلىك قورچاق ساقچىسىنىڭ باشلىقى گو جويجاڭ ئاستانىدىكى ھوشۇر گەيجاڭ، ئادىل شەيخلارنى قورقۇتۇپ، نەجۇۇل ئاخۇننىڭ مۆھرىنى باستۇرۇپ، يۇقىرىغا ئەرز قىلدۇرغان. شۇنىڭ بىلەن شېڭ شىسەينىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە گو جويجاڭ ئاستانىگە كېلىپ چوڭ يىغىن ئېچىپ «دىنىي ئىشلارغا بۇزغۇنچىلىق قىلغان» دېگەن بەتنام بىلەن ئۇيۇشما رەئىسى ھەسەن ئەلىيوف، كاتىپى لېتىپ باقى، مەدەنىي مائارىپ بۆلۈم باشلىقى قاسىم ھەبىبۇللالارنى تۇتۇپ، شېڭ شىسەيگە ئەۋەتىپ بەرگەن، شېڭ شىسەي ئۇلارنى تۈرمىدە يوقاتقان. شۇنىڭدىن كېيىن شېڭ شىسەي قۇۋلۇق، شۇملۇق ئىشلىتىپ ئاستانە تەۋەسىدىكى 27 زىيالىينى تۇتۇپ، تۈرمىدە قىيناپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. 1943 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى شېڭ شىسەي خەلققە خائىنلىق قىلىپ، شىنجاڭنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە تۇتۇپ بەرگەن.

شېڭ شىسەيدىن كېيىنكى ۋۇ جۇڭشىن دەۋرى، مەسئۇد سەبرى دەۋرلىرىدە تورپاننىڭ مىللىي مائارىپىدا نۇرغۇن توسقۇنلۇقلار قايتا پەيدا بولدى. بۇ دەۋردە بازار باھاسى قالايمىقانلىشىپ، پۇل پاخاللىشىپ، ئەمەلدارلارنىڭ چىرىكلىشىش، خىيانەتچىلىك ئىشلىرى ئۇچىغا چىقتى. ئەمەلدارلار ئۆزلىرى قوش مائاش ئېلىپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشىنى ئارقىغا سوروپ كېچىكتۈرۈپ، باھا قىممىتىدىن پايدىلىنىپ، باشقىلارنى قاقتى ـ سوقتى قىلدى.

جۇملىدىن مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلار ئايمۇ ئاي مائاش ئالالمىغانلىقتىن، تۇرمۇش كۆچۈرەلمەيدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. مەسىلەن، ئىلغار ئوقۇتقۇچى ئەنۋەر يۈسۈپ ئەتىگەندە مەكتەپتە دەرس ئۆتۈپ، دەرستىن كېيىن تويلاردا ناغرا چېلىپ، كاۋاپ سېتىپ، ئاخشىمى ئۆتۈكچىلىك قىلىپ، جاپا ـ مۇشەققەت بىلەن تىرىكچىلىك قىلدى. ئاخىرى تۇرمۇشنى قامدىيالماي، ئۈرۈمچىگە چىقىپ مائارىپ نازارىتىگە ئورۇنلىشىپ، 1947 ـ يىلى يەكەن ناھىيىسىگە تەشۋىقات خىزمىتىگە بارغاندا جۇ پاڭگاڭ تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، ل. مۇتەللىپلەر قاتارىدا دەھشەتلىك ئۆلتۈرۈلدى. پېشقەدەم ئوقۇتقۇچى ئابدۇرېھىم توخنىياز 1942ـ يىلى تۇرمۇش قىيىنچىلىقى سەۋەبىدىن تاغقا چىقىپ كېتىپ، ئىككى يىل قازاقلار ئىچىدە تۇرمۇش كۆچۈرۈشكە مەجبۇر بولدى. بۇ مەزگىلدە نۇرغۇن زىيالىيلار تۇتقۇن قىلىندى، قاسىم ھابىلى، لېتىپ باقى، ئىمىن ئەپەندىگە ئوخشاش مەشھۇر مائارىپچىلار يوقىلاڭ باھانىلەر بىلەن ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى، لېكىن «زۇلۇم قانچە ئېغىر بولسا قارشىلىق شۇنچە چوڭ بولىدۇ» دېگەندەك تۇرپاندىكى ھەر مىللەت خەلقى زۇلۇم ـ خورلىنىشلارغا قارىماي، ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت ئۈستىدىن ئىسيان كۆتۈرۈپ، قىيىنچىلىقلارغا باش ئەگمەي، نادانلىقتىن قۇتۇلۇش، ئاقارتىش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ، تۇرپاننىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا پەننىي مەكتەپ ئېچىشنى يەنە بىر قەدەم تېزلەتتى. 1937 ـ يىلىدىن 1949 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا «مەخسۇدىيە مەكتىپى» دە تۇرسۇن ۋاھىدى، سوپى كامال، ئابدۇراخمان باقى، ساۋۇرجان، ئابلىز شېرىپى، ئىسكەندەر ئابىدى، ئەزىز قۇربان، ھەمدۇللا نىياز، ئابدۇرېھىم توخنىياز، جېلىل مەخمۇت، ئابدۇراخمان ئابدۇرېھىم قاتارلىق كىشىلەر مەكتەپ مۇدىرى بولغان، 1949 ـ يىلىغا كەلگەندە «مەخسۇدىيە مەكتىپى» ئوغۇل ـ قىز دەپ ئىككىگە ئايرىلىپ،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

سىنىپ 14كە، ئوقۇغۇچى 569غا، ئوقۇتقۇچى 19غا يەتكەن، 1913 ـ يىلىدىن 1949 ـ يىلىغىچە بولغان 36 يىلدا «مەخسۇدىيە مەكتىپى» جەمئىي 27 قارار 1113 ئوقۇغۇچى مەكتەپ پۈتتۈرگەن.

1949 ـ يىلقى ستاتىستىكا سانىغا قارىغاندا، تۇرپاندا 1933ـ يىلىدىن ئىلگىرى ئېچىلغان 18 ئورۇندىكى 30 سىنىپ 1949ـ يىلىغا كەلگەندە 28 ئورۇنغا كېڭىيىپ، ئىدىقۇت دىيارى 83 سىنىپ، 1638 ئوقۇغۇچى، 102 نەپەر ئوقۇتقۇچىسى بار مەدەنىيەت بازىسىغا ئايلاندى.

1932 ـ يىلى ئاستانىدە دېھقانلار قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلگەندە مەخسۇدىيە مەكتىپىنىڭ ئاخىرقى قارار (1931 ـ يىللىق) ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئاساسىي قىسمى مەھمۇت مۇھىتىغا ئەگىشىپ، قەشقەرگە كەتتى. 1934 ـ يىلى بۇلاردىن 20 نەپەر ئوقۇغۇچى تاشكەنتتىكى ئوتتۇرا ئاسىيا دارىلفۇنۇنى ۋە باشقا مەكتەپلەرگە ئوقۇشقا باردى. بۇ ئوقۇغۇچىلار تاشكەنتتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن شىنجاڭنىڭ تۇنجى تۇركۇمدىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئازادلىقتىن بۇرۇن ۋە كېيىن شىنجاڭنىڭ ئازادلىق، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش، مەدەنىي مائارىپ، ئاقارتىش ئىشلىرىدا مۇھىم رول ئويناپ، ھەر قايسى ساھەلەردە يېڭى بوزلارنى ئاچقان، شىنجاڭ تارىخىغا تەسىر كۆرسەتكەن شەخسلەرگە ئايلاندى. تۆۋەندە «مەخسۇدىيە مەكتىپى»نىڭ تاشكەنتكە چىقىپ ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلىرىدىن بىرنەچچەيلەننى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

**ئىسمايىل ھېۋزۇللايوف (1913 — 1993)** تۇرپان ئاستانىدا دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1923 ـ يىلى ئون ياشقا كىرگەن ئىسمايىل ئاستانىدە قۇرۇلغان «مەخسۇدىيە مەكتىپى»گە ئوقۇشقا كىرگەن. مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن ئەقىللىقلىقى، تىرىشچانلىقى بىلەن سىنىپ بويىچە ئالدىنقى

قاتاردىكى ئوقۇغۇچىلاردىن بولۇپ قالغان. ئۇ كۈندىلىك دەرسلەرنى تىرىشىپ ياخشى ئۆگىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، شائىر- يازغۇچىلارنىڭ خەلق ئىچىدە تارقىلىپ يۈرگەن ئەسەرلىرىنى توپلىغان.

1932 ـ يىلى كۈزدىن 1933 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئىسمايىل ھېۋزۇللايوف خوجىنىياز ھاجى، مەھمۇت سىجاڭلارغا ئەگىشىپ، تۇرپان، پىچان، جىمىسارلاردىكى، قارا شەھەر، باي ۋە قارا يۇلغۇندىكى شىددەتلىك جەڭلەرگە قاتنىشىپ، خوجىنىياز ھاجى ۋە مەھمۇت سىجاڭلار بىلەن قەدىمىي شەھەر قەشقەرگە يېتىپ بارغان. 1935 ـ يىلى كۈزدە سوۋېت ئىتتىپاقىغا شىنجاڭدىن ئىككىنچى قېتىم ئوقۇغۇچى چىقىرىشتا مەھمۇت سىجاڭ شىڭ شىسەيگە ئوقۇغۇچى چىقىرىشنى تەستىقلاتقان. ئىسمايىل ھېۋزۇللايوف شۇ ئوقۇغۇچىلار قاتارىدا قەشقەردىن ئەركەشتام ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاشكەنت شەھىرىگە بارغان ھەمدە تاشكەنتتىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مەمۇرىي ھوقۇق فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. 1937 ـ يىلى مەكتەپنى ئەلا دەرىجىدە پۈتتۈرۈپ، چۆچەك ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەن ھەم غۇلجا گىمنازىيىسىگە تەقسىم قىلىنغان.

غۇلجا گىمنازىيىسىنى 1935 ـ يىلى خەلق ئۆز كۈچىگە تايىنىپ قۇرۇپ چىققان بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭدىكى خېلى يۇقىرى بىلىم يۇرتلىرىنىڭ بىرى ئىدى. بىراق، بۇ مەكتەپ قۇرۇلغىلى ئۇزۇن بولمىغاچقا ئوقۇتۇش شارائىتى ناچار، دەرسلىكلىرى سىستېمىلىشىپ كەتمىگەن، ئوقۇتقۇچىلىرى كەم، خىزمەت جاپالىق ئىدى. ئىسمايىل ھېۋزۇللايوف بۇنداق قىيىنچىلىق ئالدىدا تاشكەنتتە بىرگە ئوقۇپ، ۋەتەنگە بىرگە قايتىپ كېلىپ، غۇلجىغا بىرگە تەقسىم قىلىنغان سەيدۇللا سەيپۇللايوف بىلەن بىرلىكتە مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش شارائىتىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ياخشىلاش ئۈچۈن ئىزدەندى ۋە كۆچ چىقاردى.

ئىسمايىل ھېۋزۇللايوف ئوقۇغۇچىلارنى ياخشى تەربىيىلەپلا قالماي، يەنە ئاممىنى، بولۇپمۇ ياشلارنى نادانلىقتا، خۇراپاتلىقتا قارشى تۇرۇشقا، ئەكسىيەتچىلەرگە قارشى تۇرۇپ، ۋەتىنىنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا ئۈندەپ، تەشۋىق ـ تەربىيە ئىشلىرى بىلەنمۇ شۇغۇللاندى. شېڭ شىسەينىڭ غۇلجىدىكى قولچوماقلىرى غۇلجا گىمنازىيىسىدە كۈنسېرى ئۇلغىيىۋاتقان ئىنقىلابىي كۆچلەردىن قورقۇپ، بۇ ئىنقىلابىي كۆچلەرنى ئۇجۇقتۇرۇش ۋە پارچىلاش مەقسىتىدە خىلمۇ خىل نەيرەڭلەرنى قوللاندى. ئىسمايىل ھېۋزۇللايوفنى 1941 ـ يىلى 9 ـ ئايدا غۇلجا شەھىرىدىن چەترەك بولغان چىلپەڭزە دېگەن يەرگە سۈرگۈن قىلدى.

ئىسمايىل ھېۋزۇللايوف شۇ يىلى ئائىلىسىنى يوقلاپ كېلىش ئۈچۈن ئانا يۇرتى تۇرپان ئاستانىگە بارغان بولۇپ، بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئاتىسى ھېۋزۇللا ئاكا شېڭ شىسەي تەرىپىدىن تۇرمىگە قامالغانىدى. شۇڭا، ئۇ ئائىلىسىدە دېھقانچىلىق ئىشلىرىغا ياردەملىشىپ يۇرتىدا تۇرۇپ قالدى.

1946 ـ يىلى ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن تىنچلىق بىتىمى ئىمزالىغاندىن كېيىن، ئەخمەتجان قاسىمى ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي ئىسمايىل ھېۋزۇللايوفنى تۇرپاندىن چاقىرتىپ ئۈرۈمچىگە ئېلىپ چىقىپ، ئۇنى مائارىپ خىزمىتىگە ئورۇنلاشتۇردى. ئۇ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 2 ـ دارىلمۇئەللىمىن، 3 ـ ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ رەھبەرلىك خىزمەتلىرىنى ئۆتىدى.

1947 ـ يىلى تىنچلىق بىتىمى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تەرىپىدىن بۇزۇلغاندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئۈرۈمچىگە كەلگەن ئىنقىلابچىلار غۇلجىغا قايتقاندا، ئىسمايىل ھېۋزۇللايوفمۇ ئۇلار

بىلەن بىللە غۇلجىغا قايتىپ كەتتى. غۇلجىغا بارغاندىن كېيىن، يەنە غۇلجا گىمنازىيىسىگە ئىلمىي مۇدىر بولۇپ ئورۇنلاشتى. ئۇ گىمنازىيىگە ئىلمىي مۇدىر بولغاندىن كېيىن، مەكتەپنى ياخشى باشقۇرۇپ ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە بەل باغلىدى. ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش كېرەك، دەپ تونۇپ، ئۈچ ۋىلايەت تەۋەسىدىن بىلىملىك كىشىلەرنى ئىزدەپ تېپىپ، ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلىپ، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى سەرخىللاشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن غۇلجا گىمنازىيىسىنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتىدە كىشىنى خۇشال قىلارلىق ئىلگىرىلەشلەر قولغا كەلدى.

1949 ـ يىلى ئىلى مۇتەخەسسىسلەر يېتىشتۈرۈش بىلىم يۇرتىغا مۇدىر بولۇپ تەيىنلەندى.

1951 ـ يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ئىلى مۇتەخەسسىسلەرنى يېتىشتۈرۈش بىلىم يۇرتىنىڭ بىر قىسىم كەسىپلىرىنى شىنجاڭ ئىنستىتۇتىغا قوشۇۋېتىشنى قارار قىلدى. ئىسمايىل ھېۋزۇللايوف خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ قارارىنى قوللاپ، ئالتە كەسپىي سىنىپىنىڭ ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلىرىنى ئۈرۈمچىگە ئۆزى باشلاپ كېلىپ، ئىككى مەكتەپنىڭ قوشۇۋېتىلىشى ئۈچۈن ئاكتىپ رول ئوينىدى. بۇ ئوقۇغۇچىلار شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن كېيىنكى بىرىنچى تۈركۈمدە ئوقۇش پۈتتۈرۈپ شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئۆزلىرىنىڭ تايانچلىق رولىنى جارى قىلدۇردى.

1953 ـ يىلى مائارىپ مىنىستىرلىقى ئۇيۇشتۇرغان تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئىسمايىل ھېۋزۇللايوفنىڭ مائارىپ سېپىدە قوشقان تۆھپىلىرىگە يۇقىرى باھا بەردى. ئىسمايىل ھېۋزۇللايوف 1954 ـ يىلى شىنجاڭ ئىنستىتۇتىغا مۇئاۋىن مۇدىر بولۇپ تەيىنلەندى. ئۇ شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇتۇش

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشىلاش ئۈچۈن باش چۆكۈرۈپ ئىشلەپ، شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشى ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈش يولىدا قىممەتلىك تۆھپىلەرنى قوشتى.

**ئابدۇقادىر ھەسەن** 1915 - يىلى تۇرپان ئاستانىدە تۇغۇلغان. ئاتىسى ھەسەن (شاڭزۇڭ) قەشقەرلىك ئادەم بولۇپ، بۇ كىشى ئۈرۈمچى، چۆچەك قاتارلىق شەھەرلەردە سودىگەرچىلىك قىلغان.

ئابدۇقادىر ھەسەن بالىلىق دەۋرىدە ئاستانىدىكى «مەخسۇدىيە مەكتىپى»دە ئوقۇغان. 1932 - يىلى 11 - ئاينىڭ ئاخىرىدا تۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىغاندا ئابدۇقادىر ھەسەن مۇشۇ قوزغىلاڭغا باشتىن - ئاخىر ئاكتىپ قاتنىشىپ قەشقەرگىچە يېتىپ بارغان.

1935 - يىلى 11 - ئايدا ئۇ سەيپىدىن ئەزىزى، سەيدۇللا سەيپۇللايوف، ئەيسا نىياز، ئابلىمىت مەخسۇدوف، ئەبەيدۇللا رەۋەيدۇللايوف، ئىسمايىل ھېۋزۇللايوف... قاتارلىقلار بىلەن بىللە تاشكەنت ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مەمۇرىي ھوقۇق فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. ئۇ 1937 - يىلى 8 - ئايلاردا ئىككى يىللىق ئوقۇشنى غەلىبە بىلەن تۈگىتىپ شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەن ۋە شۇ يىلى 11 - ئايدا ئۈرۈمچى 1 - ئوتتۇرا مەكتەپكە خىزمەتكە تەقسىم قىلىنغان، كېيىن يەنى 1938 - يىلى 5 - ئايدا ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلەنگەن. 1940 - يىلى 2 - ئايدا قولغا ئېلىنىپ، 1944- يىلى 11 - ئايغىچە شېڭ شىسەي تۈرمىسىدە ياتقان. تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن، يەنى 1945 - يىلى 7 - ئايدا ئىلچىغا (خوتەنگە) مۇئاۋىن ھاكىم قىلىپ ئەۋەتىلگەن.

ئۇ خوتەنگە بارغاندىن كېيىن ئىلغار ياشلارنى تەشكىللەپ،

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن كۈرەشلەرنى ئېلىپ بارغان. گومىنداڭ دائىرىلىرى شۇ يىلى 2- ئايدا ئابدۇقادىر ھەسەننى قولغا ئالغان ۋە بىر قانچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنى يالاپ، ماشىنا بىلەن ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كەتكەن. ئۇ 1947 - يىلى 6 - ئايدا تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن تۇرپانغا كەتكەن. 1947 - يىلى 7 - ئاينىڭ 13 - كۈنى تۇرپاندا دېھقانلار ئىنقىلابى پارتلىغاندا، ئابدۇقادىر ھەسەن سىڭگىم ئېغىزىدا ئىنقىلابنىڭ 1 - پاي ئوقىنى ئاتقان. بۇ قېتىمقى ئىنقىلاب مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئابدۇقادىر ھەسەن ئابدۇراخمان مۇھىتى باشچىلىقىدىكى تۇرپان پارتىزانلىرى بىلەن غۇلجىغا كەتكەن. غۇلجىغا بارغاندىن كېيىن، 1949 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە غۇلجا بىلىم يۇرتىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش ۋە تەشۋىقات، تەرغىبات خىزمەتلىرىنى ئىشلەش ئۈچۈن سەيپۇللايوف باشچىلىقىدىكى خىزمەت ئۆمىكى تەشكىل قىلىنغاندا، ئابدۇقادىر ھەسەن ئۆمەككە مۇئاۋىن باشلىق بولۇپ تەيىنلىنىپ، 1950 - يىلى 5 - ئايغىچە خوتەن ۋىلايەتلىك ئىتتىپاقنىڭ خىزمىتىگە ۋە باشقا خىزمەتلەرگە رىياسەتچىلىك قىلغان. 1950 - يىلى 5 - ئايدىن 1954 - يىلى 9 - ئايغىچە شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى، قوشۇمچە خوجىلىق باشقارمىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن. شىنجاڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى قۇرۇلغاندا مەكتەپ پارتكومىنىڭ شۇجىسى، مەكتەپنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن مۇدىرى بولۇپ تەيىنلەنگەن.

ئابدۇقادىر ھەسەن باللارغا نىسبەتەن كۆيۈمچان ۋە تەلەپچان ئاتا، ئۇ ئىسمى - جىسمىغا لايىق مائارىپچى ئىدى. ئۇ ئوقۇتقۇچىلىقنى، مائارىپ خىزمىتىنى ھەممىدىن ئەلا بىلەتتى.

ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدا ئۇ يۇقىرى مەمۇرىي ۋەزىپە ئۆتەشنى خالىماي، مائارىپ خىزمىتى ئىشلەشنى تاللىۋالغان ۋە بىر ئۆمۈر مائارىپ سېپىدە ئىشلەپ، شىنجاڭنىڭ مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان، شۇڭا ئۇنىڭ قەبرىسىگە:

باغۋەن ئەجرىدىن يېتىلدى كۆچەت،
باغۋەن تۆھپىسى كۆمۈلمەس ئەبەد.
دەپ خەت ئويۇلغان ئابىدە تىكلەنگەن.

**ھەسەن كېرىموف** 1914 ـ يىلى تۇرپان ئاستانىنىڭ يېڭىتۇر مەھەللىسىدە دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، 1914 ـ يىلىدىن 1921 ـ يىلىغىچە ئائىلە تەربىيىسىدە بولغان. 1921 ـ يىلىدىن 1926 ـ يىلىغىچە «مەخسۇدىيە مەكتىپى» دە ئوقۇغان. 1926 ـ يىلىدىن 1931 ـ يىلىغىچە ئائىلە ئىشلىرىغا ھەمكارلاشقان. تۇرمۇش قىيىنچىلىقى تۈپەيلىدىن 1932 ـ، 1933 ـ يىللىرى ئۈرۈمچى شەھىرىگە كېلىپ كىشىلەرگە يالىنىپ ئىشلىگەن. 1934 ـ يىلى كۈزدە ئىمتىھاندىن لاياقەتلىك ئۆتۈپ، 1 ـ تۈركۈمدە ئۆزبېكىستاننىڭ پايتەختى تاشكەنتكە ئوقۇشقا بارغان ھەمدە ھەربىي ئىنستىتۇتقا كىرىپ ئوقۇغان. 1936 ـ يىلى كۈزدە تاشكەنتتىكى ئوقۇشنى تاماملاپ ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەن. شېڭ شىسەي ئۇنى غۇلجا شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىگە تەقسىم قىلغان. ئۇ 1938 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ ئۆلكىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىدا خىزمەت قىلغان. بۇ جەرياندا، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 5 ـ باشلانغۇچ مەكتەپنى قۇرۇشقا رىياسەتچىلىك قىلغان.

1940 ـ يىلى شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، 1945 ـ يىلىغىچە تۈرمىدە ياتقان. 1946 ـ يىلى ئۈچ ۋىلايەت

ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تەرەپ تۈزگەن 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمىنىڭ روھىغا ئاساسەن ئابدۇراخمان مۇھىتى تۇرپان ناھىيىسىگە ھاكىم بولۇپ سايلانغان. ئابدۇراخمان مۇھىتى تۇرپانغا ھاكىم بولۇپ كەلگەندىن كېيىن، ھەسەن كېرىموفنى تۇرپان ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ دۇچاجاڭلىقىغا (تەپتىشلىكىگە) تەيىنلىگەن. ھەسەن كېرىموف تۇرپانغا كەلگەندىن كېيىن، ئابدۇراخمان مۇھىتى باشچىلىقىدىكى ئىلغار كۈچلەر تەرىپىدە چىڭ تۇرۇپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ گۇماشتىلىرى بىلەن مۇرەسسەسىز كۈرەش ئېلىپ بارغان. 1947 - يىلى 4- ئايدا ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ بېرىپ، 1950 - يىلىغىچە بۇرھان شەھىدىنىڭ كاتىپى ھەم مۇھاپىزەتچىسى بولۇپ ئىشلىگەن. 1950 - يىلىدىن 1954 - يىلىغىچە «شىنجاڭ گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە مۇھەررىر، تەھرىر بۆلۈم باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن. 1954 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پىلان كومىتېتىغا يۆتكىلىپ بېرىپ، بۆلۈم باشلىقى بولغان. بۇ مەزگىلدە خىزمەتنى ئەستايىدىل ئىشلەپ، خەلق يۈكلىگەن ۋەزىپىلەرنى ئەستايىدىل ئورۇنداپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان. 1966 - يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا ئېغىر زىيانكەشلىككە ئۇچراپ، خىزمىتىدىن قالدۇرۇلۇپ، كۈرەش - پىپەن قىلىنغان. تۇرپان شەھىرىنىڭ قاراغوجا يېزىسىدا 12 يىل رېجىم ئاستىدا ئىشلىگەن.

1978 - يىلى ئۇنىڭ خىزمىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن. بۇ چاغدا ھەسەن كېرىموف ياشىنىپ قالغانلىقى ئۈچۈن پېنسىيىگە چىققان.

**ئابدۇۋاھىد ۋاجىدى** 1909 - يىلى تۇرپان ئاستانىنىڭ غوجامئالدى مەھەللىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئابدۇۋاھىد

www.uyghurkitap.com

ھەمدۇللانىڭ ئوغلى، ھەمدۇللا توختى ھاجىنىڭ ئوغلى، توختى ھاجى ۋاجىدىنىڭ ئوغلى بولۇپ، بۇ نەچچە ئەۋلاد كىشىلەر تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، چوڭ سودىگەرلەر جەمەتىگە ئايلىنىپ، جامائەتچىلىككە تونۇلغان، چوڭ بوۋىسى ۋاجىدىنىڭ ئىسمىنى فامىلە قىلىپ ئىشلەتكەن. ئابدۇۋاھىد 1918 ـ يىلىدىن 1924ـ يىلىغىچە «مەخسۇدىيە مەكتىپى» دە ئوقۇغان، 1924 ـ يىلىدىن 1927 ـ يىلىغىچە ئاستانىدە ياردەمچى مال ساتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەن. 1934 ـ يىلى شىڭ شىسەي بىلەن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدا شىنجاڭدىن ئۆزبېكىستان پايتەختى تاشكەنتكە ئوقۇغۇچى چىقىرىش كېلىشىمى ئىمزالانغان. 1934 ـ يىلى 9 ـ ئايدا تاشكەنتكە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش خىزمىتى باشلانغاندا، ئابدۇۋاھىد ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشقا تىزىمغا ئالدۇرۇپ بولۇپ، بۇ ئىشنى ئاتىسىغا ئېيتقان. ئابدۇۋاھىدنىڭ ئاتىسى ھەمدۇللا ئاكا مەرىپەتپەرۋەر ئادەم بولغاچقا، ئۇ ئۆز ئوغلىنىڭ چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇش ئارزۇسىنى قوللاپ ماقۇللۇق بىلدۈرگەن.

ئابدۇۋاھىد كېچە ـ كۈندۈز تەييارلىق كۆرۈپ، مەدەنىيەت دەرسلىرى ئىمتىھانىدىن لاياقەتلىك ئۆتۈپ، شۇ يىلى 11 ـ ئايدا بىرىنچى تۈركۈمدە چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇيدىغان ياشلار بىلەن ئۆزبېكىستان پايتەختى تاشكەنتكە بېرىپ، ھەربىي ئىنستىتۇتقا ئوقۇشقا كىرگەن. 1936 ـ يىلى كۈزدە تاشكەنتتىكى ئوقۇشىنى ئەلا نەتىجە بىلەن تاماملاپ ئۈرۈمچىگە كەلگەندە، شىڭ شىسەي تەرىپىدىن ئېچىلغان قىسقا مۇددەتلىك كۇرسقا قاتناشقان. كۇرس ئاياغلاشقاندىن كېيىن، دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىدە ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە بېرىشكە تەقسىم قىلىنغان. 1938 ـ يىلى مەكتەپنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا تەيىنلەنگەن، 1939 ـ يىلى قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلانغان، 1941 ـ يىلى كۈزدە تۈرمىدە قىيناپ ئۆلتۈرۈلگەن.

بىلىمگە ئىشتىياق باغلاپ تىرىشىپ ئۆگەنگەن، خەلقنىڭ ئازادلىق ئىشلىرى ئۈچۈن قەيسەرانە كۈرەشلەرنى قىلغان ئابدۇۋاھىد ۋاجىدى 32 يېشىدا بۇ ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇ گەرچە شېئىر شىنىسەيىنىڭ ياۋۇزلۇقى بىلەن ياش جېنىدىن جۇدا بولۇپ، قەبرىسىز قالغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ روھى خەلق قەلبىدە ياشاپ كەلمەكتە.

**ئابدۇللا ئوشۇروف** 1911 ـ يىلى تۇرپان ئاستانىدە دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1919 ـ يىلىدىن 1924 ـ يىلىغىچە ئاستانىدىكى «مەخسۇدىيە مەكتىپى»دە ئوقۇغان. 1912 ـ يىلىدىن 1931 ـ يىلىغىچە تۇرپان يېڭىشەھەردىكى ئىمىن ھاجىنىڭ دۇكىنىدا مال ساتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەن. 1932 ـ يىلى كۈزدە ئاستانىنى مەركەز قىلىپ قوزغالغان تۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭى كېڭىيىپ تۇرپان شەھىرىگە بارغاندا، ئابدۇللا پىداكارلىق بىلەن قوزغىلاڭچى قوشۇنغا قاتناشقان.

1933 ـ يىلى 4 ـ ئايدا گۇچۇڭ تەۋەسىدە بولغان بىر قېتىملىق جەڭدە ئوڭ پۇتىغا ئوق تېگىپ يارىدار بولغان. مەھمۇت مۇھىتى ئۇنىڭ يارىسىنىڭ ئېغىرلىقىنى كۆرۈپ، قوشۇندىن چېكىندۇرۇپ، مەخسۇس ئادەم قوشۇپ، داۋالىنىش ئۈچۈن تۇرپان ئاستانىگە ئەۋەتكەن. ئابدۇللا يۇرتىغا كېلىپ يەرلىك تېۋىپلارنىڭ داۋالىشى نەتىجىسىدە، ئىككى يېرىم ئاي ۋاقىت ئىچىدە ساقىيىپ كەتكەن ۋە قوزغىلاڭچىلارنىڭ كەينىدىن قوغلىشىپ بېرىپ، يەنە قوشۇنغا قوشۇلۇۋالغان. ئابدۇللانىڭ قوشۇنغا قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن مەھمۇت مۇھىتى «يارايسەن ئوغلۇم، يارايسەن» دەپ ماختاپ كەتكەن ھەمدە ئۇنى مۇھاپىزەتچىلەر بەنگە تەقسىم قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇللانىڭ ئىككىنچى قېتىم قوزغىلاڭچى قوشۇنغا قاتنىشىش ھاياتى باشلانغان.

ئابدۇللا تۇرپاندىن قەشقەرگىچە بولغان 4000 چاقىرىملىق مۇساپىدە ئالدىدىن توسقان، كەينىدىن قوغلاپ كەلگەن دۈشمەنلەر بىلەن كۆپ قېتىم قانلىق جەڭلەرنى قىلىپ، 1934 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى قەدىمىي شەھەر قەشقەرگە يېتىپ بارغان. قەشقەردە تۇرغان مەزگىلدە مۇھاپىزەتچىلىك ۋەزىپىسىنى ياخشى ئىشلىگەنلىكى ئۈچۈن مۇھاپىزەتچىلەر ئوتدىلىنىيىسىنىڭ كوماندىرلىقىغا ئۆستۈرۈلگەن. ئابدۇللا 1935 ـ يىلى 11 ـ ئايدا تاشكەنتكە ئوقۇشقا بېرىپ ئوتتۇرا ئاسىيا بەننىڭ مەمۇرىي ھوقۇق فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن. 1937 ـ يىلى كۈزدە ئوقۇشنى تاماملاپ، چۆچەك ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەن. ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىدا بۆلۈم باشلىقى، كېيىن ئۇيۇشمىنىڭ باش كاتىپلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن.

شۇ چاغلاردا شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرچە مەكتەپلەر سوۋېت ئىتتىپاقىدا بېسىلغان كىتابلارنى دەرسلىك قىلىپ ئۆتەتتى، شىنجاڭ ئۆزى تۈزگەن مۇكەممەل ئېلىپبە كىتابىمۇ يوق ئىدى. مۇشۇ ئەھۋالغا ئاساسەن، ئابدۇللا ئوشۇروف 1938 ـ يىلى ساۋاقدىشى ھەم خىزمەتدىشى ئابلىمىت مەخسۇدوف بىلەن بىرلىشىپ، جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرۈپ، باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئۈچۈن «ئۇيغۇر ئېلىپبەسى» ناملىق كىتابنى تۈزۈپ نەشر قىلدۇرغان. بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدا ئۆزىنىڭ ئېلىپبە كىتابى بولماسلىقتەك بىر بوشلۇق تولدۇرۇلغان. بۇ ئاجايىپ كاتتا ئىلمىي ئەمگەك مېۋىسى بولۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ، بولۇپمۇ مائارىپ ساھەسىنىڭ ماختىشىغا ئېرىشكەن. بۇ ئېلىپبە خېلى يىللارغىچە شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا دەرسلىك قىلىپ قوللىنىلغان.

ئابدۇللا ئوشۇروف ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىدا خىزمەت قىلغان چاغلاردا شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىشلىرىنى

تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن تىگىشلىك تۆھپە قوشۇپلا قالماي، شىڭ شىسەي ھاكىمىيىتىنىڭ زۇلمىغا قارشى تۇرغان، ئۆز ھاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا قارىماي، شىڭ شىسەي ھاكىمىيىتىنىڭ ئەكسىيەتچىل ماھىيىتىنى پاش قىلغان. 1941ـ يىلى ئەتىيازدا تۈرمىدە ئۆلۈپ كەتكەن.

**ئەبەيدۇللا رەۋەيدۇللايوف** 1914 ـ يىلى تۇرپان ئاستانىنىڭ غوجامئالدى مەھەللىسىدە دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1923 ـ يىلدىن 1928 ـ يىلغىچە ئاستانىدىكى «مەخسۇدىيە مەكتىپى»دە ئوقۇغان. كېيىن دېھقانلار قوزغىلىڭىغا قاتنىشىپ، مەھمۇت مۇھىتى باشچىلىقىدىكى قوشۇن بىلەن 1933 ـ يىلى كۆزدە قەدىمىي شەھەر قەشقەرگە يېتىپ بارغان ۋە مۇھاپىزەتچىلەر روتىسىدا (لىيەن) ۋەزىپە ئۆتىگەن.

ئەبەيدۇللا 1935 ـ يىلى 11 ـ ئايدا 2 ـ تۈركۈمدە شىنجاڭدىن تاشكەنتكە بېرىپ ئوقۇيدىغان ياشلار بىلەن بىرلىكتە ئۆزبېكىستان پايتەختى تاشكەنتتىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مەمۇرىي ھوقۇق فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن. 1937 ـ يىلى 8 ـ ئايدا تاشكەنتتىكى ئوقۇشنى غەلىبىلىك تاماملاپ ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىپ، دەسلەپتە ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىدا بىر يىلدەك ئىشلىگەن. 1938 ـ يىلنىڭ ئاخىرى شىڭ شىسەي ئىلغار پىكىرلىك ئادەملەرنى قولغا ئېلىش، نەزەربەند قىلىش، باشقا جايلارغا يۆتكەپ تارقاقلاشتۇرۇپ، پارچىلاش قاتارلىق ئۇسۇللارنى يولغا قويغان بولۇپ، تارقاقلاشتۇرۇش — شەكلى ئۆزگەرگەن سۈرگۈن ئىدى. شۇ تارقاقلاشتۇرۇشتا ئەبەيدۇللا قارا شەھەر ۋىلايىتىگە ئەۋەتىلگەن (شۇ چاغدا قارا شەھەر ۋىلايەت ئىدى). ئۇ قارا شەھەرگە بارغاندىن كېيىن قارا شەھەر ۋالىيسى ئەبەيدۇللانىڭ ۋىلايەت مەركىزىدە تۇرۇشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنى تەكلىماكاننىڭ جەنۇبىي

تەرىپىدىكى چاقىلىق ناھىيىسىگە ئەۋەتىۋەتكەن. شۇ چاغلاردا قارا شەھەردىن چاقىلىققا بارىدىغان ماشىنا يولى يوق بولۇپ، ئېشەك بىلەن تۆگە بۇ يولنىڭ بىردىنبىر قاتناش قورالى ئىدى. ئەبەيدۇللا ئېشەكلىك ئون نەچچە كۈن يول يۈرۈپ، قۇم دېڭىزى دەپ ئاتالغان تەكلىماكان چۆللۈكىدىن كېسىپ ئۆتۈپ چاقىلىققا يېتىپ بارغان.

ئۇ چاقىلىققا بېرىپلا جەمئىيەتتىكى مەرىپەتپەرۋەر زاتلارنى سەپەرۋەر قىلىپ مەكتەپ قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىپ، مەكتەپ پۈتكەندىن كېيىن بالىلارنى يىغىپ دەرس ئۆتكەن. شۇنداق قىلىپ ئەبەيدۇللا رەۋەيدۇللايوف چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆل سېلىپ بەرگەن.

ئەبەيدۇللا 1939 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ كېلىپ، 6 ـ مەكتەپتە تارىخ ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلىگەن. بۇ جەرياندا، ئۇ تەشۋىقات، تەرغىبات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتىنىڭ ئەكسىيەتچىل ماھىيىتىنى پاش قىلغان. 1940 ـ يىلى ئەتىيازدا قولغا ئېلىنىپ، 1944 ـ يىلى كۈز ئايلىرىغىچە تۈرمىدە ياتقان. تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن، 1945 ـ يىلىنىڭ بېشىدا تۇرپان ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىگە خىزمەتكە ئەۋەتىلگەن.

1946 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئابدۇراخمان مۇھىتى تۇرپانغا ھاكىم بولۇپ كەلگەندە ئەبەيدۇللا تۇرپان ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەن. ئۇ ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغان مەزگىلدە ئابدۇراخمان مۇھىتى باشچىلىقىدىكى ئىنقىلابىي كۈچلەر تەرىپىدە چىڭ تۇرۇپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن تىغمۇ تىغ كۈرەش ئېلىپ بارغان.

1946 ـ يىلى 10 ـ ئايدا تۇرپاندا ئۈچ ۋىلايەت ئازاد رايونلىرىدا قۇرۇلغان «خ ئى پ» (خەلقچىل ئىنقىلابىي پارتىيىسى) نىڭ تۇرپان شۆبىسى قۇرۇلغان. ئابدۇراخمان

مۇھىتى خ ئى پ تۇرپان شۆبىسىنىڭ باشلىقى، باۋۇدۇن يۇسۇپ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى، ئەبەيدۇللا رەۋەيدۇللايوف بولسا دائىمىي ھەيئەت بولۇپ، تەشكىلىي - تەشۋىقات ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان.

1947 - يىلى 5 - ئايدا غۇلجا شەھىرىگە يۆتكىلىپ بېرىپ غۇلجا شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىدە 1950 - يىلىغىچە ئىشلىگەن. 1950 - يىلىدىن 1955 - يىلىغىچە ئۆلكىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىدە باشقارما باشلىقى بولغان.

1955 - يىلىدىن 1958 - يىلىغىچە كورلا ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسىدا باشقارما باشلىقى، 1958- يىلىدىن 1960 - يىلىغىچە كورلا ۋىلايەتلىك (ھازىرقى بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى) سانائەت - قاتناش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، 1960 - يىلىدىن 1974 - يىلغىچە كورلا سېمونت زاۋۇتىنىڭ باشلىقى بولغان. 1966 - يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا «چەت ئەلگە باغلانغان ئۇنسۇر»، «شيۇجېڭجۇيىچىلارنىڭ گۇماشتىسى»، «كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار» دېگەنگە ئوخشاش قالپاقلار كىيگۈزۈلۈپ، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلۇپ نەزەربەند قىلىنغان. 1973 - يىلى خىزمىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، 1974 - يىلى ئۈرۈمچى شەھىرىگە يۆتكىلىپ كەلگەن ۋە ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئۆي - زېمىن باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن. 1980 - يىلى 11 - ئاينىڭ 10 - كۈنى كېسەل سەۋەبى بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولغان.

**ئابلىز شېرىپى** 1918 - يىلى تۇرپان ئاستانىدە دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1925 - يىلىدىن 1930 - يىلىغىچە ئاستانىدە «مەخسۇدىيە مەكتىپى»دە ئوقۇغان.

1932 - يىلى كۈزدە ئەمدىلا 15 ياشقا كىرگەن ئابلىز

شېرىپى زۇلۇمغا قارشى قوزغالغان تۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭىغا قاتنىشىپ، خوجىنىياز ھاجى، مەھمۇت مۇھىتىلارغا ئەگىشىپ قەدىمىي شەھەر قەشقەرگە بارغان. ئۇ قەشقەرگە بارغاندىن كېيىن مۇھاپىزەتچىلەر روتىسىدا ۋەزىپە ئۆتىگەن. 1935 ـ يىلى ئىككىنچى قارارلىق چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇيدىغان ياشلار بىلەن قەشقەردىن ئۆزبېكىستان پايتەختى تاشكەنتكە بېرىپ ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مەمۇرىي ھوقۇق فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. 1937 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ ئاخىرى تاشكەنتتىكى ئوقۇشىنى غەلىبىلىك تاماملاپ، ساۋاقداشلىرى بىلەن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەن. ئۈرۈمچىگە كەلگەندە شېڭ شىسەي ئورۇنلاشتۇرغان قىسقا مۇددەتلىك سىياسىي كۇرسقا قاتناشقان. كۇرس ئاياغلاشقاندا (1937 ـ يىلى 11 ـ ئايدا) «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىگە تەقسىم قىلىنغان.

ئۇنىڭ «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئىشلىگەن ۋاقتى زالىم شېڭ شىسەي شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىپ، شىنجاڭ خەلقىنى ئەزگەن ۋە دەھشەتلىك باستۇرۇۋاتقان مەزگىل ئىدى. ئابلىز شېرىپى ھەققانىي مەيداندا تۇرۇپ ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك، ئەركىنلىك تېمىسىدىكى ئىلغار پىكىرلىك ماقالىلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ ۋە تەھرىرلەپ گېزىتتە كەينى ـ كەينىدىن ئېلان قىلغان ھەمدە ئۆزىمۇ يۇرەكلىك ھالدا قاراتمىلىقتا ۋە خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە ئىگە بولغان بىر تۈركۈم ماقالىلەرنى يېزىپ، گېزىتتە ئېلان قىلىپ جامائەتچىلىكنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولغان.

ئۇ 1940 ـ يىلى 6 ـ ئايدا شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلانغان. تۈرمىدە دەھشەتلىك قىيناشلارغا ئۇچراپ ئازاب چەككەن. 1946 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تەرەپ سۆھبەت ئارقىلىق ھاسىل قىلغان 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمىنىڭ

روھىغا ئاساسەن تۇرمىدىن قويۇپ بېرىلگەن.

ئابلىز شېرىپى 1946 ـ يىلى 6 ـ ئايدا تۈرمىدىن چىقىپ، 1948 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ ئۆلكىلىك مائارىپ نازارىتى ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرى تۈزۈش بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى بولۇپ ئىشلىگەن. شۇ چاغدا دەرسلىك ماتېرىيال مەنبەسىنىڭ كەم بولۇشى، ئۇسكۇنىلەرنىڭ قالاقلىقى ۋە يېتىشمەسلىكى، ئىقتىدارلىق ئادەملەرنىڭ ئېھتىياجنى قاندۇرالماسلىقىدەك ناچار شارائىتتا، جاپاغا چىداپ ئىشلەپ، شۇ دەۋرگە نىسبەتەن خېلى سۈپەتلىك دەرسلىك ماتېرىياللارنى تۈزۈپ، تەھرىرلەپ، نەشر قىلدۇرۇپ مىللىي مائارىپنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشقان.

1948 ـ يىلىدىن شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغۇچە «ئالغا گېزىتى» دە تەھرىر بولۇپ ئىشلىگەن.

ئابلىز شېرىپى 1950 ـ يىلى ئائىلىسىنى بېيجىڭغا كۆچۈرۈپ بېرىپ 1955 ـ يىلىغىچە مەركىزىي مىللەتلەر نەشرىياتىدا خىزمەت قىلغان. بۇ جەرياندا ئۇ خىزمەتداشلىرى بىلەن بىرگە جان پىدالىق بىلەن ئىشلەپ، مەركىزىي مىللەتلەر نەشرىياتى ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ ئازادلىقتىن كېيىنكى تۇنجى ئۇيغۇرچە كىتابلارنى نەشر قىلىش، خەنزۇچە ۋە چەت ئەل كىتابلىرىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلدۇرۇپ نەشر قىلىش جەھەتلەردە ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلىپ، ئۇيغۇر كىتابخانلىرىنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىغان.

1955 ـ يىلى 9 ـ ئايدا خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن شىنجاڭغا قايتىپ كېلىپ، شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ مەسئۇلى بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇ رادىئو ئىستانسىسىنىڭ مەسئۇلى بولغان مەزگىلدە پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىشتا تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇپ، توغرا جامائەت پىكرى يۆنىلىشى بويىچە ئىستانسا باشقۇرۇپ، ھەر ساھە خەلق ئاممىسىنىڭ ھۆرمىتىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ۋە ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن.

ئابلىز شېرىپى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا سولچىل لۇشيەننىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان ۋە يۈرەك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ، 1971 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئۇرۇمچىدە ۋاپات بولغان.

ئابلىز شېرىپى بىر ئۆمۈر تەشۋىقاتچىلىق، نەشرىياتچىلىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان تۆھپىكار مۇھەررىر، تۆھپىكار رەھبەر، كۆزگە كۆرۈنگەن جامائەت ئەربابى بولۇپلا قالماي، يەنە ئىقتىدارلىق شائىر ئىدى.①

دېمەك، يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مەرىپەتپەرۋەر زات مەخسۇت مۇھىتى ئەينى يىللاردا ئاچقان «مەخسۇدىيە مەكتىپى» 1913 ـ يىلىدىن باشلاپ ئازادلىققا قەدەر خۇددى توسقۇن تاشلارنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، چاڭقاق زېمىننى ئابى كەۋسەر سۈيى بىلەن ياشارتىدىغان ئۈزۈلمەس مۇرتۇق دەرياسىدەك ھەر خىل بېسىم، تەقىبلەردە ئۈزۈلۈپ قالماي توختاۋسىز «ئېقىپ» بىلىم چەشمىسىگە تەشنا تالاي قەلبلەرگە ئېرپان زەمزىمىنى تېمىتتى. بۇ مەكتەپنىڭ مەرىپەت مارشى ئىدىقۇت دىياردىلا ئەمەس پۈتكۈل شىنجاڭ زېمىنىدا ئەكس سادا پەيدا قىلىپ، بۇ «بىلىم باغچىسى» ئەينى دەۋر تارىخىغا غايەت زور تەسىر كۆرسەتكەن، شۇ مەزگىللەردىكى مەرىپەت، تەرەققىيات سەھىپىلىرىنى ئالتۇن قۇرلار بىلەن يېزىشقا سەۋەب بولغان بۈيۈك ئانا مەكتەپكە ئايلاندى.

شۇنىڭدىن كېيىن مەخسۇت مۇھىتى ياققان مەرىپەت مەشئىلى ھەرقانچە بېسىم، تەقىبلەر ئاستىدىمۇ ئۆچۈپ قالماي تاكى ئازادلىققا قەدەر نۇر چېچىپ تۇردى.

مەخسۇت مۇھىتى ئەينى يىللاردىكى ئۇلۇغ دېموكراتىك

① بۇ شەخسلەرنىڭ تەرجىمىھالى يازغۇچى ئابدۇراخمان ئابدۇللانىڭ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «تاشكەنتچىلەر» ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى.

شائىر، يارقىن مەرىپەتچى، تېز پۇكمەس ئىنقىلابچى ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ دەسلەپكى ئۇستازى، يېقىن سىردىشى ۋە بۇرادىرى، هايات ـ ماماتتا بىللە بولغان مەسلەكدىشى ئىدى. چۈنكى، مەخسۇت مۇهىتى كۆپ قېتىم رۇسىيىگە، كېيىنكى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىش جەريانىدا رۇس تىلىنى پىششىق ئىگىلىگەن ۋە رۇس تىلىدىكى، سلاۋىيان تىلىدىكى نۇرغۇن ئەدەبىي، تارىخىي، نەزەرىيىۋى ئەسەرلەرنى ئوقۇش ئارقىلىق ئىدىيە جەھەتتىن زور ئالغا بېسىپ، بىلىمى چوڭقۇرلىشىپ، زامانىسىنىڭ يېتۇك زىيالىيسىغا ئايلانغان. تىجارەت جەريانىدا مەدەنىيەتلىك مىللەتلەردىن تاتارلار، ئۆزبېكلەر بىلەن ۋە قازاق، قىرغىزلار بىلەن كۆپ ئالاقىلىشىپ، ئۇلار بىلەن چوڭقۇر دوستلۇق ئورناتقان، بۇ مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى، ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى كۆرۈپ، ئۆگىنىپ، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتكەن. ئۆزىنىڭ مۇئامىلىدىكى خۇش پېئىللىقى، تېرەن بىلىمى، مۇناسىۋەت جەھەتتىكى ئالاهىدە تالانتى، سودا، تىجارەتتىكى قابىلىقى، راستگۇي، غۇرۇرلۇقلىقى بىلەن رۇس، تاتار، قازاق قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئارىسىدىمۇ تەسىرى بار شەخسكە ئايلانغان. شۇڭا، ئۇ ئەينى ۋاقىتتىكى چېگرا تېخى ئېچىلمىغان، دۆلەتلەر ئارا سودا، ئالاقە پۈتۈنلەي ئىپتىدائىي هالەتتە تۇرغان شارائىتتىمۇ رۇسىيىدىكى شەهەرلەرگە بېرىپ بىمالال سودا قىلىش، بۇ يەردىكى دوستلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن شىنجاڭغا ئوقۇتقۇچى ئېلىپ كېلىپ مەكتەپ ئېچىشتىن ئىبارەت مۆجىزىلەرنى يارىتالىغان. مەخسۇت مۇهىتى يۇقىرىقىدەك ئالاهىدىلىكلىرى بىلەن ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا ناهايىتى زور تەسىر كۆرسەتكەن بولۇپ، بىز بۇ نۇقتىنى بۇ ئۇلۇغ ئىككى زاتنىڭ هايات مۇساپىسىدىن هېس قىلالايمىز. مەخسۇت مۇهىتى ئابدۇخالىق ئۇيغۇردىن 16 ياش چوڭ بولۇپ ئۇ مەخسۇت مۇهىتى بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن ئۇنىڭ مول بىلىمى، ئۆتكۈر

نەزىرى، مەرىپەتپەرۋەرلىكى، ھۆرىيەتپەرۋەرلىكى ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا ئۆرنەك بولغان، ئۇ مەخسۇت مۇھىتىنىڭ يېتەكلىشى بىلەن رۇسىيىگە چىقىپ، ئۇنىڭغا ئوخشاشلا رۇس تىل ـ يېزىقى، مەدەنىيىتى، ئەدەبىياتى بىلەن چوڭقۇر تونۇشقان، ئۇنىڭغا ئوخشاشلا مىللەتنى ئاقارتىشنىڭ بىردىنبىر يولى مەرىپەت تارقىتىش ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىپ، مەكتەپ ئاچقان، يەنە مەخسۇت مۇھىتىغا ئوخشاشلا ئىنقىلاب يولى بىلەنلا خەلقنى زالالەتتىن قۇتقۇزغىلى بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ بايلىقىدىن ۋاز كېچىپ قولىغا قورال ئېلىپ، ئىنقىلابقا رەھبەرلىك قىلغان ۋە يەنە مەخسۇت مۇھىتىغا ئوخشاشلا جاللات شىڭ شىسەينىڭ قانلىق باستۇرۇشى بىلەن ئۇنىڭدىن بەش كۈن كېيىن قەتلە قىلىنغان.

ئەلۋەتتە بۇ يەردە ئۇلۇغ دېموكراتچى شائىر، يارقىن مەرىپەتچى، تېز پۇكمەس ئىنقىلابچى ئابدۇخالىق ئۇيغۇردىن چەتلەپ ئۆتۈپ كېتەلمەيمىز.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر نادانلىق، خۇراپاتلىق، جاھالەت قاپلىغان ئۆتكەن ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، خۇددى زۇلمەت كېچىدە ئىز قالدۇرۇپ ئۆتكەن قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزغا ئوخشاش تۇن باغرىنى قىلىچتەك كېسىپ ئۆتۈپ، قىسقا ھاياتىدا چەكسىز ھارارەت ۋە يورۇقلۇق تارقاتقان پىداكار ئەزىمەت ئىدى. خەلق زالالەت، جاھالەت تۇگمىنىدە چۆرگىلەۋاتقان ئەينى زاماندا ئابدۇخالىق ئۇيغۇر كۆكرەك كېرىپ مەيدانغا چىقىپ، خەلقنى ئويغىنىشقا، ئىلىم ـ مەرىپەت ئىگىلەشكە، نادانلىقتىن قۇتۇلۇشقا چاقىردى ۋە يېتەكلىدى. ئۇنىڭ خەلقنىڭ ئارزۇسىغا ۋەكىللىك قىلغان، خەلقنىڭ ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۇرگەن شېئىرلىرى، خەلقنىڭ ئارزۇسى يولىدا قۇربان بەرگەن قىممەتلىك ھاياتى ھەققىدىكى ھېكايىلەر خەلق ئارىسىدا ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ، ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا يادلىنىپ كەلدى. ئۇنىڭ جەڭگىۋار

شېئىرلىرى خەلق قوزغىلاڭلىرىنىڭ مارشىغا ئايلىنىپ، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب، شىمالىدا ياڭراپ، ئۇزۇنغىچە ئەكس سادا پەيدا قىلدى، ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىگىچە تارقىلىپ خەلقنىڭ سۆيۈپ ئوقۇشىغا سازاۋەر بولدى.

يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بايراقدارى بولغان ۋەتەنپەرۋەر، ئىلغار شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر 1901 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى تۇرپان يېڭىشەھەردە مەرىپەتپەرۋەر تىجارەتچى ئابدۇراخمان مەخسۇم ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلدى. ئۇ ئۈچ ياشقا كىرگەندىن باشلاپ، كۆپىنى كۆرگەن، نۇرغۇن خەلق چۆچەكلىرى، رىۋايەت، ئەپسانىلەرنى بىلىدىغان، مېھرىبان چوڭ ئانىسى ئەرەمسىما خېنىمنىڭ گۈزەل رىۋايەتلىرى ئىچىدە بالىلىق تۇيغۇلىرى قاناتلاندى. ئەرەبچە، پارسچە تىل ـ يېزىقتىن خەۋىرى بار، خەنزۇچىنىمۇ بىلىدىغان، كىتابخۇمار ئاتىسى، ئوقۇمۇشلۇق زات ئابدۇراخمان مەخسۇمنىڭ ئوقۇپ بەرگەن كىتابلىرى، ئابدۇراخمان مەخسۇمنىڭ قېيناتىسى، ئابدۇخالىقنىڭ چوڭ دادىسى مىجىت ھاجىنىڭ رۇسىيىنىڭ شەمەي، قازان شەھەرلىرىدىن ئەكىلىپ بەرگەن يېڭىچە دەرسلىكلەر، مىجىت ھاجى ئۆيىدە ئۇيۇشتۇرغان ئەدىبلەر سۆھبەتلىرىدە ئۆسۈپ يېتىلدى. توققۇز ياشقا كىرگەندە يېڭىشەھەردىكى مەدرىسىگە ئوقۇشقا كىردى. بۇ مەدرىسىنىڭ باش مۇدەررىسى ھەمدۇللا داموللام ئەينى چاغدا قەشقەر خانلىق مەدرىسىنى تاماملىغان، كېيىن بۇخاراغا بېرىپ، بۇخارا مەدرىسىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، رۇسىيىنىڭ ئۇفا، قازان شەھەرلىرىدە ئىلىم تەھسىل قىلغان داڭلىق تەرەققىيپەرۋەر زات ئىدى. ھەمدۇللا داموللام ئابدۇخالىقنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭدىن ئىمتىھان ئېلىپ كۆرۈپ، ئۇنىڭ زېرەكلىكىگە، زېھنى ئوچۇقلۇقىغا، ئىلىم ئۆگىنىشكە بولغان ئوتتەك قىزغىنلىقىغا ئاپىرىن ئوقۇدى ۋە تىل، ئەدەبىيات، ئىلمىي تەجۋىد (قۇرئاننى

قىرائەت قىلىپ ئوقۇش) ، ئەبجەد ھېساب قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆتۈشتىن باشقا ئەرەب، پارس تىللىرىدىنمۇ مەخسۇس دەرس ئۆتتى. 1914 ـ يىلى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر 13 ياشقا كىرگەندە چوڭ دادىسى مىجىت ھاجى ئۇنىڭ ئىلىم ئۆگىنىشتىكى ئوتتەك قىزغىنلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، مەخسۇت مۇھىتى ئوقۇتقۇچىلىققا ئېلىپ كەلگەن، موسكۋا ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن تاتار زىيالىي ئەلى ئىبراھىموفنى ئائىلە ئوقۇتقۇچىلىقىغا تەكلىپ قىلدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئەلى ئىبراھىموفتىن ئوتتۇرا مەكتەپ دەرسلىكلىرىنى ئۆگىنىش بىلەن بىرگە تاتار تىلىنىمۇ ئۆگەندى. 1915 ـ يىلى مىجىت ھاجى مەخسۇت مۇھىتى ۋە ئەلى ئىبراھىموفنىڭ تەكلىپى بىلەن ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى رۇسىيىدە ئوقۇتۇش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ سودا كارۋانلىرى ۋە مەخسۇت مۇھىتى قاتارلىقلار بىلەن بىرگە شەمەيگە قاراپ يولغا چىقتى. بۇ ھەقتە يازغۇچى مۇھەممەت شاھنىيازنىڭ «بالدۇر ئويغانغان ئادەم ـ ئابدۇخالىق ئۇيغۇر» ناملىق كىتابىدا مۇنداق بايانلار بار: «... مىجىت ھاجى قازانغا كېلىپ ئەتىسى ئابدۇخالىقنى ئېلىپ كوچىغا چىقتى. ئۇزۇن ماڭمايلا مىجىت ھاجىنىڭ ئىككى تاتار سودىگەر تونۇشى ئۇچراپ قېلىپ، قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى. دەل شۇ چاغدا قوللىرىغا بىردىن كىتابنى كۆتۈرگەن ئىككى تاتار بالا نېرىدىكى سېرىق بىنادىن چىقىپ كەلدى. ئابدۇخالىق بالىلاردىن كىتابنى قەيەردىن ئالغانلىقىنى سورىۋىدى، بالىلارنىڭ بىرى ‹ئاۋۇ كىتابخانىدىن› دەپ نېرىقى سېرىق بىنانى كۆرسەتتى. ئابدۇخالىق ‹دادامنىڭ گېپى تۈگىگىچە كىرىپ چىقاي› دەپ كىتابخانىغا كىرىپ بىر كىتابنى ئېلىپ ئوقۇشقا باشلىدى. ئابدۇخالىقنىڭ قىزىقىپ قالغىنى موللا مۇسا سايرامىنىڭ 1904ـ يىلى قازاندا نەشر قىلىنغان ‹تارىخى ئەمىنىيە› ناملىق كىتابى ئىدى. ئۇ كىتابقا بېرىلىپ كېتىپ، چوڭ دادىسىنىڭ كوچىدا ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى، ھەتتا قورسىقى ئاچقانلىقىنىمۇ

تۆيمىدى. پەقەت كىتابخانا خىزمەتچىسى «چۈشلۈك تاماققا بارىمەن» دېگەن چاغدىلا پۇلنى تۆلەپ كىتابنى سېتىۋېلىپ كوچىغا چىقتى. كوچىدا چوڭ دادىسى كۆرۈنمەيتتى. ئابدۇخالىق قەيەرگە بېرىشنى بىلمەي تۇرغان بىر چاغدا بىر دوقمۇشتىن چوڭ دادىسى بىلەن مەخسۇت مۇھىتى چىقىپ كەلدى. ئابدۇخالىقنى كۆرگەن مىجىت ھاجى ھاسىراپ تۇرۇپ:

— سىزنى يىتىپ كەتتىمىكىن دەپ ئىزدىگىلى نەۋاق، — دېدى تېرىكىپ. ئابدۇخالىق قولىدىكى كىتابنى كۆرسىتىپ ئەھۋالنى سۆزلەپ بەردى. مىجىت ھاجى كىتابنى كۆرۈپ ئاچچىقىدىن ياندى ـ دە:

— بوپتۇ، قازانغا كېلىپلا بىر خەيرلىك سودا قىلىپسىز، ئەمما بۇنىڭدىن كېيىن يېنىمدىن ئاجرىماڭ، — دېدى.

— بۇ بالىنىڭ ئەقىللىقلىقىنى قارىماملا ھاجىم، — دېدى كېتىۋېتىپ مەخسۇت مۇھىتى، — چەت ئەلگە چىقىپ تۇنجى قىلغان سودىسى كىتاب ئېلىش بوپتۇ. كىتاب — بىلىم باغچىسى، ئىنساننىڭ يېقىن دوستى. ئابدۇخالىق سىز ئەھمىيەتلىك سودا قىپسىز.»

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر چوڭ دادىسى بىلەن شەمەيگە كەلگەندىن كېيىن رۇسچە باشلانغۇچ مەكتەپكە كىردى. رۇسىيىدە ئۆكتەبىر ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن داۋاملىق ئوقۇشقا ئامالسىز قالغان ئابدۇخالىق ئۇيغۇر 1918 ـ يىلى 4 ـ ئايدا سودا كارۋانلىرىغا قوشۇلۇپ تۇرپانغا قايتىپ كەلدى ۋە 9 ـ ئايدا يېڭىشەھەردىكى خەنزۇچە مەكتەپ ـ شۆتاڭغا ئوقۇشقا كىردى. شۇ يىللاردا شۆتاڭدا ئوقۇيدىغانلارنىڭ كۆپىنچىسى تۇڭچى (تەرجىمان) بولۇپ ھۆكۈمەت خىزمىتىگە كىرىش، ئەمەلدار بولۇش ئويىدا يۈرگەنلەر بولغاچقا كىشىلەر بالىلىرىنى شۆتاڭدا ئوقۇتۇشنى خالىمايتتى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بولسا پەقەت بىلىم ئىگىلەش، خەنزۇ تىلىنى ئۆگىنىپ، بىلىمنىڭ يېڭى مۇندەرىجىسىنى ئېچىش ئۈچۈن

www.uyghurkitap.com

شۆتاڭغا كىرگەن بولۇپ، بۇ مەقسىتىنى كېيىنكى ئەمەلىيىتىدە ئىسپاتلاپ بەردى. يەنى ئۇ شۆتاڭنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرگەندىن كېيىن ناھىيە ئامبىلى ئالايتەن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، يامۇلدا ئىشلەپ قېلىشىنى ئېيتقاندا ئابدۇخالىق ئۇيغۇر خەلقنى نادانلىقتىن قۇتقۇزۇشنىڭ ئۆزى ئۈچۈن ئەڭ ئەھمىيەتلىك خىزمەت ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، ئامبالنىڭ تەلىپىنى رەت قىلدى. شۇنداق قىلىپ ئەرەب، پارس، تاتار، رۇس، خەنزۇ تىللىرىنى ئىگىلىگەن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئەينى دەۋرنىڭ ئوقۇمۇشلۇق زىيالىيسىغا ئايلانغان بولسىمۇ، يەنە ئۆگىنىشتىن توختاپ قالمىدى. 1923 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئىككى ياشقا كىرگەن ئوغلى ئابلەتخاننى، ئېغىر ئاياغ ئايالى ئايىمخاننى ئۆيىدە قالدۇرۇپ، رۇسىيىدە ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش ئۈچۈن مەخسۇت مۇھىتى، جامال مۇتىئىيلار بىلەن بىرگە يولغا چىقتى ۋە مەخسۇت مۇھىتىنىڭ موسكۋادا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدىغان بىر تونۇشىنىڭ ياردىمى بىلەن ئالىي مەكتەپكە ئوقۇشقا كىردى. 1926 ـ يىلى 6 ـ ئايدا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ تۇرپانغا قايتىپ كەلدى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئىككىنچى قېتىم چەت ئەلدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، خەلقنى نادانلىق، خۇراپاتلىق، زالالەتتىن قۇتقۇزۇشنىڭ بىردىنبىر يولى مەكتەپ ئېچىش ئىكەنلىكىنى، قاراڭغۇ دىللارنى پەقەت مەرىپەت نۇرى بىلەنلا يورۇتقىلى بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىپ، مەسلەكداشلىرى بىلەن مەكتەپ ئېچىش قارارىغا كەلدى. بىراق، 1913 ـ يىلى تۇرپان ئاستانىدە ئېچىلغان «مەخسۇدىيە مەكتىپى»، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ چوڭ دادىسى مىجىت ھاجى قاتارلىقلار ئاچقان يېڭىچە مەكتەپلەر رىياكار موللىلارنىڭ، پىتنىخور ئىشان، بەگلەرنىڭ چېقىمى بىلەن تاقالغاندىن كېيىن ياڭ زېڭشىن بۇيرۇق چۈشۈرۈپ يېڭىچە مەكتەپ ئېچىشنى چەكلىگەنىدى. مۇشۇنداق شارائىتتا

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر يەنە ساقلاپ تۇرۇشنىڭ مىللەتنىڭ قاراڭغۇ كۈنلىرىنى يەنىمۇ ئۇزارتىۋېتىدىغانلىقىنى، «ئۈجمە پىش، ئاغزىمغا چۈش» دەپ قاراپ تۇرماي، تەۋەككۈل دەپ ئوتتۇرىغا چۈشۈش كېرەكلىكىنى ھېس قىلىپ، خېيىمخەتەردىن قورقماي ئۆز ھويلىسىدا بىر سىنىپلىق مەكتەپ ئاچتى...

تۇرپان يېڭىشەھەر بازىرىدىكى بىر خالتا كوچىنىڭ ئىچكىرىسىدە، ئازادە ھويلىدىكى پارتا - ئورۇندۇقلار قويۇلغان، قارا تاختاي ئېسىلغان يورۇق سىنىپتا گەۋدىلىك، سۇمباتلىق، كۆزلىرى ئوتتەك يېنىپ تۇرغان، چىرايىدىن ئۆز ئىشىدىن سۆيۈنۈۋاتقان كىشىلەردە بولىدىغان بىر خىل مەمنۇنلۇق پارلاپ تۇرغان بىر ياش يىگىت گۈلدەك تىزىلىپ ئولتۇرغان 13 مەسۇم بالىغا دەرس ئۆتمەكتە ئىدى. مانا بۇ ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بولۇپ، ئۇ ئوماق بالىلىرىنىڭ ئۆزىگە تەلمۈرۈپ رازىمەنلىك بىلەن قاراشلىرى، خەتلەرنى قېتىرقىنىپ مەشق قىلىشلىرى، ئوقۇشقا شۈنچىلىك قىزغىنلىق بىلەن بېرىلىشلىرىدىن ئالەمچە شادلىققا چۆمەتتى، ۋۇجۇدى كۈچ - قۇۋۋەتكە تولاتتى... بىراق، ئويلىغان ئىش ئاخىرى يۈز بەردى، ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي بىر كۈنى جىسا ۋە سوپى، ئىشانلار سىنىپقا باستۇرۇپ كىرىپ، بالىلارنى ھەيدەپ، پارتا، ئورۇندۇقلارنى چېقىپ، مەكتەپنى تاقىۋەتتى. غەزەپلەنگەن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بۇنىڭلىق بىلەن توختاپ قالمىدى، ئۈرۈمچىگە چىقىپ تۇرپاندا بىرەر مەكتەپ ئېچىش ھەققىدە ياڭ جياڭجۈنگە ئەرز سۇنۇش قارارىغا كەلدى ۋە ئات كارۋىنىغا ئولتۇرۇپ ئۈرۈمچىگە قاراپ يولغا چىقتى. ئۈرۈمچىدە ئۇنىڭ ئىشلىرى ئوڭۇشلۇق بولمىدى، دادىسىنىڭ تونۇشلىرى بولغان، جەمئىيەتتە خېلى يۈز - ئابرۇيى بار، لېكىن ئۆز پايدىسىنىلا كۆزلەپ، خەلق قايغۇسى بىلەن كارى بولمايدىغان سودىگەرلەر ئۇنىڭ جياڭجۈنگە ئەرز سۇنۇش ئىشىغا قىلچە ياردەم قولىنى سۇنمىدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر جياڭجۈن مەھكىمىسىگە

كىرىشىنىڭ ئاچقۇچىنى ئىزدەپ يۈرگەن كۆڭۈلەرنىڭ بىرىدە شىنجاڭ تارىخىدىكى زور ۋەقە «7 ـ ئىيۇل» ۋەقەسى يۈز بېرىپ، قانخور ياڭ زېڭشىن پەن ياۋنەن تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى. ئامالسىز قالغان ئابدۇخالىق ئۇيغۇر يېڭى تەختكە چىققان جىن شۇرېندىن ئۈمىد كۈتۈپ تۇرپانغا قايتىپ كەلدى. لېكىن، «ئالا ئىنەكنىڭ بالىسى چالا قۇيرۇق» دېگەندەك ۋە كېيىن ئابدۇخالىق ئۆزى:

«ئادىمى ئالماشتىيۇ، يولى، تۈزۈم ئالماشمىدى،
جىن دېگەننىڭ ئىشلىرى مىسقالچىلىك قاملاشمىدى.
ياڭ ئۆلۈپ تاپتى لەھەت، بولمامدىكەن جۇمھۇرىيەت،
بەرمىسە جۇمھۇرىيەت بۇ ئىشلىرى قاملاشمىدى.»

دەپ يازغىنىدەك ۋەزىيەتتە ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىدى. مۇشۇنداق شارائىتتا ئابدۇخالىق ئۇيغۇر يەنە بىر قېتىم غەيرەتكە كېلىپ، ھەمدۇللا دامولام، مەخسۇت مۇھىتى، ھېسامىدىن زۇپەر، لېتىپ ئەپەندى قاتارلىق تەرەققىيپەرۋەر كىشىلەرنىڭ قوللىشى ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم بېرىشى بىلەن يېڭىشەھەر ئويماندەندە يەنە بىر قېتىم مەكتەپ ئاچتى، بولۇپمۇ مەخسۇت مۇھىتى شائىرنىڭ مەكتەپ ئېچىش ئىشلىرىنى ئىقتىسادىي كاپالەت بىلەن تەمىن ئەتكەندىن سىرت بۇ جەھەتتە ياخشى مەسلىھەتلەرنى بېرىپ، مەكتەپنىڭ ئوڭۇشلۇق يۈرۈشۈشىگە كاپالەتلىك قىلدى. مەكتەپ دەرسلىكىگە ھېساب، جۇغراپىيە، ھۆسنخەت، ئەخلاق، دىن دەرسى، ئەسرى سائادەت ۋە باشقىلار كىرگۈزۈلدى. شېئىر ئورنىغا مەۋلۇتتا ئوقۇلىدىغان مۇناجات ئوقۇلدى. ياش بالىلارنىڭ يۇمران ۋە چوڭچوڭ ئاۋازلىرى چاڭىلداپ، تۇرپان ئاسمىنىنى لەرزىگە كەلتۈردى. مەكتەپنىڭ شۆھرىتى چەت ناھىيىلەرگىمۇ تارقىلىپ، گوچۇڭ، پىچان، ئاستانە، توقسۇنلاردىن ئوقۇشقا تەشنا بولغان بالىلار كېلىشكە باشلىدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قاتارلىق ئوقۇتقۇچىلار بالىلارنى

قانداق قىلغاندا ياخشى ئوقۇتۇش، قانداق قىلىپ ساۋاتىنى تېز چىقىرىش جەھەتلەردە جان كۆيدۈرۈپ ئىشلىدى. بۇ مەكتەپنىڭ خېلى ئۈنۈمى كۆرۈلگەندىن كېيىن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قاتارلىقلار تۇرپان كونىشەھەردە يەنە بىر سىنىپلىق مەكتەپ ئاچتى. يېڭىشەھەردىكى مەكتەپ ئىككىنچى يىلىغا قەدەم قويغاندا ئوقۇغۇچىلار تەڭشىلىپ خېلىلا كۆزگە كۆرۈنۈپ قالدى. مەكتەپ هويلىسىدا ھەر خىل گىمناستىكا، نۇتۇق سۆزلەش، دېكلاماتسىيە پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلگەندە ئەتراپتىكى كىشىلەر ھەيران بولۇپ قىزىقسىنىپ كۆرۈشتى، ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارغا قايىل بولۇشتى. نەتىجىدە بىر تۇركۇم كىشىلەر كېلىپ، ئوقۇش تەلىپىنى بىلدۈردى. بۇنىڭ بىلەن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قاتارلىقلار بىر سىنىپلىق چوڭ ياشلىقلار سىنىپى ئاچتى. بۇنىڭ تەسىرىمۇ ئىنتايىن ياخشى بولدى.

ئەينى يىللاردىكى شىنجاڭدا تەرەققىيات، ئىلغارلىق دېگەنلەردىن سۆز ئاچقىلى بولمايتتى. «خەلقنى نادانلىقتا قالدۇرۇش» نى ئۆزىنىڭ شىنجاڭنى باشقۇرۇشتىكى ئەڭگۈشتەرى قىلغان ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمرانلىق قىلغان 17 يىلدا سەيپىدىن ئەزىزى ئەپەندى «ئۆمۈر داستانى» ناملىق كىتابىدا ئېيتقىنىدەك «شىنجاڭدا ھېچقانداق قۇرۇلۇش قىلىنمىغان، مەدەنىي مۇئەسسەسە، ئاخبارات ئورگىنى قۇرۇلمىغان، بىر پارچىمۇ گېزىت چىقارمىغان. تىياتىرخانا، مەدەنىيەت يۇرتى، كىتابخانا قاتارلىقلارنىڭ قۇرۇلۇشىغا قەتئىي يول قويمىغان» ئىدى. شۇڭا، خەلق ئوتتۇرا ئەسىر جاھالەت دەۋرىدىكىگە ئوخشاش ئېپتىدائىي، نادان، خۇراپات ئاسارىتىدە ياشايتتى. رۇسىيىدىكى ئالەمشۇمۇل تەرەققىيات بىلەن شىنجاڭدىكى ئاسمان ـ زېمىن پەرقنى كۆرگەن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قاتتىق ئېچىنىپ، قەلبى ئۆرتىنىپ، خەلقنى تەرەققىياتقا، ئىلغارلىققا باشلاشنى ئۆزىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى ۋە مەجبۇرىيىتى دەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

هېسابلايتتى. شۇڭا، ئۇ قىسقىغىنە هاياتىدا خەلقنى ئىلىم، مەرىپەتكە، يېڭىلىققا، ئۇيۇشۇشقا، ئىتتىپاقلىققا، پاك ياشاشقا، نادانلىقتىن، خۇراپاتلىقتىن قۇتۇلۇشقا ئۈندەيدىغان كۆپلىگەن جەڭگىۋار، يارقىن شېئىرلارنى يازدى، مۇشۇ مەزمۇندىكى كۆپلىگەن پائالىيەتلەرنى تەشكىللىدى، ئۆزى باشلامچى بولۇپ خەلقنى يېتەكلىدى. مەسىلەن، ئۇنىڭ شۇ يىللاردا يېزىلغان «باردۇر» ناملىق شېئىرى بۇ سۆزىمىزنىڭ دەلىلى بولالايدۇ.

جاهالەت سەمەرىسىدىن بىزگە بىر كۆن كۆپ جاپا باردۇر،
ئېيتىڭىزچۇ، بۇگۈنكى هالىمىزنىڭ قايىسى بىردە ساپا
باردۇر.

زامانىنىڭ هالىدىن ۋاقىپ بولۇپ تۇرماقنىڭ ئورنىغا،
بىرىنى شاگىيو سايلاپ ئارقىدىن دەۋايىمىز باردۇر.

ئىلىمنىڭ ئىجتىهاتىغا كۆڭۈلنى قويمىدۇق بىزلەر،
ئوقۇرمىز ئوقۇتۇرمىز دەپ سىغىز چايناشىمىز باردۇر.

تەئاۋۇنۇ ـ تەناسۇر ئورنىغا بىزلەردە بىر ئادەت،
يېگى باشنى كۆتۈرگەننى ئۇرۇپ يىغقانىمىز باردۇر.

يەنە يۇرت پايدىسىغا جەمئىي بولماقلىق بەسى مۇشكۇل،
ئەگەر بىر يەردە توي بولسا، بېرىپ ياتقانىمىز باردۇر.

ئومۇمنىڭ پايدىسىغا يۈز يىلدا هەم ئەسلا چۈشەنمەيمىز،
زىيان قىلماق ئۈچۈن بولسا ئەجەب چاققانىمىز باردۇر.

بىرسى بىر ياخشىلىق قىلسا، ئۇنىڭ يادىنى قىلماق يوق،
ئېپى كەلسە بېرىپ ئەۋرەتلىرىن ئاچقانىمىز باردۇر.

ئەگەر مىللەت ئۈچۈن بىر پۇل چىقىش كەلسە تاپالماسمىز،
چىقىمى يوق ناۋا پۇلغا تولا ئىخلاسىمىز باردۇر.

ئىخۋان ھەم بۇرادەرلىك نىشانى قالمىدى بىزدە،
مەگەر دوست بولساقمۇ ئەسلىي، بۆلەك مۇددىئايىمىز
باردۇر.

خاتائەن دوستىمىزدا بىر ئەيىب زاھىر بولۇپ قالسا،
يوشۇرماي بىرگە ئۈننى تېپىپ قاتقانىمىز باردۇر.

بابالار شۆھرىتىنى، غەيرىتىنى ھېچ سىغىنماسمىز،
قېلىپ غەپلەت، جاھالەتتە يۇمۇپ كۆز، پو ئاتقانىمىز
باردۇر.

كىبرەكسىز مۇستەھەب(قىلسىمۇ يامان بولمايدۇ) ئىشلار
ئۈچۈن جاننى پىدا قىلماق،
ۋەلېكىن ھەجگە باج ئالسا، توزۇپ قاچقانىمىز باردۇر.

ئويۇن - چاقچاق تۇيەيلىدىن ئۆز ئارا بىئەت بولساق،
ياراشتۇرۇپ قويۇش نەدە، ئارىغا ئوت ياققانىمىز باردۇر.

خۇشامەت بابىدا بىزدىن بۆلەك ئۇستىسى ھەم يوقتۇر،
قۇۋلۇقۇ شۇملۇق بىلەن رەڭمۇ رەڭ يالغانىمىز باردۇر.

ئىت ئۇرغاننى تونۇر دەپ بار ئىدى بىر تەمسىلى،
لويى، ئامبال ۋە دارىن دەپ سىمىز باققانىمىز باردۇر.

ئىلىم - پەنگە يۇرۇش قىلغان ئۇچار كۆكتە، ئۈزەر سۇدا،

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

مىنىشكە قوتۇر ئېشەك يوق، پىيادە قالغانىمىز باردۇر.

گۈركىرەپ كەلسە ئاپتوموبىل، نىمە بۇ ئەي خۇدايىم دەپ،
ئەقلىنى ئىشلىتەلمەي هاڭ ـ تاڭ قېتىپ قالغانىمىز
باردۇر.

هۈنەر بىلەن سانائەتتە «يېتىشتۇق»، ئەمدى ئىش پۈتتى،
ئۇماچ ئىچمەككە خۇمدانلا غېدىر قۇيغانىمىز باردۇر.

مىسلى جەننەت تاغۇ دەريانى بېزەشكە يوق كىشى،
ياستۇقنى قىرلاپ قويۇپ بىغەم ياتقانىمىز باردۇر.

مۇنەججىم هەم ئىنژېنېر، ئالىملارنىڭ ئورنىغا،
تونۇ سەللە، نەپسى بالا موللىمىز ـ سۇلتانىمىز باردۇر.

قىزىل كۆزلۈك، كۆرەلمەسلىك ۋە يا ئۆزى قىلالماسلىق،
قىلاي دەپ بەل باغلىغانلارغا تۇرلۇك ـ تۈمەن بوهتانىمىز
باردۇر.

ئەل ـ يۇرتنىڭ دەردىگە قىلچىمۇ دەرمان بولمىدۇق بىزلەر،
كېلۇر بىر كۈنى ئاشۇ چاغدا ئورنىغا كەلمەس پۇشمانىمىز
باردۇر.

ئابدۇخالىق بەس، يېتەر ئاۋارە بولما، قاقشىما،
شۇ چاغ كەلگەندە بىزلەردە ئازابقا تەييار ۋىجدانىمىز باردۇر.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر «ئۇيغۇر» دىگەن تەخەللۇسىنىمۇ مەخسۇت
مۇهىتى سۆزلەپ بەرگەن بىر رىۋايەتكە ئاساسەن مۇشۇ مۇددىئادا

قويغان بولۇپ، بۇ ھەقتە يازغۇچى مۇھەممەت شاھنىياز «بالدۇر ئويغانغان ئادەم ـ ئابدۇخالىق ئۇيغۇر» ناملىق كىتابىدا مۇنداق يازىدۇ: «. . . ‹ئۇيغۇر› دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى ‹ئۇيۇشقاق›، ‹ياردەملەشمەك› دېگەندىن ئىبارەت، بىزنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز مۇشۇ نام بىلەن جاھانغا تونۇلغان. لېكىن، بىز ھازىر ‹جاھان مۇشۇ› دەپ ئۆزىمىز تۇرغان جايىنىلا بىلىپ، دۇنيادىن بىخەۋەر قالدۇق. زۇلۇم، زورلۇق، خۇراپاتلىق، نادانلىق خەلقىمىزنى قۇمدەك چېچىۋەتتى. بىزنىڭ ئۇيغۇر دېگەن نامىمىز ئۆچۈشكە باشلاپ، ھازىر ئۆزىمىزنى قەشقەرلىق، كۇچارلىق، تۇرپانلىق، ئىلىلىق دەپلا ئاتايدىغان بولدۇق. بۇنىڭغا مېنىڭ پاك ۋىجدانىم، ئىنسانىي غۇرۇرۇم قانداق چىدايدۇ؟! مەن ئاتا ـ بوۋىلارنىڭ تارىختىكى ئالەمشۇمۇل شان ـ شۆھرىتىنى ياد ئېتىپ، ‹ئۇيغۇر› نامىنى ئۆزۈمگە تەخەللۇس قىلدىم.

ئابدۇخالىقنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان ھېسامىدىن زۇپەر ئۇنىڭ سۆزىگە چىن كۆڭلىدىن قايىل بولدى.»

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر رۇسىيىدىن ئالغان تەسىراتىغا ئاساسەن مەتبەچىلىك، نەشرىياتچىلىق ئىشلىرىنىڭ خەلقنى تەربىيىلەش، ئويغىتىشتىكى رولىنىڭ چوڭ بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، تۇرپاندا بىر باسما زاۋۇتى قۇرۇش قارارىغا كەلگەن ۋە رۇسىيىگە ماڭغان سودا كارۋانلىرى ئارقىلىق رۇسىيىدىن باسما زاۋۇتىنىڭ ئۈسكۈنىلىرىنى ئەكەلدۇرگەن. ئەپسۇسكى، ئۈسكۈنىلەر 1927ـ يىلى ئەتىيازدا چېگرىدىن ئۆتۈپ، چۆچەككە يېتىپ كەلگەندە بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ قالغان ياڭ زېڭشىن ساراسىمىگە چۈشۈپ، زاۋۇت ئۈسكۈنىلىرىنى دەرھال مۇسادىرە قىلغان. مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ھەر خىل سورۇنلاردا نۇتۇق سۆزلەش، ھەر خىل سەنئەت پائالىيەتلىرىنى تەشكىللەش ئارقىلىق خەلقنى يېتەكلەش يولىنى تۇتتى. ئۇ ھەر خىل يىغىلىشلاردا، بازاردا، كوچىلاردا نۇتۇق سۆزلەپ، چەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەللەردىكى يېڭىلىقلارنى تونۇشتۇرۇپ، يۇرتىمىزدىكى قالاقلىقلارنى پاش قىلىپ، خەلقنى ئويغىنىشقا، نادانلىق، خۇراپاتلىقتىن قۇتۇلۇشقا چاقىردى. ئۆزىنىڭ مۇشۇ مەزمۇندىكى شېئىرلىرىنى كەڭ ئاۋامغا ئوقۇپ بېرىپ، خەلقنىڭ مايىللىقىنى قولغا كەلتۈردى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ دوستلىرى ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى كوچىلارغا چاپلاپ، قولدىن - قولغا كۆچۈرۈپ تارقىتىپ، ئىلغارلىقنى، تەرەققىيپەرۋەرلىكنى تەشۋىق قىلدى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر يەنە مەسلەكداشلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ يېڭىشەھەردىكى مەكتەپتە خۇراپاتلىق، نادانلىقنى قامچىلاش مەزمۇن قىلىنغان كونسېرت كېچىلىكى ئۆتكۈزۈشنى قارار قىلدى. شائىر تاشكەنت شەھىرىدە كۆرگەن مەدەنىي پائالىيەتلەرنى، تىياتىر، كونسېرتلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ئۇلارنى مەكتەپ پائالىيەتلىرىگە تەتبىقلىدى ۋە كۆپ قېتىم مەسلىھەتلىشىپ بىر قانچە كونسېرت نومۇرلىرىنى قۇراشتۇرۇپ چىقتى. ئۇلار خەلق ئىچىدە ئېيتىلىۋاتقان «پەريادەي» ، «ئېگىز تاغ باشىدا» ، «راي - راي» قاتارلىق ناخشىلارنىڭ ئەسلىي تېكىستىنى ئاساس قىلىپ ئىسلاھ قىلدى ۋە سەھنىگە ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن ئوقۇغۇچىلارغا ئۆگەتتى. شائىر ئۆزى «پىرىخون» ناملىق سەھنە ئەسىرىنى يېزىپ چىقتى. تەييارلىقلار پۈتكەندىن كېيىن ئويماندەنىنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى ئايۋانچىنىڭ سۇپىسى سەھنە ئورنى قىلىندى. (ئويماندەنىنىڭ ئەسلىدىكى ئورنى هازىرقى يېڭىشەھەر بازىرىغا جايلاشقان پوچتىخانىنىڭ يېنىدىكى تار كوچىدا بولۇپ، بۇ يەر ئەسلىدە يولۇچىلار چۈشكۈن قىلىدىغان دەن[1] ئىدى. بۇ دەنىنىڭ هويلىسى كەڭرى، ئۆي ۋە زاللار كۆپ، مۇهىتى ياخشى بولغاچقا، كېيىنچە تاكى ئازادلىققا قەدەر بۇ يەر تۇرپان شەھىرىنىڭ مەدەنىي پائالىيەت مەركىزى

---

① دەن — ساراي، قونالغۇنىڭ خەنزۇچە ئاتىلىشى ( 店 ) .

بولۇپ كەلگەن. بۇ يەردە تىياتىرلار ئوينىلىپ، ھەر خىل يىغىلىشلار ئۆتكۈزۈلۈپ، مەكتەپ ئورنى قىلىپ بېكىتىلىپ، كۆپلىگەن زور ۋەقەلەرگە شاھىت بولغان. بۇ يەر ھازىرمۇ «ئويماندەن» دەپ ئاتىلىدۇ) كونسېرت كېچىلىكىگە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى، ساۋات چىقىرىش سىنىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى تەكلىپ قىلىندى، ئىختىيار قىلغۇچىلارغا كەڭ يول بېرىلدى. ئويماندەنگە يۈزلىگەن تاماشىبىنلار يىغىلىپ، كونسېرت باشلاندى. ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار «ۋىجدان ئازابى» ناملىق شېئىرنى دېكلاماتسىيە قىلدى، ئەپيۇنكەشلەر تەنقىد قىلىنغان «راي - راي» ناملىق ئېيتىشىشنى ئورۇندىدى، «پەريادەي» ناملىق ناخشىنى ئېيتتى، خۇراپاتلىق قامچىلانغان «پېرىخون» ناملىق ئىتوتنى ئېلىپ چىقتى. نومۇرلار بىر - بىرىدىن قىزغىن قارشى ئېلىنىپ، ھەر بىر نومۇر ئۈچ - تۆت قېتىمدىن ئورۇندالدى. بۇ نومۇرلارنىڭ تاكامۇللاشقانلىقى بولماستىن ئومۇمىي خەلقنىڭ سەنئەتكە بولغان ئىنتىزارلىقى، خەلق سەنئىتىنىڭ تۇنجى قېتىم سەھنىگە ئېلىپ چىقىلىپ، خەلق بىلەن يۈز كۆرۈشكەنلىكىدىن بولغانىدى. كونسېرت ئاخىرلاشقاندا ئابدۇخالىق ئۇيغۇر سەھنىگە چىقىپ سۆز قىلدى: «بىز بۈگۈن ئائىلە مەشرەپلىرىنى سەھنىگە ئېلىپ چىقتۇق، بىر مۇنچە يېڭى مەزمۇنلارنى قوشتۇق، خەلقنى ئويغىتىپ، مەرىپەتكە، مەدەنىيەتكە، تەرەققىياتقا باشلىماقچى بولدۇق. بىز بۇنچىلىك ئىشلارنى قىلمىساق ياكى قىلىشقا جۈرئەت قىلمىساق، بىزنىڭ ھالىمىز قانداق بولماقچى؟ دۇنيادا قانداق ئىشلار بولۇۋاتىدۇ، قانداق تەرەققىياتلار كېتىۋاتىدۇ، بۇنىڭدىن خەۋەر تاپالماي جاھالەت ئۇيقۇسىدا يېتىۋېرىدىغان بولساق، ھالىمىزغا ۋاي، خاراب بولىمىز. قالاقلىق ئۆلۈم بىلەن باراۋەر. داۋاملىق قالاق ھالەتتە يېتىۋەرسەك، بۈگۈنكى دۇنيادا باشقىلار تەرىپىدىن ئوڭايلا يېيىلىپ كېتىمىز، مىللىتىمىز تارىخ سەھنىسىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىزسىز غايىب بولىدۇ. قۇمغا سىڭگەن سۇدەك سىڭىپ تۈگەيمىز. . . بۇ ئىشلارنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرسەك قورقىمىز كېلىدۇ. زالىملار بىزنى نادانلىق، بۆشۈكلىرىگە بۆلەپ قويۇپ ئۇزۇن مۇددەت ئەللەي قىلماقچى بولىدۇ. ئەگەر بىز زالىملارغا بوزەك بولمايمىز دېسەك، كۆزىمىزنى ئېچىشىمىز، تەرەققىياتقا قاراپ مېڭىشىمىز كېرەك. ئۆزىمىزنى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىتىپ، كۆزىمىزنى ئاچىمىز دېسەك، مەكتەپ ئېچىپ بالىلىرىمىزنى ئوقۇتۇشىمىز، ئۆز تەقدىرىمىزنى ئىلىم ـ پەن بىلەن ھەل قىلىپ، ئىلىم ـ بىلىم يولىدىن ئىبارەت پارلاق ئىستىقبالنى تېپىشىمىز كېرەك. بۇ بىزنىڭ بىردىنبىر يولىمىز. ئوقۇپ، ئۆگىنىپ بىلگەندىلا دۇنيانىڭ ھازىرقى تەرەققىياتىغا يېتىشىپ ماڭغىلى بولىدۇ. باشقا ئەللەر، باشقا مىللەتلەر ئاسماندا غارقىراپ ئۇچۇۋاتىدۇ. ئوقۇساق، بىلسەك بىزمۇ ئۇچالايمىز!»

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر يەنە يۈرۈش ـ تۇرۇش، كىيىم ـ كېچەك جەھەتتىمۇ تەرەققىيپەرۋەرلىكنى ئىپادىلەپ، باشقىلارغا مەدەنىيەت تارقاتتى. ئۇ دائىم بېشىغا چاچ قويۇپ، ساقىلىنى پاكىز قىردۇرۇپ، بۇرۇتىنى ئەپچىلگىنە ياسىتىپ، بېشىغا شىلەپە، ئۇچىسىغا كاستۇم ـ بۇرۇلكا، پۇتىغا پارقىراپ تۇرىدىغان خۇرۇم ئاياغ، بوينىغا گالىستۇك تاقاپ يۈرەتتى. ئەرلەر 18 ياشقا كىرە ـ كىرمەيلا ساقال ـ بۇرۇتىنى قويۇۋېتىپ، ئۇچىسىغا ئۇزۇن مەللە چەكمەن كىيىپ، بېلىنى پوتا بىلەن باغلاپ، بېشىغا سەللە يۆگەپ يالاڭ ئاياغ يۈرىدىغان ئۇ زامانلاردا ئابدۇخالىقنىڭ بۇ خىل كىيىنىشى ئىنتايىن چوڭ يېڭىلىق ھېسابلىناتتى. ئۇ كىيىم ـ كېچەكلىرى ھەققىدە سورىغانلارغا چەت ئەللەردىكى ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ، بۇنىڭ بىر خىل مەدەنىيەت ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ ئۇلارنى قايىل قىلاتتى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر كۈنسېرى كۈچىيىۋاتقان زۇلۇم،

ئىستىبداتنى، خەلقنىڭ چىرىك، زالىم ھاكىمىيەتكە بولغان ئۆچمەنلىكىنى، قارشىلىق ساداسىنى ھېس قىلىپ، قولغا قورال ئېلىپ ئىنقىلاب قىلغاندىلا ئېزىلىش، خورلۇقتىن قۇتۇلغىلى بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى ۋە قۇمۇل تاغلىرىدا كۆتۈرۈلگەن ئىنقىلاب بورىنىغا ئاۋاز قوشۇپ، مەخسۇت مۇھىتى قاتارلىقلار ئاستانىدە كۆتۈرگەن قوزغىلاڭنىڭ سېپىگە قوشۇلدى. بۇ يىللاردا ئابدۇخالىق ئۇيغۇر خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرىدىغان، ئىنقىلابقا زۇلۇم ئۇستىدىن قوزغىلىشقا ئۈندەيدىغان بىر ناخشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىپ، تۇرپان خەلق ناخشىسى «گۈل ئاچىل»غا بەش كۇپلېتلىق بىر ناخشا تېكىستى يازدى ۋە «ئاچىل» دەپ ماۋزۇ قويدى. بۇ تېكىستنى باغرىلىق داڭلىق سازەندە قۇربان تەمبۇر ئاھاڭغا سالدى. ئوقۇتقۇچىلار يېڭىچە مەكتەپلەردە «ئاچىل» ناخشىسىنى ئوقۇغۇچىلارغا ئۆگەتتى، كوچىلارغا ھۆسنخەتچىلەپ يېزىپ چاپلىدى.

گۈلۈم ئاچىلاي دەيدۇ، ئاچىل،
باشقا سانجىلاي دەيدۇ، ئاچىل.
بۇ گۈلنىڭ يۈرەك ئوتى، ئاچىل، گۈل ئاچىل،
تەنگە يامىشاي دەيدۇ، ئاچىل،
ئاچىلمىساڭ گۈل قايدا، ئاچىل!

گۈلۈم ماڭا ناز قىلۇر، ئاچىل، دادەي،
كۈلۈپ مېنى ماز قىلۇر، ئاچىل.
گۈل قەدرىنى بىلمەيسەن، ئاچىل، گۈل ئاچىل،
زىمىستاننى ياز قىلۇر، ئاچىل.
ئاچىل، ئاچىلمىساڭ گۈل قايدا، ئاچىل!

گۈل دەردىدە خۇن بولدۇق، ئاچىل،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تۇگمەنلەردە ئۇن بولدۇق، ئاچىل.
قورقۇنچۇقدىن قاتتىق تاش، ئاچىل، گۇل ئاچىل،
بىرلىشەلمەي قۇم بولدۇق، ئاچىل.
ئاچىل، ئاچىلغاندا بىر گەپ بار، ئاچىل!

ياش تالىپلار ھۇخلاشما، ئاچىل، دادەي،
گۇل يولىدا پۇتلاشما، ئاچىل.
بۇ گۇل ئۇچۇن جان پىدا، ئاچىل، گۇل ئاچىل،
ھەر قەدىمىڭگە مىڭ تىللا، ئاچىل.
ئاچىل، ئاچىلمىساڭ گۇل قايدا، ئاچىل.

غەيرەت گۇلۇم ئاچىلغىل ــ ئاچىل، ئاچىل،
ھىممەت گۇلۇم ئاچىلغىل، ئاچىل.
بۇ گۇل ئۇچۇن بەرسەم جان، ئاچىل، گۇل ئاچىل،
قاچان بولسا بىر ئۆلۇم،
يا ئۆلۇم، يا بىر كۆرۇم، ئاچىل.
ئاچىل، ئاچىلغاندا بىر گەپ بار، ئاچىل! . . .

كىشىنىڭ يۇرەك باغرىنى ئېزىدىغان ۋە قانلىرىنى ئۇرغۇتىدىغان بۇ ناخشا خەلق ئارىسىغا ئىنتايىن تېز ئومۇملىشىپ، خەلقنى ئويغىتىشتا ئىنتايىن مۇھىم، تۇرتكىلىك رول ئوينىدى. كېيىنچە «ئاچىل» ناخشىسى قوزغىلاڭچىلار سۆيۈپ ئېيتىدىغان ناخشىغا ئايلىنىپ، قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ جەڭگىۋار مارشىغا ئايلاندى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ناخشا قۇمۇل تاغلىرىدىن تارتىپ، كۆنچى، تۇمەن دەريا بويلىرىغىچە ئۇزۇن يىللار ياڭراپ تۇردى. بۇ ھەقتە سەيپىدىن ئەزىزى ئەپەندى «ئۆمۆر داستانى» نىڭ 1 ـ قىسىم «قەشقەردە قوزغىلاڭ» ناملىق بابىدا مۇنداق يازىدۇ: «قۇمۇلدا قوزغىلاڭ

كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئاتۇشتا خەلق ئارىسىدا ھەر خىل گەپلەر تارالشقا باشلىدى: قۇمۇلدا ۋاڭ ـ غوجاملار قوزغىلاڭ قىپتۇ، ۋاڭ غوجامنىڭ دادىسى ئۆلگەن ۋاقىتتا مېنىڭ قەبرەمگە ئىككى گۈل ـ غۇنچىنى تىكىپ قويۇڭلار، ئاشۇ گۈللەر ئېچىلغاندا قوزغىلىڭلار دەپتىكەنمىش، ئەمدى شۇ گۈل ئېچىلىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ھەممە خەق قوزغىلىپ كېتىپتۇ. قوزغىلاڭچىلار شۇڭلاشقا «گۈل ئاچىل» دېگەن ناخشىنى ئېيتىپ جەڭگە كىرىدىكەن... قۇمۇللۇقلار قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ، دېگەنگە ئوخشاش مىش ـ مىش گەپلەر. بۇنداق گەپلەر خەلق ئارىسىغا شۇنچىلىك چاپسان تارالدىكى، كىشىلەرنىڭ روھىنى كۆتۈرۈۋەتتى... بۇ ناخشا يۇقىرىدىكى مىش ـ مىش گەپلەر بىلەن قوشۇلۇپ، گويا قەشقەر بويىچە خەلقنى قوزغىلىشقا ئاتلاندۇرىدىغان چاقىرىق رولىنى ئوينىدى، ھەتتا بۇ ناخشىنى بالىلارمۇ بەك ياخشى كۆرەتتى، بىز بىرنەچچىمىز بىر يەرگە توپلاشساقلا بۇ ناخشىنى ئېيتاتتۇق، يىپ ئىگىرىدىغان چاقچى ئاياللارمۇ بۇ ناخشىنى ئېيتاتتى... ياش بالىلارلا ئەمەس، چوڭلارمۇ بۇ ناخشىنى بېرىلىپ ئاڭلايدىغان بولدى... ئۇلار يېقىنلاشتى، ئالدىدا تۆتتىن قاتار تىزىلغان سەككىز ـ ئون قىزىل چاپان، قىزىل سەللىلىك چىرايلىق ياش بالىلار يەنە ھېلىقى «ئاچىل» ناخشىسىنى خور قىلىپ ئېيتىپ كەلمەكتە ئىدى. «گۈللەر ئاچىلىپ قاپتۇ ئاچىل، يارەي، ئاچىلغاندا بىر گەپ بار، ئاچىل...» بالىلارنىڭ كەينىدە تۆت ئاتلىق يوغان كۆتەك ھارۋىنىڭ ئۈستىدە بىر نەچچە ئادەم كۇچەپ ناغرا ـ سۇناي چېلىۋېتىپتۇ... تۆمۈر شىجاڭنىڭ ئىككى يېنىدا مىلتىقنىڭ پايىنىكىنى تىزىغا قويۇپ، چىڭ تۇتقان قاتار ـ قاتار ئەسكەرلەر، ئارقىسىدا تۆتتىن قاتار بولغان ئاتلىقلار كېلەتتى. ئۇلارمۇ ئىگىز ـ پەس ئاۋاز بىلەن ئالدىدىكى بالىلارنىڭ ناخشىسىغا قوشۇلاتتى. بۇ قامەتلىك، سۇرلۇك، باتۇر تۆمۈر شىجاڭنى كۆرگەندە بىزدىكى تەسىرات يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ

كەتتى. ئەمدى كۆزىمىزدىكى ياشلىرىمىزنى باسالماي قالدۇق... نىزامىدىن ئەپەندى قىلىچىنى بېشىدىن ئايلاندۇرۇپ چەكسىز خۇشاللىق ئىچىدە «ئاچىل، ئاچىل، گۇل ئاچىل» دېگەن سۆزنى تەكرارلاپ ۋارقىراپ كېتىپ باراتتى. قىلىچ بېشىدا بىر ئايلىنىپ، بىر تۆۋەن چۈشەتتى.» ئەينى ۋاقىتتىكى ھۆكۈمەت دائىرىلىرى بۇ ناخشىنى قانچە چەكلىگەنچە، بۇ ناخشىنى ئېيتقانلارنى قانچە باستۇرغانچە بۇ ناخشا خەق قەلبىدىن شۇنچە چوڭقۇر ئورۇن ئالدى.

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك ئەينى ۋاقىتتىكى تۇرپان دىيارىدىكى سودىگەرچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئۈچ چوڭ مەدەنىيەتلىك ئائىلە يەنى مۇھىتىلار ئائىلىسى، مىجىت ھاجى ئائىلىسى، ئەخمەت ۋاجىدى ئائىلىسى چەت ئەللەرگىچە تىجارەت قىلىش جەريانىدا يېقىن ئائىلىۋى مۇناسىۋەت ئورناتقان، گاھىدا بىرلىشىپ سودا قىلغان. مۇھىتىلار ئائىلىسى بىلەن ئەخمەت ۋاجىدى ئائىلىسى بىرلىكتە پاختا تىجارىتىنى ئاساس قىلغان «ئىدىقۇت سودا شىركىتى»نى، تيەنجىن، لەنجۇلاردا بۇ شىركەتنىڭ تارمىقىنى قۇرغان. مۇھىتىلار ئائىلىسى بىلەن مىجىت ھاجى ئائىلىسى رۇسىيىگە بىرلىكتە مال يۆتكىگەن ۋە مال ئېلىپ كېلىپ ساتقان. مىجىت ھاجىنىڭ نەۋرىسى بولغان ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بىلەن مەخسۇت مۇھىتىنىڭ دوستلۇقى ماشا شۇنىڭدىن باشلانغان. مەخسۇت مۇھىتى مىجىت ھاجىنىڭ ئۆيىگە كۆپ كېلىش جەريانىدا ئابدۇخالىق ئۇيغۇردىكى ئاجايىپ ئىستېداتنى، بىلىمگە بولغان ئوتتەك ئىنتىلىش روھىنى، ئىسيانكارلىق خاراكتېرىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئىختىيارسىز ماڭ (ھېرىس بولۇش) بولۇپ قالغان ۋە مىجىت ھاجىغا ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى رۇسىيىگە ئەۋەتىپ ئوقۇتۇش تەكلىپىنى بەرگەن. شۇنداق قىلىپ، 1916 ـ يىلى 2 ـ ئايدا 15 ياشلىق ئابدۇخالىق ئۇيغۇر مىجىت ھاجى ۋە مەخسۇت مۇھىتىنىڭ سودا كارۋانلىرى

بىلەن رۇسىيىنىڭ شەمەي شەھىرىگە قاراپ يولغا چىققان. ئۇلار ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ، 5 ـ ئاينىڭ بېشىدا رۇسىيىنىڭ شەمەي شەھىرىگە يېتىپ بارغان، ئاندىن سودا يەرمەنكىسى بولۇۋاتقان قازان شەھىرىگە كەلگەن.

شۇنداق قىلىپ ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شەمەي شەھىرىدە 1917 ـ يىلىغىچە رۇسچە باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇغان. بىلىم تەشنالىقى ئوتتەك يالقۇنجاپ تۇرغان ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بۇنىڭ بىلەن توختاپ قالماي، ئالىي مەكتەپتىمۇ ئوقۇش ئۈچۈن 1923 ـ يىلى 3 ـ ئايدا مەخسۇت مۇھىتىنىڭ سودا كارۋانلىرىغا قوشۇلۇپ، مەخسۇت مۇھىتى، جامال مۇتىئىي قاتارلىقلار بىلەن بىرگە ئىككىنچى قېتىم سوۋېت ئىتتىپاقىغا قاراپ يولغا چىققان. ئۇلار تۇرپاندىن چۆچەككە ئاتلىق، چۆچەكتىن شەمەيگە ھارۋىلىق مېڭىپ، 5 ـ ئاينىڭ بېشىدا شەمەيگە يېتىپ بارغان ۋە ماشىنىغا ئولتۇرۇپ ئومىسكىغا، پويىزغا ئولتۇرۇپ موسكۋاغا بارغان. مەخسۇت مۇھىتىنىڭ موسكۋادىكى بىر گىمنازىيىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدىغان ئاغىنىسى ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئالىي مەكتەپكە كىرىشىگە كۆپ ياردەم قىلغان. ئۇ ئالدى بىلەن كۈندە يېرىم كۈن ۋاقىت چىقىرىپ، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ رۇس تىلى ۋە باشقا دەرسلەرنى پىششىقلاپ ئۆگىنىشىگە يېتەكچىلىك قىلىپ، ئۇنىڭ ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتنىشىشى ئۈچۈن ئۈچ ئاي دەرس تەكرارلاپ بەرگەن، نەتىجىدە ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئەلا نەتىجە بىلەن ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىنغان. دېمەك مەخسۇت مۇھىتى ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئىككىلا قېتىملىق چەت ئەلدە ئوقۇشىغا بىۋاستە ياردەم بەرگەن، ئۆزى بىللە ئېلىپ چىقىپ، ئوقۇش پۇرسىتى يارىتىپ بەرگەن.

مەخسۇت مۇھىتى يەنە ئېتىقاد، ئىدىيە جەھەتلەردىمۇ ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا زور تەسىر كۆرسەتكەن. بۇ ھەقتە يازغۇچى خېۋىر تۆمۈر ئەپەندى «بالدۇر ئويغانغان ئادەم» ناملىق كىتابىدا

مۇنداق يازىدۇ: «ئۆيدىكىلەر كەلگۈچىلەرنىڭ مەخسۇتباي، ھېسامىدىن زۇپەر، مۆمىن ئەپەندى قاتارلىق كىشىلەر ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ھەممىسىلا ھويلىغا چىقىشتى.

مەخسۇتباي يېشى 40 تىن ئاشقان، زور گەۋدىلىك، ئوتتۇرا سېمىز، قوۋۇزلىرى تولۇق، يۇمىلاق يۈزلۈك، كۆزلىرى چوكچوك كەلگەن ئۆتكۈر كۆزلۈك شەخس بولۇپ، شۇ يىللاردىكى يارقىن مەرىپەتچى، تەرەققىيپەرۋەر زىيالىي ئىدى. مەدرىسە ۋە يېڭىچە مەكتەپلەردە ئوقۇغاندىن كېيىن، تىجارەت ھەم ساياھەت بىلەن رۇسىيىدە شەمەي، موسكۋا، لېنىنگرادقىچە بارغان، نەزەر دائىرىسى كېڭىيىپ، ئاق - پىكرى ئېچىلغان، ئۆزلۈكىدىن رۇسچە ئۆگىنىپ مۇئەييەن بىلىم سەۋىيىگە ئىگە، زامانىنىڭ ئالدىنقى قاتارىدىكى جەدىت (يېڭىلىقچى) زىيالىيلىرىدىن بولۇپ يېتىشكەن كىشى ئىدى. فېئودالىزم ھۆكۈمرانلىقىدا دىنىي خۇراپاتلىقلار ئەۋج ئالغان جاھالەت دەۋرىنىڭ قارا پەردىلىرىنى يىرتىپ، توسالغۇلارنى يېرىپ تەرەققىياتقا قەدەم باسقان مەخسۇت مۇھىتى خەلقنى ئويغىتىش ئۈچۈن 1912 - يىللىرى رۇسىيىدىن مەرىپەتچى ھەيدەر سايرانىنى تەكلىپ قىلىپ تۇرپان ئاستانىدە تۇنجى قېتىم يېڭى نىزامچە مەكتەپ ئاچقان. كېيىنكى يىللاردا مەكتەپنىڭ ئازلىق قىلىۋاتقانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، 1917 - يىلىغا يەتكەندە، مۇھىببۇللا ئەپەندى، گۇلەندەم ئاۋۇستەي، ئېلى مۇئەللىم، ھېسامىدىن ئەپەندى قاتارلىق ئالتە نەپەر تاتار ئوقۇتقۇچىنى موسكۋادىن (ئۇلار موسكۋا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇش پۈتتۈرگەنلەر ئىدى) تەكلىپ بىلەن شىنجاڭغا ئەكىلىپ ئۆز خىراجىتى بىلەن چۆچەك، گۇچۇڭ، تۇرپان - ئاستانىلەردە «مەكتەپى مەخسۇدىيە» ناملىق مەكتەپ ئېچىپ مائارىپنى ئالغا سۈرگەندى. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەخسۇت مۇھىتى ئۆزىنىڭ تەرەققىيپەرۋەرلىكى ۋە مەرىپەتپەرۋەرلىكى بىلەن مۇتلەق نوپۇز ۋە ھۆرمەت ئىگىسى ئىدى.

كەلگۈچىلەرنىڭ ئىككىنچىسى ئوتتۇرا بويلۇق، يۇمىلاق يۈزلۈك، ئاھۇ كۆزلۈك پىچىمى كېلىشكەن روھلۇق ياش ھېسابىدىن زۇپەر بولۇپ، ئۇ شۇ يىللاردا مەشھۇر باي زۇپەر ھاجىنىڭ ئىگىلىك ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان، سودا ـ سېتىق، توختام ـ دوگۇۋور ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، كەڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ئورناتقان زىيالىي ئىدى.

ئېگىز بويلۇق، ئۆڭى قارا، قاڭشا بۇرۇن كەلگەن مۆمىن ئەپەندى ھەم يېڭىچە مەكتەپلەردە ئوقۇپ مۇئەييەن بىلىم سەۋىيىگە ئىگە بولغان قىزغىن، روھلۇق زىيالىي ئىدى.

ھەممىنىڭ ئالدىدا مېھمانخانىغا كىرگەن مەخسۇتباي كىچىك پېئىللىق بىلەن ئەھۋال سورىشىپ:

— سىلەرنى ساقلىتىپ قويدۇق، — دەپ ئەپۇ سورىدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا كەلگەندە ئۇنىڭ كۆزىگە ئۇزاقراق قاراپ، — نەچچە كۈندىن تۇزۇك سۆزلەشكىلى بولمىدى ـ ھە! — دەپ كۈلۈمسىرەپ قويدى.

— راستتىن شۇنداق بولدى، — دېدى لېتىپ ئەپەندى مەخسۇت مۇھتىنىڭ ئارمانىنى چۈشىنىپ، — ئەمدىگىنە بىر پاراڭ باشلانسا، يېڭى مېھمان كىرىپ پاراڭنىڭ بېلىنى ئۈزۈپ تاشلايدۇ، شۇنداق قىلىپ كۆڭۈلدىكىدەك سۆزلەشكىلى بولمىدى.

مېھمانلار ئولتۇرۇپ پاتىھە قىلىشتى. ئۆزئارا ھال سورىشىپ بىر ئاز پاراڭلاشتى. ئاڭغىچە ساھىبخانا داستىخان سېلىپ زىيابەت باشلىدى. قەنت ـ گېزەك، مېۋە ـ چېۋە تىزىلدى، نانلار سۇندۇرۇلدى، چايلار قۇيۇلدى. داستىخان مول ھەم باياشات ئىدى. مەخسۇت مۇھىتى چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ ئۆز ئارمانىدىن سۆز ئاچتى.

— نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا جۇڭگونىڭ 24 تارىخى توغرىسىدا ئەمدىلا سۆز باشلانغاندا، مېھمان كىرىپ سۆزنى ئۈزۈپ

www.uyghurkitap.com

قويغانىدى. مەن بۇ يىل 24 تارىخ توغرىسىدا موسكۋادا بىر رۇس تارىخچىسىدىن ئازراق ئاڭلاپ ناھايىتى قىزىققانىدىم. ھازىرمۇ شۇنداق قىزىقىمەن، — دېدى ئۇ داستىخان ئۈستىدىكىلەرگە تەكشى نەزەر تاشلاپ.

— بىزنىڭ تارىخنى رۇسلار قانداق بىلىدۇ؟ — دېدى ئابدۇسەمى باي تەنتەكلىك قىلىپ. ئۇ گويا ئۆز سۆزىنىڭ ئورۇنلۇق بولغان ـ بولمىغانلىقىنى بىلمەكچى بولغاندەك ئۇنىڭ ـ بۇنىڭ كۆزىگە قاراپ ئالاقزادە بولدى.

مەخسۇت مۇھىتى ئۇنىڭغا سوغۇق نەزەر تاشلاپ چۈشەنچە بەرمەكچى بولدى:

— جۇڭگونىڭ 24 تارىخى دۇنياغا مەشھۇر تارىخ. بۇ تارىخنى يالغۇز رۇسلار ئەمەس، ئىنگلىزلار، فرانسۇزلار ۋە نۇرغۇن نېمىس ئالىملىرىمۇ ئالاھىدە تەتقىق قىلىدۇ.

— بىز نېمىشقا شۇنداق قىلمايمىز؟ — دېدى ئابدۇسەمى يەنە تەنتەكلىك قىلىپ.

— ئوقۇمىساڭ نېمىنى تەتقىق قىلىسەن! — دېدى مۆمىن ئەپەندى قوپاللىراق تېگىپ. مەخسۇتباي باشلىق ھەممە كىشى ئابدۇسەمىگە مەسخىرە ئارىلاش ئاچچىق قاراپ قويۇۋىدى، ئۆزىنىڭ ئوقۇمىغان ساۋاتسىز ئىكەنلىكىنى تونۇغان ئابدۇسەمى كۆپچىلىكتىن كۆزىنى ئەپقېچىپ شاپ بۇرۇتلىرىنى سىيلىغان بولۇپ باشقا تەرەپلەرگە قاراپ قۇتۇلماقچى بولدى. مەخسۇتباي پەيتنى قولدىن بەرمەي:

— سەن، بىزدەك باينىڭ بالىلىرى بايلىقىغا ئىشىنىپ ئوقۇمايدۇ. كەمبەغەللەرنىڭ بالىلىرى ماغدۇرى يەتمەي ئوقۇيالمايدۇ. شۇنداق قىلىپ ھەممە ئادەم ئوقۇشسىز قالسا، ئوقۇشسىز قالغان ئەل نېمىنى بىلسۇن! بىزدىكى ئەڭ ئېغىر مەسىلە مانا شۇ، — دېدى قولىدىكى پىيالىنى داستىخانغا قويۇپ، — بىزدە ئوقۇغانلار بارمۇ، دېگەندە، بار. مەسىلەن، دىنىي ئوقۇش

ئوقۇغانلارنى ئالساق، ئۇلار دىنىي ئىشلار ئۈچۈنلا ئوقۇيدۇ. خەنزۇچە ئوقۇغانلار بولسا، ئەمەلدار بولۇش، ھېچ بولمىغاندا توڭچى ياكى ئەرز خەت يازغۇچى بولۇپ كۈن ئېلىش ئۈچۈن ئوقۇيدۇ. ئۇنداقلارنىڭ تارىخ بىلەن كارى بولمايدۇ ـ دە، نەتىجىدە كۆپ نەرسىدىن بىخەۋەر قالىدۇ. ئۆزۈمنى ئېلىپ ئېيتسام، خەنزۇچە ئوقۇمىغانلىقىم ئۈچۈن مەنمۇ كۆپ نەرسىدىن خەۋەرسىز كېلىۋاتقانلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىمەن. بىراق ئاز ـ تولا رۇسچە ئۆگىنىپ قويغانلىقىم ئۈچۈن، جۇڭگونىڭ 24 تارىخى توغرىسىدا بىر رۇس ئوقۇتقۇچىسىدىن ئازراق مەلۇماتلارنى ئاڭلاپ قىزىققان بولسامۇ، ئەمما ئۆزۈم خەنزۇچىنى ئوقۇمىغانلىقىم ئۈچۈن، 24 تارىخنى بىۋاسىتە كۆرۈپ بەھرە ئېلىشقا ئاجىز كەلدىم، — مەخسۇتباي قىزىشىپ داۋام قىلاتتى. ھەممە ئادەم ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ قالغانىدى، — بىزنىڭ ئۇكىمىز، ياش شائىرىمىز ئابدۇخالىق ئۇيغۇر خەنزۇچىنى ئەلا ئوقۇدى، 24 تارىختىنمۇ بەھرە ئالدى. شۇڭا، ئالدىنقى كۈنلەردە تارىخ سەھىپىسىدىن ئازراق سۆز باشلىۋىدى، ئۆيگە يېڭى مېھمانلار كىرىپ گەپنىڭ بېلىگە تەپتى. شۇنداق قىلىپ مېنى ئارماندا قويغان. بىز شائىرنىڭ ئاغزىغا قارايلى، بىزگە يەنە بىر ئاز تارىخ سۆزلەپ بەرسۇن!

— سۆزلەپ بەرسۇن، — دېيىشتى ھەممەيلەن قوشۇلۇپ. شۇئانلا ھەممە ئادەمنىڭ كۆز گۆھىرى شائىرغا قادالدى. بۇنىڭدىن بىر ئاز ئوڭايسىزلىق ھېس قىلغان شائىر، چاپسانلا ئۆزىنى توختىتىۋېلىپ، سۆزلەپ بەرمەكچى بولدى:

— كېيىنكى كۈنلەردە، — دەپ سۆز باشلىدى شائىر كۆپچىلىككە تەكشى نەزەر تاشلاپ، — خەنزۇچىغا بىر ئاز چىشىم ئۆتىدىغان بولۇۋىدى، بىر مۇنچە جەڭنامە كىتابلارنى كۆردۈم. مەسىلەن، «سۇ بويىدا»، «غەربكە ساياھەت»، «ئۈچ دۆلەت قىسسىسى» قاتارلىقلارنى كۆرۈپ تېخىمۇ قىزىقتىم. بىر كۈنىسى

www.uyghurkitap.com

قولۇمغا «خەننامە» دەپ ئاتالغان بىر تارىخ چۈشتى. بۇنىڭغىمۇ قىزىقىپ قالدىم. جۇڭگو 5000 يىللىق مەدەنىيەت تارىخىغا ئىگە قەدىمكى دۆلەت بولغانلىقتىن يېزىلغان تارىخ ناھايىتى كۆپ ئىكەن. مەسىلەن، خەن ۋۇدى دېگەن پادىشاھ زامانىسىدىن تارتىپ چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگىچە يېزىلغان 24 تارىخ جەمئىي بىر قانچە يۈز جىلدلىق كىتابتىن ئىبارەت ئىكەن. مەن بۇ كىتابلارنىڭ ھەممىسىنى كۆرۈپ كېتەلەيمەنمۇ؟ ئەگەر كۆرەي دېسەممۇ بۇ كىتابلار تورپاندا يوق. مېنىڭ قولۇمغا چۈشكەن «خەننامە» دېگەن كىتاب ئەنە شۇ نەچچە يۈز جىلد كىتابتىن بىرى. مەن شۇ «خەننامە»دىكى «ھونلار تەزكىرىسى» قىسمىنى زور ئىشتىياق بىلەن نەچچە ياندۇرۇپ ئوقۇپ چىقتىم. بۇ تارىختا يېزىلىشىچە، مىلادىيىدىن بىرقانچە يۈز يىللار ئىلگىرى «ھون» دەپ ئاتىلىدىغان كۆچمەن چارۋىچى خەلقلەر شىمالىي ۋە غەربىي رايونلاردا كۈچلۈك دۆلەت قۇرۇپ ئۆتكەنىكەن. ئۇلار ئوتتۇرا جۇڭگودىكى چىن پادىشاھلىرى بىلەن بەزىدە ئىتتىپاق بولۇپ ئىناق ئۆتكەن بولسا، بەزىدە ئۇرۇشۇپ دۈشمەنلىشىپ ئۆتكەنىكەن. ھونلار چارۋىچىلىق بىلەن ھايات كۆچۈرىدىغان بولغاچقا، ئات مىنىش، ئوۋ قىلىشقا ماھىر كەلگەن خەلق ئىكەن. ئۇلارنىڭ قۇرغان زور ئىمپېرىيىلىرى ۋە مەشھۇر پادىشاھلىرى بولغانىكەن. ئەڭ چوڭ پادىشاھىنى «تەڭرىقۇت» دەيدىكەن.

— «تەڭرىقۇت» دېگىنى بىزنىڭ «ئىدىقۇت» دېگەنگە ئوخشاش كېلىدىكەن، — دېدى بىرى سۆز ئارىلاپ. شائىر سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ھونلارنىڭ تىلىدا «تەڭرى» دېگىنى ئاسمان ياكى خۇدا دېگەن ئۇقۇمغا، قۇت دېگىنى «بەخت» مەنىسىدە بولۇپ، «تەڭرىقۇت» دېگەن سۆز «خۇدا بەرگەن بەخت» دېگەن مەنىدە بولىدىكەن، ئۇلار ئۆز پادىشاھلىرىنى ئاشۇنداق ھۆرمەتلەيدىكەن...

— ياپىر. بىز ئاڭلاپ باقمىغانلا سۆزلەر ئىكەن! — دېدى ئابدۇسەمى ئۆز ھاياجىنىنى بېسىۋالالماي. بۇياتقىلار ئۇنىڭغا يالت ئېتىپ قاراپ «تىنچ ئولتۇر» دېگەندەك قىلىشتى. شائىر سۆزىنى داۋام قىلاتتى:

— «خەننامە» دە يېزىلغان باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ تەزكىرىسى مېنى ئالاھىدە قىزىقتۇردى. باتۇر تەڭرىقۇت دېگىنى تۈمەن تەڭرىقۇتنىڭ ئوغلى ئىكەن. ئۇ ئاتىسىنىڭ ئورنىغا تەختكە چىققان ۋاقىتلاردا توڭغۇس دېگەن بىر خەلقنىڭ ناھايىتى كۈچلۈك دۆلىتى بولغانىكەن.

— باشقىچىلا ئېتى بار ئىكەن، ئۇلار قايسى خەلق؟ — دېدى ئابدۇسەمى يەنە يېنىكلىك قىلىپ.

— ئۇلار ھونلار بىلەن قوشنا بولغان، ئۆز ئالدىغا ھۆكۈمرانلىقى، پادىشاھلىقى بولغان بىر خەلق، كېيىنكى موڭغۇل، مانجۇ قاتارلىق خەلقلەرنىڭ ئەجدادى، — دېدى شائىر سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — توڭغۇسلار پادىشاھى، باتۇر تەڭرىقۇت يېڭىدىن تەختكە چىقتى، ئۇنىڭ ھاكىمىيىتى مۇستەھكەملەنمىدى، تېخى ئاجىز دەپ ھېسابلاپ، ئۇنى سىناپ كۆرمەكچى بولۇپ، ئۇنىڭغا ئاتىسى تۈمەن تەڭرىقۇت ۋاقتىدىن قالغان داڭلىق تۇلپارنى ماڭا بەرسۇن دەپ ئەلچى ئەۋەتىپتۇ. باتۇر تەڭرىقۇت ئەلچىلەرنىڭ تەلىپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۆز ۋەزىرلىرىنى مەسلىھەتكە چاقىرىپ، قانداق قىلىش كېرەك؟ دەپ سوراپتۇ، ۋەزىرلەر: «بۇ تۇلپار، تۈمەن تەڭرىقۇت ۋاقتىدىن قۇتاتقان داڭلىق تۇلپار، بۇنى قانداقمۇ بېرىۋەتكىلى بولسۇن!» دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان تەڭرىقۇت ئۇلارغا: «ئۇ بىر ئاتقۇ! بىر قوشنا ئەل ياقتۇرغان ئاتنى نېمە ئۈچۈن بېرىشكە بولمايدىكەن!» دەپتۇ ۋە تۇلپارنى كەلگەن ئەلچىلەرگە بېرىپ قايتۇرۇپتۇ. توڭغۇسلارنىڭ پادىشاھى تۇلپارغا ئىگە بولغاندىن كېيىن، باتۇر تەڭرىقۇت مەندىن قورقىدىكەن، بولمىسا تۇلپارنى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

بەرمىگەن بولاتتى، دەپ ئويلاپ يەنە: «باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ كىچىك خوتۇنىنى ياقتۇرۇپ قالدىم. خوتۇن قىلىشنى خالايمەن»، دەپ ئەلچىلەرنى ئىككىنچى قېتىم ئەۋەتىپتۇ. ئەلچىلەر كېلىپ ئەھۋالنى ئېيتقاندىن كېيىن، باتۇر تەڭرىقۇت ۋەزىرلىرىنى توپلاپ ئۇلاردىن يەنە مەسلىھەت سوراپتۇ. ۋەزىرلەر بۇ گەپنى ئاڭلاپ غەزەپلەنگەن هالدا ساقاللىرىنى تىترىتىپ: «بۇ تولىمۇ يولسىز تەلەپ بوپتۇ. بۇنىڭغا قانداقمۇ چىداپ تۇرغىلى بولسۇن، ئۆزلىرىنىڭ دەرهال ئەسكەر تارتىپ ئۇلارنىڭ كۆلىنى كۆككە سورۇۋېتىشلىرىنى تەلەپ قىلىمىز!» دەپ قوللۇق قىپتۇ. باتۇر تەڭرىقۇت ۋەزىرلەرنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ بولۇپ: «ئۇ بىر ئايالغۇ، قوشنا ئەلنىڭ پادىشاهى ياقتۇرغان بىر ئايالنى نېمىشقا بەرگىلى بولمايدىكەن!» دەپتۇ ـ دە، ئۆزىنىڭ ئامراق كۆرىدىغان كىچىك خوتۇنىنى بوشىتىپ ئەلچىلەرگە قوشۇپ ئەۋەتىپ بېرىپتۇ. تۇڭغۇسلارنىڭ پادىشاهى تەڭرىقۇتنىڭ خوتۇنىنى ئەۋەتىپ بەرگەنلىكىنى كۆرۈپ، باتۇر تەڭرىقۇت راستىنلا بىزدىن قورقىدىكەن، بولمىسا خوتۇنىنى ماڭا ئەۋەتىپ بەرمىگەن بولاتتى، دەپ ئويلاپ، تېخىمۇ مەغرۇرلىنىپ ئەلچىلەرنى ئۈچىنچى قېتىم يەنە ئەۋەتىپتۇ. بۇ قېتىم ئۇ: «چېگرا قاراۋۇللىرىمىز تۇرغان يەرلەرنىڭ شىمالىي تەرەپلىرىدە تەڭرىقۇتقا تەۋە بىر پارچە بوز يەر بار، مەن شۇ جايلارغا ئىگە بولۇشنى خالايمەن. مۇندىن كېيىن هونلار بۇ جايلارغا ئاياغ باسمىسۇن» دەپتۇ. باتۇر تەڭرىقۇت ۋەزىرلىرىنى توپلاپ بۇ هەقتە مەسلىھەت سورىغاندا، ۋەزىرلەر بىرىنچى قېتىمدا تۇلپارنى، ئىككىنچى قېتىمدا خوتۇنىنى ئەۋەتىپ بەرگەن يەردە، قاغجىراپ تۇرغان بىر پارچە سېرىق جاڭگالنى بېرىۋېتىش هېچ گەپ ئەمەس دېگەن تونۇشقا كېلىپ: «بېرىۋېتىش كېرەك، تاشلىنىپ ياتقان بىر پارچە جاڭگال يەرغۇ!» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. باتۇر تەڭرىقۇت ۋەزىرلەرنىڭ پىكرىنى ئاڭلاپ قاتتىق غەزەپكە كېلىپ: «بۇ قانداق

مۇمكىن بولسۇن، زېمىن دېگەن دۆلەتنىڭ ئاساسى، زېمىن بولمىسا، دۆلەت بولامدۇ!» دەپتۇ - دە، «ھەممە ئادەم ئاتلانسۇن، مېنىڭ ئېلىمدە بۇ قېتىمقى يۈرۈشتىن قېپقالغۇچىلار بولسا كاللىسى ئېلىنسۇن!» دەپ ھۆكۈم چىقىرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ئەل قوزغىلىپ توڭغۇسلار ئۈستىگە يۈرۈش قىلىپ، بىرلا ھۇجۇم بىلەن توڭغۇسلارنى يېڭىپ، پادىشاھنى ئۆلتۈرۈپ، ئىلگىرى تۈمەن تەڭرىقۇت ۋاقتىدا قولدىن كەتكەن بىر مۇنچە زېمىنلارنىمۇ قايتۇرۇۋاپتۇ.

— تەقسىر... بىز ئاڭلىمىغان ئاجايىپ ئىشلار بار ئىكەن-ھە! — دېدى ئابدۇسەمى باي ئۆز ھاياجىنىنى بېسىۋالالماي. شائىرنىڭ ئاغزىدىن يەنە قانداق يېڭى سۆزلەر چىقىدىغانلىقىغا تەقەززا بولۇپ قاراپ ئولتۇرغان مېھمانلار، ئابدۇسەمىنىڭ سۆزگە قىسىلغانلىقىنى ياقتۇرماي نارازى بولۇپ قاراپ قويۇشتى. ئەمما، شائىر دىققىتىنى بۇزماستىن سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ:

— مەن بۇ تەزكىرىنى ئوقۇۋېتىپ شۇنى ھېس قىلدىمكى، باتۇر تەڭرىقۇت، دۆلەت زېمىنىنى يەنى، ۋەتەننى ئۆزىنىڭ ھەر قانداق راھەت - پاراغەتلىرى ۋە سەلتەنەتلىك دەۋرانلىرىدىن ئۈستۈن كۆرگەن ئالىي پەزىلەتكە ئىگە داھىي. ماڭا ئۇنىڭ مۇشۇ تەرىپى قاتتىق تەسىر قىلدى، — دېدى.

— ھەممىمىزگە شۇ! — دېدى مەخسۇت مۇھىتى شائىرنىڭ پىكرىگە قوشۇلۇپ، — بىزگىمۇ مۇشۇ نۇقتىسى تەسىر قىلىدۇ. تارىختا ئۆتكەن يۈزلىگەن، مىڭلىغان پادىشاھلار ئوتتۇرىسىدا بولغان جېدەل - ماجىرالار، قانلىق جەڭلەرنىڭ تولىسى قىز - مەلىكە تالىشىش، ئابرۇي تالىشىش، مەنمەنلىك قىلىشتەك سەۋەبلەردىن كېلىپ چىققان. ئۇلار مۇشۇنداق ئىشلار ئۈچۈن ئۇرۇش - تالاش قىلىپ، دەريا - دەريا قان تۆكۈپ، ئەل ۋە يۇرتلىرىنى خانىۋەيران قىلىشقان. باتۇر تەڭرىقۇت بۇنىڭ ئەكسىچە ئىش تۇتقان، ئۇ ئىززەت - ئابرۇيدىن، ھەتتا خوتۇنىدىن

ۋاز كېچەلىگەن. ئەمما، بىر پارچە زېمىن مەسلىسىگە كەلگەندە، پۈتۈن ئېلىنى سەپەرۋەر قىلىپ جەڭگە ئاتلانغان. بۇ ھەرقانداق پادىشاھتا بولىۋەرمەيدىغان شاھانە پەزىلەت.

مېھمانلار باش لىڭشىتىپ خۇلاسىنىڭ توغرىلىقىنى تەستىقلىشاتتى. مەخسۇت مۇھىتى سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ:

— بۈگۈن مېنىڭ يەنە بىر خۇش بولغان يېرىم شۇكى، — دېدى ئۇ قولىدىكى پىيالىنى ئوينىتىپ ئولتۇرۇپ، — ئوقۇشنى مانا ئابدۇخالىق ئۇيغۇردەك ئوقۇش كېرەك. بۈگۈن ئۇ خەنزۇچىنى توختىلىق قىلىپ جان بېقىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى دۆلەتنىڭ تارىخى، جۇغراپىيىسى ۋە تارىخىي مەدەنىيەتلىرىنى بىلىش ئۈچۈن ئوقۇغانلىقىنى ئىسپاتلىدى، بۇنىڭغا كىم خۇش بولمايدۇ؟ ھەممە ئادەم خۇش بولىدۇ، ئەلۋەتتە. بۈگۈن ئۇ بىزگە جۇڭگونىڭ 24 تارىخىدىن خۇددى دەريادىن تامچە دېگەندەك كىچىككىنە بىر تەزكىرىنى سۆزلەپ بېرىپ، ھەممىمىزنى تەترىتىۋەتتى، شۇنىڭدەك كاتتا دەرس ئۆتتى. ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ ھەرقانداق ۋاقىتتا كىتابلاردا زىكرى قىلىنىپ، تىللاردا داستان بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈردى. بىز مۇشۇنداق تەرەپلىرىگە خۇش بولىمىز.

مەخسۇت مۇھىتىنىڭ ئۆزىگە قىلىۋاتقان مەدھىيىسىنى ئاڭلىغان ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ يۈزىگە سەل - پەل قىزىللىق ئۆرلىگەنىدى.

— بىزنىڭ يۈزلىگەن، مىڭلىغان ئەۋلادلىرىمىز مۇشۇ تەقلىدتە ئوقۇپ يېتىشىپ چىقسا، ئۇ چاغدا ئەھۋالىمىز قانچىلىك ياخشى بولاتتى - ھە! — دېدى ئەتىگەندىن قولاق سېلىپ ئاڭلاپ ئولتۇرغان ھېسامىدىن زۇپەر.

— ئەگەر بىزنىڭ ئاچقان مەكتەپلىرىمىز تاقىلىپ قالماي، مۇشۇ كۈنلەرگىچە داۋام قىلغان بولسا، كۆپلىگەن زىيالىيلار يېتىشىپ چىققان بولاتتى! — دېدى مەخسۇت مۇھىتى ئېغىر

نەپەس ئېلىپ.

— چۈجىنىڭ شۆملۈقىدىن توخۇنىڭ ئەمچىكى يوق، دېگەندەك، ھەممە ئىش يەنە ئۆزىمىزدىن بولدى، — دېدى لېتىپ ئەپەندى غەزەپ بىلەن. ئۇنىڭ كالپۇكلىرى غەزەپتىن تىترەپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ بۇ سۆزى ئارقىلىق مېھمانخانىدا ئولتۇرغانلارنىڭ كۆز ئالدىغا، ئاشۇ يىللىرى مۇتەئەسسىپ موللىلارنىڭ چۇقان كۆتۈرۈپ ئېچىلغان يېڭىچە مەكتەپلەرگە قارشى چىققانلىقى، ئۇرۇمچى دۇدۇسى ياڭ زېڭشىنغا ئەرز ـ شىكايەت سۇنغانلىقى، قارا ھۆكۈمەت ئۇلارنىڭ چۇقان ـ سۈرەنلىرىگە ئېتىبار بېرىپ، شۇ باھانە بىلەن مەكتەپلەرنى ياپتۇرۇپ، ئوقۇتقۇچىلارنى جازالاپ تاقىۋەتكەن ئاچچىق ئۆتمۈشلەر تىزىلىپ كەلگەنىدى.

— شۇنداق، ھەممە ئىش ئۆزىمىزنىڭ شۆملۈقىدىن بولدى، — دېدى مەخسۇت مۇھىتى ئۆتمۈشنى ئەسلەپ، — مۇتەئەسسىپ ئىشان ـ موللىلار، بىز ئاچقان مەكتەپلىرىمىز ئۈستىدىن چۇقان كۆتۈرۈپ ئەرز قىلىۋىدى، يۇرتىمىزنى جاھالەتتە قالدۇرۇپ، ئۆز ھاكىمىيىتىنى يۇرگۈزۈۋاتقان ياڭ جياڭجۇنگە ئۇ ئىش ياغدەك ياراشتى. بىر بۇيرۇق بىلەن مەكتەپلىرىمىزنى ياپتۇرۇۋەتتى. يىللار ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ، خەلق نادانلىق، جاھالەت پاتقاقلىرىغا بارغانسېرى چوڭقۇر پېتىپ قېلىۋاتىدۇ. بىلگەن ئادەمگە بۇ ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز، چىداپ تۇرغۇسىز ئېغىر دەرد. بۇ دەردلەرگە ئۆلەمدۇ كىشى ـ ئۆچەمدۇ كىشى!

سۆز بۇ يەرگە يەتكەندە مەخسۇت مۇھىتىنىڭ ئاۋۇشى تىترەپ كەتتى. ئۇ قاتتىق ھاياجانلانغان ۋە غەزەپكە كەلگەنىدى.

— تاھىربەگنىڭ سۇن جۇڭشەن ئەپەندى بىلەن كۆرۈشكەن ئىشلىرىمۇ بىر تەرەپكە قايرىلىپ قالدى، — دېدى مۆمىن ئەپەندى ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ، — سۇن جۇڭشەن ئەپەندى شىنجاڭدا مىللىي مائارىپنى يولغا قويۇڭلار دەپ ياخشى سۆز

www.uyghurkitap.com

قىلغانىكەن.

— سۇن جۇڭشەن ئەپەندى دېگەن كاتتا ئادەم، شىنخەي ئىنقىلابىنى قوزغاپ 2000 يىللىق فېئوداللىق خانلىق تۈزۈمىنى ئاغدۇرۇپ ئۇنىڭ ئورنىغا جۇمھۇرىيەت قۇرغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ، دۆلەت ئاتىسى دەپ ئاتىلىدۇ. ئەمما، بۇ جۇمھۇرىيەت بىزنىڭ شىنجاڭغا يېتىپ كەلگىنى يوق، — دېدى مەخسۇت مۇھىتى غەزەپ بىلەن.

مەخسۇتبايىنىڭ چوڭ - چوڭ ئەينەكلىك دېرىزىلەر ئورنىتىلغان مېھمانخانىسى يورۇق ھەم ئازادە ئىدى. ئۆينىڭ ئىچى يوغان ئۈچ پارچە گىلەم بىلەن تولغان. تۆرگە يوغان تاشئەينەك توختىتىلغان، مېھمانخانىنى چۆرىدەپ ئۇزۇن - ئۇزۇن مەخمەل كۆرپىلەر سېلىنىپ، قوشلاپ پەر ياستۇقلار تاشلانغانىدى. مېھمانلار كەشلىرىنى تاشقىرىغا سېلىپ قويۇپ، پاكىز ئۆتۈكلىرى بىلەن ئانچە تەكەللۇپسىزلا يۇقىرى ئۆرلەپ، ھەركىم خالىغان يېرىدە كەڭ ۋە ئازادە ئولتۇرۇشتى.

مېھمانخانىنىڭ دېرىزە تەكچىسىدە ھەر خىل كىتابلار تىزىلغانىدى. قازان، تاشكەنت باسمىلىرىدا نەشر قىلىنغان تارىخ، باياز، دىۋانلار «شورا»، «ئاڭ»، «بايانۇلھەق»، «قازان مۇخبىرى»، «موللا نەسىرىدىن» قاتارلىق مەجمۇئەلەر ۋە گېزىتلەر شۇنىڭدەك بىر مۇنچە رۇسچە كىتابلار بار ئىدى. گىلەم تارتىلغان تامدا، بىر دانە قوش ئېغىزلىق ئوۋ مىلتىقى ۋە بىر دانە رۇس بەشئاتارمۇ ئېسىقلىق تۇراتتى. ئومۇمەن بۇ ئۆيدە ھەم قەلەم، ھەم ئەلەم بار ئىدى.

مېھمانلار كېلىش بىلەن تەڭ، قولغا سۇ كەلتۈرۈلۈپ چوڭ داستىخان سېلىندى. داستىخانغا ھەر خىل مېۋە - چېۋە، قەنت گېزەكلەر قويۇلۇپ، نان - توقاچلار سۇندۇرۇلدى ۋە جانان چىنىلەرگە قاپقارا دەملەنگەن سىنچاي قۇيۇلدى. مېھمانلار كەڭتاشا، ئازادە ئولتۇرۇپ چاي ئىچكەچ پاراڭلاشماقتا ئىدى.

— توخۇ كۆرگەننى چوقۇيدۇ، موللا كۆرگەننى ئوقۇيدۇ، دېگەندەك، چاي مۇزلاپ قالدى، — دېدى مەخسۇتباي، كىتاب تىزىلغان تەكچىگە يېقىن ئولتۇرۇپ كىتابلارغا مىختەك قادىلىپ قالغان ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا خىتاب قىلىپ.

شائىر كىتابتىن بېشىنى كۆتۈرۈپ مەخسۇتبايغا خۇشخۇي قاراپ قويغاندىن كېيىن، پىيالىنى ئېلىپ بىر ـ ئىككى ئوتلىدى ۋە بىر بۇردا نان چاينىدى. هويلىغا ئۈچ كىشى كىرىپ كەلدى. بۇلار ئاستانىلىك ئابدۇروسۇل ئەپەندى، پولات قارىي، نىيازقارىي قاتارلىق كىشىلەر بولۇپ چوڭ كۆرەگە (مۇھىتــــلارنىــــڭ هويلىسىنى ئاستانىدە چوڭ كۆرە دەپ ئاتايتتى) هېسامىدىن بىلەن ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ كەلگەنىدى. ئۇلار توپتوغرا مېهمانخانىغا كىرىپ ئۆزئارا سەمىمىي كۆرۈشۈپ، هال ـ ئەهۋال سوراشتى.

بۇ كىشىلەر، بىر ـ بىرىگە يات ئەمەس، بەلكى يات ـ يات ئۈچرىشىپ تۇرىدىغان سۆهبەتداشلار ئىدى. بۇ ئۈچ كىشى هەيدەر ئەپەندى ئاچقان مەكتەپتە ئوقۇغان زىيالىيلار ئىدى. شۇڭا، ئۇلار ئوڭايلا ئۆزلىشىپ قىزغىن سۆهبەتكە كىرىشكەنىدى.

ئابدۇروسۇل ئەپەندى، ئېگىز بويلۇق، بۇغداي ئۆڭلۈك، كۆز چاناقلىرى چوڭقۇرراق كەلگەن، چاسا ئېڭەك، قامەتلىك ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ بىر تىلىم شاپاقتەك قارا بۇرۇتى هۆسنىگە خوپ ياراشقانىدى. تىزىنى بېسىپ تۇرىدىغان ئۈچ يانچۇقلۇق ئاق پەشمەت كىيگەن، مەيدە يانچۇقىدىن يانچۇق سائىتىنىڭ كۈمۈش زەنجىرى پىلدىرلاپ تۇراتتى. هەيدەر ئەپەندىدە ياخشى ئوقۇغان بۇ كىشى هەيدەر ئەپەندى كەتكەندىن كېيىن ئاستانىدە ئۆز ئالدىغا مەكتەپ ئېچىپ، مەرىپەتپەرۋەرلىكتە مەشهۇر بولغانىدى.

پولات قارىي ئوتتۇرا بوي، مىختا بەدەن، كۆزلىرى چوڭ ـ چوڭ كۆرۈنىدىغان يۇمىلاق يۈزلۈك ئادەم ئىدى. بۇ كىشىنىڭ ئازراق ساقىلى بولۇپ، چىرايى سېرىققا مايىل ئىدى. بۇ هەم

ھەيدەر ئەپەندىدە ياخشى ئوقۇغان، كېيىنكى چاغلاردا بىر مەزگىل قىرائەتمۇ ئۆگەنگەنىدى.

نىيازقارىي ھەم ھەيدەر ئەپەندىدە ئوقۇغان، كېيىنكى چاغلاردا تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان، ئوتتۇرا بويلۇق، قارامتۇل، ئېڭەكلىرى ئۇچلۇق كەلگەن توم قارا بۇرۇتلۇق ۋە قاڭشارلىق ئادەم ئىدى.

بۇيانقىلار قىزغىن سۆزلىشىۋاتقاندا، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر مۇقاۋىسى پۇزۇر ئىشلەنگەن، مۇقاۋىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى گۈللۈك رامكا ئىچىگە گۈزەل بىر ئايالنىڭ باش سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن بىر كىتابنى كۆرۈۋاتاتتى. بۇ كىتابتا يالتىراق ئېسىل ۋاراقلارغا سىزىلغان قىستۇرما رەسىملەر بولۇپ، شائىر شۇ رەسىملەرنى كۆزدىن كەچۈرەتتى. بەزەن رەسىملەر ئۈستىگە كەلگەندە قاراپ قادىلىپ قالاتتى. سۈرەتلەرگە گويا جان كىرگۈزۈۋەتكىلى قىل قالغان رەسسامنىڭ ماھارىتىگە تەھسىن ئوقۇيتتى.

لېكىن، ئىچكى جەھەتتە قاتتىق خورسىناتتى. شۇ قەدەر نەپىس، شۇ قەدەر گۈزەل، جانلىق، مەزمۇنلۇق سۈرەتلەرنىڭ نېمىلىكىنى چۈشىنىشكە ئاجىزلىق قىلغان، كۆزى ئوچۇق تۇرۇپ «ئەما» ھالەتتە قالغان شائىر ئۆزىگە قاتتىق خاپا بولاتتى ۋە خورسىناتتى.

بۇ گەرچە شائىرنىڭ ئىچكى ھېسسىياتى بولسىمۇ، لېكىن قاپاقتا نېمە بولسا، تېشىغا شۇ تېپىدۇ دېگەندەك، ئۇنىڭ ئىچكى خورسىنىشى بۇيانقىلارغا ئاللىقاچان سېزىلگەنىدى.

— قايسى كىتابكەن؟ — دېدى پولات قارىي شائىرنىڭ قولىغا سوزۇلۇپ قاراپ.

— ئەما كىشىدەك قاراپلا تۇرۇۋاتىمەن، — دېدى شائىر.

— «ئاننا كارېنىنا»، — دېدى مەخسۇت مۇھىتى يىراقتىنلا، — رۇسىيىنىڭ مەشھۇر يازغۇچىسى تولستوينىڭ كامالەت تاپقان ئەسەرلىرىدىن بىرى. ۋاقتىم يەتسىلا ئوقۇيمەن.

— بىز ئەما، بۇنىڭغا نېمە ئامال! — دېدى شائىر مەيۇسلىنىپ.

— مەنمۇ باشتا شۇنداق بولغان، — دېدى مەخسۇتباي چۈشەنچە بەرمەكچى بولۇپ، — تۇنجى قېتىم موسكۋاغا بارغاندا گويا تىلسىز ئادەمگە ئوخشاش، قىسقىسى بىر باغ سەرەڭگە سودىسىنى قىلىشقىمۇ ئاجىزلىق قىلدىم. شۇنداق شارائىتتا رۇس تىلى ئۆگىنىشكە مەجبۇر بولدۇم. بىر ئادەمگە 70 خىل ھۈنەر ئازلىق قىلىدۇ دېگەندەك، باشقا بىر مىللەتنىڭ تىلىنى ئۆگىنىپ قويۇشنىڭ ئۆزىمۇ بىر ھۈنەر ئىكەن، ئۆگەنگەننىڭ ھېچقانداق زىيىنى بولمايدىكەن. شۇ چاغدا قەتئىي نىيەتكە كېلىپ ئۆگىنىپ قويۇۋىدىم. تۇرمۇشنىڭ ھەممە جەھەتلىرىدە ماڭا جىق پايدا قىلدى. بۇ ئارقىلىق رۇسلارنىڭ تۇرمۇشى، تارىخى، مەدەنىيىتى جەھەتلەردە بىرقەدەر چۈشەنچىلەرگە ئىگە بولدۇم. تولستوي، پۇشكىن ئەسەرلىرىنى بىۋاسىتە كۆرەلەيدىغان بولدۇم. پايدا دېگەن شۇ ئەمەسمۇ! ؟ — مەخسۇت مۇھىتى بۇرۇلۇپ ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا قاراپ داۋام قىلدى، — بىزنىڭ شائىرىمىز ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، ئەگەر خەنزۇچىنى ئۆگەنمىگەن بولسا، جۇڭگونىڭ 24 تارىخىنى كۆرەلمىگەن بولاتتى. ھەر ھالدا بىلگەننىڭ پايدىسى تولا، ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز تولا!

— موھىبۇللا ئەپەندى بىلەن گۇلەندەم ئاۋۇستەي چۆچەككە كېتىپ قالمىغان بولسا، بىزمۇ رۇسچە ئوقۇغان بولساق ياخشى بولاركەن! — دېدى نىياز قارىي ئارمان بىلەن ئىچىنى ئۇرۇپ، ئۇنىڭ چوڭقۇر نەپەس ئالغانلىقى خۇددى يىلان كۆشىگەندەك ھەممىگە ئاڭلانغانىدى.

— مەخسۇت ئاكامدىن ئوقۇساقمۇ بولىدۇ! — دېدى ھېسامىدىن زۇپەر.

— ياخشى گەپ، مەن ئوقۇتاي، رۇسچە ئۆگىنىشكە بىسمىللا كەتمەيدۇ! — دېدى مەخسۇتباي چاقچاق ئارىلاشتۇرۇپ.

شائىر خىيالچان بولۇپ قالغانىدى. تاماق ئۈستىدىمۇ، سۆز- سۆھبەتلەردىمۇ ئۇنىڭ بىر نېمىنى ئويلىنىۋاتقانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئاخىر ئۇنىڭ خىيالى تاماقتىن كېيىن ئاشكارىلاندى:

— بۇ يىل كارۋان قاچان ماڭىدۇ؟ — دېدى شائىر بىردىنلا بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭ سوئالىدىن مەقسىتى ئاشكارىلىنىپ قالغانىدى.

— كارۋان بىلەن بىللە رۇسىيىنى ئايلىنىپ كېلەي دېمەكچىمۇسىز؟ — مەخسۇتباي ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنگەنىدى.

— شۇنداق ئويلاۋاتىمەن.

— بۇنىڭغا ئانچە كۆچ كەتمەيدۇ، كارۋان بېشى قىلىپ قويساق، بىللە بېرىپ شەمەينى ۋە باشقا شەھەرلەرنى ئايلىنىپ كېلىسىز!

شائىرنىڭ چىرايى ئېچىلدى، گويا ئۇنىڭ رۇس تىلى ئۆگىنىشكە بولغان قىزغىنلىقى بىردىنلا ھەل بولغاندەك، كۆزلىرىدىن خۇشاللىق نۇرلىرى چاقنىغان ھالدا:

— بۇ يىل چوقۇم بېرىپ كېلەي، — دېدى.»

مەخسۇت مۇھىتى ئۆز خەلقىنىڭ كۆيۈمچان پاسىبانى، غەمگۇزار ئوغلى بولۇش سۈپىتى بىلەن پىداكارانە ھالدا قېرىنداشلىرىنىڭ قەلبىنى مەرىپەت سۈيى بىلەن سۇغارغاندىن باشقا كىچىك ئىشلاردىمۇ يۇرتداشلىرىغا خالىسانە ياردەم قىلغان، شەپقەت قولىنى سۇنغان، خۇراپاتلىق ھۆكۈم سۈرگەن شۇ دەۋرلەردە ئۆزىنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشى، ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن كىشىلەرنى تەرەققىيپەرۋەرلىككە ئۈندىگەن، مول بىلىمى، چوڭقۇر تەپەككۇرى، خەلقىگە، يېڭىلىققا بولغان چىن ئېتىقادى بىلەن زاماندىشلىرىنىڭ چەكسىز ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان ئالىيجاناب كىشى ئىدى. بۇ نۇقتىنى يەنە خېۋىر تۆمۈر ئەپەندىنىڭ

«بالدۇر ئۇيغانغان ئادەم» رومانىدىكى تۆۋەندىكى بايانلاردىن كۆرۈۋالالايمىز: ھېسامىددىن زۇپەر بىلەن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئىككىسى — ئىككى ئاتلىق مۇجاڭ كارىزغا كەلگەندە، زەمزەمدەك سۈزۈك ئېقىۋاتقان سۇ بويىغا بىر توپ بالىلار توپلىشىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئىچىدە يەنە ئىككى چوڭ ئادەم بولۇپ، بىرى بېشىدا تەمرەتكىسى بار بالىلارنىڭ چېچىنى چۈشۈرۈۋاتاتتى. بېشىغا چاچ قويغان يالاڭۋاش بىرى چۈشۈرۈپ تازىلانغان بالىلارنىڭ بېشىنى سوپۇنداپ يۇيۇپ، تازىلاپ دورا سۈرتەتتى. يىراقتىن قارىغاندا خۇددى بالىلارنىڭ تاز يارىسىنى داۋالاۋاتقان ياۋروپالىق دوختۇردەك كۆرۈنگىنى مەخسۇت مۇھىتى ئىدى.

— ئىشلار بەك ئالدىراشكەن! — دېدى ھېسامىددىن زۇپەر سالام بېرىشنىڭ ئورنىغا.

— ياھ، قانداق شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى؟ — مەخسۇت مۇھىتى چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈرۈپ دوستلارنى كۆردى ـ دە، قولىنى سۈرتۈشكە باشلىدى.

— يالقۇنتاغنىڭ ئوتلىرى ئۆزگە چوغدەك تارتىدۇ.

— كەلمەي دېسەك چارە يوق يۈرەككە ئوتلار ياقىدۇ، — دېدى شائىر.

— ئوچىن خاراشو (رۇسچە بەك ياخشى، دېگەن مەنىدە)، — دېدى مەخسۇتباي، ئابدۇخالىقنىڭ شېئىرىنى ئاڭلاپ، ئاندىن غۇلىچىنى كەرگەن پېتى كېلىپ قۇچاقلىشىپ قىزغىن كۆرۈشتى، — زېرىكمەي تۇراتتىم، ياخشى ۋاقىتتا كەلدىڭلار،

— ئۇ بۇ سۆزنى ئۈستى ـ ئۈستىلەپ تەكرارلايتتى.

— مەخسۇت ئاكا، بۇ ئىشلاردىنمۇ خەۋەردار ئىكەنسىز، — دېدى ھېسامىددىن زۇپەر بېشىغا ۋازىلىن سۈرتۈلگەن چېچەك باش بالىلارغا قاراپ.

— رۇسىيىدىن بىر ئاز دورا ئالغاچ كەلگەن. تەمرەتكىسى بار بالىلارغا ئىشلىتىپ كۆرسەم ئۈنۈمى خېلى ياخشى

www.uyghurkitap.com

بولۇۋاتىدۇ.

— ھازىر، كەملىك قىلىۋاتقىنى بىر ئاق خالات، ئەگەر ئاق خالات كىيىۋالغان بولسىڭىز ياۋروپا دوختۇرلىرىنىڭ ئۆزىلا بولغۇدەكسىز!

بۇلار بىر ئاز پاراڭلاشقاندىن كېيىن، ئەڭ ئاخىرقى ئىككى بالىنىڭ بېشىغا دورا سۈرتۈپ بولۇپ، ئاندىن ئاستانىگە ماڭدى.

— بېشىڭىزغا قالپاق كىيمەيلا كەلگەنمىدىڭىز؟ — ھېسامىدىن زۇپەر يولغا چىققاندا يالاڭۋاش كېتىۋاتقان مەخسۇتبايدىن سورىدى.

— ھە... مەن كېلىشتىمۇ يالاڭۋاش كەلگەن، كېتىشتىمۇ يالاڭۋاش كېتىمەن! — دېدى ئۇ گويا بىر قىزىق ئىشنى سۆزلىمەكچى بولغاندەك كۈلۈمسىرەپ، — مەن بۇ يەرگە ئاتايىن شۇنداق كېلىمەن. ئېھتىمال دېسىڭىزلەر، مېنىڭ بۇ كارىزىمنى «مۇجاڭ كارىز» دەپ ئاتىشىدۇ. مېنىڭ مەقسىتىم بۇ ئىسىمنى يۆتكەش. ھېچبولمىغاندا بۇ كارىزنى «يالاڭۋاشنىڭ كارىزى» دەپ ئاتىسۇن ئۈچۈن ئاتايىن يالاڭۋاش كېلىمەن! (تۇرپان شەھىرىنىڭ چاتقال يېزا قاراغوجا كارىز كەنتىدىكى بۇ كارىز كېيىن ھەقىقەتەن «يالاڭۋاشنىڭ كارىزى» دەپ ئاتالغان بولۇپ، ھازىرغىچە شۇنداق ئاتىلىپ كەلمەكتە).

لېكىن مەقسەت بۇ يەردە ئەمەس ئىدى:

مۇھىتىلار ئائىلىسىدە ئاكا ـ ئۇكا تۆتەيلەن بىرلىكتە ھەم زىرائەت، ھەم تىجارەت بىلەن شۇغۇللىناتتى. بۇلاردىن ئىككىنچىسى — مەخسۇت مۇھىتى 1910 ـ يىللاردىن ئېتىبارەن تىجارەت ئۈستىدە يۈرۈپ، موسكۋا، لېنىنگراد، قازان، شەمەي، تاشكەنت، ئالمۇتا قاتارلىق شەھەرلەرگە بارغان، ئاسىيا، ياۋروپا مەدەنىيىتى ۋە تەرەققىياتلارنى كۆرۈپ نەزەر دائىرىسى ئېچىلغان زىيالىي ئىدى. ئۇ موسكۋادا تۇرغان يىللاردا رۇس ئوقۇتقۇچى ياللاپ رۇسچە ئۆگىنىپ، يەنە بىر مۇنچە بىلىملەرگە ئىگە

بولغانىدى.

شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇ ئۆزىنىڭ رۇسىيىدە ئادەتلەنگەن تۇرمۇشى بويىچە ياۋروپاچە كاستۇم كىيىپ گالستۇك تاقاپ يۈرەتتى، ھەتتا بېشىغا چاچ قويۇپ يالاڭئاش مەھەللە كېزەتتى. مۇنداق يېڭىلىقلارغا چىش - تىرنىقى بىلەن قارشى تۇرىدىغان مۇتەئەسسىپ قارا كۈچلەر ئۇ زاماندا بولۇپمۇ تۇرپاندا كۆپ ھەم كۈچلۈك ئىدى. مۇتەئەسسىپ كۈچلەر مەخسۇت مۇھىتىنى «جەدىت»، «ئىمانسىز» دەپ ئۆچمەنلىك بىلەن قارشى چىققان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ پىسەنت قىلمايتتى. خۇراپىي بويۇنتۇرۇقلارنى پاچاقلاپ تاشلاپ ئۇلارنىڭ ھەر قانداق بېسىم ۋە قارغاشلىرىغا قۇلاق سالماستىن، ئۆزى توغرا دەپ تونۇغان يولدا مېڭىۋېرەتتى. دېمەك بۈگۈن ئۇنىڭ مۇجاڭ كارىزغا يالاڭئاش كېلىپ يەنە شۇ ھالەتتە ئاستانىگە قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنىڭ تۈپ مەقسىتى مانا مۇشۇ يەردە ئىدى.

ئۇنىڭ بۇ خىل جاسارىتى شۇ زامانلاردا ئالغا ئىنتىلگۈچى زىيالىيلارنىڭ بىر ئۈلگىسى ئىدى، بولۇپمۇ ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۆزىنىڭ ئەتىگەنلىك قۇياشتەك جۇش ئۇرۇپ تۇرغان ياشلىق باھارىدا ھەممىلا جەھەتتىن مەخسۇت مۇھىتىنى ئۈلگە قىلاتتى.

شۇنىڭدەك، مەخسۇت مۇھىتى ھەم ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ زېھنىي قابىلىيىتى، تالانتى ۋە بىلىم ئىقتىدارىغا ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرۈپ، ئۇنى ھەر جەھەتتىن ئۆزىگە بەك يېقىن تۇتاتتى. ياش جەھەتتە كىچىك بولسىمۇ بۇرادەرچىلىك قىلاتتى، بولۇپمۇ شائىرنىڭ شېئىرىيەتتىكى ئىقتىدارىغا يۇقىرى باھا بېرەتتى. ئومۇمەن بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا چوڭقۇر مۇھەببەت ۋە يېقىن دوستلۇق مەۋجۇت ئىدى.

بۇلار ئاستانىگە قاراپ كېتىۋاتماقتا. شامالدەك يېنىك ۋە سىيلىق كېتىۋاتقان ئاتلارنىڭ ئۈستىدە ئۇلار ئۆزلىرىنى گويا يەلكەندە كېتىۋاتقاندەك كۆڭۈللۈك ھېس قىلاتتى. ئەتراپتىكى

دەل ـ دەرەخلەر، پايانسىز ئۆزۈنغا سوزۇلغان زىرائەتلەر، مېۋىلىك باغلار ئومۇمەن باش كۆز كۈنلىرىنىڭ كامالەتكە يەتكەن گۈزەل مەنزىرىسى ھۆزۈر بەخش قىلاتتى. باغنىڭ شىمالىي تەرىپىدە ئۆزۈنغا بويلاپ كەتكەن گويا ئاپتاپتا كۆيۈپ قىزغۇچ ئايدەك كۆرۈنىدىغان يالقۇنتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدە خۇددى رەڭدار چىلتەككە ئوخشاش نەقىشلەنگەن سىركىپ، تۇيۇق، لۇكچۇن، قاراغوجا، ئاستانىلەردىن ئىبارەت بوستانلىقتا كېتىۋاتقاندەك ۋە بۇ بوستانلىقلارنىڭ تارىخىي مەدەنىيەتلىرىنى ئەسلەپ تەسەۋۋۇر قىلغاندا گويا بۇ قەدىمىي مەدەنىيەت سارىيىدا ئېكسكۇرسىيە قىلىۋاتقاندەك ھېسسىياتلارغا غەرق قىلاتتى.

يول بويى پاراڭ قىزغىن داۋام قىلغانىدى:

— يالقۇنتاغ، ئىدىقۇت، ئاستانە، بېزەكلىك... — دېدى مەخسۇتباي يىراقلارغا نەزەر تاشلاپ، — بۇ جايلار بىر زامانلاردا مەدەنىيەتنىڭ كانى ئىدى. دۇنيا مەدەنىيەت تارىخىدىن قارىغاندا، ياۋروپا بۇ جايلاردىن جىق ئارقىدا تۇراتتى. ھازىرچۇ، بۇ جايلار جىق ئارقىدا قالدى. بىز ھازىر جاھالەت، نادانلىقتا، خۇراپاتلىقتا قېتىپ قالغان بولساق، ياۋروپا ۋە ئاسىيانىڭ باشقا جايلىرى تەرەققىياتتا جانلىنىپ كۆپ ئىلگىرىلەپ كەتتى. بۇ جاھالەت، بۇ خۇراپاتلىق بىزنى چۈشكۈنلەشتۈرۈپ، مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئورنىمىزنى خاراب قىلىۋەتتى. بۇ بىزنىڭ بېشىمىزغا چۈشكەن زور ئاپەت. بۇ ئاپەتتىن قۇتۇلايلى دېسەك، بۇنىڭغا يول قويۇشمايدۇ. قۇتۇلۇشنىڭ ئەڭ ياۋاش يولى — مەرىپەت بىلەن ماڭساق، بۇنىڭغىمۇ يول يوق. جاھالەت بىلەن ئىستىبداتلىق ئۆزئارا ماسلاشتى، ھەتتا بىر ياقىدىن باش چىقاردى. بىرەر سىنىپلىق ئەڭ ئاددىي مەكتەپ قۇرۇپ ئىش باشلىغان بولساقمۇ، مۇتەئەسسىپ قارا كۈچلەر تۈرلۈك بوھتانلارنى چاپلاپ، ئەرز ـ شىكايەتلەر قىلىشتى. ئۇلارنىڭ شىكايەتلىرى يۇرتىمىزنى جاھالەتتە، خەلقىمىزنى نادانلىقتا قالدۇرۇپ، ئىدارە قىلىۋاتقان

مۇستەبىت ھۆكۈمرانلارنىڭ سىياسىتىگە دەل كەلدى، ئاچقان مەكتەپلىرىمىزنى خۇددى گۈلنى توزدۇرغاندەك توزدۇرۇپ ۋەيران قىلىۋەتتى. مېنىڭ بۇ ئىشلارغا خېلى ئاچچىقىم بار. مۇستەبىت ھاكىمىيەتكە، مۇتەئەسسىپ قارا كۈچلەرگە غەزىپىم خېلىـــى كۈچلۈك. مەن ھازىر بۇ مۇتەئەسسىپ قارا كۈچلەرگە قارشى ھەرىكەت قىلدىم. قېنى، سىلەر بىز ئاچقان مەكتەپلەرنى ۋەيران قىلغان بىلەن مېنىڭ ئىرادەمنى ۋەيران قىلالمايســـــلەرغۇ، دېگەننى قىلىپ، مۇتەئەسسىپلەرنىڭ سورۇنلىـــرىغا ئاتايىـــن يالاڭۋاش بارىمەن. بۇ مېنىڭ ئەمەلىيىتىم بىلەن قارا كۈچلەرگە قارشى جەڭ قىلغانلىقىم. . . قانداق قىلغان ئىشىم توغرىمۇ؟

— توغرا، توغرا.

— سىزنىڭ بۇنداق قىلغانلىقىڭىزغا بەزەنلەرنىڭ ھېچىيىپ تۇرۇپ جېنى چىقىپ كېتەر! — ئابدۇخالىق ئۇيغۇر كۈلۈپ تۇرۇپ ئۇنىڭ سۆزىنى تەستىقلىدى.

— ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ. بەزەن مۇتەئەسسىپلەرنىـڭ قولىدىن كەلسە مېنى چايناپ پۇركۈۋەتكۈسى كېلىدۇ، — دېدى مەخسۇتباي پىسەنت قىلمىغان قىياپەتتە كۈلۈپ تۇرۇپ، — لېكىن ئامال يوق. . . چىشى ئۆتمەيۋاتىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مەخسۇت مۇھىتى شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئوقۇش، ئۆگىنىشى، ئىــدىيە جەھەتتىن يېتىلىشــى قاتارلىـــق جەھەتلەردە ئۈلگە بولغان، يېتەكچىلىك، ئۇستازلىق رولىنى ئوينىغان بولۇپ، ئەينــى زامانىسىنىڭ يېتۈك زىيالىيلىرىدىن بولغان بۇ ئىككىـــيلەن مەسلەكداش، پىكىرداش بولۇش سۈپىتــى بىـــلەن نۇرغۇن پائالىيەتلەردە ھايات ـ ماماتتا بىللە بولغان.

مەخسۇت مۇھىتى يەنە ئەينى دەۋردىكى ئىجتىــمائىـــي ئۆزگىرىشلەرگە، شىنجاڭ تارىخىغا تەسىر كۆرسەتكەن جامائەت ئەربابى، ئاكتىپ تەشكىلاتچى، تەرەققىيپەرۋەر، يېڭىلىقپەرۋەر

www.uyghurkitap.com

زات بولۇپ، بۇ نۇقتىنى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ «ئويغانغان زېمىن» ناملىق كىتابىنىڭ بىرىنچى قىسمىدىكى تۆۋەندىكى بايانلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ: «مىلادىيە 1928 ـ يىلى ياز كۈنلىرىنىڭ بىرى، چوغدەك يېلىنجاپ تۇرغان ئىيۇل قۇياشى قىيامدىن قايرىلىپ پەسكە ئېڭىشكەن چاغ.

ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى نەنلياڭ مەھەللىسىگە جايلاشقان گۈلزارلىق ھويلىنىڭ جىگەر رەڭ سىرلانغان دەرۋازىسى ئالدىدا بىر جۈپ بوز ئارغىماق قوشۇلغان كونىراق بىر پوۋىسكا تۇراتتى. ئارغىماقلار پات ـ پاتلا قۇيرۇقلىرىنى شىپاڭلىتىپ قوياتتى. سېرىق ساقىلىغا ئاق سانجىلغان ھارۋىكەش پوۋىسكىدا يانپاشلىغان پېتى ھويلا ئىچىدىن كوچىغا چىقىپ تۇرغان قارىياغاچ شاخلىرىنىڭ سايىسىدە ئۈگدەپ ياتاتتى. ھويلىنىڭ تۆر تەرىپىدىكى پېشايۋانلىق ئۆيلەردىن بىرىنىڭ ھاۋا رەڭ پەردە تارتىلغان دېرىزىلىرى ئوچۇق تۇراتتى. كىتاب ئىشكاپلىرى، رەسىم ـ خەرىتە، ئۈستەل ۋە يۇمشاق ئورۇندۇقلار بىلەن بېزەلگەن ئەنە شۇ ئۆيدە كىيىم ـ كېچەك ۋە چىراي ـ قىياپەتلىرى بىر ـ بىرىدىن كەسكىن پەرقلىنىدىغان ئۈچ كىشى تامغا ئېسىقلىق تۇرغان ئەينەك رامكىلىق فوتو رەسىمگە قاراپ قىزىق پاراڭلىشىپ تۇراتتى.

ئۇلارنىڭ بىرى ئەللىك ياشلار چامىسىدىكى ئوتتۇرا بوي، ئاق سېرىق، سەل دۈمچەكرەك كىشى بولۇپ، ئارقىغا تارالغان شالاڭ چاچلىرى ئۇنىڭ پېشانىسىنى تېخىمۇ كەڭ كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئۇ ئوڭ قولىدا نېپىز سۇر كاستۇمىنىڭ پېشى بىلەن ئۆزىنى يەلپۈپ، سول قولىدىكى تاماكا تۇرۇپكىسى بىلەن ئاق سانجىلغان قىسقا بۇرۇتىنى پات ـ پاتلا قاشلاپ قوياتتى. بۇ كىشى شۇ كۈنلەردە جامائەتچىلىككە تونۇلغان تونجى ئۇيغۇر زىيالىيلىرىدىن پىچانلىق تاھىربەگ ئىدى.

ئىككىنچىسى، قاپقارا قوي كۆزلىرىدىن تەپەككۇر

ئۈچقۇنلىرى چاقناپ تۇرىدىغان بۇغداي ئۆڭلۈك، قىرىق نەچچە ياشلار چامىسىدىكى كەڭ غوللۇق، خۇش پىچىم كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ سىپتا قىلىپ يانغا تارالغان قۇندۇزدەك قارا، قويۇق چاچلىرى ئۆزىگە تولىمۇ ياراشقانىدى. ئۇ قوللىرىنى ناۋات رەڭ چۇچۇنچە كاستۇمىنىڭ يانچۇقلىرىغا سېلىپ كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. بۇ كىشى شەمەي، تاشكەنت، قازان، موسكۋا ۋە لېنىنگراد قاتارلىق شەھەرلەرگە سودا ـ تىجارەت بىلەن نۇرغۇن قېتىم بېرىپ كۆزى ئېچىلغان ۋە جامائەت ئوتتۇرىسىدا مەرىپەتپەرۋەرلىكى بىلەن داڭقى چىققان تۇرپان ئاستانىلىك مەخسۇت مۇھىتى ئىدى.

ئۈچىنچىسى، ئۈستىگە قولتۇقىدىن ئىزمىلىنىدىغان ئۇزۇن كۆكۈچ تاۋار تون، پۇتىغا قارامتۇل لاتا خەي كىيگەن ئوتتۇرا بوي، چىرايى سىدامراق كەلگەن ئورۇقراق كىشى بولۇپ، سول قولى بىلەن شالاڭ بۇرۇتىنى سىيلىغان هالدا ئوڭ قولىدىكى يەلپۈگۈچ بىلەن ئۆزىنى يەلپۈپ تۇراتتى. كۆرۈنۈشىدىن ئەللىك ياشلاردىن ئاشقان بۇ كىشىنىڭ تاقىرلىشىپ قالغان بېشى ئۆزىگە قارىغاندا سەل چوڭدەك كۆرۈنەتتى. بۇ كىشى ئۈرۈمچى ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى، قوشۇمچە جياڭجۈن يامۇلىنىڭ ھەربىي ۋە خارجى ئىشلار مەھكىمە باشلىقى پەن ياۋنەن ئىدى.

پەن ياۋنەن مانجۇ خانلىقىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ياپونىيىدە قانۇنشۇناسلىق بويىچە ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ كەلگەندىن كېيىن، شىنجاڭدىكى يەرلىك سوت سوراقچىلىرى كوللېگىيىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ تەيىنلەنگەن؛ 1911 ـ يىلىدىكى شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن ئىچكىرىگە قايتىپ كېتىپ، 1918ـ يىلى ئاقسۇنىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلىنىپ يەنە شىنجاڭغا كەلگەن. بىراق، ياڭ زېڭشىن «ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەر ئاسان گەپكە كىرمەيدۇ، خەۋپ ـ خەتەر شۇلاردىن كېلىدۇ» دېگەن كونا مەنتىقىسى بويىچە ئۆزىنىڭ سايىسىدىن ئۈركۈپ، ئۇنى ئاقسۇغا

www.uyghurkitap.com

ماڭغۇزماي، ئۇرۇمچىدە بىر زامان تۇتۇپ تۇرغان ۋە بېيجىڭدىكى ئايغاقچىلىرىدىن «يەن ياۋنەن ئاتالمىش ‹ئىلغار پىكىر ئېقىمى›غا مەنسۇپ خەتەرلىك ئۇنسۇر ئىكەن» دېگەن مەلۇماتنى ئالغاندىن كېيىن، بىر گۇمانى ملىك بولۇپ، ئۇنى كۆزگە يېقىن تۇتۇپ تۇرۇش ئۇچۇن ئۇرۇمچىنىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلىگەن ھەم ئۇنىڭ ئارقىسىغا ئۇنلىغان قۇلاقلارنى خۇددى سايىدەك ئەگەشتۇرۇپ قويغانىدى.

تاھىربەگ شۇ ھويلىدا بىر نەچچە ئېغىز ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇراتتى. ئۇ يەن ياۋنەنگە مەخسۇت مۇھىتنىڭمۇ ھازىر ئۇرۇمچىدە ئىكەنلىكىنى ئېيتقاندا، يەن ياۋنەن ئۇنى دەرھال چاقىرىپ كېلىشنى تەكلىپ قىلدى. شۇنداق قىلىپ، بۇ ئۇچەيلەن چاي ـ پاي ئىچكەچ بىرەر سائەتتىن بۇيان پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. پاراڭ داۋامىدا يەن ياۋنەننىڭ كۆزى تامدىكى ھېلىقى فوتو رەسىمگە چۈشۈپ قالدى. بۇ رەسىم شىنخەي ئىنقىلابى نەتىجىسىدە، 1912 ـ يىلى 1 ـ يانۋار كۈنى جۇڭگو تارىخىدا تۇنجى قېتىم جۇمھۇرىيەت قۇرۇلۇپ بۈيۈك رەئىس جۇمھۇر (داز ۋڭتۇڭ) لۇققا سايلانغان سۇڭ جۇڭشەن ئەپەندىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋەكىللىرى بىلەن چۈشكەن خاتىرە رەسىمى ئىدى. تاھىربەگ شۇ قېتىمقى شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى بولۇپ، رەسىمدە سۇڭ جۇڭشەن ئەپەندىنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتى.

يەن ياۋنەن رەسىمگە قاراپ مۇنداق دېدى:

— بۇ رەسىمنى سىزنىڭ ئۆيىڭىزدە ئۈچىنچى قېتىم كۆرۈۋاتىمەن، ھەر كۆرگىنىمدە يېڭى ـ يېڭى تەسىراتلارغا چۆمۈلۈپ كېتىمەن. سىز سۇن جۇڭشەن ئەپەندىنى ئۇيغۇرلار ئىچىدىن تۇنجى قېتىم زىيارەت قىلغان كىشى، سۇن جۇڭشەن ئەپەندىنىڭمۇ ئۇيغۇرلار ئىچىدىن تۇنجى قېتىم كۆرگەن كىشىسى سىز بولسىڭىز كېرەك. شۇنداق ئەمەسمۇ؟

— شۇنداق، — دېدى تاھىربەگ، — مەنمۇ بۇ رەسىمگە ھەر قېتىم قارىغىنىمدا، سۇن جۇڭشەن ئەپەندىنىڭ چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن ئەسلەيمەن. ئەمما بىزگە بەرگەن ۋەدىلىرىنىڭ ئەمەلگە ئاشمىغانلىقىغا قاتتىق ئېچىنىمەن.

— توغرا ئېيتىسىز، — دېدى پەن ياۋنەن، — جۇمھۇرىيەت پروگراممىسى بويىچە، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدا يەرلىك مۇختارىيەتنى ئەمەلگە قويۇشقا، ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، مائارىپنى گۈللەندۈرۈشكە ئەپەندىمىزنىڭ ئۆمرى يار بەرمىدى.

— مېنىڭچە، — دەپ گەپكە قوشۇلدى مەخسۇت مۇھىتى، — ياڭ جياڭجۇندەك كىشىلەر ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرىدىغان بولسا، سۇن جۇڭشەن ئەپەندى يۈز ياشقا كىرگەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ غايىلىرىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى يوق ئىش بولۇپ قالاتتى. چۈنكى، يولدا ياتقان تاش قاچانلا بولمىسۇن ھارۋىنىڭ مېڭىشىغا پۇتلىكاشاڭ بولىدۇ.

ئۇنىڭ خەنزۇچە تەلەپپۇزنى بۇزۇۋېراق ئېيتقان بۇ گەپلىرىنى دىققەت بىلەن ئاڭلاپ تۇرغان پەن ياۋنەن خۇددى بىرى ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى تېپىپ سۆزلەۋاتقاندەك بىردىنلا ھاياجانلىنىپ:

— ناھايىتى توغرا ئېيتتىڭىز، توغرا ئېيتتىڭىز، — دەپ مەخسۇت مۇھىتىنىڭ دولىسىغا قېقىپ قويدى.

— بەزىلەردىن ئاڭلىشىمچە، — دېدى تاھىربەگ سەل خىرقىرىغان ئاۋاز بىلەن، — ياڭ جياڭجۇن مەن شىنجاڭنى جۇڭخۇا مىنگونىڭ ئايرىلماس بىر ئۆلكىسى قىلىپ ساقلاۋاتىمەن، ئەگەر مەن بولمىسام ئىش چاتاق، دەپ ماختىنار ئىمىش. خۇددى ئۇ بولمىسا، بۇ يەرنى ئوغرى ئېلىپ قاچىدىغاندەك، نىسپىي جەھەتتىن بۇمۇ بەلكى توغرىدۇر، ئەمما شىنجاڭنىڭ جياڭجۇنى بولغان ئادەم بۇ ۋەتەن زېمىنىنى مەھكەم ساقلىماي، ئوغرىلىتىپ قويسا، ئۇ ھالدا ياڭ جياڭجۇن مۇستەبىت مىللەتارىستلا بولۇپ

قالماي، ۋەتەن ساتقۇچ بولۇپ قېلىشى كېرەكتە ئەلۋەتتە! ئىنسان ئۇچۇن بۇنىڭدىنمۇ يامان جىنايەت يوق!

پەن ياۋنەن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، تېخىمۇ ھاياجانلىنىپ كەتتى ۋە «قالتىس پىكىر، قالتىس پىكىر» دەپ تاھىر بەگنىڭ قولىنى تۇتۇپ، بىر نىمە دېمەكچى بولدىيۇ، لېكىن تىلىنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالغان گەپنى يۇتۇۋېتىپ، كىتاب ئىشكاپلىرى تەرەپكە بۇرۇلدى. ئىشكاپلار خەنزۇچە، رۇسچە ۋە تاشكەنت، قازان، ئىستامبۇل مەتبۇئاتلىرىدا بېسىلغان تۈرلۈك كىتابلار بىلەن تولغانىدى. دېرىزە ئالدىدىكى ئۈزۈنچاق ئۈستەلدە «پراۋدا»، «قىزىل ئۆزبېكىستان» ۋە تيەنجىندە نەشىر قىلىنىدىغان «داگۇڭباۋ» گېزىتلىرىنىڭ بىر قىسىم سانلىرى بىلەن بىرمۇنچە ژۇرناللار يېيىلىپ ياتاتتى.

پەن ياۋنەن كىتاب - ژۇرناللارنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، ئۆزىگە ناتونۇش تىلدىكىلىرىنى بىر قۇر سۇرۇشتۇردى ۋە ئاخىرى مۇنداق دېدى:

— سىزنىڭ بۇ كۇتۇپخانىڭىز تېخىمۇ بېيىپ كېتىپتۇ. بۇ ئۆيدە ئولتۇرۇپ جاھاننىڭ خېلى بىر قىسمىنى كۆرگىلى بولىدىكەن، ئەگەر شىنجاڭدا مۇشۇنداق كۇتۇپخانىلار كۆپىيىۋەرسە، بۇ زېمىننىڭ ئاسمىنى خۇددى تاڭ شولىسى چېچىلغاندەك، ئاستا - ئاستا يورۇشقا باشلايتتى.

— ئۇ چاغدا، — دەپ كۈلدى مەخسۇت مۇھىتى، — ياڭ جياڭجۇندەك شەپەرەڭلەرگە جاھان تارلىق قىلىپ، چاشقان تۆشۈكى ساراي بولۇپ كۆرۈنەر.

ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ كەتتى. بىر ئازدىن كېيىن پەن ياۋنەن كېتىشكە رۇخسەت سورىدى، تاھىربەگلەر ئۇنى دەرۋازىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى.

— ھە، ئېيتماقچى، بۇرھان ئەپەندى كۆرۈنمەيدىغۇ؟ — دېدى پەن ياۋنەن دەرۋازا ئالدىدا توختاپ. تاھىربەگ ئۇنىڭ ياڭ

جياڭجۇن تاپشۇرغان مۇھىم بىر ئىش بىلەن ئەتە ئەتىگەندە تۇرپانغا مېڭىشقا يول تەييارلىقى قىلىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى.

— خەير خوش، — دېدى پەن ياۋەن، پوۋېسكىغا چىقىۋېتىپ، — ئەتە كۆرۈشەيلى. مەن سىلەرنى ئەتە جياڭجۇن يامۇلىغا چاقىرتىمەن.

ئۆتكەنگە پۇشايمان، بۈگۈنگە قانائەتلەنمەسلىك، ئەتىگە ئۈمىد — بۇ ئىنسان ھاياتىغا دائىم ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرىدىغان بىر خىل مەنتىقىي فورمۇلا. لېكىن، ئىنساننىڭ ئەتىسىگە، ئادەتتە، كۈتۈلمىگەن ھادىسىلەر ھەمراھ بولۇپ كېلىدۇ. شۇ سەۋەبتىنمىكىن، بۈگۈن شۇنچە ئۇزۇن بىللە بولغانلىقىغا قارىماي، پەن ياۋەننىڭ «ئەتە سىلەرنى چاقىرتىمەن» دېگەن گېپى تاھىربەگلەرنى بىر ئاز ھەيران قىلىپ قويدى. ئۇلارنىڭ كۆڭلى بىر نېمىنى تۇيغاندەك تەشۋىشلىنىشكە باشلىدى.

— ئەتە نېمىشقا چاقىرتىدىكىن؟ — دېدى تاھىربەگ ئاستا پىچىرلاپ.

— ھەي تاڭەي، ھېچنېمىنى چۈشەنمىدىم، — دەپ بېشىنى چايقىدى مەخسۇت مۇھىتى.

دېگەندەكلا ئەتىسى يەنى 7 - ئىيۇل كۈنى ئۈرۈمچىدە ھېچ كۈتۈلمىگەن بىر ۋەقە، شىنجاڭ تارىخىدىكى زور ۋەقە يۈز بەردى. بۇ كۈنى رۇسچە سىياسىي قانۇن مەكتىپى 1 - قارار ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىدا ھەربىي ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى، قوشۇمچە تاشقى ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى پەن ياۋەن، سىياسىي - قانۇن مەكتىپىنىڭ ئىلمىي مۇدىرى جاڭ چۈڭشى قاتارلىقلار ئالدىن قىلىنغان ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپ، شىنجاڭنى 17 يىل قۇۋلۇق، شۇملۇق بىلەن سوراپ كەلگەن مۇستەبىت ياڭ زېڭشىننى ئېتىپ تاشلىدى.

دەل مۇشۇ مەزگىلدە رۇسچە سىياسىي قانۇن مەكتىپىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئوقۇغۇچىسى، تۇرپانلىق يۇنۇسبەگمۇ جىلىڭ شۇرىن تەرىپىدىن «يەن ياۋنەنىنىڭ يېقىنى» دەپ قولغا ئېلىنغان بولۇپ، مەخسۇت مۇھىتى يۇنۇسبەگنى قۇتقۇزۇشتا مۇھىم رول ئوينىغان. مەخسۇت مۇھىتى ئالدى بىلەن نۇرغۇن ئالتۇن سوڭگۈتۈپ يۇنۇسبەگنىڭ هاياتىنى ساقلاپ قالغان، ئاندىن كېيىن بۇرهان شەھىدىگە مەسلىھەت بېرىپ، جىلىڭ شۇرىن بىلەن كۆرۈشۈپ يۇنۇسبەگنى قۇتۇلدۇرۇش پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇرهان شەھىدى مۇشۇ پىلان بويىچە، يۇنۇسبەگكە كېپىل بولۇپ تۈرمىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىققان. ئۇ تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن مەخسۇت مۇھىتى يۇنۇسبەگنى ئۈرۈمچى «نوغاي» مەسچىت مەكتىپىدىكى بىر يۇقىرى سىنىپقا خەنزۇ تىلىدىن دەرس بېرىشكە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان. قەلەم قۇۋۋىتى ۋە نۇتۇق قابىلىيىتى، خەنزۇچە سەۋىيىسى ئىنتايىن يۇقىرى بولغان يۇنۇسبەگ 1933- يىلى قەشقەرگە ۋالىي بولغان، 1934 - يىلى ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىپ، دېھقانچىلىق، كانچىلىق نازارىتىگە نازىر بولغان. 1938- يىلى شېڭ شىسەي تەرىپىدىن تۈرمىگە ئېلىنىپ، تۈرمىدە ئۆلتۈرۈلگەن. مەخسۇت مۇھىتى يەنە شۇ قېتىم يەن ياۋنەنىنىڭ هارۋىكىشى هەسەن دولان جىلىڭ شۇرىن ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن قاتتىق قىيىن - قىستاققا ئېلىنىپ، يېرىم جان هالەتكە چۈشۈرۈپ قويۇلغاندا، دوستى، سوۋېت كونسۇلخانىسىنىڭ دوختۇرى پېتروفنى ئېلىپ كېلىپ، هەسەن ئاكىنى داۋالاتقان. هەسەن ئاكا ساقىيالماي جان ئۈزگەندە ئۇنى تاھىربەگ قاتارلىقلار بىلەن يەرلىككە قويغان. مەخسۇت مۇھىتى بىلەن ئەينى ۋاقىتتىكى شىنجاڭ تارىخىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن بۇرهان شەھىدى، تاھىربەگ، هەيدەر ئەپەندى قاتارلىقلارنىڭ دوستلۇقى ناهايىتى چوڭقۇر بولۇپ، ئۇلار تۇرپان، ئۈرۈمچى، رۇسىيىلەردە كۆپ قېتىم ئۇچرىشىپ، پىكىرلىشىپ، كۆپلىگەن سىياسىي پائالىيەتلەرنى بىللە تەشكىللەپ ئىنقىلاب سەپىرىدىكى ئايرىلماس

مەسلەكداشلارغا ئايلانغان. بۇرھان شەھىدى 1894 ـ يىلى 3 ـ
ئۆكتەبىردە رۇسىيىنىڭ قازان ئۆلكىسى تېتىش ناھىيىسىنىڭ
ئاقسۇ دەپ ئاتىلىدىغان خىلۋەت كەنتىدە تۇغۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ
بوۋىسى چىڭ سۇلالىسىنىڭ زۇلمىدىن قېچىپ شىنجاڭنىڭ ئاقسۇ
ۋىلايىتىدىن بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگەن. بۇرھان شەھىدى 1912ـ
يىلى رۇسىيىنىڭ شەمەي شەھىرىدىكى تاتار ئىسھاقباي ئاكىلـ
ئۇكىنىڭ تەكلىپى بىلەن ئۇلارنىڭ ئۈرۈمچىدىكى تيەنشىڭ سودا
فىرمىسىدا خىزمەت قىلىش ئۈچۈن شىنجاڭغا كەلگەن، 1914ـ
يىلى جۇڭگو تەۋەلىكىگە ئۆتۈپ، 1922 ـ يىلى ئۈرۈمچىگە
ئائىلىسىنى كۆچۈرۈپ كەلگەن. 1929 ـ يىلى 9 ـ ئايدا جىڭ
شۇرېن بۇرھان شەھىدىنى يول چىگداش ماشىنىسى سېتىۋېلىش
ئۈچۈن گېرمانىيىگە ئەۋەتكەن. ئۇ گېرمانىيىگە بېرىپ ۋەزىپىنى
ئورۇنداپ بولغاندىن كېيىن ئىمتىھان بېرىپ، بېرلىن
ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرىپ ئوقۇغان. 1933 ـ يىلى 6 ـ ئايدا شېڭ
شىسەي ھۆكۈمىتى بۇرھان شەھىدىنى شۇ چاغدىكى ۋەزىيىتى
مۇرەككەپ بولغان ئالتايغا تىنچلاندۇرۇش ئەلچىسى قىلىپ
ئەۋەتكەن. كېيىن جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ
زايساندا تۇرۇشلۇق كونسۇلى بولغان. 1938 ـ يىلى شىنجاڭغا
قايتۇرۇپ كېلىنىپ تۈرمىگە تاشلانغان. 1944ـ يىلى 11 ـ ئايدا
تۈرمىدىن بوشاپ، ئۈرۈمچى ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى، ئۆلكىلىك
ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، گومىنداڭ مەركىزىي
ھۆكۈمىتىنىڭ ھەيئىتى، شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى بولغان.
1949 ـ يىلى 9 ـ ئايدا گېنېرال تاۋ سىيۆ بىلەن بىرلىكتە
تېلېگراممىا يوللاپ ھەقىقەتكە ئۆتكەن. شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن
ئازاد بولغاندىن كېيىن يەنە ئۆلكە رەئىسلىكىگە سايلانغان،
ئىلگىرى ـ ئاخىرى بولۇپ، ئۆلكىلىك يۇقىرى خەلق سوت
مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى
شىنجاڭ شۆبە بيۇروسىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، غەربىي شىمال

www.uyghurkitap.com

ھەربىي مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ ھەيئىتى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ 2 ـ، 3 ـ، 5 ـ، 6 ـ يىغىنى مەملىكەتلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، سىياسىي كېڭەش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ رەئىسى، جۇڭگو ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرى، پەخرىي مۇدىرى، 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ قېتىملىق مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرغان ۋە گېرمانىيىدە ئوقۇۋاتقان مەزگىللىرىدە ماركسىزم، لېنىنىزم نەزەرىيىسىنى ئۆگەنگەن، سوتسىيالىستىك ئاڭغا ئىگە بولغان بولۇپ، 1933 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىنقىلابىي تەشكىلاتقا قاتناشقان. (1989 ـ يىلى 27 ـ ئاۋغۇست كۈنى 95 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن) بۇرھان شەھىدى مەخسۇت مۇھىتى بىلەن 1920 ـ يىللاردىلا تونۇشقان بولۇپ، ئۇلار تاھىربەگ، قەشقەرلىك كېرىم ھاجى، بايلىق ئايۇپ قاتارلىقلار «قەلەمتىراچ» ناملىق مەخپىي تەشكىلات قۇرغان. بۇ شىنجاڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى خېلى بالدۇر قۇرۇلغان ئىنقىلابىي تەشكىلات بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار تەشكىلاتنىڭ پروگراممىسىدا شىنجاڭدا قانداقتۇر بىر «مۇستەقىل دۆلەت» قۇرۇشقا قارشى تۇرۇپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، بيۇروكرات سىياسىيغا قارشى تۇرۇش، خىيانەتچىلىكنى يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلاش، مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇش، مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش، خەلقنى زۇلمەتلىك ھۆكۈمرانلىققا قارشى تۇرۇش تەربىيىسىگە ئىگە قىلىپ، ئىنقىلابىي كۈچلەرنى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلغان. 1929 ـ يىلى بۇرھان شەھىدى موسكۋادا تىجارەت ئىشى بىلەن چىققان مەخسۇت مۇھىتى، تاھىربەگلەر بىلەن ئۇچرىشىپ، ماركسىزم، لېنىنىزمنىڭ مىللىي مەسىلىگە دائىر ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ، ئىدىيە جەھەتتە زور دەرىجىدە ئالغا

باسقان. 1932 ـ يىلى 11 ـ ئايدا مەخسۇت مۇھىتى موسكۋادا تۇرۇپ «پراۋدا» گېزىتىدىن قۇمۇلدا قوزغىلاڭ باشلانغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن دەرھال ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەن ۋە ھەيدەر سايرانىغا: «مەن تۇرپانغا چۇشۇپ قوراللىق قوزغىلاڭ ئۇيۇشتۇرىمەن، مەن قۇربان بولۇپ كەتسەم، بالىلىرىمنى ئۆزۈڭلارنىڭ بالىلىرىدەك كۆرۈپ، ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ قويۇڭلار!» دەپ تۇرپانغا چۇشۇپ كەتكەن. مەخسۇت مۇھىتىنىڭ «ئاغزىدىن سائەت چىقىپ كەتكەندەك» تۇرپاندىكى قوزغىلاڭغا باشچىلىق قىلىپ، لۇكچۇن سىپىلىدە شىڭ شىسەي ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇرۇشۇۋاتقاندا ئوق تېگىپ قۇربان بولغان.

مەخسۇت مۇھىتىنىڭ تەكلىپى بىلەن نەنجىڭغا بېرىپ، جۇڭخۇا مىنگونىڭ تۇنجى زۇڭتۇڭى سۇن جۇڭشەن بىلەن كۆرۈشۈپ، قايتىپ كەلگەن تاھىربەگ يېڭى جۇمھۇرىيەتتىن كۇتكەن ئۇمىدلىرىنىڭ يوققا چىققانلىقىنى ھېس قىلىپ، سەپدىشى مەخسۇت مۇھىتىنىڭ يولىدا مېڭىپ، ئۇ رۇسىيىدىن ئېلىپ كەلگەن ئوقۇتقۇچىلاردىن خەسەن فەھمى، مۇھىدىن ئەپەندى، مۇرات ئەپەندىلەرنى 1915 ـ يىلى تۇرپان ئاستانىدىن لۇكچۇنگە ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلغان ۋە يېقىن سەپدىشى، ئىشەنچلىك ئاغىنىسى ھامۇت رېقىپ مەخسۇمنى ئىشقا سېلىپ، ھامۇت مەخسۇمنىڭ ئاتىسى، لۇكچۇن خانلىق مەدرىسىنىڭ شۇ دەۋردىكى مۇدەررىسى رېقىپ قازى ئاخۇنۇمنى قايىل قىلىپ، مەدرىسە تالىپلىرىدىن 100 بالىنى يېڭىچە ئوقۇتۇشقا ئاجرىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان. تاھىربەگ ئوقۇغۇچىلارنى ئۈچ سىنىپ قىلىپ تەشكىللەپ، بۇ ئوقۇغۇچىلار بىلەن لۇكچۇن خانلىق مەدرىسىدە رەسمىي ئوقۇش باشلىغان. تاھىربەگ ئەپەندى ئىرادىلىك، قىلغان ئىشىدىن يانمايدىغان ئادەملەردىن بولۇپ، ئۇ يېڭى مەكتەپنى دەسلەپكى مەدرىسىدىن ھازىم ھاجى دېگەن تەرەققىيپەرۋەر مۆتىۋەر زاتنىڭ قورۇسىغا يۆتكىگەن، ئاندىن

www.uyghurkitap.com

كېيىن ئۆز يېنىدىن ئىقتىساد چىقىرىپ، ئۆز قورۇسىغا مەكتەپ سالغان، مەكتەپكە «تاھىرىيە مەكتىپى» دەپ نام قويغان. تاھىربەگ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ تۇرلۇك غەم - ئەندىشىلىرىنى تۈگەتكەن، ئائىلىق مائاشىنى ۋاقتىدا بەرگەن، ئوقۇتقۇچىلارمۇ ياش، يەنە كېلىپ ئەل غېمىنى چۈشىنىدىغان خەلقپەرۋەرلەردىن بولغاچقا، ئۆز خىزمەت مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئورۇندىغان. بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش ۋاقتى ئۈچ يىل بولۇپ، ئانا تىل، ھېساب، تارىخ، جۇغراپىيە، ئىلمىي تەجۋىد، شېئىر، تەنتەربىيە، خۇش خەت دەرسلىرى ئۆتۈلگەن. «تاھىرىيە مەكتىپى»نىڭ تۇنجى تۈركۈمدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىنىڭ داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلۈشى، بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ نەق مەيداندا بالىلارغا خەت يازدۇرۇپ، كىتاب ئوقۇتۇپ كۆرۈشى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ نۇتۇق سۆزلەپ، شېئىر ئېيتىپ ئۆز قەلبىنى ئىزھار قىلىشى يىغىن قاتناشچىلىرىنى قاتتىق تەسىرلەندۈرگەن. بۇنىڭ بىلەن «تاھىرىيە مەكتىپى»نىڭ داڭقى يىراق - يېقىنغا تارىلىپ، بۇ مەكتەپتە ئوقۇشنى ئارزۇ قىلىدىغانلارمۇ كۆپەيگەن. تاھىربەگ ئەپەندى يەنە تۇرپان ئاستانىدىن ھەيدەر سايرانى، شاھى شەرەپ دېگەن ئوقۇتقۇچىلارنى تەكلىپ قىلغان. 1920 - يىلى ئەتراپىدا دىنىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى «تاھىرىيە مەكتىپى»دە ئوقۇش ئۈچۈن كېتىپ قالغاچقا، بازىرى كاساتلاشقان بىر قىسىم موللىلار ئوردا قازىسىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ، ئايرىم مەسچىتلەرنىڭ مۇتەئەسسىپ ئىماملىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، «‹تاھىرىيە مەكتىپى› بالىلارنى جەدىد قىلىۋەتتى، بۇ مەكتەپتە ئوقۇغان بالىلار ئۇ دۇنياغا ئىمانسىز كېتىدۇ، ئوقۇتقۇچىلارنى قوغلاش كېرەك» دېگەندەك ئۆسەك سۆزلەرنى تارقىتىپ، پەننىي بىلىمنىڭ تارقىلىشىغا پايدىسىز كەيپىياتنى پەيدا قىلغان. دىنىي ئەسەبىي كۈچلەر ئۆزۈن ئۆتمەي

بىر مەسچىتتىكى نادان كىشىلەرنى تەشكىللەپ، ئۇلارنىڭ قوللىرىغا تاياق ـ توقماقلارنى تۇتقۇزۇپ، «تاھىرىيە مەكتىپى» گە باستۇرۇپ كەلگەن. بۇ ۋاقىتتا، تاھىربەگ ئەپەندى قىلچە ئىككىلەنمەي كۆكرەك كېرىپ چىقىپ، مەكتەپكە باستۇرۇپ كەلگەنلەرنى توسقان ۋە: «بۇ مەكتەپنى ئاچقان مەن، قېنى ئۇرۇش ئارقىلىق پۇخادىن چىقماقچى بولساڭلار مېنى ئۇرۇڭلار!» دېگەن. بۇنىڭ بىلەن قارا نىيەتلەر ئامالسىز قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان. شۇنداقتىمۇ بۇ جاھىللار بىر قىسىم بالىلارنى مەدرىسىگە قايتۇرۇپ كەتكەن. مەدرىسىگە قايتىپ كەتكەن ئوقۇغۇچىلار رېقىپ قازى ئاخۇنۇمنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن ئۆز سىنىپلىرىنى ئاساس قىلىپ، كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە يىغىلىدىغان، ئوقۇتقۇچىلار ئاشۇ ئورۇنلارغا بېرىپ دەرس ئۆتىدىغان بولغان. ئوقۇتقۇچىلار كىشىلەرنىڭ ئېڭىغا ماسلىشىپ، ئۇلارنىڭ مەكتەپكە بولغان مايىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن — تارقاق ھالەتكە كۆچكەن بۇ ئوقۇغۇچىلارغا يەنە پەننىي دەرسلەرنى داۋاملىق ئۆتكەن. كىشىلەر ئەمەلىيەتنى كۆرۈش ئارقىلىق بارا ـ بارا ئۆسەك سۆزلەرگە ئىشەنمەي، بەلكى قارشى تۇرىدىغان بولغان. بۇ مەكتەپتە كېيىنچە قىز ئوقۇغۇچىلارمۇ ئوقۇيدىغان بولغان. «تاھىرىيە مەكتىپى» نىڭ تۈرتكىسىدە پەننىي مەكتەپلەر بىردىن، ئىككىدىن مەيدانغا كېلىشكە باشلىغان. 1923 ـ يىلى گۇلبەگ قورۇسىدا يېڭى مەكتەپ ئېچىلغان. 1928 ـ يىلى يەنە ھازىم ھاجىنىڭ قورۇسىدا يېڭى مەكتەپ ئېچىلغان. «تاھىرىيە مەكتىپى» تاكى تاھىربەگ ئەپەندى 1930 ـ يىلى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىغا قاتناشقانغا قەدەر ئېچىلغان. 15 يىلدا «تاھىرىيە مەكتىپى» خەلقىمىز ئۈچۈن 400 گە يېقىن ئىدىيىسى يېڭى مائارىپ بىلەن قوراللانغان ئەزىمەتلەرنى يېتىشتۈرۈپ بەرگەن.

تاھىربەگ 1932 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى تۇرپاندىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ يولباشچىلىرىدىن مەخسۇت مۇھىتى

قاتارلىقلار بىلەن بىرلىشىپ قوزغىلاڭغا رەھبەرلىك قىلىپ، چىرىك جىڭ شۇرېن ھۆكۈمىتىگە بولغان قارشىلىقنى ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ئىپادىلىگەن. تۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭىنى جاللات جىڭ شۇرېن سېتىۋالغان ۋەھشىي رۇس قاچاق ئەسكەرلىرى ۋە شېڭ شىسەي قانلىق باستۇرغاندىن كېيىن، تاھىربەگ ئىنقىلابىنىڭ ئاخىرقى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن خوجىنىياز ھاجى، مەھمۇت مۇھىتى قاتارلىق ئىنقىلابچىلار بىلەن ئۇچرىشىپ، جەنۇبىي شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىپ، ئۇ يەرلەردىكى ئىنقىلابىي پائالىيەتلەرگە قاتناشقان ۋە دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ ئىستراتېگىيە ۋە تاكتىكا مەسىلىلىرىنى مۇھاكىمە قىلغان. خوجىنىياز ھاجى بىلەن مەھمۇت سىجاڭلار جەنۇبىي شىنجاڭغا يۈرۈش قىلغاندا تاھىربەگ ئەپەندى خوجىنىياز ھاجىنىڭ كاتىباتلىق خىزمىتىنى ئىشلىگەن ھەم ئۇلار بىلەن بىللە بولۇپ، قوزغىلاڭغا يېتەكچىلىك قىلغان.

1934 ـ يىلى يازدا، خوجىنىياز ھاجى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ ئۈرۈمچىگە كەلگەن. شۇ يىلى شېڭ شىسەي شىنجاڭ بويىچە بىرىنچى نۆۋەتلىك ئاۋام خەلق قۇرۇلتىيىنى چاقىرغان. ئىككىنچى يىلى پۈتۈن شىنجاڭ مىقياسىدا ۋاقىتلىق تىنچلىق ئەمەلگە ئاشقان. بۇ ۋاقىتتا شېڭ شىسەي ئىككىنچى نۆۋەتلىك ئاۋام خەلق قۇرۇلتىيى چاقىرىپ، شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى ۋە تىنچلىقىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان بىر قاتار سىياسىي پروگراممىلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. شىنجاڭ تارىخىدىكى مانا مۇشۇنداق زور سىياسىي ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسىگە تاھىربەگ ئەپەندى باشتىن ـ ئاخىر قاتنىشىپ قالماي، خوجىنىياز ھاجى قاتارلىق ئىنقىلابچىلارنىڭ كۈچلۈك ياردەمچىسى ۋە ئاساسلىق قۇرۇلتاي ۋەكىلى بولۇپ قالغان. بۇ قۇرۇلتايدا شىنجاڭدىكى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدىغان «شىنجاڭ ئاۋام خەلق بىرلەشمىسى» قۇرۇلۇپ،



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تاھىربەگ ئەپەندى بىرلەشمىنىڭ باشلىقلىقىغا سايلانغان. بۇرھان شەھىدى بىرلەشمىنىڭ ھەيئەتلىكىگە سايلانغان.

خوجىنىياز ھاجى 1934 ـ يىلى مۇئاۋىن ئۆلكە رەئىسى بولۇپ ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن، پىچان ناھىيىسىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئورنىنىڭ مۇھىملىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، يېقىن سەبدىشى ۋە قابىل يېتەكچى بولغان تاھىربەگ ئەپەندىنى 1935 ـ يىلى پىچان ناھىيىسىگە ھاكىم قىلىپ تەيىنلىگەن. ئۇ پىچانغا ھاكىم بولغان قىسقىغىنە بىر يىل ئىچىدە، پىچاننىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ، ئاقارتىش ئىشلىرىغا تېخىمۇ كۆڭۈل بۆلگەن. تاھىربەگ ئەپەندىنىڭ رەھبەرلىكىدە پىچاندا ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى، لۈكچۈندە بىۋاسىتە تارماق ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغان. ئۇيغۇر ئۇيۇشمىلىرى رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسلەر ۋە بەشتىن يەتتىگىچە دائىمىي ھەيئەتلەردىن تەشكىللەنگەن، كاتىبات، تەشكىلات، تەشۋىقات، مەدەنىيەت، مالىيە لاۋازىمەت قاتارلىق بۆلۈملەر تەسىس قىلىنغان، ھەر بىر بۆلۈمگە بۆلۈم باشلىقلىرى، بۆلۈم ئەزالىرى، تەكشۈرگۈچى مۇپەتتىشلەر قويۇلغان. ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ كىرىمى يۇرتتىن توپلانغان. ئۇيغۇر ئۇيۇشمىلىرىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى خەلق ئاممىسىنىڭ مەدەنىي ھاياتىنى جانلاندۇرۇش، مائارىپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش، مەكتەپ ئېچىش ۋە باشقۇرۇش، خەلق ئاممىسىنىڭ ساۋاتىنى چىقىرىش، مەكتەپلەرنىڭ خىزمىتىنى تەكشۈرۈش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولغان. بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن پىچان ناھىيىسى تەۋەسىدە يېڭىي مەكتەپلەر تېزلىك بىلەن كۆپەيگەن. يېڭىي مەكتەپلەرگە قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەيدىسىگە ئۇزۇنلۇقى ئون سانتىمېتىر، كەڭلىكى بەش سانتىمېتىر كېلىدىغان سىرىق رەختكە قارا سىياھ بىلەن قومۇش قەلەمدە يېزىلغان «ئۇيغۇر بالىسى» دېگەن بەلگە چاپلانغان. مەيدىسىگە بۇنداق بەلگە چاپلانغان بالىلار باشقا بالىلارغا قارىغاندا

www.uyghurkitap.com

ئەركىنرەك يۈرگەن. ئۇلار بىرەر مەھەللىگە بېرىپ قالسا كىشىلەر ھۆرمەت بىلدۈرگەن. ئۇيغۇر ئۇيۇشمىلىرى يەنە مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كىيىملىرىنىڭ بىر خىل بولۇشىنى كاپالەتلەندۈرگەن. شۇ چاغدا ئوغۇل ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىيىم ـ كېچىكى كۆك، قىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ كوپتىسى قىزىل، يوپكىسى كۆك بولغان، شۇ ۋاقىتلاردا پۈتۈن پىچان بويىچە مەكتەپلەردە ئانا تىل، ھېساب، تارىخ، جۇغراپىيە، ھۆسنخەت، تەنتەربىيە، شېئىر دەرسلىرىنى ئوقۇتۇش بىرلىككە كەلگەن. ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى ھەر يىلى 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ، 13 ـ، 14ـ كۈنلىرىنى پائالىيەت كۈنى قىلىپ بېكىتىپ، شۇ كۈنلەردە پۈتۈن ناھىيىدىكى ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارنى پىچانغا يىغىپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت، نۇتۇق سۆزلەش، تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىگە ئۇيۇشتۇرغان. يىغىلىشتا ياخشى مەكتەپ، ياخشى ئوقۇغۇچى، ياخشى ئوقۇتقۇچىلار تەقدىرلەنگەن. يىغىلىش ئاخىرلاشقاندا بارلىق ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارنى كوچا نامايىشىغا ئۇيۇشتۇرغان. نامايىشتا مەتىلى ئەپەندىنىڭ:

ئەي ۋەتەن، مىللەت،
ئويغان غەپلەتتىن.
قۇتۇلايلى بىز،
زۇلۇم ـ كۈلپەتتىن.

رەڭدار ئېچىلسۇن،
مەكتەپ گۈللىرى.
سولمىسۇن مەڭگۈ،
دوستلۇق گۈللىرى.

ئەي ۋەتەن، مىللەت،
ئويغان غەپلەتتىن.

قۇتۇلدۇق ئەمدى،
زۇلۇم ـ كۇلپەتتىن.

بۇ نەتىجەڭ قولغا كەلدى،
جۇرئەت، غەيرەتتىن.
ئوقۇغىن، كېيىن قالما،
غەيرىي مىللەتتىن.

دېگەندەك مەكتەپ مارشلىرى ياڭرىغان.

شۇ ۋاقىتلاردا سانايىنەپىسە تەشكىلاتلىرى، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىلىرى يېزا، كەنت، مەھەللىلەردە تالاي قېتىم «سامساق ئاكاڭ قايىنايدۇ»، «ئاچىل»، «زەينەپكە تۆھمەت»، «ئۆگەي ئانا»، «ئۆلۈك ساتتى»، «ئۆرگىلەي پەلەك» قاتارلىق دراما، كومېدىيە، ناخشا ـ ئۇسسۇللارنى ئويناپ خەلقنى ئويغاتقان. بەزى ئويۇن مەيدانلىرىدا ئويۇن كۆرگۈچىلەرنىڭ سانى 2000 دىن ئېشىپ كەتكەن.

جاللات شېڭ شىسەي بىر مەزگىل گۈللەنگەن مىللىي مائارىپ ئىشلىرى، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىلىرى، سانايىنەپىسە ئەدەبىيات ـ سەنئەت گۇرۇپپىلىرىنىڭ ئۆزىنىڭ چىرىك ھاكىمىيىتىگە تەھدىت شەكىللەندۈرۈۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، بۇنىڭغا قارشى ئېقىم پەيدا قىلىپ قالماي، زور دەرىجىدە قىرغىن قىلىشنى يولغا قويغان ۋە تاھىربەگ ئەپەندىنى باھانە ـ سەۋەبلەر بىلەن ئۇرۇمچىگە يۆتكەپ كەتكەن. 1936 ـ يىلى تاھىربەگ ئەپەندى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئىچكى ئىشلار نازىرى بولغان. 1937 ـ يىلى كۈزدە ئىنقىلاب پېشۋاسى خوجىنىياز قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان. 1938 ـ يىلى 2 ـ ئايدا تاھىربەگ ئەپەندى خوجىنىياز

هاجىلار بىلەن بىللە ئۆلتۈرۈلگەن.[1]

مەخسۇت مۇھىتى يۇرۇش - تۇرۇش، ئىسدىيە جەھەتتە يېڭىلىقپەرۋەر بولۇش بىلەن بىرگە تۇرمۇش مىزانى جەھەتتىمۇ خۇراپىي، كونا ئادەتلەرگە جەڭ ئېلان قىلىپ، يېڭىچە تۇرمۇش شەكىللىرىنى تەشەببۇس قىلاتتى. ئەينى يىللاردا يۇرت، چوڭلىرى ۋە بايلارنىڭ كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشى ئادەتتىكى ئىش بولۇپ، مەخسۇت مۇھىتى ئاياللارنى پەس كۆرىدىغان بۇ خىل ئادەتكە قارشى تۇرۇپ، پەقەت بىر قېتىملا توي قىلىپ، بىر ئايال بىلەنلا ئۆمرىنى ئۆتكۈزگەنىدى.

مەخسۇت مۇھىتىنىڭ ئايالى زەينەپ پەرسا ئاستانىدىكى مەشھۇر باي پەرسا دورغىنىڭ قىزى بولۇپ، گۈزەل رۇخسارى بىلەن نامى يىراق - يېقىنغا پۇر كەتكەنىدى. ئەينى يىللاردا لۈكچۈن ۋاڭلىقىنىڭ كالىرى پات - پات ئاتلىق شەھەر، يېزىلارنى ئارىلاپ، ۋاڭ ئۈچۈن توقال ۋە كېنىزەكلىككە قىز تاللايتتى. ئۇلار پىسەنتىگە كەلگەن چىرايلىق قىزلارنى كۆرگەندە قامچىسى بىلەن بۇ قىزلارنىڭ بېشىغا بوش ئۇرۇپ قوياتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ قىز ۋاڭغا مەنسۇپ بولۇپ، ئوردىغا ئېلىپ بېرىلاتتى، بۇ قىزلارنى باشقىلارنىڭ ئەمرىگە ئېلىشىغا رۇخسەت قىلىنمايتتى. زەينەپ پەرساغىمۇ دەل ۋاڭنىڭ كالىرى (تۇرپان ۋاڭلىرىنىڭ خاس مەھرەملىرى) نىڭ كۆزى چۈشۈپ، بېشىغا قامچا ئۇرۇپ قويىدۇ. لېكىن، تەقدىرنىڭ ئاجايىپ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن قىزلار ئوردىغا ئېلىپ مېڭىلغاندا زەينەپ پەرسا ئۇنتۇلۇپ قالىدۇ. شۇ ئارىدا مەخسۇت مۇھىتىنىڭ ئۇنىڭغا كۆزى چۈشۈپ، بۇ ئۆيىنى مۇھىت ھاجىغا ئېيتىدۇ. مۇھىت ھاجى پەرسا دورغا ئائىلىسىگە ئەلچى كىرگۈزىدۇ. لېكىن، پەرسا دورغا «مۇھىتىلار ئائىلىسىدىكىلەر ئەزەلدىن كۆپ خوتۇن ئالىدۇ، مەن

---

① مۇھەممەت راخمان، مۇھەممەت ئىمىن «زۇلمەتلىك يىللاردا چاقنىغان يۇلتۇز»، «تۇرپان گېزىتى»، 2001 - يىلى 9 - فېۋرالدىكى سانى.

قىزىمنىڭ بۇنداق ئائىلىگە كىرىپ خورلۇق تارتىپ قېلىشىنى خالىمايمەن» دەپ ئەلچىلەرنى قايتۇرۇۋېتىدۇ. مەخسۇت مۇھىتى قايتا - قايتا ئەلچى كىرگۈزۈپ، ئۆزىنىڭ ھەرگىزمۇ زەينەپتىن باشقا خوتۇن ئالمايدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بېرىپ، ئاخىرى قاسىم پەرسانى ماقۇلغا كەلتۈرىدۇ ۋە زەينەپ پەرسانى نىكاھىغا ئالىدۇ. مەخسۇت مۇھىتى زەينەپ پەرسا بىلەن تاكى شېھىت بولغانغا قەدەر ئىناق ئۆتۈپ، پاتەم مۇھىتى، ئەنۋەر مۇھىتى، ئابدۇرېشىت مۇھىتى، ئىبراھىم مۇھىتى، سائادەت مۇھىتى قاتارلىق پەرزەنتلەرگە ئاتا بولىدۇ.

مەخسۇت مۇھىتى ئادەتتىمۇ باش كىيىم كىيمەي چېچىنى مايلاپ يانغا تارىۋالىدىغان، كىچىك بۇرۇت قويۇپ، گالستۇك تاقاپ، كاستۇم - بۇرۇلكا كىيىپ يۈرىدىغان، چوڭ - چوڭ كۆزلىرىدىن تەپەككۇر ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇرىدىغان، بىر كۆرگەن كىشىدە جىددىي تۇيغۇ بېرىدىغان كىشى بولۇپ، ئاستانىدە ناھايىتى ئاز تۇراتتى. سودا ۋە ھەر خىل پائالىيەتلەر بىلەن رۇسىيە، چۆچەك تەرەپلەردە كۆپرەك تۇرۇپ قالاتتى. ئاستانىگە كەلگەن ۋاقىتلىرىدا غوجامئالدى مەھەللىسىگە جايلاشقان چوڭ قورۇسىدىن چىقىپ، كوچىلارنى ئارىلاپ قوياتتى. ئەجنەبىيچە كىيىنىپ، يالاڭۋاشتاق يۈرگەن مەخسۇت مۇھىتىنى كۆرگەن دىنىي ئۆلىمالار ئۇنى ئىچى - ئىچىدىن قاغاپ كېتەتتى. مەھەللىدىكىلەر بولسا ئۇنى مەخسۇت «يالاڭۋاش» دەپ ئاتايتتى، ئۇ كوچىغا چىقسا بالىلار چۇرقىرىشىپ ئۇنىڭ كەينىگە كىرىۋالاتتى.

مۇھىت ھاجى ئەينى يىللىرى ئاستانىنىڭ يۇقىرى مەھەللىسىدىكى 30 مو كۆلەمدىكى چوڭ باغنى بىر بەگدىن سېتىۋالغان بولۇپ، بۇ باغ ئىچىدىن ئىككى ئېرىقتا سۇ ئېقىپ ئۆتىدىغان، سورتلۇق ئۆرۈك، ئانار، نەشپۈت، ئۈزۈملەر مەي باغلاپ پىشىپ تۇرىدىغان، ساپ ھاۋالىق، گۈزەل باغ بولغان.

1925 ـ يىلى مۇھىت ھاجىنىڭ پەرزەنتلىرى مىراسلارنى
بۆلۈشكەندە مەخسۇت مۇھىتنىڭ تەلىپىگە بىنائەن بۇ باغ بىر كارىز ھېسابلىنىپ، مەخسۇت مۇھىتقا تەقسىم قىلىنغان. شۇنىڭدىن كېيىن مەخسۇت مۇھىتى ياز كۈنلىرى ئاستانىگە كەلسىلا ئوقۇتقۇچىلارنى، دوستلىرىنى، قېرىنداشلىرىنى يىغىپ بۇ باغدا بەزمە، باراۋەت ئۆتكۈزىدىغان بولغان. بىر قېتىم مەخسۇت مۇھىتنىڭ دوستى، شائىر تۇرسۇن ۋاھىدى بۇ باغقا كەلگەندە باراۋەت ئىشتىراكچىلىرى ئۇنى بۇ باغ ھەققىدە بىر پارچە شېئىر يېزىپ بېقىشنى تەۋسىيە قىلغان. تۇرسۇن ۋاھىدى بىر خالىي ئۆيگە كىرىپ كېتىپ، ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن چىقىپ، باغ ھەققىدە يازغان پاساھەتلىك شېئىرىنى كۆپچىلىككە ئوقۇپ بەرگەن، كېيىن بۇ شېئىر باغنىڭ دەرۋازىسىغا نەقىش قىلىپ ئويۇلغان.

1931 ـ يىلى 4 ـ ئايدا قۇمۇل تاغلىرىدىن كۆتۈرۈلگەن يالقۇن شىددەت بىلەن ئۇلغىيىپ، پۈتۈن شىنجاڭ قوزغىلاڭ يالقۇنى ئىچىدە قالدى. ئەسلىدە قۇمۇلنىڭ ئەڭ چەت يۇرتلىرىنىڭ بىرى بولغان شوپۇلدا تۇرۇشلۇق چېرىكلەرنىڭ باشلىقى جاڭ جىسا، بۇ يۇرتنىڭ دورغىسى سالى دورغىنىڭ قىزىنى مەجبۇرىي خوتۇنلۇققا ئالماقچى بولغان. يامان ئىشنى كۆرسە چىدىمايدىغان، ھەققانىيەتچى، قورقۇمسىز، چېرىكلەرنىڭ جەبىر ـ زۇلۇملىرىدىن جاق تويغان سالى دورغا بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپكە كېلىپ، مەھەللىدىكى پالگانلارنى تەشكىللەپ جاڭ جىسانى ۋە ئۇنىڭ چېرىكلىرىنى ئۆلتۈرگەن ھەم گازارمىنى تارتىۋالغان، شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن 12 تاغ قوزغىلىپ، قوزغىلاڭغا ئاۋاز قوشقان. كېيىنچە 1907 ـ يىلىدىكى تورپاقلار قوزغىلىڭى ۋە 1912 ـ يىلىدىكى تۆمۈر خەلىپە قوزغىلىڭىغا قاتنىشىپ، باتۇر، قورقۇمسىز، مەرگەنلىكى بىلەن ئەل ئىچىدە «پالۋان» دەپ شۆھرەت قازانغان، دۈشمەنلەرنىڭ تۇتقۇن قىلىشىدىن پاناھلىنىش

ئۈچۈن تۇرپان، باركۆل، ئالتاي، سەئۇدى ئەرەبىستانى، رۇسىيە قاتارلىق جايلاردا 1923 - يىلىغىچە تۇرۇپ، ھەربىي مەشىقلەرگە قاتنىشىپ قايتىپ كەلگەن تاراتىلىق خوجىنىياز ھاجى قوزغىلاڭنىڭ داھىيسى بولۇپ قالغان. ئەينى ۋاقىتتىكى جىڭ شۇرېن ھۆكۈمىتى كەينى - كەينىدىن ئەسكەر ئەۋەتىپ، قوزغىلاڭنى باستۇرماقچى بولغان بولسىمۇ، ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، قوزغىلاڭچىلار تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتكەن ۋە ئىنقىلاب يالقۇنى قۇمۇل تاغلىرىدىن ھالقىپ، ئىدىقۇت بويلىرىغا، تەڭرىتېغى ئېتەكلىرىگە تۇتاشقان. بۇ چاغدا مەخسۇت مۇھىتى بىلەن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قۇمۇل قوزغىلاڭچىلىرىغا مەدەت بېرىش ئۈچۈن دەرھال ئىككى پارچە خەت يېزىپ، ئاستانىلىك يۈسۈپ موڭغۇل[1] ئارقىلىق قۇمۇلدىكى خوجىنىياز ھاجىغا ئەۋەتكەن. قۇمۇل قوزغىلاڭچىلىرى ئۇلارنىڭ خېتىنى كۆرۈپ زور ئىلھام ئالغان. مەخسۇت مۇھىتىنىڭ خېتىدە قۇمۇل خەلقىنىڭ زۇلۇمغا قارشى قەھرىمانانە كۈرەشلىرىدىن ئىلھاملىنىپ، تۇرپان، پىچان، توقسۇن ۋە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ بەزى جايلىرىدىمۇ ئىنقىلاب ئۇچقۇنلىرى يېنىشقا باشلىغانلىقى، ئىلى، ئالتاي تەرەپلەردىنمۇ ھۆكۈمەتكە خەۋپ يېتىۋاتقانلىقى، جىڭ شۇرېننىڭ قېشىدا ھېچقانچە چېرىك قالمىغانلىقتىن، ئۈرۈمچىنى قوغداش ئۈچۈن ئۇزۇنغا قالماي قۇمۇلدىن چېرىك يۆتكەشكە مەجبۇر بولىدىغانلىقى، مۇشۇنداق پايدىلىق ئەھۋالدا، قۇمۇل قوزغىلاڭچىلىرى بىر نەچچە ئاي چىداشلىق بېرىدىغان بولسا،

① تۇرپان ئاستانىدىن بولۇپ، مەخسۇت مۇھىتى ئۇنى ئۈرۈمچىدىكى سودا، ماشىنا ھەيدەش ئىشلىرىغا ياردەملەشتۈرگەن، شۇڭا يۈسۈپ شوپۇر دەپ ئاتالغان. ئۇ ئاشلىق توشۇغۇچى ئېشەكچى قىياپىتىدە چۆل - جەزىرىلەرنى بېسىپ ئۆتۈپ، چىغىر يوللارنى پىيادە بېسىپ، مەخسۇت مۇھىتىنىڭ ئىككى قېتىملىق خېتىنى خوجىنىياز ھاجىغا يەتكۈزگەن. 2 - قېتىم قۇمۇلغا بارغاندا خوجىنىياز ھاجى ئۇنى قۇمۇلدا ئېلىپ قېلىپ، ئاتىقى موڭغۇللىيىگە ئوقۇشقا ئەۋەتكەن، شۇنىڭدىن كېيىن بۇ كىشى يۈسۈپ موڭغۇل دەپ ئاتالغان. ئۇ 1937 - يىلى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۆلكىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىدا سانائىنەفىسە مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەن. كېيىنكى چاغلاردا شېڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىدە بىر قانچە يىل يېتىپ چىقىپ، 1950 - يىللىرى ئۈرۈمچىدە كېسەل بىلەن ۋاپات بولغان.

غەلىبىنى چوقۇم كاپالەتكە ئېرىشتۈرۈش مۇمكىنلىكى تەپسىلىي بايان قىلىنغان. شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ خېتىدە قۇمۇل قوزغىلاڭچىلىرىغا يالقۇنلۇق سالام ۋە مەدھىيىلەردىن كېيىن مۇنداق دېيىلگەن: «بوگۇنكى قۇمۇل تاغلىرى، بۇ تاغلاردا تىنز بىلەن تەڭ قار كېچىپ، دۈشمەن ئوقىغا قارشى كۆكرەك كېرىپ ئارسلاندەك كۈرەش قىلىۋاتقان ئۇيغۇر ئوغلانلىرى شىنجاڭدىكى ئېزىلگەن مىللەتلەرنىڭ ئۈمىد مەشئىلى بولۇپ قالدى. ئىلاھىم بۇ مەشئەل تېخىمۇ يورۇغاي، ئۇنىڭ يالقۇنى بىلەن ئازادلىق تاڭلىرى ئېتىپ، باراۋەرلىك، ئەركىنلىك باھارى باشلانغاي، بىزنىڭ كۆزىمىز سىلەردە. قەلبىمىز سىلەردە! قانىتىم بولسا، شۇ تاغلار تامان ئۇچۇپ بارسام، شۇ باتۇر ئوغلانلار قاتارىغا قوشۇلۇپ، لاچىندەك پەرۋاز قىلسام، ھېچبولمىسا باتۇر ئەزىمەتلەرنىڭ جەڭ تۇلپارىغا قارايدىغان ئات باقارى بولسام كاشكى! ئەلھەمدۇلىللا شۈكرى، ئۇيقۇلۇق ئىدىقۇتمۇ ئويغانماقتا. ئويغانماقتىلا ئەمەس، كۆزىنى ئېچىپ ئالەمگە بېقىپ قولىدىكى كويزا، پۇتىدىكى كىشەننى كۆرۈپ، غەزەپ بىلەن سىلكىنمەكتە. قوزغىلىشقا ئىنتىلمەكتە. يېقىن ئارىدا قۇمۇل تاغلىرىدىكىگە ئوخشاش بۇ يەردىمۇ جەڭ سادالىرى ياڭرايدۇ.

جان ئۆلۈم خەۋپىدە قالدى، كۆزلىرىمدىن ياندى ئوت،
ئۆلمىسەم غازى، ئەگەر ئۆلسەم شېھىتلەردىن ھېساب.
كۆرگۈلۈكنى كۆرگۈلۈك، يا ئابدۇخالىق ئۆلگۈلۈك،
ئىككىسىنىڭ بىرىگە تۇرماق، ھەر جانغا بولسۇن شۇ خىتاب.

دەپ ئۆزۈمنى شۇ جەڭگە ئاللىقاچان ئاتاپ قويغانمەن. ئىلاھىم، پات ئارىدا دىدار كۆرۈشۈپ، بىرلىكتە جەڭ قىلىشنى نېسىپ قىلغاي، ئامىن!» بۇ خەت قۇمۇل قوزغىلاڭچىلىرىغا ناھايىتى

زور ئىلھام بولدى. 1932 ـ يىلى ئەتىيازدا مەخسۇت مۇھىتى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بىلەن بىرلىكتە خوجىنىياز ھاجىغا يۇسۇپ موڭغۇل ئارقىلىق يەنە خەت ۋە سوۋغا ـ سالام ئەۋەتىپ، تۇرپاندا قوزغىلاڭ شارائىتىنىڭ پىشىپ قالغانلىقىنى، خوجىنىياز ھاجى تۇرپانغا چىقسا، بىللە ئىنقىلاب قىلىش نىيىتىنى بىلدۈرگەن.

مەخسۇت مۇھىتى خوجىنىياز ھاجىنى قوللاش بىلەن بىرگە تۇرپاندا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە جىددىي تەييارلىق قىلغان. بۇ مەزگىلدە يەنى 1932 ـ يىلى يازنىڭ ئاخىرى جىن شۇرېنىڭ ئۈرۈمچى ۋە باشقا شەھەرلەردىن قۇمۇلغا يۆتكىگەن ئەسكەرلىرى تۇرپاندىن تۇركۇم ـ تۇركۇملەپ ئۆتۈشكە باشلىغانىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۈرۈمچىدىن قۇمۇلغىچە بولغان ئارىلىقتا خۇددى ھېسسىپ تىققاندەك ئەسكەرلەر تولۇپ كەتتى. ئۇلار تۇرپاندىن ھارۋىلىق، ئېشەكلىك ۋە پىيادە بولۇپ چېپىلاڭغۇ، روھسىز ھالدا قۇمۇلغا قاراپ مېڭىشاتتى. يولدا ئۇچرىغانلىكى دېھقانلارنىڭ ھارۋىلىرىنى تارتىۋالاتتى، ئېشەكلىرىگە مىنىۋالاتتى. يېزا يوللىرىدا ئۇدۇل كېلىپ قالغان ئادەملەرنىمۇ ئۇرۇپ، تىللاپ نەرسە، كېرەكلىرىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلاتتى. بىچارە دېھقانلار ئۇلارغا چىش يېرىپ بىر نېمە دېيەلمەسمۇ، لېكىن قۇمۇل تەرەپتىن كېلىۋاتقان «قۇمۇلغا بارغان چېرىكلەرنى تاغلىق باتۇرلار بىرنىمۇ قويماي قىرىپ تاشلاپتۇدەك» دېگەندەك خەۋەرلەرنى زوق- شوق بىلەن بىر ـ بىرىگە يەتكۈزۈشەتتى. شۇنچە نۇرغۇن چېرىكنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك، بوغۇز، يەم ـ خەشەكلىرى دېھقانلارنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەچكە خەلقنىڭ زىممىسىدىكى سېلىق، زۇلۇم تېخىمۇ ئېغىرلاشتى. بۇ مەزگىلدە يەنە جىڭ شۇرېن تۇرپانغا بىر لۈيجاڭلىق، پىچانغا بىر لۈيجاڭلىق ئەسكەر تۇرغۇزۇپ، خەلقنىڭ ئۈستىدىن تېخىمۇ زورلۇق ـ زومبۇلۇق يۈرگۈزدى. تۈرلۈك قانۇنسىز باجلارنى ئۈستى ـ ئۈستىگە ئېلان قىلىپ، خەلقنىڭ ئاجىز ئىقتىسادىنى تېخىمۇ ۋەيران قىلدى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

«سەي مەي» (ئاشلىق يۆتكەش سېلىقى) دېگەن بىر بالايىئاپەتنى چىقىرىپ، دېھقانلارغا نۇرغۇن ئاشلىقنى تۇرپاندىن قۇمۇلغا سېلىق ھېسابىدا مەجبۇرىي توشۇتۇپ، مىڭلىغان، تۈمەنلىگەن دېھقانلارنى ئات ـ ئۇلاغ، ھارۋىلىرىدىن ھەتتا ئۆي ـ ماكان، بالا ـ چاقىلىرىدىنمۇ ئايرىپ، خانىۋەيران قىلىۋەتتى. بۇ ھەقتە شۇ ۋاقىتتىكى تۇرپان دېھقانلىرى ئارىسىدا مۇنداق قوشاقلار چىققانىدى:

سەي مەي دېگەن بۇ ئاپەت،
بېشىمىزغا بالا بولدى.
ئۆي ـ ماكاندىن ئايرىلىپ،
يېتىشىمىز تالا بولدى.
قەرزدار بولۇپ بەگلەرگە،
يېيىشىمىز قامچا بولدى.

ئۇنىڭ ئۈستىگە بەگ، شاڭيۇلار يۇرت خەلقىدىن بۇ سېلىقلارنى يەنە نەچچە ھەسسە كۆپەيتىپ يىغىۋالاتتى. دېمەك، جىن شۇرېن ھاكىمىيىتى ۋە يەرلىك بەگلەرنىڭ زۇلمى دەستىدىن خەلق تاقەت قىلغۇسىز دەرىجىگە بېرىپ يەتتى. خەلق قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىغا ھېسداشلىق قىلغاچقا، ھەممە يەردە:

«ئاچىل ـ ئاچىل، گۈل ئاچىل ـ ئاچىل،
ئاچىلمىساڭ گۈل قايدا ـ ئاچىل.
ئاچىلغاندا بىر گەپ بار ئاچىل،
ئاچىلىپسەن ھەريانغا ئاچىل.»

دېگەن ناخشا ياڭراپ تۇراتتى.

شۇ كۈنلەردە يەنى 12 ـ ئايدا بىردىنلا «خوجىنىياز ھاجى قۇمۇلدىن پىچانغا چىقىپتۇدەك» دېگەن گەپ تارقىلىپ كەتتى.

زالىم ھۆكۈمەتكە غەزەپ ـ نەپرىتى تېشىپ، يار ئېلىپ كېتىش ئالدىدا تۇرغان تۆغاندەك دولقۇنلاپ تۇرغان دېھقانلار دەرھال تۆمۈرچى ئۇستىلارغا مىلتىق ياسىتىشقا باشلىدى، قولى سەل قىسقىراق دېھقانلار ئورغاقلارنى تۈزلەپ قىلىچ ياساپ، تاياق ـ توقماقلارنى تەييار قىلىپ تەق تۇرۇشتى. دەل مۇشۇنداق پۇرسەتنى كۈتۈپ تۇرغان ئاستانە خەلقىنىڭ يولباشچىسى، قابىل تەشكىلاتچىسى مەخسۇت مۇھىتى خوجىنىياز ھاجىنىڭ پىچانغا كەلگەن ـ كەلمىگەنلىكىنى، پىچاندا نېمە ئىشلار بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن ئىمىن باي، نىياز ۋاجىدى، ھەمدۇللا ۋاجىدىلار بىلەن بىرگە پىچانغا يۇرۇپ كەتتى. ئەسلىدە مەخسۇت مۇھىتى تىجارەت ئىشى بىلەن 1930 ـ يىلى رۇسىيىگە كەتكەن بولۇپ، موسكۋادا تۇرۇۋاتقان مەزگىلدە «پراۋدا» گېزىتىدىن قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى ھەققىدىكى خەۋەرنى كۆرۈپ، 1931ـ يىلى ئىيۇلدا چۆچەك ۋە ئۈرۈمچى ئارقىلىق تۇرپانغا قايتىپ كەلگەنىدى. ئۇلار لۈكچۈنگە بېرىپ ئەھۋالنىڭ باشقىچە ئىكەنلىكىنى، پىچانغا چىققان خوجىنىياز ھاجى بولماستىن ما جۇڭيىڭنىڭ ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن چىققان ما شىمىڭ باشلىق 20 ـ 30 دەك خۇيزۇ، ئۇيغۇر ئەسكىرى ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ پىچانغا تېگىش قىلىپ ئالالماي، پىچاندىكى قىسىملارنىڭ لۈيجاڭى شۇن فايۇ تەرىپىدىن قاتتىق زەربە يەپ، لۈكچۈننىڭ دىغار يېزىسىغا قېچىپ بېرىپ نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي تەمتىرەپ يۈرگەنلىكىنى بىلدى. جاللات شۇن فايۇ ما شىمىڭنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن پىچاندا زور قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈپ، مىڭدىن ئارتۇق پۇقرانىڭ جېنىغا زامىن بولغانىدى.

بۇ چاغدا ئاستانىدىكى قېنى قىزىق بىرنەچچە دېھقان بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ قۇترانقۇلۇقى بىلەن تاياق ـ توقماقلىرىنى كۆتۈرۈپ، ئاستانىدىكى بىر قانچە ئۆيلۈك گۆرۆكەش، جازانىخور، ئەپيۇنكەش خەنزۇلارنىڭ ھويلىسىغا باستۇرۇپ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

كىرىپ، قارا پۇزۇل (قارا سىرلانغان دۇكان) لىرىغا ئوت قويۇپ، داڭزىلىرىنى (قەرز دەپتەرلىرىنى) كۆيدۈرۈپ، ئۆي ئىگىلىرىنى ئۇرۇپ يارىلاندۇردى، ئۇنىڭدىن باشقا ئاددىي پۇقرا بولغان بىر قانچە خەنزۇ ئائىلىسىگىمۇ تەھدىت سالدى. بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان مەخسۇت مۇھىتى دەرھال نەق مەيدانغا يېتىپ كېلىپ، ئۇلارنى توساپ: «ئۇلارمۇ سىلەرگە ئوخشاش پۇقرا، قولۇڭلاردىن كەلسە سىلەرگە زۇلۇم سالغان زالىم ھۆكۈمەتنى يوقىتىڭلار، قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنۇقى يوق تىنچ پۇقرالارنى بوزەك قىلىش نومۇس ئەمەسمۇ!» دەپ، بۇ كىشىلەرنى پەيلىدىن ياندۇردى ۋە ئۆزى قاراپ تۇرۇپ بۇ بىرقانچە ئۆيلۈك خەنزۇنى ئۆز ھويلىسىغا كۆچۈرۈپ كەلدى، كېيىن ئۇلارنى ھارۋا بىلەن تۇرپاندىكى تۇغقانلىرىنىڭ يېنىغا يەتكۈزۈپ قويدى. بۇ خەنزۇلارنىڭ ئىچىدىكى سۇڭ چىسەن ئىسىملىك بىرەيلەن كېيىنكى ۋاقىتلارغىچە ھېيت ـ ئايەملەردە تۇرپان شەھىرىدىن ئاستانە يېزىسىغا كېلىپ، مەخسۇت مۇھىتى ئائىلىسىدىن ھال سوراپ تۇردى. 1938 ـ يىلى مۇھىتلار ئائىلىسىدىن ئەنۋەر مەخسۇت، ئابدۇرېشىت مەخسۇت قاتارلىق يەتتە كىشى شىڭ شىسەي تۈرمىسىگە قامالغاندا، ئۇلارنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئۈرۈمچىگە چىقىپ، تۈرمىگە يوتقان ـ كۆرپە، كىيىم ـ كېچەك قاتارلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ بېرىپ، ئۇلار بىلەن كۆرۈشەلمەي قايتىپ كەلگەن. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان سۇڭ چىسەن تۇرپاندىن ئۈرۈمچىگە ئالايىتەن چىقىپ، تونۇشلىرى ئارقىلىق نۇرغۇن پۇل خەجلەپ، تۈرمىدىكى مەخسۇت مۇھىتىنىڭ پەرزەنتلىرى ۋە تۇغقانلىرى بىلەن كۆرۈشكەن ۋە ئۇلارغا لازىملىق تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى يەتكۈزۈپ بەرگەن. مۇھىتى ئائىلىسىدىكىلەر سۇڭ چىسەنگە رەھمەت ئېيتقاندا ئۇ «ئىلگىرى مەخسۇتباي بىزگە كۆپ ياخشىلىق قىلغان، ئەمدى ياخشىلىقنى قايتۇرۇش نۆۋىتى بىزگە كەلگەن ئوخشايدۇ» دېگەن.

مەخسۇت مۇھىتىنىڭ ما شىمىڭ مەسىلىسىدە بېشى قاتتى. ئۇنى ئاستانىگە تەكلىپ قىلاي دېسە، ئۇنىڭ تۇزۇك ئادىمى يوق ئىدى، تەكلىپ قىلماي دېسە، ئاستانىدىكى دېھقانلار كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن بولغاچقا، چېرىكلەرنىڭ ئاستانىگە باستۇرۇپ كېلىشى مۇقەررەر ئىدى. ئاخىرى ئۇ ماشىمىڭنى تەكلىپ قىلىش قارارىغا كەلدى. نېمە قىلىشنى بىلەلمەي گاڭگىراپ تۇرغان ما شىمىڭغا بۇ تەكلىپ ياغدەك يېقىپ، ئالدىراپ ـ سالدىراپ ئاستانىگە كەلدى. بۇ يەردىكى مۇھىتىلارنىڭ ھويلىسى قوزغىلاڭنىڭ باش شتابى بولۇپ قالدى.

ئاستانە خەلقىنىڭ قوزغالغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان تۇرپان بازىرىدىكى ما فۇمىڭ لۇيجاڭ خەلقنى باستۇرۇشقا بىر لىيەن ئەسكەر ئەۋەتتى. ئەسكەرلەرنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان خەلق دەرھال قوللىرىغا تاياق ـ توقماق ئېلىپ، مەخسۇت مۇھىتىنىڭ قورۇسى ئالدىغا يىغىلدى. مەخسۇت مۇھىتى باشقىلار بىلەن كېڭەشكەندىن كېيىن دۇشمەننى مەھەللە ئىچىگە ئالداپ ئېلىپ كىرىپ ئاندىن جايلاش، ھەبىبۇل، ئابدۇكېرىم، نىياز قارىي قاتارلىق ئۈچ مەرگەننى ئەششا سېپىلى (قەدىمكى قۇچۇ شەھىرىنىڭ قالدۇق سېپىلى) ئۈستىگە ئورۇنلاشتۇرۇش، قالغانلار كوچا بويىدىكى ئۆگزىلەرگە، تام كەينىلىرىگە جايلىشىشنى قارار قىلدى. خەلق «يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم» دېيىشىپ، تەييار بولۇپ تۇرۇشتى. چېرىكلەر ئاستانە بىلەن قاراغوجا ئوتتۇرىسىدىكى چوڭ يول بىلەن شىمال تەرەپتىن مېڭىپ ئاستانىگە كەلگەندە سېپىل ئۈستىدىكى مەرگەنلەر ئۇلارغا قارىتىپ ئوق چىقىرىشقا باشلىدى. ئوق ئاۋازىنى ئاڭلىغان خەلق تەرەپ ـ تەرەپتىن يوپۇرۇلۇپ چىقىپ، چېرىكلەرگە ھۇجۇم قىلدى. سېپىل ئۈستىدىكى ئۈچ مەرگەن چېرىكلەردىن يەتتىنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەندە ئۇلار قورققىنىدىن ئۆزلىرىنى قويىدىغان يەر تاپالماي، شەرق تەرەپكە قاراپ قېچىشتى. بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئالدىدىن قاراغوجا خەلقى چىقىپ توستى. ئالەمنى مالەم قىلغۇدەك سۈرەن ـ ھەيۋە بىلەن كەلگەن تەكەببۇر چېرىكلەر كەلكۈندەك يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان خەلقنىڭ غەزەپ ـ نەپرىتى، قەھرىمانلىقىنى كۆرۈپ، شۈنچىلىك قورقۇپ كەتتىكى، بىر قىسىملىرى ئۆزلىرىمۇ تۇيماي ئىشتانلىرىغا چىقىرىۋېتىشتى. ئۈچ ـ تۆت چېرىك ئۇر ـ ئۇرغا قالغان چاشقاندەك تىترىگىنىچە بىر چوڭ ئېرىقنىڭ يوغان چوشىغا (سۇ چۈشۈپ ئويمان قىلىۋەتكەن جاي) مۆكۈۋالغانىدى، بىر نەچچە دېھقان ئۇلارنى قوغلاپ كەلدى. چېرىكلەر قورقۇپ ھوشىنى يوقاتقان بولۇپ، مىلتىقلىرىنى پىدائىيلارغا تەڭلەپ تۇرسىمۇ، تەپكىنى بېسىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىدى. پىدائىيلار ئۇلارنى چوش ئىچىدە كەتمەن، گۈرجەكلىرى بىلەن ئۇرۇپلا جەھەننەمگە ئۇزاتتى. يەنە بىر قانچە چېرىك كالا هارۋىسى بىلەن قېچىۋىدى، هارۋىسى يول بويىدىكى شورلۇققا پېتىپ قېلىپ، ئۇلارمۇ پىدائىيلارنىڭ قولىغا چۈشتى. نەتىجىدە چېرىكلەرنىڭ ئاز بىر قىسمىنىڭلا قېچىپ قۇتۇلغىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا قالغانلىرى ئاساسەن دېگۈدەك يوقىتىلدى. ئۇلارنىڭ مىلتىقلىرى، ئۈچ هارۋىدىكى ئوق ـ دورىلىرى ۋە خەلقنى جازالاش ئۈچۈن ئېلىپ كەلگەن جادۇلىرى غەنىيمەت ئېلىندى. شۇ ئارىدا دىغاردىن بارىدىغان يەر تاپالماي شۇمشىيىپ كەلگەن ماشىمىلىك بىر دوملاپلا ئۆزىنى «سىلىك» دەپ ئېلان قىلىپ، رەسمىي قوزغالغان خەلق، نەچچە يۈزلىگەن مىلتىق، بىر قانچە هارۋا ئوققا ئىگە بولۇۋالدى ۋە مەخسۇت مۇھىتى ۋە ئاستانىلىك نىياز شەرىپى، سەمەت ھاجى، قاراغوجىلىق ئىمىن باي (ئىمىن كالا)، پولات، مۇخپۇل خەلپە، ئاخۇن مۆمىن، ياڭخىلىق ئىبراھىم دورغا، مۇرتۇقلۇق ئىسكەندەر قاتارلىقلارغا تۆەنجاڭ، يىڭجاڭ، ليەنجاڭلىق مەنسەپلىرىنى بەردى. شۇ چاغدا تۇرپان يېڭىشەھەردىكى خەلقنى زۇلۇمدىن قۇتقۇزۇشقا نىيەت قىلىپ كېلىۋاتقان مەرىپەتپەرۋەر، تەرەققىيپەرۋەر زاتلاردىن

ھەمدۇللا داموللام، ھېسامىددىن زۇپەر، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، تۆمۈر جىساھاجى قاتارلىقلار مەخسۇت مۇھىتىغا «يېڭىشەھەرگە تېگىش قىلىڭلار، بىز ئىچىدىن ماسلىشىمىز» دېگەن مەزمۇندا خەت ئەۋەتتى. مەخسۇت مۇھىتى باشچىلىقىدىكى ئوتتەك يېنىپ تۇرغان مىڭلىغان قوزغىلاڭچىلار ئىككى كۈن ئىچىدە تۇرپان شەھىرىنىڭ سېپىلىغا چىقىدىغان ئۇزۇن شوتىلارنى ياساپ، ئاتلىق، ھارۋا ۋە ئېشەكلىرىنى تەييارلاپ، تاياق ـ توقماقلىرىنى ئېلىپ، تۇرپان شەھەر ئىچىگە ھۇجۇم قىلىشقا ئاتلاندى. بېسىپ ئۆتكەن يېزىلاردا پىدائىيلار قوشۇلۇپ، قوزغىلاڭچىلارنىڭ سېپى ئۇلغىيىپ باردى.

تۇرپاندا ئەسلىدە بىر يىڭ ئەسكەر تۇراتتى، كېيىنكى ۋاقىتتا جىڭ شۇرىن چۆچەكتىن ما فۇمىڭنى يۆتكەپ كېلىپ، بىر لۇي ئەسكەر تۇرغۇزىدىغان بولغانىدى. قوزغىلاڭ مەزگىلىدە ما فۇمىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ بىر لىيەنى توقسۇندا، قالغانلىرى ئاساسەن كونىشەھەردە تۇراتتى. تۇرپان شەھىرى كونىشەھەر ۋە يېڭىشەھەر دەپ ئىككىگە ئايرىلىدىغان بولۇپ، كونىشەھەر سېپىلىنىڭ ئىچىدە ناھىيىلىك ھۆكۈمەت، ئىدارىلەر، ھەربىيلەر ۋە خەنزۇ پۇقرالار؛ يېڭىشەھەرنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا، كونىشەھەر سېپىلىنىڭ سىرتىدا ئاساسەن ئۇيغۇرلار، ئاز ساندا خۇيزۇ پۇقرالار بار ئىدى. كونا شەھەر بازىرى چيەنلۇڭنىڭ 46-يىلى (مىلادىيە 1782 ـ يىلى) چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تۇرپاندا لەشكەر بېشى تۇرغۇزغاندا بىنا قىلىشقا باشلىغان بولۇپ، يەرلىك كىشىلەر تەرىپىدىن «خەنچېڭ» دەپ ئاتالغان. شەھەر سېپىلىنىڭ ئېگىزلىكى تۆت مېتىر، قېلىنلىقى ئۈچ مېتىر بولۇپ، خاڭ بىلەن چىڭداپ ياسالغان، سېپىلنىڭ تۆت قوۋۇقى بار بولغان. شەرقىي قوۋۇقنىڭ ئورنى ھازىرقى شەھەرلىك تەمىنات ـ سودا كوپىراتىپىنىڭ ئورنىدا (بۇ يەر ھازىرمۇ «كونىشەھەر شەرقىي قوۋۇق كەنتى» دەپ ئاتىلىدۇ)، غەربىي

www.uyghurkitap.com

قوۋۇق هازىرقى مەركىزىي تۆت كوچىنىڭ ئورنىدا، جەنۇبىي قوۋۇق هازىرقى 1_ مېھمانخانىنىڭ ئورنىدا (بۇ يەر هازىرمۇ «جەنۇبىي قوۋۇق» دەپ ئاتىلىدۇ)، شىمالىي قوۋۇق هازىرقى شەھەرلىك پار بىلەن تەمىنلەش شىركىتىنىڭ ئورنىدا بولغان. 1871 - يىلى ئەنجانلىق فېئودال ئاقسۆڭەك ياقۇپبەگ[1] شىنجاڭنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ئىككىنچى ئوغلى ھەققۇلى بەگنى تۇرپانغا ئەۋەتىپ، كونىشەھەرنىڭ غەربىدە يەنە بىر يېڭى شەھەرنى بىنا قىلغان. بۇ شەھەرنىڭ كۆلىمى 800 مو ئەتراپىدا يەنى كونا شەھەرنىڭ كۆلىمىگە ئوخشاش بولۇپ، شىمالدىن جەنۇبقا تارراق، غەربتىن شەرققە ئۇزۇنراق، تۆت چاسا شەكىلدە بولغان. شەھەرگە شەرقىي قوۋۇق ۋە غەربىي قوۋۇقتىن ئىبارەت ئىككىلا قوۋۇق ئورنىتىلغان بولۇپ، قوۋۇق دەرۋازىلىرى قېلىن ياغاچتىن چەمبەرلىنىپ، ناھايىتى مۇستەھكەم ۋە چىدامىلىق ياسالغان. سېپىلنىڭ ئېگىزلىكى سەككىز مېتىر بولۇپ، ئەتراپىغا كەڭلىكى تۆت مېتىر، تېرەنلىكى 3.5 مېتىر كېلىدىغان خەندەك قېزىلغان، سېپىلنىڭ ئۈستى بىر هارۋا ماڭغۇدەك كەڭلىكتە ياسالغان. شەھەر سېپىلىنىڭ تۆت بۇرجىكىگە هەيۋەتلىك ئېگىز پوتەي، قاراۋۇلخانىلار سېلىنغان. بۇ شەھەر يەرلىك كىشىلەر تەرىپىدىن «ئۇيغۇرلار شەھىرى» دەپ ئاتالغان.

قوزغىلاڭچىلار خەۋەرلەشكۈچىلەرنى ئالدىن ئەۋەتىپ، شەھەر ئىچىدىكى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، ھەمدۇللا داموللام قاتارلىقلارنىڭ ماسلىشىشى بىلەن تۈن قاراڭغۇسىدا يېڭىشەھەر

---

[1] تاشكەنت ۋىلايىتىنىڭ چىمكەنت دېگەن يېرىدىن بولۇپ، قوقان خانلىقىدا قۇشبېگى بولغانلىقى ئۈچۈن «ياقۇپبەگ قۇشبېگى» دەپ نام ئالغان، كېيىن بەدۆلەت دەپ نام چىقارغان. 1864 - يىلى قىشتا بۇزرۇكخان بىلەن بىرگە قەشقەرگە باستۇرۇپ كىرىپ، قەشقەر، يېڭىسار، يەكەن، خوتەن، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، كۇچا قاتارلىق جايلارنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىپ، «يەتتە شەھەر دۆلىتى»نى قۇرغان ۋە ئۆزىنى «بەدۆلەت»، «ئاتالىق غازى» دەپ ئاتىغان. كېيىن چىڭ سۇلالىسىنىڭ گېنېرالى زوزوڭتاڭ تەرىپىدىن يوقىتىلغان.

سېپىلىنىڭ ئىچىگە جىمجىت كىرىۋالدى. يېڭىشەھەرنىڭ غەربىي ۋە شەرقىي دەرۋازىلىرىنى باقىدىغان ما فۇمىڭنىڭ بىر لۇي ئەسكىرى ئاللىقاچان كونىشەھەرگە قېچىپ كەتكەن بولۇپ، شەھەر خەلقى قوزغىلاڭچىلارنى قىزغىن قارشى ئالدى. يۇرت مۆتىۋەرلىرىدىن ھەمدۇللا دامولللام، ھېسامىدىن زۇپەر، ئابدۇللا داموللا نەئىمى، تۆمۈر جىسا، سەيپۇل يىڭجاڭ، ئابدۇمىيىن ھاجى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، ئابدۇسەمى زىخۇي، سايىم ئاخۇن، يۇسۇپ رەئىس، شېرىپ ھاجى قاتارلىقلار قوزغىلاڭچىلارنى بىر ئېغىزدىن قوللاپ، ئۆزلىرى باشلامچىلىق بىلەن ئاتلاندى ۋە شەھەر خەلقىنى سەپەرۋەر قىلدى. بۇ ئىشتىن ئاللىقاچان خەۋەر تاپقان باغرى، بۇيلۇق، يار، يەمشى، يارغول قاتارلىق شەھەر ئەتراپى رايونلىرىدىكى ئامما تۇركۇم - تۇركۇملەپ كېلىپ، قوزغىلاڭچىلارنىڭ سېپىگە قوشۇلدى. مەخسۇت مۇھىتىنىڭ باش قوماندانلىقىدا ھەمدۇللا ئەلەم ئاخۇنۇم، مەھمۇت مۇھىتى، ھېسامىدىن زۇپەر، ما شىمىڭلاردىن تەركىب تاپقان ۋاقىتلىق قوماندانلىق شتابى تەشكىل قىلىنىپ، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شتابنىڭ مەسلىھەتچىلىكىگە ھەم كاتىبات ئىشلىرىغا تەيىنلەندى، ھېسامىدىن زۇپەر شەھەر مۇداپىئە ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلىندى.

كۆپ ئۆتمەيلا ئۇرۇمچىدىن بىر تۇركۇم ئەسكەرنىڭ قوزغىلاڭنى باستۇرۇش ئۈچۈن كېلىۋاتقانلىق خەۋىرى يېتىپ كەلدى. بۇنىڭغا قارىتا مەخسۇت مۇھىتى، ھەمدۇللا داموللام قاتارلىق قوماندانلار دۈشمەننى توسۇپ زەربە بېرىش ھەققىدە جىددىي تەدبىر تۈزدى. ھەمدۇللا داموللام ئۆزىنىڭ تۇرپاندىكى مۇتلەق نوپۇزى، تەسىرى بىلەن شاگىرتلىرىدىن ئابدۇللا رەئىس، جاپپار ئىمام، پالات ئىمام، غوجىئەخمەت ئىمام، ئامسىلىم خەلپەت، يۇسۇپ رەئىس قاتارلىق كىشىلەرنى دەرھال ھەر قايسى يېزا - بازارلارغا ماڭدۇرۇپ، تۇرپاننىڭ ھەممە يېرىگە خۇددى يورۇق يۇلتۇزلاردەك تارقىلىپ كەتكەن تالىپلىرىدىن

پايدىلىنىپ، كەڭ خەلقنى دۈشمەنگە قارشى تۇرۇشقا تەشكىللەپ، يارغولدىن تارتىپ، مۇنۇر ھاجى قۇملۇقى ۋە قىبلە قوۋۇق (غەربىي قوۋۇق) نىڭ سىرتىدىكى خۇيزۇلار زاراتگاھلىقىغىچە مۇداپىئە سېپى قۇردى.

ھەمدۇللا داموللام (تارىختا ھەمدۇللا ئەلەم، ھەمدۇللا ئاخۇنۇم دەپمۇ ئاتالغان) 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىدىقۇت ۋادىسىدا ياشاپ ئۆتكەن مول بىلىملىك دىنىي ئۆلىما، مەرىپەتپەرۋەر، تەرەققىيپەرۋەر زات، جامائەت ئەربابى، خەلق قوزغىلىڭىنىڭ تەدبىرلىك تەشكىلاتچىسى بولۇپ، ئۇ 1866 ـ يىلى تۇرپان شەھىرىنىڭ چاتقال يېزىسى قاۋانلار كارىزى مەھەللىسىدە موللا ئەيسا ئىسىملىك ئوقۇمۇشلۇق دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن.

موللا ئەيسا جەمەتى ئەسلىدە ئەمگەكچان، باتۇر، چېلىشقا ماھىر، بەستلىك كىشىلەردىن بولۇپ، ھېيت ـ بايرام، نورۇز كۈنلىرىدە قەيەردە چېلىش بولسا، ئۇلار شۇ يەردە چېلىشقا چۈشۈپ، يانپېشى يەرگە تەگمىگەن نى ـ نى چېلىشچى پالۋانلارنى يىقىتىپ، داڭق قازانغان، شۇڭا خەلق ئۇلارنى «قاۋۇللار» دەپ ئاتىغان. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ جەمەتنىڭ كولىغان كارىزلىرىمۇ ئۇلارنىڭ لەقىمى بىلەن «قاۋۇللارنىڭ كارىزى» دەپ ئاتىلىپ، «قاۋۇللار» دېگەن نام ئۇلارنىڭ جەمەت نامى بولۇپ قالغان. كېيىن قاۋۇللاردىن چېلىشتا يېڭىلىپ، دولىسى يانچىلىپ، قوۋۇرغىسى ئېگىلىپ كەتكەن ۋاڭ ـ غوجاملارنىڭ خاس چېلىشچىلىرى قاۋۇللارغا ھەسەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ لەقىمىنى «قاۋانلار» دەپ ئۆزگەرتىپ، گەپ تارقىتىۋەتكەن. شۇنىڭدىن كېيىن «قاۋۇللار كارىزى» مۇ بارا ـ بارا «قاۋانلار كارىزى» غا ئۆزگىرىپ قالغان.

موللا ئەيسانىڭ ئەبەيدۇللا، ھەمدۇللا، ھەيۋۇللا ئىسىملىك ئۈچ ئوغلى بار بولۇپ، بۇ ئوغۇللارنىڭ ھەممىسىلا

ئەجدادلىرىنىڭ خۇسۇسىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىپ، بەستلىك، ئەمگەكچان، چېلىشچى بولۇپ چوڭ بولغان. بالىلارنىڭ ئىككىنچىسى بولغان ھەمدۇللا كىچىكىدىن باشلاپ زېرەك، غەيرەتلىك، ئىشچان بالا بولۇپ يېتىشكەن بولۇپ، ئېتىز - ئېرىق، ئۆي - ئىشلىرىغا يېقىندىن ياردەملىشىپ، دېھقانچىلىق، ئۆي - كار ئىشلىرىغىمۇ پىشىپ بارغان. ئاتىسى موللا ئەيسانىڭ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشى، ئۆزىنىڭ ئوتتەك قىزغىنلىقى بىلەن 8 يېشىدىن 15 يېشىغىچە ئەينى ۋاقىتتىكى تۇرپاندىكى نوپۇزلۇق بىلىم يۇرتى بولغان باغرى مەدرىسىدە ئوقۇغان. مەدرىسىنى تاماملاپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئاتىسىنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلىرىغا ياردەملەشكەن. ئۇ چېلىشلاردا داۋاملىق نۇسرەت قازىنىدىغان بولغاچقا، چېلىشتا ئۇتقانلارغا بېرىلىدىغان كالا، ئات بېشى قاتارلىق تارتۇقلارغا ئېرىشىپ، دوست - بۇرادەرلىرىنىڭ ئىچىدىمۇ ئالاھىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان. دېھقانچىلىقنىڭ بوش ۋاقىتلىرىدا ئۇ بوۋىسى ئىلياس ئاخۇندىن قالغان قارا ئوۋ مىلتىقىنى يېنىغا ئېسىپ، قارا چىلان تورۇق ئېتىغا مىنىپ، لامپا گۇڭشاڭ، چىگىنبۇلاق قاتارلىق جايلاردا ئوۋ ئوۋلاپ ئۆزىنى چېنىقتۇرغان. موللا ئەيسا ئاكا بۇ ئىشچان، ئەقىللىق ئوغلىغا ھەۋىسى كېلىپ، ھەر خىل سەپەرلەرگە، مەشرەپلەرگە بىللە ئېلىپ بېرىپ، ئۇنىڭغا تارىخىي ۋەقەلەرنى، چۆچەك، رىۋايەتلەرنى ئېيتىپ بېرىپ، ئەتراپلىق يېتىلىشىگە كۆڭۈل بۆلگەن.

بىر كۈنى ياش ھەمدۇللا ئۆيىدىكى قارا چىلان تورۇق ئېتىنى يار - يار كۆتەك ھارۋىغا قېتىپ، مەھەللىسىدىكى بىر قانچە دوستلىرى بىلەن بىرگە كۆمۈر ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن چىچان قارا يۈزى كۆمۈر كانىغا قاراپ ماڭغان. ئۇلار ئۈزۈمچىلىك يېزىسىنىڭ سۇ بېشى كەنتىدىن ئۆتۈپ تۆگە داۋىنىغا كەلگەندە خاڭدا ئىشلىتىش ئۈچۈن سەيسىگە ئادەم، ئات - ھارۋا تۇتقىلى

www.uyghurkitap.com

چىققان يامۇلنىڭ تۆت ـ بەش چېرىكى ئۇلارنىڭ ئالدىدىن چىقىپ، نان ـ ئوزۇق، ئات ـ بوغۇزلىرىنى تارتىۋالماقچى بولغان. بۇ خىل يولسىزلىقا چىداپ تۇرالمىغان ھەمدۇللا گوگەن (ھارۋا تىرەيدىغان توقماق) نى قولىغا ئېلىپ، ھارۋىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، چېرىكلەر بىلەن يالغۇز ئېلىشىپ، ئۇلارنى بىردەمدىلا ئۇرۇپ ياتقۇزۇۋەتكەن ۋە ئامالسىز ھالدا ئات ـ ھارۋىسىنى ھەمراھلىرىدىن ماڭغۇزۇۋېتىپ، ئۆزى ھازىرقى سىڭگىم يېزىسىنىڭ مۇرتۇق غولى تەۋەسىدىكى ھەزرىتى مەۋلانا غوجامغا (ھازىر «مۇرتۇق غوجام» دەپ ئاتىلىدۇ) كېلىپ پاناھلانغان. موللا ئەيسا ئاكا نۇرغۇن سۈرۈشتۈرۈش ئارقىلىق ئوغلىنىڭ مەۋلانا غوجام ئەتراپىدا قېچىپ يۈرگەنلىكىنى ئۇقۇپ، بىر كېچىسى بۇ يەرگە كېلىپ، ئوغلى بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشكەن. موللا ئەيسا ئوغلى ھەمدۇللانى ئېلىپ، كېچىدە يولغا چىقىپ، ئۇنى يار مەدرىسىگە ئەكىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان. ھەمدۇللا بۇ يەردە تالا ـ تۈزگە كۆپ چىقماي، كۆپىنچە ۋاقتىتا ھۇجرىسىدا ئولتۇرۇپ ئىلىم تەھسىل قىلغان. كېيىن بۇ يەردە بىرگە ئوقۇغان ساۋاقداشلىرىدىن ئايدىڭكۆللۈك غوجۇمتاجىم، چاتقاللىق مەززاخۇنۇملار بىلەن بىرگە ئىلىم تەھسىل قىلىش ئۈچۈن قەشقەرگە قاراپ يولغا چىققان. ئۇلار نۇرغۇن جەبىر ـ جاپالارنى، مۈشكۈلچىلىكلەرنى باشتىن ئۆتكۈزۈپ، قەشقەرگە كېلىپ، بۇ يەردىكى ئالىي بىلىم يۇرتى بولغان خانلىق مەدرىسىگە ئوقۇشقا كىرگەن. بۇ يەردە ئۇلار پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىياغا تونۇلغان قەشقەرلىك كاتتا ئالىم، ئۇستا ناتىق، مىللەتپەرۋەر مائارىپچى، تالانتلىق شائىر ۋە پاراسەتلىك ئۇستاز ئابدۇقادىر داموللام بىلەن ساۋاقداش بولۇپ ئوقۇغان. بۇ جەرياندا ھەمدۇللا داموللام ئابدۇقادىر داموللامنىڭ قەتئىي تىز پۈكمەي ئىلىم ـ مەرىپەت ئۆگىنىش ئىرادىسى، مەرىپەتپەرۋەرلىك، تەرەققىيپەرۋەرلىك روھىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ ئۇنىڭ بىلەن

يېقىن دوستلۇق ئورناتقان. تۆت يىل ئوقۇپ خانلىق مەدرىسىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئىككى يۇرتدىشى غوجۇمتاجىم بىلەن مەززاخۇنۇم تۇرپانغا قايتىپ كەتكەن، ھەمدۇللا داموللام بولسا تېخىمۇ مۇكەممەل مەلۇماتقا ئىگە بولۇش ئۈچۈن بەلنى تېخىمۇ مەھكەم باغلاپ، ئابدۇقادىر داموللام بىلەن بىرگە بۇخاراغا قاراپ يولغا چىققان ۋە بۇخارا، قوقەنتلەردە تۆت يىل ئوقۇغان. تۆت يىل جەريانىدا ھەمدۇللا داموللام قۇرئان، ھەدىس، ئىلمىي تەجۋىد، ئاقايىد قاتارلىق ئىسلام تەلىماتلىرىنى ياخشى ئۆگىنىپلا قالماستىن، ئەرەب، پارس، ئوردۇ تىللىرىنى، ئەدەبىيات، تارىخ، ئىلمىي مەنتىق قاتارلىقلارنى، كلاسسىكلارنىڭ ئەسەرلىرىنىمۇ پىششىق ئۆگەنگەن ۋە ئۆز دەۋرىنىڭ ئۆلىماسى بولۇپ يېتىشىپ چىققان.

ھەمدۇللا داموللام ئوقۇشىنى تاماملاپ تۇرپانغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يار مەدرىسىدە بالا ئوقۇتقان، كېيىن يېڭىشەھەردىكى زۇپەرھاجىم مەسچىتىگە كېلىپ بالا ئوقۇتقان، بۇ جەرياندا يېڭىشەھەردىكى سەدىللا قارىيھاجىم ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن دوستى ۋە مەسلىھەتچىسى بولۇپ قالغان.

زۇپەر ھاجىمنىڭ مەسچىتى (يېڭى قازىخانا) 1913 - يىلى تۇرپاندىكى مەشھۇر مەرىپەتپەرۋەر باي زۇپەر ھاجىمنىڭ پۈتۈن مەبلەغنى چىقىرىشى ئارقىسىدا يېڭىشەھەردىكى ئاقسارايىنىڭ غەربىي تەرىپىگە ئۇيغۇر بىناكارلىق ئۇسلۇبىدا سېلىنغان بولۇپ، قىشلىق ۋە يازلىق مەسچىت، پېشايۋانلىق ئايۋانچا، 200 دىن ئوشۇق كىشى سىغىدىغان قازىخانا (مەھكىمە شەرئىي) دىن تەركىب تاپقان. بۇ مەسچىتنى زۇپەر ھاجىمنىڭ ئوغلى قادىر زۇپەرى ئۆزبېكىستاننىڭ مەركىزى تاشكەنتكە سودا ئىشى بىلەن چىققاندا تاشكەنت، سەمەرقەنت، بۇخارالاردىكى مەسچىتلەرنى كۆرۈپ، ئاتىسىغا بۇ ھەقتە تەكلىپ بېرىپ سالدۇرغان بولغاچقا، بىناكارلىق ئۇسلۇبى ئۆزگىچە، نەپىس، ئەسلىھەلىرى بىر قەدەر

تولۇق بولغان. ئەينى ۋاقىتتىكى قازىلاردىن ئابلىتىپ ئاخۇنۇم، ھەمدۇللا داموللام قاتارلىقلار كۈندە ئوقۇلىدىغان بەش ۋاخ نامازدىن باشقا، ھەپتىدە بىر ئوقۇلىدىغان جۈمە نامىزى، يىلدا بىر قېتىم كېلىدىغان ئىككى ھېيت نامىزىنىمۇ مۇشۇ مەسچىتتە ئوقۇشنى بېكىتكەن، نەتىجىدە بۇ مەسچىتنىڭ شۆھرىتى يەنىمۇ ئاشقان.

ئەسلىدە تۇرپاندىكى قازىخانا ھازىرقى قازىخانا مەسچىتىدە بولۇپ، زۇپەر ھاجىم مەسچىتى سېلىنغاندىن كېيىن قازىخانا بۇ جايغا يۆتكىلىپ، 1913 ـ يىلىدىن 1945 ـ يىلىغىچە قازىخانىلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن ۋە يېڭى قازىخانا دەپمۇ ئاتالغان.

ھازىرقى قازىخانا مەسچىتى (يەنى كونا قازىخانا) 1747 ـ يىلى يېڭىشەھەردىكى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى زىچ ئولتۇراقلاشقان جايغا جامائەتتىن مەبلەغ توپلاپ سېلىنغان بولۇپ، ئىگىلىگەن كۆلىمى 2750 كۋادرات مېتىردىن ئاشىدۇ. بۇ مەسچىت تۇرپان شەھىرى بويىچە كۆلىمى بىر قەدەر چوڭ، تارىخى ئۇزۇن، ئىسلام بىناكارلىق ئۇسلۇبىنى ئالاھىدە گەۋدىلەندۇرگەن، مەشھۇر مەسچىتلەرنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ياقۇپبەگ 1870 ـ يىلى تۇرپان يېڭىشەھەرنى بەرپا قىلغاندا مۇشۇ مەسچىتنى ئاساس قىلىپ سېپىل سوقتۇرغان. 1810 ـ يىللىرىدىن 1901 ـ يىلىغىچە بۇخارادا ئون نەچچە يىل ئىلىم تەھسىل قىلغان مەشھۇر دىنىي ئۆلىما، مەرىپەتپەرۋەر زات ئابلىتىپ مۇدەررىس ئاخۇنۇم مۇشۇ قازىخانىدا دىنىي مەكتەپ ئېچىپ، نۇرغۇنلىغان شاگىرتلارنى، دىنىي ئۆلىمالارنى، ئىلىم ئەھلىلىرىنى يېتىشتۇرگەن. ئابلىتىپ مۇدەررىس ئاخۇنۇم 1901 ـ يىلى قازا تاپقاندىن كېيىن بۇخارا، قوقەنتلەردە ئوقۇپ كەلگەن ئەۋەيدۇللا مۇدەررىس ئاخۇنۇم ئۇنىڭ ئىلىم تارقىتىش ئىشىغا ۋارىسلىق قىلغان. كېيىن ھەمدۇللا داموللام تالىپلارنى ئۆزى سالدۇرغان مەدرىسىگە يۆتكەپ، ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلىپ،

ئابلىتىپ مۇدەررىس، ئەۋەيدۇللا مۇدەررىس قاتارلىق ئۆلىمالار ياقىغان مەرىپەت چىرىغىنى يەنىمۇ نۇرلاندۇرغان.

1945 ـ يىلى نوھ ئاخۇن خەلپەتنىڭ تەشەببۇسى بىلەن چاتقاللىق مەشھۇر باي ئەدەيتۇللا ھاجىم پۇتۇن مەبلەغنى چىقىرىپ، ئەسلىدىكى مەسچىتنى چېقىپ تاشلاپ، پىششىق خىش بىلەن ئىككى قەۋەتلىك، ئاستى ـ ئۈستى تاختايلىق، يازلىق، قىشلىق قىلىپ مەسچىت سالدۇرغان. 1983 ـ يىلى تۇرپان ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇري مەھكىمىنىڭ تەستىقى ۋە مەبلەغ ئاجرىتىشى بىلەن قازىخانا مەسچىتى ئۈچىنچى قېتىم چوڭ رېمونت قىلىنغان.[1]

1877 ـ يىلى بەدۆلەت ياقۇپبەگ زوزۇڭتاڭ تەرىپىدىن مەغلۇپ بولۇپ، ئۆزى قۇرغان يېڭىشەھەر بازىرى قايتا چىلىك سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ قولىغا ئۆتكەندىن كېيىن بىر قىسىم چېرىكلەر قازىخانا مەسچىتىنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىگە بىر بۇتخانا سېلىۋالغان. شۇنىڭ بىلەن بىر كوچىدا بۇتخانا بىلەن مەسچىت بىر ـ بىرىگە قارىشىپ تۇرىدىغان ھالەت شەكىللەنگەن. بۇتخانا ئازادلىقتىن كېيىن چېقىۋېتىلگەن. قازىخانا مەسچىتى بولسا كېيىنكى يىللاردا ساخاۋەتلىك كىشىلەر تەرىپىدىن قايتا ـ قايتا رېمونت قىلىنىپ ۋە بېزىلىپ، ھازىرقىدەك ئۆزگىچە تۇسكە، ھەيۋەتلىك ھالەتكە كەلگەن.

1895 ـ، 1896 ـ يىللىرى ھەمدۇللا داموللام سەدىللا قارىيھاجىمنىڭ مەسلىھەتى بىلەن تۇرپاننىڭ شۇ ۋاقىتتىكى سودا ـ تىجارەت، ئىلىم ـ مەرىپەت مەركىزى بولغان يېڭىشەھەر بازىرىدىن، تاشكەنتتىن كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان مەۋلانباي ھاجىمنىڭ قولىدىن 400 سەر ئاق كۈمۈشكە يەر سېتىۋېلىپ ئۆي ـ جاي سالدۇرغان، يەنە مەۋلانباي ھاجىم بىلەن بىرلىشىپ،

---

[1] زۇپەر ھاجىم مەسچىتى بىلەن قازىخانا مەسچىتى ھەققىدىكى ماتېرىيالنى ھاجى ياقۇپ ئۆمەرى تەمىنلىگەن.

www.uyghurkitap.com

ئويماندەنىنىڭ غەربىي يان تەرىپىگە مەدرىسە ياساتقان، مەۋلانباي ھاجىم ئۆزبېكىستانلىق كاتتا باي، ساخاۋەتلىك كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈرۈمچى، گۇچۇڭ، تۇرپانلاردا نۇرغۇن مىراسلىرى بار ئىدى. مەۋلانباي ھاجىم مىڭ دانە قوينى سېتىپ قۇرۇلۇشقا كېرەكلىك ئەسلىھەلەرنى ھازىرلاپ بەرگەن، مەدرىسە ھەم قورۇ-جاينى ياسىتىشقا ئۈچ يىلغا يېقىن ۋاقىت كەتكەن. مەدرىسە پۈتكەندىن كېيىن ھەمدۇللا داموللام بۇ مەدرىسىدە ئۇزۇن يىل مۇدەررىسلىك قىلىپ، تۇرپان، پىچان، توقسۇنلاردىن ئىلىم ئۆگەنگىلى كەلگەن كۆپلىگەن تالىپى ئىلىملەرنى تەربىيىلەپ چىققان. ئۇ ئوقۇتۇش ئۇسۇلى جەھەتتە قەشقەردىكى ئابدۇقادىر داموللامغا ئوخشاش خەلقنى نادانلىق، جاھالەتتىن قۇتۇلدۇرۇش، مەدرىسىلەردىكى ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان قاتمال ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلىش، تالىپلار 15 يىللاپ ئوقۇسىمۇ بىلىم ئېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن ئەرەب، پارس تىلى تەرجىمانى بولۇشىنىمۇ ھۆددىسىدىن چىقالماي، يېرىم يولدا توختاپ قالىدىغان ئەھۋاللارنى ئۆزگەرتىشنى، «ئۇسۇلى جەدىت ۋاجىپ، ئۇنى ئوقۇش زۆرۈر» دېگەن قاراشنى تەشەببۇس قىلىپ، ئۆزىنىڭ تەرەققىيپەرۋەر روھىنى نامايان قىلغان. يۇرتىنىڭ زەردارلىرى بىر قىسىم يەر، باغ، مال - ۋارانلىرىنى بۇ مەدرىسىگە ۋەخپە قىلىپ، تالىپلارنىڭ خاتىرجەم ئوقۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغان. بۇ مەدرىسىدە نۇرغۇن ئەھلى ئىلىملەر يېتىشىپ چىقىپ، ئىدىقۇت ۋادىسىنى ئىلىم نۇرى بىلەن يورۇتۇشتا مۇھىم رول ئوينىغان. ئۇ 1910 - يىلى توققۇز ياشقا كىرگەن ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى ئوقۇشقا قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭدىن ئىمتىھان ئېلىپ كۆرۈپ، ئۇنىڭ زېرەكلىكىگە ۋە زېھنى ئوچۇقلۇقىغا قايىل بولغان. ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئىلىم ئۆگىنىشكە بولغان ئوتتەك قىزغىنلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇنىڭغا تىل، ئەدەبىيات، ئىلمىي تەجۋىد، ئەبجەد ھېساب قاتارلىق

دەرسلەرنى ئۆتۈشتىن سىرت، ئەرەب، پارس تىللىرىدىنمۇ
مەخسۇس دەرس ئۆتكەن. ھەمدۇللا داموللام ئۇنى تۆت يىل
تەربىيىلەپ، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ مەسۇم قەلبىگە ئىلىم ـ
ھېكمەتنىڭ، غۇرۇر، ئېتىقادنىڭ ئۇرۇقىنى تەرگەن.

ھەمدۇللا داموللام خەلق ئارىسىدا زور شۆھرەتكە ئىگە،
كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭ، ۋەتەنپەرۋەر، خەلقسۆيەر زات، ئاۋامنىڭ
مەنپەئەتى ئۈچۈن جان كۆيدۈرىدىغان جامائەت ئەربابى، يۇرت
كاتتىسى، ئەل ئاتىسى بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتىكى يەرلىك
ھۆكۈمەت ھەمدۇللا داموللامنىڭ خەلق ئىچىدىكى ئابرۇيىنى
كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنى قازىلىق قىلىپ، خەلق ئىچىدىكى دەۋا ـ
دەستۇر ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشقا تەكلىپ قىلغان. ھەمدۇللا
داموللام قازىخانىدا ھەر كۈنى ئۈزۈلمەي بولۇپ تۇرىدىغان دەۋلە
دەستەك، تالاش ـ تارتىش، ماجرالارنى بىر تەرەپ قىلغان،
ئەرزۇ ـ ھال، داد ـ پەرياد ئېيتىپ كەلگۈچىلەرنىڭ دەردىنى
ئاڭلىغان. مۇرەككەپ، چىگىش دەۋا ئىشلىرىنى مەيلى باي،
مەيلى گاداي بولۇشىدىن قەتئىينەزەر شەرىئەت ئەھكامىدىكى
قانۇن ـ ماددىلار بويىچە ئەدلى ـ ئادالەت بىلەن بىر تەرەپ قىلىپ،
ئادىل ھۆكۈم چىقارغان، ۋاقىت چىقىرىپ، جامائەتچىلىك
ئىشلىرىغىمۇ كۆڭۈل بۆلگەن. بۇنىڭ بىلەن ھەمدۇللا داموللام
خەلقنىڭ يەنىمۇ يۇقىرى ھۆرمىتىگە ئېرىشىش بىلەن بىرگە
يەرلىك ھۆكۈمەتمۇ بەزى ئىشلاردا يول قويۇشقا مەجبۇر
بولىدىغان، ھېيىقىدىغان ئۆلىماغا ئايلانغان.

ھەمدۇللا داموللام دېھقان ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان زات
بولغانلىقى ئۈچۈن بىر قولدا ئىلىم ـ مەرىپەت مەشئىلىنى تۇتقان
بولسا، يەنە بىر قولدا كەتمەن، گۈرجەكنى تۇتۇپ،
دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. بىر
قىسىم ئىقتىسادىنى نامرات تالىپلارنىڭ ئوقۇشى ئۈچۈن ياردەم
قىلغان. ئۇ ئىلمى ئېھسان قىلىش ۋە قازىلىق مۆھۈر ھەققىدىن

www.uyghurkitap.com

كىرگەن تاپاۋىتىنى كارىز چېپىش، بوز يەر ئېچىش قاتارلىق دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك ئىشلىرىغا سەرپ قىلغان. ئۇ چاتقال، ئايدىڭكۆل يېزىلىرىدىكى پاقا بۇلاق، لامپا گۈكشاڭ، چىگەبۇلاق قاتارلىق جايلاردا ۋەيران بولغان كارىزلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، يېڭىدىن كارىزلارنى چېپىپ، نۇرغۇن بوز يەر ئېچىپ، تۇرپاننىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى دېھقانچىلىق ئىگىلىكىنىڭ يۈكسىلىشى ئۈچۈن كۆرۈنەرلىك ھەسسە قوشقان. ئەينى ۋاقىتتىكى ھەر خىل سىياسىي، ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەر تۈپەيلىدىن ۋەيران بولۇش گىردابىغا بېرىپ قالغان خەلق ئىگىلىكىنى قايتىدىن گۈللەندۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىغان. ئۇ بۇ كارىز ۋە يەرلەرنى ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ۋە نامرات، يېتىملارنىڭ پايدىلىنىشىغا بېرىپ، تۇرپان خەلقىنىڭ يۈكسەك ئىززەت، ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان. نامرات دېھقانلارغا ئۆز قېرىنداشلىرىدەك كۆيۈنۈپ، ئىگە چاقىسىز كىشىلەرنى ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ ئۆي - ئوچاقلىق قىلىپ قويغان، كارىزغا ئىشلەۋاتقان دېھقانلارغا ئۆزى نان، گۆش قاتارلىقلارنى يەتكۈزۈپ بەرگەن. بۇ جايلاردىكى ھەمدۇللا داموللام ئاچقان كارىزلار شۇڭىدىن بۇيان «ئاخۇن كارىزى»، «داموللا كارىزى» دەپ ئاتالغان بولۇپ، بىر ئەسىرگە يېقىن مۇساپىنى بېسىپ ئۆتۈپ، ھەمدۇللا داموللىنىڭ پاك روھى بىلەن سۇغىرىلغان ئابىھايات سۈيى بىلەن ئىدىقۇت ۋادىسىنى گۈللەندۈرۈپ كەلگەن بۇ كارىزلار ھازىرمۇ شۇ ناملار بىلەن ئاتىلىپ كەلمەكتە، بۇ كارىزلارنىڭ بىر قىسمى ھازىرمۇ توختاۋسىز شىرىلداپ ئېقىپ، زېمىننى ياشارتماقتا.

ھەمدۇللا داموللامنىڭ قورۇسى تۇرپان يېڭىشەھەرنىڭ ئالدى كوچىسىغا قاراشلىق مەدرىسىنىڭ كەينىدىكى تىللاھاجىم كوچىسىغا جايلاشقان بولۇپ، چوڭ دالانلىق ئۆيلەردىن تەركىب تاپقان. ھەمدۇللا ھاجىم بۇ يەردە ھۆرنەخان، ھاشىخان، زەينەپخان، دوسۇخان قاتارلىق ئاياللىرى، مۇھەممەت قارىي

ئىسمىلىك ئوغلى ۋە بىر قانچە قىزلىرى بىلەن بىرگە تۇرغان. بۇ ھويلىنىڭ چوڭ دەرۋازىسى جەنۇبقا قارىغان بولۇپ، غەرب تەرەپتە ئابدۇخالىق سەيپۇڭ (مۇدەررىس) ، غوجابدۇللا ھاجىم، ئاقسارايدىكى غوپۇر قارىم، مۇھەممەت ساندۇقچى قاتارلىق كىشىلەرنىڭ، شەرق تەرەپتە ھاشىم خەلپەت، نى شەنجاڭ، ئۇدۇلىدا بولسا تىللا ھاجىم، ئىمىن ھاجى داموللام قاتارلىقلارنىڭ قورۇلىرى جايلاشقان، ھەمدۇللا داموللام ئىمىن ھاجى دامولللامنىڭ ئىنىسى كىرەم ئاخۇن بىلەن ناھايىتى يېقىن ئۆتكەن. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۇدەك تۇرپانغا تونۇلغان ئالىم، ئۆلىمالار، تىجارەتچى ۋە ئۇستا كاسىپلار بولۇپ، مۇشۇنداق شارائىتتا ھەمدۇللا ھاجىمنىڭ پەرزەنتلىرى بۇ مەدەنىي كوچىدا ئۆزلىرىنىڭ مەنىلىك ساۋاقلار بىلەن تولغان بالىلىق چاغلىرىنى ئۆتكۈزگەن. ھەمدۇللا ھاجىم، بولۇپمۇ ئوغلى مۇھەممەت قارىينى تەربىيىلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. مۇھەممەت قارىي 1905 ـ يىلى تۇغۇلغان بولۇپ، ھەمدۇللا داموللام ئويماندەنىنىڭ يېنىغا سالدۇرغان «دامولللامنىڭ مەدرىسىسى» نى باشقۇرغان، ئۇرۇمچىدىكى تونۇلغان كاتتا تاتار ئۆلىما ئابلەق ھەزرىتىمدە ئىلىم تەھسىل قىلغان، پەننىي ۋە دىنىي ئىلىملەردە تېز ئىلگىرىلەپ داموللا بولغان، 1994 ـ يىلى قازا قىلغان.

ھەمدۇللا دامولللام ئوغلى مۇھەممەت قارىيغا نۇرغۇن پايدىلىق ئۇگۈتلەرنى، قولىيازما ماتېرىياللارنى ۋە ئاق سۇبوغا ۋەسىيەت يېزىپ قالدۇرۇپ كەتكەن، ئەپسۇس بۇ ماتېرىياللار «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دا ئىسيانچىلار تەرىپىدىن كۆيدۈرۈۋېتىلگەن.

مەرھۇم ھەمدۇللا دامولللامنىڭ تەربىيىسىدە ئىلىم تەھسىل قىلغان، ئۇنىڭ پەندى ـ نەسىھەت، ئۇگۈتلىرىدىن بەھرە ئالغان كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى مىللىتىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىۋى

مەدەنىيىتىگە، گۈزەل ئەخلاق ـ پەزىلىتىگە ۋارىسلىق قىلىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قوللىشىغا، ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇپ كەلدى.

ئەڭ مۇھىمى ھەمدۇللا داموللام ئەينى يىللاردا تۇرپاندا يۈكسەك ئابرۇيغا ئىگە ئالىم بولۇش سۈپىتى بىلەن، خەلقنى نادانلىق، خۇراپاتلىقتىن قۇتقۇزۇش زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ يېتىپ، خەتەرگە قارىماي، ئۆز خىراجىتى بىلەن يېڭى مائارىپنى يولغا قويۇشقا ئاتلانغان. مەخسۇت مۇھىتى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قاتارلىقلارنى زور كۈچ بىلەن قوللىغان، ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم بەرگەن. مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ يېڭىچە مەكتەپلەرگە زىيانكەشلىك قىلىشىدىن قوغدىغان. بۇ ھەقتە خېۋىر تۆمۈر ئەپەندى «بالدۇر ئويغانغان ئادەم» ناملىق كىتابىدا مۇنداق يازىدۇ: «شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر يېڭىشەھەردە مەكتەپ ئېچىش قارارىغا كېلىپ، لېتىپ ئەپەندى بىلەن بىرگە شۇ چاغدىكى تۇرپاندىكى نوپۇزلۇق ئالىم، دىنىي ئۆلىما ھەمدۇللا داموللامدىن مەسلىھەت ئېلىش ئۈچۈن بۇ زاتنىڭ يېنىغا كىردى. ھەمدۇللا ئەلەم ئاخۇنۇم ئۆلىما ئىدى. ئىلىمدە چوڭقۇر، بىلىم دائىرىسى كەڭ، تالىپلارغا قاتتىق تەلەپچان بولۇپ، ئوقۇشتا ياد ئېلىش ئەمەس، بەلكى چۈشىنىپ ئوقۇشنى، شۇنىڭدەك بىرەر قابىلىيەت، ھۈنەر ئىگىسى بولۇشنى قۇۋۋەتلەيتتى. ھۈنەر بىلمەستىن خاس دىنىي ئوقۇش بىلەن قالساقلار تەمەخور بولۇپ قالىسىلەر، دەپ تالىپلارغا تەربىيە بېرەتتى. ئۆزى دۇئاگۇيلۇق قىلمايتتى، سەدىقە ـ ئېھسانغا قىزىقمايتتى. مۇدەررىسلىك كىرىمىدىن تاشقىرى، دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، قوشۇمچە كىرىم قىلاتتى. بۇ خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن تۇرپان تەۋەسىدە مۇتلەق ھۆرمەتكە ئىگە ئىدى. بۇ ئالىم يەنە پەننىي ئوقۇش جەھەتتىمۇ مۇئەييەن ئىجابىي كۆز قاراشقا ئىگە ئىدى. شۇڭا، مېھمانلارنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ ئۇلارنىڭ

كۆڭلىگە خوپ كېلىدىغان پىكىرلەر بىلەن خۇش قىلماقتا ئىدى.
— قەشقەر تەرەپتە «چۈجىنىڭ شۇملۇقىدىن توخۇنىڭ ئەمچىكى يوق» دەيدىغان تەمسىلنى كۆپ قوللىنىدۇ، — دېدى ئاخۇنۇم مەنىلىك سۆز باشلاپ، — بىزدە تولا ئىشلار ئۆزىمىزنىڭ شۇملۇقىدىن بولىدۇ. ئەگەر شۇنداق بولمايدىغان بولسا، مەرىپەت ئىشلىرىمىز خېلى راۋاج تاپقان بولار ئىدى. بىزدە مەرىپەت ئىشلىرى بۇنىڭدىن خېلى يىللار بۇرۇن باشلانغان. مەخسۇتباينىڭ مىنگونىڭ 2 ـ يىلى ئاستانىدە ئاچقان مەخسۇدىيە مەكتىپى، كېيىنكى يىللاردا چۆچەك، گۇچۇڭ، ئۈرۈمچى، تۇرپانلاردا، غۇلجا، قەشقەر، كۇچا، ئاتۇش قاتارلىق جايلاردا ئېچىلغان يېڭى مەكتەپلەر گۈلدەك ياشناپ كەتكەنىدى. ئەپسۇسكى، ئۆز ئىچىمىزدىن چىققان قاغا ـ قۇزغۇنلار بۇ گۈللەرنى نابۇت قىلدى. 20 ـ يىللاردا قەشقەردە ئابدۇقادىر داموللام باشلىغان مەرىپەتپەرۋەرلىك، تەرەققىيپەرۋەرلىك ئىشلىرىمۇ كىچىك ئىشلاردىن ئەمەس ئىدى. مەرھۇم داموللام مەدرىسىلەردە كونىدىن ئادەتلىنىپ كېلىۋاتقان ئوقۇتۇش ئۇسۇللىرىغا ئىسلاھات يۈرگۈزۈپ، ئىلگىرى 10 — 15 يىلدا تەھلىل قىلىنىۋاتقان ئىلىمنى تۆت ـ بەش يىلدا ھاسىل قىلىش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىشتەك ئىجابىي تەشەببۇسلارنى قىلغان، چەت ئەل دىن ئوغرىلىرىغا قارشى كۈرەش قىلغان. ئىسلام دىنىنىڭ سەدىقە ـ ئېھسان، ئۆشرە ـ زاكات ئالىدىغان تىجارەتكە ئايلىنىپ قېلىشتەك ئادەتلىرىنى سۆكۈپ، توغرا يوللارنى تەرغىب قىلغان بولسىمۇ، ئەپسۇسكى ئىچكى دۈشمەنلەر مەرھۇمنى شېھىت قىلدى. ئالىمنىڭ ئۆلگىنى ئالەمنىڭ ئۆلگىنى، بۇ بىزدە چوڭ پاجىئە، چوڭ يوقىتىش بولدى. بۇ جەھەتلىرى چۈشىنىشلىك بولسا كېرەك!

— چۈشىنىشلىك، چۈشىنىشلىك، — دېدى مېھمانلار قايغۇلۇق بىر تۇستە باشلىرىنى ئىرغاڭلىتىپ.

— بىزنىڭ تارىخىمىز ئەنە شۇنداق پاجىئەلەردىن مۇجەسسەم بولغان. يۇرتقا، مىللەتكە بىرەر پايدىلىق ئىش قىلماقچى بولسا، ئۇنى ھىمايە قىلغۇچىلار ئاز، ھەسەت قىلغۇچىلار كۆپ. بۇ پاجىئەلىك ئاقىۋەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى ئەنە شۇ ھەسەتچىلەرنىڭ كۆپلۈكىدە. ئۇلار كۈچىنىڭ بارىچە پىتنە قوزغاپ، ئاخىر ھۆكۈمەتكە ئەرز ـ شىكايەت كۆتۈرۈپ بارىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەرز ـ شىكايەتلىرى بىزنى مۇجادىلە ئىختىلاپ غوۋغاسىغا سېلىپ، ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى قوللانغان ھۆكۈمەتنىڭ مۇددىئاسىغا ئۇيغۇن بولغانلىقتىن، ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يۇرتقا، خەلققە مەنپەئەتلىك ياخشى ئىشلىرىمىز بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرايدۇ، گۈللىرىمىز توزۇيدۇ. بۇنىڭ نۇرغۇن ـ نۇرغۇن دەلىل ـ ئىسپاتلىرىنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرۈپ كېلىۋاتىمىز. تارىخىمىزدا كۆرۈلگەن ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتلەرگە باغرىمىز ئېزىلىدۇ، ئىچىمىز سىيرىلىدۇ. مەنمۇ بۇنداق پاجىئەلىك ئىشلارنى كۆرۈپ كەلگۈچى، ئېچىنىپ كەلگۈچى شاھىتلارنىڭ بىرى. ئومۇمىي ئېتىبار بىلەن قارىغاندا، بىزنىڭ جەمئىيىتىمىز قېلىن جاڭگاللىق. بۇ جاڭگال ئىچىدىن يول تېپىش ئاقىللىق. تەۋەككۈل قىلىپ، يول تاپالماسلىق ئەقىلسىزلىق بولار؟ بۇنىڭغا سىزلەر قانداق قارايسىزلەركى؟!

— ناھايىتى توغرا ھۆكۈم بولدى. بەرگەن چۈشەنچىلەرگە رەھمەت! — دېدى مېھمانلار تەڭلا ئورنىدىن قوزغىلىپ.

— قوزغالمىڭىزلار، ئولتۇرۇڭىزلار، — دېدى ئاخۇنۇم مەمنۇن بولغان ھالدا، — سىزلەرنىڭ ھازىر تۇرتۇمچىلەپ ئىش كۆرىمىز دېگىنىڭىزلارنى ئىلمىيراق قىلىپ ئېيتساق، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىش قىلىمىز دېگەنلىك بولىدۇ، ئەسلىي مەقسەت شۇنداققۇ؟

— شۇنداق، شۇنداق.

— تەشەببۇسكارلىق دېگىنىمىز، ئىچىدىن قايناش دېگەن

مەندە. تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىش قىلىش دېگىنىمىز، ئالدىنقىلارنىڭ ئىشىغا ۋارىسلىق قىلىش دېگەندىن ئىبارەت. ئەۋلاد دېگەن ئالدىنقىلارنىڭ ئىشىنى داۋاملاشتۇرىدۇ، راۋاج تاپتۇرىدۇ. شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن ئەۋلاد ھېسابلىنىدۇ. تارىخنى بۇزۇپ ئالدىنقىلارنىڭ يولىنى روناق تاپتۇرمىغان ئەۋلادنى قانداقمۇ ئەۋلاد دېگىلى بولسۇن! ؟ سىزلەر تارىخنى ئالغا سۈرمەكچى، راۋاج تاپتۇرماقچى بولۇۋاتىسىزلەر، سىزلەرگە شۇنداق باھا بەرسەم مۇبالىغە بولماس!

مېھمانلار بۇ يۇقىرى باھانى ئاڭلاپ، ئوڭايسىزلانغاندەك بولۇپ بىر - بىرىگە قارىشىپ جىم ئولتۇرۇشتى. ئاخۇنۇم سۆزىنى داۋاملاشتۇراتتى:

— تارىخنى بىلىش — تەجرىبە - ساۋاق ئېلىش بىلەن باراۋەر. يېقىنقى مەرىپەت تارىخىمىزدىن ئېيتقاندا، شارائىت بىلەن ھېسابلىشىش تولىمۇ مۇھىم ئىش. بىزدە خۇراپاتلىقلار كەڭ يىلتىز تارتقان، ھۆكۈمەت سىياسىتى خەلقنى نادان قالدۇرۇپ جاھالەتتە تۇتۇش ئۈچۈن خۇراپاتلىقلارغا كەڭ يول بېرىدۇ ۋە ئۇنى ھىمايە قىلىدۇ. بۇ ئىككىسى بىزنىڭ ئىشلىرىمىزغا توسقۇنلۇق كەلتۈرگۈچى شارائىت. بىز بۇ تەرەپلىرىگە ئېتىبار بېرىشىمىز كېرەك. شارائىتقا بويسۇنغان ئاساستا، قەدەممۇ قەدەم شارائىتنى ئۆزگەرتىش، پايدىسىز شارائىتنى پايدىلىق شارائىتقا ئايلاندۇرۇش كېرەك. سىزلەرنىڭ ئاچماقچى بولغان مەكتىپىڭىزلەردە پەننىي ئوقۇش بىلەن دىنىي ئوقۇش ئوخشاش ئېلىپ بېرىلىشى، قىسقىسى، ئىسىغۇا تۇغدۇرغۇچىلار تەكشۈرۈپ كەلگەندە، دىنىي مەكتەپ ياكى پەننىي مەكتەپ ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتەلمەيدىغان دەرىجىدە بولۇشى، ئۆرپ - ئادەتكىمۇ، ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىتىگىمۇ تەگمەيدىغان بولۇشى لازىم. مانا بۇنىڭ ئۆزى چاتقاللىق ئىچىدىن يول تېپىپ، ئاقىللىق بىلەن ئىش قىلىش بولىدۇ! ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھېسابىدىن زۇپەرلەر ھەمدۇللا دامولللامنىڭ يۇقىرىقىدەك يول كۆرسىتىشى بىلەن يېڭىشەھەر ئويماندەندە يېڭىچە مەكتەپ ئېچىپ، نۇرغۇن بالىلارنى تەربىيىلىگەن.

ھەمدۇللا دامولللام يۈز - كۆزلىرى يۇمىلاق، شالاڭ ساقىلىنى ھىلال ئاي شەكلىدە ياسىتىۋالىدىغان، توغرىلىق كەلگەن، بەستلىك، سۆلەتلىك كىشى بولۇپ، يازلىقى قىزىل دوخاۋا دوپپا، ئاق خەسىدە كىيىم كىيىپ يۈرەتتى، بىر كۆرگەن كىشىدە ئىختىيارسىز ھۆرمەت ۋە ئەيمىنىش تۇيغۇسى پەيدا قىلاتتى.

ھەمدۇللا دامولللام ئەڭ ئاخىرىدا چىرىك جاڭ شۈرىن ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش، خەلقنى نامراتلىق، خورلۇق، زۇلۇمدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئىنقىلاب قىلىش زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ يېتىپ، مىللەتنىڭ تەقدىرى يولىدا ئۆز ھاياتى بىلەن قىلچە ھېسابلاشماي، مەردانىلىق بىلەن قولىغا قورال ئالدى ۋە خەلق ئىچىدىكى زور ھۆرمىتى، تەدبىرلىكلىكى، مەرگەنلىكى بىلەن تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى بولۇپ قالغانىدى. ①

مەخسۇت مۇھىتى، ھەمدۇللا دامولللام، ھېسابىدىن زۇپەر قاتارلىق قوزغىلاڭ رەھبەرلىرى كۆپ ئويلىنىش ئارقىلىق ئۇرۇشنىڭ «توققۇزى رەڭ، بىرى جەڭ» بولۇشتەك ئەھۋالىغا ئاساسەن ئەقىل ئىشلىتىپ دۈشمەنلەرگە قارىتا «ئوت قالاپ كۆتۈۋېلىش» ھىيلىسىنى ئىشلىتىشنى مۇزاكىرە قىلدى. ئۇلار دۈشمەنلەرگە قارىتا ئىككى خىل تەييارلىق قىلىپ، «ئوت قالاپ كۆتۈۋېلىش»تىن ئامان قالغان دۈشمەنلەر قىبلە قوۋۇقتا باستۇرۇپ كەلسە، ئۇلارنى يوقىتىش ئۈچۈن قوۋۇقنىڭ بويىدىكى ئىككى قەۋەتلىك دەڭلەرنىڭ ئۈستىگە مەرگەنلەرنى

① ھەمدۇللا دامولللام ھەققىدىكى ماتېرىيالنى ئۇنىڭ نەۋرىسى، تۇرپان شەھىرىنىڭ يار يېزىسىدىن پېنسىيىگە چىققان ئوقۇتقۇچى مەخمۇت مۇھەممەت تەمىنلىگەن.

ئورۇنلاشتۇردى. بۇ چاغدا قوزغىلاڭچىلارنىڭ قولىدا ئاستانىگە باستۇرۇپ كەلگەن بىر لىەن ئەسكەرنىڭ قولىدىن تارتىۋالغان 100 گە يېقىن قورال، ھېسامىدىن زۇپەر ھۆكۈمەت خىزمىتىگە ياردەملىشىۋاتقان، شەھەر تىنچ ۋاقىتتا «شەھەر قوغداش خىزمىتىگە ياردەملىشىمىز» دەپ ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتىن ئېلىپ چىقىۋالغان 70 تال قورال ۋە ئوۋچىلار، مەرگەنلەرنىڭ قوراللىرى بولۇپ، خېلى كۆپ قورال بار ئىدى.

ئەينى يىللاردا تۇرپانغا ئۇرۇمچىدىن كېلىدىغان، يارغولدىن ئۆتىدىغان غەربىي يول بويىدا «چاچاڭبى» دەيدىغان مۇراسىم سۇپىسى بار بولۇپ، بۇ يەر تۇرپاندىكى ئەمەلدارلار ئۇرۇمچىدىن كەلگەن ھۆكۈمەت خادىملىرىنى كۈتۈۋالىدىغان جاي ئىدى. قوزغىلاڭچىلار بۇ جايغا مەھەللىدىن نۇرغۇن ئوتۇن توشۇپ كېلىپ، 50 نەچچە يەرگە گۈلخان يېقىشقا تەييارلىق كۆردى. جىڭ شۇرېننىڭ ئۇرۇمچىدە «زاپاس قوشۇن» قىلىپ ساقلاۋاتقان، ئاتالمىش «چاڭشىڭبىڭ» دەپ ئاتالغان (دائىم غالىب كەلگۈچى باتاليون) 500 كىشىلىك جازا قوشۇنى تۆتىنچى كۈنى كەچقۇرۇندا تۇرپان چېگرىسى ئىچىدىكى كىندىك دېگەن يەرگە كېلىپ ئورۇنلىشىپ، تۇرپان خەلقى ئۇيقۇغا غەرق بولغاندا يۇرت ئىچىگە كىرىپ، ئۇلۇغ ـ ئۇششاقنىڭ ھەممىسىنى قەتلە قىلىشنى پىلانلىدى. شۇڭا، بۇ ئۆتەڭدە ئانچە ئۇزۇن تۇرمايلا، ئۆزلىرىنى ۋە ئات ـ ئۇلاغلىرىنى چالا ـ بۇلا ئوزۇقلاندۇرۇپ، تۈن قاراڭغۇسىدا يۇرت ئىچىگە قاراپ ئىككى يۆنىلىش بويىچە يولغا چىقتى. ئۇلارنىڭ ھەر بىر بۆلىكى تەخمىنەن 250 ئادەمدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بىر بۆلىكى غەربىي يول بىلەن، يەنە بىر بۆلىكى شەرقىي جەنۇبىي يول بىلەن شەھەرگە كىرمەكچى بولدى. سۇبھى بىلەن تەڭ دۈشمەن رازۋېدچىكلىرىدىن ئالتە ـ يەتتىسى ئالدىنئالا «چاچاڭبى»غا راۋېدكا قىلىشقا كەلدى. بۇ 1932 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى بولۇپ، بۇ چاغدا پىدائىيلار

چاجاڭ، يارغول مەھەللىلىرىدە ئۈرۈمچىدىن كېلىۋاتقان دۈشمەننى توسۇشقا تەييارلىنىپ بولغانىدى. دۈشمەن رازۋېدچىكلىرىنى ئىلگىرى چاتقال يېزىسىدا «جىسا» بولۇپ، ھۆكۈمەت خىزمىتىنى ئىشلىگەن، ئەلھال ھازىرقى ۋاقىتتا قوزغىلاڭنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى بولۇپ قالغان تۆمۈر جىساھاجى ئەمەلدار قىياپىتىدە گىرىم قىلىپ قىزغىن كۈتۈۋالدى.

ئادالەتپەرۋەر، قەيسەر ئىنقىلابچى تۆمۈر جىساھاجى 1870-يىللاردا تۇرپان شەھىرىنىڭ چاتقال يېزىسى كۆنچى كارىز كەنتىدە دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان بولۇپ، بالىلىق مەزگىلىدە دىنىي مەكتەپتە ئوقۇپ ئاز - تولا ساۋاتىنى چىقارغان. كىچىكىدىن باشلاپ دېھقانچىلىق ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ياشلىق مەزگىللىرىدىن باشلاپ داڭلىق چېلىشچى، ئۇستا ئوغلاقچى، جانباز بولۇپ يېتىشكەن. يۇرتمۇ يۇرت يۈرۈپ، چېلىش، ئوغلاق تارتىش پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىپ، تونۇلغان پالۋانلارنى يېڭىپ كەلگەچكە يۇرت ئىچىدە داڭقى چىقىشقا باشلىغان، ياۋاشنى بوزەك قىلمايدىغان، ياماندىن قورقمايدىغان خاراكتېرى بىلەن كەمبەغەللەرگە زۇلۇم سالغان باي، زومىگەرلەرنىڭ ئەدىپىنى بەرگەچكە، خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن. كېيىن شۇ ۋاقىتتىكى ھۆكۈمەت ئۇنىڭ يۇرت ئىچىدىكى ئابرۇيىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنى «جىسا» (ئەسلىي «جىنچا» يەنى «رازۋېدكا قىلغۇچى» دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ھۆكۈمەتكە ۋاكالىتەن ئوغرى، قىمارۋاز، جېدەلخورلارنى، يۇرت ئىچىدىكى ماجىرالارنى بىر تەرەپ قىلاتتى) قىلىپ قويغان. تۆمۈر جىسا ئەرز - داۋا ئىشلىرىدا ھەققانىي مەيداندا، يوقسۇللار تەرەپتە تۇرغاچقا، ئەينى دەۋردىكى ھۆكۈمەت ئۇنى ھەج سەپىرىگە ئەۋەتىۋېتىپ، ئۇنىڭدىن قۇتۇلماقچى بولغان ۋە ئۇنى جىسالىقتىن قالدۇرۇۋەتكەن. تۆمۈر جىساھاجى ھەج سەپىرىدىن قايتىپ

كەلگەندىن كېيىن 1925 ـ يىللار ئەتراپىدا تۇرپان يېڭىشەھەردىكى ئاقسارايىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇشلۇق كىچىك ئاتىسىنىڭ يېنىغا كۆچۈپ چىقىپ، ئۇششاق تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان. بۇ يەردە ھەمدۇللا داموللام، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، ھېسامىددىن زۇپەر قاتارلىقلار بىلەن تونۇشۇپ، ئىدىيە جەھەتتە زور دەرىجىدە ئىلگىرىلىگەن. ئۆزىنىڭ باتۇر، قورقۇمسىز، ئادالەتپەرۋەر، ناھەقچىلىقنى كۆرسە چىداپ تۇرالمايدىغان، گاڭگۇڭ مىجەز ـ خاراكتېرى، گەۋدىلىك بوي ـ بەستى، ئامبال، قازىلارنىڭ كۆپلىگەن ناھەق دېلولىرىغا، خەلق ئىچىدىكى ناھەقچىلىقلارغا ئارىلىشىپ، ھەققانىيەتنى ياقلىغانلىقىدەك ئىش- ھەرىكەتلىرى بىلەن يېڭىشەھەر بازىرىدا خېلى زور تەسىرگە ئىگە بولغان. تۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىغاندىن كېيىن ھەمدۇللا داموللام، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرلارغا ئەگىشىپ، قوزغىلاڭغا ئاكتىپ ئاۋاز قوشقانىدى.①

دۈشمەن رازۋېدكىچىلىرى تۇرپان يامۇلىدىكىلەرنىڭ قەھرىتان سوغۇقتا ئۆزلىرىنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن «چاچاڭبى» نىڭ ئەتراپىغا ئوتۇنلارنى دۆۋىلەپ، ئەسكەرلەرنىڭ ئىسسىنىۋېلىشى ئۈچۈن كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئىنتايىن خۇشال بولۇپ كەتتى ۋە كەينىگە يېنىپ ئاساسىي قوشۇنغا خەۋەر قىلدى. ئەتراپ يېڭىدىن يورۇشقا باشلىغاندا چېرىكلەر سوغۇقتا غال ـ غال تىترىشىپ يېتىپ كېلىپ، ھەر تەرەپكە شولا چېچىپ تۇرغان گۈلخانغا ئۆزلىرىنى ئاتتى ۋە ھارغىنلىق، ئاچلىق دەستىدىن مىلتىقلىرىنى مۈرىلىرىدىن ئېلىشقىمۇ ئېرىنىپ، مۈگدەشكە باشلىدى. دەل مۇشۇ پۇرسەتنى كۈتۈپ ئەتراپتا يوشۇرۇنۇپ تۇرغان قوزغىلاڭچىلار «ياپىر!» دېگەن بىرلا بۇيرۇق بىلەن دۈشمەنگە تاشلىنىپ، ئۇلار ئۆزلىرىنى ئوڭشىۋالغۇچىلا

---

① تۆمۈر جىساھاجىنىڭ تەرجىمىھالىنى ئەدىب ھىممەت نىياز تەمىنلىگەن.

ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، دۈشمەننىڭ ئاساسىي قىسمىنى تەسلىم قىلدى. ئۇر - ئۇرغا قالغان دۈشمەنلەرنىڭ بىر قىسمى قېچىپ قىبلە قوۋۇقنىڭ يېنىغا كەلگەندە بۇ يەردىكى سىندىر شاگيونىڭ دەنى ۋە نۇر شاگيونىڭ دەنىنىڭ ئىگىز قالقانلىرىنىڭ كەينىدە يوشۇرۇنۇپ تۇرغان مەرگەنلەر دۈشمەنلەرنى بىرلەپ، بىرلەپ ئېتىپ يەر چىشلەتتى. قېنى قىزىپ كەتكەن بىر قىسىم مەرگەنلەر دالانلارنىڭ ئۈستىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، دۈشمەنلەر بىلەن گىرەلەشمە جەڭ قىلىپ، ئۇلارنى پاكپاكىز يوقاتتى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر باشچىلىقىدىكى يەنە بىر ئەترەت تولۇق قورالىنىپ، شەرقىي جەنۇبى يولدىن كېلىۋاتقان دۈشمەنلەرنى توسۇپ زەربە بېرىپ، غەلىبە قازاندى.

بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا نۇرغۇن ئوق - دورا غەنىيمەت ئېلىنىپ، قوزغىلاڭنىڭ دەسلەپكى غەلىبىسى قولغا كەلتۈرۈلدى. ئەلۋەتتە، بىر كۆلكىنىڭ بىر يىغىسى بار دېگەندەك، بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا تۇرپان قوزغىلىڭىنىڭ مۇھىم رەھبەرلىرىدىن بىرى، مەخسۇت مۇھىتى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قاتارلىقلارنىڭ جانجىگەر دوستى ھېسامىدىن زۇپەرگە ئوق تېگىپ 43 يېشىدا شېھىت بولدى. بۇ ئىنقىلاب ئۈچۈن زور يوقىتىش ئىدى. شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بۇ قېتىمقى غەلىبىدىن ئىلھاملىنىپ ۋە دوستى ھېسامىدىن زۇپەرنىڭ ۋاپاتىغا قايغۇرۇپ «مۇزلىدى» ناملىق شېئىرىنى يازدى:

سوغ - زىمىستان قەھرىتاندا يولدا داۋان مۇزلىدى،
يوتلا چېرىك يولغا چىقتى، چىقتى بوران مۇزلىدى،
قار - شىۋىرغان ئۇردى - سوقتى، بولدى سەرسان
مۇزلىدى،
لىەنجاڭۇ، يىڭجاڭى جىڭگوك بولدى ۋەيران مۇزلىدى،
پاختىلىق تامبال ئىچىدە جايى پىنھان مۇزلىدى.

جىلاڭ شۈرىن غەزەپ بىلەن ھەربىيگە بۇيرۇق قىپتۇمىش،
«تۇرپانلىق زىۋازىلار»نى جادۇغا باس دەپتىمىش،
ئەللىك ھارۋا دادۇي ـ رىنما جادۇلارنى ئاپتۇمىش،
بۇ بۇيرۇقنىڭ ئىجراسىغا بەش يۈز چېرىك كەپتۇمىش،
ياۋغا قارشى سوغ كۆچەپ نەچچە چەندان مۇزلىدى.

موسۇل مۇھىت ئاڭلاپ بۇنى ئۈرۈمچىدىن ماڭدى شۇئان،
چىقتى چىغدەڭدىن چېرىك سەييوپىدا سوقتى بوران،
كەلدى تۇرپانغا خەۋەر چېرىك ئاشقۇنچە داۋان،
رۇسلىنىپ «قارشى ئېلىش»قا چىقتۇق ئالدىغا تامان،
تاڭ سەھەر يارغول ئارا بۇ ھەربىي پەرمان مۇزلىدى.

تاقابىل تۇرۇشقا بىزدە نەيزە ـ ئورغاق تەييار ئىدى،
جاللاتلارنىڭ ئالدىدا بىزگە ھەقىقەت يار ئىدى،
جان تىكىپ ئاتلاندى يۇرت، توسماق ئۇنى بىكار ئىدى،
«توققۇزى رەڭ، بىرى جەڭ» دېگەن قەدىم سۆز بار ئىدى،
ئالدىدۇق دۈشمەننى بىز ئۇر ـ ئۇردا چاشقان مۇزلىدى.

بامدات بىرلە رەپىق ھېسامىدىن بولدى شېھىت،
«ۋەكافا بىلاشەھىت» دەپ رەسۇلۇم ئاللاغا ئېيت،
ئەھلى تۇرپان ھازىدا ئايرىلدى ئوغلىدىن ئىسىت!
ھەقىقەت قۇربانىسەن ئاللا نېسىپ قىلسۇن بېھىش،
كۆڭگىمۇ بولدى مۇسىبەت، تۇتۇلدى ئاسمان مۇزلىدى.

ئاقارغان تاڭ سۈبھىگە چۈشتى قىزىل قان جىلۋىسى،
ئۇجۇقۇپ بولدى شۆكەم پالەچ چېرىكنىڭ ھەممىسى،
پاك ـ پاكىز چۈشتى قولغا ئوق ۋە مىلتىق جەمئىيسى،
قالدى جان قايغۇسىدا لويى، ئامبال، توگچىسى،

مىسلى كەچ كۈزدە چىۋىندەك ھالى پەرىشان مۈزلىدى.

بۇ قېتىمقى جەڭنىڭ ئەينەن كۆرۈنۈشى بولغان، جىڭ شۈرىن چېرىكلىرى شەرمەندىلەرچە مەغلۇبىيىتى قاتتىق مەسخىرە ئاستىغا ئېلىنغان بۇ شېئىر پىدائىيلارنىڭ چىن يۈرىكىدىكى ھېسسىياتىنى ئەكس ئەتتۈرگەچكە، ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ يادلىنىپ، بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر يېتىپ كەلدى. بۇ قېتىمقى «دۈشمەننى ئوت قالاپ كۈتۈۋېلىش» ئۇرۇشى جەڭ تەدبىرىنىڭ ئۆزگىچىلىكى، قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئىنتايىن زور جاسارەت بىلەن دۈشمەننى تەلتۆكۈس يوقاتقانلىقى، دەسلەپكى ئۇرۇش بولۇشىغا قارىماي ئېلىنغان ئولجىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن مەشھۇر بولۇپ قالدى.

كونىشەھەردىكى جىڭ شۈرىن ئەسكەرلىرى قوزغىلاڭچىلارنىڭ يېڭىشەھەرنى ئىشغال قىلىۋالغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن كونىشەھەر دەرۋازىسىدىن چىقىش ئۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى شەھەرنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى دەرۋازىلىرىنى ئىچىدىن خىش بىلەن قىرلاپ ئېتىۋەتتى. بۇ ئۇلارنىڭ ئۈرۈمچىدىن ياردەم كېلىشىنى ساقلاپ يېتىشى بولۇپ، بۇ ئىش قوزغىلاڭچىلارنىڭ كۈچ توپلىۋېلىشىغا ياخشى پۇرسەت يارىتىپ بەردى. يېزىلاردىكى دېھقانلار شەھەرگە توسالغۇسىز كىرىپ چىقىپ، ئىختىيارىي پىدائىي بولدى ۋە شەھەرنى ئوزۇق ـ تۈلۈك بىلەن تەمىنلەپ تۇردى. دەل شۇ چاغدا مەخسۇت مۇھىتىنىڭ ئاكىسى موسۇلباي ئۈرۈمچىدىن جىڭ شۈرىن ئەسكەرلىرىنىڭ قوزغىلاڭنى باستۇرۇش ئۈچۈن كېلىۋاتقانلىقىنى مەلۇم قىلدى، گۇچۇڭدىنمۇ نۇرغۇن ئەسكەرنىڭ تۇرپانغا قاراپ كېلىۋاتقانلىقى ھەققىدە خەۋەر كەلدى.

جىڭ شۈرىن ئەسكەرلىرى ئۈرۈمچى ۋە گۇچۇڭ تەرەپلەردىن تۇرپان خەلقىنى باستۇرۇش ئۈچۈن كېلىۋاتىدۇ، دېگەن شۇم

خەۋەر تۇرپان ۋەزىيىتىنى جىددىيلەشتۇرۇۋەتتى، چۈنكى بۇ قېتىم كېلىۋاتقان دۈشمەنلەر مۇنتىزىم قورالالانغان، جەڭگىۋارلىقى ئۈستۈن ئەسكەرلەر بولۇپ، ئۇلارنى ھەرگىزمۇ سەل چاغلىغىلى بولمايتتى.

خەلق بىر تەرەپتىن قوزغىلاڭ رەھبەرلىرىنىڭ دۈشمەنگە قارشى تۇرۇشتا قانداق چارە ـ تەدبىرلەرنى بەلگىلەپ چىققانلىقىنى ئاڭلاشقا تەشنا بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆيلىرىنى شەھەر ئىچىدىن سىپىل تېشىغا كۆچۈرۈش تەييارلىقىنى قىلىۋاتاتتى. ما شىمىڭ، مەخسۇت مۇھىتى، مەھمۇت مۇھىتى، موسۇل مۇھىتى، ھەمدۇللا داموللام باشلىق يۇرت مۆتىۋەرلىرى تۇرپانغا يېقىن كېلىپ قالغان دۈشمەنگە قانداق تاقابىل تۇرۇش، دۈشمەننى قانداق تارمار قىلىش ھەققىدە ھەمدۇللا داموللامنىڭ ھويلىسىدا بىر كېچە مۇزاكىرە قىلىشتى. چۈنكى، بۇ ھويلا قوزغىلاڭچىلارنىڭ سىلىگبۇ شتابى بولۇپ قالغانىدى.

دەسلەپتە مەخسۇت مۇھىتى سۆز قىلىپ: «ھازىر بىزنىڭ بىر سائەت ۋاقتىمىز بىر جىڭ ئالتۇندىنمۇ قىممەت. دۈشمەنگە قارشى تۇرىمىزمۇ ـ تۇرمايمىزمۇ دېگەن مەسىلە مەۋجۇت ئەمەس، دۈشمەنگە قەتئىي قارشى تۇرىمىز. بۇ جەھەتتە ھەممەيلەن بىر ياقىدىن باش چىقىرىشىمىز لازىم. ھازىر كېچە دېمەي، شەھەر ئىچى ۋە شەھەر سىرتىدىكى ئاھالىگە ئەھۋالنى ئۇقتۇرۇپ، خەلقنى ئۇرۇشقا ئاتلاندۇرۇشىمىز لازىم» دېدى. ھەمدۇللا دامولام ۋە باشقىلار مەخسۇت مۇھىتىنىڭ پىكرىنى قوۋۋەتلىدى. ما شىمىڭ بولسا: «خەلقنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرمەي بولمايدۇ بۇ ياخشى پىكىر. لېكىن، ھازىرقىدەك دۈشمەن شەھەرگە يېقىنلىشىپ قالغان ۋەزىيەتتە، بىز شەھەرگە سولىنىپ تۇرۇپ دۈشمەنگە قارشى تۇرىمىز دېگەندىن كۆرە، شەھەرنى تاشلاپ چىقىپ، دۈشمەن شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن ھۇجۇم قىلىپ، پارتىزان ئۇرۇشى قىلساق ئۇتۇقلۇق بولىدۇ» دېدى. بەزىلەر بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سۆزنى ئاڭلاپ ئارىسالدا بولغاندا مەخسۇت مۇھىتى يەنە سۆز قىلىپ: «كېلىۋاتقان دۈشمەننىڭ ئالدىنى توسماي، شەھەرنى ئۇلارغا تاشلاپ بېرىش خەلقنىڭ ئىنقىلاب ئوتىغا سۇ سەپكەنلىك بولىدۇ» دېگەن پىكىردە چىڭ تۇردى. ئاخىرى، ھەممەيلەن مەخسۇت مۇھىتىنىڭ پىكرىگە قوشۇلۇپ، ئاز بىر قىسىم كىشىلەرنى تۇرپان يېڭىشەھەرنى ساقلاشقا قالدۇرۇپ، قوزغىلاڭچىلارنىڭ كۆپ قىسمىنى گۇچۇڭدىن كېلىۋاتقان جىڭ شۇرېن ئەسكەرلىرىنى تارمار قىلىشقا قارىتىش، شۇ ئارقىلىق تۇرپان كونىشەھەردىكى جىڭ شۇرېن ئەسكەرلىرى گۇچۇڭ ۋە ئۈرۈمچىدىن ياردەمگە ئەسكەر كېلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ بولغۇچە، ئۇلارنى ئالدىن تارمار قىلىش قارار قىلىندى.

ئەتىسى قوزغىلاڭچىلار ئۈرۈمچى تەرەپ بىلەن كونىشەھەرگە كۆزەتچى قويۇپ، گۇچۇڭدىن كېلىۋاتقان 700 دۈشمەننى توسۇشقا ئاتلاندى. قوزغىلاڭچىلار دۈشمەنلەر بىلەن شاپتۇللۇقتا ئۇچرىشىپ، ئۇرۇشنى باشلىۋەتتى. بۇ يەردە بىر كۈن جەڭ بولغان بولسىمۇ، 700 دۈشمەننىڭ قوراللىرى خىل بولغاچقا، توختىماي ئېتىلىۋاتقان پىلىموت ئوقلىرى دەستىدىن پىدائىيلار ئالغا بېسىش تۇرماق، ھەتتا بېشىنى كۆتۈرۈشكىمۇ ئامال قىلالمىدى، ئۇلارنى تۇپتۇز سايدا توسۇۋېلىش ئىمكانىيىتى تېخىمۇ يوق ئىدى. ئاخىرى پىدائىيلارنىڭ بىر قىسمى شېھىت بولۇپ، قالغانلىرى ئۇدۇل تۇرپان يېڭىشەھەرگە كېلىپ يىغىلدى.

ما شىمىڭ بۇ مەغلۇبىيەتنى ئاڭلاپلا گەنسۇغا قېچىشقا تەييارلاندى. بۇ خەۋەر بىردەمدىلا قۇلاقتىن ـ قۇلاققا ئاڭلىنىپ، پىدائىيلار ئارىسىدا تەۋرىنىش پەيدا بولدى. شۇ ئارىدا گۇچۇڭدىن كەلگەن 700 ئەسكەردىن باشقا، ئۈرۈمچىدىنمۇ 800 ئەسكەرنىڭ كېلىۋاتقانلىقى ھەققىدە مەلۇمات كەلدى. ئەگەر بۇ ئىككى قىسىم بىرلىشىپ يېڭىشەھەرگە ھۇجۇم قىلسا، يەنە مىڭلىغان

ئەسكەرلەر كونىشەھەردىن چىقىپ ئۆلارغا ھەمدەمدە بولسا، بۇ قارا كۈچلەرنىڭ تۇرپان خەلقىنى قىرىپ تاشلىشى قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىلىقىدىكى ئىش بولۇپ قالغانىدى. بۇ دەل 1933ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ئىدى. مۇشۇنداق ھالقىلىق ۋەزىيەتتە ما شىمىڭ ئۆزى سىلىگىبۇ قىلىۋاتقان ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا چىقىپ: «مەن قەتئىي گەنسۇغا كېتىمەن!» دەپ شەھەرنى تاشلاپ قېچىش ئۈچۈن ئېتىنى توقۇپ تەييارلاندى. مەخسۇت مۇھىتى بىلەن ھەمدۇللا ئەلەم ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتىگە نارازى بولۇپ، ئۇنى بۇ يولدىن توسۇپ: «ئەگەر ئامما ئىچىگە ‹باشلىقلار قېچىپتۇ› دېگەن خەۋەر تارقالسا، ئامما ئىچىدە قالايمىقانچىلىق يۈز بېرىدۇ، غەيرەت بوشايدۇ. سىزغۇ گەنسۇغا كېتەرسىز، بىز تۇرپان خەلقى نەگە بارىمىز؟ بىز بۇ ئۇرۇشتا ئۆلۈپ تۈگىسەك تۈگەيمىزكى، ھەرگىزمۇ قاچمايمىز. سىز بىر ئادەم، نەگە كېتىمەن دېسىڭىز كېتەلەيسىز. بىزدە ‹سەۋەب قىلساڭ زاۋال يوق، قىلالمىساڭ ئامال يوق› دەيدىغان ماقال بار، سەۋەب قىلىپ باقايلى، ئالدىراپ كەتمەيلى. ھازىر شەھەرنى تاشلاپ قېچىشقا تېخى بالدۇر. بىز ئىشنىڭ نەتىجىسىگە قاراپ باقايلى» دېدى، بۇ ۋاقىتتا ئاستا ـ ئاستا تاڭمۇ ئېتىپ قالدى. مەخسۇت مۇھىتى بىلەن ھەمدۇللا ئەلەم يەنە بىر تەرەپتىن ما شىمىڭغا ئانچە ئىشىنىپ كەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، «ئىشنى ئۆزىمىز باشلىدۇق، ئەمدى ئۆزىمىز باشقا ئېلىپ چىــــقماي بولمىدى» دېيىشىپ، ھەر ئىككىيلەن بېلىگە ئاق باغلاپ سېپىل ئۈستىگە چىقىپ ئايلىنىپ يۈرۈپ، ئاممىـــغا مەدەت بەردى. «بەلنى مەھكەم باغلاڭلار، ئۇرۇشتا ئۆلسەك ـ شېھىت، قالساق ـ غازى. بىز ئۈچۈن ھەر يەردە خۇدا ھازىر ۋە نازىر، خۇدا بىزگە نۇسرەت ئاتا قىلغاي، قورقماڭلار، قورققاننى ئەجەل قوغلايدۇ، ئامىن!» دەپ دۇئا قىلدى. دۈشمەننى يېڭەلمىسە قىرىلىپ تۈگەيدىغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەن پىدائىيلار «تەۋەككۇل»

www.uyghurkitap.com

دەپ مەيدانغا چۈشۈپ، «‹ياشقىمۇ بىر ئۆلۈم، قېرىغىمۇ بىر ئۆلۈم›، ياشاش ئۈچۈن ئۆلۈمدىن قورققان بىلەن بولمايدۇ» دېيىشىپ قايتىدىن غەيرەتكە كېلىشتى ۋە مىلتىقلىرىنى سۈرتۈپ ئۇرۇشقا تەييارلاندى.

تاڭ يورا ـ يورۇمايلا، ئۈرۈمچى تەرەپتىن كەلگەن بىر ئاپتوموبىل يېڭىشەھەرنىڭ تېخى ئېچىلمىغان غەربىي دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ توختىدى. پىدائىيلار بۇ ماشىنىنىڭ خاتا كېلىپ قالغانلىقىنى پەملەپ، دەرھال دەرۋازىنى ئېچىپ بەردى. ئاپتوموبىل شەھەرگە كىرىشى بىلەنلا، دەرۋازىنى ئېتىۋېلىپ، ئاپتوموبىلنى ئوتتۇرىغا ئالدى. ئاپتوموبىلدىكى جۇۋىغا پۈركىنىپ ئولتۇرغان جىڭ شۇرىنىنىڭ يەتتە ـ سەككىز ئوفىتسېرى ھاڭ-تاڭ بولۇشۇپ، ئاپتوموبىلدىن چۈشتى. پىدائىيلار دەرھال ئۇلارنىڭ يان قوراللىرىنى ئېلىۋېلىپ، ئۇلارنى ما شىمىڭ بىلەن مەخسۇت مۇھىتىنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ تاپشۇرۇپ بەردى. ئەسلىدە ئۇلار ئۈرۈمچىدىن كېلىۋاتقان جىڭ شۇرىن ئەسكەرلىرىنىڭ باشلىقلىرى بولۇپ، ئەسكەرلىرىدىن بۇرۇنراق يولغا چىقىپ، تۇرپان يېڭىشەھەرنىڭ قولدىن كەتكەنلىكىنى ئۇقماي، شەھەر ئىچىگە كىرىپ قالغانىدى. ئۇلارنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ئاختۇرغاندا، ئۇنىڭ ئىچىدىن جىڭ شۇرىنىنىڭ تۇرپاندىكى ھەربىيلەرگە ئەۋەتكەن بۇيرۇقى چىقتى. بۇيرۇقتا: «تۇرپاندىكى قوزغىلاڭ قىلغانلارنىڭ يەتتە يېشىدىن 70 يېشىغىچە ھەممىسىنى جادۇدا توغراڭلار، بۇنىڭ ئۈچۈن سىلەرگە ئاتايىتەن جادۇ چۈشەردىم» دېيىلگەنىدى. بۇ بۇيرۇقنى ئاڭلاپ، پىدائىيلارنىڭ دۈشمەنگە بولغان غەزەپ ـ نەپرىتى تېخىمۇ ئاشتى. ئۇلار «بىز دۈشمەننى تۈگەتمىسەك، دۈشمەن بىزنى تۈگىتىدىكەن. بۇنىڭدىن باشقا چىقىش يولى يوق» دېگەن قاراشقا كەلدى. ئۈرۈمچىدىن يولغا چىققان ئەسكەرلەرمۇ ھېلىقى باشلىقلىرىنىڭ ئارقىسىدىن يېڭىشەھەرنىڭ غەربىي دەرۋازىسىغا يېتىپ كەلدى، ئۇرۇش

باشلاندى. جىڭ شۆرىنىڭ چېرىكلىرى ھە دېگەندىلا ھەيۋە كۆرسىتىپ، «شا، شا» دېيىشكىنىچە ھۇجۇم باشلىدى. قوزغىلاڭچىلارنى كۆزگە ئىلماي: «زىۋازىلار مىلتىقىڭلارنى تاپشۇرۇپ تەسلىم بولۇڭلار!» دېيىشىپ، خۇلىگەنلىك قىلىشتى. بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپكە كەلگەن پىدائىيلار قوماندانلاردىن سېپىل سىرتىغا چىقىپ ئۇرۇشۇشنى تەلەپ قىلدى. مەخسۇت مۇھىتى بىلەن ھەمدۇللا داموللام يەر شارائىتىنى بىلىدىغان مەرگەنلەرنى تاللاپ، ئۇلارغا دۇئا قىلىپ، ئۇلارنى دەرۋازىنىڭ سىرتىدا ئۇرۇش قىلىشقا چىقاردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە مەھەللە مەسچىتلىرىگە ۋە يېزىلارغا ئۇرۇشقا ئاتلىنىش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش قىلىنىپ، پۈتۈن شەھەر ۋە يېزا خەلقى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈلدى. ئىككى تەرەپتىن ھەدەپ ئوق ئېتىلىشقا باشلىدى، سېپىل ئۈستىدىكى ۋە پەستىكىلەرنىڭ ھەممىسى مەرگەنلەرنىڭ ئوق چىقىرىشىغا ماسلىشىپ چۇقان كۆتۈردى. نۆۋەت بىلەن سېپىلنىڭ تېشىغا چىقىش كۆپەيدى، بىر نەچچە سائەتكە بارماي ھېرىپ - چارچاپ ماغدۇرى ئۈزۈلگەن، تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ سانى، قوراللىنىش ئەھۋالىدىن قىلچە خەۋىرى بولمىغان، خەلقنىڭ ھەيۋىتىدىن قورقۇپ كەتكەن جىڭ شۆرىن ئەسكەرلىرى كەينىگە قاراپ قېچىشقا باشلىدى، ئۇلار چېكىنگەن ھامان شەھەر ئىچىدىكى تەق بولۇپ تۇرغان خەلق شەھەر دەرۋازىسىدىن ئۆرۈلگەن توسمىدىن ئېتىلىپ چىققان قىياندەك يوپۇرۇلۇپ چىقتى. شەھەر تېشىدىكى خەلقمۇ پىدائىيلارغا ماسلىشىپ جىڭ شۆرىن ئەسكەرلىرىنى خۇددى چاشقاننى قوغلىغاندەك ئىتىزمۇ ئىتىز سۈرۈپ قوغلاپ ماڭدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇرۇمچىدىن تۇرپانغا چۈشكەن جىڭ شۆرىن ئەسكەرلىرى ئۇزاق بەرداشلىق بېرەلمەيلا تارمار بولدى. كېيىنكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، بۇ 800 ئەسكەرنىڭ 20 نەچچىسى ھارۋىلىرىنىڭ ئاتلىرىنى چىقىرىپ مىنگەن پېتى ئۇرۇمچىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قېچىپ كەتكەن، قالغانلىرى ئۇرۇشتا ئۆلگەن ياكى ھەر تەرەپتە پىتىراپ تۈگىگەن. شۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا قورالللاردىن باشقا، 40 هارۋىغا يېقىن ئوق ۋە باشقا سايمانلار ئولجا ئېلىندى. دېمەك، بىر تەرەپتىن كەلگەن ئاپەت تۈگىتىلدى، لېكىن گۇچۇڭ تەرەپتىن كېلىۋاتقان ئاپەتتىن تېخى خەۋەر يوق ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، بۇ قېتىمقى غەلىبىدىن كېيىن پىدائىيلارنىڭ روھى كۆتۈرۈلۈپ پەلەككە يەتتى، ئۇلار نۇرغۇن قورال ۋە ئوق ـ دورىغا ئىگە بولدى. شۇ كۈنى تاياق ـ توقماق، ئورغاق ـ پالتا كۆتۈرۈپ، پىدائىي بولۇپ قوزغىلاڭغا قاتناشقان، ھاياتىدا تۇنجى قېتىم قورالغا ئىگە بولغان دېھقان ياشلىرى قاتتىق ھاياجانلىنىپ، مىلتىقلىرىنى سىلاپ، ئۆزلىرىنى چوڭ بىر باتۇر جەڭچىگە ئايلىنىپ قالغاندەك ھېس قىلىشتى. ئەتىسى گۇچۇڭدىن تۇرپانغا كېلىۋاتقان 700 دەك ئەسكەرنىڭ «تۇرپان قولدىن كېتىپتۇ» دېگەننى ئاڭلاپ، يوغانتېرەك ئارقىلىق گۇچۇڭغا قايتىپ كەتكەنلىكى مەلۇم بولدى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇش تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرى قاتناشقان ئىككىنچى چوڭ ئۇرۇش بولۇپ، بۇ ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسى پىدائىيلارغا غايەت زور ئىلھام بولدى.

تۇرپان كونىشەھەر سېپىلى پۇختا ھەم ئېگىز بولۇپ، ئەتراپى خەندەك بىلەن ئورالغان، خەندەك بىلەن ھېسابلىغاندا ئېگىزلىكى ئون مېتىرغا يېتەتتى. سېپىلنىڭ ئىچىدە ما لۇيجاڭنىڭ كۈچى ھېچقانداق خورىمىغان، قاتتىق مۇداپىئەدە تۇرۇۋاتقان بىر بىرگادا ئەسكىرى بار ئىدى. قوزغىلاڭچىلار 1933ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن ھۇجۇم قىلىشنى پىلانلىدى. مەھمۇت مۇھىتى باشچىلىقىدىكى پىدائىيلار بۇ قېتىمقى جەڭنىڭ تۇنجى ئوقىنى ئېتىپ، غەربىي قوۋۇقتىن كونىشەھەرگە ھۇجۇم باشلىدى. ئۇرۇش ئىنتايىن قاتتىق بولۇپ، ئەتراپنى قازاندا قوماچ قورۇغاندەك ئوق ئاۋازلىرى

قاپلاپ كەتتى. پىدائىيلار شوتا قويۇپ، سېپىل ئۈستىگە چىقىشقا ھەرىكەتلەنگەن بولسىمۇ، سېپىل ئۈستىدىن يامغۇردەك تۆكۈلۈۋاتقان ئوقلار بۇنىڭغا ئىمكان بەرمىدى. ئەمدىكى چارە دەرۋازىغا ئوت قويۇش ئىدى، لېكىن بۇ ئىشمۇ ئاسانغا چۈشمەيتتى. چۈنكى، بىرىنچىدىن، خەندەكنىڭ تېشىدىن دەرۋازا تۆۋەنگىچە بولغان ئارىلىق 150 مېتىردىن ئارتۇقراق ئوچۇقچىلىق بولۇپ، سېپىل ئۈستىدىن ئېتىلىۋاتقان يامغۇردەك ئوقلار ئارىسىدىن ئۆتۈپ دەرۋازىغا يېقىنلىشىش ئەلۋەتتە ئاسان ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شەھەرنىڭ غەربىي دەرۋازىسى يېڭىشەھەردىن كېلىدىغان يولغا ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل بولمىغاچقا، خەندەكتىن ئۆتۈپ يەنە بىر ئاز يول يۈگۈرۈپ مېڭىشقا توغرا كېلەتتى؛ غەربىي دەرۋازا دەپ ئاتالغان بۇ خەندەك دەرۋازىسى شەھەرنىڭ غەربىدە بولغان بىلەن، شەھەرنىڭ رەسمىي چوڭ دەرۋازىسى غەربىي جەنۇبتا ئىدى. ئەگەر بۇ دەرۋازىنىڭ يېنىغا بارالىسىلا دالدا بولغۇدەك يېرى بار ئىدى ــ دە، تەمتىرىمەي خالىغانچە ئوت قويۇشقا بولاتتى. ئىككىنچىدىن، شەھەر دەرۋازىسى يالاڭ قەۋەت دەرۋازا ئەمەس، قوش قەۋەت دەرۋازا بولۇپ، تاشقى دەرۋازىنىڭ كۆيدۈرۈلۈشى كۇپايە قىلمايتتى. مۇشۇنداق بىر قاتار قىيىنچىلىقلار بولسىمۇ، دەرۋازىغا ئوت قويۇشقا بارىدىغان پىدائىيلار مەيدانغا سەكرەپ چۈشتى. بۇ پىدائىيلار كىرسىن تۇڭلىرىنى كۆتۈرۈپ دەرۋازىغا قاراپ يۈگۈرگەندە، قالغان پىدائىيلار دەرۋازىنىڭ ئۇدۇلىدىكى كونا ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىسىدىن ۋە قالقان تۆشۈكلىرىدىن سېپىل ئۈستىگە قارىتىپ ئوق ئېتىپ تۇردى.

بىر نەچچە قېتىم تەكرار ھۇجۇم قىلىشلاردىن كېيىن، بىر نەچچە كىشى چىقىم بولغان بولسىمۇ، ئاخىرى پىدائىيلاردىن تېتىرلىق مەڭلىك باقىنىڭ ئوغلى ئابدۇللا دۈشمەن ئوقلىرىدىن ئەپچىللىك بىلەن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، گاھىدا يالغان ئۆلۈك بولۇپ

www.uyghurkitap.com

يېتىشىۋېلىپ، دۈشمەننى بىخۇدلاشتۇرۇپ، ئاخىرى دەرۋازا تۈۋىگە بېرىۋالدى ۋە كىرسىننى دەرۋازىغا چېچىپ ئوت قويۇۋەتتى. قوزغىلاڭچىلار ئابدۇللانىڭ باتۇر، پەملىكلىكىدىن سۆيۈنۈپ، چۇقان سېلىشتى. دەرۋازا گۇرۇلدەپ كۆيۈپ، قاناتلىرى سىڭايان بولۇشقا باشلىغاندا، قورقۇپ كەتكەن چېرىكلەر تەسلىم بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، سېپىل ئۈستىدە ئاق بايراق چىقاردى، شۇنىڭ بىلەن قايناۋاتقان قازانغا سوغۇق سۇ قۇيغاندەك ئەتراپ جىمىپ، ئوق ئېتىش توختىدى. ئازراق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ما لۈيجاڭ ئىككى ئادىمىنى باشلاپ، سېپىل قوۋۇقىدىن چىقىپ كەلدى. ما لۈيجاڭنىڭ ئىسمى ما فۇمىن، لەقىمى ما داخەنزە بولۇپ، ئۇ ئېگىز بويلۇق، ساددا ئادەم ئىدى. ئادەتتە كوچىلارغا چىقىپ، كىشىلەرگە ئارىلىشىپ يۈرەتتى، ئات تاقىلاۋاتقان تۆمۈرچى دۇكانلىرىغا كىرىپ، تۆمۈرچىلەر بىلەن چاقچاقلىشاتتى. ئۇ ئەسلىدە چۆچەكتە تۇرغان بولۇپ، جىڭ شۇرېن ھۆكۈمىتى 1932 ـ يىلى ئۇنى يۆتكەپ كېلىپ، تۇرپاننى مۇداپىئە قىلىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرغانىدى. ما داخەنزە بىلەن مەھمۇت مۇھىتىنىڭ بوي ـ بەستى تەڭ دېگۈدەكلا ئىدى، لېكىن ماداخەنزى ئىنچىكە ئېگىز، مەھمۇت مۇھىتى ئۈستىخانلىق ئېگىز ئىدى. شۇ كۈنى ھەمدۇللا ئەلەم ئاخۇنۇم، مەخسۇت مۇھىتى، مەھمۇت مۇھىتى، ما شىمىڭ، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرلارنىڭ قاتنىشىشى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈلۈپ، ئەتىسى ئەتىگەندە پىدائىيلارغا ئوق چىقارماي يېڭىشەھەرگە چىقىپ كېتىش بۇيرۇقى بېرىلدى. دېمەك، دۈشمەنلەر تەسلىم بولۇپ، قورال تاپشۇرىدىغان بولغانىدى.

تەسلىم بولغانلارنىڭ قورال ـ ياراغلىرى، ما شىمىڭنىڭ بۇيرۇقى بىلەن يېڭىشەھەرگە يۆتكەپ كېلىندى. بۇ چاغدا كىشىلەر ئارىسىدا: «بۇ ما شىمىڭنىڭ نېمە قىلغىنى، ئۆردەكنىڭ گۆشىنى يەپ غازنىڭ پېيىدە بولغاندەك، ئۆتكەندىمۇ

دۈشمەندىن غەنىيمەت ئالغان قوراللارنى تىزىمغا ئېلىش باھانىسى بىلەن بىزدىن يىغىۋېلىپ قايتۇرۇپ بەرمەي، يېڭىدىن ئەسكەرلىككە ئالغانلارغا تارقىتىپ بەردى. ئەمدى يەنە بىزگە قورال يېتىشمەيۋاتسا، كونىشەھەردە تەسلىم بولغانلارنىڭ قورالىنى يېڭىشەھەرگە توشۇتۇپ بېرىۋالدى. ئەگەر قورال كېرەك بولسا دۈشمەن بىلەن ئۆزلىرى ئۇرۇشۇپ ئالسا بولمامدۇ» دېگەندەك غۇلغۇلا پەيدا بولدى. بۇنى ئاڭلىغان مەخسۇت مۇھىتى ئامىمغا: «ئىش ئۆملۈكتە، كۈچ بىرلىكتە. بۇنداق گەپلەرنى قىلمىغان ياخشى. دۈشمەن تېخى كۆز ئالدىمىزدا تۇرۇپتۇ. بىز بىر - بىرىمىزدىن ملتىق تالىشىپ ئىتتىپاقسىزلىق تۇغدۇرساق، دۈشمەن پايدىلىنىپ كېتىدۇ» دەپ تەسەللى بەردى. شۇ ئارىدا ئاستانىدىن (ناھىيىنىڭ 30 كىلومېتىر شەرقىدە) «ئورۇس ئەسكەرلىرى يۇرتىمىزنى بېسىپ كەتتى، تېزدىن ياردەمگە كەلسۇن» دېگەن خەۋەر كەلدى.

بۇ خەۋەر كېلىش بىلەنلا، مەخسۇت مۇھىتى تۇرپان بازىرىدا ئۇرۇش قىلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ بىر قىسمىنى چاقىرتىۋېلىپ، ئاستانىگە يولغا سالدى. ئاستانە، قاراغوجا، ياڭخى، سىڭگىم ۋە مۇرتۇقلاردىن مىڭلىغان ئادەم يېرىم - ياتا قوراللانغان بولسىمۇ، ھەممىسى تۇرپان بازىرىغا توپلانغانىدى. ئۇ چاغدا ھەممەيلەننىڭ دىققىتى ئۇرۇمچى ۋە گۇچۇڭ تەرەپلەردىن كېلىدىغان دۈشمەنلەرگە، شۇنىڭدەك، تۇرپان كونىشەھەر ئىچىدىكى دۈشمەن ئەسكەرلىرىگە مەركەزلىشىپ، پىچان تەرەپتىن كېلىدىغان دۈشمەن ئەسكەرلىرىگە ئانچە كۆڭۈل بۆلمىگەنىدى. بۇ خەۋەر ئامىمغا چوڭ خۇشاللىقتىن كېيىن يەنە بىر بالايىئاپەتنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلدۇردى. چۈنكى، كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ ئاتا - ئانا ۋە بالا - چاقىلىرى ئاستانىدە قالغانىدى. 50 كە يېقىن كىشى تەييارلىقنى پۇختا قىلىپ، بىرىنچى تۇركۇم بولۇپ ئاتلىق يولغا چىقتى. پىدائىيلار جىڭ شۇرىننىڭ ئۇرۇمچىدىن چۈشكەن

800 ئەسكىرىنى تارمار قىلىپ، نۇرغۇن قورال ـ ياراغقا ئىگە بولغان ۋە تۇرپان كونىشەھەردىكى ئەسكەرلەرنى تەسلىم قىلىپ، 1500 تال مىلتىق، 300 ئات، چوڭ ـ كىچىك ئىككى ئاپتوموبىل ۋە باشقا قورالالارنى ئولجا ئالغان بولسىمۇ، ئۇرۇشقا رەسمىي قاتناشقان يەنە خېلى جىق كىشىلەرنىڭ ئات ياكى مىلتىقى يوق ئىدى. مىلتىقى بارلارنىڭ ئوقى يوق بولۇپ، بەزىدە بىر مىلتىقنىڭ تۆۋىگە بىر قانچە ئادەم توپلىشىپ قالاتتى.

ئاستانىگە كەلگەندىن كېيىن، ئىشنىڭ تېگى ـ تەكتى مەلۇم بولدى: ئەسلىدە قۇمۇلغا قاراپ كېتىۋېتىپ، ما شىمىڭنىڭ پىچانغا ھۇجۇم قىلغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، ئارقىغا قايتىپ، ما شىمىڭنى مەغلۇپ قىلغان، ما شىمىڭ دىغارغا قېچىپ كەتكەندىن كېيىن پىچان خەلقىنى قانلىق قىرغىن قىلىپ، 1000 دەك ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بولغان جاللات لۇيجاڭ شۇن فايۇ بىلەن ئاق ئورۇس بابىنگوتنىڭ ئەسكەرلىرى تۇرپان خەلقىنى قىرىشقا كەلگەن بولۇپ، يولدا ئۇچرىغانلا كىشىنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەن. ئۇلار ئاستانە يېزىسىنىڭ شەرق تەرىپىدىن يېڭىتۇر مەھەللىسىگە يېقىنلاشقاندا، خەلقلەر تاياق ـ توقماق بىلەن ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسىغانىدى. سېيتمەت بارتو، مېچۇل، ئابدۇكېرىم، ئۆلىمەت مەزىننىڭ ئوغلى نىياز قارىي دېگەن مەرگەنلەر تۇرپان بازىرىغا بارماي، ئۈچ تال مىلتىق بىلەن ئاستانىدە قېپقالغانىدى، بۇلاردىن سېيتمەت بارتو مەڭگۈ بۇلاقلىق بولۇپ، مۇھىتلار ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن مۇناسىۋىتى يېقىن ئىدى، ئۇلارنىڭ مەڭگۈ بۇلاقتىكى كارىزلىرىغا قارايتتى. ئۇ كارىزلارنى باشقۇرۇش جەريانىدا ئۇۋچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۇستا مەرگەن بولۇپ يېتىشكەنىدى. سېيتمەت بارتو دۈشمەنلەر يېڭىتۇرنىڭ كىرىش ئېغىزىدىكى كۆۋرۈككە يېقىنلاشقاندا شۇ ئەتراپتىكى بىر ئۆگزىگە چىقىۋېلىپ، چۈنجىنىڭ ئىچىدە دۈشمەنلەرنى قارىغا ئېلىپ تەييار بولۇپ تۇرغان. دۈشمەنلەر

كۆۋرۈكتىن ئۆتكەندە بىر رۇس ئوفىتسېرى ئەسكەرلىرىنى ئەتراپىغا يىغىپ، مەھەللىگە ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇق بەرگەن، شۇ ئەسنادا چۇنجىنىڭ ئىچىدە قارىغا ئېلىپ تۇرغان سېتىمەت پالۋان بىر پاي ئوق بىلەنلا، ھېلىقى ئوفىتسېرنىڭ كۆكرىكىگە تەگكۈزۈپ، ئۇنى جەھەننەمگە ئۇزاتقان ۋە يەنە بىرقانچە پاي ئوقتا بىر نەچچە دۈشمەن ئەسكىرىنى يەر چىشلەتكەن. چۆچۈپ كەتكەن رۇس قاچاق ئەسكەرلىرى دەرھال ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىپ، سېتىمەت پالۋاننى كۆزەتكەن. شۇ مەزگىللەردە ئاق ئورۇسلار ئۇرۇش تەجرىبىسىگە باي، قوراللىرى خىل بولۇپ، يىراقتىن چەنلىيەلەيدىغان دۇربۇنلۇق قوراللىرى بار ئىدى. ئۇلار سېتىمەت پالۋاننىڭ ئوق ئېتىۋاتقان ئورنىنى بىلىۋالغاندىن كېيىن دۇربۇنلۇق مىلتىق بىلەن قارىغا ئېلىپ، سېتىمەت پالۋاننى ئېتىۋەتكەن، ئوق چۇنجىنىڭ تۆشۈكىدىن ئۇچۇپ كىرىپ، مەرگەننىڭ پېشانىسىگە تەگكەن. ئاستانىدە قېپقالغانلار ئامىنىڭ ئاۋانگارتى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، دۈشمەنلەرنى توسىغان بولسىمۇ، لېكىن دۈشمەنلەرنىڭ سانى كۆپ (تەخمىنەن بىر تۈەن) بولغاچقا، ئاخىرى يېڭىتۇر مەھەللىسىگە بېسىپ كىرىپ، سېپىل ئۈستىنى ئىگىلىۋالغانىدى. (بۇ سېپىل «ئىدىقۇت» دەۋرىدىكى ئۇيغۇر خانلىرى ئىسلام دىنىغا كىرىشتىن ئىلگىرى ئاستانىنىڭ ئوتتۇرىسىغا سېلىنغان، كېيىن «تەيزاڭ» دەپ ئاتالغان ئىبادەتخانىغا بارىدىغان يول ئىدى). ئۇچ مەرگەن يېزىنىڭ يەر شارائىتىنى ياخشى بىلگەنلىكتىن، دۈشمەننىڭ ھېلى ئوڭ تەرىپىدىن چىقسا، ھېلى سول تەرىپىدىن چىقىپ، ھېلى ئالدىغا ئۆتۈۋالسا، ھېلى كەينىدە قېلىپ، ئۆزلىرىنى دۈشمەنگە كۆپ ئادەم قىلىپ كۆرسىتىپ، دۈشمەننى بىر سوتكا توسۇپ تۇرغان. قورالسىز خەلقنىڭ بىر قىسمى يېڭىتۇر مەھەللىسىنىڭ ئاغزىدىكى مەدرىسە ئالدىغا توپلىنىپ، چۇقان - سۈرەن كۆتۈرۈپ، ھەيۋە قىلىپ، دۈشمەنلەرنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى

www.uyghurkitap.com

سۈندۈرغان؛ يەنە بىر قىسمى تېمى ئېگىز هويلىلارغا توپلىنىپ، دۈشمەن كەلگەندە ئۆگزىگە چىقىپ تاش بىلەن بولسىمۇ ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلغان؛ پەرسا قىزى ئوغلى ئىبراھىم قاتارلىق بەزى تەجرىبىسى بار كىشىلەر ئاق ئورۇسلارنىڭ كەينىدىن كېلىۋاتقان هارۋىلاردا ئوق بارلىقىنى بىلىپ، ئۇلارنىڭ يولىغا ئۆستەڭ سۈيىنى قويۇۋەتكەن، گەرچە قىش پەسلى بولسىمۇ، سۇ دەرهال مۇز تۇتۇپ كەتمەي، يولغا ئېقىپ چىقىپ، پاتقاق پەيدا قىلغان. هارۋىلار پاتقاققا پېتىپ قېلىپ، زادىلا ماڭالماي قالغان.

پىدائىيلار ئاستانىگە يېتىپ بېرىپلا ئۇرۇشقا كىرىشىپ كەتتى، ئۇلارغا هەر تەرەپتىن ئارقىمۇ ئارقا ياردەم كېلىشكە باشلىدى. بىر نەچچە سائەتتىن كېيىن مەخسۇت مۇهىتى يېتىپ كەلدى. دۈشمەنلەر پىدائىيلارنىڭ تۇرپان بازىرىدىن كېلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇراتتى. بىر كۈن قاتتىق ئۇرۇش بولغاندىن كېيىن ئورۇسلار يېرىم كېچىدە جىم ـ جىتلا يوقىلىپ كەتتى.

كېيىن ئاق ئورۇسلارنىڭ ئاستانىدىن قاراغوجىنىڭ يالقۇنتاغقا يېقىن يۇقىرىقى باداملىق دېگەن يېرىگە چېكىنىپ ئورۇنلاشقانلىقى مەلۇم بولدى. پىدائىيلارمۇ دەرهال ئاستانە ۋە قاراغوجا ئاممىسى بىلەن بىللە ئاتلىنىپ، ئورۇسلارنى تۆت تەرەپتىن قورشىۋالدى. لېكىن، ئۇلارغا هۇجۇم قىلىشقا ئەپلىك بىرلا جەنۇب تەرەپنى هېسابقا ئالمىغاندا، قالغان ئۈچ تەرەپ تۈپتۈز ساي بولۇپ، ئۇلارغا يېقىن بارغىلى بولمايتتى. پىدائىيلار ئورۇسلار بىلەن ئۇرۇشۇۋېتىپ، مەخسۇت مۇهىتىنىڭ پىكرى بويىچە، ئۇلارغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇلارنى قورال تاپشۇرۇشقا دەۋەت قىلدى. شۇ چاغلاردا سىڭگىم يېزىسىدا پاختا تېرىشنى تەجرىبە قىلىۋاتقان پالتاۋسكى ئىسىملىك بىر ئورۇس بار ئىدى. ئۇ، خەلق قوزغىلىڭى مەزگىلىدە خەلق بىلەن بىللە يۈرۈپ قوزغىلاڭغا هېسداشلىق قىلغاچقا، ئۇنىڭغىمۇ بىر تال قىسقا

مىلتىق بېرىلگەنىدى، مەخسۇت مۇھىتى بىلەن مەھمۇت مۇھىتى شۇ ئورۇسنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى.

مەخسۇت مۇھىتى ئۇنىڭغا: «سىز بېرىپ ئورۇس ئەسكەرلىرىگە دەڭ، ئۇلار دەرھال قورال تاپشۇرسۇن، بىز ئۇلارنىڭ ھېچ نەرسىسىگە تەگمەيمىز، ھاياتىغا چوقۇم كاپالەتلىك قىلىمىز، قەيەردە تۇرۇشنى خالىسا، شۇ يەردە تۇرسا بولىدۇ. بىز ئۇلارنى تۇرمۇشقا لازىملىق نەرسىلەر بىلەن تەمىنلەيمىز. بىز جىڭ شۇرېن ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ، ئۇرۇمچىنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، ئۇلارنى چۆچەك، غۇلجىلاردىكى ئائىلىلىرىگە ياخشىلاپ يولغا سېلىپ قويىمىز» دەپ تاپىلىدى. پالتاۋىسكى بېرىپ ئورۇس ئەسكەرلىرىنىڭ باشلىقلىرى بىلەن سۆزلەشكەندىن كېيىن، ئۇلار ئۈچ ئادىمىنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى، ئۇلار كېلىپ مەخسۇت مۇھىتى بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلدى، بۇ كۆرۈشۈشتە مەھمۇت مۇھىتىمۇ بىللە بولدى. مەخسۇت مۇھىتىنىڭ نامى ئورۇسلارغا بەكرەك تونۇش ئىدى. چۈنكى، مەخسۇت مۇھىتى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن سودا ئالاقىسى قىلغان بولۇپ، چۆچەكتە ئۇنىڭ ئۆي ـ جايلىرى بار ئىدى. ئۇ، موسكۋاغا بارسا چۆچەك ئارقىلىق باراتتى. چۆچەكتە تۇرغان ئورۇسلار بۇنىڭدىن خەۋەردار بولغاچقا، ئۇلار مەخسۇت مۇھىتى بىلەن سۆھبەتلىشىشنى تەلەپ قىلغانىدى. ئۇلار مەخسۇت مۇھىتىغا: «سىلەر بىزنى ‹قورال تاپشۇرۇڭلار› دەپسىلەر، بىز روسىيىدىن كېلىپ، جۇڭگو پۇقراسى بولۇپ، جىڭ شۇرېن ھۆكۈمىتىگە بويسۇنۇۋاتىمىز. يۇرت كىمنىڭ بولسا، بىز شۇنىڭ پۇقراسى، سىلەرنىڭ ئىشىڭلار ئاخىر نەگە بېرىپ توختايدۇ، بۇنى كىم بىلىدۇ؟ ئۆزىمىزگە كەلسەك، بىز سىلەرگە ئوق ئاتماي چەتتە قاراپ تۇرساق قانداق دەيسىلەر؟ ئەگەر ئۇنداق قىلماي، قوراللارنى سىلەرگە تاپشۇرۇۋەتسەك، سىلەرنىڭ ئىشىڭلار باشقا چىقماي قالسا، جىڭ شۇرېن بىزنىڭ كاللىمىزنى ئالىدۇ» دېدى.

ئۇلار شۇنداق دېسىمۇ، لېكىن بىر قىسىم قورالللارنى تاپشۇرۇپ، قالغىنىنى ئويلاپ كۆرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ قايتىپ كەتتى. «ئاق ئورۇسلار» دەپ ئاتالغان بۇ ئورۇس ئەسكەرلىرى ئەسلىدە، 1917- يىلى سوۋېت كومپارتىيىسى چىرىك چارروسىيە ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغاندا سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى تەرىپىدىن سۈرۈپ - توقاي قىلىنغان، جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىپ ئاخىرى شىنجاڭ چېگرىسى ئىچىگە قېچىپ كىرگەن ئەكسىلئىنقىلابچى كولچاك ۋە دوتوف قاتارلىقلارنىڭ قاچاق ئەسكەرلىرى بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭ چېگرىسىدىكى ئاق ئورۇسلارنىڭ سانى 10 مىڭدىن ئېشىپ كەتكەن ئىدى. ئۇلار كېيىن جىڭ شۇرېن، شېڭ شىسەي ھۆكۈمەتلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، خەلق قوزغىلاڭلىرىنى قانلىق باستۇرغان، خەلقنى ۋەھشىيلىك بىلەن قىرغان، مەخسۇت مۇھىتى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا ئوخشاش تالايلىغان ئوت يۈرەك ئىنقىلابچىلارنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەبچى بولغانىدى.

ئورۇسلار بىلەن سۆزلىشىش جەريانىدا، ئىككى كۈن ئوق ئېتىلماي، جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرگەنىدى. پىدائىيلار «ئورۇسلار ئەمدى بىز بىلەن ئۇرۇش قىلماي، قورالنى تاپشۇرۇپ بېرەر» دەپ خىيال قىلىپ، بىپەرۋالىق بىلەن خاتىرجەم ئۇخلىدى، ئەمما ئۈچىنچى كۈنى ئۇلارنىڭ تامامەن پىچانغا چېكىنىپ كەتكەنلىكى مەلۇم بولدى. پىچاندىن قوزغىلاڭچى خەلقنى باستۇرۇشقا كەلگەن بۇ ئورۇس ئەسكەرلىرى ئاستانىدە بىر نەچچە كۈن توسىلىپ يېتىپلا يەنە نېمىشقا توساتتىن پىچانغا چېكىنىدۇ؟ كېيىن مەلۇم بولۇشىچە: جىڭ شۇرېن قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن تۇرپان خەلقىنى باستۇرۇش ئۈچۈن، ئۇرۇمچىدىن 800 ئەسكەرنى تۇرپانغا يولغا سېلىش بىلەن تەڭ، گۇچۇڭ ۋە پىچاندىكى قوشۇنلىرىغا تۇرپان خەلقىنى باستۇرۇش توغرىسىدا بۇيرۇق بەرگەن. بۇ قوشۇنلار تۇرپانغا ئەسلىدە تەرەپ - تەرەپتىن

بىرلا ۋاقىتتا يېتىپ بېرىشنى مەقسەت قىلغان بولسىمۇ، قوزغىلاڭچىلار گۈچۈڭدىن ئەسكەر كېلىۋاتقانلىقىدىن ئالدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسايمىز دەپ توسۇپ بولالماي، تۇرپان يېڭىشەھەرگە قايتقاندا، ئۇلار «تۇرپان قولدىن كېتىپتۇ» دەپ چۈشىنىپ، گۈچۈڭگە قايتىپ كەتكەن. دەل شۇ كۈنى ئۈرۈمچىدىن كەلگەن ئەسكەرلەر ئۇدۇل تۇرپان يېڭىشەھەرگە كىرىپ ھۇجۇمغا ئۆتكەن بولسىمۇ، بىر كۈن ئۇرۇشۇپلا تارمار بولغۇچە ئارىلىقتا تۇرپان كونىشەھەردىكى ما فۇمىن لۈيجاڭ ھېچ نەرسىدىن خەۋەرسىز ئادەمدەك سېپىل ئىچىگە سولىنىپ ياتقان. پىدائىيلار كونىشەھەرگە ھۇجۇم قىلغان ئىككى كۈن ئىچىدە، يەنى ما فۇمىن قوراللىرىنى تاپشۇرۇۋاتقان چاغدا، شۈن فايۇ لۈيجاڭ پىچاندىن ئەسكەرلىرىنى باشلاپ تۇرپانغا كېلىۋېتىپ، تۇرپان بازىرىغا 30 كىلومېتىر كېلىدىغان ئاستانىگە كەلگەندە ئەسكەرلىرىگە: «سىلەر يۇرت ئىچىدىكى ھارۋا يولى بىلەن مېڭىڭلار» دەپ بۇيرۇق بېرىپ، ئۆزى بەش ئەسكەر باشلىقى بىلەن كىچىك ئاپتوموبىلدا سايدىكى تۈزلەڭ ئارقىلىق تۇرپان بازىرىغا ماڭغان. دەل مۇشۇ چاغدا ئۇيغۇر يىگىتلىرى ئۆزلىرىنىڭ باتۇرلۇقى، پەم - پاراسىتى بىلەن جاللات شۈن فايۇنى قولغا چۈشۈرۈپ، بۇ قېتىمقى ئىنقىلابنىڭ تارىخىغا كىشىنى سۆيۈندۈرگۈدەك بىر شانلىق سەھىپىنى قىستۇرغانىدى. ئەسلىدە ئاستانە قوزغىلاڭچىلىرى تۇرپانغا مېڭىش ئالدىدا مەخسۇت مۇھىتى بىرقانچە ئوۋچى، مەرگەن يىگىتنى ئاستانىنى قوغداشقا قالدۇرغانىدى. خۇددى لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتقا ئوخشايدىغان، قېنى قىزىپ تۇرغان بۇ يىگىتلەر ئۆزلىرىنىڭ ئالدىنقى سەپتىكى ئۇرۇشقا قاتنىشالمىغانلىقىدىن، دۈشمەنلەرنى يەر چىشلىتىپ، ئەركەككە خاس باتۇرلۇقنى نامايان قىلىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قالغانلىقىدىن تىت - تىت بولۇپ، قوزغىلاڭ رەھبەرلىرىدىن ئاغرىنىپ يۈرگەنىدى. شۇ كۈنلەردە ئۇلار ئوۋ قىلىش ئۈچۈن

مەھەللىنىڭ شىمال تەرىپىدىكى يول بويىغا چىقىپ، يىراقتىن توپا توزۇتۇپ كېلىۋاتقان كونكىنى كۆرۈپ قالغان ۋە ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىشقان. كونكا ئىلغا قىلغىلى بولغۇدەك يەرگە كەلگەندە كونكىدىكىلەرنىڭ جىڭ شۇرىنىنىڭ ئوفىتسېرلىرى ئىكەنلىكى مەلۇم بولغان. يىگىتلەر بۇنى يىراقتىنلا پەملىگەن بولۇپ، شۇ دەۋرلەردە جىڭ شۇرىنىنىڭ ئوفىتسېرلىرىنىڭلا مۇشۇنداق كونكىلىرى بار ئىدى. مۇشۇ دەقىقىلەردە ئۇلارنى قىزىقتۇرۇۋاتقىنى ئۆزلىرى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقان ئاجايىبات كونكا بولماستىن، كونكىنىڭ ئۈستىدىكى ئولجا ئىدى. تەڭرى ئۇلارغا ئۆز قەھرىمانلىقلىرىنى كۆرسىتىشكە پۇرسەت يارىتىپ بەرگەنىدى. ئۈچ يىگىت بىردەك «ھەممەيلەن ئۆلۈپ كەتسەكمۇ ئۇلارنى يوقاتماي قويمايمىز» دەپ ئەھدە قىلىشقان. ماشىنا يېقىنلاپ كەلگەندە دۆڭلۈكنىڭ كەينىگە مۆكۈپ ياتقان مەرگەنلەرنىڭ بىرى بىر پاي ئوق ئېتىپلا، ماشىنىنىڭ چاقىنى تېشىۋەتكەن، ماشىنا بىر تەرەپكە قىيسىيىپ توختاپ قالغان. بۇ ئادەمزاتسىز سايلىقتا يۈز بەرگەن تۇيۇقسىز زەربىدىن چۆچۈپ كەتكەن دۈشمەنلەر دەرھال قوراللىرىنى چىقىرىپ، قالايمىقان ئوق ئېتىپ، ماشىنىنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنۇشقان. يەنە بىر مەرگەننىڭ بىر پاي ئوقى بىلەن بىر ئوفىتسېر يەر چىشلىگەن. ئاللىقاچان روھى چىقىپ كەتكەن، ئۆزلىرىگە كىمنىڭ، قانچە ئادەمنىڭ ھۇجۇم قىلىۋاتقانلىقىنى بىلەلمىگەن ئالتە ئوفىتسېر، مەرگەنلەرنىڭ ماشىنىنىڭ كامېرىنى چەنلىيەلىگۈدەك ئۈستىلىقىدىن ئۆلۈم ۋەھىمىسىگە چۈشۈپ، قوللىرىنى كۆتۈرۈپ تەسلىم بولغان. مەرگەنلەر ئۇلارنىڭ قوراللىرىنى تارتىۋېلىپ، ئاپتوموبىلغا ئوت قويۇۋېتىپ، ئۇلارنى تۇرپان بازىرىغا پىيادە ھەيدەپ بارغان. خەلق ئاممىسى ئۇلارنىڭ پىچان خەلقىنى ۋەھشىيلەرچە قىرغان جاللات شۇن فايۇ ۋە ئۇنىڭ مۇھىم ئوفىتسېرلىرى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، مەرگەن يىگىتلەرنىڭ

باتۇرلۇقىغا ئاپىرىن ئوقۇشقان. شۇن فايۇ قاتارلىقلارنى كوچا ئايلاندۇرۇپ، ئاندىن مىلتىق بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرگەن. شۇن فايۇنىڭ ئاستانىدىكى ئەسكەرلىرى بولسا تۇرپان بازىرىغا كەتكەن باشلىقلىرىدىن بىر نەچچە كۈنگىچە خەۋەر ئالالماي، پىدائىيلار بىلەن سۆھبەتلىشىش ۋاقتىنى قەستەن ئۇزارتىپ تىڭ - تىڭلاپ باققان. شۇنىڭدىمۇ ھېچبىر خەۋەر ئالالمىغاندىن كېيىن، «تۇرپان قولدىن كېتىپتۇ» دېگەن پەرەز بىلەن ئارقىسىغا قايتىپ كەتكەنىدى.

يىغىپ ئېيتقاندا، جىڭ شۇرىنىڭ تۇرپانغا ئۈچ تەرەپتىن كېلىدىغان ھەربىي قوشۇنى بىرلا ۋاقىتتا كېلىپ بىرلىشەلمىدى. چۈنكى، ئۇ چاغلاردا قاتناش شارائىتى ناچار، خەۋەرلىشىش سايمانلىرى يوق ئىدى. ئەگەر بەختكە قارشى 4000 ئەسكەر تۇرپانغا بىرلا ۋاقىتتا كەلگەن بولسا، تۇرپان ئوت دېڭىزىغا ئايلانغان بولاتتى. خەلق پىدائىيلىرى ھەققانىيەت تەرەپتە تۇرغان، ئۆلۈمدىن قورقمىغانلىقتىن، ئاخىرى غەلىبىگە ئېرىشتى.

1933 - يىلى 1 - ئاينىڭ ئوتتۇرلىرىدا ئاق ئورۇسلار قاراغوجا يېزىسىدىن پىچانغا چېكىنگەندىن كېيىن، پىدائىيلارمۇ ئۇلارنىڭ ئىزىدىن پىچانغا قاراپ ماڭدى. خەلق ئاممىسى مەخسۇت مۇھىتىنىڭ «پىيادە كىشىلەر قېپقالسۇن» دېگىنىگە ئۇنىماي، ئاتلىق ۋە ئېشەكلىك كىشىلەردىن باشقا، يۇرت - يۇرتتىن كەلگەن پىيادە كىشىلەرمۇ مەخسۇت مۇھىتىغا ئەگىشىپ ماڭدى. پىدائىيلار ئاۋۋال لۈكچۈنگە باردى، لۈكچۈن قەدىمكى پايتەخت بولغاچقا مۇستەھكەم سېپىللى بار شەھەر بولۇپ، شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا ۋاڭ ئوردىسى، ئوردىنىڭ ئەتراپىغا ۋاڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ئائىلىلىرى جايلاشقانىدى. بۇ چاغدا ئاق ئورۇسلار لۈكچۈندە تۇرۇشلۇق خۇ يىڭجاڭنى ئەسكەرلىرى بىلەن پىچانغا ئېلىپ كەتكەنىدى (لۈكچۈن پىچان ناھىيىسىگە قاراشلىق بىر رايون بولسىمۇ، ئۇ يەردە بىر يىڭ ئەسكەر تۇراتتى، پىچاننىڭ

ناھىيە بازىرىدا شۇن تۈەنجاڭنىڭ بىر تۈەن ئەسكىرى تۇراتتى).

مەخسۇت مۇھىتى لۈكچۈنگە يېتىپ بېرىشى بىلەنلا، يۇرت مۆتىۋەرلىرىدىن نىياز پەرسا ھاجى (سەنغۇچىلىك نىياز دەپمۇ ئاتىلاتتى)، ئەخمەت نىياز ھاجى، شېرىپ بەگ، ئۇلتىپ خان، ئىمىن ئاخۇن، باتۇر ئاكا، قاسىم دورغا (لەمجىنلىك)، قاسىم ھاجى (سۇبېشىلىق)، سۇلايمان ئاخۇن قاتارلىق كىشىلەر يىدائىيىلارنى قارشى ئېلىپ، ئۇلارنى قىزغىن كۇتۇۋالدى ۋە ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىپ، يىدائىيىلار بىلەن بىللە يىچانغا قاراپ ماڭدى. ئىنقىلاب ئوتى ئۇلغىيىش بىلەن لۈكچۈننىڭ ئاخىرقى ۋاڭلىرىدىن مۇھەممەت سېيىت ۋاڭ، ئىسكەندەر ۋاڭلارمۇ قوزغىلاڭغا قاتناشتى. ۋاڭ ئەۋلادلىرى خەلقنىڭ قوزغىلاڭ قىلغانلىقىنى ياقتۇرمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئاممىنىڭ ئىنقىلابىي ھەرىكىتىگە ئاشكارا قارشى چىقالمىدى. كۆرۈنۈشتە قارشى ئالغاندەك قىلسىمۇ، كۆڭلىدە قىزغىنلىق يوق ئىدى.

ئەلۋەتتە بۇ يەردە ئىدىقۇت دىيارىدىكى قەدىمىي مەدەنىيەت تارىخىغا ئىگە بولغان مەشھۇر يۇرت لۈكچۈننىڭ تارىخى ھەققىدىمۇ ئازراق توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ ھەقتە تارىخچى ئابدۇرېشىت ئەخمەت يازغان، «يىچان تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ 16 ـ قىسمى قىلىپ ئىشلەنگەن «لۈكچۈننىڭ قىسقىچە تارىخى» دا مۇنداق بايانلار بار: «غەربىي يۇرتتىكى ئۇرۇقداش قەبىلىلەر ئۆز ئالدىغا بەگلىكلەرنى قۇرغان مەزگىلدە لۈكچۈندىكى ئۇرۇقداش خۇ قەبىلىسى خۇ خۇ بەگلىكىنى قۇرۇپ، لۈكچۈننى ئاستانە قىلدى. لۈكچۈندە خۇ خۇ بەگلىكىنىڭ قۇرۇلغان دەۋرى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 206 ـ يىللارغا توغرا كېلىدۇ. «خۇ خۇ» ئاتالغۇسىدىكى خۇ شۇ دەۋردە لۈكچۈندە ياشىغان خۇ فامىلىلىك بىر قەبىلە باشلىقىنىڭ نامى. خۇ بولسا، قەدىمكى لۈكچۈندە ياشىغان قەدىمىي مىللەت ئۇيغۇرلارنىڭ نامى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ دەۋردە قەدىمكى ئۇيغۇرلار خۇلار (غۇزلار) دەپ

ئاتىلاتتى. قەدىمىي لۈكچۈن شەھىرى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 4 ـ ئەسىرلەردە ئادەملەر توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىپ، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىغاندىن تارتىپ شەھەر تۈسىگە كىرگەن. غەربىي، شەرقىي خەن سۇلالىلىرى دەۋرىدە لۈكچۈن بەگلىكى خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتقا ئۆتىدىغان مۇھىم قاتناش تۈگۈنى، شۇنداقلا غەربىي يۇرتنىڭ شەرقىي دەرۋازىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئورۇننى ئىگىلىگەن، بۇ مەزگىلدە لۈكچۈن مىسلىسىز كۈچىيىپ كەتكەن هونلار بىلەن خەن سۇلالىسىنىڭ تالىشىش نۇقتىسىغا ئايلىنىپ، گاھىدا خەن سۇلالىسىغا، گاھىدا هونلارغا تەۋە بولغان. ۋېي، جىن سۇلالىلىرى دەۋرىدە لۈكچۈن ليۇ جۇڭ دەپ ئاتىلىپ، قۇچۇ ئايمىقى (ۋىلايىتى)گە قاراشلىق قۇچۇ، تيەندى، خىڭجى، گاۋنىڭ قاتارلىق تۆت ناھىيىنىڭ ئىچىدىكى تيەندى ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى. تاڭ سۇلالىسى مەزگىلىدە قۇچۇ خانلىقى قارمىقىدىكى ليۇ جۇڭ ناھىيىسى يەنى لۈكچۈن ناھىيىسى قۇرۇلدى. قۇچۇ ئۇيغۇر خانلىقى مەزگىلىدە لۈكچۈن شەھىرى خانلىقنىڭ مۇھىم سىياسىي، ئىقتىساد ـ مەدەنىيەت مەركىزىگە ئايلىنىپ، بەگلىك تۈزۈمىدىكى شەھەر بولدى. چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدە يەكەن بىلەن لۈكچۈن خانلىقنىڭ ئىككى ئاستانىسى بولۇپ شەكىللەندى. چاغاتاي ئەۋلادلىرىدىن بولغان سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ ئوغلى ئەھمەدخان شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىدا ئون يىلغا يېقىن كۈرەش قىلىش ئارقىلىق شەرقىي قىسمىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، مىلادىيە 1490 ـ يىلى لۈكچۈننى خانلىقنىڭ رەسمىي پايتەختى قىلىپ بېكىتتى ۋە لۈكچۈندىكى ھەشەمەتلىك خان ئوردىسى قۇرۇلۇشىنى باشلىدى. خانلىق ئوردىسىنىڭ ئورنى لۈكچۈن شەھىرىدە قەدىمكى دەۋرلەردە هونلار قۇرغان قاراۋۇلخانىنىڭ ئورنى بولۇپ، شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئالدىنقى خانلىرى بۇ يەردە دەسلەپكى خان

ئوردىسىنى قۇرغانىدى. بۇ قېتىم لۇكچۈندىكى خان ئوردىسى ئەھمەدخان تەرىپىدىن كېڭەيتىپ قۇرۇلدى. ئوردىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 170 چى، كەڭلىكى 130 چى بولۇپ، ئۇلىنى 45 چى ئېگىزلىكتە پىششىق توپا بىلەن سوقۇپ، ئۈستىگە ھەشەمەتلىك قىلىپ بىر قەۋەتتىن ئىككى قەۋەتكىچە ئۆي سالدى. كەڭلىكى 85 چى، ئۇزۇنلۇقى 165 چى دائىرىسىگە ھەشەمەتلىك قىلىپ لەمپە ياسىدى. ئوردا سىرتىدىن بەش چوڭ ئېشىك ئارقىلىق ئىچىگە كىرىپ، 41 تاش پەلەمپەيدىن چىقىپ، ئاسما كۆۋرۈك ئارقىلىق ئوردىغا كىرگىلى بولىدىغان، ئاسما كۆۋرۈك تارتىۋېتىلسە ئوردىغا كىرگىلى بولمايدىغان قىلىپ لايىھەلەندى. ئېگىزگە ۋە پەسكە بولۇپ، خان ئوردىسىغا قاراشلىق 260 ئېغىز ئۆي سېلىندى. پەستىكى ئۆيلەرگە خان مۇلازىملىرى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئوردا ئىچىدە بولسا خاننىڭ ھەرەمخانىسى، تەختىخانىسى، شاھنىشىن (خاننىڭ مەخسۇس مەسچىتى) ۋە سۇ تارتىدىغان قۇدۇق قاتارلىقلار ئورۇنلاشتۇرۇلدى. خان ئوردىسىنىڭ تېگىدە يەنە زىندان، ئوردا كەينىدىكى باغقا چىقىدىغان لەخمىلەرمۇ بار ئىدى. خان ئوردىسى مىلادىيە 1494 ـ، 1495 ـ يىللىرى رەسمىي پۈتۈپ، خان جەمەتى ئوردىغا كۆچۈپ كىرىپ سەلتەنەت سۈردى. خان ئوردىسى ئېگىز بولۇپ، شەھەر سىرتىدىن قارىسا خېلى يىراقلارغا كۆرۈنەتتى. شۇڭا، تارىختا لۇكچۈن خان ئوردىسى كىشىلەر تەرىپىدىن «ئېگىز ئوردا» دەپ ئاتالدى. ئەھمەدخان ئېگىز ئوردىنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن شەھەر سېپىلىنى ئەسلىدىكى شەكلى ئاساسىدا كېڭەيتىپ ئېگىزلىتىپ، سېپىل ئۈستىدە مەپە قاتىنىغۇدەك ھالەتتە شەكىللەندۈردى. شەھەرنىڭ تۆت تېمىنىڭ ئوتتۇرىسىغا يۇقىرىقى قوۋۇق (شەرقىي قوۋۇق)، تۆۋەنكى قوۋۇق (غەربىي قوۋۇق)، ئۆلەڭ قوۋۇق (جەنۇبىي قوۋۇق)، يېڭىشەھەر قوۋۇقى (شىمالىي قوۋۇق) قاتارلىقلارنى، سېپىل ئۈستىگە قاراۋۇلخانىلارنى

ئورۇنلاشتۇردى. 1495 - يىلى ئەھمەدخان يەنە ھەيۋەتلىك لۇكچۇن خانلىق مەدرىسىنى پۈتكۈزۈپ، بۇ يەرنى شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئىسلام مەدەنىيىتىنى تارقىتىدىغان مەركىزىگە ئايلاندۇردى. ئەھمەدخان دەۋرىدە خانلىقنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىك، سودا، سېتىق ئىشلىرىمۇ زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. مەنسۇرخان شەرقىي چاغاتاي خانلىقىغا خان بولغاندىن كېيىن ئۆمرىنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك لۇكچۇندە ئۆتكۈزۈپ، 40 يىلدىن ئارتۇقراق خانلىق تەختىدە ئولتۇردى. بۇ مەزگىلدە ئۇ خانلىق تەختىنى زور دەرىجىدە مۇستەھكەملەش بىلەن بىرگە، مىلادىيە 1538 - يىلى خانلىق مەدرىسىنى رېمونت قىلىپ، پەشتىقىنى ھەيۋەتلىك قىلىپ قايتا ياساتتى. پەشتاقنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئېگىزلىكى 100 چىدىن قىلىپ، ئىككى مۇنار سالدى، بۇ تارىختا «لۇكچۇن مۇنارى» دەپ ئاتالدى. (لۇكچۇن مۇنارى كېيىنكى يېغىلىقلاردا گۇمران بولغاندىن كېيىن، مىلادىيە 1998 - يىلىغا كەلگەندە لۇكچۇندىكى جامائەتنىڭ نەچچە يۈز مىڭ يۈەن مەبلەغ توپلىشى بىلەن مۇنار قۇرۇلۇشى باشلىنىپ، 2000 - يىلى 7- ئايدا ئەسلىدىكى مۇنارغا ئوخشاش بولغان، ئېگىزلىكى 27 مېتىر كېلىدىغان قوش مۇنار، ھەيۋەتلىك پەشتاق ياساپ پۈتتۈرۈلۈپ، ئەينى يىللاردىكى خانلىق مەدرىسىنىڭ شۆھرىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى) كېيىن لۇكچۇن خانلىقى شەرقىي چاغاتاي خانلىقىغا قاراشلىق زېمىنلار بىلەن بىرگە سەئىدىيە خانلىقىنىڭ تېررىتورىيىسىگە ئۆتتى. سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى سەئىدخان ئەھمەد خاننىڭ ئۈچىنچى ئوغلى بولۇپ، مىلادىيە 1487 - يىلى لۇكچۇندە تۇغۇلغان، بالىلىق چاغلىرىنى لۇكچۇن خان ئوردىسىدا بىلىم تەھسىل قىلىش بىلەن ئۆتكۈزگەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئەۋلادلىرىدىن مەھمۇت سۇلتان، مۇھەممەت ئالىپ باتۇر (باھادىر) سۇلتان، خۇدابەردى سۇلتان، ئابدۇرېھىم سۇلتان، ئابدۇللا سۇلتان، ئەبۇل

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

مۇھەممەد سۇلتان، ئىبراھىم سۇلتان، باباق سۇلتان، ئابدۇرەشىد سۇلتان قاتارلىقلار مىلادىيە 1678 ـ يىلىغا قەدەر لۇكچۇندە نائىب بولۇپ تەختتە ئولتۇردى. كېيىن سوپىلار نەسەبىدىن بولغان ئىمىن خوجا لۇكچۇننىڭ بېگى ئابدۇل ئەھمەد بەگدىن ھوقۇقنى تارتىۋېلىپ، لۇكچۇن خان ئوردىسىغا كۆچۈپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئىمىن خوجىنىڭ لۇكچۇندىكى بەگلىك ھۆكۈمرانلىقى باشلىنىپ، ئىمىن خوجا تارىخ سەھنىسىدىن ئورۇن ئالدى. ئىمىن خوجا لۇكچۇنگە ۋاڭ بولغاندىن كېيىن مىلادىيە 1765 ـ يىللىرى لۇكچۇن ئېگىز ئوردىسىنى بىر قېتىم ئومۇمىيۈزلۈك رېمونت قىلدۇردى. (ئېگىز ئوردىنىڭ كۆلىمى ئون مو ئەتراپىدا بولۇپ، ئوردىنىڭ قىرغىقىنى بويلاپ، بەل بىلەن تەڭ كەلگۈدەك قالقان ياسالغان، ئىككى كۆزەتچى قالقاننىڭ ئەتراپىدا كېچە ـ كۈندۈز مۇھاپىزەتتە تۇرغان. ئۇنىڭسىزمۇ قوۋۇقتىن باشقا جايدىن ئوردىغا كىرىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس بولۇپ، يەردىن ئون مېتىرغا يېقىن كۆتۈرۈپ سېلىنغان ئوردا يەر يۈزى بىلەن 41 تاش پەلەمپەي ئارقىلىق تۇتاشتۇرۇلغان. پەلەمپەينىڭ ئەڭ يۇقىرى قىسمى بىلەن ئېگىز ئوردىنىڭ دەرۋازىسى تۇتىشىدىغان جايدا تۆت مېتىر كەڭلىكتىكى بوشلۇق بولۇپ، بۇ يەرگە بىر ئاسما كۆۋرۈك ئورنىتىلغان. كەچ كىرىشى بىلەنلا ئاسما كۆۋرۈك ئارغامچا بىلەن كۆتۈرۈۋېتىلسە، ھېچقانداق جان ـ جانىۋار ئوردىغا كىرەلمەيدىغان قىلىپ ياسالغان. ئېگىز ئوردىنىڭ دەرۋازىسى شەرققە قارىغان، دەرۋازىغا چىقىدىغان پەلەمپەيلەر، 20 — 30 مېتىر ئارىلىقتىچە سوزۇلغان بولۇپ، لۇكچۇن شەھىرىنىڭ يۇقىرىقى قوۋۇقىدىن كىرگەن كىشى شەھەر مەركىزىدىكى ئېگىز ئوردىنىڭ دەرۋازىسىغا ئۇدۇل يۈزلىنىدىغان ھالەت شەكىللەندۈرۈلگەن. ئىمىن ۋاڭ دەۋرىدە ھېيت ـ ئايەم مەزگىللىرىدە «گاڭنىڭ ناغرى» دەپ ئاتىلىدىغان تۆت چوڭ ناغرا، قوش سۇناي ئېگىز ئوردىنىڭ ئۈستىدە

چېلىنسا، ئاۋام خەلق پەستە تۇرۇپ قىزغىن ئۇسسۇلغا چۈشكەن. ئېگىز ئوردا شىپىڭ شىسەي تەرىپىدىن ۋەيران قىلىنغان بولسىمۇ، ئوردىنىڭ مۇستەھكەم ئۇل خارابىسى ھازىرغىچە ساقلانغان بولۇپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 1999 ـ يىلى 7 ـ ئايدا بۇ يەرنى «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ئورنى» دەپ بېكىتكەن) چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى ئىمىن خوجىنىڭ ئىزچىل تۈردە چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىگە سادىق بولۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشتىكى تۆھپىسىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئەسلىدىكى جاساق تۈزۈمىنى ۋاڭلىق دەرىجىسىگە كۆتۈردى ھەم مىلادىيە 1758 ـ يىلى لۈكچۈن ۋاڭلىق ھاكىمىيىتىنى تىكلىدى. ۋاڭلىقتا تەۋە بولغان يەرلەرنى ئىمىن خوجىغا ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا باشقۇرىدىغان سۇيۇرغال قىلىپ بەردى. ئەفرىدۇن ۋاڭ (ئىمىن خوجىنىڭ ئەۋرىسى) 1827 ـ يىلىدىن 1873 ـ يىلىغىچە 46 يىل لۈكچۈندە جۇنۋاڭ بولۇپ تۇرۇش جەريانىدا لۈكچۈن كونا شەھەرنى ئۆزگەرتىپ ياسىتىپ، شەھەرنى كېڭەيتىپ سېپىل سالدۇردى ۋە تۇرپان كونا شەھەر قۇرۇلۇشىنى كېڭەيتىپ قۇرۇش ئىشلىرىغا تۆھپە قوشتى. ئىمىن خوجا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى 1933 ـ يىلىغىچە ھېسابلىغاندا لۈكچۈن شەھىرىگە 211 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى. 1835 ـ يىلى قەشقەردە ھاكىمبەگ بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئىمىن خوجىنىڭ نەۋرىسى زوھۇرىددىن ھېكىمبەگ لۈكچۈن ۋاڭى ئەفرىدۇن (زوھۇرىددىن ھېكىمبەگنىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى، مۇھەممەد سەئىد ۋاڭنىڭ ئوغلى) نىڭ تەلىپىگە بىنائەن ئۆزى قەدىرلەپ ئىشلىتىۋاتقان ئوردا دىۋان بېگى، شائىر ئابدۇرېھىم نىزارىنى لۈكچۈنگە ئەۋەتتى. ئابدۇرېھىم نىزارى ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ لۈكچۈنگە كەلگەندىن كېيىن ئەينى ۋاقىتتىكى تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت مەركىزى بولغان لۈكچۈن شەھىرىنىڭ ئومۇمىي

ئەھۋالى بىلەن تەپسىلىي تونۇشۇپ، بۇ يەردىكى ئالىم، ئۆلىمالار بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولغان. لۇكچۇندىكى مەزگىلدە «لۇكچۇن ۋاڭى ئەفرىدۇننىڭ قەشقەر ھاكىمبېگى زوھۇرىددىنغا يوللىغان سالىمى»، «مۇھەممەت سەئىد ۋاڭ ھەققىدە قىسسە»، «ئەسھابۇلكەھف ھەققىدە قىسسە» قاتارلىق ئەسەرلەرنى ۋە «رابىئە ـ سەئىددىن»، «ۋامۇق ـ ئۈزرا» قاتارلىق داستانلاردىن تەركىب تاپقان چوڭ ھەجىملىك مەشھۇر ئەسەر «خەمسە» نى يېزىپ پۈتتۈردى. ئەپسۇسكى، بۇ ئەسەرلەرنىڭ ئەفرىدۇن ۋاڭغا تەقدىم قىلىنغان نۇسخىسى 1933 ـ يىلى شىڭ شىسەي لۇكچۇن ۋاڭ ئوردىسىنى بومباردىمان قىلغاندا كۆيۈپ كەتكەن. (شائىر ئابدۇرېھىم نىزارى ئۆزى قەشقەرگە بىللە ئېلىپ كەتكەن نۇسخىسى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلدى).

قوزغىلاڭ باشلانغاندىن تارتىپ، قوزغىلاڭچىلار تەمىناتىنىڭ مۇقىم مەنبەسى بولمىغاچقا، ھەر كىم ئۆزىنىڭ يەيدىغىنى ۋە ئات ـ ئۇلاغ بوغۇزىنى ئۆزى تەييارلاپ ئېلىۋالاتتى ياكى بىرەر يۇرتقا بارسا، ھۆكۈمەت ساقچىلىرىدىكى ئاشلىقلارنى يېمەكلىك ۋە مال بوغۇزى قىلاتتى. شۇنداق بولسىمۇ، قول ئىلكىدە بار كىشىلەر قاراپ تۇرماي، قوزغىلاڭچىلارنى بەش ـ ئوندىن بۆلۈۋېلىپ بىر نەچچە كۈن باقاتتى ۋە ئات ـ ئېشەكلىرىگە يەم ـ خەشەك بېرەتتى، لۇكچۇندىمۇ شۇنداق بولدى.

پىچاندا ئاق ئورۇسلار بىلەن شۇن فايۇننىڭ قالدۇق ئەسكەرلىرىدىن مىڭغا يېقىن ئەسكەر بار بولۇپ، ئۇلار ئېغىر ـ يېنىك پىلىموت، توپ ـ زەمبىرەك، مىلتىقلار بىلەن قوراللانغان، ئۇرۇش قىلىش تەجرىبىسىگە باي، ئاق ئورۇس ئەسكەرلىرى مۇنتىزىم تەربىيىلىنىپ، بىرىنچى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشىغا قاتناشقان بولغاچقا بۇنداق دۈشمەننى ھەرگىزمۇ سەل چاغلىغىلى بولمايتتى. شۇڭا، قوزغىلاڭ رەھبەرلىرى قىسىملارنى قايتىدىن تەرتىپكە سېلىپ، باش شتابنى يېڭىدىن

تەشكىللەپ، تەشكىلىي تۈزۈملەرنى چىڭىتتى. بۇ قېتىمقى
تەرتىپكە سېلىشتا مەخسۇت مۇھىتى باش قوماندان، ھەمدۇللا
ئەلەم ئاخۇنۇم، موسۇلباي، ئىمىن باي ھاجىلار باش
مەسلىھەتچى، ما شىمىڭ شىجاڭ، مەھمۇت مۇھىتى لۇيجاڭ
بولۇپ تەيىنلەندى. مۇھىتىلارنىڭ ئاستانىدىكى قورۇسى
قوماندانلىق باش شتابى قىلىپ بېكىتىلدى. جايلارنى ئاساس
قىلغان ھالدا، تۇەن، يىڭ، ليەنلەر قۇرۇلۇپ، تۇرپان
قىسىملىرىغا ئابدۇللا داموللا تۇەنجاڭ (تۇرپانلىق)، ئاستانە
قىسىملىرىغا نىياز تۇەنجاڭ (ئاستانىلىك)، قاراغوجا
قىسىملىرىغا پولات تۇەنجاڭ (قاراغوجىلىق)، لۈكچۈن
قىسىملىرىغا ئىبراھىم تۇەنجاڭ (ياڭخىلىق)، توقسۇن
قىسىملىرىغا ئابدۇسەمى يىڭجاڭ (يەمشىلىك)، سىڭگىم،
مۇرتۇق قىسىملىرىغا ئىسكەندەر ليەنجاڭ (مۇرتۇقلۇق) لىقتا
تەيىنلەندى. تايىپ زاھىرى، ھاپىز مىراب، سېتىنىياز ليەنجاڭ
قاتارلىق 12 كىشى يىڭجاڭلىققا بەلگىلەندى. خۇيزۇ
قوزغىلاڭچىلىرىمۇ ما شىمىڭنىڭ باشچىلىقىدا تۇەنلەرگە ئايرىلىپ
قوماندانلار بېكىتىلدى. بۇ قوماندانلار ئۆز يۇرتلىرىدىن كەلگەن
جەڭچىلەرگە ياخشى يېتەكچىلىك قىلىش بىلەن بىرگە ھەر قايسى
قىسىملار ئۆز ئارا ماسلىشىپ، زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، بىر تۇتاش
قوماندانلىققا قەتئىي بويسۇنۇش، قاراملىق، ئۆز بېشىمچىلىق
قىلماسلىق، تۈزۈملەرگە قەتئىي رىئايە قىلىش تەلەپ قىلىندى.
ئالدىنقى جەڭلەردە دۈشمەندىن ئولجا ئېلىنغان قوراللار
مەرگەنلەردىن ئىمتىھان ئېلىنىپ، نىشانغا تەگكۈزەلىگەنلىرىگە
بېرىلدى، ئوق ـ دورىلارنى تۇەن، يىڭ رەھبەرلىرى تەمىنلەش،
مىلتىق يېتىشمىگەنلىرى قىلىچ، نەيزە، ئورغاق، توقماق
تۇتۇش، بىرمۇ كىشى قورالسىز جەڭگە كىرمەسلىك قارار
قىلىندى. شۇ كۈندىن باشلاپ قوزغىلاڭچىلار رەسمىي ئەسكەر
دەپ ئاتىلىدىغان بولدى. ئۇرۇش تاكتىكىسى جەھەتتە پۇختا،

www.uyghurkitap.com

ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، پۈتۈن قوشۇننىڭ جاسارىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن قورقۇمسىز، باتۇر، پەملىك 200 چەۋەنداز ياشتىن پىدائىيلار قوشۇنى تەشكىل قىلىنىپ، ئۇلارغا «زەربىدار قوشۇن» دەپ نام بېرىلدى. بۇ ياشلار بىلەكلىرىگە قىزىل، ئاق يەڭ بەلگىسى تاقاپ، ھەر قانداق ئۇرۇش مەيدانىدا سەپنىڭ ئالدىدا مېڭىپ، يولۋاستەك ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، دۈشمەن سېپىنى قايچىدەك يېرىپ ماڭىدى. تەرتىپكە سېلىش ئىشلىرى بىر ھەپتە داۋاملاشقاندىن كېيىن 1931 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى پىچانغا ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم باشلاندى. ھۇجۇم پىلانى بويىچە مەھمۇت شىجاڭ قىسىملىرى شەھەرنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىدىن ئۈرۈمچى ـ تۇرپان يولىنى كونترول قىلىپ، ما شىمىڭ قىسىملىرى شەرقىي تەرەپتىن قۇمۇل يولىنى توسۇپ ھۇجۇمغا ئۆتتى. دۈشمەن پۈتۈن ئەسكىرىي كۈچىنى سېپىل ئۈستىگە يۆتكەپ، سېپىل دەرۋازىسىنى مەھكەم تاقاپ، ئىچىدىن تام قوپۇرۇپ سىرتقا ھۇجۇم قىلماسلىق، سىرتتىن ھۇجۇم قىلمىسا ئوق چىقارماسلىق تاكتىكىسىنى قوللاندى. سېپىل تاملىرىنى دالدا قىلىپ، جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسەتتى. قوزغىلاڭچى پىدائىيلار دەسلەپتە شوتىلارنى كوتۈرۈپ، ئوقتەك ئېتىلىپ سېپىل تۈۋىگە يۈگۈرگەن بولسىمۇ، دۈشمەنلەر يامغۇردەك ئوق ياغدۇرۇپ، باتۇرلارنى ئەجەل ئوقىغا يەم قىلدى. بۇنىڭ بىلەن پىدائىيلارنىڭ تېخىمۇ غەزىپى كېلىپ، كېچە ـ كۈندۈز نۆۋەتلىشىپ سېپىلغا باتۇرلۇق بىلەن ھۇجۇم قىلىۋەردى. لېكىن ھەر قېتىملىق ھۇجۇم قۇربان بېرىشلەر بىلەن ئاخىرلىشىپ، 800 دەك باھادىر ئەزىمەت جەڭدە شېھىت بولدى. چۈنكى، دۈشمەننىڭ قوراللىرى خىل، ئوت كۈچى كۈچلۈك، مۇداپىئە شارائىتى ياخشى ئىدى، بولۇپمۇ ئاق ئورۇس ئەسكەرلىرى تەجرىبىلىك بولغاچقا، پىدائىيلارنى ۋەھشىيلىك بىلەن ئوققا تۇتۇپ، سېپىلغا يېقىن كەلتۈرمىدى. بۇ ئۇرۇشتا

لەمجىن، چۇۋانقىر، خاندو يېزىلىرىدىن كەلگەن مەتنىياز داموللا باشچىلىقىدىكى 300 دىن ئارتۇق جەڭچى ئاجايىپ زور پىداكارلىق كۆرسەتتى. بۇ جەڭچىلەرنى مەتنىياز داموللا يېتەكچىلىك قىلىپ، جەڭگە تەشكىللىگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە داموللامدا ئىلىم تەھسىل قىلغان 30 تالىپمۇ بار ئىدى. مەتنىياز داموللا كۆك ئاتقا مىنىپ، ئاق سەللە ئوراپ، بېلىگە كەمەر تاقاپ، قولىغا ئۆزى ياسىغان قىلىچنى تۇتقان هالدا جەڭگە ئات سالغاندا، ئۇنىڭ تالىپلىرى تېخىمۇ جەسۇر روھ بىلەن ئۇستازىنى قوغداپ، «ئۇررا!» ساداسى بىلەن جەڭگە كىردى. كۆك ئاتلىق داموللىنىڭ جەڭگە كىرگەن ۋاقىتتىكى قىياپىتى، روهي هالىتى باشقا جەڭچىلەرگىمۇ قاتتىق تەسىر كۆرسىتىپ، كۆپلىگەن پىدائىيلار ۋىشىلداپ ئۇچۇۋاتقان ئوقلارغا پەۋا قىلماي، سېپىلغا ئۆزىنى ئاتتى. قوزغىلاڭ رەهبەرلىرى بۇنداق ئاشكارا هۇجۇمغا ئۆتكەندە چىقىمنىڭ كۆپ بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى هېس قىلىپ، چۇقان - سۈرەن بىلەن ئات چاپتۇرۇپ مېڭىش تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتىپ، مەرگەنلەر يوشۇرۇن هالدا سېپىل تۈۋىگە يېقىنلاپ بېرىپ، سېپىل تۆشۈكچىلىرىدىكى دۈشمەنلەرنى يوقىتىش تەدبىرىنى تۈزدى. دەسلەپتە بۇ خىل تاكتىكىنىڭ ئۈنۈمى بولغان بولسىمۇ، دۈشمەنلەرمۇ قۇۋلۇق قىلىپ، سېپىل تۆشۈكچىلىرىگە باش كىيىملەرنى ئەكىلىپ، ساختا كۆرۈنۈش پەيدا قىلىپ، پىدائىيلارنىڭ ئوقىنى خوراتتى. قوزغىلاڭچىلار شوتا قويۇپ، سېپىلغا يامىشىش، دەرۋازىغا ئوت قويۇشقا ئۇرۇنۇپ كۆرگەن بولسىمۇ، دۈشمەنىنىڭ ئوت كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈشى بىلەن بۇ ئۇسۇللار قانچىلىغان پىدائىينىڭ قۇربانى بىلەن ئاخىرلاشتى. بىرىنچى ئايدىكى قەهرىتان سوغۇقتا پىدائىيلار ئايدالادا گۈلخانلارنى يېقىپ، نۆۋەت بىلەن ئوت سۇنۇپ تاڭ ئاتقۇزدى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشنىڭ باش مەسلىهەتچىسى، تۇرپاندىكى ئىلىمگە كامىل، يۇقىرى ئابرۇيلۇق زات هەمدۇللا

www.uyghurkitap.com

(داموللام) ئەلەم ئاخۇنۇم پەرىشتىدەك پاكىز، مويسىپىت قىياپىتى بىلەن جەڭچىلەرنىڭ ئارىسىغا كىرىپ، ئاجايىپ پاساھەتلىك نۇتۇقلارنى سۆزلەپ، جەڭچىلەرگە ئىلھام بەردى. باش قوماندان مەخسۇت مۇھىتى كېچە ـ كۈندۈز ئارام ئالماي، كۆك بوز ئاتقا مىنىپ، سېپىلنىڭ تۆت تەرىپىدىكى ئەسكەرلەرنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، ئۇنۇملۇك تەدبىرلەرنى بەلگىلەپ، پىدائىيلارغا ياخشى قوماندانلىق قىلدى. ئەتراپتىكى يۇرتلاردىكى نىياز باي، ئىسمايىل باي، توختى ئىمام، مويدىن باي قاتارلىق ھاللىق ئائىلىلەر ئۇن، قوي، كالا، نان قاتارلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ كېلىپ پىدائىيلاردىن ھال سوراپ، ئۇلارغا ياردەم بېرىپ تۇردى.

ھەر كۈنى تاڭ قاراڭغۇسىدا ما شىمىڭنىڭ ئەسكەرلىرى كانايلارنى چېلىپ ھۇجۇمنى باشلىسا، بۇ تەرەپتىكىلەرمۇ ئۇلارغا ماسلىشىپ ھۇجۇم قىلاتتى. تاڭ ئېتىشى بىلەن ھۇجۇم توختاپ، ئاشۋاقتى بىلەن يەنە كالتە جەڭلەر باشلىناتتى. مۇشۇنداق قايتا ـ قايتا ھۇجۇم، دەھشەتلىك ئۇرۇش 12 ـ كۈنىگە قەدەم قويغاندا دۈشمەنلەر ساراسىمىگە چۈشتى. قوزغىلاڭچىلارنىڭ تىز پۈكمەس روھى، پىداكارلىقى، باتۇرلۇقى ئۇلارنى قورقۇتقانىدى. دەل مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە يەنى 1933 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 19ـ كۈنى شېڭ شىسەينىڭ 4500 كىشىلىك مۇنتىزىم قوشۇنى پېچاندىكى دۈشمەنلەرگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن تۇيۇقسىز كېلىپ قالدى. شۇ ئايلاردا جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە، قەشقەردىن باشقا شەھەرلەرنىڭ ھەممىسى قوزغىلاڭچىلارنىڭ قولىغا ئۆتكەن، شەرقىي شىنجاڭنىڭ ئەڭ مۇھىم تۈگۈنى ھېسابلانغان پىچان ناھىيىسى ئېغىر تەھلىكە ئاستىدا قالغان ۋەزىيەت شەكىللەنگەن ئىدى. بۇ ۋەزىيەتتىن ئالاقزادە بولغان جىڭ شۇرېن ھۆكۈمىتى شەرقىي يولنىڭ «غالىب سەركەردىسى» شېڭ شىسەينى قايتۇرۇپ كېلىپ، تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرىنى باستۇرۇشقا ئەۋەتكەنىدى.

قۇمۇلنىڭ تاراتى ئېغىزىدىن باركۆل ئارقىلىق پىچانغا كەلگەن شىڭ شىسەي قوشۇنلىرىنىڭ قورال - ياراغلىرى تولۇق ۋە خىل بولۇپ، پىلىموت، زەمبىرەكلىرى، ھەتتا برونېۋىك ماشىنىلىرىمۇ بار ئىدى. ئۇلار كېلىپلا قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئارقا تەرىپىدىن توپ، زەمبىرەكلەر بىلەن قاتتىق ھۇجۇم باشلىدى. قوزغىلاڭچىلارمۇ ئۇلارنىڭ ھەيۋىسىدىن قورقۇپ قالماي، قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتتى. لېكىن برونېۋىك، زەمبىرەك، پىلىموت بىلەن قوراللانغان دۈشمەنلەرگە مىلتىق، نەيزە، قىلىچ، ھەتتا تاياق - توقماق بىلەن تەڭ كەلگىلى بولمايتتى. جەڭ قىزىغاندا ئارقىغا مۆكۈپ، غەلىبە يېقىنلاشقاندا ئالدىغا ئۆتۈۋالىدىغان، غەنىيمەت ئېلىشقا ئامراق ما شىمىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتنىڭ ئۆزىگە پايدىسىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، قوشۇنلىرىنى باشلاپ، تۇرپانغا قاراپ قاچتى. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا باش قوماندان مەخسۇت مۇھىتى ئورۇنسىز قۇربان بېرىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن قوزغىلاڭچىلارنى لەمجىنگە چېكىنىشكە بۇيرۇق بەردى.

جاللات شىڭ شىسەي قۇرۇق قالغان پىچان شەھىرىگە كىرگەندىن كېيىن ئۈچ كۈن قەتلىئام يۈرگۈزۈپ، بىگۇناھ پۇقرالارنى رەھىمسىزلىك بىلەن قىردى، رۇس ئەسكەرلىرىنىڭ غالجىرانە قىرغىنچىلىقىغا يول قويدى. ئۇلار ئۆيمۇ ئۆي دېگۈدەك ئاختۇرۇپ، ئەرلەرنى قىلىچ بىلەن چېپىپ، نەيزە تىقىپ، بەدەن ئەزالىرىنى كېسىپ، ئۆلتۈردى. ياش ئاياللارنى ئەرلىرىگە، ئاتا-ئانىسىغا كۆرسىتىپ تۇرۇپ باسقۇنچىلىق قىلدى، كۆكسىلىرىنى كېسىپ قىينىدى. بوۋاقلارنى نەيزە ئۇچىغا سانجىپ، يەرگە ئېتىپ، قىيناپ ئۆلتۈردى. ئۇلار لەمجىن، لۇكچۇن، ياڭخىلاردا يول بويى ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ئۇسۇللار بىلەن بىگۇناھ خەلقنى قىرغىن قىلىپ، 6000 غا يېقىن كىشىنىڭ جېنىغا زامىن بولدى. مانا بۇ پىچان تارىخىدا يۈز بەرگەن، جاللات شۇن

فايو، شىڭ شىسەيلەرنىڭ باش رېژىسسورلۇقىدىكى چوڭ قىرغىنچىلىق ئىدى.

شىڭ شىسەي پىچاندا تۆت ـ بەش كۈن دەم ئېلىپ، ئەسكەرلىرىنى رەتكە سالغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ 4000 ئەسكىرىگە پىچاندىكى ئاق ئورۇس ئەسكەرلىرىدىن 500 نى قوشۇپ، 4500 ئەسكەر ۋە زامانىۋى قوراللار بىلەن تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرىنى كەينىدىن قوغلاپ تۇرپانغا قاراپ يولغا چىقتى. پىدائىيلارمۇ يەنىلا قىلچە تىز پۈكمەستىن مەخسۇت مۇھىتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە يول بويى شىڭ شىسەي ئەسكەرلىرى بىلەن جەڭ قىلىپ ماڭدى. ئۇلار لەمجىندە دۈشمەننىڭ برونېۋىك ماشىنىسى ماڭىدىغان يولغا بىر قانچە ئورا كولاپ ئۈستىنى يېپىپ، ئۆزلىرى مۇداپىئەلىنىدىغان ئورۇنلارنى تەييارلىدى ۋە مەرگەنلەردىن 30 نى تاللاپ يول بويىدىكى ئىستىھكاملارغا بۆكتۈرمىگە قويدى. شىڭ شىسەي پىچانغا كەلگەننىڭ ئالتىنچى كۈنى توپ زەمبىرەكلىرىنى ئېتىپ لەمجىنگە يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئالدىن يۈرەر قىسمى بولغان 200 دەك رۇس ئەسكىرى لەمجىن تەۋەسىگە كىرىشى بىلەن مۆكۈنۈپ ياتقان مەرگەنلەر بىر پاي ئوقىدا بىرنى يىقىتىپ، 50 — 60 قا يېقىن رۇس ئەسكىرىنى يەر چىشلەتتى. نەتىجىدە شىڭ شىسەي بۇ يەردە ئىلگىرىلىيەلمەي، بىر سوتكىغا يېقىن تۇرۇپ قېلىشقا مەجبۇر بولدى. شۇ ئارىدا ئۇرۇمچىدىن قوش قاناتلىق بىر ئايروپىلان كېلىپ، ئۇرۇش مەيدانى ئۈستىدە ئايلىنىشقا باشلىدى، پىدائىيلارنىڭ ھەممىسى توپلىشىپ تۇرغان يەردىن تارقىلىپ ئۆزلىرىنى دالدىغا ئالدى. لېكىن، بىر قىسىم پىدائىيلار ھەم ھەيرانلىق ھەم تېڭىرقاش ئىچىدە ئايروپىلاننىڭ كۆچىگە سەل قاراپ ۋە ئىشەنمەي: «قورقماڭلار، بومبا تاشلايدىغان بولسا تاشلاپ باقسۇن، ئاسماندا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان قاغىنىڭ پوقى كىمنىڭ بېشىغا چۈشۈپتۇ» دېيىشىپ، نادانلىق بىلەن ئاسمانغا قاراپ تۇرۇشتى. يەنە بەزىلەر ئايروپىلاننى ئېتىپ

چۈشۈرىمىز دەپ، ئۇنى قارىغا ئېلىپ ئوق چىقاردى. چۈنكى، مۇتلەق كۆپچىلىك پىدائىيلارنىڭ ئايروپىلاننى تۇنجى قېتىم كۆرۈشى ئىدى. ئايروپىلان ئۇرۇش مەيدانىنى ئىككى قېتىم ئايلىنىپ، ئىككى يەرگە بومبا تاشلاپ، ئۇرۇمچى تەرەپكە قايتىپ كەتتى.

پىدائىيلار لەمجىندە دۈشمەن بىلەن بىر كېچە - كۈندۈز ئۇرۇش قىلغاندىن كېيىن، سىڭگىم ئېغىزىغا چېكىنىپ مۇداپىئە تەييارلىقىنى كۆردى. ئەتىسى دۈشمەنلەر چوڭ يول بىلەن پىدائىيلارنى قوغلاپ كەلدى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى سىڭگىمنىڭ ساقا تەرىپىگە بۆلۈنۈپ، يەنە بىر قىسمى مۇرتۇقنىڭ بېزەكلىك تەرىپىگە بۆلۈنۈپ، ئوتتۇرىدىكى ئات باغلاش خوجام (سىڭگىم ئېغىزى ئىچىدىكى ئىدىقۇت تېغىنىڭ بىر تۆپىلىكى، بۇ يەردە ھەزرىتى ئەلى مىنگەن تۇلپارنىڭ بىر تۇۋىقىنىڭ ئىزى بار، دەپ رىۋايەت قىلىنىدۇ) دېگەن تۆپىلىككە زەمبىرەكلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، زەمبىرەكلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن ئىدىقۇت تېغىنىڭ شىمال تەرىپى بىلەن تاغقا ئۆرمىلەپ چىقىشقا باشلىدى. پىدائىيلار بۇ ئېگىز تاغنىڭ ئۈستىگە ئالدىقاچان چىقىپ جايلىشىۋالغان بولغاچقا، دۈشمەننى ئالغا باستۇرماي توسۇپ تۇردى. دەل شۇ پەيتتە ئاق ئورۇس ئەسكەرلىرى سىڭگىم يېزىسىنىڭ ساقا مەھەللىسىدىن ئارقىغا قايتىپ، سۇبېشى دېگەن يەرگە بېرىپ، ئاندىن ئىدىقۇت تېغىنىڭ شىمالىدىن جەنۇب تەرەپتىكى تۇيۇق يېزىسىغا چۈشۈپ، پىدائىيلارنىڭ ئارقا تەرىپىدىن ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى. پىدائىيلار ئامالسىز چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى ۋە تۇرپاننىڭ ناھىيە بازىرىغا قايتىپ ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىشنى قارار قىلدى.

سىڭگىم ئېغىزى بىلەن ناھىيە بازىرىنىڭ ئارىلىقى 40 كىلومېتىر كېلىدىغان بولۇپ، شېڭ شىسەي قوشۇنى بۇ ئارىلىقتا

ئۆچرىغانلا ئادەمنى ياش ـ قېرى، ئەر ـ ئايال دېمەي ئېتىپ ـ چېپىپ ماڭدى. مەخسۇت مۇھىتى ۋە ھەمدۇللا دامولللام باشچىلىقىدىكى خەلق پىدائىيلىرى قانچىلىك كۈچى بارلىقىدىن قەتئىينەزەر، قىلچە ئىككىلەنمەي، دۈشمەننى تۇرپان بازىرىغا ھەرگىز كىرگۈزمەيمىز دېگەن ئىرادە بىلەن، ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان مۇنار ئەتراپىدىكى قاڭقا مەھەللىسىدىن تارتىپ باغىر ۋە بۇيلۇققىچە سەپ تۈزۈپ تۇردى، دۈشمەنلەر كېلىشى بىلەن ئۇرۇش باشلاندى. لېكىن، رەسمىي تەشكىللەنمىگەن ۋە ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە كۆرمىگەن پىدائىيلار شۇنچە ناچار قوراللار بىلەن دۈشمەننى توسۇش يولىدا جان بېرىۋاتسا، ما شىمىڭنىڭ خېلى ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە كۆرگەن ئەسكەرلىرى بىرەر سائەت ئۇرۇش قىلا ـ قىلمايلا سەپنى قويۇپ بېرىپ، ياخشى ئات، ياخشى مىلتىق ۋە يېتەرلىك ئوقلار بىلەن تۇرپان بازىرىغا كىرمەي، ئۇدۇل توقسۇنغا، ئاندىن كېيىن قارا شەھەرگە قاراپ قاچتى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن پىدائىيلاردىمۇ تەۋرىنىش بولدى. نەتىجىدە، تۇرپان بازىرىدىكى خەلق پىدائىيلىرىنىڭ ئۆلگۈرەلىگەنلىرى تاغ ـ چۆللەرگە قاچتى، ئۆلگۈرەلمىگەنلىرى شېڭ شىسەينىڭ زەمبىرەك ئوقلىرى ئاستىدا قالدى. مەخسۇت مۇھىتمۇ سەركەردىلىرىنى باشلاپ توقسۇنغا چېكىندى. ھەمدۇللا داموللامۇ ئۇرۇشقا خىراجەت قىلىش ئۈچۈن خوتۇن، بالا ـ چاقا، نەۋرىلىرىنىڭ زىبۇزىننەتلىرىنى ئېلىپ، بىر ياغلىققا تۈگۈپ بېلىگە چىگكەندىن كېيىن توقسۇنغا كېلىپ، چوڭ قىزى ئايخاننىڭ ئۆيىگە چۈشتى. بالا ـ چاقىلىرىنى ئايدىڭكۆلنىڭ ياقابۇلاق كەنتىدىكى كارىزلىرىنى باشقۇرۇۋاتقان ساۋۇت ھاجى، پالتاخۇن، ئابدۇراخمان قارىيلارنىڭ ئۆيلىرىگە كۆچۈرۈپ ئەكىلىپ قويۇپ، ئۇلارغا بېلىگە چىگىۋالغان بىر يۈزى كەشتىلىك ھەرەم ياغلىقىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «مەن جەڭدە ئالىمادىن شېھىت بولۇپ

كەتسەم، مۇشۇ ياغلىقتىن مېنى تونۇۋېلىڭلار» دەپ ۋەسىيەت
قىلدى. بۇ قېتىم توقسۇنغا چېكىنگەنلەر ئىچىدە توقسۇن شا
يېزىسىلىق قاسىم مىراب، قاراسۇلۇق شەمەيدىل، ئىسمايىل
ئاخۇن قاتارلىقلارمۇ بار بولۇپ، قاسىم مىرابنىڭ ئاتىسى ئۇزۇن
توختى موللىنى جىڭ شۇرىننىڭ ئەسكەرلىرى ئېتىۋەتكەن
بولغاچقا، قاسىم مىراب كۈچلۈك غەزەپ - نەپرەت، قىساس
ئوتىنىڭ دەۋىتى بىلەن قوزغىلاڭغا قاتناشقان ۋە ھەمدۇللا
داموللامغا ئەگىشىپ، بىرقانچە قېتىملىق جەڭلەردە قەھرىمانلىق
كۆرسەتكەنىدى. ئۇلار توقسۇنغا چېكىنگەندە جىڭ شۇرىننىڭ
150 كە يېقىن ئەسكىرى ئۇلارنىڭ كەينىدىن قوغلاپ كەلدى.
قاسىم مىراب باشچىلىقىدىكى ئون نەچچە پالۋان دۈشمەن بىلەن
ئۇرۇشا - ئۇرۇشا چېكىنىپ كېتىۋېتىپ، دۈشمەننىڭ 20 نەچچە
ئادىمىنى يوقاتتى، قاسىم مىرابنىڭ ئاتقان ئوقى دۈشمەننىڭ
ئالدىدا كېتىۋاتقان بايراقچىسىغا تېگىپ، ئۇنى يەر چىشلەتتى.
بۇنىڭ بىلەن دۈشمەنلەر تېخىمۇ ۋەھشىيلىشىپ،
قوزغىلاڭچىلارنى تاپ باستۇرۇپ قوغلاپ ماڭدى. پالۋانلار ئاستا-
ئاستا چېكىنىپ، شا يېزىسىنىڭ گۈڭشاڭ تەۋەسىدىكى يەر
تۆگمەنگە قاپسىلىپ قالدى، بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ھەمراھلىرىمۇ
جەڭدە قازا تېپىپ، پەقەت قاسىم مىراب، شەمەيدىل، ئىسمايىل
ئاخۇن ئۈچەيلەنلا قالغانىدى. بۇ ئۈچ قەھرىمان تۆگمەنگە ياخشى
جايلىشىۋالغاندىن كېيىن «ئۆلسەك شېھىت، قالساق غازى،
دۈشمەنگە قەتئىي تەسلىم بولمايمىز، ئاخىرقى تىنىقىمىز قالغۇچە
ئېتىشىمىز» دەپ قەسەم قىلىشىپ، جەڭگە تەييارلاندى. ئۇلار
ئالدى بىلەن تۆگمەن ئۆيلىرىنىڭ ئىچىدىكى لىمتاق، ئويۇق
(يوتقان - كۆرپە، چىنە - قاچىلارنى تىزىش ئۈچۈن ئۆي
تاملىرىنىڭ ئىچىگە ياساپ قويۇلىدىغان ئويۇقچىلار)لارنى
تېشىپ، دۈشمەننى قارىغا ئېلىش ئورنى ياسىدى. كىگىزلەرنى
سۇغا چىلاپ ھۆل قىلغاندىن كېيىن، ئوتتۇرىدىن تۆشۈك

www.uyghurkitap.com

ئېچىپ، ئۈستىگە كىيىۋېلىپ، دۈشمەن ئوقىنىڭ خەتىرىدىن مۇداپىئەلەندى. بۇ ئۈچ پالۋان مۇشۇ تەقلىدە تۈگمەننى قورشىۋالغان 130 غا يېقىن دۈشمەن بىلەن يېرىم كۈن قەھرىمانلارچە جەڭ قىلدى. دۈشمەن ھەرقانچە قاتتىق ھۇجۇم قىلىپمۇ، ئەپلىك ئورۇننى ئىگىلەپ، جان تىكىپ كۆرەش قىلىۋاتقان پالۋانلارنى مەغلۇپ قىلالمىدى، ئەكسىچە بۇ ئۈچ قەھرىمان ئاتقانلا ئوقىنى نەق جايىغا تەگكۈزۈپ، 40 تەك دۈشمەننى جەھەننەمگە ئۇزاتتى. دۈشمەنلەر بىرقانچە گراناتىنى تۈڭلۈكتىن تۈگمەننىڭ ئىچىگە ئېتىۋىدى، پالۋانلار گراناتلارنى دەرھال تۇتۇۋېلىپ، تېزلىك بىلەن ئېدىشتىكى سۇغا تاشلاپ، گراناتىنىڭ ئوتىنى ئۆچۈرۈۋالدى. دۈشمەنلەر ئاخىرى بارغانچە ئازلاپ كېتىۋاتقان ئادەملىرىگە قاراپ بېقىپ، بۇ ئۈچەيلەننى بويسۇندۇرالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى ـ دە، قۇيرۇقىنى خادا قىلىپ چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. دۈشمەنلەر قايتقاندىن كېيىن قاسىم مىراب ئۈچەيلەن تۈگمەندىن چىقىپ، مەھمۇت مۇھىتى باشچىلىقىدىكى چوڭ قوشۇنغا قوشۇلۇپ، يەنە نۇرغۇن جەڭلەرگە قاتناشتى.

شۇنىڭدىن كېيىن، قوزغىلاڭچىلار بىلەن ما شىمىڭ قوشۇنى ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىقىقا دەز كەتتى. قوزغىلاڭ باشلانغاندىن تارتىپ بىر نەچچە ئايغىچە بولغان جەرياندا، پىدائىيلار ما شىمىڭنىڭ ئادالەتسىزلىك بىلەن قىلىۋاتقان ئىشلىرىغا غۇلغۇلا قىلىشىپ كەلگەنىدى. مەخسۇت مۇھىتى بولسا ئومۇمىي ۋەزىيەتنى كۆزدە تۇتۇپ، نارازى بولغۇچىلارغا «چوڭ دۈشمەن ئالدىمىزدا تۇرۇپتۇ، بىز يەنىلا ئىتتىپاق بولايلى» دەپ نەسىھەت قىلىپ كەلگەنىدى. ما شىمىڭنىڭ بۇ قېتىم تۇرپان بوسۇغىسىغا كەلگەن دۈشمەنلەرگە ياخشى قورال ـ ياراقلىرى ۋە تەربىيە كۆرگەن ئەسكەرلىرى بىلەن قارشى تۇرماي، توقسۇنغا قېچىپ كېتىشى پىدائىيلارنىڭ نارازىلىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى.

مۇشۇنداق ئەھۋالدا قوزغىلاڭ رەھبەرلىرى كېلىشىش ئارقىلىق مەھمۇت مۇھىتى باشچىلىقىدىكى نەمەت خەلپەت، ئابدۇللا داموللا نەئىمى، ئابدۇمىيىن ھاجى، نىياز شەرىپى، سەمەت ھاجى، غوپۇر ئارىز ھاجى، ئەمەت مەخسۇم، مۇتىئۇللا ئاخۇن، ھەمدۇل ئاخۇن، ئابدۇسەمى زىخۇي قاتارلىقلار ئەسكەرلىرى بىلەن قاراشەھەرگە چېكىنىش، مەخسۇت مۇھىتى باشچىلىقىدىكى ھەمدۇللا داموللام، قۇربان سەئىدى، ئىبراھىم دورغا، پولات تۇەنجاڭ، ئولىتىپ بەگ، مەتسايىت ۋاڭ، ئىسكەندەر ۋاڭ قاتارلىق 200 چە ئادەم قۇمۇلغا كىرىپ، خوجىنىياز ھاجىنى تۇرپانغا تەكلىپ قىلىپ ئاچىقىش قارار قىلىندى. بۇ قارار بويىچە 1933 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى مەخسۇت مۇھىتى لۈكچۈننىڭ جەنۇبىدىكى دىغار دېگەن يەردىن قارىسىغا ئۇدۇللاپ مېڭىپ، چۆل- باياۋانلارنى كېزىپ قۇمۇلغا كىرىپ كەتتى. مەھمۇت مۇھىتى قارا شەھەرگە قاراپ يولغا چىقتى.

شېڭ شىسەي تۇرپان بازىرىدا بىر ئايدىن ئارتۇق تۇرۇپ، تۇرپان، توقسۇن، پىچانلاردا گۇمانلانغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى تۇتۇپ، خۇماردىن چىققۇچە ئۆلتۈرگەن. بەزى ئادەملەرنى ئالداپ «ھۆكۈمەت سىلەرگە ئىشىنىدۇ، خىزمەت كۆرسىتىڭلار. خىزمەت كۆرسەتسەڭلار ئورنۇڭلارنى ئۆستۈرىمەن. كىمدە قورال بار، مەلۇم قىلىڭلار» دەپ ئىشقا سالغان، ئىشقا سېلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇلارنىمۇ ئۆلتۈرۈپ، ئورۇمچىگە چىقىپ كەتكەن.

1933 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، مەخسۇت مۇھىتى باشچىلىقىدىكى 200 چە ئادەم قۇملۇق ـ چۆللەرنى كېزىپ، شېڭ شىسەي ئەسكەرلىرى بار جايلاردىن ئەگىپ ئۆتۈپ، مىڭ بىر مۇشەققەتلەردە قۇمۇلنىڭ سۇمقاغا يېزىسىغا يېتىپ باردى، شېڭ شىسەي قۇمۇل تېغىدىن پىچانغا كەتكەندىن كېيىن، خوجىنىياز ھاجى تاغدىن تۈزلەڭگە چۈشۈپ، قوشتىكەن كارىزىنى ماكان

تۇتۇپ، سۇمقاغىدىكى جىڭ شۇرىن ئەسكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلانغان. تۇرپان، پىچان، توقسۇندىن بارغان پىدائىيلار خوجىنىياز ھاجىنى تاۋاپ قىلىپ، بىر كۈن دەم ئالغاندىن كېيىن، قۇمۇللۇق پىدائىيلار بىلەن بىللە سۇمقاغا سېپىلىغا ھۇجۇمغا ئۆتتى. مەخسۇت مۇھىتى باشلىق مۆتىۋەرلەر ئۆزلىرىنىڭ قۇمۇلغا كېلىشتىكى مۇددىئا ـ تەلەپلىرىنى بايان قىلىش ئۈچۈن قوشتىكەن كارىزىدا قېپقالدى.

مەخسۇت مۇھىتى مۇۋاپىق پەيتتە خوجىنىياز ھاجىغا مەقسىتىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: «مەن تۇرپان، پىچان، توقسۇنلۇقلارغا ۋاكالىتەن خوجىنىياز ھاجىمنى تۇرپان، پىچان، توقسۇنغا تەكلىپ قىلىپ كەلدىم. خوجىنىياز ھاجىم باشلىق قۇمۇل خەلقىنىڭ جىڭ شۇرىن ھۆكۈمىتىنىڭ زۇلمىغا قارشى قوزغىلاڭ قىلىپ ئۇرۇش قىلىۋاتقانلىقىغا ئىككى يىل بولۇپ قالدى. قۇمۇل خەلقىنىڭ كۈرىشىدىن ئىلھاملىنىپ ۋە ئۇنىڭغا ئاۋاز قوشۇپ، بىز ئۈچ ناھىيە خەلقىمۇ قوزغالدۇق. ئەمدى قوزغىلاڭ بىر ۋىلايەت بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە كۆتۈرۈلۈشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا جىڭ شۇرىن ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇۋەتكىلى بولىدۇ. خوجىنىياز ھاجىمنىڭ نامى پۈتۈن شىنجاڭغا مەشھۇر. تۇرپان، پىچان، توقسۇن خەلقى خوجىنىياز ھاجىمنىڭ — يۇرتىغا بېرىشىنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ. ھاجىم يۇرتىمىزغا چىقىپ مەلۇم يەردە باش بولۇپ تۇرۇپ بەرسە، ئىشنى بىز قىلىمىز. ھاجىمنىڭ تۇرپانغا بارغىنىنى جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقى ئاڭلىسا، ئۇلارمۇ پۈتۈنلەي قوزغىلىپ كېتىدۇ». خوجىنىياز ھاجىم بۇ تەلەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن: «بىز ئىلگىرى تۇرپانغا چىقىپ كەتسەك، قۇمۇلدا يەنە جىڭ شۇرىننىڭ بىرقانچە مىڭ ئەسكىرى تۇرسا، ئۇلار يۇرتنى ئاياغ ـ ئاستى قىلىپ، خەلق ئۈستىدىن قىرغىنچىلىق يۈرگۈزىدۇ، دەپ ئەندىشە قىلغانىدۇق. ئۈچ كۈندىن بۇيان بەش

شەھەر، 12 تاغ باشلىقلىرى ۋە يۇرت مۆتىۋەرلىرى مەسلىھەتلىشىپ، ئاخىرى بىر قىسىم كۆچنى تۇرپانغا چىقىرىش قارارىغا كەلدۇق» دەپ جاۋاب بەردى.

مەخسۇت مۇھىتى قوشتىكەن كارىزى يېنىدىكى بىر قۇملۇقنىڭ ئۈستىدە يانپاشلاپ يېتىپ قۇربان سەئىدىگە ئۆزىنىڭ خوجىنىياز ھاجىنىڭ تۇرپانغا تەكلىپ قىلىشتىكى مەقسىتىنى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېگەنىدى: «خوجىنىياز ھاجىنى تۇرپانغا ئېلىپ چىقىپ، شەھەرگە كىرمەي چالقان تېغىدا تۇرغۇزۇپ، سىلىڭبۇنى شۇ يەردە قۇرىمىز. ئۆزىمىز بۆلۈنۈپ پارتىزان ئۇرۇشى قىلىپ، ئۇرۇشنى جەنۇبىي شىنجاڭغىچە كېڭەيتىپ، جەنۇبنى چوقۇم قوزغىتىشىمىز كېرەك. ئاندىن مەن ئۈچتۇرپان چېگرىسىغا بېرىپ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ياردەم سورايمەن. ئۇلار بىزگە چوقۇم ياردەم بېرىدۇ.» خوجىنىياز ھاجى بىر ھەپتىدىن كېيىن بىر قىسىم ئادىمى بىلەن تۇرپانغا بارىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. تۇرپانغا خوجىنىياز ھاجىنىڭ يېقىنلىرىدىن قۇربان دورغا، نىياز دورغا، پازىل دورغا، سالىھ دورغا، سوپى ئاخۇن ۋە باشقىلار بولۇپ جەمئىي 100 نەچچە ئادەم بارماقچى بولغانىدى. ئەمەلىيەتتە 85 ئادەم، ئۈچ ناھىيىدىن بارغان 200 ئادەمنى قوشقاندا جەمئىي 300 گە يېقىن ئادەم تۇرپانغا قاراپ يولغا چىقتى.

مەخسۇت مۇھىتىنىڭ پىكرى خوجىنىياز ھاجىنى پىچانغا ئېلىپ چىققاندىن كېيىن، شەھەرگە باشلاپ كىرمەي چالقان تېغىغا ئېلىپ چىقىش ئىدى، چۈنكى خوجىنىياز ھاجى تاغدا ئۇرۇش قىلىپ كۆنگەن بولۇپ، شەھەر ئىچىگە سولىنىپ قالسا ئۆزلىرىگە پايدىسىز ئەھۋال يۈز بېرىشى مۇمكىن ئىدى. لېكىن،

لۈكچۈن ۋاڭى مەتسايىت[1] ئىنىسى ئىسكەندەر ۋاڭلار «شەھەر سېپىلى پۇختا، ئوزۇق تولۇق، شۇڭا قىسقا مۇددەت تۇرۇپ ئۆتسەڭلار» دەپ خوجىنىياز ھاجىنى لۈكچۈندىكى ئوردىسىغا تەكلىپ قىلىپ تۇرغۇزدى. خوجىنىياز ھاجى ئۇلارنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلالماي، لۈكچۈنگە ھەممەيلەننى باشلاپ باردى. (نەتىجىدە، تەدبىرلىك قوماندان مەخسۇت مۇھىتى ئۆيلىغان پاجىئە ئاخىرى يۈز بېرىپ، ئۇنىڭ خوجىنىياز ھاجىنى شەھەرگە ئەكىرمەسلىك پىكرىنىڭ ناھايىتى توغرا ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. لېكىن، بۇ ھەقىقەت مەخسۇت مۇھىتىنىڭ قۇربان بولۇشىدىن ئىبارەت تارىختىكى زور پاجىئە ھېسابىغا ئىسپاتلاندى).

لۈكچۈن شۇ چاغدا سېپىلى بار شەھەر بولۇپ، شەرقىي دەرۋازىسى — يۇقىرىقى قوۋۇق، شىمالىي دەرۋازىسى — يېڭىشەھەر قوۋۇقى، غەربىي دەرۋازىسى — تۆۋەنكى قوۋۇق، جەنۇبىي دەرۋازىسى — ئۆلەڭ قوۋۇقى دەپ ئاتىلاتتى. جىڭ شۇرېنىڭ لۈكچۈندىكى ئەسكەرلىرى پىچانغا يۆتكىلىپ كەتكەچكە، لۈكچۈندە ئەسكەر قالمىغانىدى. شەھەرنىڭ غەرب تەرىپىدە ۋاڭ ئوردىسى بولۇپ، خوجىنىياز ھاجى شۇ ئوردىغا چۈشتى. خوجىنىياز ھاجىنىڭ لۈكچۈنگە كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغان تۇرپان، پىچان، توقسۇن خەلقلىرى لۈكچۈنگە ۋەكىل ئەۋەتىپ، خوجىنىياز ھاجىنىڭ قوزغىلىڭىنى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. خوجىنىياز ھاجىنى تاۋاپ قىلىپ، پىدائىي بولىدىغانلار، ئۆزىنى تىزىمغا ئالدۇرىدىغانلارنىڭ ئايىغى

---

① تولۇق ئىسمى مۇھەممەت سەئىد ۋاڭ بولۇپ، ئىمىن ۋاڭنىڭ چوڭ ئوغلى. 1933- يىلى 3 - ئايدا ئىمىن ۋاڭ كۆيۈپ ئۆلگەندىن كېيىن مەتسايىت ۋاڭ «پاشا خوجا» نامى بىلەن ۋاڭلىقنىڭ مال - مۈلكىگە ۋارىسلىق قىلغان. 1911- يىلىدىكى شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن جىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تەختتىن چۈشكەنلىكى ئۈچۈن ھۆكۈمەت دائىرىلىرى مەتسايىت ۋاڭغا قانۇنلۇق ھالدا ۋاڭلىق مەنسىپى بەرمىگەن، پەقەت ۋاڭلىقنىڭ مال - مۈلكىگە ۋارىسلىق قىلغانلىقى ئۈچۈنلا خەلق ئەنئەنىۋى ئادەت بويىچە ئۇنى مەتسايىت ۋاڭ بەزىدە «ساچىڭۋاڭ» دەپ ئاتاپ كەلگەن. 1951 - يىلى ئىنىسى ئىسكەندەر ۋاڭ بىلەن بىرگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن، 1984 - يىلى ئۇلارنىڭ نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن.

ئۈزۈلمىدى. مەخسۇت مۇھىتى قۇربان سەئىدىنى قارا شەھەرگە ماڭدۇرۇپ، مەھمۇت مۇھىتىنىڭ تېزدىن قوشۇن باشلاپ تۇرپانغا كېلىشى ھەققىدە خەت ئەۋەتتى. ئۆزلىرى شەھەر مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەپ، شەھەر قوۋۇقلىرىنى تاقاپ، قېلىن تام قوپۇردى. لۈكچۈن سېپىلى پىچان شەھەر سېپىلىدىن نەچچە ھەسسە چوڭ ۋە ئېگىز ئىدى، خوجىنىياز ھاجى پۈتۈن ئەسكەرلەرنى سېپىل ئۈستىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، ھوشيارلىقنى كۈچەيتتى.

شېڭ شىسەي «تاغ قاپلىنى» دەپ ئاتالغان خوجىنىياز ھاجىنىڭ لۈكچۈن ئوردىسىغا كىرىپ سولانغانلىقىنى ئۇقۇپ «تاغلىق، تۈزلەڭلىكلەردە ئۇرۇش قىلىپ ئۆگەنگەن خوجىنىياز ئەمدى قولۇمدىن قېچىپ قۇتۇلالامدىكىن» دەپ چوت سوقتى-دە، دەرھال ئاق ئورۇسلاردىن تەركىب تاپقان توپچى قىسىم ۋە ئېغىر - يېنىك پىلىموتلىرىنىڭ ھىمايىسىدە لۈكچۈنگە يېتىپ كېلىپ، شىددەتلىك ھۇجۇم باشلىدى. پىدائىيلار شەھەر سېپىلىنىڭ ئۈستىدە ئىستىھكاملىرىنى مەھكەم ساقلاپ، دۈشمەن بىلەن جان تىكىپ ئۇرۇشتى. ئۇرۇشنىڭ ئىككىنچى كۈنى خوجىنىياز ھاجى ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ئۈستىدە ئۇرۇش ۋەزىيىتىنى كۆزىتىپ تۇرغاندا، دۈشمەن تەرەپ خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئوردا ئۈستىدە بارلىقىنى بىلگەندەكلا، ئوردىنى زەمبىرەك بىلەن ئوققا تۇتتى. توپ ئوقلىرى شەھەر مەركىزىدىكى 500 يىلغا يېقىن تارىخقا ئىگە بولغان، تالاي خان شاھ، سۇلتان، بەگ، ۋاڭلارنىڭ سەلتەنەتىگە ئىللىق ئاشيان بولغان، قىممەتلىك مەدەنىي مىراس ئېگىز ئوردىنى كۇمپەيكۇم قىلىپ تاشلىدى، ھەممىلا ياقنى گۇمبۇرلىگەن ئاۋازلار قاپلىدى. ئوردا توپ ئوقىدا ۋەيران بولغاندا ئوردىنىڭ كاتىپى نىياز كاھ ئۆزى كۆز قارىچۇقىدەك ئاسراپ كېلىۋاتقان، نەچچە يۈز يىللىق تارىخ خاتىرىلەنگەن قولىيازمىلار، مۇھىم تارىخىي ھۆججەتلەر، ئابدۇرېھىم نىزارى، ئەخمەت باقى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاخۇنلۇق قىسۇرى قاتارلىق مەشھۇر ئۆلىمالارنىڭ قىممەتلىك ئەسەرلىرىدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيماي، بۇ مىراسلار بىلەن بىرگە ۋەيران بولۇشنى تاللىۋالدى ۋە ئەسەرلەرنى قۇچاقلىغىنىچە كۆيۈپ كەتتى. بۇ ئوتتا يەنە مەتسايىت ۋاڭنىڭ ئاتىسى ئىمىن ۋاڭ[1] نىڭمۇ تۇتقاقلىق كېسىلى قوزغىلىپ قېلىپ، ئوتتا كۆيۈپ ئۆلدى.

دۈشمەنلەر شەھەرنى قاتتىق توپقا تۇتقاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ پىيادە قىسىملىرى سېپىل ئەتراپىدىكى ئازگال، ئېرىق، قەبرىستانلىق قاتارلىق ئەۋزەل ئورۇنلارنى دالدا قىلىپ، سېپىلغا قىستاپ كېلىشكە باشلىدى. خوجىنىياز ھاجى ۋە مەخسۇت مۇھىتىلار مەرگەنلەرنى ئەۋەتىپ، بىر تال ئوقنىمۇ زايە كەتكۈزمەي، سېپىلغا يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقان 100 گە يېقىن ئاق ئورۇس ئەسكىرىنى جەھەننەمگە ئۇزاتتى. دەل شۇ چاغدا سېپىل ئۈستىدە خوجىنىياز ھاجى بىلەن يانمۇ يان تۇرغان ئولتىپ بەگكە ئوق تېگىپ قۇربان بولدى. ( بەزى ماتېرىياللاردا دېيىلىشىچە بۇ ئوق كەينى تەرەپتىن يەنى سېپىل ئىچىدىن ئېتىلغان بولۇپ، ئوردىنىڭ ھەربىي ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان سۇلتان مامۇت ۋاڭنىڭ ئىككىنچى ئوغلى گۇڭ خوجىنىڭ مەرگىنى ئاتقانىكەن. ئەسلىدە شۇ كۈنى دۈشمەنلەر شەھەرنى ئىسكەنجىگە ئېلىۋاتسا گۇڭ خوجا بىر كارىدا يوق ئوردا ئىچىدە ئەپيۈن چېكىپ ياتقان. بۇنىڭدىن نەپرەتلەنگەن خوجىنىياز ھاجى ئۇنىڭغا بىرقانچە ئېغىز قاتتىق گەپ قىلغان. گۇڭ خوجا بۇنى ئاداۋەت قىلىپ، ھاجىنى قەتلىئام قىلماقچى بولۇپ، مەرگىنىنى ئىشقا سالغان، لېكىن بۇ نائۇستا مەرگەن ھاجىنى ئاتىمەن دەپ ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان ئولتىپ ئاكىنى ئېتىپ قويغان) شۇنىڭدىن كېيىن مەخسۇت

---

① سۇلتان مامۇت ۋاڭنىڭ چوڭ ئوغلى، 1900 ـ يىلىدىن 1933 ـ يىللارغىچە ۋاڭلىق قىلغان زالىم ۋاڭ، ئۇنىڭ تۇتقاقلىق كېسىلى بار بولغاچقا، خەلق ئۇنى «ساراڭ ۋاڭ» دەپمۇ ئاتايتتى

مۇھىتى «ھاجى ئاكام سېپىل ئۈستىدە تۇرمىسا» دەپ ئىلتىماس قىلىپ، خوجىنىياز ھاجىنى باشقا يەرگە كۆچۈردى. سېپىل ئۈستىدە يەنە ياش ۋاقىتلىرىدا چېلىشچىلىق، ئوۋچىلىق بىلەن يۇرتقا تونۇلغان، ماھارىتى ئۆسۈپ كەتكەن ھەمدۇللا داموللام يوغان سەللىسىنى بىر يانغا يۆلەپ قويۇپ، تېرە پەلەي كىيگەن قوللىرى بىلەن مىلتىقنىڭ پايىنىكىنى چىڭ تۇتۇپ، سېپىل تۆشۈكىدىن دۈشمەنگە توختىماي ئوق ئېتىۋاتاتتى. قوزغىلاڭچىلار قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئەسكىرىي كۈچىنىڭ ئاجىزلىقى، ئوق - دورا، يېمەك - ئىچمەكنىڭ قىسلىقى تۈپەيلىدىن دۈشمەنلەر بارغانچە قىستاپ سېپىلغا يامىشىپ چىقىشقا باشلىدى. خوجىنىياز ھاجى قۇربان بولۇپ كېتىۋاتقان پىدائىيلارغا، توپ ئوقىدا بىگۇناھ قىرىلىۋاتقان پۇقرالارغا قاراپ، ئۆرۈشنىڭ ئۈچىنچى كۈنى يەنى 3 - ئاينىڭ 8 - كۈنى قوزغىلاڭچىلارغا شەھەرنى تاشلاپ چىقىپ كېتىشكە بۇيرۇق بەردى. شەھەردىن چېكىنىپ چىقىشقا پەقەت جەنۇب تەرەپتىكى ئۆلەڭ قوۋۇقلا ئىمكانىيەت بېرەتتى. چۈنكى، شىمال، شەرق، غەرب تەرەپلەردىكى باشقا قوۋۇقلار كېسەك بىلەن ئېتىۋېتىلگەن بولۇپ، دۈشمەنلەر بۇ قوۋۇقلارغا يېقىن كېلىپ قالغان، ئۇلارنىڭ بۇ قوۋۇقلارنى ئۆرۈپ شەھەرگە باستۇرۇپ كىرىشىگە ئازلا قالغانىدى. شۇڭا، ئاتلىق ۋە پىيادىلەر بولۇپ، ھەممەيلەن ئۆلەڭ قوۋۇقى ئىچىگە توپلاندى، ئادەم كۆپ، چېچىلاڭغۇ بولغاچقا، تەييارلىق ئانچە تېز بولمىدى. دەل مۇشۇنداق ھايات - ماماتلىق پەيتتە مەخسۇت مۇھىتى ئالدى بىلەن خوجىنىياز ھاجىنىڭ قوۋۇقتىن چىقىپ كېتىشىنى تەلەپ قىلدى. چۈنكى، بۇ چاغدا دۈشمەنلەر تۆت قوۋۇقنىڭ ئەتراپىغا بۆلۈنۈپ كەتكەن، قوزغىلاڭچىلارنىڭ قايسى قوۋۇقتىن، قاچان قېچىپ چىقىدىغانلىقىنى بىلمەيدىغان بولغاچقا، ئۆلەڭ قوۋۇق ئالدىدا ئوت كۈچى ئاجىز، خەتەر بىر قەدەر ئاز ئىدى. بۇنداق ئەھۋالدا

www.uyghurkitap.com

بىرىنچى تۈركۈمدە سېپىلدىن چىققانلار، دۈشمەنلەر بۇ قوۋۇقنىڭ ئەترابىغا يىغىلىپ بولغۇچە، بىخەتەر جايغا بېرىۋالالايتتى. شۇڭا، مەخسۇت مۇھىتى خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قويماي، قوۋۇق ئالدىغا ئىتتىرىپ، «ئۆزلە قاپلاننىڭ بېشىغا ئوخشايلا، باش ئۈزۈلسە، تەن تۈگىشىدۇ. ئۆزلەگە خەتەر يەتسە بىزنىڭ ئەمدىلا باشلىغان نۇسرەتلىك ئىشلىرىمىز يوققا چىقىدۇ. شۇڭا، ئۆزلە ھايات قالمىسىلا بولمايدۇ، چاپسان بولسىلا» دېدى. خوجىنىياز ھاجى سەپدىشى مەخسۇت مۇھىتىنىڭ ئۆزىنى بېغىشلاش روھىدىن تەسىرلىنىپ، كۆزى قىيمىغان ھالدا خوشلىشىپ، ئۆزىنىڭ قومۇلدىن بىرگە چىققان يېقىن كىشىسى نىياز دېھقان بىلەن بىرگە قول پىلىموتلىرىدىن يامغۇردەك ئوق ياغدۇرغىنىچە قوۋۇقتىن ئات سېلىپ چىقتى. قوۋۇق ئىچىلىشى بىلەنلا كەلكۈندەك ئېتىلىپ چىقىۋاتقان قوزغىلاڭچىلار، دەسلەپتە ئانچە زىيانغا ئۇچرىمىدى. نىياز دېھقان ئىككى ئوغلى ۋە ئون نەچچە مەرگەن بىلەن بىللە ئىككى قولىدىكى ئىككى تاپانچىدىن توختىماي ئوق ئېتىپ، يېقىن كەلگەن چېرىكلەرنى يەر چىشلىتىپ، خوجىنىياز ھاجىنى قوغدىغىنىچە قوۋۇقتىن خېلى ئۇزاپ كەتتى. لېكىن، كۆپ ئۆتمەيلا باشقا قوۋۇقلارنىڭ ئەترابىدىكى ئاق ئورۇسلار ئۆلەڭ قوۋۇقنىڭ ئالدىغا ئۇلگۈرۈپ كېلىپ، پىلىموتلىرىنى ئىككى يانغا تىكلەپ، شەھەر ئىچىدىن قېچىپ چىقىۋاتقان كىشىلەرنى ئوققا تۇتۇشقا باشلىدى، قوۋۇقتىن چىقىۋاتقانلار بولسا خۇددى ئورغاق تەگكەن قوناق شېخىدەك يىقىلماقتا ئىدى. شەھەرنىڭ جەنۇب تەرىپى تېرىلغۇ ئېتىزى بولغاچقا، شەھەردىن چىققان كىشى قارىغا ئېلىنىپلا تۇراتتى. ئاتلىق كىشى ئۆزىنى دالدىغا ئالغۇدەك ئورۇن يوق ئىدى. ئورۇس ئەسكەرلەر ئەگەر ئېتىپ ئۆلگۈرىدىغانلا بولسا، قوۋۇقتىن چىققان بىرمۇ ئادەم ياكى ئات ھەرگىز ساق قالمايتتى. قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئاخىرى ئۈزۈلۈپ، دۈشمەنلەر

سېپىل ئىچىگە باستۇرۇپ كىرگەندە، مەخسۇت مۇھىتى پىدائىيلارنىڭ ھەممىسىنىڭ چىقىپ بولغانلىقىنى كۆرۈپ ئاندىن ئات چاپتۇرۇپ، قوغۇۋقتىن چىقتى. ئۇ قوغۇۋقتىن چىقىپ، 50 مېتىردەك مېڭىپ، گاسىلكامىنىڭ ئېرىقىنىڭ بويىغا كەلگەندە ئېتىغا ئوق تېگىپ يىقىلىپ چۈشتى. ئۇ توپا - تۇمان ئىچىدە يەنىلا چەبدەسلىك بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭماقچى بولدىيۇ، كەينى تەرەپتە ئاق ئورۇسلار تەرىپىدىن دەھشەتلىك قىرىلىۋاتقان پۇقرالارغا قاراپ بىر دەقىقە تۇرۇپ قالدى. بۇ چاغدا دۇشمەنلەر مەخسۇت مۇھىتىنىڭ ئەتراپىنى يىراقتىن قورشاپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە قورقۇشتىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى، بەلكى بىگۇناھ قىرىلىۋاتقان خەلقىگە بولغان چەكسىز ئېچىنىش تۇيغۇسى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. دەل مۇشۇ دەقىقىدە ئارقا - ئارقىدىن ئۇچۇپ كەلگەن ئىككى تال ئوق ئۇنىڭ كۆكرىكىگە قادالدى. خەلقىنىڭ بۇ قەھرىمان ئوغلى ئاسمان - پەلەك كۆتۈرۈلگەن چاڭ - توزان ئىچىدە يوغان كۆزلىرى ئوچۇق قالغان پېتى ئاستا قىيسىيىپ يىقىلدى. . .

ھەمدۇللا داموللام مەخسۇت مۇھىتىنىڭ سەل ئالدىدا لۈكچۈنلۈك تاھىر كىگىزچىنىڭ ئوغلى ئۆمەر قارىم بىلەن ئاق بوز ئېتىنى ئۇچقاندەك چاپتۇرۇپ، قوغۇۋقتىن چىققانىدى. ئۇ يىگىرمە قەدەمچە مېڭىپ، سېپىل سىرتىدىكى جوجەمنىڭ دالدىسىغا كەلگەندە ئاق ئورۇس مەرگەنلىرى ئاتقان بىر پاي ئوق داموللامنىڭ پېشانىسىگە تەگدى، داموللام «ئاللاھ» دېگىنىچە پەلەي كىيگەن جانسىز قولى بىلەن پېشانىسىنى تۇتۇپ، ئاستا قىڭغىيىپ ئاتتىن يىقىلىپ چۈشتى، قولىدىكى پەلەي قىپقىزىل قانغا بويالدى. شۇ قېتىمقى جەڭدە يەنە لۈكچۈندىكى كاتتا دىنىي زات رېقىپ قازىئاخۇنۇم، تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى بولغان تۆمۈر جىساھاجىنىڭ ئوغلى سىمىراخۇن قاتارلىقلارمۇ شېھىت بولدى. ئورۇس ئەسكەرلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئېتىزلىقتا يەر توپىلاۋاتقان غېنى، سېتى ئىسىملىك ھېچبىر گۇناھسىز ئىككى دېھقان يىگىتنىمۇ ئېتىپ تاشلىدى. دۈشمەنلەر چېكىنگەندىن كېيىن تاھىر كىگىزچى ئوغلى ئۆمەر قارىينى ئىزدەپ سېپىل سىرتىغا چىقىپ، ئوغلىنىڭ ھەمدۇللا داموللام بىلەن يۆلەنگىنىچە شېھىت بولغانلىقىنى كۆرۈپ، بۇ ئىككىيلەننىڭ جەسىتىنى شۇ يەردىكى بىر كونا يەرلىككە ئەكىرىپ قويۇپ، ھەمدۇللا داموللامنىڭ ئۆلۈمىنى ئۇنىڭ تۇيۇقتىكى كۈيئوغلى ھەمدۇللا قارىيھاجىمغا خەۋەر قىلدى. ئۇلار ھەمدۇللا داموللامنىڭ مېيىتىنى ئالغىلى لۇكچۇنگە كەلگەندە لۇكچۇن خەلقى «بۇ ئۇلۇغ زات لۇكچۇندە شېھىت بولدى، شۇڭا بىز ئۇنىڭ مېيىتىنى مۇشۇ يەرگە قويۇپ، مازار تىكلەيمىز» دەپ مېيىتنى بەرگىلى ئۇنىمىدى. ئامالسىز قالغان ھەمدۇللا قارىيھاجىم بىلەن ئابلا رەئىس ئاخۇنۇملار ئىككى ئاتقا چىغرىق ياساپ، ئۇنىڭ مېيىتىنى كېچىسى ئوغرىلىقچە تۇيۇققا يۆتكەپ كېلىپ، ئەسھەبۇلكەھف غوجام مازىرىنىڭ يېنىغا دەپنە قىلدى. ئەڭ تەسىرلىك يېرى ھەمدۇللا داموللام شېھىت بولۇپ، ئۈچىنچى كۈنى ئۇنىڭ قەدىناس ئاق بوز ئېتى ياۋداق ھالدا لۇكچۇندىن قېچىپ، تۇرپاندىكى ئۆيىگە قايتىپ كەلدى، ھەمدۇللا داموللامنىڭ قانلىق پەلىيى ئايىلىسى ئايخانغا يادىكار بولۇپ قالدى.

دۈشمەننىڭ ئوت كۈچى ئاز ۋاقىتىدا ئۆلەڭ قوۋۇقتىن سالامەت چىقىپ، دىڭجا كارىزنىڭ ئالدىدا مەخسۇت مۇھىتى قاتارلىق ھەمراھلىرىنى ساقلاۋاتقان خوجىنىياز ھاجى بىرەر سائەتتىن كېيىن مەخسۇت مۇھىتىنىڭ شېھىت بولغانلىقىنى ئاڭلاپ كۆزلىرىدىن يامغۇردەك ياشلىرىنى تۆككىنىچە: «ۋاي مەخسۇت، ۋاي مەخسۇت، سەن ئۆلگۈچە مەن ئۆلسەم بولماسمىدى، سېنىڭ گېپىڭنى ئاڭلاپ مۇشۇ لەنەت تەگكۈر شەھەرنىڭ ئىچىگە كىرمىگەن بولسام سەندىن ئايرىلىپ

قالماستىم! ئېسىت، قېرىندىشىم، مېنى دەپ شېھىت بولدۇڭغۇ، ئېسىت!» دەپ يىغلاپ كەتكەن. باشقا ئەسكەرلەرمۇ مېھرىبان، چېۋەر، مەرد يولباشچىسى مەخسۇت مۇھىتىنىڭ ۋاپاتىغا قان ـ قان يىغلاپ هازا ئېچىشقان. لېكىن، دۈشمەنلەر قوغلاپ كېلىۋاتقاچقا، مەخسۇت مۇھىتىنىڭ جەسىتىنى تېپىشقا ئامالسىز قېلىپ، تۇرپانغا چېكىنگەن.

ئەتىسى شېڭ شىسەي ئەسكەرلىرى لۈكچۈنگە كىرىپ شەھەرگە ئوت قويغان ۋە ۋاڭ ئوردىسىنى تامامەن كۆيدۈرۈۋەتكەن. ئەسكەرلەر ئۈچ كۈنگىچە كوچىدا ئۇچرىغانلا ئادەمنى چاپ ـ چاپ قىلغان، خەلقنىڭ ئۆيلىرىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلغان. بۇ جاللاتلار شۇ قېتىم ئەر ـ ئايال، قېرى ـ ياش، كىچىك بالا بولۇپ تەخمىنەن 1500 جاننى چېپىپ ئۆلتۈرگەن. مەخسۇت مۇھىتىنىڭ جەسىتىنى باشقىلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان قىياپىتىدىن، رۇسىيىدە تىكىلگەن موۋۇت پەلتوسى، خۇرۇم ئۆتۈكىدىن تونۇۋېلىپ، بېشىنى كېسىپ سازايى قىلغان ۋە تۇرپان يېڭىشەھەر بازىرىنىڭ قوۋۇق دەرۋازىسىغا ئېسىپ قويغان. شېڭ شىسەي لۈكچۈندە ئۈچ كۈن قىرغىن قىلغاندىن كېيىن قوشۇنىنى باشلاپ، تۇرپانغا بېرىپ، ئۇ يەردىمۇ قىرغىنچىلىق قىلغان، دەل مۇشۇ قىرغىنچىلىقنىڭ ئەڭ دەھشەتلىكى، مەخسۇت مۇھىتى قۇربان بولۇپ بەشىنچى كۈنى يەنى 13 ـ مارت كۈنى يۈز بەرگەن. بۇ كۈنى شېڭ شىسەينىڭ ئاق ئورۇس جاللاتلىرى ئوت يۈرەك شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر باشلىق تۆمۈر جىساھاجى، نەمتۇلھاجى، ئاۋۇت ئاكا، ئاقشۇ ئۇڭگان، نىياز چوقۇر قاتارلىق 17 كىشىنى يېڭىشەھەر بازىرىدىكى قازىخانا مەسچىتىنىڭ ئالدىدا، بۇتخانىنىڭ يېنىدا قىلىچ بىلەن چېپىپ ئۆلتۈرگەن.

شېڭ شىسەي ئۈرۈمچىگە كېتىشى بىلەنلا قوزغىلاڭچىلار مەخسۇت مۇھىتىنىڭ باشسىز جەسىتىنى ئاستانىگە قايتۇرۇپ

www.uyghurkitap.com

كەلدى. ئۇنىڭ بېشى يېگىشەھەر شەھەر سېپىل دەرۋازىسىغا ئېسىقلىق بولۇپ، بۇ يەرنى دۈشمەنلەرنىڭ ئىككى ئەسكىرى كېچە كۈندۈز قوغدايتتى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا مەخسۇت مۇھىتىنىڭ ئۇيىدە ئىشلەپ، ئۇنىڭ نۇرغۇن ياخشىلىقلىرىنى كۆرگەن، غەمخورلۇقىغا ئېرىشكەن سەمەت دېگەن كىشى بىر كېچىسى ئاستانىدىن ئاتلىق تۇرپان بازىرىغا بېرىپ، تۇن قاراڭغۇسىدىن پايدىلىنىپ، سېپىلدىن ئارتىلىپ چۈشكەن ۋە دەرۋازا ئۈستىگە يامىشىپ چىقىپ، مەخسۇت مۇھىتىنىڭ بېشىنى دۈشمەنلەرگە تۇيدۇرماستىن ئېلىپ چۈشۈپ، ئاستانىگە ئېلىپ كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن مەخسۇت مۇھىتىنىڭ جەسىتى ئاستانە غوجامئالدىدىكى «ھەزرىتى ئەلپەتتاھ غوجام مازىرى»غا دەپنە قىلىنغان.

خوجىنىياز ھاجىنىڭ مەخسۇت مۇھىتىنىڭ ۋاپاتىغا بۇ قەدەر قايغۇرۇشىدىكى سەۋەب شۇكى بىرىنچىدىن، «مەخسۇت مۇھىتى شۇ چاغدىكى قوزغىلاڭچىلار ئىچىدە بىلىمى ئەڭ يۇقىرى، تەشكىللاتچانلىقى ھەممىدىن كۈچلۈك، تەدبىر - چارىلىك، ئەقىللىق كىشى بولغان. ئۇ ئاممىنى ئويۇشتۇرۇشتا، تەشۋىقات يۈرگۈزۈشتە، رەھبەرلەرگە خاس ئۆزىنى تۇتۇشتا، ھەر خىل تەبىقىدىكىلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇشتا، ۋەزىيەتنى مۆلچەرلەشتە كەم تېپىلىدىغان ئىقتىدارغا ئىگە قەيسەر ئادەم ئىكەنتۇق. ئۇنىڭ ۋاپاتى شۇ چاغنىڭ ئۆزىدىلا ئەمەس، كېيىنكى ۋەزىيەتلەر ئۈچۈنمۇ قوزغىلاڭچىلارنىڭ چوڭ تالاپىتى بولدى.»[1] دېمەك، مەخسۇت مۇھىتى ئىلغار پىكىرلىك، چېۋەر، مەرد، پاراسەتلىك، تەدبىرلىك، بىلىملىك يولباشچى بولۇش سۈپىتى بىلەن خوجىنىياز ھاجىنىڭ مۇھىم قولدىشىغا، كەم بولسا بولمايدىغان قوماندانىغا ئايلانغانىدى. ئىككىنچىدىن، خوجىنىياز ھاجى بىلەن

---

① سەيپىدىن ئەزىزى: «ئۆمۈر داستانى»، 1 - قىسىم، 211 - بەت، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990 - يىلى نەشرى.

مەخسۇت مۇھىتى مەدرىسىدە بىللە ئوقۇغان ساۋاقداش، خېلى ئۇزۇن يىللىق تارىخقا ئىگە دوست بولۇپ، ئۇلارنىڭ مېھىر ـ مۇھەببىتى چوڭقۇر ئىدى. 1907 ـ يىلى خوجىنىياز ھاجى قۇمۇلدا زۇلۇمغا قارشى كۆتۈرۈلگەن «تورپاقلار يېغىلىقى»قا قاتناشقانلىقى ئۈچۈن قۇمۇل ۋاڭى شا مەخسۇت تەرىپىدىن تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىلغان. خوجىنىياز ھاجى بۇ مەزگىلدە پاناھلىنىش ئۈچۈن «توقسۇنلۇق ئىسھاق» دېگەن نام بىلەن تۇرپان ئاستانىگە كېلىپ، مەخسۇت مۇھىتى بىلەن بىر مەدرىسىدە ئوقۇغان. 1917ـ يىلى ئۇ يەنە تۆمۈر خەلىپە قوزغىلىڭىغا قاتنىشىپ يەنە تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىلغاندا، پاناھلىنىش ئۈچۈن ئالتاي ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىققان. بۇ يەردە تىجارەت بىلەن كەلگەن كونا ساۋاقدىشى مەخسۇت مۇھىتى بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇنىڭ ۋاستىسى بىلەن رۇسىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلار ئىچىدە ئەڭ دەسلەپتە قۇرۇلغان «كالتە چاپانلار تەشكىلاتى» ، «مەدەنىيەتپەرۋەرلەر تەشكىلاتى» ۋە «ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقى»نىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى ھەمدە 3 ـ ئىنتېرناتسىئونالنىڭ ئۇيغۇر ۋەكىلى ئابدۇللا روزىباقىيېف قاتارلىقلار بىلەن كۆرۈشكەن ھەم سۆھبەتتە بولغان. مەخسۇت مۇھىتى بىلەن بىرلىكتە شىنجاڭلىق سودىگەرلەر كۆپرەك بولغان شەمەي، زەيسان، توقماق، قاراقول قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، شىنجاڭلىق سودىگەرلەر بىلەن ئۇچرىشىپ، شىنجاڭ ۋەزىيىتى ھەققىدە مۇزاكىرە ئېلىپ بارغان. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ تەجرىبە ـ ساۋاقلىرى بويىچە شىنجاڭدا ئىنقىلاب ئېلىپ بېرىشنى قارار قىلغان. خوجىنىياز ھاجى 1923 ـ يىلىغىچە رۇسىيىدە تۇرۇپ، ئۆتكۈر سىياسىي پىكىرلىك، يۈكسەك ھەربىي ماھارەتكە ئىگە، ئەقىل ـ پاراسەتلىك كىشى بولۇپ يېتىلگەن. كېيىن يەنە خوجىنىياز ھاجى ئۇرۇمچىدە مەخسۇت مۇھىتى، تاھىربەگ، ھەيدەر ئەپەندىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ، تۇرپاندا قوزغىلاڭ قىلىشنى

www.uyghurkitap.com

مەسلىھەتلەشكەن. دېمەك، خوجىنىياز ھاجى بىلەن مەخسۇت مۇھىتى نۇرغۇن ئىسسىق ـ سوغۇقلارنى باشتىن كەچۈرۈپ، مەسلەكداش، تەقدىرداش دوستلاردىن بولۇپ قالغان. شۇڭا، مەخسۇت مۇھىتىنىڭ ۋاپاتى خوجىنىياز ھاجىغا قاتتىق ئېغىر كەلگەن.

مىلادىيە 1933 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پەخىرلىك ئوغلى، يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنىڭ پېشۋاسى، مول بىلىملىك، يېڭىلىقپەرۋەر، تەرەققىيپەرۋەر زىيالىي، مۇستەبىت ھاكىمىيەتكە قارشى كۆتۈرۈلگەن دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ سەركەردىسى مەخسۇت مۇھىتى لۇكچۇن مۇھاسىرىسىنى بۆسۈپ چىقىش جېڭىدە، ئۆز خەلقىنى قۇتقۇزۇش، ئىنقىلابنىڭ داھىيسى خوجىنىياز ھاجىنى قوغداش يولىدا 47 يېشىدا مەردلەرچە قۇربان بولدى. قىممەتلىك ھاياتىنى ئۆز خەلقىنىڭ ئازادلىق ئىشلىرى ئۈچۈن مەردلەرچە تەقدىم قىلدى. ئۇنىڭ ئۆلۈمى دېھقانلار ئىنقىلابى ئۈچۈن، ئۇيغۇر خەلقى ئۈچۈن زور يوقىتىش ئىدى.

Doğu Türkistanlı Uzman Dr.
Turgucan UYGURTÜRKOĞLU'nun
Kütüphanesi
Kitap No.:..8...

# مەھمۇت مۇھىتى

مەھمۇت مۇھىتى (خەلق ئارىسىدا ماموت باي، مەھمۇت شىجاڭ، ماموت شىجاڭ دەپمۇ ئاتالغان) 1887 ـ يىلى تۇرپان ئاستانىدە مۇھىتىلار ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. كىچىكىدىن مەدەنىيەتلىك ئاكىلىرىنىڭ ياردىمىدە ساۋاتلىق بولغان ۋە مەدرىسە، كونا مەكتەپلەردە ئوقۇغان. ئاكىلىرى موسۇلباي، مەخسۇت مۇھىتىلارغا ئەگىشىپ، سودا، تىجارەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ، ئۈرۈمچى، چۆچەك، رۇسىيىنىڭ شەمەي، قازان، موسكۋا، پېتىربورگلارغىچە بارغان، شۇ مەزگىلدە يېڭى ئىلىم-پەن ۋە رۇس تىلى ئۆگەنگەن. ئاكىسى مەخسۇت مۇھىتىنىڭ يېڭى مەكتەپ ئېچىش ئىشلىرىغا ياردەملەشكەن. ئىككى ئاكىسى تىجارەت ئىشلىرى بىلەن كۆپرەك سىرتتا يۈرىدىغان بولغاچقا، كېيىنكى مەزگىللەردە ئاساسەن ئاستانىدىكى ئائىلىسىدە بولۇپ، ئائىلىنىڭ دېھقانچىلىق ئىگىلىكىنى، كارىزلىرىنى باشقۇرۇش ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولغان. مەھەللە جامائىتىگە كۆپرەك ئارىلىشىپ، ئىمانى كامىل، تەقۋادار، ئېتىقادلىق بولۇپ يېتىشكەن. 1932 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى ئاكىلىرى ئاستانىدە قوزغىلاڭ كۆتۈرگەندە ئۇمۇ قوزغىلاڭغا قاتناشقان، ئاكىسى مەخسۇت مۇھىتى باش قوماندان بولغاچقا، ئۇ ئۆزىنى كۆرسىتىپ كەتمەي، بىر تەرەپتىن ئائىلە ئىشلىرىنى باشقۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن تۇرپان، پىچاندىكى ئۇرۇشلارنىڭ ئالدىنقى سېپىدە ئاددىي ئەسكەرلەر بىلەن بىرلىكتە جەڭ قىلغان. ئاكىسى لۈكچۈن ئۇرۇشىدا قازا قىلغاندىن كېيىنلا ئۇ رەسمىي ھالدا قوشۇننىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ، ئاكىسى مەخسۇت مۇھىتىنىڭ ئىنتىقامىنى

ئېلىش، ئۇنىڭ ئىزىنى بېسىپ، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى ئورۇنداش، قوزغىلىپ كەتكەن خەلقنى توغرا يولغا باشلاپ، زۇلۇمدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۇچۇن كۈرەشنى داۋاملاشتۇرۇپ، دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ سەركەردىسىگە ئايلانغان. خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ئادىمى بولۇش سۈپىتى بىلەن تالاي جەڭلەرگە قوماندانلىق قىلىپ، جەڭ ماھارىتى ئۈستۈن، باتۇر، قەيسەر، تەدبىرلىك، سادىقلىقى بىلەن دېھقانلار ئىنقىلابىدىكى ئەڭ مۇھىم شەخس بولۇپ قالغان. بۇ ھەقتە سەيپىدىن ئەزىزى ئەپەندى ئۆزىنىڭ «ئۆمۈر داستانى» ناملىق كىتابىنىڭ 1 ـ قىسىم، 211 ـ بېتىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «مەخسۇت مۇھىتىنىڭ ئارمانىنى كېيىنچە ئىنىسى مەھمۇت مۇھىتى داۋام قىلدۇردى. ئۇ ئاكىسى موسۇل مۇھىتى ۋە باشقا پىداكار دوستلىرى بىلەن بىرگە خوجىنىياز ھاجىغا يېقىندىن ياردەملىشىپ، غەلىبە بىلەن قەشقەرگىچە يېتىپ باردى ۋە دەرھال يېڭىشەھەردىكى دۈشمەنگە قارشى ئۇرۇشقا قاتنىشىپ كەتتى ھەمدە ئارقىدىن كەلگەن ماجۇڭيىڭ بىلەن ئېلىشتى. ئۇ ئۆزىنىڭ پىداكارلىقى، قەھرىمانلىقى، تەجرىبىلىك، ماھىر قوماندانلىقى بىلەن باشقا قوماندانلاردىن پەرق قىلاتتى، مەن قەشقەردە ئۇنىڭ تەدبىرلىك قوماندانلىقىنى كۆرۈپ قايىل بولغانىدىم». مەھمۇت مۇھىتى بەستلىك كەلگەن، شالاڭ ساقاللىق، تاغنى كۆتۈرگۈدەك تەمكىنى بار، ئېغىر ـ بېسىق، ھەر بىر گەپنى ئويلاپ قىلىدىغان كىشى ئىدى.

مەخسۇت مۇھىتى لۈكچۈندە شېھىت بولغاندىن كېيىن خوجىنىياز ھاجى مۇھىم تايانچىسىدىن ئايرىلىپ يالغۇز قالغانلىقىدىن قاتتىق قايغۇرۇپ، نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي، قۇمۇلغا قايتىپ كەتمەكچى بولغان. لېكىن، قايتا ـ قايتا ئويلىنىش ئارقىلىق مەخسۇت مۇھىتى قاتارلىق قۇربانلارنىڭ قېنى بىھۇدە ئېقىپ كەتسە، قوزغىلاڭ يېرىم يولدا توختاپ قالسا

بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، مەخسۇت مۇھىتىنىڭ بىر قورساق قېرىندىشى مەھمۇت مۇھىتىنى قارا شەھەردىن چاقىرىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئىنقىلابنى داۋاملاشتۇرۇش قارارىغا كەلگەن ۋە يېنىدىكى جەڭچىلىرىدىن ئەيسا نىياز بىلەن قازاق جەڭچى رىشىتنى قارا شەھەرگە مەھمۇت مۇھىتىنى تەكلىپ قىلىپ ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن.

1933 ـ يىلى 3 ـ ئايدا خوجىنىياز ھاجى بىلەن مەھمۇت مۇھىتى تۇرپاندا جەم بولغاندىن كېيىن قوشۇنلار قايتىدىن تەرتىپكە سېلىنىپ، پۈتۈن قوشۇنغا مەھمۇت مۇھىتى باش قوماندان بولغان. كېيىنچە مەھمۇت مۇھىتى باشلىق يۇرت مۆتىۋەرلىرى خوجىنىياز ھاجىغا تۇرپاندا قوزغىلاڭ باشلانغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە بولغان بارلىق ئەھۋاللارنى، بولۇپمۇ تۇرپاندىكى بىر قانچە قېتىملىق قوزغىلاڭلار ۋە توقسۇن، قاراشەھەر، بۈگۈر، كۇچادىكى قوزغىلاڭلاردا ئۇيغۇر پىدائىيلىرى قۇربان بېرىپ، دۈشمەندىن تارتىۋالغان قوراللارنى ماشىمىڭنىڭ «تىزىمغا ئالىمىز» دېگەن باھانە بىلەن يىغىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ ئەسكەرلىرىنى قوراللاندۇرۇپ، مۇنتىزىم قوشۇن قۇرۇۋالغانلىقىنى؛ ئۇيغۇر پىدائىيلار بىلەن خۇيزۇ پىدائىيلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلماي، ئوتتۇرىدا مىللىي ئۆچمەنلىك پەيدا قىلغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەن. خوجىنىياز ھاجى بۇ ئەھۋاللارنى ئاڭلاپ: «مەن بۇلارنىڭ باشقىلارنىڭ جۇۋىسىدا تەرلەيدىغان مىجەزىنى بۇرۇنلا بىلگەن. مەيلى ما شىمىڭ بولسۇن ياكى باشقىسى بولسۇن، ھەممىسى بىر جاڭگالنىڭ بۆرىلىرى. ئىنقىلابنى بىز قىلساق، قۇربانىنى بىز بەرسەك، قورالنى دۈشمەن قولىدىن بىز ئۇرۇشۇپ تارتىۋالساق، ئىنقىلاب مېۋىسىنىڭ ھەممىسىگە ما شىمىڭ ئىگە بولۇۋالامدىكەن؟ ! بۇنىڭغا ھەرگىز يول قويۇلمايدۇ. ئۇنىڭغا قورال كېرەك بولسا، جىڭ شۇرىن ئەسكەرلىرىدىن ئۆزى تارتىۋالسۇن. سىلەر مېنىڭ گېپىمگە

قوشۇلساڭلار، جىلىك شۇرىن بىلەن مۇشۇ يەردە تۇرۇپ ئۇرۇش قىلىمەن. ئەگەر قوشۇلمىساڭلار، قۇمۇلغا كېتىمەن. ئۇ چاغدا سىلەر ما شىمىك بىلەن بىرلىشىپ ئىش كۆرۈڭلار» دېگەن. ئاخىر ھەممە بىردەك: «ھاجىم قايسى تەرەپتە تۇرسا بىز شۇ تەرەپتە تۇرىمىز» دەپ ئىپادە بىلدۈرگەندىن كېيىن، جىلىك شۇرىن ئەسكەرلىرىگە قەيەردىن ھۇجۇم باشلاش ھەققىدە مۇزاكىرە بولۇنغان. جىلىك شۇرىن ئەسكەرلىرى تۇرپاندا قالمىغان بىلەن پىچان، قۇمۇل، مورى، گۇچۇڭ ۋە جىمسارلاردا بار ئىدى. لېكىن، قۇمۇل ۋە پىچانلاردىكى جىلىك شۇرىن ئەسكەرلىرى ئۇ يەرلەرنى تاشلاپ ئۈرۈمچىنى قوغداشقا كېتىۋاتقانىدى. جىلىك شۇرىن ئەسكەرلىرى ئۈرۈمچىگە توپلىشىپ بولغۇچە پىدائىيلار ئۇلارنىڭ يولىنى كېسىپ تاشلاپ ۋە پارچىلاپ، قورال ـ ياراغلىرىنى غەنىيمەت ئېلىش ئۈچۈن ئاۋۋال مورىغا قاراپ يولغا چىقتى. خوجىنىياز ھاجى بىلەن مەھمۇت مۇھىتى بىرلەشكەندىن كېيىن، قول ئاستىدىكى پىدائىيلارغا: «تىرىك قولغا چۈشكەن دۈشمەننى ئۆلتۈرمەي، تىرىك پېتى ئېلىپ كېلىسىلەر. مەيلى قايسى تائىپىدىن (مىللەتتىن) بولسۇن، پۇقرالارنىڭ مال ـ مۈلكىگە دەخلى ـ تەرۇز قىلىشقا، خوتۇن ـ قىزلىرىنى ئاياغ ـ ئاستى قىلىشقا رۇخسەت يوق» دېگەننى قايتا ـ قايتا جاكارلىدى.

دەل شۇ چاغدا خەلق ئاممىسىدىن مەھمۇت مۇھىتىغا بىر ئەرز چۈشتى. ئۇنىڭدا: «شىڭ شىسەي تۇرپاندا قىرغىنچىلىق قىلغاندا بىز ئۆي ـ ماكانلىرىمىزنى تاشلاپ چىقىپ كەتكەندۇق. جاڭگالدا قېچىپ يۈرسەك، سىزنىڭ ئادەملىرىڭىزدىن بىر قانچىسى بېشىمىزغا مىلتىق تەڭلەپ، ئالتۇن ـ كۆمۈشلىرىڭلارنى چىقىرىڭلار، دەپ بىزنى قورقۇتۇپ، خوتۇن ـ قىزلىرىمىزنىڭ ئالتۇن ھالقا، ئۈزۈكلىرىنى تارتىۋالدى» دېيىلگەنىدى. بۇ ئەرزنى كۆرگەن مەھمۇت مۇھىتى دەرھال مۇناسىۋەتلىك ئادەملەرنى ئىزدەپ تاپتۇرۇپ، ئەھۋالنى تەكشۈرۈپ سەككىز

ئادەمنى قولغا ئېلىپ، تۇرپان يېڭىشەھەر ۋە كونىشەھەرلەردە سازايى قىلدۇردى؛ ئۇلارنىڭ باشلامچىلىرى گەرچە ئىلگىرى مەھمۇت مۇھىتىنىڭ ئەڭ يېقىن جەڭچىلىرى بولغان، ئۇرۇشلاردا كۆرۈنەرلىك كۈچ چىقارغان بولسىمۇ، مەھمۇت مۇھىتى قىلچە يۈز - خاتىر قىلماي، ئۇلارنى ھەربىي تۈزۈم بويىچە ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدى ۋە تۇرپان يېڭىشەھەرنىڭ دەرۋازىسىنىڭ سىرتىدا، مىڭلىغان پۇقرانىڭ ئالدىدا ئۆلۈم جازاسىنى ئىجرا قىلدى. بۇنى كۆرگەن پۇقرالار مەھمۇت مۇھىتىنىڭ ھەقىقەتەن خەلقپەرۋەر، ئادىل كىشى ئىكەنلىكىگە ئاپىرىن ئوقۇشتى. شۇنىڭدىن كېيىن، مەھمۇت مۇھىتى پىدائىيلىرىنى باشلاپ، خوجىنىياز ھاجى بىلەن بىللە پىچاننىڭ كۆكيار دېگەن يېرى ئارقىلىق مورىغا يۈرۈپ كەتتى.

1933 - يىلى 3 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا خوجىنىياز ھاجى بىلەن مەھمۇت مۇھىتى مورىغا كېتىۋېتىپ، پىچاننىڭ خاندۇ دېگەن يېرىگە بارغاندا، تۇرپاندا قالغان خۇيزۇ مالۇيجاڭدىن مەھمۇت مۇھىتىغا بىر پارچە خەت كەلدى. خەتتە: «ساڭا لۇيجاڭلىقنى بىز بەرسەك، قورالنى بىز بەرسەك، ئەمدى نېمىشقا خوجىنىياز بىلەن بىرلىشىپ ئۆزۈڭ خالىغان تەرەپكە كېتىسەن، خەپ توختاپ تۇر!» دېيىلگەنىدى. مەھمۇت مۇھىتى خەتنى تەرجىمانغا ئوقۇتۇپ بولۇپ: «ھى! سەن تاز دېگۈچە مەن تاز دەۋالاي دەپتۇ - دە، ماڭا مىلتىقنى ما شىمىڭ بېرىپتۇمىش! بۇ مىلتىقلارنى ما شىمىڭ نەدىن ئالغىنىنى دېمەپتۇغۇ؟! قولىدىن كەلگىنىنى قىلسۇن!» دېگىنىچە، خەتنى چۆرۈۋېتىپ، خەتكە جاۋابمۇ يازماي، مورىغا كېتىۋەردى. مەھمۇت مۇھىتى ما شىمىڭ بىلەن ئالاقىسىنى ئۈزگەندىن كېيىن، ما شىمىڭ قىسمىغا كىرگەن ئۇيغۇرلار مەھمۇت مۇھىتى تەرەپكە قېچىپ كەلدى.

بۇ چاغدا خوجىنىياز ھاجىنىڭ قۇمۇلدىن چىققان پىدائىيلىرى ۋە مەھمۇت مۇھىتىنىڭ تۇرپاندىن كەلگەن

پىدائىيلىرى بولۇپ ھەممىسى 1500 گە يېقىن بولۇپ، ھەممىسى ئاتلىق ئىدى. مورىغا پىدائىي بولۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغۇچىلار ناھايىتى كۆپ بولسىمۇ، لېكىن بىرىنچىدىن، مىلتىق يېتىشمەيتتى؛ ئىككىنچىدىن، ئات يېتىشمەيتتى؛ ئۈچىنچىدىن، ئادەم ۋە ئاتلارنىڭ ئوزۇق - تۈلۈك تەمىناتى چوڭ مەسىلە ئىدى. بەزى پىدائىيلارنىڭ ئېتى بولغان بىلەن مىلتىقى يوق بولۇپ، ھەممە پىدائىيلاردىكى مىلتىقلارنىڭ سانى ئاران 500 نەچچە ئىدى. مىلتىقنىڭ ئوقى ھەققىدە سۆز ئېچىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. پىدائىيلار سارىغاي داۋىنىدىن ئېشىپ مورىغا بېرىپ، مورىنى جىڭ شۇرىنىنىڭ بىر لىيەن ئەسكىرىنىڭ بېسىپ ياتقانلىقىدىن خەۋەر تاپتى. پىدائىيلار ئۇلارنى قورشىۋالغاندىن كېيىن، مەھمۇت مۇھىتى ئۇلارغا: «تىنچلىق بىلەن قورال تاپشۇرساڭلار ھاياتىڭلارغا كاپالەتلىك قىلىمىز، شەخسىي مال - مۈلكۈڭلارغا تەگمەيمىز، ھەتتا سىلەرنى خورلىمايمىز» دەپ ۋەكىل كىرگۈزدى. جىڭ شۇرىن ئەسكەرلىرى ئېلىشقان بىلەنمۇ كۈچى يەتمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، تەسلىم بولۇپ قورال تاپشۇردى. مەھمۇت مۇھىتى ئۇلارنى بىر يەرگە يىغىپ: «بىز سىلەردىن مىلتىق ۋە ئاتلارنى تاپشۇرۇۋالدۇق، شەخسىي نەرسەڭلەرگە تەگمىدۇق، بىز گېپىمىزدە تۇرىمىز. بىزنىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈش خۇمارىمىز يوق. سىلەر گۇچۇڭغا بېرىپ باشلىقىڭلارغا ۋە چېرىكىڭلارغا ئېيتىڭلار، ئۇلار قورال تاپشۇرسىلا بولىدۇ، قورال تاپشۇرسىلا بالا - چاقا، ئاتا - ئانىلىرى بىلەن خاتىرجەم كۈن كۆرۈشىگە كاپالەتلىك قىلىمىز. ئۇلار دېھقانچىلىق قىلامدۇ، ئىختىيار ئۆزىدە» دەپ ئۇلارغا سىلىق مۇئامىلە قىلىپ، ئۇلارنى ئوبدان كۈتۈپ، ھەممىسىنى ھارۋا بىلەن گۇچۇڭغا يولغا سېلىپ قويىدى.

ئەتىسى سەھەردە «قۇمۇل تەرەپتىن قۇمدەك ئەسكەر باستۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ» دېگەن خەۋەر كەلدى. بۇنى ئاڭلاپ

پىدائىيلار دەرھال قۇمۇل تەرەپكە ئاتلاندى ۋە سارىغايىنىڭ ئۆدۈلىغا يېتىپ بېرىپ، بىر پەي ئەسكەرنىڭ يۈزلىگەن خوتۇن-بالىلارنى مۇھاپىزەت قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئاتلىق، بەزىلىرى تۆگىلىك، بەزىلىرى ھارۋىلىق ئىدى. پىدائىيلار ئالدىغا ئات سېلىۋىدى، بىر پەي ئەسكەر قېچىپ كەتتى، قالغانلىرى ئەسىرگە چۈشۈپ، قىيا - چىيا قىلىشقا باشلىدى. پىدائىيلار ئۇلارنى تىنچلاندۇرۇپ، خەنزۇچە سۆز بىلىدىغانلار ئارقىلىق سۈرۈشتۈرۈش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ قۇمۇل ۋە پىچانلاردىكى جىڭ شۇرېننىڭ ھەربىي ۋە مۇلكىي ئەمەلدارلىرىنىڭ بالا - چاقىلىرى بولۇپ، چوڭ - كىچىك جەمئىي 104 جان ئىكەنلىكى، جىڭ شۇرېننىڭ قۇمۇل ۋە پىچاندىكى ھەربىي ۋە مۇلكىي ئەمەلدارلىرى ئۇ يەرلەرنى پۈتۈنلەي تاشلاپ، «ئالدىمىزدا خەتەر يوق» دەپ بالا - چاقىلىرىنى بۇ تەرەپكە ئالدىن ماڭغۇزغانلىقى مەلۇم بولدى. شۇ ئارىدا مەھمۇت مۇھىتى بىلەن خوجىنىياز ھاجى يېتىپ كەلدى. مەھمۇت مۇھىتى بۇلارغىمۇ مورىدا تەسلىم بولغان ئەسكەرلەرگە ئېيتقان سۆزلەرنى ئېيتىپ، ئاخىرىدا: «سىلەر تۆگىلەرگە ئارتقان، ھارۋىلارغا باسقان نەرسىلەرنىڭ قايسىلىرى ھۆكۈمەتكە تەئەللۇق، قايسىلىرى ئۆزۈڭلەرگە تەئەللۇق ئىكەنلىكىنى راستلىق بىلەن ئايرىپ چىقىڭلار» دېدى. ھەر كىم ئۆزىنىڭ كىيىم - كېچەك ۋە ئۆي سەرەمجانلىرىنى ئايرىپ ئالغاندىن كېيىن، بىر نەچچە تۆگىگە ئارتىلغان گەزلىمىلەر (تاۋار - دۇردۇنلار) ھۆكۈمەتكە تەئەللۇق بولۇپ چىقتى. خوجىنىياز ھاجى بىلەن مەھمۇت مۇھىتى مەسلىھەتلىشىپ، ھۆكۈمەتكە تەئەللۇق بۇ گەزلىمىلەرنى «پىدائىيلارنىڭ خىراجىتىگە لازىم» دەپ ئېپقالدى. ئاندىن مەھمۇت مۇھىتى خوتۇن - بالىلارغا: «بىز سىلەرنى ھېچ نەرسە قىلمايمىز، قورقماڭلار. سىلەر قايتىپ بېرىپ ئەرلىرىڭلارغا، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭلارغا ۋە چېرىكلەرگە ئېيتىڭلار، قولىدىكى

www.uyghurkitap.com

قورالنى تاپشۇرسىلا بولدى» دېدى. ئۇلار ئارىلىقى يېقىن يولدىن ئۆز ئارمىيىسى تەرەپكە قايتۇرۇلىدىغان بولدى. بۇنى كۆرۈپ بىر قىسىم پىدائىيلار: «ئۇلارنىڭ خوتۇن ـ بالىلىرىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، قورال تاپشۇرامدۇ، يوق؟ سۆزلىشىپ بېقىش لازىم ئىدى» دېيىشتى. مەھمۇت مۇھىتى: «ياق، ئۇلارنى قايتۇرايلى، دۈشمەنلەر بىزنىڭ مەقسىتىمىزنى چۈشەنسۇن، بىزنىڭ بۇ ئىشىمىز ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تەسىر قوزغىماي قالمايدۇ» دەپ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئورنىغا قايتۇردى.

جىڭ شۇرىنىنىڭ ھەربىي ۋە مەمۇريي ئەمەلدارلىرىنىڭ بالا-چاقىلىرى يىراقلاپ كەتكەندىن كېيىن، پىدائىيلار شەپە چىقارماي شەرققە قاراپ يۈرۈش قىلدى. لېكىن، دۈشمەنلەرنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ يەنىلا ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقانلىقى مەلۇم بولدى. پىدائىيلار بوستان دېگەن تاغ ئېغىزىنىڭ پەس تەرىپىدىكى ساي ئېقىنىغا بارغاندا دۈشمەنلەر بىلەن ئۇچراشتى. دۈشمەن قوشۇنى توختىماي ئوق ياغدۇرۇپ كەلمەكتە ئىدى. پىدائىيلارمۇ تاغ ئېتىكىدىن شىمالىي جۇڭغار تۈزلەڭلىكىگە قاراپ سەپ تارتىپ، قۇمۇلدىن كېلىدىغان يولنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ، بىر نەچچە كىلومېتىر ئارىلىقتا ئۇلارنى توستى، ھەر ئىككى تەرەپ بىر تەرەپتىن ئېتىشسا، يەنە بىر تەرەپتىن مۇداپىئەلىنىدىغان ئورۇننى تەييارلاشقا ئالدىرايتتى، خوجىنىياز ھاجى تاغ باغرىدىن ئورۇن ئالدى. مەھمۇت مۇھىتى تۈزلەڭدىن، يەنى يول ئۈستىدىن ئورۇن ئېلىپ، ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلدى. دۈشمەن ئارمىيىسى كۆپ بولۇپ، ئىككى مىڭدىن ئاشاتتى. چۈنكى، ئۇلار جىڭ شۇرىنىنىڭ قۇمۇل ۋىلايىتى ۋە پىچان ناھىيىسىدىكى ھەممە قالدۇق قوشۇنى بولۇپ، ئۇلارنى لى خەيرۇي سىلىڭ باشلاپ كېلىۋاتقانىدى.

شۇ چاغدا قوماندان مەھمۇت مۇھىتى: «بىزنىڭ ئادىمىمىز ئاز، تۈزلەڭ يەردە دۈشمەنلەر بىزنىڭ سانىمىزنى ئوڭايلا

بىلىۋالالايدۇ، خەلقىمىزدە «توققۇزى رەڭ، بىرى جەڭ» دېگەن گەپ بار، بىز نۇرغۇن ئەلەم (بايراق) تەييار قىلايلى، دۈشمەنلەر ئەلەملىرىمىزنى كۆرۈپ، ئادەملىرىمىزنى كۆپكەن دەپ ئويلاپ قالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن جەڭ ۋەزىيىتى بىزگە پايدىلىق بولىدۇ» دېدى. پىدائىيلار بۇ چارىنى ماقۇل كۆرۈپ، دۈشمەنلەرنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىدىن ئېلىۋالغان ھەر خىل تاۋار - دۇردۇنلاردىن بىر مۇنچە ئەلەم ياسىدى. بەزىدە ئون نەچچە ئادەم بىر ئەلەمنىڭ كەينىدىن ماڭسا، بەزىدە 20 — 30 ھەتتا 40 ئادەم بىر ئەلەمنىڭ كەينىدىن مېڭىپ، ساي ئېقىنىنىڭ شەرق تەرىپىدە بىر قانچە كىلومېتىر يەرگىچە ھەر خىل ئەلەملەردىن بىرقانچە ئوننى قادىۋەتتى، ھەتتا بەزى ئادەم يوق يەرلەرگىمۇ ئەلەملەرنى قاداپ قويدى. پىدائىيلار ئىلگىرى ئەلەم كۆتۈرۈپ باقمىغان بولۇپ، خوجىنىياز ھاجى بىلەن مەھمۇت مۇھىتى بىرلەشكەندىن كېيىنمۇ، بىرەر پارتىيە ياكى تەشكىلات قۇرۇش، قانداق رەڭدە بايراق كۆتۈرۈش توغرىسىدا گەپ - سۆز بولۇنمىغانىدى. مەھمۇت مۇھىتى ھەر قانداق سورۇندا سۆز قىلسا، «بىز ئىلگىرى قاتتىق ئېزىلگەن، بىزگە ئەركىنلىك كېرەك، بىزمۇ ئادەمغۇ، ئاخىر بىز سۇڭ ۋېن (سۇڭ جۇڭشەن) نىڭ يولىدا مېڭىشىمىز كېرەك» دەيتتى.

پىدائىيلار بوستان دېگەن يەرنىڭ غولىدا دۈشمەن بىلەن بەش كېچە - كۈندۈز ئۇرۇشتى. دۈشمەننىڭ سانى كۆپ، قورالى خىل بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئاكوپتىن چىقىپ ئىلگىرىلىيەلمىدى، پىدائىيلارمۇ ئالغا باسالماي، بىر ئىزدا تۇرۇپ قالدى. چۈنكى، پىدائىيلارنىڭ تۇرغان جايى تۈپتۈز سايلىق بولۇپ، ئورنىدىن قوزغىلىپلا كەتسە پاناھ بولغۇدەك يەر يوق ئىدى. خوجىنىياز ھاجى كۈندۈزى پىدائىيلار بىلەن بىللە بولۇپ، دۈشمەنگە قارشى جەڭ قىلىشقا قاتناشسىمۇ، كېچىسى ئۇرۇش سېپىنى مەھمۇت مۇھىتىغا قالدۇرۇپ، 30 غا يېقىن ئادىمى بىلەن تاغقا چىقىپ

www.uyghurkitap.com

كېتەتتى. بۇنداق قىلىش مەھمۇت مۇھىتىنىڭ تەلىپى بولۇپ، خوجىنىياز ھاجى قورقۇمسىز، قىزىققان كىشى بولغاچقا، جەڭ مەيدانىدا پىدائىيلارغا بۇيرۇق بېرىپ قويۇپ، ئۆزى ھەرگىز جىم تۇرالمايتتى (قولىغا مىلتىق ئېلىپ جەڭگە تەڭ قاتنىشاتتى). مەسىلەن، ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى كۈنى لــــى خەيرۇينىـــڭ ئەسكەرلىرى پىدائىيلارنى كۆرۈپ، ئىككى ئوتتۇرىدىكى ئېقىننى ئىگىلەشكە ئالدىراپ ماڭدى. خوجىنىياز ھاجى بۇ ئەھۋالنى دۇربۇن بىلەن كۆرۈپ: «دۈشمەن ئېقىننى ئىگىلەشكە ئالدىرىدى، چاپسان بولۇڭلار» دېگىنىچە ئۆزى باش بولۇپ ئات سالدى. پىدائىيلارمۇ ئۇنىڭ ئارقىدىن ئات سېلىپ، ئېقىننى ئالدىن ئىگىلەپ، دۈشمەننى ئارقىغا چېكىنــــدۈردى. شۇ جەرياندا، خوجىنىياز ھاجىنىڭ قىسقا جۇۋىسىنىڭ پېشىدىن بىر قانچە يەرنى دۈشمەن ئوقى تېشىۋەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، مەھمۇت مۇھىتى «خوجىنىياز ھاجىكام ئۇرۇشنىڭ بىرىنچى سېپىدە پىدائىيلار بىلەن بىللە ئوق ئاتمىسا، چۈنكى ئۇ بىرەر كېلىشمەسلىككە يولۇقسا، بارلىق تىرىشچانلىقلىرىمىز بىكارغا كېتىـدۇ» دەپ ئىلتىماس قىلدى ۋە ئۇ كىشىنى كۈندۈزى ئۇرۇشنىـڭ ئارقا سېپىدە تۇرغۇزۇپ، كېچىسى تاغقا چىقىرىۋېتىدىغان بولدى.

بوستاندىكى پىدائىيلار تۇرغان يەرنىڭ سۈيى بولغان بىلەن تاماق ئېتىپ يېگۈدەك شارائىتى يوق ئىدى. پىدائىيلار بەش كېچە-كۈندۈزلۈك ئۇرۇش جەريانىدا، قۇرۇق ناننى غاجىلاپ، سوغۇق سۇنى ئىچىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەيلى كېچىسى بولسۇن ياكى كۈندۈزى بولسۇن خاتىرجەم ئۇخلىيالماي، تولىمۇ ھاردۇق يەتتى. دۈشمەن بىلەن بولغان جەڭدە غەلىبە ياكى مەغلۇبىيەت ئېنىــــق ئايرىلماي، سايدا يېتىــــۋېرىش بەزى پىدائىيلارنى زېرىكتۇرۇپ قويدى. پىدائىيلاردا بىر قىسمــــى ئۇرۇشقا قاتناشسا، يەنە بىر قىسمى دەم ئالىدىغان ئىمكانىيەت بولمىغاچقا، ئۇرۇشقا ھەممەيلەننىڭ تەڭلا قاتنىشىشىغا توغرا

كېلەتتى. دۈشمەنلەرمۇ گۈچۈڭغا ئۆتۈپ كېتەلمىگەچكە، تەمىناتتىن قىسىلىپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ ئىچىدىغان سۇ بىلەن بولغان ئارىلىقى يىراق ئىدى. دەل مۇشۇنداق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن مەھمۇت مۇھىتى دۈشمەنلەر بىلەن سۈلھى تۈزۈشنى لايىق تېپىپ، پىدائىيلارنىڭ ئارىسىدىكى خەنزۇچە سۆز بىلىدىغان كونا گۈچۈڭلۈك ياش ئۇيغۇرنى لى خەيرۇيگە ئەلچى قىلىپ كىرگۈزدى. مەھمۇت مۇھىتى ئۇنىڭغا: «سەن بېرىپ ئەسكەر باشلىقلىرىغا ئېيتقىن، ئۇلار قورال تاپشۇرسىلا، بىز ئۇلارنى ھېچ نەرسە قىلمايمىز. خالىسا گۈچۈڭغا كېتىۋەرسۇن. بۇ ھەقتە ئەگەر ئۇلار ئەلچى ئەۋەتسە سۆزلەشسەك بولىدۇ» دەپ تاپىلىدى. ئەلچى ئاتقا مىنگىنىچە قولىدىكى ئاق ياغلىقنى پۇلاڭلىتىپ دۈشمەن سېپى تەرەپكە كەتتى، پىدائىيلارمۇ ئوق ئېتىشنى توختاتتى. لېكىن، دۈشمەن تەرەپتىن ئوق ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى، شۇنداقتىمۇ پىدائىيلارنىڭ ئەلچىسى دۈشمەن سېپىگە سالامەت كىرىپ كەتتى. ئەلچى ئۇلارغا يېقىن بارغاندا، دۈشمەنلەر ئۇنىڭ كۆزىنى تېڭىپ، يانلىرىنى تەكشۈرۈپ، ئاندىن باشلىقلىرىنىڭ يېنىغا ئەكىرىپتۇ. ھەر ئىككى تەرەپتىن ئوق ئېتىش توختاپ، جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. شۇ كۈنى كەچقۇرۇن دۈشمەن تەرەپ، ئىلگىرى پىچان ناھىيىسىدە ئىشلىگەن، ئازغىنە ئۇيغۇرچە تىل بىلىدىغان بىر خەنزۇنى پىدائىيلارغا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى. مەھمۇت مۇھىتى ئۇنىڭ بىلەن سايدىكى ئورۇش مەيدانىدىلا سۆزلەشتى. سۆزلىشىش ئارقىلىق، جىڭ شۇرېن ئەسكەرلىرى پىدائىيلارغا 400 تال مىلتىق بېرىدىغان، پىدائىيلار ئۇلارنىڭ گۈچۈڭغا ئۆتۈپ كېتىشىگە يول قويىدىغان بولدى. شۇ كېلىشىمگە ئاساسەن، ئەتىسى قوراللارنى تاپشۇرماق بولۇپ ئەلچى ئۆز ئارمىيىسى تەرەپكە قايتىپ كەتتى.

شۇنىڭدىن باشلاپ ھەر ئىككى تەرەپتە ئوق ئېتىش پۈتۈنلەي

توختىدى. بىراق، ئىش مۇشۇ يەرگە يەتكەندە، پىدائىيلارنىڭ ئارىسىدا باشباشتاقلىق بىلەن قاراملىق قىلىش يۈز بەردى؛ بەزىلەر «ئەتە ئۇلار بىزگە ياخشى مىلتىقلارنى بېرەتتىمۇ؟ ئۇلار مىلتىق ئەكېلىپ بەرگۈچە بىز بۇ يەردە ساقلاپ ياتىمىزمۇ؟ بۈگۈن كېچىدىلا ھۇجۇم قىلىپ ئۇلارنىڭ ھەممە مىلتىقىنى تارتىۋېلىش كېرەك» دەپ غۇلغۇلا قىلىشقا باشلىدى. پىدائىيلارنىڭ كۆپىنچىسى ئېتىزلىقتىن كەتمەننى تاشلاپلا ئىنقىلابقا قاتناشقان دېھقانلار بولغاچقا، ھەربىي بىلىمدىن ساۋاتى يوق، بەلگىلىمە، تۈزۈم كۆزقارىشى ئاجىز ئىدى، كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتنى كۆپرەك ئويلايتتى. شۇنىڭ بىلەن كالتە پەملىك ئادەملەرنىڭ غۇلغۇلىسى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ كېتىپ، شۇ كۈنى كېچىدىلا «قايسى قىسىمنىڭ پىدائىيلىرى ئاۋۋال يېتىپ بارسا، قورالنى شۇلار كۆپ ئالىدۇ» دېگەن كۆز قاراش بويىچە بىر قىسىم پىدائىيلار مەھمۇت مۇھىتىنىڭ بۇيرۇقىسىزلا دۈشمەن ئاكوپىغا بەس - بەس بىلەن ئات سالدى. مەھمۇت مۇھىتى بۇ ئىشتىن خەۋەرسىز بولغاچقا، تۇيۇقسىز كۆتۈرۈلگەن چۇقان بىلەن باشلانغان ھۇجۇمنى توختىتىشقا ئامالسىز قالدى؛ مەھمۇت مۇھىتى «ھاي - ھاي» دېگىنىچە، ئۆزىگە يېقىن يەردىكى پىدائىيلارنى توسىۋالغان بولسىمۇ، ئۇرۇش سېپى ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كەتكەنلىكتىن، يىراق يەرلەردىكى پىدائىيلار ئاللىقاچان ئۇزاپ كەتكەنىدى. دۈشمەن تەرەپ كېلىشىم بويىچە ئوق ئاتماي تۇرۇۋاتقان شارائىتتا، پىدائىيلار «ھۇررا» توۋلاپ ئۇلارنىڭ ئاكوپلىرىغا يېقىنلىشىپ قالدى. بۇنى كۆرگەن دۈشمەنلەر تۇساتتىن شىددەتلىك ئوق ياغدۇردى. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن فرونت بويىچە ئوت ئېچىلىپ كەتتى. پىدائىيلاردىن ئۆلگەنلەر ئۆلۈپ، قالغانلىرى ئەسلىدىكى ئورۇنلىرىغا ئاران قېچىپ كېلىۋالدى. بۇ ئىشقا مەھمۇت مۇھىتى قاتتىق خاپا بولغان بولسىمۇ، بۇ ئىشنىڭ مەسئۇلىيىتىنى قانچە

سۇرۇشتۇرۇپمۇ جاۋابكار كىشىلەرنى تاپالمىدى. كىمدىنلا سورىسا «نېمە بولغىنىنى بىلەلمەي قالدۇق، ھەممەيلەن تەڭلا ھۇجۇمغا ئۆتتى، ‹ھاي ـ ھاي› دېسەك ئۇنىمىدى» دەپ تۇرۇۋالدى؛ تۇەنجاڭ، ليەنجاڭ بولغانلار تىلىنى بىر قىلىۋېلىپ ، بىر ـ بىرىنى پاش قىلمىدى. مەھمۇت مۇھىتى: «ئەستەغپۇرۇللا، ئەمدى ئىش بۇزۇلدى. ئەتە ئۇلار بىزگە 400 تال مىلتىق ئەمەس، تۆت تال مىلتىقمۇ بەرمەيدىغان بولدى» دېدى ـ دە، پىدائىيلارنىڭ باشلىقلىرىغا قاتتىق خاپا بولۇپ، غولنىڭ بېشىدىكى خوجىنىياز ھاجى تۇرۇۋاتقان بوستانغا چىقىپ كەتتى؛ ھەر قايسى پىدائىيلارنىڭ باشلىقلىرىمۇ ئۆز ئورۇنلىرىنى تاشلاپ تاغ تەرەپكە سۇرۇلدى.

تۇن بويى ئوق ئېتىپ چىققان جىڭ شۇرېن ئەسكەرلىرى تاڭ سەھەردە پىدائىيلار تەرەپتە ئەلەملەردىن باشقا ھېچكىم يوقلۇقىنى كۆرۈپ، بىر بېسىپ ـ ئىككى بېسىپ كېلىپ، قاداپ قويۇلغان ئەلەملەرنى ئولجا ئالدى. ئۇلار ئەلەملەرنى بىرىنچى بولۇپ ئالغان ئەسكەرلىرىگە پۇل مۇكاپات بەرگەن. پىدائىيلار ئەتىگەندە دۇربۇن بىلەن قاراپ، جىڭ شۇرېن ئەسكەرلىرىنىڭ ئۆزلىرى ئىگىلىگەن غولدىن ئۆتۈپ گۇچۇڭ تەرەپكە كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى. پىدائىيلار دۇشمەنلەرگە يەنە ئات سالغانىدى، دۇشمەنلەر پىدائىيلارنى كۆرۈپ چوڭ يولدىن چىقىپ، مورىغا كىرمەي، جۇڭغار تۈزلەڭلىكى بىلەن ئۇدۇل گۇچۇڭنى كۆزلەپ ماڭدى.

پىدائىيلار سارىغايغا بېرىپ توپلاشقاندىن كېيىن خوجىنىياز ھاجى كۆپچىلىككە: «سىلەر گەپ ئاڭلىماي، ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ، قورالللىق دۇشمەننى گۇچۇڭغا ئۆتكۈزۈۋەتتىڭلار. ئەمدى دۇشمەنلەر بىلەن ئۆزۈڭلار ئۇرۇشۇۋېلىڭلار، مەن كەتتىم» دېگىنىچە، سارىغايدىن بوستانغا كەتتى. ئۇنىڭ ئارقىدىن مەھمۇت مۇھىتمۇ قول ئاستىدىكى كىشىلەرگە: «قوزغىلاڭ قىلدۇق، مېنى باشلىق قىلدىڭلار. نېمىشقا گەپكە كىرمەيسىلەر؟ ئىش ھەل

قىلغۇچ يەرگە كەلگەندە، مېنىڭ بۆيرۇقۇمسىز قارامىلىق بىلەن باشباشتاقلىق قىلىپ، دۈشمەنگە ئۇرۇنسىز ھۇجۇم قىلدىڭلار. نەتىجىدە، مەغلۇپ بولغانغا تەڭ بولدى. بىر تالمۇ مىلتىق ئالالماي، دۈشمەننى گۇچۇڭغا ئۆتكۈزۈۋەتتۇق. سىلەر مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلىمىغاندىن كېيىن، مەنمۇ خوجىنىياز ھاجى بىلەن بىللە قۇمۇلغا كەتتىم، سىلەر باشقا باشلىق سايلاپ، جاڭ شۈرىن بىلەن ئۆزۈڭلار ئۇرۇشۇۋېلىڭلار» دېدى ـ دە، مۇھاپىزەتچىلىرى بىلەن خوجىنىياز ھاجىنىڭ كەينىدىن بوستانغا ماڭدى.

مەھمۇت مۇھىتى بوستانغا بارغاندا، خوجىنىياز ھاجى ئاچچىقىدىن يېنىپ، خېلىلا ئوڭلىنىپ قالغانىدى. ئېھتىمال، ئۇ كىشىنىڭ يېنىدىكى ئاقساقاللار مەسلىھەت بەرگەن بولسا كېرەك. خوجىنىياز ھاجى بىلەن مەھمۇت مۇھىتى ئۇ يەردە باشقىلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئاۋۋال تۇرپانغا چۈشۈپ بىر ئاز دەم ئېلىپ ۋە تەييارلىق قىلىپ، ئاندىن گۇچۇڭ تەرەپكە بېرىپ پارتىزانلىق ئۇرۇشىنى داۋاملاشتۇرماقچى بولدى. سارىغايدا قالغان پىدائىيلارمۇ ئاستا ـ ئاستا بىر ـ بىرىنىڭ كەينىدىن بوستانغا يېتىپ كېلىشتى، ئاندىن ھەممەيلەن تۇرپانغا چۈشۈپ كېتىشتى. پىدائىيلار جاڭ شۈرىن ئەسكەرلىرى بىلەن بوستاندا ئۇرۇش قىلغاندا، تۇرپاننىڭ قاراخوجا يېزىسىدىكى گاسىپنىڭ ئوغلى ئابدۇللا دۈشمەن تەرەپتە ئەسكەر ئىدى. گۇچۇڭنى ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ئۇ گۇچۇڭدىن قايتىپ كېلىپ، پىدائىيلارغا قوشۇلدى ۋە قوزغىلاڭچىلارغا مۇنداق بىر ئەھۋالنى سۆزلەپ بەردى: « سىلەر جاڭ شۈرىن ئەسكەرلىرىنى بوستاندا توسۇۋالغاندا، مەنمۇ شۇ قىسىمدا ئىدىم، بىز قورشاۋدا قېلىپ بەك قورقۇپ كەتتۇق. بىز تۇرغان يەردە سۇ يوق، ئوزۇق ـ تۈلۈك قىس، روھىمىز بەكمۇ تۆۋەن ئىدى. سىلەر تەرەپتىن ئەلچى كەلگىنىنى بىلگەن بولساقمۇ، باشلىقلارنىڭ نېمە دېيىشكەنلىكىنى بىلەلمىدۇق. شۇ كېچىسى

سىلەر تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش ئالدىدا، باشلىقىمىز «ھېچكىم ئوق چىقارمىسۇن!» دەپ بۇيرۇق قىلغانىدى، بىز ئاكوپلاردا بەخىرامان ياتقانىدۇق. كېچىسى سىلەر كۈتمىگەن يەردىن ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم قىلدىڭلار، بىز ناھايىتى ھودۇقۇپ كەتتۇق. سىلەر بىزگە يېقىنلاپ كەلگەندە، بىز بېشىمىزنى ئاكوپتىن چىقارماي، مىلتىقنى ئاسمانغا قارىتىپ ئېتىۋەردۇق. شۇڭا، سىلەر كۆپ چىقىم تارتمىدىڭلار. بىراق، كېيىن يامغۇردەك ئوقلار ئىچىدە ئارقاڭلارغا قېچىشقا مەجبۇر بولدۇڭلار. تاڭ ئاتقاندا قارىساق خېلى يېقىن يەرلەردە بىر قانچە ئادەمنىڭ جەسىتى يېتىپتۇ. بىر ئادەم يارىدار تۇرۇقلۇق، يېتىپ تۇرۇپ بىزگە ئوق ئېتىۋاتقانىكەن. باشلىقلىرىمىز بۇ ئادەمنى تىرىك تۇتۇشقا بۇيرۇق بەردى. ئەسكەرلەر ئۇنى تەرەپ - تەرەپتىن قورشاپ تىرىك تۇتۇۋالدى. لېكىن، ئۇ ئىنتايىن قورقۇمسىز، مەرگەن كىشى ئىكەن، قولغا چۈشۈپ بولغۇچە ئەسكەرلەردىن 17 نى ئېتىۋەتتى. بۇ ئادەمنى باشلىقلار يارىدار پېتى ئېلىپ كەتتى. ئۇلار بۇ ئادەمنىڭ يۈرىكىنى قورۇپ يەيدىكەن، دەپ ئاڭلىۋىدىم، ئاخىرى نېمە بولغىنىنى بىلمىدۇق. ئەتراپىمىزدىكى بىر قانچە ئون يەردە ئەلەم قاداقلىق تۇرۇپتۇ، لېكىن بىرمۇ ئادەم يوق. بىز ئىلگىرىلەپ بېرىپ ئەلەملەرنى ئېلىۋالدۇق. ئەلەم ئالغۇچىلارغا مۇكاپات بېرىلدى».

ئابدۇللا سۆزلەپ بەرگەن يارىلىنىپ دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ قالغان ھېلىقى كىشى بوستانلىق ھامۇت پالۋان بولۇپ، ئۇ مەھمۇت مۇھىتى مورىغا بارغاندا پىدائىي بولۇپ قوشۇلغانىدى.

1932 - يىلىنىڭ باشلىرىدا خوجىنىياز ھاجى مورىدىن تۇرپانغا چۈشكەندىن كېيىن، جىڭ شۇرېننىڭ قومۇلدىكى 4000 كىشىلىك ئارمىيىسى «قۇمۇلنىڭ 12 تېغىدا خوجىنىياز ھاجى بىلەن ئۇرۇش قىلىپ غەلىبە قازاندۇق» دەپ داۋراڭ سالغان بولسىمۇ، لېكىن قوزغىلاڭ ئوتىنى پەسەيتەلمەي، ئەكسىچە

www.uyghurkitap.com

تېخىمۇ ئۇلغايتىۋەتتى؛ قوزغىلاڭ ئوتى پۈتۈن شىنجاڭنى قاپلىدى.

1932 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى قۇمۇل تاغلىرىدا جىڭ شۇرېننىڭ «ئوغرىلارنى تازىلاش» باش قوماندانى قانخور شېڭ شىسەي «ئوغرىلار تۈگىدى» دەپ داۋراڭ سالغاندا، تۇرپان، پىچان، توقسۇن خەلقلىرى قۇمۇل خەلقىنىڭ قوزغىلىڭىغا ئاۋاز قوشۇپ، بىردەك قوزغىلىپ كەتتى. دېمەك، جىڭ شۇرېن ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئارمىيىلىرىنى قۇمۇل تاغلىرىدا ۋە قۇمۇل شەھىرىدە تۇرغۇزۇشنىڭ هاجىتى قالمىغانىدى؛ ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۈرۈمچىنى ساقلاپ قېلىش تېخىمۇ مۇھىم ئىدى. شۇنىڭ بىلەن جىڭ شۇرېن شېڭ شىسەيگە قۇمۇلنى تاشلاپ قويۇپ، تۇرپانغا كېلىپ تۇرپاندىكى قوزغىلاڭنى باستۇرۇشقا بۇيرۇق بەردى. شېڭ شىسەي 4000 ئەسكىرى بىلەن پىچان، تۇرپان، توقسۇن ناھىيىلىرىدە 7000 دىن ئارتۇق خەلقنى قىرىپ بولغاندىن كېيىن، 1933 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن جىڭ شۇرېننىڭ قۇمۇلدىكى سىلىڭى لى خېيرۇيمۇ قۇمۇلنى تاشلاپ قويۇپ، قۇمۇل ۋە پىچاندىكى بارلىق ئارمىيە ۋە هۆكۈمەت خادىملىرىنى باشلاپ گۇچۇڭغا قايتىپ كەلدى. دېمەك، قۇمۇل ۋىلايىتى جىڭ شۇرېن ئارمىيىسىدىن پۈتۈنلەي خالىي بولۇپ قالدى. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ كۆپ قىسمى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن يەرلىك خەلقنىڭ قولىغا ئۆتۈپ بولدى. ئۈرۈمچىنىڭ نەنسەن ئەتراپىدىكى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن ئۇيغۇر، خۇيزۇ خەلقلىرى ئۈرۈمچىگە توختىماي ھۇجۇم قىلىپ تۇراتتى. سەندۇبا، قۇتۇبى ناھىيىلىرىدىكى خەلقلەرمۇ قوزغىلىپ، ئۈرۈمچىنىڭ شەرق تەرىپى بىلەن شەھەرگە تەھدىت سېلىپ تۇراتتى. ئالتاي، تارباغاتايلاردا قوزغىلاڭ بارغانچە ئەۋج ئالماقتا ئىدى. قاراشەھەردە تۇرۇۋاتقان ما شىمىڭ بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، دەرھال بىر ئۆمەك تەشكىل قىلىپ، ئۇيغۇر خەلقى

نامىدىن ما جۇڭيىڭنى شىنجاڭغا چىقىشقا تەكلىپ قىلىش ئۈچۈن گەنسۇغا ئەۋەتكەنىدى. ما جۇڭيىڭ تەكلىپنى ماقۇل كۆرۈپ شىنجاڭغا قاراپ يولغا چىقتى.

ئىنقىلاب ئوتى پۈتۈن شىنجاڭنى قاپلاپ، جىڭ شۇرېن ھاكىمىيىتىنىڭ ئۇلىنى تەۋرىتىپ قويغاچقا، بۇ ھاكىمىيەتنىڭ ئاغدۇرۇلۇپ كېتىشى مۇقىملىشىپ قالغانىدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، ھۆكۈمەتنىڭ بەزى ئەمەلدارلىرى «ھازىردىن باشلاپ ھەرىكەتلەنمىسەك كېيىن ئۆزىمىزنى قوغدايدىغان يەر تاپالماي قالىمىز» دەپ ئويلاپ، مەخپىي ھەرىكەتلىنىشكە باشلىغان. ئاق ئورۇس ئەسكەرلىرىنىڭ خەلقنى قىرغان گۇناھى ئۆزىگە ئايان بولغاچقا، ئۇلارمۇ 1933 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا جەنۇبىي شىنجاڭغا قېچىشقا تەييارلانغانىدى. لېكىن، كېيىن ۋەزىيەتكە قاراپ بېقىپ، «مىلتىقنىڭ ئۇچىنى تەختتىن چۈشۈپ كېتىش ئالدىدا تۇرغان جىڭ شۇرېن ھاكىمىيىتىگە قاراتساق شىنجاڭ خەلقىنىڭ كەڭچىلىك قىلىشىغا ئېرىشىپ قالارمىز» دەپ ئويلىغان. ۋەزىيەتكە قاراپ ھەرىكەتلىنىشكە باشلىغان بۇ ئىككى خىل كۈچنىڭ خىيالى بىر يەردىن چىقىپ قالغانلىقتىن، دۇبەن مەھكىمىسى سەنمۇچۇسى (مەسلىھەتچىلەر باشقارمىسى) نىڭ باشلىقى چىڭ جۇڭ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپى تاۋ مىنيۇ، ئايروپىلان ئەترىتى باشلىقى لى شاۋتيەنلەر ئاق ئورۇسلارنىڭ باشلىقى گىرومكىن بىلەن مەسلىھەتلەشكەن، 1933 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككىدە چىڭ جۇڭ سەنمۇچۇ نامىدىن «ئورۇس ئەسكەرلەر مەشىق قىلغىلى باردۇ» دەپ ئۇلارنىڭ نەنلياڭدىن شەھەر ئىچىگە كىرىشىگە بۇيرۇق بەرگەن. ئورۇس ئەسكەرلەرنىڭ 200 چىسى ئۈرۈمچى شەھەر ئىچىگە كىرىپ، دۇبەن مەھكىمىسىگە ئوت ئاچقان؛ قالغانلىرى تۆت ئەتراپقا بۆلۈنۈپ، شەھەرنىڭ تۆت دەرۋازىسىنى قامال قىلغان. جىڭ شۇرېن دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئارقا تىمىدىن ئارتىلىپ چۈشۈپ قېچىپ كەتكەن. ئورۇس ئەسكەرلەر دۈبەن مەھكىمىسىدىكى ئوق ـ دورا ۋە خەت ـ چەكلەرنىڭ ھەممىسىنى تاشقىرىغا توشۇپ كەتكەن. شۇ كۈنى ئۆلكىلىك مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى ليۇ ۋېنلۇڭ ھەر ساھەدىكى ئابرۇيلۇق كىشىلەرنى چاقىرىپ، ئورۇس ئەسكەرلەرنىڭ قوماندانلىق شتابىدا مەجلىس ئېچىپ، 22 كىشىلىك ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ھەيئىتى سايلاپ چىققان؛ ليۇ ۋېنلۇڭ ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىكىگە سايلانغان.

بۇ چاغدا شېڭ شىسەي جىڭ شۇرېننىڭ بۇيرۇقى بويىچە نەنسەندىكى «باندىتلارنى تازىلاش»قا چىقىپ كەتكەن بولغاچقا، ئۇنى سەپەر ئۈستىدىن چاقىرتىپ كېلىپ، 4 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ھەيئەت ئەزالىرىنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق مەجلىسىدە دۇبەنلىككە سايلىغان. شېڭ شىسەي مەجلىس ئورنىغا كىرگەندە، ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى مەجلىس ئورنىنىڭ ئەتراپىنى قورشىۋالغان. ھۆكۈمەت تەركىبىدە ئۆزگىرىش بولىدىغانلىقىنى شېڭ شىسەي ئالدىن بىلمىسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ ھەربىي كۈچىنىڭ تەسىرى بىلەن دۇبەنلىككە سايلانغان بولغاچقا، ھەممە كىشىنىڭ ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىپ كېتىشى ناتايىن ئىدى. شۇڭا، ئۇ ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىپلا، «ھەممە مىللەتلەر سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، دىنىي ئېتىقاد جەھەتلەردە باراۋەر ۋە ئەركىن» دېگەن شوئارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، «ئۆتمۈشتىكى مىللىي ئېزىلىش، ئىقتىسادىي ئېكسپىلاتاتسىيە، سىياسىي تەڭسىزلىك ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى غەپلەتتە قالدۇرۇشلار بىكار قىلىنىدۇ» دەپ كەڭ تەشۋىق قىلدى. ئۇ مۇشۇ نۇقتىلارنى چىڭ تۇتۇپ، جايلارغا ئادەم ئەۋەتىپ، تىنچلىق ئورنىتىش ئۈستىدە ئالاقىلىشىۋالغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ دۈشمەنلىرىنى تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن پارچىلاشقا كىرىشتى. مەسىلەن، ئۈرۈمچى نەنسەندىكى قىسىمنىڭ باشلىقى ما چۈەنلۇيگە ئالتە ئادەم ئەۋەتىپ،

ئۇنىڭ تىنچلىق ھەققىدە سۆھبەتلىشىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە ۋەكىل ئەۋەتىشىنى تەۋسىيە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ما چۇەنلۇينىڭ قول ئاستىدىكى ئوفىتسېر ما دېشاڭغىمۇ تېزدىن مەخپىي ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ بىلەن تىل بىرىكتۈردى ۋە ئۇنىڭ قولى بىلەن ما چۇەنلۇينى ھەم ئۇنىڭ ئىككى لۈيجاڭىنى ئۆلتۈرگۈزدى؛ ئارقىدىنلا ما دېشاڭنى ۋاقىتلىق رەتكە سېلىنغان 1 ـ شىنىڭ شىجاڭلىقىغا تەيىنلىدى. ما دېشاڭ 1933 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئىككى نەپەر تۇەنجاڭى بىلەن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن شېڭ شىسەيگە نەنسەندىن كېلىدىغان خەۋپ ۋاقىتىنچە توختىدى. ما دېشاڭ شېڭ شىسەيگە تەسلىم بولغاندىن كېيىن، قول ئاستىدىكى ئۇيغۇرلارنى پۈتۈنلەي قورالسىزلاندۇردى.

ئۇنىڭدىن كېيىن شېڭ شىسەي قاراشەھەردىكى ما شىمىڭغا تىنچلىققا ئاۋاز قوشۇش، ئۆلكە بىلەن بىرلىشىش توغرىسىدا ۋەكىل ئەۋەتتى. ئەمما، ما شىمىڭ ما جۇڭيىڭ بىلەن سۆزلىشىپ كۆرۈشنى باھانە قىلىپ ئېنىق جاۋاب بەرمىدى، ۋەكىللەر نەتىجىسىز قايتىپ كەلدى.

خوجىنىياز ھاجى موريدىن تۇرپانغا قايتىپ چۈشۈشىگە، شېڭ شىسەي ئۇنىڭغىمۇ نەمەت باي باشلىق بىر نەچچە كىشىنى ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتكەنىدى. ئەمما، خوجىنىياز ھاجى شېڭ شىسەينىڭ تەكلىپىنى رەت قىلدى.

ئىلىدىكى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش قوماندانى جاڭ پېييۈەنمۇ شېڭ شىسەينىڭ دۇبەن بولغانلىقىنى ئېتىراپ قىلماي، ئۇنىڭ بىلەن تىركىشىش ھالىتىدە تۇردى.

خوجىنىياز ھاجى بىلەن مەھمۇت مۇھىتى بوستاندىكى ئۇرۇشتىن كېيىن، قوزغىلاڭغا قاتناشقانلارنىڭ بىر قانچە ئايدىن بۇيان توختىماي ئۇرۇش قىلىپ قاتتىق ھارغانلىقىنى، شۇنىڭدەك يېمەك ـ ئىچمەك ۋە مال بوغۇزغا ئىشەنچلىك كاپالەت يوقلۇقىنى

كۆزدە تۇتۇپ، تۇرپانغا چۈشۈپ ئۆزلىرىنىڭ ئانچە - مۇنچە ئوڭشىۋېلىشنى ئويلىدى. 1933 - يىلى 4 - ئاينىڭ 24 - كۈنى قوزغىلاڭچىلار ئەمدىلا تۇرپانغا كېلىپ تۇرۇشىغا، نەمەت باي باشچىلىقىدىكى تۆت - بەش ئەلچى شېڭ شىسەينىڭ خېتىنى ئېلىپ تۇرپانغا چۈشتى. شېڭ شىسەي خوجىنىياز ھاجىغا ئەۋەتكەن خېتىدە: «سىلەرنىڭ جىڭ شۇرېنغا قارشى قىلغان قوزغىلىڭىڭلار توغرا ئىدى. مېنىڭمۇ سىلەر بىلەن ئۇرۇشۇش نىيىتىم يوق ئىدى. لېكىن، مەن بىر ھەربىي بولۇش سۈپىتىم بىلەن بۇيرۇقنى ئىجرا قىلماي ئامالىم بولمىغاچقا، سىلەر بىلەن نائىلاج ئۇرۇش قىلدىم. شۇڭا، مەن سىز خوجىنىيازنى قۇمۇلدا قويۇۋەتكەنىدىم. جىڭ شۇرېننىڭ ئىشلىرى توغرا بولمىغانلىقتىن، بىز ئۇنىڭ ھۆكۈمىتىگە قارشى چىقىپ ئۇنى يوقاتتۇق. ئەمدى سىز ئۇرۇمچىگە چىقسىڭىز، بىز شىنجاڭنى بىرلىكتە باشقۇرساق» دېيىلگەنىدى. خوجىنىياز ھاجى بۇ خەتنى ئوقۇپ ئىنتايىن خاپا بولۇپ: «ۋۇ، ئانناڭنى! لومودى. مەن ساڭا ئالدانغىلى تۆمۈر خەلىپە[1] ئەمەس. بۇ لومودى تېخى مېنى قويۇۋەتتىم دەپتۇ، نەدە يۇرۇپ مەن ئۇنىڭغا ئەسىر چۈشۈپتىمەن!» دېگىنىچە ھويلىغا چىقتى. ئۇ ئاچچىقىدا سۆزلەپ، خەتنىڭ مەزمۇنىنى ئەتراپتىكى ھەممە كىشىگە بىلدۈرۈپ بولدى. شېڭ شىسەينىڭ «مەن سىزنى قويۇۋەتتىم» دېگىنىنىڭ جەريانى مۇنداق ئىدى: 1932 - يىلى 12 - ئايدا شېڭ شىسەي خوجىنىياز ھاجى قوزغىلاڭچىلىرىنى قۇمۇل تېغىنىڭ پۈتۈن غولىدا، تۆت ئەتراپى تىك تاغلار بىلەن قورشالغان جايدا 4000 ئەسكەر بىلەن قورشىۋالىدۇ. خوجىنىياز ھاجى بۇ قورشاۋدىن دەرھال

---

① تۆمۈر خەلىپە 1891 - يىلى تۇغۇلغان، 1912 - يىلى 3 - ئايدا قۇمۇل دېھقانلىرىغا باشچىلىق قىلىپ، زالىم ۋاڭ شا مەخسۇتنىڭ زۇلمىغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن. بىر قانچە قېتىم ئەسكەر ئەۋەتىپ قوزغىلاڭنى باستۇرالمىغان ياڭ زېڭشىن 1913 - يىلى 3 - ئايدا خۇيزۇ باتالىيون كوماندىرى لى شۇفۇنى ئەۋەتىپ، دىنىي ھىيلە بىلەن تۆمۈر خەلىپىنى ئالداپ، ئۇنىڭغا يىگىجاڭلىق ۋەزىپىسىنى بېرىپ ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كەلگەن. 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنى تۆمۈر خەلىپىنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەن



www.uyghurkitap.com

قۇتۇلۇشنىڭ ئامالىنى قىلالماي، خەتەرلىك ئەھۋالدا قالىدۇ ـ دە، «قورال تاپشۇرايلى» دەپ 50 تال مىلتىقنى تاپشۇرىدۇ. «قالغانلىرىنى ئەتە تاپشۇرىمىز» دەپ قويۇپ، يېرىم كېچىدە مۇزلۇق، قارلىق تاغقا كىگىزلەرنى يېپىپ، شۇنىڭ ئۈستىدە ئۆمىلەپ يۈرۈپ يول ئېچىپ قورشاۋدىن قېچىپ چىقىدۇ. شىڭ شىسەي «خوجىنىياز ھاجىنى قويۇۋەتتىم» دېيىشتە شۇ ۋەقەنى كۆزدە تۇتقانىدى.

خوجىنىياز ھاجى بىلەن مەھمۇت مۇھىتىنىڭ موردىن تۇرپانغا چۈشكەن ۋاقتى دەل شىڭ شىسەي ما شىمىڭ قوشۇنى ئىچىگە بۆلگۈنچىلىك سېلىپ، ئۇنىڭ ما دېشاڭ ئىسىملىك ئوفىتسېرىنى تەسلىم قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۇرۇمچى نەنسەندىكى ما چۇەنلۇي ئىسىملىك ئوفىتسېرىنى ئۆلتۈرگۈزۈپ، ما شىمىڭ قوشۇنى ئارىسىدا قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلغان ۋاقىت ئىدى. ما شىمىڭنىڭ ما فامىلىلىك يەنە بىر لۇيجاڭى 300 ئاتلىق ئەسكىرى بىلەن نەنسەنگىمۇ بارالماي، قاراشەھەرگىمۇ قايتالماي، گاڭگىراپ تۇرپاندا تۇرۇپ قالغانىدى. ئۇلارنىڭ قايسى تەرەپكە (ما چۇەنلۇي تەرەپكە ياكى ما دېشاڭ تەرەپكە) تەۋە ئىكەنلىكى ئېنىق ئەمەس ئىدى. خوجىنىياز ھاجى ئۇلارنىڭ ھېچبىر تەرەپكە بارالمايۋاتقانلىقىنى بىلىپ، ئۇلارغا: «سىلەر بىز بىلەن بىرلىشىپ گۇچۇڭغا ھۇجۇم قىلساڭلار قانداق؟» دەپ تەكلىپ بەردى، ئۇلار مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن ماقۇل بولدى. لېكىن ئۇلارنىڭ ئەسكەرلىرىدىن بىرسى خوجىنىياز ھاجىغا مەخپىي ھالدا: «ئۇلار ‹ھازىرچە خوجىنىياز ھاجىغا قوشۇلغان بولايلى، تاغدىن ئېشىپ شىمالغا ئۆتكەندىن كېيىن ئۆزىمىزنىڭ بىلگىنىنى قىلىمىز› دەپ مەسلىھەتلەشتى» دېگەن خەۋەرنى يەتكۈزۈپ قويدى. خوجىنىياز ھاجى بىلەن مەھمۇت مۇھىتى مەسلىھەتلىشىپ، ئۇلارنىڭ قورالىنى يىغىۋېلىش قارارىغا كەلدى. ئاۋۋال سەمەت ھاجى تۇەنجاڭ، پولات تۇەنجاڭلارنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ماڭغۇزۇپ، ئاندىن باشقا تۆەنلەرنى باشلاپ مېڭىپ، يوغانتېرەكتىكى تاغ ئارىسىغا بارغاندا، ئۇلارنى ئارىغا ئېلىپ ئۇلارنىڭ ئات ۋە قوراللىرىنى يىغىۋالدى. ئۇلارمۇ ھېچقانداق جېدەل ـ غوۋغا قىلماي، قوراللىرىنى ياۋاشلىق بىلەن تاپشۇرۇپ بەردى. ئاندىن مەھمۇت مۇھىتى ئۇلارغا: «بىز ئۇيغۇرلار تۇرپاندا قوزغىلاڭ قىلىپ دۈشمەندىن مىلتىقلارنى تارتىۋالغاندا، سىلەر ئۆيۈڭلاردىن چىقماي ئولتۇرۇۋالغان. دۈشمەن بىلەن بىز ئۇرۇشۇپ، ھەممە قۇربانلارنى بىز بېرىپ، ئۇنىڭ بەدىلىگە كەلگەن مىلتىقلار ما شىمىڭنىڭ ئادالەتسىزلىكى ۋە ئارىمىزغا بۆلگۈنچىلىك سېلىشى بىلەن سىلەرنىڭ مۇرەڭلەرگە چىقىپ قالدى. لېكىن، سىلەر بىزدىن ئالغان مىلتىقلار بىلەن دۈشمەننى ئاتماي، دۈشمەنگە تەسلىم بولدۇڭلار، ئۆزئارا قىرغىنچىلىق قىلىپ دۈشمەنگە ياردەم بەردىڭلار. ئەمدى بىز سىلەرگە ‹بىرلىشىپ دۈشمەنگە قارشى تۇرايلى›، دېسەك، سىلەر نىيىتىڭلارنى بۇزۇپ، بىزدىن ئايرىلىپ باشقا ياققا قاچماقچى بولۇپسىلەر. بىز دۈشمەنگە قارشى تۇرىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز سىلەردىن مىلتىقلارنى قايتۇرۇۋالدۇق. سىلەرگە مىلتىق كېرەك بولسا، ئۆزۈڭلار دۈشمەندىن تارتىۋېلىڭلار. ئاتلارنى ئېلىۋالدى دەپ قالماڭلار، قوزغىلاڭدىن ئىلگىرى قايسىڭلارنىڭ ئېتى بار ئىدى. سىلەرنىڭ كۆپچىلىكىڭلار تۇرپانلىق، مەنمۇ تۇرپانلىق. ئىلگىرى ھەر قايسىڭلارنىڭ نېمە ئىش بىلەن شۇغۇللانغانلىقىڭلارنى مەن ئوبدان بىلىمەن. ئاتلار ئومۇمغا تەئەللۇق، ئاتلار دۈشمەندىن قولغا چۈشۈرۈلگەن. بىز بۇ ئاتلارنى ئۇرۇشقا ئىشلىتىمىز» دېدى ۋە ئۇلارنى ھارۋىلار بىلەن تۇرپانغا قايتۇردى. ئوفىتسېرلارنىڭ ئات ۋە يان قوراللىرىنى ئۆزىگە قايتۇرۇپ بېرىپ، «قاراشەھەرگە بارامسىلەر ياكى باشقا ياققا بارامسىلەر، ئىختىيارىڭلار» دەپ تۇرپانغا يولغا سالدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تۇرپاندىكى قوزغىلاڭنىڭ دەسلەپدە تۇرپان

كونىشەھەردە تەسلىم بولغان لۈيجاڭ ما فۇمىڭمۇ بار ئىدى، ئۇمۇ تۇرپانغا ئاتلىق كەتتى.

خوجىنىياز ھاجى بىلەن مەھمۇت مۇھىتى ئادەملىرىنى باشلاپ يوغانتېرەكتىن يولغا چىقىپ، پەنۋۇفۇ داۋىنى ئارقىلىق تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى چەنزىگەيگە يېتىپ باردى، ئاندىن پىدائىيلارغا قوماندانلىق قىلىپ جىمىسارغا ھۇجۇم قىلدى. بۇنىڭدىن گۇچۇڭدىكى لى خەيرۇي سىلىڭ خەۋەر تېپىپ، جىمىسارغا ياردەمگە ئەسكەر ئەۋەتتى. گۇچۇڭ ۋە جىمىساردىن بولۇپ 1500 ئاتلىق ئەسكەر پىدائىيلارغا قايتۇرما ھۇجۇم قىلدى. پىدائىيلار ھەممە يەردە پارتىزانلىق ئۇرۇشى قىلىپ كەلگەن، بۇ جەھەتتىكى تەجرىبىسى مول بولغاچقا، بۆلۈنۈپ تارقىلىپ يۈرۈپ، دۈشمەننى چۆرگىلىتىپ ئۇرۇش قىلدى، لېكىن دۈشمەننى توسۇپ بولالماي، تاغقا قاراپ چېكىندى. پىدائىيلار چېكىنىپ كېتىۋاتقاندا، بەزىلەر خوجىنىياز ھاجى ياكى مەھمۇت مۇھىتىنىڭ رۇخسىتىنى ئالماي، باشباشتاقلىق قىلىپ، جىمىسارنىڭ جەنۇبىي دۆڭلۈكىدىكى چۇەنپۇدۇڭ دېگەن چوڭ بۇتخانىغا ئوت قويۇۋېتىپ، بۇ بۇتخانىنىڭ بىر قىسمىنى كۆيدۈرۈۋەتكەنىكەن. جىمىسار ۋە گۇچۇڭدىن كەلگەن لى خەيرۇينىڭ ئەسكەرلىرىمۇ پىدائىيلارنى چېكىندۈرۈپ چەنزىگەيگە كەلگەندە، مۇسۇلمانلارنىڭ چوڭ مەسچىتىگە ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتتى. باش قوماندان مەھمۇت مۇھىتى بۇ ئىشنى ئۇققاندىن كېيىن بۇنىڭدىن كېيىن قوزغىلاڭچىلارنىڭ بۇنداق باشباشتاقلىق قىلىشىنى قاتتىق چەكلىدى. دۈشمەن پىدائىيلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كەلمەكتە ئىدى، پىدائىيلارمۇ ئاتلىق بولغاچقا، بىردەم قېچىپ، بىردەم ھۇجۇم قىلىپ دۈشمەننى تازا ھاردۇرغاندىن كېيىن، ئاخىر تاغقا بۆلۈنۈپ مېڭىپ، بىر قانچە تۆپىلىككە پۇختا جايلاشقاندىن كېيىن، دۈشمەننى قاتتىق توستى. دۈشمەن داۋاملىق

ئىلگىرىلەشكە كۆزى يەتمەي ئارقىغا قايتتى. بۇ چاغدا پىدائىيلارنىڭ تۇرپاندىن چىققىنىغا ئۈچ كۈن بولغان بولۇپ، پىدائىيلار ئۇ يەردىن تەگرىتاغنى بويلاپ شەرققە مېڭىپ، تەنپاملۇق دېگەن يەرگە يېتىپ بارغاندا، گۇچۇڭدىن بىر تۈمەن ئاتلىق ئەسكەر كېلىپ پىدائىيلارنى توسۇپ ھۇجۇم قىلدى. ئۇ يەردە خېلىلا قاتتىق ئۇرۇش بولدى، ھەتتا پىدائىيلار دۈشمەنلەر بىلەن گىرەلىشىپمۇ كەتتى، ئاخىر پىدائىيلار غەلىبە قىلىپ، دۈشمەننىڭ بىر قىسمى يوقىتىلغاندىن كېيىن قالغان قىسمى گۇچۇڭغا قايتتى. پىدائىيلار ئاز بولسىمۇ بىر قىسىم مىلتىقلارنى ئولجا ئالدى. ئۇلار شۇ كۈنى كەچ ئۈزۈن قىر دېگەن تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىپ قوندى.

شېڭ شىسەي 1933 - يىلى 4 - ئايدا ئۈرۈمچىدە ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندا جىڭ شۇرېن سىبىرىيە ئارقىلىق ئىچكى جۇڭگوغا قاچقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ قېپقالغان بەزى قىسىملىرى شېڭ شىسەيگە ئىتائەت قىلماي قارشىلىشىپ يۈردى. مەسىلەن، ئىلىدىكى جاڭ پېيۈەن جىڭ شۇرېننىڭ بىر قىسىم قالدۇق ئەسكەرلىرىنى توپلاپ، شېڭ شىسەيگە ئاشكارا قارشى چىقتى. 1933 - يىلى ماي ئايلىرىدا گۇچۇڭدىكى لى خەيرۇيمۇ شېڭ شىسەيگە ئىتائەت قىلماي، خوجىنىياز ھاجىغىمۇ قورال تاپشۇرماي ئۆز ئالدىغا ئۇرۇش قىلىپ يۈردى.

خوجىنىياز ھاجى گۇچۇڭ ناھىيىسىنىڭ تەنپاملۇق دېگەن يېرىدىكى ئۈزۈن قىر دېگەن تاغ ئۈستىگە كەلگەندە، خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئالدىغا شېڭ شىسەيدىن يەنە تۇرسۇن بابا باشلىق بىر نەچچە ئادەم ۋەكىل بولۇپ كەلدى. ئۇلار يەنە شۇ كونا گەپلەرنى تەكرارلىغان بولسىمۇ، خوجىنىياز ھاجى «ياق» ياكى «ماقۇل» دەپ جاۋاب بەرمەي، «ئويلىشىپ باقايلى» دەپ ۋەكىللەرنى قايتۇردى. بۇ چاغدا ما جۇڭيىڭ گەنسۇدىن شىنجاڭغا كىرگەن ۋە ئەسكەرلىرىنىڭ ئالدى مورى ناھىيىسىگە يېقىنلىشىپ

قالغاندى.

ما جۇڭيىڭ شۇ يىللاردا ئىس ـ تۈتەكلەر بىلەن تولغان شىنجاڭ تۇپرىقىدا ئاجايىپ زور سەلبىي روللارنى ئوينىغان مۇھىم تارىخىي شەخس بولۇپ، ئۇ گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ خېجۇ شەھىرىدە (ھازىرقى لىڭشيا ناھىيىسى) تۇغۇلغان، مىلىتارىست ما بۇفاڭ ئۇنىڭ ئاتا جەمەت تۇغقىنى. ما جۇڭيىڭنىڭ ئاتىسى ما باۋ نىڭخەي ئارمىيىسى ئاتلىق 11 ـ دىۋىزىيونىنىڭ كوماندىرى بولۇپ، ئۇلار ئاتا ـ بوۋىسىدىن تارتىپ، مانجۇ خانلىق قوشۇنىنىڭ تەركىبىدىكى خۇيزۇ قىسىملارنىڭ قوماندانى بولغان. تۇغۇلۇپلا گازارمىدا، جەڭچىلەرنىڭ ئارىسىدا چوڭ بولغان ما جۇڭيىڭ كىچىكىدىن باشلاپ قورال ـ ياراغ، قىلىچ ـ نەيزە ئىشلىتىش، مىلتىق ئېتىش قاتارلىقلارغا ماھىر بولۇپ يېتىشكەن ۋە ھېچ نەرسىدىن قورقمايدىغان، قارام، قارا نىيەت خاراكتېرنى يېتىلدۈرگەن. كېيىن يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرلار تەربىيىلىنىدىغان ھەربىي مەكتەپتە ئوقۇغان. ئاتىسى كېسەل بولۇپ قالغاندىن كېيىن 17 ياشقا كىرگەن ما جۇڭيىڭ ئاتىسىنىڭ ئورنىغا باتالىيون كوماندىرى بولغان. بۇ چاغدا گەنسۇ ئۆلكىسى فېڭ يۈشياڭ، لىۋ بوفىڭ قاتالىق يەرلىك مىلىتارىستلارنىڭ زېمىن ۋە ھوقۇق تالىشىدىغان مەيدانىغا ئايلىنىپ قالغان بولۇپ، 17 ياشلىق ما جۇڭيىڭ ھوقۇقنى ئېلىپلا فېڭ يۈشياڭ قاتارلىقلارغا قارشى تۇرۇش شوئارى ئاستىدا ئەسكەر توپلاپ ئۇرۇش قىلغان. شۇ چاغدا كىشىلەر ئۇنىڭغا «گاسىلىڭ» (بالا قوماندان) دەپ نام بەرگەن. جياڭ جيېشى ما جۇڭيىڭ ئارقىلىق گەنسۇدىكى مىلىتارىستلارنى چەكلەش غەرىزىدە ئۇنىڭغا 36 ـ دىۋىزىيىنىڭ شىجاڭلىق ۋەزىپىسىنى بەرگەن. شۇنىڭدىن كېيىن «گاسىلىڭ» غەربىي شىمالدىكى تۆت ئۆلكىنى پاراكەندە قىلىپ، جۇڭگونىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى مىلىتارىستلار ئىچىدە بىر سەھىپىنى ئىگىلەپ تۇرغان. كېيىن ئۇ فىڭ يۈشياڭ تەرىپىدىن

يىغىلىپ، ئەتراپىغا بىر بۆلۈك باندىتلارنى يىغىپ، تەرەپ ـ تەرەپكە پىتىراپ، ئوت قويۇش، ئادەم ئۆلتۈرۈش، بۇلاڭچىلىق قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، نۇرغۇن ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بولغان. 1930 ـ يىللاردا كونا قىسىملىرىنى قۇراشتۇرۇپ، خېشى رايونىدىكى مىلىتارىست ما بۇفاڭغا ھۇجۇم قىلغان. بۇ زېمىنغا ھېچكىمنى كىرگۈزمەيدىغان ما بۇفاڭ دەرغەزەپكە كېلىپ، پۈتۈن كۈچىنى سەپەرۋەر قىلىپ، ما جۇڭيىڭغا ھۇجۇمغا ئۆتكەن. يەنە بىر قېتىم قاتتىق مەغلۇپ بولغان ما جۇڭيىڭ بارىدىغان يەر تاپالماي، جىيايۈيگۇەنگە چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان. دەل مۇشۇ پەيتتە قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلاپ، قوزغىلاڭچىلارنىڭ كۈچى ئاجىز بولغاچقا، ما جۇڭيىڭنى شىنجاڭغا تەكلىپ قىلغان. قاتتىق مەغلۇبىيەتتىن بېشى قاتقان ما جۇڭيىڭ بۇ تەكلىپنى جان دەپ قوبۇل قىلىپ، شىنجاڭغا چىققان، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ شىنجاڭ زېمىنىدا قارا نىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئاق كۆڭۈل، ساددا ئۇيغۇر قوزغىلاڭچىلىرىنى يەمچۈك قىلىپ، نەيرەڭۋازلىق بىلەن مال ـ دۇنيا، ھوقۇق، زېمىنغا ئېرىشكەن. شىنجاڭدا ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ۋەھشىيلىك بىلەن سانسىزلىغان بىگۇناھ پۇقرالارنى قىرغان، ھەققانىيەت ئۈچۈن كۈرەشكە ئاتلانغان قوزغىلاڭچىلارغا ئىنچىل ئۆچمەنلىك بىلەن قاراپ ئۇلارغا زور تالاپەت يەتكۈزگەن. 1934 ـ يىلى 5 ـ ئايدا سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى مارالبېشى تەۋەسىدە ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرىنى ئارام بەرمەي تاپباستى قىلىپ قوغلاپ، ئۈستىدىن ئايروپىلانلار بىلەن بومبادىمان قىلىپ، يەردىن ئوققا تۇتۇپ، تىرىپىرەن قىلىۋەتكەن. ما جۇڭيىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ بولىدىغانلىقىنى، ھەرگىز دۈشمەنلەشمەيدىغانلىقىنى، شىنجاڭدا توپلىغان نەچچە يۈز جىڭ ئالتۇننى سوۋېت ئىتتىپاقى بانكىسىغا «ئامانەت» قويىدىغانلىقىنى قايتا ـ قايتا ئىزھار قىلغان ۋە 6 ـ

ئاينىڭ 7 ـ كۈنى شىنجاڭ خەلقىنىڭ قان ـ تەرى، ھاياتى بەدىلىگە كەلگەن، ئون نەچچە چارەك (شۇ چاغدا بىر چارەك 16 جىڭ ئىدى) تىللا، ئون نەچچە چارەك زىخچە ئالتۇن، نەچچە يۈز تونىنا كۈمۈش قاتارلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ، قەشقەردىكى ئەركەشتام چېگرىسى ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىپ كەتكەن. شۇنىڭدىن تارتىپ، «ئون يەتتە يېشىمدا ‹بالا سەركەردە› دەپ ئاتىلىپ، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىن پامىر ئېتىكىگىچە بولغان كەڭ زېمىندا گاھ بوراندەك گۈركىرەپ، گاھ چاقماقتەك يالتىراپ، ‹قەدىمى يەتتەنلىكى يېرىدىن ئوت ۋە قان چاچرىتىپ جاھانغا پاتمىغان بۇ بوز ئاتلىق ئادەم› » شىنجاڭ تۇپرىقىدىن يوقالغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ سايىسى بولغان ما خوسەن، چولاق زىخۇي، ما فۇيۈەن قاتارلىق قولچوماقلىرى خېلى يىللارغىچە قەشقەر، خوتەن دىيارلىرىدا خەلقنى زۇلۇم دەرياسىغا پاتۇرۇپ كەلگەن.

ماجۇڭيىڭ ئىككىنچى قېتىم شىنجاڭغا كىرگەندە خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئالدىغا ئەمدى كىم بىلەن بىرلىشىپ، كىمگە قارشى تۇرۇش مەسىلىسى يەنە ئىلگىرىكىدەك ما جۇڭيىڭ بىلەن بىرلىشىپ، شېڭ شىسەيگە قارشى تۇرۇش كېرەكمۇ ياكى شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى بىلەن بىرلىشىپ، ما جۇڭيىڭغا قارشى تۇرۇش كېرەكمۇ؟ دېگەن مەسىلە قويۇلدى. شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى بىلەن بىرلىشەي دېسە، شېڭ شىسەي قۇمۇل، پىچان، تۇرپان، توقسۇن قاتارلىق جايلاردا نەچچە مىڭلىغان ئۇيغۇرلارنى رەھىمسىزلىك بىلەن قىرغان جاللات. خوجىنىياز ھاجى قۇمۇل ۋە پىچانلاردا ئۇنىڭ بىلەن ئۇدا ئىككى يىل ئۇرۇش قىلدى. ئۇنىڭ ئەمدىكى ياغلىما سۆزلىرىگە ئىشەنگىلى بولمايتتى. خوجىنىياز ھاجى «ئۆتمۈشتە تۆمۈر خەلىپە ئېزىلىشكە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەندە، مۇستەبىت ياڭ زېڭشىڭ ھۆكۈمىتى ‹ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات›، دەپ، تۆمۈر خەلىپىنى ئۇرۇمچىگە

www.uyghurkitap.com

ئالداپ ئاپىرىپ يوشۇرۇن قەتلىئام قىلغان. شىڭ شىسەي «جىڭ شۇرىننىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلدىم» دەپ، ھازىرقى قوزغىلاڭچىلارغا كۈچى يەتمەي، قولىدا تۆمۈرنىڭ سۆڭىكى يوق بىگۇناھ پۇقرانى قىردى. ئەمدى ئۇ دىلىدىكى زەھەرنى يوشۇرۇپ «شىكەر سۆزلىرى» نى ئوتتۇرىغا چىقارغىلى تۇردى. ئۇنىڭ جىڭ شۇرىندىن نېمە پەرقى بار. بەربىر قارا ئىتمۇ ئىت، ئاق ئىتمۇ ئىت. ئۇ مېنىمۇ سىيلاپ ـ سىيپاپ توزاققا چۈشۈرۈپ، تۆمۈر خەلىپىنىڭ كاللىسىنى ئالغاندەك كاللامنى ئالماي قالمايدۇ. ئۇنىڭ ھىيلىدىن ھالۋا ياساپ قىلغان چىرايلىق سۆزلىرىگە ئىشەنگىلى بولمايدۇ» دەپ ئويلىدى. شۇڭا، شىڭ شىسەي بىلەن بىرلىشىش خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ ئىدى.

ئۇ ما جۇڭيىڭ بىلەن يەنە بىرلىشەي دېسە، ئۇنىڭغىمۇ تازا كۆڭۈل توختىتالمىدى. چۈنكى، 1931 ـ يىلى قوزغىلاڭ باشلانغاندا جىڭ شۇرىننىڭ ئۆلكە بويىچە 64 مىڭ ئەسكىرى بار ئىدى. خوجىنىياز ھاجى شۇنىڭغا قارىماي، جىڭ شۇرىنغا قارشى كۈرەشكە ئاتلانغان ۋە يولۋاس، ئىسمايىل قاتارلىق كىشىلەرنى گەنسۇدىكى ما جۇڭيىڭنى ياردەمگە تەكلىپ قىلىشقا ئەۋەتكەنىدى. 1931 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ما جۇڭيىڭ بىرىنچى قېتىم 500 ئەسكىرىي كۈچ، 90 نەچچە تال مىلتىق بىلەن ئەنشىدىن قۇمۇلغا چىقىپ، شەھەرگە ھۇجۇم قىلدى. ئۇ يەنە، قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىدىن 500 كىشىنى ئەسكەرلىككە قوبۇل قىلىپ، ئۇلارغا قىلىچ ۋە نەيزە تۇتقۇزۇپ، ئۇلارنى قوشۇنىنىڭ ئالدىغا سېلىپ، سېپىلغا چىقىشقا مەجبۇرلىدى. نەتىجىدە، يۈزلىگەن ئۇيغۇر ياشلىرى قىرىلىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى خوجىنىياز ھاجىغا ئەھۋال ئېيتىپ نارازىلىقىنى بىلدۈرگەندە، خوجىنىياز ھاجى ما جۇڭيىڭغا خەلقنىڭ تەلىپىنى يەتكۈزۈپ: «مىلتىقى يوق ئەسكەرلەرنى سېپىلغا چىقىشقا زورلىمىساڭلار» دېسە، ما جۇڭيىڭ خوجىنىياز ھاجىنىڭ سۆزىنى ئىلىككە

ئالمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئەسكەرلىرىنىڭ بىر قىسمى ئۆلۈپ تۈگىدى. يەنە بىر قىسمى ما جۇڭيىڭ بىلەن بىللە تاغدىكى خوجىنىياز ھاجىنىڭ يېنىغا ماڭغانىدى. تاغدا جۇدۇن بولۇپ كېتىپ، يىلىڭ كىيىم، يالىڭاياغ ئەسكەرلەر يولدا ئىنتايىن قىينالغاچقا، خوجىنىياز ھاجى باشلىق تاغ خەلقى ئۇلارنى چېدىر تىكىپ، قويلارنى سويۇپ، يېمەك - ئىچمەك ۋە كىيىم - كېچەكلەر بىلەن ئوبدان كۈتۈۋالدى. ما جۇڭيىڭ ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى تاغدا ئوبدان ئوزۇقلىنىپ ۋە ئارام ئېلىپ، ئۆزىنى ئوڭشىۋالغاندىن كېيىن جىڭ شۇرىنىڭ باركۆلدىن قۇمۇلغا كېتىۋاتقان ئىككى تۈمەن ئەسكىرىگە تاغ خەلقىنىڭ ياردىمى بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى ئەسىرگە ئالدى؛ يەنە ئۇيغۇر، قازاق خەلقلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن باركۆلنى ئىشغال قىلدى. ما جۇڭيىڭ ئولجا ئالغان مىلتىقلار بىلەن ئۆز ئەسكەرلىرىنى قوراللاندۇرۇپ، ئادەم سانىنى مىڭغا يەتكۈزۈپ، ئۆز قوشۇنىنى كۈچەيتتىكى، خوجىنىياز ھاجى قوشۇنىغا بىر تالمۇ مىلتىق بەرمىدى. ئۇ تېخى خوجىنىياز ھاجى باشلىق بىر قانچە كىشىنى «يىڭجاڭ، لىيەنجاڭ» قىلدىم دەپ، قۇرۇق ئۆستەڭگە مىراب قىلماقچى بولدى. ئۆزىنىڭ ئەسكەرلىرىنى قوراللاندۇرۇپ ئېشىپ قالغان قوراللارنى تۆگىگە ئارتىپ، «ئۇرۇمچىدىن كېلىۋاتقان دۈشمەنلەرنىڭ ئالدىنى توسۇيمەن» دەپ لودۇڭغا ماڭدى. ئەمما، لودۇڭدىكى ئۇرۇشتا يېڭىلىپ گەنسۇغا قېچىپ كەتتى. ما جۇڭيىڭ لودۇڭغا مېڭىش ئالدىدا، خوجىنىياز ھاجى ئۇنىڭغا: «بىزنىڭ قوراللىرىمىزنىڭ يېتىشمەيۋاتقانلىقىنى بىلىسىز. ئۇرۇشنى بىللە قىلدۇق، ئولجا ئالغان قوراللار ئۆزىڭىزدىن ئېشىپ تۇرسا، ئۇلارنى بىزگە قالدۇرماي كېتەمسىز؟» دېسە، ما جۇڭيىڭ: «مەن ئىچكىرىگە بېرىپ ئەسكەر ئېلىپ يەنە كېلىمەن» دەپ جاۋاب بەردى. خوجىنىياز ھاجى بۇنىڭغا نارازىلىق بىلدۈرگەندىن كېيىن: «ماقۇل، ئەتە كېلىڭلار» دەپ قويۇپ،

www.uyghurkitap.com

يېرىم كېچىدە قېچىپ كەتتى. دېمەك، ما جۇڭيىڭ ئاشنى يەپ بولۇپ قازاننى چاقتى. سەن ئۆل، مەن تىرىلەي دېگەندەك ئىش قىلدى.

ما جۇڭيىڭ يەنە خوجىنىياز ھاجىنىڭ گېپىنى ئاڭلىماي، خەلققە ئېغىرچىلىق سالىدىغان ئىشلارنىمۇ قىلدى. مەسىلەن، ئەنشىدىن قۇمۇلغا كېلىپلا ئۆز ئالدىغا قەغەز پۇل بېسىپ تارقاتماقچى بولغانىدى، خوجىنىياز ھاجى «ئەگەر بۇنداق قىلساق، خەلقنىڭ ئۈستىدىكى ئېغىرچىلىق ئېشىپ كېتىدۇ» دەپ توسسا، ما جۇڭيىڭ خوجىنىياز ھاجىنىڭ گېپىنى بىر تىيىنغا ئالماي، قەغەز پۇلنى باستۇرۇپ تارقىتىۋەردى. نەتىجىدە، مال باھاسى ئۆرلەپ كېتىپ، ئۇنىڭ قەغەز پۇلى خەلقنىڭ قولىدا قۇرۇق قەغەزگە ئايلىنىپ قالدى. 1931 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ما جۇڭيىڭنىڭ ئاخۇن تۇەنجاڭ دېگەن بىر ئوفىتسېرى «ئاغرىپ قالدىم» دەپ ئۆزىنىڭ فۇگۇەنى ۋە ئاشپىزىنى ئېلىپ خوجىنىياز ھاجىنىڭ يۇرتى تاراتىغا بېرىپ تۇرىدۇ. خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئىنىسى يار قارىي ئۆزىنىڭ بىر ئېغىز ئۆيىنى ئۇلارغا بوشىتىپ بېرىپ، ئۇلارنى ياخشى كۈتىدۇ. ئاخۇن تۇەنجاڭ ئۇ يەردە بىرەر ئاي تۇرغاندىن كېيىن، بىر خەنزۇنىڭ قىزىنى ئۆزىگە خوتۇنلۇققا تېگىشكە مەجبۇرلايدۇ. قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى تاراتىنىڭ دورغىسى (بېگى) قۇربانغا ئەرز قىلىدۇ. قۇربان دورغا بۇ ئەھۋالنى خوجىنىياز ھاجىغا مەلۇم قىلىدۇ. شۇ ئارىدا ھېلىقى خەنزۇنىڭ قىزى ئاخۇن تۇەنجاڭنىڭ مەجبۇرلىشىغا قارشىلىق بىلدۈرۈپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالىدۇ. بۇنى ئاڭلىغان خوجىنىياز ھاجى ئاخۇن تۇەنجاڭنى «نەدىن كەلگەن بولساڭ شۇ يەرگە كەت» دەپ ھەيدىۋېتىدۇ. ما جۇڭيىڭ بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، خوجىنىياز ھاجىنىڭ كەينىدىن: «ئاخۇن تۇەنجاڭ خوتۇن ئالسا كاپىرنىڭ قىزىنى ئالماقچى بوپتۇ. خوجىنىياز خەلقئىئالەم ئالدىدا نېمىدەپ مېنىڭ ئوفىتسېرىمنى رەسۋا

قىلىدىكەن» دەپ خاپا بولدى.

خوجىنىياز ھاجى ما جۇڭيىڭنىڭ مۇشۇ ئىشلىرىغا قاراپ، ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن بىر پىكىردە ئەمەسلىكىنى ئېنىق بىلگەن بولسىمۇ، لېكىن چوڭ دۈشمەننىڭ ئالدىدا چىشىنى چىشلەپ تۇرۇپ، ما جۇڭيىڭ بىلەن بىرلەشمەكتىن باشقا ئامال يوق ئىدى. شۇڭا، ما شىمىڭ قارا شەھەردىن مەھمۇت مۇھىتىنىڭ ئاكىسى مۇسۇل مۇھىتى قاتارلىق بىر قانچە كىشىنى گەنسۇغا ئەۋەتىپ، ما جۇڭيىڭنى شىنجاڭغا ئىككىنچى قېتىم تەكلىپ قىلىپ ئېلىپ چىقتى. ما جۇڭيىڭ قۇمۇلدىن ئۆتۈپ چىگىچىڭزىغا كەلگەندە، موسۇل مۇھىتىنى تۇرپانغا چىڭ فاڭ سىلىڭ (شەھەر مۇداپىئە سىلىڭى) قىلىپ ئەۋەتىپ، ئۆزى قوشۇنلىرىنى باشلاپ مورىغا ئاتلاندى.

ما جۇڭيىڭ مورىغا يېقىنلىشىپ قالغاندا، خوجىنىياز ھاجى «ئەگەر مەن ئۆتكەن ئىشلارغا سالاۋات دەپ ما جۇڭيىڭ بىلەن بىرلەشسەم، ئۇ ماڭا قانداق قارايدۇ. ئۇ ھازىرچە گەپ قىلماي، يەنىلا بىز ئۇيغۇرلاردىن پايدىلىنىپ، قۇربانىنى بىزگە بەرگۈزۈپ، قورالغا ئۆزى ئىگە بولۇۋالىدىغان كونا يولدا ماڭارمۇ؟ ياكى شىنجاڭدا ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغاندىن كېيىن ‹تالا مۇشۇكى ئۆي مۇشۇكىنى قوغلاپتۇ› دېگەندەك ئىش قىـــلارمۇ؟» دەپ ئويلاپ، مەھمۇت مۇھىتى ۋە ئەتراپىدىكى بىر قانچە كىشىلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ما جۇڭيىڭنىڭ ئۆزىگە قانداق قاراشتا ئىكەنلىكىنى بىلىپ باقماقچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن موسۇل مۇھىتى بىلەن كۆرۈشمەك بولۇپ، ئۇزۇن قىردىن تۇرپانغا ئادەم ئەۋەتىپ، موسۇل مۇھىتىنى مورىغا چىقىشقا تەكلىپ قىلدى. ئاندىن ئۆزىنىڭ ۋە مەھمۇت مۇھىتىنىڭ ئادەملىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى مورىنىڭ جەنۇبىي تېغىدا قالدۇرۇپ، مەھمۇت مۇھىتى ۋە يېنىدىكى مۇھاپىزەتچىلىرى بىلەن بىللە، مورىنىڭ ئۈستى تەرىپىدىكى دالىڭكۇ تاغ ئېغىزىدىن كىرىپ، چاغانبۇت دېگەن يەر

ئارقىلىق ئادەم ئىزى باسمىغان يەرلەردىن ئۆتۈپ، پىچان كۆكيارىدىن ئۇدۇل مورىغا بارىدىغان يولغا چۈشۈپ، موسۇل مۇھىتى بىلەن ئۇچراشتى. ئۇلار ئەھۋاللاشقاندىن كېيىن ما جۇڭيىڭ بىلەن كۆرۈشمەكچى بولۇپ، ئەتىسى مورىغا باردى. ئۇلار مورىغا يېتىپ بارغۇچە ما جۇڭيىڭنىڭ ئەسكەرلىرى مورىنى ئىشغال قىلىپ بولغانىدى. موسۇل مۇھىتى، خوجىنىياز ھاجى، مەھمۇت مۇھىتىدىن باشقا يەنە ئەيسا نىياز، ئابلىمىت مەخسۇدوف ۋە تۇرپانلىق تەرجىمان پەيتۇل بولۇپ جەمئىي ئون نەچچە كىشى ما جۇڭيىڭ چۈشكەن ھويلىغا باردى. خۇيزۇ ئەسكەرلەر كەلگەنلەرنى بىر ئۆيگە تەكلىپ قىلدى. خوجىنىياز ھاجىلار ئۆيگە كىرىپ بىر ئاز ساقلىغاندىن كېيىن، ما جۇڭيىڭ ئۈچ كىشى بىلەن بىللە كىرىپ كەلدى.

ئۇلار كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىن ئۆزئارا تونۇشتۇرۇش باشلاندى. موسۇل مۇھىتى مەھمۇت مۇھىتىنى ما جۇڭيىڭغا «بۇ مېنىڭ ئىنىم مەھمۇت مۇھىتى بولىدۇ» دەپ تونۇشتۇردى. ما جۇڭيىڭ يېنىدىكى بىرسىنى مېھمانلارغا «بۇ مېنىڭ ئىنىم ما جۇڭجى بولىدۇ» دەپ تونۇشتۇردى، ئاندىن يەنە بىر نەچچىسىنى تونۇشتۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار كاڭ سۇپىدا ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىشقا باشلىدى. ما جۇڭيىڭ ئاۋۋال سۆز ئېلىپ خوجىنىياز ھاجى بىلەن مەھمۇت مۇھىتىغا مۇنداق دېدى: «ئالدىنقى كۈنى تۇندە ئەسكەرلىرىمىز مورىغا كېلىپ، ئاكوپتا ياتقان جىق شۇرىنىڭ ئەسكەرلىرىنى قىلىچ بىلەن چېپىپ، ئۇلارنى ئۆزلىرى ياتقان ئاكوپقا كۆمۈپ قويۇپتۇ، ھازىر ئەسكەرلىرىمىز گۇچۇڭغا يۈرۈش قىلىشقا تەييارلىق قىلىۋاتىدۇ. مەن بۇيىل 29 ياش، ئىنىم ئەر سىلىنىڭ ما جۇڭجى 27 ياشقا كىردى. بىز ئازچىلىق، شۇنداق بولسىمۇ، بىز ــ نەيزىنىڭ ئۇچى. سىلەر ئۇيغۇرلار كۆپچىلىك، سىلەر ــ نەيزىنىڭ سېپى. نەيزىنىڭ سېپى تەۋرەنمەي تۇرۇپ بەرسە، نەيزىنىڭ ئۇچى

دۈشمەننى قىرىۋېتىدۇ. مەن گۇچۇڭنى تۆت سائەتتە، ئۈرۈمچىنى ئالتە سائەتتە ئېلىپ بولىمەن. ئاندىن شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدىكى دۈشمەنلەر قارشىلىق بىلدۈرمەيلا تەسلىم بولىدۇ. ئۇ چاغدا سىلەر ئۈرۈمچىدە بولىسىلەر. مەن جەنۇبىي شىنجاڭغا بېرىپ 50 تۈمەن ئەسكەر ئېلىپ، ئىككى يىلدا پۈتۈن جۇڭگونى ئۆزۈمگە قارىتىپ بولىمەن. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۈچ يىلدا سوۋېتنىمۇ ئۆزۈمگە قارىتىپ، چېگرىنى تۈركىيىگە ئۇلاپ، چوڭ ئىسلام دۆلىتى قۇرىمەن... بىز ئەتە گۇچۇڭغا ھۇجۇم قىلىمىز، سىلەر بىر تەرەپتىن جىمسارغا ھۇجۇم قىلىپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۈرۈمچىدىن كەلگەن دۈشمەنلەرنى گۇچۇڭ تەرەپكە ئۆتكۈزمەي يولنى توسۇپ تۇرۇڭلار».

ئۇلار پاراڭلىشىۋاتقاندا، ئۇنىڭ گۇچۇڭغا مېڭىشقا تەييارلىنىۋاتقان ئەسكەر باشلىقلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن كىرىپ ئۇنىڭدىن يوليورۇق سوراپ تۇرىدۇ. ما جۇڭيىڭ سۆز ئارىسىدا موسۇل مۇھىتى بىلەن مەھمۇت مۇھىتىغا قاراپ ـ قاراپ قويىدۇ، ئەمما خوجىنىياز ھاجىدىن بىر ئېغىزمۇ گەپ سورىمايدۇ، خوجىنىياز ھاجىمۇ ئۈنچىقماي جىم ئولتۇرىدۇ.

خوجىنىياز ھاجىلار ما جۇڭيىڭ بىلەن سۆزلىشىپ بولغاندىن كېيىن مورىدا قوندى. ئەتىسى ناشتا قىلىپ بولۇپ، سېپىل دەرۋازىسى ئۈستىگە چىقىپ، ما جۇڭيىڭنىڭ گۇچۇڭغا كېتىۋاتقان ئەسكەرلىرىنى تاماشا قىلدى. ئەڭ ئالدىدا ئاتلىق ئەسكەرلەر، ئارقىدىن پىيادە ئەسكەرلەر ماڭغان بولۇپ، باش ـ كۆزى ياكى پۇت ـ قولى تېڭىلغان يارىدار ئەسكەرلەر يېنىدىكى ئەسكەرلەرنىڭ قولتۇقلىشى بىلەن كېتىۋاتاتتى، ئاتلىقلار ئارىسىدىكى يارىدارلارمۇ ئات ئۈستىدە كېتىۋاتاتتى. پىيادە يارىدارلار ئۈچۈن ئايرىم ھارۋا ئورۇنلاشتۇرۇلمىغانىدى. ئاتلىق ئەسكەرلەر قارا ئاتلىقلار، ئاق ئاتلىقلار، تورۇق ئاتلىقلار بويىچە بۆلۈنگەن بولۇپ، ھەممە ئاتلارنىڭ قۇيرۇقى كېسىلگەن ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ما جۇڭيىڭنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ بەنجاڭدىن يۇقىرى ئوفىتسېرلىرىنىڭ ھەممىسى خۇيزۇلاردىن، ئادەتتىكى ئەسكەرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى خەنزۇلاردىن ئىدى. چۈنكى، ئۇلار دۈشمەن تەرەپتىن ئەسىرگە چۈشكەنلەرنىڭ ياشقا چوڭلىرى بىلەن ئەپيۇنكەشلىرىنى شاللاپ چىقىرىۋېتىپ، قالغانلىرىنى ئۆز سېپىگە قوشۇۋالاتتى. ئۇنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى 2000 چە، پىيادە ئەسكەرلىرى 3000 چە بار ئىدى. ئۇلار سېپىل ئىچىدىن چىقىپ بولغاندىن كېيىن، خوجىنىياز ھاجىلار پەسكە چۈشتى.

موسۇل مۇھىتى موردىن تۇرپانغا چۈشۈپ كەتتى. خوجىنىياز ھاجى بىلەن مەھمۇت مۇھىتى ھەمراھلىرى بىلەن بىللە گۇچۇڭغا يول ئالدى. كونا چىتەيگە بارغاندا، خوجىنىياز ھاجىنىڭ پىدائىيلىرى تاغ تەرەپتىن يېتىپ كەلدى. ئۇلار كونا چىتەيدە دەم ئېلىپ ئولتۇرغاندا، يولۋاس بىر قانچە كىشى بىلەن كېلىپ، خوجىنىياز ھاجى بىلەن كۆرۈشۈپ مېڭىپ كەتتى. مەھمۇت مۇھىتى خوجىنىياز ھاجىغا: «ھاجى ئاكا، بۇ تۇڭگاننىڭ (ما جۇڭيىڭنى دېمەكچى) گېپى بەك چوڭغۇ. ئۇ ئىچكىرى ئۆلكىدىكىلەر بىلەنمۇ، سوۋېت بىلەنمۇ ئۇرۇشىدىغاننىڭ گېپىنى قىلىۋاتىدۇ. بىز ئىچكىرى ئۆلكىدىكىلەر بىلەنمۇ، سوۋېت بىلەنمۇ ئۇرۇشمايمىز. بىز ئۈچۈن پەقەت شىنجاڭدا ئادىل بىر ھۆكۈمەت قۇرۇلۇپ، خەلقىمىز زۇلۇمدىن قۇتۇلسىلا بولدى. سۈن ۋېن (سۈن جۇڭشەن) نىڭ تۇتقان يولى ياخشىدەكمىش، ئۇنى پۇقراپەرۋەر دېيىشىدۇ. لېكىن، شىنجاڭدا ھېچكىم ئۇنىڭ يولىدا ماڭمايۋاتىدۇ. ئەگەر بىرەرسى ئۇنىڭ يولىدا ماڭغان بولسا، ئەل ئامان، يۇرت ئامان بولغان بولاتتى. ئەگەر بىز ما جۇڭيىڭ بىلەن بىرلەشسەك، ئۇ شىنجاڭ خەلقىنى زورلاپ ئۇرۇشقا سېلىپ، بىزنى خانىۋەيران قىلىۋېتىدىغان ئوخشايدۇ. بىز ئۇچۇشتىن ئىلگىرى چۈشۈشنى ئويلايلى، بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى ئوبدان ئويلىمىساق بولمىغۇدەك» دېدى. خوجىنىياز

ھاجى مەھمۇت مۇھىتىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ بېشىنى لىڭشىتتى. خوجىنىياز ھاجىنىڭ ما جۇڭيىڭ بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن كۆڭلى بىر ئاز تىنغان بولسىمۇ، لېكىن قانداق قىلىش توغرىسىدا بىر قارارغا كېلەلمىدى. مەھمۇت مۇھىتىمۇ تۇرپاندا قوزغىلاڭ قىلغاندىن تارتىپ ماشىمىڭنىڭ خاپىلىقىنى كۆپ تارتقانلىقى، ئۇلار ئۇرۇشلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ تۇرۇقلۇق يەنە ئۇيغۇرلارنى كەمسىتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ما جۇڭيىڭ پۈتۈن شىنجاڭنى قولغا كىرگۈزگەندىن كېيىن، ئۇيغۇرلاردىن 500 مىڭ ئەسكەر ئېلىپ، ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ئېلىپ بېرىپ، چەت ئەللەرنىڭ زەمبىرەكلىرىگە يەم قىلىپ بەرمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى، شېڭ شىسەي بولسا پىچان، تۇرپاندا، توقسۇن ناھىيىلىرىدىلا بىر نەچچە مىڭ ئۇيغۇرنى قىرغانلىقى، جۈملىدىن ئۆزىنىڭ قان قېرىنداش ئاكىسى مەخسۇت مۇھىتىنىڭ جېنىغا زامىن بولغانلىقىنى، ئەگەر ئۇنىڭ بىلەن بىرلەشسە، ئۆزىنىڭمۇ ئاكىسىغا ئوخشاش ئاقىۋەتكە قېلىشى يىراق گەپ ئەمەسلىكىنى ئويلاپ، دەرھال بىر قارارغا كېلەلمەي قاتتىق باش قاتۇردى.

ئۇلار كونا چىتەيدە بىر ئاز ئارام ئالغاندىن كېيىن گۇچۇڭغا قاراپ ماڭدى. ما جۇڭيىڭنىڭ ئەسكەرلىرى سەپ - سەپ بولۇپ ئۇلارنىڭ كەينىدىن كېلىۋاتاتتى. ئۇلار گۇچۇڭنىڭ سېپىلى كۆرۈنگۈدەك يەرگە يېتىپ بارغاندا، ما جۇڭيىڭ ئونلىغان ئەسكەر باشلىقلىرى بىلەن خوجىنىياز ھاجىلارغا يېتىشىپ كەلدى. ئۇ گۇچۇڭ تەرەپنى دۇربۇن بىلەن كۆزەتكەندىن كېيىن، قىسىملىرىنى ھەر تەرەپكە تەقسىم قىلىپ، ئەسكەر باشلىقلىرىغا ۋەزىپە تاپشۇرۇشقا باشلىدى. شۇ ئەسنادا ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كېلىۋاتقان قىسىملىرىمۇ يېتىپ كەلدى. ئەسكەر باشلىقلىرى ئۆز قىسىملىرىنى ھەر تەرەپكە ئېلىپ مېڭىپ، گۇچۇڭنى مۇھاسىرىگە ئېلىشقا باشلىدى. خوجىنىياز ھاجى بىلەن مەھمۇت

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مۇھىتى ما جۇڭيىڭ بىلەن خوشلىشىپ، گوچۇڭنىڭ جەنۇبىي تاغ تەرىپى بىلەن جىمسارغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. دېمەك، ئىككىيلەننىڭ كىم بىلەن بىرلىششى تېخى ھەل بولمىغانىدى.

خوجىنىياز ھاجى بىلەن مەھمۇت مۇھىتى ما جۇڭيىڭ بىلەن موربدا خوشلاشقاندىن كېيىن، جىمسارغا كېلىپ جىڭ شۈرىننىڭ قالدۇق قىسىملىرىغا ھۇجۇم قىلدى. جىمساردا لى شۇفۇ، گاۋ شىجىلارنىڭ باتالىيونلىرى بولۇپ جەمئىي 1000دىن ئارتۇق ئەسكەر بار ئىدى، قوزغىلاڭچىلار جىمسار شەھىرىگە يېقىن بارغاندا، دۈشمەن سېپىل ئىچىدىن چىقىپ ھۇجۇم قىلدى. بۇ ھۇجۇمنى پىدائىيلار تۇرپاندىن يېڭى چىققاندا دۇچ كەلگەن ھۇجۇمغا ئوخشاش دەھشەتلىك بولدى. بىراق، بۇ قېتىم ۋەزىيەت باشقىچە ئىدى، يەنى گوچۇڭنى ما جۇڭيىڭ قورشىۋالغاچقا، ئۇلارغا گوچۇڭدىن ياردەم كېلەلمەيتتى، ئۈرۈمچىدىن ياردەم كېلىشى تېخىمۇ ناتايىن ئىدى. پىدائىيلار قايتارما ھۇجۇم قىلىپ دۈشمەننى سېپىل ئىچىگە كىرگۈزۈۋېتىپ، سېپىلنى ئورىۋېلىپ ئۇرۇش قىلدى. شۇ كۈنلەردە شايارلىق ھاجى ئەلەم ئاخۇن (مەھەممەتنىياز ئەلەم)، كۇچادىن مەھپىز ۋاڭلار يېرىم ـ يارتا قوراللانغان يۈزلىگەن پىدائىيلار بىلەن ناغرا ـ سۇنايلارنى ياڭرىتىپ، خوجىنىياز ھاجىغا ياردەمگە كەلدى. ئۇلارنىڭ بۇنداق ھەيۋەتلىك كېلىشى دۈشمەنلەرنى چۆچۈتۈۋەتتى بولغاي، دۈشمەنلەر سېپىل دەرۋازىسىنى مەھكەم ئېتىۋالدى. ئۇرۇشنىڭ ئۈچىنچى كۈنى ھۇجۇم تازا قىزىۋاتقاندا، دۈشمەنلەر تەسلىم بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ سېپىل ئۈستىدىن ئاق بايراق تاشلىدى، پىدائىيلارمۇ ئوق ئېتىشنى توختاتتى. شەھەر ئىچىدىن بىر ئادەم چىقىپ پىدائىيلارغا: «سىلەر شەھەرگە بېسىپ كىرمەي بىر ـ ئىككى كۈن تەخىر قىلىپ تۇرساڭلار، بىز ئەسكەرلەرنىڭ قولىدىن قوراللارنى يىغىۋېلىپ سىلەرگە تاپشۇرۇپ بېرىمىز. سىلەر شەھەرگە كىرسەڭلار ھەر ئىككى تەرەپتىن قان تۆكۈلۈش

بولمىسۇن» دېدى. خوجىنىياز ھاجى بىلەن مەھمۇت مۇھىتى بۇنىڭغا ماقۇل بولدى.

پىدائىيلار ناھىيە بازىرىنىڭ غەرب تەرىپىگە چېكىنىپ كېلىپ ئورۇنلاشتى. ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى جىمىساردىكى دۈشمەنلەرنى ئورۇمچىگە قاچۇرۇۋەتمەي ئۇزۇل ـ كېسىل يوقىتىش، ئورۇمچىدىن جىمىسارغا كېلىدىغان ۋە گۇچۇڭغا بارىدىغان ياردەملەرنى توسۇش ئىدى. جىمىسار سېپىلىنىڭ شەرقى، يەنى گۇچۇڭ تەرىپى بوش ئىدى. لېكىن، دۈشمەنلەر ئۇ تەرەپتىن قېچىپ چىققان تەقدىردىمۇ گۇچۇڭغا يېتىپ بارالمايتتى.

شۇ كۈنى پىدائىيلاردىن بىرقانچەيلەن ئەتراپنى ئايلىنىپ، بىر بېسىپ ـ ئىككى بېسىپ سېپىل دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ قالغان ۋە سېپىل دەرۋازىسىنىڭ ئوچۇق تۇرغانلىقىنى كۆرگەن. دەرۋازا ئالدىدا ما جۇڭيىڭنىڭ ئەسكەرلىرىدىن تۆتى قوراللىق پوستتا تۇراتتى. پىدائىيلار بۇ ئەھۋالنى دەرھال خوجىنىياز ھاجى بىلەن مەھمۇت مۇھىتىغا مەلۇم قىلغان. خوجىنىياز ھاجى بىلەن مەھمۇت مۇھىتى شۇئان پىدائىيلارنى باشلاپ دەرۋازا ئالدىغا ئاتلىق يېتىپ باردى. دەرۋازا ئالدىدىكى پوستتىن بىرسى ئۇلارغا خەربىيچە سالام بېرىپ: «سىلەر كىم؟ نەگە بارىسىلەر؟» دەپ سورىدى. خوجىنىياز ھاجى ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ: «سىلەرنىڭ باشلىقىڭلار بىلەن كۆرۈشىمىز» دېدى. ھېلىقى پوست: «سىلەر بىر ئاز تۇرۇپ تۇرۇڭلار» دېگىنىچە شەھەر ئىچىگە كىرىپ كەتتى ۋە بىر ھازادىن كېيىن چىقىپ: «كىرسۇن دەيدۇ» دەپ پىدائىيلارنى باشلاپ ماڭدى. ئۇلار چوڭ ھويلىنىڭ ئىچىگە كىرىپ، ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا 2000 غا يېقىن مىلتىق ۋە باشقا قوراللارنىڭ دۆۋىلەكلىك تۇرغانلىقىنى كۆردى. خوجىنىياز ھاجىلار ئاتتىن چۈشۈشىگە، ئۆي ئىچىدىن بىرسى چىقىپ خەربىيچە سالام بېرىپ، ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئالدى ۋە ئۆي

ئىچىگە تەكلىپ قىلدى. ئۇلار ئۆيگە كىرىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئۇ كىشى ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ: «مەن ما خوسەن تۇەنجاڭ. بىز گۇچۇڭنى ئېلىپ بولدۇق، ئۇرۇشتا ئەر سىلىڭ (ما جۇڭيىڭنىڭ ئىنىسى ما جۇڭجيې، ئۇ 1933 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۇنى گۇچۇڭ ئۇرۇشىدا ئۆلگەن) قۇربان بولدى، بۇ ھەممىمىز ئۇچۇن بىر چوڭ يوقىتىش بولدى» دېدى. ئاندىن ئۇ: «سىلىڭ تونۇگۇن جىمسارنىڭ تەسلىم بولغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، خوجىنىياز ھاجى سېپىل ئىچىگە كىرسە، ئوتتۇرىدا تىل ئۇقۇشالماي ئۇقۇشماسلىق يۈز بېرىپ، دۇشمەن قولىدىكى مىلتىقلارنى تاپشۇرۇۋېلىشىمىزغا كاشىلا بولۇپ قالمىسۇن، سىلەر قوراللارنى تاپشۇرۇۋېلىپ خوجىنىياز ھاجىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىڭلار، دەپ مېنى ئەۋەتكەنىدى. مەن قوراللارنى توپلاۋاتىمەن» دەپ ھويلىدىكى قوراللارنى كۆرسەتتى ۋە «بۈگۈن توپلاپ بولىمەن، سىلەر ئەتە كېلىپ ئېلىپ كېتىڭلار» دېدى. خوجىنىياز ھاجى ما خوسەننىڭ سۆزىدىن مەمنۇن بولدى، ئاندىن ما جۇڭجىنىڭ ئۆلۈمىگە تەزىيە بىلدۈرۈپ، ما جۇڭيىڭغا بۇ تەزىيىسىنى يەتكۈزۈپ قويۇشىنى ئۆتۈندى، ئارقىدىن «ئۇنداق بولسا قوراللارنى ئەتە كېلىپ ئېلىپ كېتەيلى» دەپ ما خوسەن بىلەن خوشلاشتى.

ئۇلار جىمسار شەھەر ئىچىدىن چىقىپ، پىدائىيلارغا ئەتە مىلتىقلارنى ئېلىپ چىقىدىغانلىقىنى ئېيتىۋىدى، پىدائىيلار بەكمۇ خۇشال بولۇشتى. ئەتىسى ناشتىدىن كېيىن خوجىنىياز ھاجى بىلەن مەھمۇت مۇھىتى 20 نەچچە پىدائىينى باشلاپ شەھەر ئىچىگە ماڭدى. دەرۋازىدىكى پوستلارنى ئۇلارنى توسمايلا كىرگۈزۈۋەتتى. ئەمما، ئۇلار تۈنۈگۈنكى مىلتىق دۆۋىلەنگەن ھويلىغا بېرىپ، مىلتىقلاردىن قىلچە ئەسەر يوقلۇقىنى، ھەتتا خوجىنىياز ھاجىنى قارشى ئالىدىغان ئادەمنىڭمۇ تايىنى يوقلۇقىنى كۆردى. ئاتلاردىن چۈشۈپ ھويلىدا بىر ئاز تۇرغاندىن

كېيىن، ما خوسەن چىقىپ سوغۇققىنا هالدا: «هە، كەلدىڭلارمۇ» دېدى. خوجىنىياز هاجىنىڭ «قوراللارنى يىغىپ بولدۇڭلارمۇ؟» دېگەن سوئالىغا ئۇ: «مەن سىلىڭدىن رۇخسەتسىز بىر تالمۇ مىلتىق بېرەلمەيمەن، مىلتىق لازىم بولسا سىلىڭدىن خەت ئەكېلىڭلار» دەپ جاۋاب بەردى ۋە پىدائىيلارغا تەتۈر قاراپ، پۇتىنى ئالماپ ئولتۇرۇۋالدى. «بۆرىنىڭ خىرىس قىلغىنىدىن تۈلكىنىڭ هىجايغىنى يامان» دېگەندەك، پىدائىيلار ما خوسەننىڭ تۇنۇگۈنكى هىجىيىشىنىڭ مىلتىقلارنى ئۆزىگە يىغىۋېلىش ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى.
خوجىنىياز هاجى سۇنىڭ بېشىدىن لاي ئىكەنلىكىنى هېس قىلىپ، ئېتىنى دېۋىتكەن پېتى شەهەردىن چىقىپ كەتتى، پىدائىيلارنى ئۈزىتىپ قويىدىغان ئادەممۇ چىقمىدى. ئەسلىدە، جىمىساردىكى جىڭ شۇرىن ئەسكەرلىرىنىڭ باشلىقلىرىدىن لى شۇفۇ① خوجىنىياز هاجىغا «سىلەرگە قورال تاپشۇرمىز» دەپ قويۇپ، گۇچۇڭدىكى ما جۇڭيىڭغا مەخپىي هالدا «قورالنى خوجىنىياز هاجىغا تاپشۇرىمىزمۇ، سىزگىمۇ؟» دەپ ئادەم ئەۋەتكەن. ما جۇڭيىڭ ما خوسەننى بىر تۈەن ئەسكەر بىلەن كېچىلەپ جىمىسارغا ماڭغۇزغان. ما خوسەن شۇ كېچىسى شەهەر دەرۋازىسىدا پوستتا تۇرغانلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، چاندۇرماي شەهەر ئىچىگە كىرىۋالغان. دېمەك، ما خوسەننىڭ تۇنۇگۈن خوجىنىياز هاجىغا قىلغان سۆزلىرى قوراللارنى يىغىۋېلىپ گۇچۇڭغا ماڭدۇرۇش ئارىلىقىدىكى ئالدامچىلىقى ئىدى. خوجىنىياز هاجى جىمىسار شەهەر ئىچىدىن چىقىپ: «ما جۇڭيىڭ دېگەن بۇ لومودىنىڭ تېگىدىن نىيىتى يامان، مەن ئاخىر

---

① لى شۇفۇ — ئەينى ۋاقىتتا پاڭ زېڭشىننىڭ بۇيرۇقى بىلەن تۆمۈر خەلىپىگە «ئەگەر سەن قورال تاپشۇرساڭ، هۆكۈمەت ساڭا زىيان يەتكۈزسە، مېنى خۇدا ئۇرسۇن» دەپ قۇرئان تۇتۇپ قەسەم قىلغان، ئۆزىنىڭ كامىل مۇسۇلمانلىقىنى پەش قىلىپ، تۆمۈر خەلىپىنى ئالداپ ئۇرۇمچىگە ئېلىپ چىقىپ، ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەبچى بولغان مەككار كوماندىر.

www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ بىلەن بىرلەشمەيمەن، شېڭ شىسەي بىلەن بىرلەشكىنىم بىرلەشكەن» دېگىنىچە ئۇرۇمچى تەرەپكە قاراپ ماڭدى، مىڭلىغان پىدائىيلارمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ماڭدى. بۇ چاغدا خوجىنىياز ھاجىنىڭ كاتىپى، شائىر نەمەت خەلپەت كەمى[1] ما جۇڭيىڭنىڭ يۈزسىزلىكى، ۋاپاسىزلىقىغا غەزەپلىنىپ، مۇنداق شېئىر يازغان:

تولا غاپىل ئىكەنمىز، ھەي، بۇنى بىلمەپتىمىز، يا رەب،
قوتانغا بۆرىنى كەل دەپ، خاتا چىللاپتىمىز، يا رەب.
مۇسۇلمان دېسە بۇ شەيتان، كالامنى بىلىپ ھەق راست،
دۇئا ـ تەكبىر بىلەن باشتا ئۇنى يادلاپتىمىز، يا رەب.
«ئىشەنگەن تاغدا ياتماپتۇ كېيىك» دەپ بىر ماقال تۇرسا،
ئاتالار سۆزىگە چىن دىل ئەمەل قىلماپتىمىز، يا رەب.
تىلى شېكەر، دىلى زەھەر ئىكەن ھەي، بىز چۈشەنمەستىن،
ئەجەب ئاسان، قېرىنداش دەپ ئۈمىد باغلاپتىمىز، يا رەب.

---

[1] كەمى — شائىرنىڭ ئەدەبىي تەخەللۇسى، نەمەت خەلپەت 1888 ـ يىلى 20 ـ ماي كونى پىچان ناھىيىسىنىڭ لۈكچۈن بازىرىدا دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، ئۈسمۈرلۈك دەۋرىدە خۇسۇسىي مەكتەپتە ئوقۇپ، ياشلىقتا قەدەم قويغاندا ۋاخلىق مەدرىسىگە ئوقۇشقا كىرگەن. ئوقۇشنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرگەنلىكى ئۈچۈن ۋاخلىق مەدرىسىگە «خەلپەت» (ئوقۇتقۇچى) لىققا ئېلىپ قېلىنغان. 1912 ـ يىلى تۇرپان شەھىرىنىڭ سىڭگىم يېزىسى مۇرتۇق رايونىغا كۆچۈپ كەلگەن. موسۇلباي، مەخسۇت مۇھىتى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قاتارلىقلار بىلەن چوڭقۇر دوستلۇق ئورناتقان. 1930 ـ يىلى تۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىغاندا قوزغىلاڭغا قاتنىشىپ، كېيىن خوجىنىياز ھاجىغا مەسئۇل كاتىپ ۋە مەسلىھەتچى بولغان. خوجىنىياز ھاجى مۇئاۋىن ئۆلكە باشلىقى بولۇپ ئۇرۇمچىگە يۆتكىلىپ كەلگەندە نەمەت خەلپەتنى ئۆلكىلىك بانكىغا مۇئاۋىن باشلىق قىلىپ تەيىنلىگەن. 1937 ـ يىلى شېڭ شىسەي تەرىپىدىن تۈرمىگە ئېلىنىپ، يەتتە يىل تۈرمىدە ياتقان، «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» پارتلاپ، بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەشكىل قىلىنغاندا نەمەت خەلپەت ئەينى ۋاقىتتا بىر كامېردا ياتقان ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ياردىمى بىلەن تۈرمىدىن چىققان ۋە ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى ئىلىغا قايتقاندا ۋەكىللەر بىلەن بىرگە غۇلجىغا بېرىپ، «يەتتە ۋىلايەت خەلقچىللىرى بىرلەشمىسى» نىڭ رەئىسى، «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» نىڭ ھەيئەت ئەزاسى بولغان. جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغاندىن كېيىن مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ دائىمىي ھەيئىتى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسىنىڭ ئەزاسى بولغان. 1972 ـ يىلى 74 يېشىدا كېسەل سەۋەبى بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇ 1910 ـ يىللاردىن باشلاپ «كەمى» دېگەن تەخەللۇسنى ئىشلىتىپ شېئىر ئىجادىيىتىگە كىرىشكەن، خەلق قوزغىلاڭلىرىنى مەدھىيىلەيدىغان، ۋەتەننى كۈيلەيدىغان، زۇلۇمغا، ئەكسىيەتچى كۈچلەرگە قارشى تۇرىدىغان نۇرغۇن مۇنەۋۋەر شېئىرلارنى يازغان.

ئۇ مەككار ھەر قەدەمدە ھېسابلاپ قۇم ساناپ يۈرسە،
گۆدەكتەك گول بولۇپ بىز، ھەي، تاش ساناپتىمىز، يا رەب.
بۈگۈن ئۇقساق تېخى بىزنى جەھەننەم سارى باشلارمىش،
ئېچىپ كەڭرى قويۇننى بىز يىلان ئاسراپتىمىز، يا رەب.
ئۇنىڭ باتىل خىيالىچە بويارمىش قانغا دۇنيانى،
بۇنىڭدەك زور گۇناھ بولماس، خاتا چاغلاپتىمىز، يا رەب.
«ئاتاڭغا بەرمىگىن بىلگەن يولۇڭنى» دەر ئىدى دانا،
نادامەت ئوتىدا ئەپسۇس، جىگەر داغلاپتىمىز، يا رەب.
گاھى تۇلپارمۇ تۈز يولدا مۈدۈرۈلۈپ كېتىدۇ دەيدۇ،
سىراتىل مۇستەقىم[1] بەرگىن، خاتا ئويلاپتىمىز، يا رەب.
كەمى نەمەت يېزىپ ئەشئار، سۇخەندانلىق قىلىپ قويدى،
كېچىرگەي مېنى دوست ـ يارلار، بۇرۇن بىلمەپتىمىز، يا رەب.[2]

شېئىر قوزغىلاڭچىلارغا ئىنتايىن ياراپ كەتكەن. خوجىنىياز ھاجى نەمەت خەلپەتنى «دەل مېنىڭ كۆڭلۈمدىكىنى تېپىپ يېزىپسەن» دەپ ماختاپ كەتكەن.

ما جۇڭيىڭ گۇچۇڭدىكى غەلىبىسى بىلەن مەست بولۇپ كېتىپ خوجىنىياز ھاجى باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان ھەر مىللەت خەلقىگە تايىنىپ، ھاكىمىيەتنى قولغا ئالماقچى بولغىنىنى ئۇنتۇپ قالدى، خوجىنىياز ھاجى ۋەكىللىك قىلغان پىدائىيلارنى قىلچىمۇ كۆزگە ئىلىپ قويماي، گۇچۇڭ ۋە جىمىسارلاردىن 4000 دىن ئارتۇق مىلتىق ۋە نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئولجا ئېلىپ، ئەسكەرلىرىنىڭ سانىنى 7000 غا يەتكۈزدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنى دۇنيادا بىر ساناپ، ماڭا ھېچكىم تەڭ كېلەلمەيدۇ، دەپ ھېسابلىدى. ئەمما، «مەغرۇر

① توغرا يول.
② ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، «ئويغانغان زېمىن»، 1 ـ قىسىم، 482 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1988 ـ يىلى نەشرى.

www.uyghurkitap.com

قوشۇن مەغلۇپ بولىدۇ» دېگەندەك ما جۇڭيىڭنىڭ مۇنداق مەغرۇرلىنىشى ئۇنىڭ مەغلۇبىيىتىنىڭ باشلىنىشى بولدى.

خوجىنىياز ھاجى بىلەن ما جۇڭيىڭنىڭ ئارىسىنىڭ بۇزۇلۇشىغا مەھمۇت مۇھىتى باشقىچە پىكىردە بولمىدى. چۈنكى، يۇقىرىدا دېيىلگەندەك مەھمۇت مۇھىتمۇ ما جۇڭيىڭنىڭ قىلمىشلىرىدىن نارازى ئىدى. جىمسار تەسلىم بولغاندىن كېيىن، پىدائىيلار ئىلىشقا تېگىشلىك مىلتىق، باشقا قورال ـ ياراغلار ۋە ئات ـ ئۇلاغلارنى ما جۇڭيىڭنىڭ زورلۇق بىلەن تارتىۋېلىشى پىدائىيلارنىڭمۇ قاتتىق قارشىلىقىنى قوزغىدى. شاياردىكى ھاجى ئەلەم ئاخۇن، كۇچادىكى مەھپۇز ۋاڭمۇ خوجىنىياز ھاجىنىڭ شېڭ شىسەي بىلەن بىرلىشىشىگە قوشۇلدى. دەل شۇ چاغدا شېڭ شىسەي يەنە ئەلچى ئەۋەتىپ، خوجىنىياز ھاجى بىلەن سۆھبەتلىشىشنى تەلەپ قىلدى. خوجىنىياز ھاجى جىمسار بىلەن پۈكاڭ ئارىلىقىدا شېڭ شىسەينىڭ ئادەملىرى بىلەن بىر نەچچە قېتىم ئۇچراشتى. كېيىن يەنە، مەھمۇت مۇھىتى، سالى دورغا قاتارلىق ئاساسلىق ئادەملىرىنى باشلاپ، پۈكاڭ ناھىيىسىنىڭ سەنتەي تاغ ئېتىكى (قىزىل خورجا) دېگەن يەردە شېڭ شىسەي ئەۋەتكەن سوۋېت كونسۇلىنىڭ ۋەكىلى، خۇسەيىن چاناشېف، تۇرسۇن بابا، مەنسۇرجانباي قاتارلىق ۋەكىللەر بىلەن ئۇچراشتى. ۋەكىللەر شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسىتىنى بايان قىلىپ: «يېڭى ھۆكۈمىتىمىز كونا ھۆكۈمەتكە تۈپتىن ئوخشىمايدۇ، شىنجاڭدا ھەر مىللەت ھوقۇقتا باراۋەر بولۇش، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتى يۈرگۈزۈلىدۇ. شەخسلەرنىڭ مال ـ مۈلكىگە دەخلى ـ تەرۇز قىلىنمايدۇ. شۇرالار (سوۋېت) ھۆكۈمىتى بىلەن ياخشى قوشنىدارچىلىق ئورنىتىلىدۇ» دېدى. ئاندىن خوجىنىياز ھاجىنىڭ شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى بىلەن بىرلىشىشى ئۈچۈن قويۇلىدىغان تەلەپلەر ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دېدى: «سىز

خوجىنىياز ھاجى پۈتۈن شىنجاڭغا ما جۇڭيىڭدىن قولۇمنى ئۈزۈپ، شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى بىلەن بىرلەشتىم، دەپ ئېلان قىلىڭ. سىزنى ما جۇڭيىڭ بىلەن ئۇرۇشۇپ بەر دېمەيمىز، ما جۇڭيىڭنى ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرىگە قويۇپ بېرىڭ. سىز ماقۇل دېسىڭىز، ھۆكۈمەت سىزنى جەنۇبىي شىنجاڭنى مۇھاپىزەت قىلىش باش قوماندانى، مەھمۇت مۇھىتىنى شىنجاڭ ئاتلىق 6- دىۋىزىيىسىنىڭ قوماندانى قىلىپ تەيىنلەپ، مەركىزىي ھۆكۈمەتكە مەلۇم قىلىدۇ. سىلەر جەنۇبىي شىنجاڭغا بېرىپ ئۇ يەرنىڭ ئامانلىقىنى ساقلايسىلەر. ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرىدىن ئولجا ئالغان قوراللارنىڭ يېرىمىنى سىلەرگە بۆلۈپ بېرىدۇ. سىلەرنىڭ ئەسكەرلىرىڭلارنىڭ بارلىق تەمىناتى ۋە لازىملىق قوراللىرىنى ھۆكۈمەت ئۈستىگە ئالىدۇ».

خوجىنىياز ھاجى بۇ شەرتلەرگە قارىتا تەكرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى شېڭ شىسەي قوشۇنلىرى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى مىللىي قوشۇنلارغا تاجاۋۇز قىلماسلىق، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ بارلىق ھەربىي، مەمۇرىي ھوقۇقىغا خوجىنىياز ھاجى مەسئۇل بولۇش تەلىپىنى قويۇپ، شۇنداق بولغاندىلا يۇقىرىدىكى شەرتلەرگە ماقۇل بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، شېڭ شىسەي ۋەكىللىرى بۇنىڭغا قوشۇلدى. خوجىنىياز ھاجى بىلەن مەھمۇت مۇھىتى پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئۆز قوشۇنلىرىغا، تۇرسۇن بابا، خۇسەيىن باي ۋە باشقا خەنزۇ، ئورۇس ۋەكىللەر شېڭ شىسەيگە ۋەكىل بولۇپ، 1933 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى كېلىشىمگە قول قويۇشتى.

بىر ھەپتىگە قالماي، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاخبارات ئاگېنتلىقى ( تا. س. س) «شىنجاڭدىكى مۇتلەق كۆپچىلىك ئۇيغۇرلارنىڭ رەھبىرى خوجىنىياز ھاجى شېڭ شىسەي تەرەپكە يۈزلەندى. ئۇلار جاڭ پېييۈەن، ما جۇڭيىڭلارنىڭ ئىسيانچى ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلدى» دەپ خەۋەر قىلدى. دېمەك،

سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ بۇ كېلىشىمنى ئاشكارا قوللىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ خوجىنىياز ھاجىنىڭ شېڭ شىسەي بىلەن بىرلىشىشى ئۇچۇن سوۋېت كىشىلىرى كۆپ خىزمەت ئىشلىگەن ئىدى. شېڭ شىسەينىڭ ئىلگىرى ئىككى قېتىم ئادەم ئەۋەتىپ ھەل قىلالمىغان ئىشى بۇ قېتىم ئوڭايلا ھەل بولدى. خوجىنىياز ھاجى بىلەن ما جۇڭيىڭنىڭ بۆلۈنۈشى ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتتى. ما جۇڭيىڭنىڭ يەرلىك مىللەتلەر بىلەن بىرلىشىپ ئۇرۇش قىلىش جەھەتتىكى كۈچى پارچىلىنىپ كەتتى. شېڭ شىسەي ما جۇڭيىڭنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشىنىڭ ئاساسىنى سېلىۋالدى. خوجىنىياز ھاجىنى «قىلتاقتا چۈشۈرگەن» شېڭ شىسەي «ئىككى تەرەپكە تەڭ قاش ئېتىپ» ھىيلىگەرلىك، سۈيىقەست بىلەن ما جۇڭيىڭنىمۇ بىخۇدلاشتۇرماقچى بولۇپ، ئۇنىڭغىمۇ ئەلچى ئەۋەتتى. بىراق، سەزگۈر ما جۇڭيىڭ شېڭ شىسەينىڭ تەلەپلىرىنى رەت قىلىپ، ھۇجۇم گۈدۈكىنى چالدى.

ما جۇڭيىڭ جىمسار بىلەن گۇچۇڭ ئۇرۇشىدا 4000 تالغا يېقىن مىلتىق ئولجا ئېلىپ، ناھايىتى تېز كۈچەيدى. ئۇ شىنجاڭنىڭ ھاكىمىيىتىنى قولۇمغا كىرگۈزدۇم، دەپ ھېسابلاپ، گۇچۇڭدا ئۇرۇشتا ئۆلگەن ئەسكەرلىرىنىڭ ئورنىنى تەسلىم بولغان ئەسكەرلەر بىلەن تولدۇرۇپ، ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلاندى ۋە ئەسكەرلىرىنى ئاستا ـ ئاستا ئۈرۈمچى تەرەپكە سىلجىتتى. شېڭ شىسەي شەرقىي شىمال پىدائىيلار قوشۇنىنىڭ باشلىقى چېڭ شىچىڭنى ئۈرۈمچىنى ساقلاشقا قالدۇرۇپ، ئۆزى 5000 ئەسكەر (بۇنىڭ 1000 نەپىرى ئاق ئورۇس) بىلەن ئۇرۇشقا تەييارلاندى. 6 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى شېڭ شىسەي 5000 دىن ئارتۇق ئەسكەرنى ئالتە يولغا بۆلۈپ، يەنە 300 دەك توپچى ئەسكەر، 400 چە پىدائىي قوشۇن، 250 چە پىلىموتچىك ۋە برونېۋىك ماشىنىلار بىلەن ئۈرۈمچىدىن پۇكاڭغا يېتىپ باردى. ما جۇڭيىڭ 6 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى

زىنچۇەنزە مۇداپىئەسىگە جايلىشىپ بولغان، يەنى ئۇمۇ 7000 دەك ئەسكىرىي كۈچ بىلەن يوشۇرۇنۇپ تۇرغانىدى. ئاخىرى 6 - ئاينىڭ 12 - كۈنى چۈشتىن كېيىن «شىنجاڭنىڭ 30 - يىللار ئۇرۇش تارىخىدىكى مەشھۇر زىنچۇەن جېڭى» باشلاندى. ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى ناھايىتى باتۇرلۇق بىلەن ئېلىشىۋاتقاندا بىردىنلا ھاۋا ئۆزگىرىپ، تېمپېراتۇرا تۆۋەنلەپ، چېلەكلەپ قۇيغاندەك شارقىراپ يامغۇر يېغىشقا باشلىدى. كۆڭلەك، تامبال بىلەن، يالاڭئاشتاق جەڭگە كىرگەن ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى مۇشۇكتەك دۈگدىيىپ، جەڭگىۋارلىقى زور دەرىجىدە ئاجىزلىشىپ، نۇسرەت شېڭ شىسەي ئەسكەرلىرى تەرەپكە تەبەسسۇم قىلىشقا باشلىدى. ماجۇڭيىڭ ئەسكەرلىرىدىن ئۆلگەنلەرنىڭ سانى 400 گە يەتكەندە، ئۇنىڭ سېپى تەۋرىنىپ قالدى. ئۇنىڭ مۇھاپىزەتچىلەر يىگىنىڭ 500 دەك ئادىمى تۇن قاراڭغۇسىدىن پايدىلىنىپ ئۇرۇمچى تەرەپكە تەسلىم بولۇپ قېچىپ ئۆتتى (ئۇلار ئەسلىدە گۇچۇڭدا ما جۇڭيىڭغا تەسلىم بولغان لى خەيرۇينىڭ ئەسكەرلىرى ئىدى) . دەل شۇ چاغدا شېڭ شىسەي ئەسكەرلىرىنىڭ ھۇجۇمغا ئۆتۈشىگە كاناي چېلىندى، ما جۇڭيىڭنىڭ ئەسكەرلىرى قېچىشقا باشلىدى. ما جۇڭيىڭنىڭ 6000 دەك ئەسكىرىنىڭ تولىسىنى شېڭ شىسەينىڭ شەرقىي شىمالدىن كەلگەن پىدائىيلار قوشۇنى ئېتىپ ئۆلتۈردى. بۇ قوشۇن شەرقىي شىمالدا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىر قانچە يىللىق ئۇرۇشتا مەرگەن بولۇپ يېتىشكەنىدى. شېڭ شىسەي قوشۇنىدىن 200 چە ئەسكەر ئۆلۈپ، 100 چە ئەسكەر ئىزسىز يوقىلىپ كەتتى. بۇ ئۇرۇشتا شېڭ شىسەي 1000 تال مىلتىق، 30 مىڭ دانە ئوق ئولجا ئالدى. ما جۇڭيىڭنىڭ مەغلۇپ بولۇشىغا ھاۋا كىلىماتىدىكى ئۆزگىرىش سەۋەب بولدى. چۈنكى، ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى گۇچۇڭدىن يولغا چىققاندا كىيىملىرى يېلىڭ ئىدى. شۇنىڭ بىلەن سوغۇقتا توڭلاپ ئۆلگەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەسكەرلەرمۇ ئاز بولمىدى.

ما جۇڭيىڭ بىلەن شىڭ شىسەي ئۇرۇشۇۋاتقاندا، تاغ ئۈستىدە كۈزىتىپ تۇرغان خوجىنىياز ھاجى ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى مەغلۇپ بولۇپ گۇچۇڭغا چېكىنىشى بىلەن تەڭ كېلىشىمگە ئاساسەن، تېزدىن جەنۇبىي شىنجاڭغا يۈرۈش قىلدى. ما جۇڭيىڭنىڭ چېچىلىپ كەتكەن ئەسكەرلىرىدىن بىر قىسمى خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، نان، كىيىم ـ كېچەك تەلەپ قىلدى. ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ سوغۇقتا قېلىپ ھەرەج تارتىشى مۇشۇنىڭ بىلەن ئىككىنچى قېتىم ئىدى. بىرىنچى قېتىم 1931 ـ يىلى يازدا، ئۇلار قۇمۇلغا كېلىپ شەھەرنى ئالالماي، قۇمۇلنىڭ تاراتى دېگەن يېرىگە چېقىپ مۇزلاپ ئۆلەي دېگەندە ئۇيغۇرلار ئۇلارغا ئۆيلىرىنى بوشىتىپ بېرىپ، قورسىقىغا ئىسسىق تاماق بەرگەن، ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇۋالغانىدى. لېكىن، ما جۇڭيىڭ كۆرۈكتىن ئۆتۈۋېلىپلا كۆۋرۈكنى بۇزۇۋەتكەن، يەنى ئېشىنى يەپ قازىنىنى چېقىۋېتىپ، گەنسۇغا كىرىپ كەتكەنىدى. شۇڭا، بۇ قېتىم جۇڭدۇڭغا ئۇچرىغاندا ئۇنىڭغا ھېچكىم ياردەم قىلمىدى.

خوجىنىياز ھاجى يۈكاڭدىن ئارقىغا قايتىپ، تاغنى ياقىلاپ جىمىسارنىڭ جەنۇبىدىكى پەنۇۋپو داۋىنى ئارقىلىق جەنۇبىي شىنجاڭغا ئۆتۈش ئۈچۈن چەنزىگەيگە يېقىنلاشقاندا، شىڭ شىسەي ئەۋەتكەن شىنجاڭ دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ ۋەكىللىرى كېلىپ، جىمىساردىكى بىتىم بويىچە خوجىنىياز ھاجىنىڭ قوماندانلىقىدىكى پىدائىيلار قوشۇنىنىڭ يېڭى ھۆكۈمەت تەركىبىدىكى 6 ـ شى (دىۋىزىيە) قىلىپ رەسمىي بېكىتىلگەنلىكىنى، مەھمۇت مۇھىتىنىڭ شىجاڭلىققا تەيىنلەنگەنلىكىنى، بىر قىسىم قوراللار، قوشۇننىڭ راسخوتى، جەڭچىلەرنىڭ مائاشى قاتارلىقلارنى ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ئۇقتۇرغان. بۇ قوراللارنىڭ ئارىسىدا بەش ئاتار، توققۇز ئاتار

ۋە ئاربلاش كونا مىلتىقلارمۇ بار ئىدى. خوجىنىياز ھاجى بۇ مىلتىقلارنى ئېلىپ توقسۇنغا يۈرۈپ كەتتى. ما جۇڭيىڭ گۇچۇڭغا بېرىپ لى خەيرۇينىڭ قالدۇق قوشۇنىدىن 1000 كىشىنى، ئۇيغۇرلاردىن بىر نەچچە يۈز كىشىنى مەجبۇرىي ئەسكەرلىككە تۇتۇپ، تۆگىدىن 2000 نى تەييارلاپ، تۇرپانغا چۈشۈپ خوجىنىياز ھاجىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا ئۆتىدىغان يولىنى توسىماقچى بولدى (ئۈچ كۈنلۈك ئۇرۇشتا ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئۆلگىنى، تەسلىم بولغىنى، چېچىلىپ كەتكىنى بولۇپ تەخمىنەن يېرىمى تۈگەپ كەتكەنىدى).

شېڭ شىسەي ما جۇڭيىڭنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، بىر قانچە ھەربىي باشلىقلار ۋە مەمۇرىي ئەمەلدارلار نامىدىن جياڭ جيېشى ھۆكۈمىتىگە تېلېگرامما ئەۋەتتى. تېلېگراممىدا مۇنداق دېيىلگەنىدى: «ما جۇڭيىڭ مەغلۇپ بولدى، شىنجاڭ تىنچلاندى. ئۇيغۇر، خەنزۇ قوراللىق كۈچلەرنىڭ باشلىقلىرى شېڭ شىسەينى ھىمايە قىلىدۇ. شىنجاڭدا بارلىق ئىشلارنى شېڭ شىسەي باشقۇرسا؛ مەدەنىيەت، مائارىپ، قاتناش، سودا ـ سانائەت ئىشلىرىنى يەرلىك باشقۇرسا. تېلېگرامما بەرگۈچىلەر: شىنجاڭ گومىن گېمىنجۈنىنىڭ قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق زۇڭسىلىڭى بېشىر، تۇرپان ـ گۇچۇڭ ئالدىنقى سەپ سىلىڭى خوجىنىياز ھاجى، ئۈرۈمچى جىجسوزىدا تۇرۇشلۇق ئاتلىق 1 ـ شىنىڭ سىجاڭى تې جەنكۈي، پىچاندا تۇرۇشلۇق 2 ـ شىنىڭ سىجاڭى ئىسكەندەر، قارا شەھەردە تۇرۇشلۇق 3 ـ شىنىڭ سىجاڭى مەھپۇز، قەشقەردە تۇرۇشلۇق 4 ـ شىنىڭ سىجاڭى تۆمۈر، قەشقەرنىڭ ۋاقىتلىق ۋالىيسى يۇنۇس بەگ، ئاقسۇنىڭ ۋالىيسى شۇي يىسەيلەر. 1933 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى». شېڭ شىسەينىڭ ئەسلىدىكى پىلانى ئاۋۋال زىنچۇەنزىدە ما جۇڭيىڭنى يېڭىپ، ئاندىن ئۈرۈمچىگە كېلىپلا چىڭ جۇڭ، تاۋ مىنيۇ، لى شۆتيەنلەرنى كۆزدىن يوقىتىش ئىدى. شۇڭا، ئۇ ئاۋۋال ما

جۇڭيىڭغا قارشى ئوت ئاچتى، ئاندىن ئۇرۇمچىگە كېلىپ ئورۇنلىشىۋالغاندىن كېيىن، جىڭ شۇرېن ھۆكۈمىتىنىڭ سەنمۇچۇ باشلىقى چىڭ جۇڭ، باش كاتىپى تاۋ مىنيۇ، تۇدۇڭخابادا تۇرۇشلۇق ئايروپىلان ئەترىتى باشلىقلىرى شۆتيەنلەرنى «مەجلىس بار» دەپ دۇبەن مەھكىمىسىگە چاقىرىپ، «يېڭى ھۆكۈمەتكە قارشى قوزغىلاڭ قىلماقچى بولغان» دېگەن تۆھمەت بىلەن ئېتىۋەتتى (بۇ چاغدا شېڭ شىسەي ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىپ، جىڭ شۇرېن قېچىپ كېتىپ بولغانىدى). شۇنىڭدىن كېيىنلا خۇاڭ موشىڭ مەمۇرىي پالاتا باشلىقى ۋاڭ جىڭۋېينىڭ بۇيرۇقى بىلەن نەنجىڭگە قايتىپ كەتتى. شېڭ شىسەي گۇچۇڭغا يېتىپ بارغۇچە گۇچۇڭنىڭ سىلىڭى لى خەيرۇي ما جۇڭيىڭ بىلەن ئاللىقاچان قېچىپ كەتكەنىدى. شېڭ شىسەي گۇچۇڭغا بارغاندىن كېيىن، گۇچۇڭدا قېپقالغان لۇيجاڭ جاڭ زۇئەننى «ما جۇڭيىڭغا تەسلىم بولدۇڭ» دەپ ئېتىۋەتتى.

ما جۇڭيىڭ 1933 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى زىنچۇەنزىدە مەغلۇپ بولۇپ، 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى تۇرپانغا قايتىپ كەلگەندە، ئۇنىڭ ئاران 3 — 4 مىڭچە ئەسكىرى قالغانىدى. ئۇنىڭ پىچان ۋە تۇرپانلاردا يەنە ئاتلىق ۋە پىيادە ئىككى لۇي ئەسكىرى بولۇپ، پىيادە لۇيى پىچاندا، ئاتلىق لۇيى تۇرپاندا تۇراتتى. ما جۇڭيىڭ پىچاندىن پوچتا بىلەن ئاستانىگە كېلىپ ئەمەت جىساڭنىڭ ھويلىسىغا چۈشتى، يولۋاس پەيزۇل جىساڭنىڭ ھويلىسىغا چۈشتى. ما جۇڭيىڭنىڭ قول ئاستىدىكى تۆمۈر تۇەنجاڭ خوديار ھاجىنىڭ ھويلىسىغا چۈشتى. ما جۇڭيىڭنىڭ مىلتىق، ئوق ـ دورا ۋە باشقا نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ئارتقان تۆگىلىرى ئالتە ـ يەتتە كىلومېتىر يەرگىچە سوزۇلۇپ كېلىپ، ئاستانىدىكى سايغا يۈكلىرىنى چۈشۈردى. ما جۇڭيىڭ ئاستانىگە كېلىپ كىشىلەرگە «خوجىنىياز مېنىڭ دادام، مەھمۇت مېنىڭ ئاكام، بىز چوقۇم كېلىشىپ قالىمىز» دەپ

يۈردى ۋە بىر نەچچە كۈندىن كېيىن تۇرپان بازىرىغا بېرىپ، ئابلىمىت قازى ۋە بىر قانچە خۇيزۇ ئاخۇنلارنى خوجىنىياز ھاجى بىلەن ياراشتۇرۇپ قويۇشقا توقسۇنغا ئەۋەتتى. ئۇلار توقسۇنغا كېلىپ خوجىنىياز ھاجىغا «سىلىڭ بىزنى سىلىنىڭ يانلىرىغا ئەۋەتتى. سىلىڭ: خوجىنىياز ھاجىغا قانچە قورال لازىم بولسا مەن بېرەي، ئۇ شىڭ شىسەيدىن ئايرىلىپ مەن بىلەن بىرلەشسىكەن، دەيدۇ» دېدى.

خوجىنىياز ھاجى بۇنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كېتىپ مۇنداق دېدى: «ھە، ما جۇڭيىڭغا بىز لازىم بولۇپ قالغان ئوخشايمىز، ما جۇڭيىڭنىڭ ئىلتىپاتىغا رەھمەت. بىز ئىشنىڭ بېشىدا ما جۇڭيىڭ خەلقىمىزنىڭ زۇلۇمدىن قۇتۇلۇشىغا تىلەكداشلىق قىلارمىكىن دېگەن ئۈمىدتە بولغانىدۇق. ئەمدى بۇ ئۈمىدىمىزنىڭ خام خىيال ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتتۇق. ما جۇڭيىڭ گەنسۇدىن شىنجاڭغا ھەر ئىككى قېتىم كەلگەندە بىز ئۇنىڭغا كۆپ ياردەم بەردۇق، ئۇ كۆچلەندى. مۇشۇ جەھەتتىن ئېيتقاندا ئۇ ‹ئادەم ئەتكەنگە تەزىم ئەت› دېگەندەك ئىش قىلىشى كېرەك ئىدى. ئەمما، ئۇ ئۇنداق قىلمىدى. ئۇرۇشتا قۇربانىنى بىز بەردۇق، ئولجىنى ئۇ ئالدى. بىر ئاي ئىلگىرى ئۇنىڭ ‹شىنجاڭنى قولغا ئېلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىن 500 مىڭ ئەسكەر ئېلىپ ئىچكىرى جۇڭگوغا ۋە سوۋېتكە ھۇجۇم قىلىمەن› دېگىنىدىن ئۇنىڭ خەلقىمىزنى تېخىمۇ زور بالايىئاپەتكە دۇچار قىلىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتۇق. بىز ئۇنىڭ يولىغا ھەرگىز ماڭمايمىز. تېخى يېقىندىلا بىز جىمسارىدىكى دۈشمەننى يېڭىپ، ئۇلاردىن نۇرغۇن مىلتىق ئولجا ئېلىش ئالدىدا تۇرساق، ما جۇڭيىڭ ھىيلە ئىشلىتىپ، ئۇلارنىڭ قوراللىرىنى بىز سىلەرگە ئېلىپ بېرىمىز، دەپ بىزنى ئالداپ قويۇپ، قوراللارنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ قاچتىغۇ! ؟ بىزنىڭ سەۋر قاچىمىز تولدى. ئۇ ئەمدى بىزگە نوختا سېلىپ بويىنىمىزغا مىنىمىز دېمىسۇن.

بىز ھايۋان ئەمەس، بىزنىڭ كىم بىلەن بىرلىشىش، كىم بىلەن بىرلەشمەسلىك ئىختىيارىمىز ئۆزىمىزدە. مەن شىلىڭ شىسەي بىلەن بىرلىشىپ بولدۇم، مېنىڭ ئەزەلدىن سۆزۈم بىر، ئاتقان ئوق يانمايدۇ. ما جۇڭيىڭ بىزنىڭ ئەركىن، باراۋەر بولۇشىمىزغا ياردەم بەرمەيدۇ، ئەكسىچە بىزنى ئالداپ ئوق ـ زەمبىرەكلەرگە يەم قىلىپ بېرىدۇ. بىزگە بېرىدىغان قورالىلىرىنى ئانىسىغا ئاپىرىپ بەرسۇن. سىلەر قايتىپ بېرىپ مېنىڭ سۆزۈمنى ئۇ لومودىغا ئەينەن يەتكۈزۈڭلار» . خوجىنىياز ھاجى ما جۇڭيىڭنىڭ ئادەملىرىنى مۇشۇ گەپ بىلەن قايتۇردى.

شۇنىڭدىن كېيىن ما جۇڭيىڭ ئۆزىنىڭ پەدىسىنى ئۆزگەرتىپ، خەلقلەرگە «خوجىنىياز بىلەن مەھمۇت كاپىرلار بىلەن بىرلىشىپ، ئىسلام ھاكىمىيىتىمىزنى قۇرۇشىمىزغا قارشى چىقتى. سىلەر ئۇلارنىڭ سۆزىگە ئىشەنمەڭلار، ئۇلارغا ئەگەشمەڭلار. مەن تۇرپاندا تۇرۇپ، ئۈرۈمچىنى ئېلىپ ئىسلام ھۆكۈمىتى قۇرىمەن، ئاندىن خوجىنىياز بىلەن مەھمۇتنىڭ جاجىسىنى بېرىمەن» دەپ كەڭ تۇردە تەشۋىق قىلىپ، ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ تەييارلىقىنى كۆردى: ئاۋۋال مەجبۇرىي ئەسكەر ئېلىشقا كىرىشتى. خەلق باللىرىنى ئەسكەرلىككە بېرىشكە ئۇنىماي ھەر يەرلەرگە قاچۇرۇۋەتسە، شاڭيو، دورغىغا ئوخشاش بۆكىنى ئەكەل دېسە بېشىنى ئەكىلىدىغان ئاز سانلىق كىشلەر پالتىغا ساپ بولۇپ بېرىپ، باللىسى بار كىشلەرنى ئۇرۇپ ۋە ھەيدەپ يۈرۈپ باللىسنى تاپقۇزۇپ ئەسكەرلىككە تۇتۇپ بەردى. تۇتۇپ ئەكەلگەن باللارنى ما جۇڭيىڭ تۇرپان ناھىيىسىنىڭ ساراي، دەڭلىرىگە قاماپ قويۇپ قاتتىق ھەربىي مەشىق قىلدۇردى. ما جۇڭيىڭنىڭ قولچوماقلىرىدىن باشقا، قول ئاستىدىكى ئەسكەرلىرىمۇ خەلقنىڭ ئۆيلىرىگە تويۇقسىز قوراللىق باستۇرۇپ كىرىپ، ياشلارنى تۇتۇپ كەتتى. بەزى ئۆيلەردىن ياشلارنى تاپالمىسا، «زىرائەت ئىچىگە مۆكۈنۈۋاپتۇ» دەپ

ئېتىزلىقتا چىقىپ، قوناقلىق ۋە كېۋەزلىككە كىرىپ، قارىسىغا مىلتىق ياكى پىلىموت ئېتىپ زىرائەتلەرنى نابۇت قىلدى. «كونا ۋە يېڭى ئەسكەرلەرنى تەمىنلەشتە ھۆكۈمەتتىن بېرىلگەن تەمىناتلار يېتىشمىدى» دېگەننى باھانە قىلىپ، خەلق ئۆستىدىكى تۇرلۇك ئالۋان ـ سېلىقنى كۆپەيتتى. بولۇپمۇ 1932 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ جىڭ شۇرېننىڭ قىرغىنچىلىقىدىن كەمبەغەللىشىپ دەرمانىدىن كېتەي دەپ قالغان تۇرپان خەلقىگە ما جۇڭيىڭنىڭ ئەسكەرلىرى يەنە بىر ئاپەت بولدى. ئۇلار خەلقنى «نان ئىئانە قىلىش» قا مەجبۇرلاپ، ئۆيمۇ ئۆي يۇرۇپ خەلقنىڭ بىر نېنىنىڭ يېرىمىنى تارتىۋالدى، ھەتتا خەلقنىڭ تونۇرغا يېقىپ قويغان نانلىرىنى بۇلاپ ئېلىپ كەتتى. يەنە «ئۇرۇمچىگە ھۇجۇم قىلىمىز، ئەسكەرلەرگە كىيىم ـ كېچەك ياردەم قىلىڭلار» دەپ توۋلاپ، ئۆيمۇ ئۆي جار سېلىپ، خەلقنىڭ ئۇچىسىدىكى چاپانلىرىنىمۇ سالدۇرۇۋالدى، ھەتتا كوچىلاردا كېتىۋاتقان يولۇچىلارنىڭ ئۆتۈكلىرىنى سالدۇرۇۋېلىشتىنمۇ تەپ تارتمىدى. خەلقتە تارتىۋالغۇدەك ھېچنېمە قالمىغاندا، سامان قەغەزگە پۇل بېسىپ تارقاتتى. بۇنداق قەغەزنى كىشىلەر «خوتەن قەغىزى» دەپمۇ ئاتايتتى. ما جۇڭيىڭ بېسىپ تارقاتقان پۇل بەش سەرلىك، ئون سەرلىك بولۇپ، رەڭگى سۇس يېشىل ئىدى. بۇ پۇلنى كىشىلەر «سىلىڭ پۇلى» دەپ ئاتاشتى. تۇرپاندا ئۇنىڭدىن ئىلگىرى «دۇبەن پۇلى» دەيدىغان 50 سەرلىك پۇل، جىڭ شۇرېننىڭ بىر سەرلىك پۇلى بار ئىدى. بۇ پۇللارنىڭ ھەممىسىلا بازاردا بىردەك ئېقىۋەردى. چۈنكى، ھەربىيلەرنىڭ قولىدىكى «سىلىڭ پۇلى» نى مال ساتقۇچىلارنىڭ ئالماي ھەددى ئەمەس ئىدى. خەلق ئارىسىدىكى ئېلىم ـ سېتىمدا مال ساتقۇچىلار خېرىدارلاردىن «دۇبەن پۇلىدىن قانچىلىك بېرىسەن؟»، «سىلىڭ پۇلىدىن قانچىلىك بېرىسەن؟» دەپ سورايتتى. ئەگەر دۇبەن پۇلىدىن بەرسە مېلىنى تېزلا سېتىپ بېرەتتى. لېكىن،

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

سىلىڭ پۇلىدىن قانچە كۆپ بەرسىمۇ، ئىلاجى بار ساتماسلىققا تىرىشاتتى. ما جۇڭيىڭنىڭ تۇرپاندا بېسىپ تارقاتقان پۇلىنىڭ سانى بەزى مەلۇماتلاردا 1 مىليون 200 مىڭ سەر دېيىلگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭدىن كۆپ ئىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ سامان قەغەزگە بېسىلغان پۇلىنى ئەگەر قازاننىڭ ھوردا ھورداپ، يەنە سامان قەغەزگە چاپلىسا ئۇنىڭ ئىزى چىقىپ، بىر سەر پۇل ئىككى سەر بولاتتى. ساختىپەزلەر مۇشۇنداق ئۇسۇل بىلەن پۇلنىڭ سانىنى تېخىمۇ كۆپەيتىۋېتەتتى.

ئۆزلىرى بېسىپ تارقاتقان پۇل بىلەن سودىگەر ۋە خەلق قولىدىكى ماتا ـ چەكمەنلەرنى سېتىۋېلىپ ۋە پۈتۈن ناھىيىدىكى ماشىنىچى (سەيپۇڭ) لارنى يىغىۋېلىپ، ئۇلارنى ھەقسىز كىيىم تىكىشكە مەجبۇرلىدى. «سىلىڭ پۇلى» نىڭ ئۆمرى ئالتە ئايغا بارمايلا، ما جۇڭيىڭ قېچىپ كەتتى، شۇنىڭدىن كېيىن بۇ پۇل خەلقنىڭ قولىدا قۇرۇق قەغەزگە ئايلىنىپ قالدى. خەلقتىن ئالغۇدەك ھېچنېمە قالمىغاندىن كېيىن، ئائىلىلەرگە ئاشلىق بېرىپ، ئەسكەرلەرگە ھەقسىز نان يېقىپ بېرىش سېلىقى سالدى. بۇ نانلارنى داۋانچىڭغا توشۇشقا ئىشلىتىش ئۈچۈن تۇرپان، پىچانلاردا دېھقانلارنىڭ مەيلى ھاڭگا، مەيلى مادا ئېشەكلىرى بولسۇن ھەممىسىنى تارتىۋېلىپ، يۈك توشۇشقا سالدى. (ئەسلىدە مادا ئېشەكتە مال، يۈك توشۇمايتتى). بۇ نانلارنى ئاساسەن قېرىلار توشۇدى. چۈنكى، ياشلارنى كۆرۈپلا قالسا ئەسكەرلىككە تۇتۇۋالاتتى. بۇنداق ئەھۋال يۇقىرىدىكى ئۈچ ناھىيىنىڭ ھەممىسىدە ئوخشاش ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ما جۇڭيىڭنىڭ ئەسكەرلىرى ئاتلىرىنى دېھقانلارنىڭ زىرائەتلىرىگە خالىغانچە قويۇۋېتىپ، زىرائەتلەرنى نابۇت قىلىۋەتتى. ئەسكەرلەرنىڭ يولدا ئۆتۈن ـ سامان ئېلىپ كېتىۋاتقانلارنىڭ ئۆتۈن ـ سامانلىرىنى زورلۇق بىلەن تارتىۋېلىشى ئادەتتىكى ئىشقا ئايلىنىپ قالدى. قىسقىسى، بىچارە خەلق «ئاشلىق كېتىپ ساڭ

قالدى، ماغدۇر كېتىپ جان قالدى» دەپ زارلىنىدىغان بولۇپ قالدى.

خوجىنىياز ھاجى فۇكاڭدا شېڭ شىسەي بىلەن ئەھدىنامە تۈزۈشكەندىن كېيىن، 1933 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىن كېيىن، مەھمۇت مۇھىتى بىلەن چەڭزىگەي، پەنۋۇپو، يوغانتېرەكلەر ئارقىلىق تەڭرىتېغىنى ئاتلاپ جەنۇبىي شىنجاڭغا تېز يېتىپ بېرىش ئۈچۈن، توقسۇنغا كېلىپ يىلانلىقتىكى ئىسماڭ دارىن دېگەن ئۇيغۇرنىڭ ئۆيىگە چۈشتى. شۇ كۈنلەردە توقسۇن خەلقىنىڭ ھەر ساھە ۋەكىللىرى ھاجى باشلىق چوڭلارنى شەھەرگە كىرىپ، بىر ـ ئىككى كۈن مېھمان بولۇپ چىقىشقا تەكلىپ قىلغان. ھاجى بىلەن مەھمۇت مۇھىتى بۇ تەكلىپنى سىلىق رەت قىلىپ: «بىزگە سېپىل ياراشمايدىكەن» دېيىشىپ، لۈكچۈن سېپىلى ئالدىدىكى پاجىئەنى ئەسلىرىگە ئېلىشىپ، كۆزىگە ياش ئېلىشقان. خوجىنىياز ھاجى يەنە: «شۇ لەنتى سېپىلگە كىرىۋالمىغان بولساق، ۋاي، ئىسىت، ۋاي، ئىسىت، مەخسۇت بايدىن ئايرىلىپ قالمايتتۇق. ئۆزۈمدىن ئۆتتى، ئۇ رەھمەتلىكتىن ئايرىلىپ، قانىتى سۇنغان قۇشتەك بولۇپ قالدىم. ئەمدى ئۇنىڭدەك كىشى بىزگە نېسىپ بولامدۇ، يوق؟ ئاللا بىلىدۇ» دەپ مەخسۇت مۇھىتىغا بولغان چوڭقۇر سېغىنىشىنى ئىپادىلىگەن.

ما جۇڭيىڭ گۇچۇڭدىن قايتىپ، مورى ۋە سارىغاي داۋنىدىن ئېشىپ، كۆكيار ئارقىلىق پىچان، تۇرپانغا كېلىپ، خوجىنىياز ھاجى بىلەن يارىشىپ قېلىش ئۈچۈن توقسۇنغا ئادەم ئەۋەتتى. خوجىنىياز ھاجى ما جۇڭيىڭنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىپ، ئەۋەتكەن كىشىلىرىنى قايتۇرۇۋەتتى. بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن ما جۇڭيىڭنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى توقسۇنغا كەلدى. خوجىنىياز ھاجى ئۇلار بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشنى خالىماي، ئۇلارنىڭ قارىسىنى كۆرۈش بىلەنلا توقسۇندىن

www.uyghurkitap.com

قاراشەھەرگە كەتتى. ئايغىربۇلاقتا بارغاندا، مەمتىمىن دېگەن كىشىنى ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ توقسۇندىن جەنۇبقا يۇرۇش قىلىدىغان ـ قىلمايدىغانلىقىنى كۆزىتىپ تۇرۇشقا 60 پىدائىي ئەسكەر بىلەن قالدۇرۇپ قويدى.

پىدائىيلار خوجىنىياز ھاجى بىلەن ئۇششاقتالغا بارغاندىن كېيىن، قاراشەھەرگە كېلىپ تۇرغان ما جۇڭيىڭ قوشۇنىغا «بىز قاراشەھەردە تۇرماي جەنۇبقا ئۆتۈپ كېتىمىز، قاراشەھەردىن ئۆتكۈچە بىزگە چېقىلماڭلار» دەپ خەت كىرگۈزگەندە، ما شىمىڭنىڭ قول ئاستىدىكى بىر لۈجاڭ (ما شىمىڭ ئۇرۇمچى نەنسەندە ئىدى) خەتكە «ھەي خوجىنىياز، سەن جەنۇبقا ھېلىغۇ يەر بىلەن بارىدىكەنسەن، ئاسماندىن ئۇچۇپ ئۆتمەن دېسەڭمۇ ئۆتەلمەيسەن» دەپ جاۋاب چىقىرىدۇ. خوجىنىياز ھاجى ئۇلار بىلەن ئۇرۇشماي ئۆتۈپ كېتىش مۇمكىن ئەمەسلىكىگە كۆزى يېتىپ، مەھمۇت سىجاڭ باشلىق لۈجاڭ، تۈەنجاڭلار ۋە يېنىدىكى باشقا يېقىن كىشىلىرى بىلەن مەسلىھەتلەشتى. ئۇلار قاراشەھەرگە كىرمەي باغراش كۆلىنى بويلاپ كورلىغا ئۆتۈپ كېتىشنى قانچە ئويلاپ باقسىمۇ، بىرەر ئىشەنچلىك يول تاپالمىدى. ئاندىن ئۇلار بىر ئېغىزدىن: «ئەگەر ما جۇڭيىڭ قوشۇنى ئاۋۋال ئوق چىقارسا، ئەلۋەتتە بىزمۇ قاراپ تۇرمايمىز» دەپ ئىپادە بىلدۈردى. لېكىن، پىدائىيلار ئارىسىدا: «خۇيزۇلارمۇ مۇسۇلمان، بىزمۇ مۇسۇلمان. مۇسۇلمان بىلەن مۇسۇلمان ئۇرۇشۇپ ئۆلسەك قايسى ئۆلۈمگە مەنسۇپ بولىمىز. كىم دوزاخقا كىرىپ، كىم جەننەتكە كىرىدۇ» دېگەن غۇلغۇلا پەيدا بولدى. ئىش بۇ يەرگە يەتكەندە، مەھمۇت سىجاڭنىڭ

مەسلىھەتچىسى ئابدۇللا داموللا نەئىمى[1] بىر پەتىۋا ئويلاپ چىقىپ، «بىز ئۇيغۇرلار مۇسۇلمان، تۇڭگانلارمۇ مۇسۇلمان، لېكىن بىز ئۇلار بىلەن ئۇرۇشىمىز دېمىدۇق. جەنۇبقا ئۆتۈپ كېتىمىز، يولىمىزنى توسماڭلار، دېسەك ئۇلار ئۇنىماي يولىمىزنى توسماقچى بولدى. ئەگەر ئۇلار ئاۋۋال ئوق چىقارسا كاپىر بولىدۇ، ئاندىن بىز ئاتىمىز. ئۇلار ئۆلسە دوزاخقا چۈشىدۇ، بىز ئۆلسەك شېھىت بولىمىز ۋە جەننەتكە كىرىمىز» دېگەننى ھەممە پىدائىيلارغا تەشۋىق قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن پىدائىيلارنىڭ ئەندىشىسى يوقىلىپ، كۆڭلى توختىدى. پىدائىيلار ئۇششاقتالدىن چىقىپ چوققىغا يېقىنلاشقاندا، ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ شىمالدىن جەنۇبقا يىلان ئىزىدەك ئاكوپ قېزىپ، خوجىنىياز ھاجىلارنى جەنۇبقا ئۆتكۈزمەسلىك ئۈچۈن توسۇپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. شۇنداق بولسىمۇ، ھاجىلار يەنىلا ئۇرۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن بىرنەچچەيلەنگە ئاق بايراق كۆتەرتىپ، ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرىگە ئەلچىلىككە ماڭدۇردى. دۈشمەنلەر ئەلچىلەر يېقىنلاپ كەلگەندە، «ئەلچىگە ئۆلۈم يوق» دېگەن ھەقىقەتكىمۇ پىسەنت قىلماي، بايراق كۆتۈرگەن يىگىتنى ئېتىۋېتىپ، «سا، سا!» دېگىنىچە ھۇجۇمغا ئۆتتى. بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپكە كەلگەن «مەھمۇت مۇھىتى چاپچىپ تۇرالماي ۋاتقان قارا گىر ئېتىنىڭ تىزگىنىنى قويۇۋېتىپ، ئۆزۈن قىلىچىنى ئېگىز كۆتۈرگەن ھالدا ‹ئالغا› دەپ، بىر توپ ئاتلىقلار بىلەن يان تەرەپتىن چېرىكلەرگە ئېتىلدى» ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرىدىن 500 نەچچىسى چوڭ يولنىڭ ياقىسىدىكى ئۆيلەرگە جايلىشىپ

---

① تۇرپاننىڭ يار يېزىسىدىن يەنى بەگلەر جەمەتىدىن بولۇپ، 1920 ـ يىللاردا قەشقەرگە بېرىپ، كاتتا ئالىم، مىللەتپەرۋەر مائارىپچى، ئالانتلىق شائىر ۋە پاراسەتلىك ئۇستاز ئابدۇقادىر داموللامدا ئوقۇغان. تۇرپانغا قايتقاندىن كېيىن مۇدەررىسلىك بىلەن شۇغۇللانغان، 1932 ـ يىلى تۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭىغا باش بولۇپ قاتناشقان، كېيىن مەھمۇت مۇھىتىنىڭ ئەڭ يېقىن سەپداشلىرىدىن بولۇپ قالغان. مەھمۇت مۇھىتى قەشقەردە 6 ـ دىۋىزىيىنىڭ شىجاڭى بولغاندا، ئابدۇللا دامولللا نەئىمىمۇ مۇشاۋىر ۋە باش كاتىپ بولغان. 1937ـ يىلى مەھمۇت شىجاڭ بىلەن بىرگە ھىندىستانغا چىقىپ كەتكەن.

پىدائىيلارغا ئوت ئاچتى، يەنە 500 نەچچىسى چوڭ يولنىڭ شىمالىدىكى تاغقا قاراپ ئات سالدى. ئۇلار تاغقا يۆلىنىپ، پىدائىيلارنىڭ يان تەرىپىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، پىدائىيلارنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ يوقىتىشنى ئويلىغانىدى. خوجىنىياز ھاجى بۇنى ئالدىن پەملەپ، چوڭ يولنى مەھمۇت سىجاڭغا تاپشۇرۇپ، ئۆزى بىر نەچچە يۈز ئادەمنى باشلاپ تاغقا ئات سالدى. نەتىجىدە خوجىنىياز ھاجى تاغقا بالدۇر چىقىپ، دۈشمەن ئەسكەرلىرىنى چېكىنىشكە مەجبۇر قىلدى. كېيىن پىدائىيلار چوڭ يولدىكى ھەمراھلىرىنىڭ يېنىغا بېرىۋىدى، ما جۇڭيىڭنىڭ بىر قانچە يۈز ئاتلىق ئەسكىرىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. پىدائىيلار پۈتۈن سەپ بويىچە تۈپتۈز سايدا چېكىنىشكە باشلىدى. ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى ئات ئۈستىدە «سا! سا!» دېگىنىچە پىدائىيلارغا ئوق چىقىرىپ يېقىنلىشىپ كەلدى. مۇشۇنداق پەيتتە، مەھمۇت سىجاڭ يەنە ماۋزور تاپانچىسىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، پىدائىيلارغا «ئارقىغا بۇرۇلۇپ ئېتىڭلار!» دەپ خىتاب قىلدى، پىدائىيلار دەرھال ئارقىغا بۇرۇلۇپ دۈشمەننى ئوققا تۇتتى. پىدائىيلارنى قوغلاپ كېلىۋاتقان دۈشمەن ئەسكەرلىرى ئاتلىرىدىن دومىلاپ چۈشۈشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئارقىغا بۇرۇلۇپ قاراشەھەر تەرەپكە قاچتى. پىدائىيلار ئاتلىرىغا مىنىپ، دۈشمەن ئەسكەرلىرىنى چوققىدىن قاراشەھەرنىڭ يېنىدىكى لىيۇشىخۇ دېگەن يەرگىچە قوغلاپ باردى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى چوڭ يول بىلەن قاچسا، يەنە بىر قىسمى يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى ئورمانلىقنىڭ ئىچىگە كىرىۋېلىپ، قاراشەھەرگە بارغۇچە يول ئۈستىدە ئۇچرىغانلا ئۇيغۇرلارنى قېرى- ياش، ئەر - ئايال دېمەي ئېتىپ - چېپىپ ماڭغان. ئۇلارنىڭ تاغقا ئات سالغان ھېلىقى قىسمى پىدائىيلار چوققىدىن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، توقسۇنغا قېچىپ كېتىۋېتىپ ئايغىربۇلاققا بارغاندا، توقسۇننى كۆزىتىۋاتقان مەتىمىن ئەپەندى باشچىلىقىدىكى 60 نەپەر

پىدائىيىنىڭ ئارقا تەرىپىدىن تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ ھەممىسىنى قىرىپ تاشلىغان. بۇ 60 نەپەر پىدائىيدا بەش ئاتار مىلتىقتىن ئاران بەش ـ ئالتىسىلا بولۇپ، ئوقى يوق دېيەرلىك ئىدى. قالغىنىغا كالتە ـ كۆسەي بىر ئاتار مىلتىق ۋە قارا مىلتىقلاردىن سانىۋالغۇدەك بىر نەچچىسى، ئانچە مۇنچە قىلىچ ـ نەيزىلەرلا بار ئىدى. «1931 ـ يىلى ئەتىيازدا پارتلىغان قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىدىن بۇيان ئىككى يىل مابەينىدە گاھ ئۇنداق، گاھ مۇنداق كۆڭۈل قېلىشلاردىن قەتئىيىنەزەر قۇمۇل، تۇرپان، توقسۇن، پىچان دىيارىدا زۇلۇم، ئىستىبدات ۋە تەڭسىزلىككە قارشى كۆرەش قىلىپ كەلگەن بۇ ئىنتىپاقداش قوشۇن ئەنە شۇ جەڭدىن كېيىن، بىر ـ بىرى بىلەن غانجۇغا بېشىدا كۆرۈشىدىغان ئەشەددىي رەقىبلەرگە ئايلاندى. پەقەت بىر ەر سائەتلا داۋام قىلغان بۇ جەڭ ماھىيەتتە شىنجاڭ تارىخىنىڭ 30 ـ يىللار سەھىپىسىدىكى ئۆچمەس قارا داغ — مىللەتلەر ئارا قىرغىنچىلىقنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولۇپ قالدى. شۇ كۈندىن باشلاپ، گۈزەل تارىم ۋادىسى خېلى كۈنلەر بەلكى خېلى ئايلارغىچە دەھشەتلىك ئەجەل تۇمانلىرى ئىچىدە قالدى».

خوجىنىياز ھاجى قاراشەھەرگە كىرىشتىن ئىلگىرى، ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى قاراشەھەرنى تاشلاپ، كېچىلەپ باغراش كۆلىنى ياقىلاپ تۇرپانغا قاچقان بولسىمۇ، لېكىن شىخۇدىن قاراشەھەرگىچە بولغان ئارىلىقتا خەلق ئاممىسى چاچاڭ تىكىپ، پىدائىيلارنى قىزغىن قارشى ئالدى. قارشى ئالغۇچىلارنىڭ ئارىسىدا ئۇيغۇر، موڭغۇل، خۇيزۇلارنىڭ مۆتىۋەرلىرىمۇ بار ئىدى. پىدائىيلار قاراشەھەرگە كىرگەندە، ما جۇڭيىڭغا ئەسكەر بولۇپ تۇرپانغا قېچىپ كەتكەن خۇيزۇلارنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرى «خوجىنىياز ھاجى بىزگە زىيان يەتكۈزىدىغان بولدى» دەپ ئەندىشە قىلىپ، ئۆيلىرىنى تاشلاپ ئۇيغۇر قوشنىلىرىنىڭ ئۆيىگە كىرىۋالغان، خۇيزۇ پۇقرالارمۇ بىر خىل

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قورقۇنچ ئىچىدە قالغانىكەن. خوجىنىياز ھاجى بىلەن مەھمۇت سىجاڭ بۇ ئەھۋالنى بىلگەندىن كېيىن، قول ئاستىدىكى ھەربىي باشلىقلارغا ۋە پىدائىي ئەسكەرلەرگە پۇقرالارنىڭ قايسى مىللەت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنى بوزەك قىلماسلىق، بولۇپمۇ خۇيزۇلارغا يامان كۆزدە قارىماسلىق، پۇقرالارنىڭ نەرسىسىگە قول تەگكۈزمەسلىك توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى ۋە كوچىلارغا ئېلان چاپلىدى. شۇنداق بولسىمۇ، بەزى پىدائىيلار ئىگىسى تاشلاپ قاچقان ھويلىلارغا كىرىپ، كىيىم - كېچەك، ئۆي سەرەمجانلىرىنى ئېلىۋالغان. يەنە بەزىلىرى ھويلىدا باغلاقلىق تۇرغان قويرۇقى كېسىك ئاتلارنى «ما جۇڭيىڭنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئېتى» دەپ ئېلىۋالغان. بۇ ئاتلار ئەسلىدە ما جۇڭيىڭنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئېتى بولسىمۇ، لېكىن ما جۇڭيىڭنىڭ ئەسكەر باشلىقلىرى ئۇرۇشقا يارىمايدىغان قېرى ۋە ماڭقا ئاتلارنى پۇقرالارغا سېتىۋەتكەنىكەن. بۇنداق ئىشلار تەكشۈرۈلۈپ، ھەممە نەرسە ئۆز ئىگىلىرىگە قايتۇرۇپ بېرىلدى. بۇنداق ئىشلارنىڭ يەنە ئەۋج ئېلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، مەھمۇت سىجاڭ ئۆزى مەسئۇل بولۇپ دەرھال ئادەم ئاجرىتىپ، ئۆيمۇ ئۆي يۈرۈپ پۇقرالارنىڭ نەرسە - كېرەكلىرىنى ئېلىۋالغانلارنى ئېنىقلاپ چىقتى. تۈزۈمگە بويسۇنماي، مۇشۇنداق ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغان سەككىز نەپەر پىدائىينى تېپىپ چىقىپ، ئۇلارنى شەھەرنىڭ چوڭ كوچىلىرىدىكى تۇۋرۈكلەرگە يالىڭاچلاپ باغلاپ، قامچا بىلەن ئۇرۇپ، ئاندىن «خەلقنىڭ نەرسىلىرىنى ئالغاننىڭ سازايى» دېگۈزۈپ، قاراشەھەر كوچىلىرىنى ئىككى كۈن ئايلاندۇردى ۋە كوچىلارغا ئېلان چاپلىدى. شۇنىڭ بىلەن بەزى پىدائىيلارنىڭ باشباشتاقلىقى يوقىلىپ، پۇقرالارنىڭ بولۇپمۇ خۇيزۇ پۇقرالارنىڭ كۆڭلى ئارامىغا چۈشۈپ، ھەر ساھەدىكىلەر ئۆز كەسپى بىلەن شۇغۇللاندى. ئەينى ۋاقىتتىكى قاراشەھەرنىڭ جەمئىيەت

ئامانلىقى ئىزىغا چۈشتى.

دەل شۇ چاغدا، ما جۇڭيىڭ تۇرپان، پىچان، توقسۇن ئۈچ ناھىيىنى ئىگىلەپ، كۆپلەپ ئەسكەر قوبۇل قىلىپ، ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلىق كۆردى. شېڭ شىسەي بولسا ما جۇڭيىڭنى گۇچۇڭدىن تۇرپانغا قوغلىۋەتكەندىن كېيىن، ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىپ، بىر تەرەپتىن ما جۇڭيىڭنى تىنچلىققا چاقىرىش توغرىسىدا ۋەكىل ئەۋەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنى يوقىتىشقا تەييارلىق كۆردى. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ مەھمۇت خوجا، جامال سەيپۇڭ، قۇربان نىياز دېگەن كىشىلەرنى ئۈرۈمچىدىن ئۇلانباي ئارقىلىق تەگرىتاغنى كېسىپ ئۆتكۈزۈپ، قاراشەھەردىكى خوجىنىياز ھاجىنىڭ قېشىغا ئەۋەتتى. شېڭ شىسەي خوجىنىياز ھاجىنى جەنۇبىي شىنجاڭ تەرەپتىن تۇرپاندىكى ما جۇڭيىڭغا قوراللىق ھۇجۇم قىلدۇرماقچى بولدى. خوجىنىياز ھاجى شېڭ شىسەينىڭ مەھمۇت خوجا قاتارلىق ئۈچ كىشىدىن ئەۋەتكەن خىراجەتنى تاپشۇرۇۋېلىپ، ما جۇڭيىڭ بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن توقسۇنغا بېرىشقا تەييارلىق كۆردى.

1933 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى تەييارلىقنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، خوجىنىياز ھاجى قاراشەھەردە قېلىپ، مەھمۇت مۇھىتى بىر قىسىم پىدائىيلارنى باشلاپ توقسۇنغا ماڭدى. پىدائىيلار بىلەن قاراشەھەرگە بىللە بارغان شايارلىق ھاجى ئەلەم ئاخۇن، كۇچالىق مەھپۇز ۋاڭلارنىڭ ئادەم سانى چەكلىك بولۇش بىلەن مىلتىق، ئوق ـ دورىلىرىنىڭمۇ تايىنى يوق ئىدى. پىلان بويىچە، سەمەت ھاجى تۇەنجاڭ بىلەن پولات تۇەنجاڭ ئۆز ئادەملىرىنى ئېلىپ، ئۇششاقتالنىڭ تاغ ئارىسىدىن ئۆتۈپ توقسۇنغا يېتىپ بارماقچى، باشقا قىسىملارنى مەھمۇت سىجاڭ چوڭ يول بىلەن توقسۇنغا باشلاپ بارماقچى، ھەر ئىككى قوشۇن توقسۇنغا بىرلا ۋاقىتتا توپلانماقچى بولغانىدى، لېكىن

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

ئەمەلىيەتتە ئۇنداق بولماي قالدى. چۈنكى، «ئۆيدىكى مەسلىھەت بازارغا توغرا كەلمەپتۇ» دېگەندەك، تاغ ئىچىدە بولىدىغان بوران-چاپقۇن ۋە هۆل - يېغىنلار ھېسابقا ئېلىنمىغاچقا، تاغ يولىغا ماڭغان ئىككى تۈەن قىسىم ۋاقتىدا يېتىپ كېلەلمىدى. بۇ يۈرۈشتىن ئاللىقاچان خەۋەر تاپقان ما جۇڭيىڭنىڭ ئەڭ ياراملىق سەركەردىلىرىدىن ما شىمىڭ توقسۇننىڭ بۇرجاي، يىلانلىق، ئاقتاغ، سېرىقدۆڭ، قوشتېرەك ۋە سۇبېشى دېگەن يەرلىرىنى ئىگىلەپ، غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا تەخمىنەن 40 نەچچە كېلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا سوزۇلغان بىر لىنىيە قۇرۇۋالغانىدى. بۇ يەرلەر مۇداپىئەلىنىشكە ئەپلىك بولغانلىقىنىڭ ئۈستىگە سۇ مەنبەلىرىگە يېقىن ئىدى، ئۇرۇش ئەنە شۇ يەرلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى غىڭسايدا بولدى. مەھمۇت مۇھىتىنىڭ قوشۇنلىرى سۇ مەنبەلىرىدىن بەك يىراق بولغاچقا، تونۇردەك قىزىپ كەتكەن غىڭسايدا سۇسىز قېلىشنىڭ ئۆزىلا ئۆلۈمگە تەڭ ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ما شىمىڭ چېرىكلىرى سان ۋە قورال-ياراغ جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىدىن باشقا، مەھمۇت مۇھىتىنىڭ قوشۇنىغا قارىغاندا ئالاھىدە مۇنتىزىم قوشۇن ئىدى. مەھمۇت سىجاڭ ئۇرۇش قىلىشۋاتقىنىدا، سەمەت ھاجى تۈەنجاڭ ۋە پولات تۈەنجاڭلاردىن ھېچ دېرەك بولمىدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا پىدائىيلار ئاران بىر قانچە سائەتلا چىداشلىق بېرەلىدى، ئۇلارنى ھەممىدىن بەك قىينىغان نەرسە ئۇسسۇزلۇق بولدى. پىدائىيلارنىڭ ھەممىسى توقسۇننىڭ سۇ بېشىدا سۇ ئىچىۋالغانچە ئىدى، ھېچقايسىسىدا بىرەر سۇ قاچىسى يوق ئىدى. ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ بىر قىسمى پىدائىيلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىسا، يەنە بىر قىسمى غەرب تەرەپتىن ئايلىنىپ كېلىپ، ئايغىربۇلاققا ئۆتىدىغان يولنى توسۇۋالدى. پىدائىيلارنىڭ بىر قىسمى ھەر بىر تاغ ئېدىرلىرىغا كىرگەندە چېچىلىپ، بەزى تۇيۇق يوللاردا توسۇلۇپ قالغان بولسىمۇ، ئاساسىي قىسمى مەھمۇت سىجاڭنىڭ

قوماندانلىقىدا ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ئېلىشىپ، قاراشەھەر تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى، دۈشمەن ئەسكەرلىرى پىدائىيلارنى ئايغىربۇلاقىچە قوغلاپ كەلدى. پىدائىيلار سۇ بار يەرگە كەلگەندىن كېيىن، مەھمۇت سىجاڭ كۆپ قىسىم پىدائىيلارنى قاراشەھەرگە يولغا سېلىۋېتىپ، 50 تەك ئادەم بىلەن ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئالدىنى توسۇپ، ئۇلارنى ئايغىربۇلاقتىن زادى ئۆتكۈزمىدى. دۈشمەنلەر ئاخىرى توقسۇنغا قايتىشقا مەجبۇر بولدى، پىدائىيلار شۇ كېچىسى ئايغىر بۇلاقنى تاشلاپ قاراشەھەرگە كەتتى. سەمەت ھاجى تۇەنجاڭ بىلەن پولات تۇەنجاڭنىڭ ئەسكەرلىرى ئالغوي ئارقىلىق يىلانلىقتا كەلگەندە، ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالغان. ئۇلار خېلى قاتتىق ئېلىشقان بولسىمۇ، كۈچى ئاز بولغانلىقتىن تەڭ كېلەلمەي كەينىگە چېكىنىپ، پىدائىيلار قاراشەھەرگە يېتىپ بارغاننىڭ ئۈچىنچى كۈنى قاراشەھەرگە قايتىپ كەلدى. ئايغىر بۇلاق تاغلىرى ئىچىدە نۇرغۇنلىغان پىدائىيلارنىڭ جەسىتى قالدى...

پىدائىيلار قاراشەھەرگە كېلىپ ئىككى ھەپتىدىن كېيىن، ما جۇڭيىڭنىڭ ئىككى تۇەن ئاتلىق ئەسكىرىمۇ توقسۇندىن قاراشەھەرگە كەلدى، بۇ چاغدا خوجىنىياز ھاجى كورلىدا ئىدى؛ پىدائىيلار دۈشمەن بىلەن ئۇرۇشماي قاراشەھەرنى ئۇلارغا تاشلاپ بېرىپ، كورلا باشئەگمىگە بېرىپ ئورۇنلاشتى. چۈنكى، قاراشەھەردە ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئىمكانىيىتى يوق ئىدى؛ پىدائىيلارغا توقسۇندىن چېكىنىپ قاراشەھەرگە كەلگۈچە دەم ئېلىش پۇرسىتى بولمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، توقسۇننىڭ سۇ بېشىدا چېچىلىپ كەتكەن پىدائىيلارنىڭ بىر قىسمى تېخى يېتىپ كېلەلمىگەندى.

ما جۇڭيىڭنىڭ ئەسكەرلىرى قاراشەھەرگە كەلگەندىن كېيىن، ما جۇڭيىڭمۇ تۇرپاندىن قاراشەھەرگە كېلىپ ئۈچ كۈن

www.uyghurkitap.com

تۇردى. ئۇ، ئۆزىنىڭ قەيسەر ـ قارامىلىقتا داڭقى چىققان ياش سەركەردىسى ما فۇيۇەنگە ئۆز تەسىر دائىرىسىنى جەنۇبىي شىنجاڭغىچە كېڭەيتىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، تۇرپانغا قايتىپ كەتتى. ما فۇيۇەن تەييارلىقلىرىنى پۈتتۈرۈپ، توپ ـ زەمبىرەك ۋە ئېغىر ـ يېنىك پىلىموتلار بىلەن قوراللانغان ئىككى مىڭدەك ئەسكىرى بىلەن باشئەگىمگە ھۇجۇم قىلدى، باشئەگىمدە بىر كۈن قاتتىق ئۇرۇش بولدى. بۇ ئۇرۇشتا مەھمۇت سىجاڭغا ئوق تەگكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يارىلانمىدى. چۈنكى، يىراقتىن ئېتىلغان، ھېرىپ قالغان ئوق مەھمۇت سىجاڭنىڭ چاپىنىنى تېشىپ ئۆتۈپ قورسىقىنىڭ ئۈستىگە چاپلىشىپ قالغان ئىدى. بۇنىڭ بىلەن مەھمۇت مۇھىتىنىڭ پىدائىيلار ئارىسىدىكى ھۆرمىتى، تەسىرى تېخىمۇ ئۆسۈپ، ئۇنىڭ باتۇرلۇقى، قەھرىمانلىقى، قورقۇمسىزلىقى، باش قوماندان بولۇشىغا قارىماي، ھەرقانداق ئۇرۇشتا پىدائىيلارنى باشلاپ ئەڭ ئالدىدا ھۇجۇمغا ئۆتىدىغانلىقىدەك ئۆلۈمدىن قورقمايدىغان، قول ئاستىدىكى ئەسكەرلەرنى ئۆز بالىسىدەك ئاسرايدىغان ئالىيجاناب پەزىلەتلىرى تىللاردا داستان بولدى. خەلق ئارىسىدا «مەھمۇت شىجاڭغا ئوق ئۆتمەيدىكەن، ئۇرۇشتا يېڭىلمەيدىكەن، بىر خىل غايىۋى كۈچ ئۇنى دائىم قوغدايدىكەن» دېگەن گەپلەر تارقىلىپ، ئۇ بىر ئىلاھىي شەخسكە ئايلاندى. پىدائىيلار مەھمۇت شىجاڭنىڭ قوماندانلىقىدا باشئەگىم جىلغىسىدا تاغ قاپتاللىرىغا يوشۇرۇنۇۋېلىپ، قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتتى. بۇ يەردە تىركىشىش ۋەزىيىتى شەكىللەنگەنلىكتىن ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرى پۈتۈم تۈزۈش ئۈچۈن ئەلچى ئەۋەتتى. سۆھبەت ئارقىلىق باشئەگىم چارىسى پاسىل قىلىنىپ، ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى بۇ ياققا ئۆتمەيدىغان، خوجىنىياز ھاجى قوشۇنلىرىمۇ ئۇياققا ئۆتمەيدىغان بولۇپ كېلىشتى. پۈتۈمگە ئاساسەن خوجىنىياز ھاجى، مەھمۇت مۇھىتىلار ئون نەچچە مەرگەن

يىگىتنى باشئەگىم چازىسىنى ساقلاشقا قالدۇرۇپ، كۆچاغا يول ئالدى. بىــــراق، ئۇلار كۆچاغا بېرىپ، ياققا دېگەن يەرگە ئورۇنلىشىپ تۇرۇشىغىلا، ما جۇڭيىڭنىڭ ئەسكەرلىرىمۇ ئىككى يۈزلىمىلىك بىلەن كېلىشمىنى يىرتىپ تاشلاپ پىدائىيلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىشىپ كەلدى. ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرى قارا شەھەردىن كۆچاغا كەلگۆچە باشئەگىمنى ساقلاشقا قالغان ئون نەچچە مەرگەن يول بويى پارتىزانلىق ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىپ، تاغ- جىرالار، مەھەللە كويلاردا دۈشمەنگە زەربە بېرىپ، ما جۇڭيىڭنىڭ ئەسكەرلىرىنى خېلى تەمتىرەتكەن، مەھمۇت شىجاڭ ئەسكەرلىرىنىڭ جەڭگىــۋار، پاراسەتلىـــك، قورقۇمىســـز ئىكەنلىكىنى ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرىگە كۆرسىتىــپ قويغان ئىدى. مەھمۇت شىجاڭ ما جۇڭيىڭ قىسىملىرى بىلەن ياقىدا بىر كۈن ئۇرۇشقاندىن كېيىن، ئاقسۇنىڭ جام دېگەن يېرىگە بېرىپ ئورۇنلاشتى. خوجىنىياز ھاجى ئاقسۇنىڭ ئۆزىدە قېلىــپ، مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر بىلەن مەسلىھەتلىـــشىـــپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قورال - ياراغ ئېلىش ئىشلىرىنى بېجىــردى. مەھمۇت شىجاڭ جامغا كېلىپ 20 كۈندىن كېيىن، «ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى كۆچادىن قاراشەھەرگە قايتتــــى» دېگەن خەۋەر كەلدى. چۈنكى، بۇ چاغدا ما جۇڭيىڭنىڭ ئۇرۇمچىنى قورشاشقا ئەسكىرى كۆچى يېتىشمەي تۇراتتى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاش بىلەنلا پىدائىيلار مەھمۇت سىجاڭ باشچىلىقىدا ئۇدۇل كورلىغا بېرىپ، دۈشمەن ئەسكەرلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، باشئەگىمنى ئىشغال قىلدى. ما جۇڭيىڭ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئۇرۇمچى ۋە تۇرپاندىن ما فۇيۈەن ۋە شەن فۇخەيلەر باشچىلىقىدىكى ئىككى تۈەن ئاتلىق ئەسكىرىنى قاراشەھەرگە ياردەمگە ئەۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئۇرۇمچىنى قورشايدىغان ئەسكىرى كۈچىنىڭ ئاجىزلاپ كېتىشى تەبىئىي ئىدى. ما جۇڭيىڭنىڭ بۇ ئىككى تۈەن ئەسكىرى قاراشەھەردە ھەپتە - ئون كۈن تەييارلىق قىلغاندىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كېيىن، دەريادىن ئۆتۈپ باشئەگىمگە ھۇجۇم قىلدى. خوجىنىياز ھاجى بۇ چاغدىمۇ يۈزلىگەن مەرگىنى بىلەن كۇچادا ئىدى.

باشئەگىمدىكى ئىككىنچى قېتىملىق ئۇرۇشتا كورلىدىن ئېلى ھاجى، مۆيدۈن تەنفۇ، تۇردى يىگىتچاڭلار؛ شاياردىن ھاجى ئەلەم ئاخۇن، ھەسەن ھاجى، كۇچادىن مەھپۇز ۋاڭلار بىر نەچچە يۈز پىدائىينى باشلاپ ياردەمگە كەلدى. بىراق، ئۇلارنىڭ مىلتىق ۋە قوراللىرىنىڭ تايىنى يوق، پەقەت توقماق، كالتەك، ناغرا سۇنايلار بىلەنلا داۋرىڭى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ تولىراقى ئاتلىق-ئېشەكلىك ياكى ھارۋىلىق بولۇپ، ئاز قىسمى پىيادە ئىدى. پىدائىيلار كورلا باشئەگىمدە ئاساسەن ئۆز ئەسكىرىي كۈچىگە تايىنىپ، بىر كۈن قاتتىق ئۇرۇشقان بولسىمۇ، كەچتە مەغلۇپ بولدى. (چۈنكى، پىدائىيلارنىڭ مىلتىقلىرى يېتىشمىگەننىڭ ئۈستىگە ئوق تولىمۇ ئاز ھەم كېلىش مەنبەسىمۇ يوق ئىدى. ئۇرۇش باشلىنىشتىن ئىلگىرى، پىدائىيلار دۈشمەنلەرنىڭ قاراشەھەردىن چېكىنىپ ئاتلىنىشقىنى كۆرۈپ دەرھال تاغ ئۈستىدىن ۋە تۈزلەڭلىكتىن ئورۇن ئېلىشقا باشلىغانىدى). چۈنكى، كۆپلىگەن پىدائىيلارنىڭ يېنىدا ئاران ئۈچ - تۆت تالدىنلا ئوق بار ئىدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا پىدائىيلار ئوقنى دۈشمەنگە تەگكۈزۈش ئىشەنچىسى بولغاندىلا ئاتتى، بولمىسا چېكىنىشكە تەييارلاندى. پىدائىيلار دۈشمەن بىلەن بىر كۈن جان تىكىپ ئېلىشىپ، كۈن ئولتۇرغان چاغدا، ئامالسىز باشئەگىمدىن چېكىنىپ كورلىنى تاشلاپ، مەھمۇت شىجاڭ باشچىلىقىدا ئۇدۇل باي ناھىيىسىگە قاراپ يول ئالدى.

پىدائىيلار باي ناھىيىسىگە يېتىپ بارغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن خوجىنىياز ھاجىغا بەرگەن قوراللار ئارقا - ئارقىدىن يېتىپ كەلگىلى تۇردى. بۇنىڭ ئىچىدە 1000 تال مىلتىق، ئون تال دىكتار پىلىموت (ئوقلىرى بىلەن)، بىر قانچە ساندۇق قول بومبىسى بار ئىدى. لېكىن، پىلىموتلارنى ئېتىشنى

بىلىدىغان ئادەم بولمىغانلىقتىن، ۋاقتىنچە چىگرىدا قويۇپ قويۇلدى. بۇ قوراللارنى تەقسىم قىلىشتا، مەھمۇت شىجاڭنىڭ «مېنىڭ قول ئاستىمدىكى پىدائىيلارنىڭ قورالى كونا بولسىمۇ، باشقىلارنىڭكىگە قارىغاندا يامان ئەمەس، شۇڭا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن قوراللارنى ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەن، قۇمۇل پىدائىيلىرىغا تەقسىم قىلىپ بېرەيلى، مۇشۇنداق قىلساق ئىتتىپاقلىققا پايدىلىق بولىدۇ» دېگەن پىكرىگە ئاساسەن بۇ قوراللار ئاقسۇ خەلقى ئىئانە قىلغان 80 مىڭ تۇياق قوينىڭ بەدىلىگە كەلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاقسۇدىكى باي شىجاڭ (ئىسمايىل باي) بۇ قوراللارنى ئېلىپ كېلىشتە كۆپ كۈچ چىقاردى، دەپ قارىلىپ، باي شىجاڭنىڭ پىدائىيلىرىغا 460 تال مىلتىق تەقسىم قىلىندى، قەشقەردىن كەلگەن ھامۇتجان لۇيجاڭ پىدائىيلىرىغا 150 تال، خوتەندىن كەلگەن پىدائىيلارغا 100 تال مىلتىق تەقسىم قىلىندى؛ قالغان مىلتىقنىڭ بىر قىسمى قۇمۇلدىن كەلگەنلەرگە (خوجىنىياز ھاجىنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرىگە) ۋە باشقىلارغا تەقسىم قىلىندى.

بۇ قورال ـ ياراغلار پىدائىيلارنىڭ قولىغا تېگە ـ تەگمەيلا ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى بايغا باستۇرۇپ كەلدى. پىدائىيلار مەھمۇت شىجاڭنىڭ باشچىلىقىدا باينىڭ شەرقىي تەرىپىدە ئۇلارنى توستى، سالىي دورغىنىڭ يىگىتلىرىنى ئاساس قىلىپ، ئاقسۇ پىدائىيلىرىنىڭ باشلىقى باي شىجاڭ بىلەن خوتەن پىدائىيلىرىنىڭ باشلىقى ئەخمەت پانسات ئوڭ قاناتقا، مەھمۇت مۇھىتى سول قاناتقا، خوجىنىياز ھاجى مەركەزگە جايلىشىپ، ئۇرۇش قىلدى. ما جۇڭيىڭ قوشۇنىنىڭ ئالدىدا ماكسىم پىلىموت ئورنىتىلغان برونېۋىك ماشىنا بولۇپ، ئۇلار شۇ ماشىنىنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆتكەن بىر كۈنلۈك ئۇرۇشتا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىۋالغانىدى، پىدائىيلار مۇداپىئە قىلغاچ ئۇرۇشا ـ ئۇرۇشا قارا يۇلغۇنغا چېكىندى. بۇ چاغدا گەرچە

قورالسىز بولسىمۇ، ھەر قايسى جايلاردىن كەلگەن پىدائىيلارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن قوزغىلاڭچىلارنىڭ سانى كۆپىيىپ، 5 مىڭغا يېقىنلىشىپ قالغان ئىدى. ئۇرۇش جىددىي داۋاملىشىپ، پىدائىيلار ئۈستۈنلۈك قازىناي دەپ قالغاندا باي سىجاڭغا دۈشمەن ئوقى تېگىپ قازا تاپتى. ئۇنىڭ بىر قىسىم پىدائىيلىرى ئارقا سەپكە ئېلىپ كېتىۋاتقان باي شىجاڭنىڭ جەسىتىنى كۆرۈپ، ئۈمىدسىزلىنىپ ئارقىغا چېكىندى. بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن سەپ قالايمىقانلىشىپ، ئۇرۇش ۋەزىيىتى ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرىگە پايدىلىق بولۇشقا قاراپ يۈزلەندى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا خوجىنىياز ھاجى بىلەن مەھمۇت شىجاڭنىڭ قوشۇنلىرىمۇ ئاقسۇنى تاشلاپ ئۈچتۇرپانغا چېكىندى. باي شىجاڭنىڭ پىدائىيلىرىنىڭ بىر قىسمى خوجىنىياز ھاجىنىڭ قوشۇنىغا ئەگەشتى، يەنە بىر قىسمى چېچىلىپ تارقىلىپ كەتتى. بۇ چېچىلىپ كەتكەن پىدائىيلارنىڭ قولىدىكى 100 تالچە يېڭى مىلتىق ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى. خوتەندىن كەلگەن پىدائىيلار ئاۋات ناھىيىسىنىڭ غورۇچۆل يېزىسى ئارقىلىق تەكلىماكاننى كېسىپ خوتەنگە كەتتى.

خوجىنىياز ھاجى بىلەن مەھمۇت مۇھىتىنىڭ قوشۇنى قارايۇلغۇندا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، قەشقەرگە كېتىش ياكى ئاقسۇدا بىر ئاز ۋاقىت تۇرۇپ، ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىش مەسىلىسىنى ئويلاشتى. مەھمۇت شىجاڭ «ئەگەر سوۋېت ئىتتىپاقى رۇخسەت قىلسا ئەڭ ياخشىسى، ئۈچتۇرپاندىن سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپكە ئازراق ئىچكىرىلەپ كىرىپ، ئۈچ ئاي پاناھلىنىپ، تەييارلىق قىلىۋېلىپ چىقساق ياخشى بولاتتى» دېدى. قوماندانلار بۇ ھەقتە ئېنىق بىر پىكىرگە كېلەلمىگەن بولسىمۇ، ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ بېسىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، پىدائىيلار دەرھال ئۈچتۇرپانغا چېكىندى. دۈشمەن ئەسكەرلىرىمۇ سوقۇشىپلا ئۈچتۇرپانغا كېلىۋاتاتتى. ھەممىسى

مەھمۇت شىجاڭنىڭ پىكرىنى ماقۇل كۆرگەن تەقدىردىمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇنىڭغا ماقۇل بولۇشى ناتايىن ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئالاقىلىشىشنىڭ ئىمكانىيىتىمۇ يوق ئىدى. شۇڭا، پىدائىيلار 1933 - يىلى 12 - ئايدا ئالدىراش- تېنەش، قاقشال يولى بىلەن قەشقەر تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى.

پىدائىيلار ئاقچىغا يېقىنلاشقاندا قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتتى. سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئەۋەتىلگەن قورال - ياراغلارنىڭ ئاخىرقى قىسمى ياندىش تاغ تەرەپتە ئېلىپ كېتىلىۋاتاتتى. پىدائىيلار ئارقىسىدىن دۈشمەننىڭ قوغلىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، ئۇ قوراللارنى پىدائىي ئەسكەرلەرگە تارقىتىۋەتمەي، قورال ئارتىلغان تۆگىلەرنى ھەيدەپ كېتىۋاتقانلارغا «تېز ھەيدەڭلار» دەپ قويۇپ، بىخەستەلىك بىلەن كېتىۋەردى. بىر ئازدىن كېيىن پىدائىيلارنىڭ ئارقا تەرىپىدىن ئوق چىقىشقا باشلىدى ۋە ئوق ئاۋازى بارغانسېرى يېقىنلاشتى. مەھمۇت شىجاڭ دەرھال بىر قىسىم ئادەملەرنى ئاجرىتىپ: «ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى تۆگىلەردىكى قوراللارغا ھۇجۇم قىلدى، قوراللارنى قۇتقۇزۇڭلار!» دەپ بۇيرۇق بەردى. پىدائىيلار شۇئان ئوق چىققان تەرەپكە قاراپ ئات سالدى. پىدائىيلارغا دەريادىكى سۇ ۋە مۇزلاردىن ئۆتۈش تولىمۇ تەس كەلدى. ئۇلار مىڭ بىر جاپادا ئوق چىققان تەرەپكە يېقىنلاشتى ۋە ئەتراپ قاراڭغۇ بولغاچقا قارىسىغىلا ئوق ئېتىشقا مەجبۇر بولدى. نېمىلا بولمىسۇن ئاخىرى قارشى تەرەپنىڭ ئوق ئاۋازى يىراقلىشىپ، دۈشمەنلەر چېكىندى. پىدائىيلار يېقىن بارغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ما جۇڭيىڭنىڭ ئەسكەرلىرى بولماستىن، قۇلبەك دېگەن قىرغىزنىڭ كىشىلىرى ئىكەنلىكى، تۆگىلەردىكى قوراللارنى مۇھاپىزەت قىلىپ كېتىۋاتقان ئون نەچچە پىدائىيغا قاراڭغۇدا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ، قوراللارنى تارتىۋېلىشقا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇرۇنغانلىقىنى بىلدى. ھېلىمۇ ياخشى ئادەم چىقىم بولمىغان، باندىتلار پىدائىيلارنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى تۇيۇپ قېلىپ، تۆگىنىڭ ئۇستىدىن چۈشۈرۈۋالغان ئوق ساندۇقلىرىدىكى ئوقلارنى ئېلىشقا ئۈلگۈرەلمەي، ساندۇق بىلەنلا ئازگاللىغا يوشۇرغانىدى. بۇ قوراللار جەمئىي ئون نەچچە تۆگىگە ئارتىلغان 20 ساندۇق مىلتىق (بىر ساندۇقتا ئالتە تالدىن جەمئىي 120 تال)، 30 ساندۇقتا يېقىن ئوق ئىدى. پىدائىيلار ساندۇقلارنى ئازگاللاردىن تېپىپ كېلىپ، تۆگىلەرگە قايتىدىن ئارتىپ ئاتۇشقا قاراپ يول ئالدى.

خوجىنىياز ھاجى بىلەن مەھمۇت شىجاڭ 1500 گە يېقىن پىدائىينى باشلاپ، ئۈچتۇرپاندىن قاقشال يولى بىلەن ئاتۇشقا باردى، ئاتۇش خەلقى پىدائىيلارنى قىزغىن قارشى ئالدى.

خوجىنىياز ھاجى تىجەندىكى ئەمەت ھاجى (پاكار)نىڭ ئۆيىگە، مەھمۇت شىجاڭ ياقۇپ ھاجى (ئابدۇقادىر ھاجىنىڭ دادىسى)نىڭ ئۆيىگە چۈشتى. قەشقەردىكى ساۋۇت دامولla ۋە يۇسۇپجانلار خوجىنىياز ھاجى بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئاتايىن ئاتۇشقا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ھەر ئىككى تەرەپنىڭ مۇئامىلىسى قىزغىن بولمىدى. سۆھبەت ئىچكىرىكى ئۆيدە ئېلىپ بېرىلىۋاتاتتى. پىدائىيلار ئۆيدە نېمە پاراڭ بولۇۋاتقانلىقىنى تولۇق بىلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن خوجىنىياز ھاجىنىڭ ھويلىغا چىقىپ: «قەشقەرگە كىرمىسەم كىرمەيتىمەن، مەن تاغلىق جايلاردا ئۇرۇش قىلىپ ئۆگەنگەن، ئاتۇش تاغلىرىدا ئۇرۇش قىلىۋېرىمەن» دېگىنىنى ئاڭلاپ، بۇ سۆھبەتنىڭ ئۆزلىرىنىڭ قەشقەرگە كىرىش - كىرمەسلىك مەسىلىسى ئۈستىدە بولىۋاتقانلىقىنى بىلدى. ئەسلىدە ۋەكىللەر خوجىنىياز ھاجى بۇ يەرگە كېلىشتىن ئىككى ئاي بۇرۇن يەنى ئاقسۇدىكى چاغدا قۇرۇلغان ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلالىيەت جۇمھۇرىيىتى»نى خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئېتىراپ قىلىشى ۋە

رەئىس بولۇپ بېرىشىنى ئۇنىڭ قەشقەرگە كىرىشىدىكى ئالدىنقى شەرت قىلغانىدى. ئۇلار بىر نەچچە سائەت سۆھبەتلەشكەندىن كېيىن، قالدى سۆزلەرنى قەشقەردە دېيىشىدىغان بولۇپ، ساۋۇت داموللىلار قەشقەرگە قايتىپ كەتتى. پىدائىيلار ئىككى كۈندىن كېيىن قەشقەرگە بارىدىغان بولدى.

ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلالىيەت جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى» ھەققىدە سەيپىدىن ئەزىزى «ئۆمۈر داستانى» نىڭ 1 ـ قىسمىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ: 1931 ـ يىلىدىن 1933 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە پۈتۈن شىنجاڭ خەرىتىسىدىن قوزغىلاڭ ئوتى تۇتاشمىغان بىرەرمۇ ۋىلايەتنى تاپقىلى بولمايتتى... جەنۇبىي شىنجاڭدا كورلىدىن تارتىپ نىيەگىچە قوزغىلاڭچىلارنىڭ قولىغا ئۆتكەنىدى. لېكىن، پۈتۈن قوزغىلاڭچىلارنى بىر يەرگە جەم قىلىدىغان بىر مەركەز يوق ئىدى. ما جۇڭيىڭنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا ئالدىن بارغان چاپارمەنى ما شىمىڭ قىسمىغا تەۋە ما جيەنساڭ، خې فۇتەي قاتارلىقلار خەلق قوزغىلاڭ كۆتۈرگەنلا جايغا بېشىنى تىقىپ، ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتنى يوقىتىدىغانلىقىنى، ئۆزلىرىنىڭمۇ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى ۋە شۇ سەۋەبتىن ئۇيغۇرلارنىڭ قوزغىلىشىنى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرەتتى. قوزغىلاڭ غەلىبە قىلغاندىن كېيىن بولسا كونا ھاكىمىيەتنىڭ ئەسكەرلىرىنى ئۆزىگە قوشۇپ، ئەمەلدارلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىپ ساقلاپ، ئىچكى تەپرىقىچىلىق تۇغدۇراتتى. ئۇلارنىڭ غەرىزى ما جۇڭيىڭنىڭ ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، ما جۇڭيىڭ كېچە ـ كۈندۈز قۇرۇشنى چۈشەيدىغان «مۇسۇلمانلار ھۆكۈمىتى» ئۈچۈن زېمىن ھازىرلاش ئىدى.

خوتەن قوزغىلاڭچىلىرى «ھۆكۈمەت» تەشكىللىگەن بولسىمۇ، مەزكۇر «ھۆكۈمەت» باشچىلىرىدا ما جۇڭيىڭنىڭكىدەك «مۇسۇلمانلار ھۆكۈمىتى» قۇرۇش ئىستىكى يوق ئىدى، مۇنداق ئىستەك بولغىنىدىمۇ ئۇنىڭغا توسقۇن

www.uyghurkitap.com

بولىدىغان ئىككى كۈچ تەڭلا مەۋجۇت ئىدى، يەنى ئۆز ئالدىغا «ھۆكۈمەت» تەشكىل قىلىشنى مەقسەت قىلغان ما جۇڭيىڭنىڭ قەشقەردىكى قىسىملىرى ۋە «مەن – مەن» لىك تالىشىشتىن باشقىنى ئويلىمايدىغان تۆمۈر شىجاڭ بىلەن ئوسمان ئەلى شىجاڭلارنىڭ قىسىملىرى ئۇلارغا «ھە – ھۇ» دېيىشىپ بەرمەيتتى. كېيىنكىلەر ما جۇڭيىڭنىڭ غەرىزى ئۈچۈن توسالغۇ بولۇپلا قالماي، خوتەن «ھۆكۈمىتى» ئۈچۈنمۇ توسالغۇ بولدى. بۇلاردىن تاشقىرى قەشقەردە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قېچىپ كەلگەن قىرغىز، ئۆزبېكلەرنىڭ قوشۇنلىرىمۇ بار ئىدى. بۇ قوشۇنلار پاتپاراقچىلىقتا تولغان بۇ يېڭى زېمىندا ئىز بېسىپ ھايات كەچۈرۈش زۆرۈرىيىتى بىلەن بەزىدە خەلق قوزغىلاڭچىلىرى تەرەپتە تۇراتتى. لېكىن، بەزىدە ئۆز مەنپەئەتىنى چىقىش قىلىپ ئۆزئارا ياكى قوزغىلاڭچى قوشۇنلار ئارا تەپرىقىچىلىق تۇغدۇراتتى.

1933 – يىلىنىڭ ئاخىرىغا يېقىنلاشقاندا، قەشقەرگە ھەممە كۈچلەر جەم بولۇشقا، شەرقىي شىنجاڭدىن تارتىپ كۇچا، ئاقسۇ خوتەن قوزغىلاڭلىرىغىچە قەشقەرگە ئېقىشقا باشلىدى. چۈنكى، قەشقەر شۇ چاغدا مەدەنىيەت، ئىقتىساد، دىنىي مەركەز ئىدى. ھەممە سىياسىي كۈچلەر قەشقەرنى ئىگىلەپ، مۇشۇ يەردە ئۆز كەلگۈسىنى بەلگىلەشكە تىرىشاتتى.

دەل يۇقىرىقى سەۋەب تۈپەيلىدىن ھەر خىل سىياسىي مەسلەككە ئىگە چەت ئەل ئورگانلىرىمۇ قەشقەرگە ئۆز ئادەملىرىنى كىرگۈزۈپ، قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى ئىچىدىن ئۆزلىرىگە يېقىن كۈچلەرنى تېپىشقا ياكى يېتىشتۈرۈشكە كىرىشتى. چەت ئەل ئورگانلىرى ئىچىدە ئەنگلىيە بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پائالىيىتى خېلى جىددىي ۋە ئاكتىپ ئىدى. مەزكۇر ئىككى دۆلەتنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق دىپلوماتىيە ۋەكىللىك ئورگىنى — كونسۇلخانىسى بار ئىدى. بۇلاردىن تاشقىرى، 1931 – يىلى

ئىلىمىزنىڭ شەرقىي شىمال ئۇچ ئۆلكىسىنى بىسىۋالغان ياپونىيىمۇ ئومۇمىي ئىستراتېگىيە ئېھتىياجى ئۇچۇن شىنجاڭغا قىزىقىۋاتاتتى. ئۇنىڭ قەشقەرنى مەركەز قىلغان جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ۋەقەلەرگە كۆڭۈل بۆلمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئىسلام ئەللىرىدىكى بولۇپمۇ تۈركىيىدىكى دىپلوماتىيە ئورگانلىرى سوۋېت ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدىن قېچىپ چىققان بىر قىسىم كىشىلەرنى بېقىپ سەمرىتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا «كوزىر» كۆرسىتىش بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ شىنجاڭنىڭ مەسىلىسىگىمۇ دىققەت قىلىشىنى تەۋسىيە قىلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. ئىشپىيون دا شجۈڭنى ما جۇڭيىڭ قوشۇنىنىڭ شتابىغا ئورۇنلاشتۇرغانلىقى ياپونىيە جاھانگىرلىكىنىڭ ما جۇڭيىڭدىن پايدىلىنىپ شىنجاڭدا ئۆز تەسىرىنى كېڭەيتىشكە ئۇرۇنغانلىقىغا پولاتتەك پاكىت.

ئۇنىڭدىن باشقا تىل ۋە ئېتنىك مەنبە بىرلىكىنى چىقىش قىلىپ، باشلانغۇچ ئوتتۇرا ئەسىردىكى «بۈيۈك تۈرك ئىمپېراتورلۇقى»غا ھەۋەس قىلىدىغان پانتۈركىزمچىلارمۇ قەشقەرگە يىغىلغان قوزغىلاڭچى كۈچلەر ئىچىدىن ئاشۇنداق مەسلەكنىڭ ئېتىقادچىلىرىنى ئىزدەيتتى ياكى تەربىيىلەيتتى.

مۇشۇنداق ئىدېئولوگىيە ئارقا كۆرۈنۈشى ئارقىسىدا ئەنگلىيە جاھانگىرلىرى قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى ئىچىدىن بىر بۆلۈك باشچىلارنى پاتقاقىا سۆرەپ كىردى. ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى ئۆز سۈيىقەستىدە ئۆزىنىڭ ھىندىستاننى (ھازىرقى پاكىستان 1948 ـ يىلىغىچە ھىندىستان بىلەن بىر ئىدى) مۇستەملىكە قىلغانلىقىدەك «رېئاللىق»نى ئاساس قىلاتتى. بۇ مۇستەملىكىچى جاھانگىرلىك دۆلىتى سوۋېت ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدە «مۇسۇلمانلار دۆلىتى» قۇرۇشنىڭ پىلانلىغۇچىسى بولۇپلا قالماي، شىنجاڭدىمۇ «مۇسۇلمانلار دۆلىتى» قۇرۇشنىڭ تەشەببۇسچىسى ئىدى. . .

شۇنداق قىلىپ مىلادىيە 1933 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى قەشقەردە «شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلالىيەت جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇلۇپ، كۆنچى مەھەللىسىنىڭ ئالدىدىكى مەيداندا بايراق چىقاردى. بۇ بايراق ئاي ـ يۇلتۇزلۇق كۆك بايراق ئىدى. بايراق چىقىرىپ، «جۇمھۇرىيەت» قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلاش چوڭ يىغىندا «ھۆكۈمەت» ئىسىملىكى، ئاساسىي قانۇن ۋە «دۆلەت شېئىرى» ئېلان قىلىندى. «ھۆكۈمەت» مۇنۇ كىشىلەردىن تەركىب تاپتى:

ھۆكۈمەت رەئىسى خوجىنىياز ھاجى («ھۆكۈمەت» ئىسىملىكى تۈزۈلگەندىن كېيىن سابىت داموللا شۇ چاغدا تېخى ئاقسۇدا تۇرغان خوجىنىياز ھاجىنىڭ «رەئىس» بولۇپ بېرىشىنى تەكلىپ قىلىپ، ئاقسۇغا ۋەكىل ئەۋەتكەن. بۇنىڭ خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئابرۇيى، تەسىرى ۋە قوراللىق قوشۇنلىرىدىن پايدىلىنىشنى مەقسەت قىلغان ئۇرۇنۇش ئىكەنلىكىدە شەك يوق. خوجىنىياز ھاجى رەئىس بولۇشنى رەت قىلغان، لېكىن سابىت داموللا چوڭ يىغىندا ئېلان قىلىۋەرگەن).

باش ۋەكىل (زۇڭلى) سابىت داموللا.

مۇئاۋىن باش ۋەكىل (مۇئاۋىن زۇڭلى) جانابېك (قازى، قىرغىز، بۇ سوۋېت چېگرىسىدىن قېچىپ ئۆتكەن باسمىچىلار باشلىقى)

ھەربىي ـ مەمۇرىي ئىشلار مىنىستىرى ئورازبېك (قىرغىز).

ئەركانىي ھەربىي (ھەربىي قوماندان) مەھمۇت مۇھىتى.

ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى سەئىدزادە يۇنۇسبېك.

تاشقى ئىشلار مىنىستىرى قاسىمجان ھاجى.

مائارىپ مىنىستىرى ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم.

ئەدلىيە مىنىستىرى زىرىپ قارىھاجى.

زىرائەت (دېھقانچىلىق) مىنىستىرى ئوبۇلھەسەن ھاجى.

مالىيە مىنىستىرى ئېلاخۇنباي.

سەھىيە مىنىستىرى ئەبەيدۇللاخان.

دۆلەت ئىشلىرى باش كاتىپى ئەلەم ئاخۇن.

يۇنۇسبېك قوشۇمچە قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى بولدى. . .

«شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلالىيەت جۇمھۇرىيىتى» دېگەن بۇ نەرسە ئاشۇنداق شاۋ ـ شۇۋ، ئاللا ـ چۇقانلار بىلەن مەيدانغا كېلىپ، غوۋغاسى «ئالەمنى بىر ئالغان» بولسىمۇ، ئۆمرىنىڭ قىسقىلىقىنى دېمەيلا تۇرايلى، ھېچقانداق بىر ساھەدە ھېچبىر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمىدى. ئەڭ ئاۋۋال ئۇنىڭ ھۆكۈمەت تەركىبى مۇرەككەپ، چېچىلاڭغۇ ئىدى. ھاپىلا ـ شاپىلا قۇراشتۇرۇلغان بۇ «ھۆكۈمەت» نىڭ رەئىسى (زۇڭتۇڭى) خوجىنىياز ھاجى، ھەربىي قوماندانى مەھمۇت مۇھىتى، ھەربىي- مەمۇرىي ئىشلار مىنىستىرى ئورازبېكلەر تېخى ئاقسۇدىن كەلمىگەن، ھەتتا ئۇلار بۇ ھۆكۈمەتنى ئېتىراپمۇ قىلمىغان، ئۆزلىرىنىڭ «رەئىس»، «قوماندان» لىق ۋەزىپىلىرىنى رەت قىلغانىدى. «ۋەزىپىنى قوبۇل قىلغان مىنىستىرلار» مۇ ئاساسەن دېگۈدەك فېئودال پومېشچىكلار، ياكى دىنىي ساھەدىكى يۇقىرى قاتلام كىشىلىرى بولۇپ، يۇقىرىقى ئىككى خىل قاتلام زىچ بىرىككەن ھاكىمىيەت بولغانىدى. ئۇلارنىڭ باياناتى ۋە نىزامنامىسىدىن قارىغاندا ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدايمىز، دەيتتى، ئەمەلىيەتتە پومېشچىكلار بىلەن دىنىي يۇقىرى تەبىقىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدايتتى. . . »

دېمەك، خوجىنىياز ھاجى، مەھمۇت شىجاڭلار دەل مۇشۇنداق مۇرەككەپ ۋەزىيەت ئاستىدا قەشقەرگە قاراپ ئاتلاندى. يولغا چىقىش ئالدىدا مەھمۇت شىجاڭ پىدائىيلارغا «قەشقەردە ئەھۋال ناھايىتى مۇرەككەپ ۋە چىگىش، بەزىلەرنىڭ پەيلى يامان، ھوشيار بولۇڭلار، ھاجى ئاكىنى ئوبدان مۇھاپىزەت قىلىڭلار. قەشقەرگە بارغاندىن كېيىن چۇشكەن ئورۇندىن يىراق كەتمەڭلار، قول ئاستىڭلاردىكى ئەسكەرلەر رۇخسەتسىز سىرتقا چىقىپ چېچىلىپ كەتمىسۇن. ھەر قانداق ئىشقا تاقابىل تۇرۇشقا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تەييار تۇرۇڭلار، قولۇڭلاردىكى قۇراللاردىن بىر قەدەممۇ ئايرىلماڭلار» دەپ قاتتىق جېكىلىدى. پىدائىيلار قەشقەرگە كىرگۈچە، قەشقەر خەلقى ھەممە يەردە دېگۈدەك چارچاڭ قىلىپ، پىدائىيلارنى قىزغىن قارشى ئالدى؛ پىدائىيلار تۆشۈك دەرۋازىسىدىن ئۆتۈپ، شەھەر ئىچىگە كىرگىنىدە شەھەردىكى ھەر ساھە خەلقى، ئوقۇغۇچىلار، پىدائىي ئەسكەرلەر، ھەربىي ۋە مۈلكىي ئەمەلدارلار، ئىدارە خىزمەتچىلىرى، چوڭ يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا قاتار تىزىلىپ تۇرۇپ داقا - دۇمباق بىلەن ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئالدى.

لېكىن، قەشقەرنىڭ ۋەزىيىتى مەھمۇت شىجاڭ ئېيتقاندەك ئىنتايىن مۇرەككەپ بولۇپ، ئۇ يەردە ھەر خىل ھەربىي كۈچلەر ۋە بۇ ھەربىي كۈچلەرنىڭ ئارىسىغا كىرىۋالغان چەت ئەل ئىشپىيونلىرىدىن باشقا، ئۆز ۋاقتىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ۋە سوتسىيالىزمغا قارشى چىقىپ، جۇڭگوغا قېچىپ كېلىۋالغان ۋە كېيىن «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» تەركىبىگە كىرىپ قوماندان بولۇۋالغانلار؛ ئىلگىرى تۆمۈر شىجاڭغا سادىق بولۇپ، كېيىن خوجىنىياز ھاجى ۋە مەھمۇت شىجاڭلار تەرەپكە قوشۇلغان ھاپىز لۈيجاڭ، ھەمدەمبەگ ھاجى لۈيجاڭ، ھامۇتخان لۈيجاڭغا ئوخشاش قوماندانلارمۇ بار ئىدى. ئوسمان بولسا ئۇ چاغدا يەكەندە نەزەربەند ئاستىدا ئىدى. قەشقەردىكى ھەربىي كۈچلەر گەرچە «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»گە ئىتائەت قىلىپ، يىڭشەھەردىكى ما جەنساڭنى مۇھاسىرىگە ئېلىشقا قاتناشقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئۆز ئالدىغا ھەرىكەت قىلاتتى؛ بۇ ھەربىي كۈچلەرگە بىر تۇتاش ھەربىي قوماندانلىق يوق ئىدى. بىرلىككە كەلگەن ھەربىي ئىنتىزامدىن ھەرگىز ئېغىز ئاچقىلى بولمايتتى. شۇڭا، بۇ قىسىملار ئۆزئارا ماسلىشالمايتتى. ئۇرۇش ۋاقتىدا پىدائىي ئەسكەرلەر خالىسا مىلتىقلىرىدىن ئوق چىقىرىپ، خالىمىسا سەپتىن ئايرىلىپ ئۆزى

بىلگەن يەرگە كېتىۋېرەتتى. قىسقىسى، باشباشتاقلىق، قالايمىقانچىلىق ھۆكۈم سۈرگەن، ھەر كىم ئۆزىگە بەگ، ئۆزىگە خان بولۇۋالغان؛ ھەر كىم ئۆز كۈچىنى خوراتماسلىقنىڭ كويىدا ئىدى. قەشقەردە بۇ ئەھۋال بىر قانچە ئاي داۋاملاشقاچقا، يېڭىشەھەرنى قورشاپ ماجەنساڭغا زەربە بېرىش ئۇرۇشى غەلىبە قىلالماي تۇرىۋەردى.

خوجىنىياز ھاجى قەشقەرگە «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇلۇپ ئىككى ئايدىن كېيىن، يەنى 1934 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى باردى. پىدائىيلار قارشى ئېلىشقا چىققان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇغان غەزەللىرىنى زادىلا چۈشىنەلمىدى، لېكىن ئۇلار «. . . سور بىزى ئالتايلەرە، تۇرپانلەرە، سور بىزى تارىخلەرە ـ ئىنسانلارە» دەپ ئوقۇغاندا پىدائىيلار بۇ سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى باشقىلاردىن سوراپ بۇ غەزەلنىڭ تۈركچە غەزەل ئىكەنلىكىنى، مەنىسى «بىزنىڭ ئەسلىمىز ئالتاي ۋە تۇرپاندىن، بىز تارىختىن تارتىپ ئىنسان بولۇشقا ھەقلىقمىز» دېگەندىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدى. بۇ چاغدا قەشقەردە تۈركىيىدىن كەلگەن ياكى تۈركىيىدە ئوقۇپ كەلگەن ئوقۇتقۇچىلار بولۇپ، ئۇلار ئوقۇغۇچىلارغا تۈركچە غەزەل ئۆگەتكەنىدى. پىدائىيلارنى قارشى ئالغىلى چىققان ئەسكەرلەرنىڭ غەزەللىرىدىنمۇ «ئىنگلىزلار باتۇر ئولاچاق، ئايروپىلانلىرى ئېگىز ئۇچاچاق» دېگەن جۈملىلەرنى بىلگىلى بولاتتى. پىدائىيلار قەشقەر كونىشەھەرگە كىرىپ دوتەي يامۇلىغا (ھازىرقى ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ئورنىدا) چۈشتى.

مەھمۇت شىجاڭ قەشقەرگە كېلىپ ئۈچىنچى كۈنى يېڭىشەھەرنى مۇھاسىرىگە ئېلىش ۋەزىپىسى بىلەن چىقىپ كەتتى. مەھمۇت مۇھىتى خوجىنىياز ھاجىغا قاتتىق ھۆرمەت قىلاتتى، ئۇنى ھەر دائىم ئاسرايتتى. خوجىنىياز ھاجىمۇ مەھمۇت مۇھىتىغا ئىشىنەتتى. شۇڭا، ئۇ يېڭىشەھەرگە مېڭىش

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئالدىدا ۋالىي يۇنۇس بەگنى چاقىرتىپ ئۇنىڭغا: «مەن سىزگە تەكرار ئېيتىمەن، مېنىڭ سۆزۈمنى ئۇنتۇپ قالماڭ: ھەر ۋاقىت ھاجى ئاكامنىڭ (خوجىنىياز ھاجىنىڭ) يېنىدىن يىراق كەتمەڭ، بولۇپمۇ قەشقەردىكى مەشھۇر زاتلار ۋە چەت ئەللىكلەر بىلەن كۆرۈشكەندە سىز بىللە بولۇڭ. ھاجى ئاكام قورسىقىدا گەپ ياتمايدىغان ئادەم، گەپنى ئۇدۇل قىلىۋېرىدۇ. ئەگىتمە گەپلەر بىلەن خۇشى يوق. بەزىلەر گەپنى خاتا چۈشىنىپ قېلىپ، ئارىدا كۆڭۈل ئاغرىقى پەيدا بولۇپ قالمىسۇن. ھاجى ئاكامنىڭ سۆزىنى باشقىلارنىڭ خاتا چۈشىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، لازىم بولغان يەردە قوشۇمچە قىلىپ قويارسىز. بىز ئىلاجى بار ئىتتىپاق بولۇپ، كۆز ئالدىمىزدىكى دۈشمەننى (ما جەنساڭنى) تېزدىن تار - مار قىلايلى. كېيىنكى ئىشلارنى ۋاقتىدا كۆرەرمىز. يەنە جېكىلەيدىغىنىمىز — ھاجى ئاكامنى مۇھاپىزەت قىلىشقا بىۋاستە مەسئۇل بولۇڭ» دەپ تاپىلىدى. دەرۋەقە، خوجىنىياز ھاجى قەشقەر كونىشەھەردە تۇرغان مەزگىلدە ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلغۇچىلار ناھايىتى كۆپ بولدى، بىرقانچە كۈنگىچە ئۇلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا شەھەرنىڭ ھەر ساھە كىشىلىرىدىن باشقا، چەت مەملىكەتلەرنىڭ دىپلوماتىيە ئەمەلدارلىرىمۇ بار ئىدى.

مەھمۇت شىجاڭ يېڭىشەھەرگە يېتىپ بارغۇچە، يېڭىشەھەرگە ئالدىن بارغان ھەربىي كۈچلەر ئۇرۇشتا ئالغا بېسىشقىمۇ، ئارقىغا چېكىنىشكىمۇ پايدىلىق، شارائىتى ياخشى يەرلەرنى تاللاپ ئورۇنلىشىپ بولغان بولۇپ، پەقەت ئادەم ئورۇنلاشمىغان بارىن تەرەپلەر مۇداپىئەلىنىشكىمۇ ۋە ئالغا بېسىشقىمۇ ئەپسىز جاي بولغاچقا، ئۇ يەرگە ھېچكىم بارمىغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ما جەنساڭنىڭ ئاساسىي كۈچىمۇ شۇ يەرگە جايلاشقانىدى. پىدائىيلار بارىن تەرەپكە بېرىپ ئورۇنلىشىپلا، دۈشمەنگە ھۇجۇم باشلىدى. دۈشمەن ھە دېگەندىلا

قايتارما ھۇجۇم قىلىپ، پىدائىيلارنى ئارقىغا چېكىندۈردى، جەڭدە پىدائىيلار بىر ئاز چىقىم تارتتى، ھەتتا ما جەنساڭ (چولاق زىخۇي) نىڭ ئەسكەرلىرى يېرىم كېچىدە پىدائىيلارنىڭ ئالدىنقى سەپ پوستلىرىنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇلارنىڭ بېشىنى كېسىپ مىلتىق ۋە قول بومبىلىرىنى تارتىۋالدى. ئەتىسى دۈشمەن ئاكوپىدا بومبا پارتلىغان ئاۋاز ئاڭلاندى. كېيىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۇلار پىدائىيلاردىن ئېلىۋالغان سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قول بومبىسىنى ئېتىشنى بىلمەي، ئۇياق - بۇ يېقىنى بۇراپ ئولتۇرغىنىدا، بومبا توساتتىن پارتلاپ كېتىپ ئۇلارنىڭ بەش ئادىمى ئۆلگەنىكەن.

پىدائىيلار دۈشمەن بىلەن ئۈچ كۈن جەڭ قىلغاندىن كېيىن، قەدەممۇ قەدەم ئالغا بېسىپ ما جەنساڭنىڭ سېپىل تېشىدىكى ئەسكەرلىرىنى سۈرۈپ سېپىل ئىچىگە كىرگۈزۈۋېتىپ، سېپىل تۈۋىگە يېتىپ باردى. دۈشمەنمۇ ئاساسىي كۈچىنى سېپىل تۈۋىگە توپلاپ پىدائىيلارغا ھۇجۇم قىلدى. شۇنداق بولسىمۇ، مەھمۇت شىجاڭ يېڭىشەھەرنى قورشاپ تۇرغان ھەربىي كۈچلەرگە كېچىدە بىرلا ۋاقىتتا ھەممە بىردەك ھۇجۇم قىلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش قىلدى ۋە يېرىم كېچە بولغاندا پىدائىيلارغا سېپىلغا چىقىشقا بۇيرۇق قىلدى. پىدائىيلار شوتا قويۇپ سېپىلغا چىقىۋاتقاندا، خەندەكتىن ئۆتۈشكە قويغان شوتا سۇنۇپ كېتىپ، بىر قانچە پىدائىي خەندەككە چۈشۈپ كەتتى. بۇنى دۈشمەنلەر سېزىپ قېلىپ، سېپىلغا چىقىش ئىشى ئەمەلگە ئاشمىدى. پىدائىيلار ئاندىن ناچۇق دەرۋازىسىدا ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇردى. لېكىن، شەھەر ئەتراپىنىڭ باشقا تەرەپلىرىگە ئورۇنلاشقان ھەر قايسى گۇرۇھ پىدائىيلىرى ھۇجۇمغا ماسلىشىپ بەرمەستىن، چەتتە قاراپ تۇردى، شۇنداق قىلىپ ئارىدىن 20 نەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى، بۇ ئۇرۇش «27 كۈنلۈك بارىن سوقۇشى» دەپ ئاتالدى. گەرچە بىرلىك بولمىسىمۇ، مەھمۇت مۇھىتى پىدائىيلىرىنىڭ جان

www.uyghurkitap.com

تىكىپ ئۇرۇشۇشى نەتىجىسىدە، سېپىل ئىچىدىكى ما جەنساڭ قىسىملىرى ئاشلىق ۋە باشقا جەھەتلەردىن قاتمۇ قات قىيىنچىلىقلارغا ئۇچراپ تەسلىم بولۇش گىرداۋىغا بېرىپ قالدى. لېكىن، كۈتمىگەن يەردىن دەل شۇ كۈنلەردە ما جۇڭيىڭنىڭ ما فۇيۈەن باشچىلىقىدىكى ئىككى تۈەن ئاتلىق ئەسكىرىنىڭ ئاقسۇدىن قەشقەرگە قاراپ يولغا چىققانلىقى توغرىلىق خەۋەر كەلدى. خوجىنىياز هاجى ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ پەيزىۋاتقا كېلىپ قالغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇلارنى توسۇش ئۈچۈن بىر نەچچە يۈز ئادەم بىلەن يامانيار دېگەن يەرگە كەتتى. ئۇلار بۇ يەردە ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرىنى توسۇپ ئۇرۇش قىلغان بولسىمۇ، خوجىنىياز هاجىنىڭ كۈچى ئاجىز كېلىپ قېلىپ قەشقەر كونىشەھەرگە چېكىندى. شۇ كۈنى كېچىدە خوجىنىياز هاجى مەھمۇت شىجاڭنى ئەھۋالدىن خەۋەردار قىلىپ، ئۇنىڭ كونىشەھەرگە قايتىپ كېلىشىگە بۇيرۇق بەردى. مەھمۇت شىجاڭ پىدائىي ئەسكەرلىرىنى باشلاپ شۇ كۈنى كېچىدىلا كونىشەھەرگە قايتىپ كەلدى. ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى قەشقەر كونىشەھەرگە كېلىپلا ما جەنساڭ ئەسكەرلىرى بىلەن قوشۇلۇپ كەتتى. شەھەر ئىچى پاتپاراق بولۇپ، بىر قىسىم پۇقرالار شەھەردىن يېزىلارغا چىقىپ كەتتى. ساۋۇت داموللىنىڭ هەربىي ۋە مۇلكىي ئەمەلدارلىرىمۇ شەھەرنى تاشلاپ هەر يەر ـ هەر يەرلەرگە پىتىراپ كەتتى. خوجىنىياز هاجىمۇ شۇ كۈنى يېرىم كېچىدە قەشقەر شەھىرىنى تاشلاپ، توققۇزاق ۋە بۆرى خىتاي (هازىرقى بۇلاقسۇ) ئارقىلىق يېڭىسارغا يۈرۈپ كەتتى.

خوجىنىياز هاجى قەشقەرنى تاشلاپ يېڭىسارغا بارغاندا، خوتەن قوزغىلاڭچىلىرىدىن نۇرمۇھەممەت (ئىمىر ساھىب) بىر نەچچە يۈز پىدائىي لەشكىرى بىلەن يېڭىساردا، ئۇنىڭ ئاكىسى ئابدۇللا (شاھ مەنسۇر) بىرەر مىڭ پىدائىي لەشكىرى بىلەن يەكەندە ئىدى. خوجىنىياز هاجى ئىمىر ساھىب بىلەن

كۆرۈشكەندىن كېيىن، يەكەنگە بېرىپ ئابدۇللا بىلەن كۆرۈشتى. خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ سۆزلىشىشتىكى مەقسىتى ئۇلارنىڭ ئۆزى بىلەن بىرلىكتە ما جۇڭيىڭ قىسىملىرىغا قارشى جەڭ قىلىشنى قولغا كەلتۈرۈش ئىدى. ئابدۇللا مىڭلىغان ئادىمىنىڭ قولىغا چوماق تۇتقۇزۇپ، «شاھ مەنسۇر ئاتا، دۆلىتىڭىز مىڭلار ياشا» دەپ داقا ـ دۇمباق بىلەن غەزەل ئوقۇتۇپ، خوجىنىياز ھاجى بىلەن مەھمۇت مۇھىتىنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ كۈچىنى نامايىش قىلدى. ئۇلار داقا ـ دۇمباقنى قانچە ئۇرسىمۇ، ئادەملىرىنىڭ قۇراللىرىنىڭ تايىنى يوق، جەڭگىۋارلىقىنىڭ ناچار ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى؛ خوجىنىياز ھاجى بىلەن مەھمۇت مۇھىتى ئۇلارغا قانچە يېقىنلاشقان بىلەن، ئۇلار ئۆزلىرىنى «پادىشاھ» دەپ ھېسابلاپ، خوجىنىيازنىڭ شېڭ شىسەي بىلەن بىرلەشكەنلىكىگە نارازى بولۇپ، قورسىقىدا غۇم ساقلىغانىدى، شۇنداقلا ئۇلار يەنە «ھەر قانداق دۈشمەنگە چوماق تۇتقان پىدائىيلىرىم بىلەن تاقابىل تۇرۇشقا قادىرمەن» دەپ قارايتتى.

بۇ چاغدا «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نىڭ باشلىقلىرى ئۆزى خالىغان تەرەپلەرگە پارچىلىنىپ كەتكەن بولۇپ، قورچاق ھۆكۈمەتنى ساۋۇت داموللا يېڭىسارغا كۆچۈرۈپ كەتكەنىدى. خوجىنىياز ھاجى ۋە مەھمۇت شىجاڭ ئۇلار بىلەن كارى بولماي، ئابدۇللانىمۇ ئۆز ئىختىيارىغا قويۇپ، يەكەندىن چىقىپ ئېلىشقۇنىڭ بازىرى، ئەيسانىڭ ئاۋىتى، تېرىم ۋە يوپۇرغا ئارقىلىق چوكانيارغا كېلىپ جايلاشتى؛ ئاندىن ئۇ يەردە قەشقەر يېڭىشەھەردىكى ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇرۇشۇشقا تەييارلىق كۆردى. قەشقەر يېڭىشەھەردىكى ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى خوجىنىياز ھاجى بىلەن مەھمۇت شىجاڭنىڭ چوكانيارغا ئورۇنلاشقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، چوڭ يول بىلەن ماڭماي، شىمال تەرەپتىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، شاپتۇللۇققا، يەنى

مەھمۇت شىجاڭ تۇرغان جايىنىڭ ئارقا تەرىپىگە يۈرۈش قىلدى. مەھمۇت شىجاڭ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، پىدائىيلارغا شاپتۇللۇقنىڭ جەنۇبىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، پەيزىۋاتنىڭ ناھىيە بازىرىغا كىرىش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى. چۈنكى، شۇ چاغدا خوجىنىياز ھاجى 50 كە يېقىن ئادىمى بىلەن پەيزىۋات ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە ئارام ئېلىۋاتاتتى. ئەگەر مەھمۇت شىجاڭ شاپتۇللۇقنىڭ شەرق تەرىپىگە ئۆتۈۋالمىسا، ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ شاپتۇللۇققا كىرىپ خوجىنىياز ھاجىنى تۇتۇۋېلىش ئېھتىمالى بار ئىدى. شۇڭا، پىدائىيلار مەھمۇت شىجاڭغا ئەگىشىپ كېچىچە يول مېڭىپ، پەيزىۋات بازىرىغا ئۆتۈۋالدى. مەھمۇت شىجاڭ دەرھال خوجىنىياز ھاجى ۋە لۈيجاڭ، تۇەنجاڭلار بىلەن بىرلىكتە كېڭىشىپ، ئەگەر پەيزىۋات بازىرىدا ئۇرۇش بولسا پۇقرالارنىڭ خەتەرگە ئۇچرايدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ناھىيە بازىرىنىڭ سىرتىغا چىقىپ ئۇرۇش قىلىشنى قارار قىلدى.

پىدائىيلار پەيزىۋات بازىرىدىن ئون نەچچە كىلومېتىر شەرق تەرەپتىكى چوڭ يول ئۈستىگە يەنى، قاۋۇل كۆۋرۈكى دېگەن جايغا بېرىپ ئورۇنلاشتى. ئەتىسى دېگەندەك دۈشمەنلەر يېتىپ كەلدى. ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرىدىن 300 ئاتلىق كىشى چوڭ يول بويلاپ ھۇجۇم قىلىپ، پىدائىيلارغا بىردىنلا ئوت ئاچتى. مەھمۇت شىجاڭ ئۆز پىدائىيلىرىنى چوڭ يولنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۆزى 100 ئادەم بىلەن چوڭ يولنى توسۇپ تۇردى. ئۇ، پىدائىيلارغا بۇرۇنلا: «دۈشمەن 400 مېتىر يېقىن كەلمىگۈچە ئوق چىقارماڭلار» دەپ تاپىلىغانىدى. پىدائىيلار شۇ بويىچە ئوق چىقارماي چەنلەپ تۇرۇپ، دۈشمەن 400 مېتىر يېقىنلاشقاندا ئاندىن ئوق چىقىرىشقا باشلىدى. دۈشمەن قوشۇنىدىكىلەر ئالدىدا بايراق كۆتۈرگىنىدىن تارتىپ قاتىرىسىغا ئارقا ـ ئارقىدىن دومىلاپ چۈشۈشكە باشلىدى. ئالدىدىكى قىسمى يىقىلغاندىن كېيىن، قالغانلىرى ئارقىغا قاراپ قاچقىلى تۇردى.

ئۇلارنىڭ بىر قىسىم ئاتلىرىغا ئوق تەگدى؛ يەنە بىر قىسىم ئاتلىرى ئىگىلىرىنىڭ ئۆچۈپ چۈشكىنىگە قارىماي، ئۆدۈلدىن پىدائىيلار تەرەپكە چېپىپ كەلدى، پىدائىيلار ئۇ ئاتلارنى بىر - بىرلەپ تۇتۇۋالدى، بىراق، ئات ئىگىلىرىنىڭ قوراللىرىنى ئولجا ئالالمىدى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ يىقىلغان يېرى تۈپتۈز ئوچۇقچىلىق بولۇپ، يەنە بىر قىسىم دۈشمەن پىدائىيلارغا ئۈزمەي ئوق چىقىرىپ تۇرغاچقا، ئۇ يەرگە بېرىشقا ئىمكانىيەت بولمىدى. دۈشمەن تەرەپمۇ بىر ھازاغىچە ئالغا ئىلگىرىلىيەلمەي، بىر ئىزدا تۇرۇپ قېلىپ، ئاخىرى چېكىندى. لېكىن، ئۇزاق ئۆتمەي ئەسكەرلىرىنى قايتىدىن ئورۇنلاشتۇرۇپ پىدائىيلارغا يەنە ئوت ئاچتى. ئۇرۇش يېرىم كۈن داۋاملاشقاندىن كېيىن، پىدائىيلارنىڭ غەرب تەرىپىدىكى سول قانات پىدائىيلار چېكىنىشكە باشلىدى، ئارقىدىن ئوڭ قانات پىدائىيلارمۇ چېكىنىشكە باشلىدى. ئەمما، مەمۇت شىجاڭ چېكىنمەي ئوتتۇرا يولدا تۇرۇۋالدى. شۇ ئارىدا سول تەرەپتىكى دۈشمەنلەر ئارقا تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. ئوڭ تەرەپ سازلىق بولغاچقا، ئۇ يەردىكى دۈشمەننىڭ ھەرىكىتى ئاستىراق بولدى. شۇنداقتىمۇ، پىدائىيلار ئىلاجسىز قېلىپ چوڭ يولنى تاشلاپ چېكىنىشكە باشلىدى.

دۈشمەنلەر مەمۇت شىجاڭنىڭ ئوتتۇرا يولدا ئىكەنلىكىنى ئۇنىڭ ئاق ئېتىدىن بىلىۋېلىپ، ياندىن ۋە ئارقا تەرەپتىن ئات سېلىپ، پىدائىيلارنى قورشىۋېلىشقا ھەرىكەت قىلدى، ئۇلارنىڭ مەقسىتى مەمۇت شىجاڭنى تۇتۇۋېلىش ئىدى. مەمۇت شىجاڭ بولسا دۈشمەننىڭ قورشاپ كېلىۋاتقانلىقىغا پىسەنتمۇ قىلماي، يەنىلا باتۇرلۇق بىلەن ئىككى قولىدىكى ماۋزوردىن توختىماي ئوق ئۈزۈپ، ھەر بىر پاي ئوقىدا بىر دۈشمەننى يىقىتماقتا ئىدى.

بۇ چاغدا مەمۇت شىجاڭنىڭ قوغداش پەيىنىڭ باشلىقى ئابلىمىت مەخسۇدوف باشچىلىقىدىكى 30 غا يېقىن باتۇر پىدائىي مەمۇت شىجاڭنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قويماي، دۈشمەننى توسۇپ ئېتىپ،

www.uyghurkitap.com

ئۇنى غەلىبىلىك چېكىندۇرۇۋەتتى. قوغدىغۇچىلار مەھمۇت شىجاڭ ئۇزاپ كەتكەندە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يېتىشىۋېلىپ، دۈشمەن يېقىنلاشسا يەنە توسۇپ ئېتىشىپ، مەھمۇت شىجاڭنىڭ چېكىنىشىگە پۇرسەت يارىتىپ بەردى، مۇشۇنداق بىر قانچە قېتىم تەكرارلىنىش بولدى. ئەڭ قورقۇنچلۇقى مەھمۇت شىجاڭ ئىككى قېتىم دۈشمەنگە تۇتۇلۇپ قالغىلى تاس قالدى. بۇ ئون نەچچە پىدائىي شۇنداق خەتەرلىك دەقىقىلەردىن قۇتۇلۇپ، لىڭكۇنىڭ كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈپ توپتوغرا مەكتىكە يول ئالدى.

مەكتىكە بارغاندىن كېيىن، مەھمۇت شىجاڭ بىر قانچە پىدائىينىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈردى. شۇ قاتاردا ئابلىمىت مەخسۇتنىمۇ پەيجاڭلىقتىن لىيەنجاڭلىققا ئۆستۈردى. بۇ ئۇنى ئىككىنچى قېتىم ئۆستۈرۈشى ئىدى. بىرىنچى قېتىم 1933 ـ يىلى يازدا، كورلا باشئەگمىدىكى دەسلەپكى ئۇرۇشتا مەھمۇت مۇھىتىغا ئوق تېگىپ، ما جۇڭيىڭغا تۇتۇلۇپ قېلىش خەۋپى ئاستىدا قالغاندا، ئابلىمىت مەخسۇت باشچىلىقىدىكى يەتتە ـ سەككىز پىدائىي ئۇنى قۇتقۇزۇۋالغانلىقى ئۈچۈن بىرقانچەيلەننى، جۈملىدىن باتۇر جەڭچى ئابلىمىت مەخسۇتنىمۇ بەنجاڭلىقتىن پەيجاڭلىققا ئۆستۈرگەنىدى. مەھمۇت مۇھىتىنى قوغداش روتىسىدىكى جەڭچىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئاستانىدە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەندىلا قولىغا قورال ئېلىپ، مەھمۇت مۇھىتىغا ئەگەشكەن، مەھمۇت مۇھىتى بىلەن بىر مەھەللىلىك قوشنىلارنىڭ ياكى، تۇغقانلىرىنىڭ پەرزەنتلىرى بولۇپ، ئۇلار باتۇرلۇقى، ئىشەنچلىك، سادىقلىقى، پىداكارلىقى بىلەن كۆپ قېتىملىق قانلىق جەڭلەردە زور خىزمەتلەرنى كۆرسەتتى، مەھمۇت مۇھىتىنى باشتىن ـ ئاخىر جان تىكىپ قوغداپ، دېھقانلار ئىنقىلابىغا زور تۆھپە قوشتى.

خوجىنىياز ھاجى 200 گە يېقىن پىدائىي بىلەن پەيزىۋاتتىن ئاتۇشقا كەتكەنىدى. دۈشمەنلەر بۇنى تۇيۇپ قېلىپ ئارقىسىدىن

قوغلاپ باردى. نەتىجىدە، ئىككى تەرەپ ئاتۇش ئاغۇدا ئۇرۇش قىلدى. ئاخىرى خوجىنىياز ھاجى ئەركەشتام تەرەپكە يول ئېلىپ، سوۋېت چېگرىسى بولغان سىمخانىغا بېرىۋالدى. قەشقەردىكى يۈسۈپجان قۇربېشى ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئاتۇشتا خوجىنىياز ھاجى بىلەن ئۇرۇشۇۋاتقانلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئوپالدىن قەشقەر كونىشەھەرگە كېلىپ، شۇ يەردىكى ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرىگە ئوت ئاچقانىدى. شەھەر خەلقى ئۇلارغا دۇئا قىلىپ تىلەكداشلىق بىلدۈردى. بىراق، يۈسۈپجان قوزغىغان ھۇجۇم غەلىبە قىلالمىدى. نەتىجىدە، ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى شەھەر خەلقىنى «بىزگە قارشى تۇرۇپ يۈسۈپجانغا تىلەكداشلىق بىلدۈرگەنلەر» دەپ ئالدىغا ئۇچرىغانلا كىشىنى قىرىپ ـ چېپىپ، چوڭ قىرغىنچىلىق قىلدى. مۇشۇ پۇرسەتنى كۈتۈپ تۇرغان ما جەنساڭ بىلەن ما فۇيۈەن قىسىملىرى قەشقەر شەھىرىگە باستۇرۇپ كىرىپ، ھەربىي ھالەت يۈرگۈزۈپ، شەھەردە دەھشەتلىك قىرغىنچىلىق، باسقۇنچىلىق، بۇلاڭ ـ تالاڭ ئېلىپ باردى. «ئۈچ كېچە ـ كۈندۈزلۈك ھەربىي ھالەت داۋامىدا، شەھەر ۋە ئەتراپ مەھەللىلەردە تەخمىنەن 4 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم جېنىدىن ئايرىلىپ، بۇ ئاۋات قەدىمىي شەھەر خۇددى بىر توپ ياۋا چوشقىلار دەسسەپ، يەنچىپ، مىجىپ تاشلىغان گۈلزارلىق خارابىسىدەك چۆلدەرەپ قالدى». ما جۇڭيىڭ قىسىملىرى ئارقىدىن يەنە يېڭىسارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئىمىر ساھىب (نۇرمۇھەممەت) قوشۇنىنى قورشىۋالدى.

ما فۇيۈەن بىلەن ما جەنساڭ ئىككىسى كونا ـ يېڭى ئىككى شەھەرگە ھۆكۈمران بولسىمۇ، شەھەر ئەتراپىدىكى يېزىلارنى ئىگىلىيەلمىگەنىدى. ئوپال، تاشمىلىق، ياپچان، يېڭىسار، مەكىت قاتارلىق جايلار يەنىلا قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئىلكىدە بولغاچقا، ئۇلار شەھەر ئىچىدە بوغۇلۇپلا قالغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۈرۈمچى ئەتراپىدىن مەغلۇپ بولۇپ قاچقان ما جۇڭيىڭ

ۋە ئۇنىڭ قاچقۇن قوشۇنلىرى تۈركۈم - تۈركۈملەپ قەشقەرگە كېلىشكە باشلىدى. مۇشۇنداق تارىخىي شارائىتتا قەشقەرگە توپلانغان ما جۇڭيىڭ قىسىملىرى خوتەن ئارقىلىق دۇڭخۇاڭ تەرەپكە چېكىنىش يولى ئاچماقچى بولدى. ئىمىر ساھىب باشچىلىقىدىكى خوتەن پىدائىيلىرى ماجۇڭيىڭ قىسىملىرىنى خوتەن تەرەپكە ئۆتكۈزمەسلىك ئۈچۈن يېڭىسارنى ئىستىھكام قىلىپ، ئۇلارنىڭ يولىنى توستى. شۇنداق قىلىپ جەنۇبىي شىنجاڭ ئۇرۇشى ئىچىدە ئەڭ قاتتىق بولغان، شىنجاڭنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن يېڭىسار ئۇرۇشى باشلىنىپ، ئۇرۇشتا خوتەن قوزغىلاڭچىلىرى مىسلىسىز قەھرىمانلىقى ۋە پىداكارلىقى بىلەن تارىختا ئۆچمەس سەھىپە ئاچتى، ما جۇڭيىڭ قىسىملىرىغا قاقشاتقۇچ زەربە بېرىپ، ئۇلارنى ئېغىر چىقىمغا ئۇچراتتى.

مەھمۇت مۇھىتى مەكتەپتە بىر نەچچە كۈن دەم ئالغاندىن كېيىن، تېرىمنى كېسىپ ئۆتۈپ، كۆكراباتقا بېرىپ يەكەندىكى خوتەن پىدائىيلىرىنى يېڭىساردىكى ئىمىر ساھىبنى قۇتقۇزۇۋېلىشنى تەشەببۇس قىلدى، ئۆزى پىدائىيلارنى باشلاپ يېڭىسارغا يۈرۈپ كەتتى. مەھمۇت شىجاڭ يېڭىسارغا بېرىپلا ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرىگە ئوت ئاچتى. ئىمىر ساھىب يېڭىسارنىڭ سېپىلى ئىچىگە 500 چە پىدائىيلىرى بىلەن سولىنىۋالغان ۋە سېپىل دەرۋازىسىنى ئىچىدىن تاقاپ خىش قوپۇرۇۋەتكەنىدى. ئۇلاردا 2 يۈزدەك ئات، 2 يۈزدەك قوي، 3 - 4 مىڭ جىڭ يېرىك ئاشلىق بار بولۇپ، پىدائىيلار ئاز ساندا ئوقى يوق ھەر خىل ناچار مىلتىق، كۆپىنچە چوماق، قىلىچ، نەيزىلەر بىلەن قوراللانغان ئىدى. ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى سېپىلنىڭ شەرقىي سىرتى تەرەپتىكى ياغاچچىلار مەھەللىسىگە ئورۇنلاشقان بولۇپ، سېپىل ئىچىدە پۇقرالار ئاساسەن يوق دېيەرلىك ئىدى، سېپىل سىرتىدىكى بازار ئاھالىسىنىڭ كۆپچىلىكمۇ ئۇرۇش تۇپەيلىدىن ئۆيلىرىنى تاشلاپ سەھرالارغا تارقاپ كەتكەن ياكى ما جۇڭيىڭ

ئەسكەرلىرى ئۆلارنى مەجبۇرىي كۆچۇرۇۋەتكەن، سېپىل سىرتىدا پەقەت ئاز ساندىكى يېتىم ـ يېسىرلار قالغانىدى.

مەھمۇت شىجاڭنىڭ مەقسىتى بىر تەرەپتىن ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىش، يەنە بىر تەرەپتىن ئىمىر ساھىبنى قورشاۋدىن قۇتقۇزۇش ئىدى. شۇڭا، ئۇ ئىمىر ساھىب پىدائىيلىرىنى تونۇيدىغان بىر قانچە خوتەن مۆتىۋەرلىرىنى ئات سېلىپ بېرىپ، سېپىل ئىچىدىكى ئىمىر ساھىب پىدائىيلىرىنى چىقىپ چېقىشقا دەۋەت قىلدۇردى، ھەتتا مەھمۇت شىجاڭنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان پىدائىيلاردىن ئىسكەندەر ئابىدىمۇ ئۇلارغا نەسىھەت قىلدى[1]. ئىسكەندەر ئابىدى سېپىل تۈۋىگە ئاتلىق بېرىپ، سېپىل ئۈستىدىكى پىدائىيلارغا: «مەھمۇت شىجاڭ سىلەرنىڭ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، دەرھال سېپىل تېشىغا قايتىپ چىقىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلىدۇ» دەپ جېكىلەپ قايتىپ كەلدى. بىراق، ئىمىر ساھىب «دۈشمەن سېپىل ئىچىگە كىرەلمەيدۇ»

---

① 1911ـ يىلى 1 ـ ئاۋغۇست كونى ئاستانە يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1931ـ يىلى تۇرپاندا دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىغاندا قوزغىلاڭغا قاتنىشىپ، مورى، كۆچۈڭ، جىمسارلاردىكى ئۇرۇشلارغا قاتناشقان. ئىزچىل تۇردە مەھمۇت مۇھىتىنىڭ قوغداش روتىسىدا ئىشلىگەن. 1933 ـ يىلى خوجىنىياز ھاجى بىلەن مەھمۇت مۇھىتى شىڭ شىسەي بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ، جەنۇبىي شىنجاڭغا ماڭغاندا ئۇمۇ قوشۇن تەركىبىدە توقسۇن، كورلا، قاراشەھەر، كۇچا، باي، ئۇچتۇرپان قاتارلىق جايلاردا ماجۇڭيىڭنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ، قەشقەرگە يېتىپ بارغان. كېيىن يەنە قەشقەر يېڭى شەھەر ئۇرۇشى، يەكەن، يېڭىسار، مەكىتلەردىكى ئۇرۇشلاردا ئالاھىدە قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ، ۋوزۋود كوماندىرلىقىغا ئۆستۈرۈلگەن. خوجىنىياز ھاجى قەشقەرگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئىسكەندەر ئابىدى پىلىموت ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان. كېيىن يارىلىنىپ، 1935 ـ يىلى ئاستانىگە قايتىپ كەلگەن. ئاستانە مەكتەپتە ئوقۇپ ساۋات چىقارغاندىن كېيىن 1946 ـ يىلىغا قەدەر مەڭگۈبۇلاق مەكتەپ، بىرىنچى، ئىككىنچى مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچى، مۇدىر بولغان. 1946 ـ يىلى تۇرپان ناھىيىسىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ھاكىمى ئابدۇراخمان مۇھىتىنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن تۇرپان ناھىيىلىك مائارىپ بۆلۈمىگە مۇپەتتىش، بۆلۈم باشلىقى بولغان ۋە گومىنداڭ ھاكىمىيىتىگە قارشى مەخپىي تەشۋىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. 1947 ـ يىلى ئابدۇراخمان مۇھىتى قاتارلىق تۇرپان پارتىزانلىرى گومىنداڭ ھاكىمىيىتىگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەندە قوزغىلاڭغا ئاكتىپ قاتناشقان ۋە يول بويى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ، ئىلىغا يېتىپ بارغان. بۇ يەردە تەممىنات ئىشلىرى، دېھقانچىلىق ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولغان. 1950 ـ يىلى تۇرپانغا قايتىپ كېلىپ، ئاستانە يېزىسىنىڭ تۇنجى قارارلىق يېزا باشلىقى بولغان. 1953ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپىگە يۆتكىلىپ، مەكتەپ مەمۇرىي باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان. 1960 ـ يىلىدىن باشلاپ تۆمۈر يول ئىدارىسىغا يۆتكىلىپ، غەربىي شىمال تۆمۈر يول قۇرۇلۇش ئىدارىسىنىڭ تۆرمۇش باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان

دېگەن ئوي بىلەن سېپىلدىن چىقىشقا ماقۇل بولمىدى. ئىمىر ساھىب قوشۇنلىرى 17 كېچە- كۈندۈز داۋام قىلغان قانلىق ئۇرۇشتا قورال - ياراغ كەمچىل ۋە ناچار بولۇشتەك قىيىنچىلىققا ئۇچراپلا قالماستىن، يېمەك - ئىچمەك، ئوزۇق - تۈلۈك يېتىشمەسلىكتەك قىيىنچىلىققىمۇ دۇچ كەلدى. دۈشمەن تەرەپ قورال - ياراغ جەھەتتە خىل بولۇپلا قالماستىن، سان جەھەتتىمۇ كۆپ ئىدى. ئۇلار شەھەر دەرۋازىسىغا ئوت قويۇش، سېپىلغا شوتا قويۇپ چىقىشتەك نۇرغۇن تاكتىكىلارنى قوللانغان بولسىمۇ، لېكىن خوتەن پىدائىيلىرىنىڭ غەيرەت - جاسارىتى ئاستىدا ئۇلارنىڭ ھەر قېتىملىق قىلغان ھۇجۇمى قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، يۈزلىگەن ئۆلۈكلىرىنى قالدۇرۇپ، ئېغىر چىقىمدار بولدى. خوتەن پىدائىيلىرى ئوق - دورىنى تېجەش ئاساسىدا سېپىل ئۈستىگە كۆپ مىقداردا تاش - كېسەك توپلاپ، ھۇجۇمغا ئۆتكەن دۈشمەنلەرنى چالما - كېسەك قىلدى، سېپىلگە يامىشىپ چىققان دۈشمەنلەرنى چوماقلىدى، ئۇلارنىڭ بېشىغا لىم - ياغاچلارنى دومىلاتتى، ئوت يېقىلغان بورا يۆگەكلىرىنى دومىلىتىپ كۆيدۈردى. . .

خوتەن پىدائىيلىرى قولىدىن كېلىدىغان بارلىق چارە - تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، دۈشمەنگە قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنى يېمەك - ئىچمەك مەسىلىسى قىيناپ قويغانىدى. ئۇلار ئون نەچچە كۈن داۋام قىلغان ئۇرۇش جەريانىدا قولىدا بار بولغان يىرىك ئاشلىقلار بىلەن قوي - كالىلارنى يەپ تۈگەتكەنىدى. كېيىنكى كۈنلەردە ئامالسىزلىقتىن جەڭ ئاتلىرىنى ئۆلتۈرۈپ يېيىشكە مەجبۇر بولدى. ئەتىياز سېرىق ئاپتاپتا ئورۇق ئاتلارنىڭ گۆشلىرى ئادەملەرنىڭ قورسىقىنى ئاغرىتىپ، ئىچىنى سۈرۈپ جىق ئازابلارنى سالدى. قىيىنچىلىق قاتمۇ قات ئېغىر بولسىمۇ، پىدائىيلار يەنىلا بەرداشلىق بېرىپ، دۈشمەنگە ئەجەللىك زەربە بەردى.

شۇ ئەسنادا ئىمىر ساھىبنىڭ ئاكىسى ئابدۇللا (شاھ مەنسۇر) ئىنىسىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن يەكەندىن بىر قانچە ئادىمىنى باشلاپ، يېڭىسارغا كەلدى ۋە مەھمۇت شىجاڭ بىلەن كۆرۈشتى. بۇ قېتىم ئۇنىڭ خوجىنىياز ھاجى ۋە مەھمۇت سىجاڭلار بىلەن يەكەندە كۆرۈشكەن چاغدىكى ئەھۋالى يوق بولۇپ، پەقەت ئىككىلا ئادەم بىلەن پىدائىيلار چۈشكەن يەرگە كېلىپ كەمتەرلىك بىلەن سالاملاشتى، مەھمۇت مۇھىتىنىڭ ئۇنىڭ ئىنىسى نۇرمۇھەممەت باشلىق خوتەن پىدائىيلىرىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن كۆرەش قىلىۋاتقانلىقىغا رەھمەت ئېيتتى ۋە: «مەن ئۆتكەندە جانابلىرىنى ئوبدان چۈشەنمەپتىمەن» دەپ مەھمۇت شىجاڭدىن ئەپۇ سورىدى. ئۇ بەلكىم ئەينى ۋاقىتتا تۇمۇر شىجاڭنىڭ خوتەن پىدائىيلىرىنى قورالسىزلاندۇرۇپ ۋە خوتەنگە ھۇجۇم قوزغاپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە ئەنسىزلىك سېلىپ قويغانلىقىدىن شۇنداق قىلغان بولسا كېرەك. ئابدۇللا، مەھمۇت شىجاڭغا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قورال سېتىۋالساق دەپ ئۆزىنىڭ ئىككى مىڭ سەر ئالتۇن ئالغاچ كەلگەنلىكىنىمۇ ئېيتتى. مەھمۇت شىجاڭ بىلەن ئابدۇللا يېڭىسار بازىرىنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىدىكى ئۈچار يېزىسى تىۋىزمازا دېگەن يەردىكى بىر ھويلىدا ئىمىر ساھىب باشلىق خوتەن پىدائىيلىرىنى يېڭىسار سېپىلى ئىچىدىن قانداق قۇتۇلدۇرۇپ چىقىش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلدى. مۇزاكىرە نەتىجىسىدە، ئابدۇللا ئۆزى 30 كىشىنى باشلاپ، سېپىل ئىچىگە ئاتلىق ئوت ئېچىپ كىرىۋېلىپ ئاندىن ئىنىسى بىلەن بىر ئامال قىلىپ ئاجىز نۇقتىغا ئوت ئېچىشنى مەسلىھەتلىشىپ بۆسۈپ چىقماقچى؛ مەھمۇت شىجاڭ بايقاپ تۇرۇپ، دۈشمەنگە كەينىدىن ھۇجۇم قىلماقچى بولدى. مەھمۇت شىجاڭ ئابدۇللادىن ئادەملىرىنىڭ قورال - ياراغ ئەھۋالىنى ئۇققاندىن كېيىن، ئۇلارغا بېرىدىغان زاپاس مىلتىق بولمىغاچقا، قول ئاستىدىكى پىدائىيلارنىڭ ياخشى مىلتىقلىرىدىن 27 تالنى

www.uyghurkitap.com

سۇغۇرۇۋېلىپ، ھەر بىر تال مىلتىققا 100 تالدىن ئوق قوشۇپ بەردى.

ئابدۇللا باشلىق 30 ئادەم ئاتلىق قوراللىنىپ، يېڭىسارنىڭ يەكەن تەرەپتىن كېلىدىغان چوڭ يولىنى بويلاپ، ياغاچچىلار مەھەللىسى ئارقىلىق ئاللا ـ چۇقان سېلىپ، شەھەر دەرۋازىسىغا قاراپ يول سالدى. مەھمۇت شىجاڭ ئۇنىڭغا زىچ ماسلىشىپ، جەنۇب تەرەپتىن ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلدى. لېكىن، بۇ قېتىمقى ھۇجۇم مۇۋەپپەقىيەتلىك بولمىدى. بىر سائەتكە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە، ئابدۇللا باشلىق كۆپلىگەن كىشىلەرگە ئوق تېگىپ ئۆلۈپ كەتتى. ئوق تەگمىگەن بىر قانچەيلەن شەھەرنىڭ شىمال تەرىپى بىلەن سەركەردىسى شاھ مەنسۇر (ئابدۇللا) نىڭ جەسىتىنى ئاتقا ئارتىپ، مىڭ تەسلىكتە پىدائىيلارنىڭ قېشىغا چېكىنىپ كېلىۋالدى. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، ئابدۇللا باشلىق 30 پىدائىي چۇقان سالغان پېتى شەھەر دەرۋازىسىغا قاراپ ئات سالغاندا، ھەر بىر دەڭ ـ سارايلاردا بەخىرامان ئۇخلاۋاتقان دۈشمەنلەر بۇ چۇقان ساداسىنى ئاڭلاش بىلەن تەڭ كوچىغا چىقىپ، ئۇلارنى ئوققا تۇتقان. نەتىجىدە، پىدائىيلارنىڭ تەڭدىن تولىسى سېپىل تۈۋىگە بارماي تۇرۇپ جېنىدىن ئايرىلغان. ئابدۇللا بىلەن تۆت ـ بەش كىشى مىڭ تەسلىكتە سېپىل دەرۋازىسىنىڭ تۈۋىگە بېرىپ: «دەرۋازىنى ئېچىڭلار!» دەپ توۋلىسا سېپىل ئۈستىدىكىلەر: «دەرۋازىنىڭ ئېچى خىش بىلەن قىرلاقلىق» دەپ جاۋاب بەرگەن. شۇ ئارىدا ئابدۇللاغا ئوق تېگىپ ئاتتىن يىقىلغان. قالغان ئۈچ ـ تۆت كىشى دەرھال شىمال تەرەپكە بۇرۇلۇپ پىدائىيلارنىڭ قېشىغا كېلىۋالغان.

شۇ چاغدا دۈشمەنلەر سېپىلنى پارتلىتىش كويىدا يەر ئاستى يولى كولىغان بولۇپ، ئەگەر پىدائىيلار چۇقان سالماي سېپىل تۈۋىگە جىمجىت بېرىۋالغان بولسا سېپىل دەرۋازىسىنى

ئاچالمىغان تەقدىردىمۇ، بىر ئامال قىلىپ سېپىل تۈۋىدىن يۇقىرىغا يامىشىپ چىققىلى بولاتتى. يەنە بىر تەرەپتىن مەھمۇت شىجاڭ ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرىگە باشقا تەرەپلەردىن ئوت ئاچقان بولسىمۇ، ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى شەھەرنى قولدىن بەرمەي، ئىمىر ساھىبنى قاچۇرۇۋەتمەسلىك ئۈچۈن سېپىل ئەتراپىدىكى مەھەللىلەرنى چىڭ ساقلاپ يېتىۋالدى. كېيىن ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى سېپىلغا چىقىشقا بىر قانچە قېتىم ئۇرۇنۇپ باققان بولسىمۇ، جېنىنى تىكىپ قويغان خوتەن پىدائىيلىرى ئۇلارنى قىلىچ، كالتەك، تاشلار بىلەن ئۇرۇپ سېپىلغا يېقىن كەلتۈرمىدى. دۈشمەنلەر سېپىلنى دورا بىلەن پارتلىتىپ بۇزۇۋپمۇ سېپىلغا يامىشىپ چىقالمىدى. شۇنىڭ بىلەن دۈشمەنلەر بىر نەچچە كۈن سۈكۈتتە تۇرۇۋېلىپ، خوتەن پىدائىيلىرىنىڭ ئەتىگەندە ناماز بامدات ئوقۇۋاتقانلىقىدىن پايدىلىنىپ، سېپىلنىڭ بۇزۇلغان يېرىدىن قاتتىق ھۇجۇم قىلىپ باستۇرۇپ كىرىپ، سېپىل ئۈستىگە چىقىۋېلىپ، ناماز ئوقۇۋاتقان پىدائىيلارنى ئوققا تۇتتى. خوتەن پىدائىيلىرى قىلىچ، كالتەك، چوماقلار بىلەن گىرەلەشمە جەڭ قىلدى. بۇ دەل 3 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى بولۇپ، جەڭدە بەختكە قارشى ئىمىر ساھىبقا ئوق تېگىپ قۇربان بولدى؛ ۋەھشىي ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى 400 نەچچە پىدائىينى بەش ئاتار مىلتىق، پىلىموت، گراناتلار بىلەن قىرىپ تاشلىدى. بۇ، ما جۇڭيىڭ يىرتقۇچلىرىنىڭ قەشقەر كونىشەھەردە قىلغان قىرغىنچىلىقىدىن كېيىنكى ئىككىنچى قېتىملىق چوڭ قىرغىنچىلىقى ئىدى. بۇ ئۇرۇشتا ما جۇڭيىڭ تەرەپ 800 دەك ئادىمىدىن ئايرىلدى، خوتەن پىدائىيلىرىدىن 100 گە يېقىن كىشى ئەسىرگە چۈشۈپ قالدى، خوتەن قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ سەركەردىلىرىدىن شاھ مەنسۇر (ئابدۇللا) ئىمىر ساھىب (نۇرمۇھەممەت) ئاكا ـ ئۇكا قەھرىمانلارچە شېھىت بولدى.

ئىمىر ساھىب يېڭىساردا سېپىل ئىچىگە قامىلىپ تۇرغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەزگىلدە، ساۋۇت داموللا «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» ھۆكۈمىتىنى يەكەنگە كۆچۈرۈپ كەتتى؛ بۇ ھۆكۈمەتكە قاراشلىق قىسىملار تاشمىلىق، ئوپال ۋە قەشقەر كونىشەھەر ئەتراپلىرىدا بېشى قايغان، پۈتى تايغان جايلاردا چېچىلىپ يۈرۈپ، ئىمىر ساھىبنى قۇتقۇزۇشقا بىرمۇ ئەسكەر ئەۋەتمىدى.

خوجىنىياز ھاجى بىلەن مەھمۇت شىجاڭ يەكەنگە كېلىپلا «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نىڭ زۇڭلىسى ساۋۇت داموللا، ئەدلىيە مىنىستىرى زىرىپ قارىي ھاجى ۋە باشقا ئەمەلدارلىرىنى قاماققا ئالدى. 1933 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 10ـ كۈنى قەشقەردە قۇرۇلغان ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» 1934 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى يەكەندە بەربات بولدى. بۇ ھەقتە سەيپىدىن ئەزىزى ئەپەندى «ئۆمۈر داستانى» نىڭ 1 ـ قىسمىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ: «خوجىنىياز ھاجى ئەركەشتامدا سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ بىلەن يەنە مۇناسىۋەت باغلاپ، قورال سېتىۋېلىش ئۈچۈن 2000 سەر ئالتۇن ئۆتكۈزگەن. سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ خوجىنىياز ھاجىنىڭ شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى بىلەن تېخىمۇ ئىتتىپاقلىشىشىنى ۋە ‹شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلالىيەت جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى›نى يوق قىلىشىنى تەلەپ قىلغان. خوجىنىياز ھاجى شۇ چاغدا يەكەندە تۇرۇۋاتقان مەھمۇت مۇھىتىغا سابىت داموللا ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈمەت ئەزالىرىنى تۇتۇش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەن. مەھمۇت مۇھىتى بۇ ۋەزىپىنى قول ئاستىدىكى غوپۇر تۇەنجاڭنىڭ ئىجرا قىلىشىغا تاپشۇرغان. غوپۇر تۇەنجاڭ سابىت داموللا بىلەن زىرىپ قارىيھاجىنى تۇتقان. كېيىن ئۇلارنى ئاقسۇ ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىپ بەرگەن...

30 ـ يىللاردىكى شىنجاڭ ۋەقەلىرى توغرىسىدا يېزىلغان بەزى ماقالىلەردە ما جۇڭيىڭ ‹شەرقىي تۈركىستان

ئىستىقلالىيەت جۇمھۇرىيىتى» نى يوق قىلغۇچى، ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنى قورشىۋېلىپ، ھېلىقى «جۇمھۇرىيەت» ھۆكۈمىتىنىڭ ئادەملىرىنى تۇتقۇچى ۋەتەنپەرۋەر، سوۋېت ئىتتىپاقىغا «ئۆگىنىش» ئۈچۈن «بېرىشنى تەلەپ قىلغان» ئىلغار، تەرەققىيپەرۋەر، ئۆز قوشۇنى ئىچىدە بۈيۈك ئىنقىلاب مەزگىلىدە سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇغان ئىلغارلارنى مەسلىھەتچى قىلىپ تۇتقان، بۇلارنىڭ بەزىلىرى تەشكىلىي مۇناسىۋىتىنى يوقاتقان كوممۇنىستلار ئىدى، شۇ سەۋەبتىن ما جۇڭيىڭمۇ كوممۇنىزمغا قارشى ئەمەس ئىدى. . . ۋەھاكازالار دەپ كۆرسىتىدۇ. مېنىڭچە، بىر ئادەمنىڭ بىرلا ۋاقىتتا ھەم جاھانگىرلىككە غالچىلىق قىلىش، ھەم شۇ جاھانگىرغا قارشى تۇرۇشنى ھەم ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاپ «مۇسۇلمانلار دۆلىتى»، «مۇسۇلمانلار ھۆكۈمىتى» قۇرىمەن دەپ ئۇرۇنۇشى، ھەم ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاشقا قارشى تۇرۇشنى ئەقىلگە سىغدۇرغىلى بولمايدۇ.

ما جۇڭيىڭ شىنجاڭدا مۇشۇ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدا كۆتۈرۈلگەن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قوراللىق قوزغىلىڭىدىن پايدىلىنىپ شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش، «مۇسۇلمانلار دۆلىتى» ياكى «مۇسۇلمانلار ھۆكۈمىتى» قۇرۇش(ئۇ ھەر قايسى جايلاردا مۇشۇنداق «دۆلەت» ياكى «ھۆكۈمەت» قۇرۇش توغرىسىدا تولا گەپ ساتقان، ھەتتا ئۇ «ئالتايدىكى بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ كاتتىباشلىرىغا خەت» دېگەن بىر نېمىنى يازغاندا بۇ ھەقتە يەنە ۋالاقلىغان) قەستىدە بولغان ئەڭ چوڭ بۆلگۈنچى ۋە مىللىي مۇناپىق شۇنداقلا، ئۆزىنىڭ ئاشۇنداق ئەكسىيەتچىل قارا نىيىتىگە يېتىش يولىدا پۈتۈن جۇڭگو خەلقىنىڭ شۇ چاغدىكى ئورتاق دۈشمىنى ـ ياپون جاھانگىرلىكىگە ئاشكارا سېتىلغان ۋەتەن خائىنى، ھەمدە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى بىگۇناھ قىرغان جاللات. ئۆزىنىڭ نەپسانىيىتى ئۈچۈن ئوچۇقتىن-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئوچۇق، تەپ تارتماي بۆلاڭچىلىق قىلىش بىلەن شۇغۇللانغان ئاچ كۆز قاراقچى.

ما جۇڭيىڭنىڭ ياپونىيىگە سېتىلغانلىقى ئۆز ۋاقتىدىلا پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىگە مەلۇم بولۇپ كەتكەن ئىش. . . ياپونىيە «جۇڭگونىڭ غەربىنى تىزگىنلەش، مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ما جۇڭيىڭنى گوماشتا قىلغان ۋە ئۇنىڭ ئاكتىپ رازىلىقى بىلەن مەسلىھەتچىلەرنى ئەۋەتكەن. ئاشۇنداق ئادەملەردىن بىرسى دا شىجۇك(ئۇ شىڭ شىسەينىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان)، يەنە بىرسى كامال ئەپەندى دەپ ئاتىلاتتى. كامال تۈركىيىدىكى بۇرژۇئا ئىنقىلابىدىن كېيىن ياپونىيىگە قېچىپ بارغان، ياپونىيە ئۇنى ما جۇڭيىڭغا ھەربىي مەسلىھەتچى قىلىپ ئەۋەتكەن. . . ئۇنىڭدىن باشقا ياپونىيە ھۆكۈمىتى 1933 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا شىنجاڭ بىلەن تونۇشۇش دېگەن باھانە بىلەن ئۈچ كىشىلىك بىر گۇرۇپپىنى شىنجاڭغا ئەۋەتمەكچى بولغان. ئۇلارنى سوۋېت ئىتتىپاقى زېمىنى ئارقىلىق يولغا سالماقچى بولغاندا، سوۋېت ھۆكۈمىتى پاسپورت بەرمىگەنلىكتىن بارالماي قالغان. بۇلاردىنلا ما جۇڭيىڭنىڭ قانداقتۇر ئىنقىلابچى ئەمەس، ئەكسىچە چەت ئەل جاھانگىرلىرىغا يۆلىنىپ، بىر ئەكسىيەتچى بۆلگۈنچى ھاكىمىيەت تىكلىمەكچى بولغان خائىن، سۇيىقەستچى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. . .

ما جۇڭيىڭنىڭ شەپقەتسىز قانخور ئىكەنلىكى ئۇنىڭ ئۇرۇمچىدە يېڭىلىپ جەنۇبىي شىنجاڭغا كەلگۈچە، بولۇپمۇ قەشقەردە ھەر مىللەت خەلقىنى قانچىلىك ۋەھشىيلىك بىلەن قىرغانلىقى ئىسپاتلايدۇ. ما جۇڭيىڭ قەشقەر كونىشەھەرنىڭ تۆت دەرۋازىسىنى ئېتىپ قويۇپ، ئىككى كېچە ـ كۈندۈز ئاممىۋى قىرغىن(قەتلىئام) قىلغان. مۇشۇ ئىككى كۈن ئىچىدە ئۇنىڭ ئۆلتۈرگەن ئادىمى 4 ـ 5 مىڭغا يېتىدۇ. ئۇ ئۆزىگە قارشى بولغانلارنى ئۆلتۈرگەن، قارشى بولمىغانلارنىمۇ ئۆلتۈرگەن.

ئاتۇش، يېڭىسارلاردىمۇ چوڭ قىرغىنچىلىق ئېلىپ بارغان. . .

بەزى ماقالە ۋە كىتابلار خەلق قوزغىلاڭلىرىنىڭ كۆتۈرۈلگەنلىكىنى ياندىپ ئۆتەلمىسىمۇ، بۇ قوزغىلاڭلارغا «ۋەقە»، «توپىلاڭ»، «ئىسيان» دېگەندەك ئاتالغۇلار بىلەن باھا بېرىپ، ئۇنىڭ كۆلىمىنى، رولىنى ۋە خاراكتېرىنى كەم سۇندۇرماقچى بولىدۇ. دەل مۇشۇ سەۋەبتىن بىلىپ بىلمەي، قوزغىلاڭچىلاردىن پايدىلىنىپ قارا نىيىتىگە يەتمەكچى بولغان ما جۇڭيىڭ، شېڭ شىسەي قاتارلىق جاللاتلارنى پەردازلاپ، ئۇلارنىڭ خەلق قوزغىلاڭچىلىرى بىلەن بولغان زىددىيىتىنى؛ توقۇنۇشى ۋە ئۇرۇشىنى قەتئىي قوبۇل قىلغىلى بولمايدىغان؛ قىلچە ئىلمىي بولمىغان نۇقتىدىن شەرھلەشكە تىرىشىدۇ. يەنى: ما جۇڭيىڭ، شېڭ شىسەيلەر قانۇنىي ھۆكۈمەتكە، خەلق قوزغىلاڭچىلىرى بولسا بۆلۈنۈشكە، قالايمىقانچىلىققا ۋەكىللىك قىلىدىغاندەك خۇلاسە چىقىرىشقا ئۇرۇنىدۇ. . .

بۇ يەردە شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش ئوشۇقلۇق قىلمايدۇكى، «شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلالىيەت جۇمھۇرىيىتى» دېگەن بىر نېمە قوزغىلاڭچىلار تەرىپىدىن قۇرۇلغان ئەمەس، قايسىبىر قوزغىلاڭچى شۇنداق ياكى شۇنىڭغا ئوخشايدىغان بىر نەرسىنى قۇرۇش توغرىسىدا ئەقەللىي تەسەۋۋۇر بىلەن ئوتتۇرىغا چىققانمۇ ئەمەس. بۇنى تەشكىللىگۈچىلەر پۇرسەتتىن پايدىلانغان، ئۆزىنىڭ بۇ «ھۆكۈمىتى» گە بەزى قوزغىلاڭچى رەھبەرلەرنىڭ ئىسمىنى كىرگۈزۈۋالغان بولسىمۇ، بۇ قوزغىلاڭچىلار شۇ «ھۆكۈمەت» ئىچىدە ۋەزىپە ئۆتىگىنى يوق، شۇ «ھۆكۈمەت» نى ھىمايە قىلىپ، ئوتتۇرىغا چىقىپ، قانداقتۇر ھەرىبىي ھەرىكەتلەرنى قوللانغىنىمۇ يوق. بۇ مەسىلە ناھايىتى ئېنىق تۇرغان يەردە بۇ «ھۆكۈمەت» نىڭ قوزغىلاڭچى رەھبەرلەرنىڭ ئىسمىنى كىرگۈزۈۋالغانلىقىغا قاراپلا، سۈزۈك بولاق ئۇستىگە يۇندا چاچماسلىق كېرەك. شۇنداق قىلغىنىغا قارىماي بولاق ئۆز

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ماھىيىتى بويىچە يوْندىنى ئېقىتىپ چىقىرىۋېتىپ، سوْزوْكلوْكىنى ساقلاپ قېلىشۇېرىدوْ.

شوْ يىللاردىكى ئەمەلىيەت شوْنى ئىسپاتلىغانكى، مەزكوْر «شەرقىي توْركىستان ئىستىقلالىيەت جوْمھوْرىيىتى»نى خوجىنىياز ھاجى بۇيرۇق چۇشۇرۇپ باستۇرغان، ئۇنىڭ ئاساسلىق رەھبىرىنى خوجىنىياز ھاجىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئۇنىڭ ھەربىي كۈچلىرىنىڭ قوماندانى مەھمۇت مۇھىتى تۇتۇپ شىڭ شىسەيگە يوللاپ بەرگەن. بۇ تۆھپىنى ھەرگىزمۇ ما جۇڭيىڭغا ياكى شىڭ شىسەيگە يېزىپ، ئۇ ئىككىسىنى پەردازلاپ، ئالدىنقى ئىككىسىنى قارىلىماسلىق لازىم.»

خوجىنىياز ھاجى بىلەن مەھمۇت شىجاڭ سابىت داموللا قاتارلىقلارنى تۇتقان كۈنى كەچقۇرۇن مەمتىمىن ھەزرەت بىلەن كۆرۈشكەندە ئەينى ۋاقىتتىكى ۋەزىيەتنى مۇزاكىرە قىلىپ، ھەممەيلەن بىرلىكتە قاغىلىق ۋە خوتەنگە چېكىنىپ، شۇ يەردە ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلماقچى بولدى؛ ئۇرۇشقا قاتناشمايدىغان پىدائىيلارنى بولسا قاغىلىققا يولغا سالدى.

مەمتىمىن ھەزرەت بىلەن مۇزاكىرىلىشىدىغان يەنە جىق ئىشلار بارلىقىدىن ھەممەيلەننىڭ خەۋىرى بار ئىدى. لېكىن، خوجىنىياز ھاجى سابىت داموللىنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، مەمتىمىن ھەزرەت نارازى بولۇپ خوتەنگە كېتىپ قالدى. خوجىنىياز ھاجى پىدائىيلىرىنى باشلاپ پوسكامغا بارغاندا، مەمتىمىن ھەزرەتنىڭ باشقا نىيىتى بارلىقىنى بىلىپ، خوتەنگە بارماي، مەكىتكە قاراپ يول ئالدى؛ ئاندىن مەھمۇت شىجاڭ بىلەن بىللە خوتەن ـ باللىرىنى قاغىلىقتىن مەكىتكە قايتۇرۇپ كەلدى. مەھمۇت شىجاڭ، قولغا ئېلىنغان سابىت داموللا باشلىق تۇتقۇنلارنىمۇ مەكىتكە بىللە ئېلىپ باردى. پىدائىيلار مەكىتكە بېرىپ بىر نەچچە كۈن دەم ئېلىپ، چېچىلىپ كەتكەن ئادەملەرنى

يىغىپ تۇرۇشىغا، ما جۇڭيىڭ قوشۇنى ئۆزىنىڭ يېڭىساردىكى كۈچلىرىگە قەشقەردىكى بىر قىسىم كۈچلىرىنى قوشۇپ، يەكەن ئارقىلىق پىدائىيلارغا ھۇجۇم قىلدى، شۇنىڭ بىلەن مەكىتتە بىر كۈن ئۇرۇش بولدى. بۇ ئۇرۇشتا مەھمۇت شىجاڭنىڭ فۇگۇەنجاڭى نىياز ئاخۇن (سەنخۇچىڭ نىياز) غا ئوق تېگىپ قازا تاپتى. پىدائىيلار ئاخىر مەكىتتىن سېرىقبۇيا تەرەپكە قاراپ چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. شۇ چاغدا ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرىدىن توقسۇنلۇق ھېسامىدىن دېگەن ئادەم مىلتىقىنى كۆتۈرگەن پېتى پىدائىيلار تەرەپكە قېچىپ ئۆتتى. پىدائىيلار ئۇنىڭدىن ما جۇڭيىڭنىڭ ئۇرۇمچىدىن چېكىنىپ جەنۇبىي شىنجاڭ تەرەپكە كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇلار بىلەن ئۇچرىشىپ قالماسلىق ئۈچۈن مەكىتتىن ئاقسۇ ئاۋاتقا قاراپ ماڭدى. تەكلىماكان قۇملۇقىنى كېزىپ، شاقۇر دېگەن يەرگە كەلگەندە كەچ بولۇپ كەتتى. پىدائىيلار شۇ يەردە قونماقچى بولۇپ يېتىپ، يېرىم كېچە بولغاندا دۈشمەن قوشۇنى ئۇرۇمچىدىن كېلىۋاتقان قىسىملىرى بىلەن بىرلىشىپ پىدائىيلارغا ئۇشتۇمتۇت ئوت ئاچتى. دۈشمەنلەر پىدائىيلارنىڭ تۆگىلەرگە ئارتقان 1600 سەر ئالتۇن، ئون ساندۇق ئوق، 30 نەچچە تال ئۇزۇن - قىسقا كونا مىلتىقلىرىنى بۇلاپ كەتتى. پىدائىيلار دەرھال ئاقسۇنىڭ ئاۋات ناھىيىسىگە قاراپ يول ئالدى.

خوجىنىياز ھاجى بىلەن مەھمۇت شىجاڭ گېنېرال مالىكوفنىڭ چاقىرتىشى بىلەن ئاۋاتتىن ئاقسۇغا كەلگەندە، گېنېرال مالىكوف سابىت داموللىنى ئاقسۇغا ئەۋەتىپ بېرىشنى تاپىلىغانىكەن. «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نىڭ باشلىقلىرىنى خوجىنىياز ھاجى يەكەندە قولغا ئېلىپ، ئاقسۇغا ئېلىپ كېتىۋېتىپ شاقۇرغا كەلگەندە، ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى پىدائىيلارغا يېرىم كېچىدە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغاچقا، پاتپاراقچىلىق ئىچىدە سابىت دامولىنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى

www.uyghurkitap.com

بىلەلمەي قالدى. كېيىن ئۇلارنى ئاقسۇنىڭ قاراتال دېگەن يېرىدىن تۇتۇپ كېلىپ، ئاۋات ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئىچىگە قاماپ قويىدى. مەھمۇت شىجاڭ ئاۋاتتىن قەشقەرگە مېڭىش ئالدىدا، ئاقسۇدىن ئالتە ئورۇس ئەسكەر سابىت داموللىنى ئالغىلى كەلدى. مەھمۇت شىجاڭ سابىت داموللىنى ئۇلارغا تاپشۇرۇپ بەرگەن، سابىت داموللىنى ئىككى ئەسكەر كىرىپ ئېلىپ چىقىپ كەتكەن. بۇ چاغدا مەھمۇت مۇھىتىنى قوغداش روتىسىنىڭ باشلىقى ئابلىمىت مەخسۇت ئۇنىڭ يېنىدا ئىدى. ئالتە نەپەر ئورۇس ئەسكەر شۇ كۈنى سابىت داموللا بىلەن زېرىپ قارىي ھاجىنى ھارۋىغا سېلىپ، ئاقسۇغا ئېلىپ ماڭدى. كېيىنكى خەۋەرلەرگە قارىغاندا، گېنېرال مالىكوف سابىت داموللىنى ئۈرۈمچىگە ئەكەلدۈرگەندىن كېيىن 2 - تۈرمىگە قامىغان.

مەھمۇت شىجاڭ ساۋۇت داموللىنى گېنېرال مالىكوفقا تاپشۇرۇپ بەرگەندىن كېيىن، قەشقەرگە قاراپ يۈرۈش قىلدى. ئۇ كىشى قەشقەرگە مېڭىش ئالدىدا، ئابلىمىت مەخسۇت (مەھمۇت شىجاڭغا بىۋاسىتە قاراشلىق قوغداش روتىسىنىڭ كوماندىرى)، ئەبەيدۇللا رەۋەيدۇللا (مەزكۇر روتىنىڭ ۋوزۋود كوماندىرى)، ئىسمائىل ھېپىزۇللالار بىرلىشىپ مەھمۇت شىجاڭغا «سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ ئوقۇپ كەلسەك» دەپ ئىلتىماس يازدى. مەھمۇت شىجاڭ ئىلتىماسنى ماقۇل كۆرۈپ، ئاقسۇ ۋالىيسى نىياز شەرىپىگە ئۇلارنى ئۇچتۇرپان چېگرىسى ئارقىلىق سوۋېتكە ئوقۇشقا ئەۋەتىپ بېرىشنى تاپىلاپ خەت يېزىپ بەردى (نىياز ھېۋزۇللا شەرىپى يەنى نىياز دوتەي، 1894 - يىلى تۇرپان ئاستانىدە تۇغۇلغان، ئۆز يېزىسىدا ئېچىلغان «مەخسۇدىيە مەكتىپى»دە ئوقۇپ ساۋاتلىق بولغان. كىچىكىدىن مەھمۇت مۇھىتى بىلەن بىللە ئويناپ چوڭ بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن يېقىن دوستلۇق ئورناتقان ۋە 1932 - يىلى مەھمۇت مۇھىتى بىلەن

بىرگە قوزغىلاڭغا قاتناشقان. ئىنقىلاب جەنۇبىي شىنجاڭغا كېڭەيگەندە نىياز شېرىپى پولك كوماندىرلىقىغا كۆتۈرۈلگەن. 1933 ـ يىلى قوزغىلاڭچىلار ئاقسۇنى ئىشغال قىلغاندا مەھمۇت مۇھىتىنىڭ تەكلىپى بىلەن نىياز شېرىپى ئاقسۇنىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلەنگەن. تەرەققىيپەرۋەر زات نىياز شېرىپى ئاقسۇغا ۋالىي بولۇپ تۇرغان مەزگىلدە، ئەينى ۋاقىتتىكى بىر مەزگىللىك مۇقىم ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ، پۈتۈن كۈچىنى يېڭىچە مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا قاراتقان ۋە باشلامچى بولۇپ تۇنجى قىزلار مەكتىپىنى تەسىس قىلغان. ئاتاقلىق ئوقۇتقۇچىلاردىن مەمتىمىن قارىي سوپىزادە، موسا دامولla قاتارلىقلارنى تەكلىپ قىلىپ، ئاقسۇ مائارىپىنىڭ تەرەققىياتىغا كەڭ يول ئېچىپ بەرگەن، ھازىرقى ئاقسۇ دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنىڭ ئاساسىنى سالغان. 1935 ـ يىلى ئاقسۇ دىيارىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇغۇچى چىقىرىپ، ئۇلارنى ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتقان. نىياز دوتەي 1934 ـ يىلىدىن 1937 ـ يىلىغىچە ئاقسۇدا دوتەي بولۇش جەريانىدا ئاۋامنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن نۇرغۇن پايدىلىق ئىشلارنى قىلىپ، خەلق قەلبىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان. ئاۋام خەلق ئۇ تەسىس قىلغان مەكتەپكە «مەكتىپى نىيازىيە» دەپ نام بېرىش بىلەن بىرگە نىياز شېرىپىگە چوڭقۇر ھۆرمەت بىلدۈرۈپ، «دوتەي» ، «ۋالىي» ئەمىلىنى ئۇنىڭ ئىسمىغا قوشۇپ قوللانغان. 1937 ـ يىلى شېڭ شىسەي نىياز دوتەينى تاشكەنتتە تۇرۇشلۇق مۇئاۋىن كونسۇل قىلىپ تەيىنلىگەن. نىياز دوتەي تاشكەنتتە بولغان مەزگىلدە، تاشكەنتتىكى شىنجاڭلىق مۇھاجىرلار، ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلىپ بەرگەن، كېيىن نىياز دوتەي شېڭ شىسەي تۈرمىسىدە ئۆلتۈرۈلگەن) . ئابلىمىت مەخسۇت قول ئاستىدىكى ئەسكەرلەرنى ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئالتە كىشى بىلەن بىرلىكتە ئاۋاتتىن ئاقسۇغا كەلدى. مەھمۇت شىجاڭنىڭ

خېتىنى ۋالىيغا بېرىپ، سوۋېتتىن جاۋاب كەلگۈچە ئاقسۇدا ئوقۇپ تۇردى. بىر ئايدىن كېيىن ئاقسۇ ۋالىيسى نىياز شېرىپى ئۇلارغا: «سوۋېتتىن ‹ئۈرۈمچى ئارقىلىق كەلسۇن› دەپتۇ» دېگەن جاۋابنى بەردى. ئۇلار ئالتەيلەن ئۈرۈمچىگە ئاتلىق يولغا چىقتى. كۇچاغا كەلگەندە، مەھمۇت شىجاڭنىڭ سەنمۇجاڭى قۇربان سەئىدى، پولك كوماندىرى ئەخمەت مەخسۇملار بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇلار ئابلىمىت مەخسۇتلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۇققاندىن كېيىن «سىلەر ئۈرۈمچىگە بارساڭلار ئاتا - ئاناڭلار سىلەرنى ھەرگىز سوۋېتكە ئوقۇشقا ئەۋەتمەيدۇ، ئوقۇيمىز دېگەن مەقسىتىڭلارغا يېتەلمەيسىلەر. بىز بىلەن قەشقەرگە قايتىڭلار، بىز سىلەرنى شۇ يەردىن سوۋېتكە ئوقۇشقا ئەۋەتىپ بېرەيلى» دەپ ئۇلارنى يولىدىن قايتۇرۇپ، قەشقەرگە بىللە ئېلىپ ماڭدى.

ئۇلار مارالبېشىغا بارغاندا، سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى بىلەن ئاق ئورۇس ئەسكەرلىرى قەشقەرگە ماڭماي مارالبېشىدا تۇرۇپ قالغان، مەھمۇت شىجاڭنىڭ ئۇيغۇر ئەسكەرلىرى خەنزۇ ئەسكەرلەر بىلەن بىللە قەشقەرگە كەتكەنىدى. بۇنىڭ سەۋەبى، قەشقەردە تۇرۇشلۇق ئەنگلىيە كونسۇلى رۇس ئەسكەرلىرىنىڭ قەشقەرگە كىرىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىگە: «قەشقەرگە خەنزۇ، ئۇيغۇر ئەسكەرلىرى كىرسە كېپىمىز يوق. ئەگەر بۇگۈن رۇس ئەسكەرلىرى كىرسە، ئەتە ھىندى ئەسكەرلىرى كىرىدۇ» دەپ ئۇلتىماتۇم تاپشۇرغان. شۇڭا، رۇس ئەسكەرلىرى مارالبېشىدا توختاپ قالغانىدى. مارالبېشىدا قۇربان سەئىدى ئابلىمىت مەخسۇتقا: «قولۇڭغا بىر تاغار ئال، يۈر» دېگىنىچە ئۇنى كەينىگە سېلىپ ئۇدۇل رۇس ئەسكەرلىرىنىڭ شتابىغا ئېلىپ باردى. پوستىكىلەر ئىچكىرىدىن «كىرسۇن» دېگەن رۇخسەتنى ئالغاندىن كېيىن، ئۇلار ئىچكىرىگە كىردى. گېنېرال مالكوف بىر نېمىلەرنى دەپ ئۇلارنى ئولتۇرۇشقا ئىشارەت قىلدى. قۇربان سەئىدى ئولتۇرا

- ئولتۇرمايلا: «گېنېرال، بىز ئەتە قەشقەرگە بارالتۇق، ئەسكەرلىرىمىز تەمىناتتىن قىينىلىپ قالدى. ئۇرۇمچىگە خەۋەر قىلساق، ھازىرغىچە پۇل كەلمەيۋاتىدۇ، بىزگە بىر ئاز پۇل تەستىقلاپ بەرگەن بولسىڭىز. يەنە بىر ئىلتىماسىم: سوۋېت ھۆكۈمىتى ئۇچتۇرپان چېگرىسى ئارقىلىق بىزگە قورال ياردەم قىلغاندا، مىلتىقلارنى بېرىپ، پىلىموتلارنى ‹ئاتىدىغان ئادىمىڭلار بولمىغاندىكىن، ھازىرچە چېگرىدا ئامانەت تۇرۇپ تۇرسۇن، كېيىن ئېلىۋېلىڭلار› دېگەنىدى، شۇ پىلىموتلارنى ئالدۇرۇپ بەرسىڭىز» دېدى. گېنېرال ماقۇل بولغان ئىشارەت بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ، يېنىدىكى كانۋېيغا بىر نەچچە ئېغىز سۆز قىلىۋىدى، كانۋېي ئىچكىرىكى ئۆيدىن بىر سىقىم شىنجاڭ پۇلىنى ئېلىپ چىقىپ ئۇلارغا سۇندى. قۇربان سەئىدى پۇل تاپشۇرۇۋالغانلىقىغا قول قويۇپ بەردى.

قۇربان سەئىدى باشلىق سەككىز كىشى مارالبېشىدىن قەشقەرگە باردى. ئۇلار قەشقەرگە بېرىشى بىلەنلا گېنېرال رىبالكا ئابلىمىت مەخسۇتنى پىلىموت ئەترىتىنىڭ باشلىقلىقىنى ئۆتەيسەن، دەپ بەلگىلەپ قويدى. قالغان بەش كىشىنىڭ ئوقۇشقا بېرىشىغا رۇخسەت قىلدى. ئابلىمىت مەخسۇت گېنېرال رىبالكا بىلەن مەھمۇت شىجاڭغا: «مەن مۇشۇ بەش كىشى بىلەن بىللە ئوقۇمىسام، سوۋېتكە ئوقۇشقا چىقىشتىن قېپقالىمەن» دېگەندە ئۇلار «سوۋېتكە كېلەر قېتىم ئوقۇغۇچى چىقىرىشتا سېنى بالدۇر ئويلىشىمىز» دېدى. شۇ كۈندىن باشلاپ ئابلىمىت مەخسۇت مايور دەرىجىلىك پىلىموت ئەترىتى باشلىقى بولۇپ ئىشلىدى.

1935 - يىلى كۈزدە، سوۋېت ئىتتىپاقىغا شىنجاڭدىن ئىككىنچى قېتىم ئوقۇغۇچى چىقىرىشتا مەھمۇت شىجاڭ شېڭ شىسەيگە قەشقەردىن 12 ئوقۇغۇچى چىقىرىشنى تەستىقلاتتى، ئۇلار: سەيپىدىن ئەزىزى، سەيدۇللا سەيپۇللايوف، ئابدۇقادىر ھەسەنوف، ئەيسا نىياز، ئەبەيدۇللا رەۋەيدۇللايوف، ئابدۇللا

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

هوشۇروف، ئىسمايىل ھېپىزۇللايوف، مۇھەممەت خۇسەينوف، ئابدۇقادىر توختوروف (قىرغىز)، تۇرغۇن خوجامبايوف (قىرغىز)، قىيىيۇم ئارىزھاجىيوف، ئابلىمىت مەخسۇتوفلار ئىدى.

جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن خوجىنىياز ھاجى، مەھمۇت مۇھىتى باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلار ئارىسىدىكى ئۇرۇشلاردا ئىزچىل تۈردە ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرى قوغلىغان، قوزغىلاڭچىلار چېكىنگەندەك ھالەت شەكىللىنىپ قالدى. كۆپىنچە جەڭلەردە قوزغىلاڭچىلار مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. بۇ ئەھۋال كىشىنى ئويغا سالماي قالمايدۇ.

ئالدى بىلەن ما جۇڭيىڭنىڭ ئەسكەرلىرى رەسمىي ھەربىي تەلىم - تەربىيە ئالغان، گومىنداڭنىڭ 36 - شىسى دەپ ئېتىراپ قىلىنغان مۇنتىزىم قوشۇن. ئۇلاردا مۇكەممەل ھەربىي تۈزۈم بولۇپ، يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە بولغان قىسىم قۇرۇلمىسى ئېنىق ئايرىلغان. ما جۇڭيىڭ ھەربىي قوشۇنىنىڭ مەشىق ۋە ھەربىي ئىنتىزامىنى ئىنتايىن چىڭ تۇتقان بولۇپ، ئەسكەرلىرىنى قاتتىق سوغۇقلاردىمۇ يېلىڭ كۆڭلەك بىلەن مەشىق قىلدۇرغان، ئالدىغا مېڭىش يوللۇق، كەينىگە چېكىنىش ئۆلۈم دەيدىغان قاتتىق تۈزۈمنى ئورناتقان. ئۇلارنىڭ قوراللىرى خىل، ئېغىر - يېنىك پىلىموتلارنىڭ ھەممىسى، زاپاس قوشۇنى تەييار بولۇپ، ھەر قايسى جايلاردىكى ئۇرۇشلاردا نۇرغۇن قورال - ياراغلارنى ئولجا ئالغان، ئەسكەرلىرى يېتىشمىسە تۇرپان، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردىن مەجبۇرىي ئەسكەر ئېلىپ، قوشۇنىنى دەرھال تولۇقلىغان، ئەسكەرلىرى 15 ياشتىن 40 ياشقىچە بولغان ياشلاردىن تەشكىللەنگەن. ما جۇڭيىڭنىڭ ئەتراپىدا كۆپلىگەن مۇلكىي مەسلىھەتچىلەر، سىياسەتچىلەر، پىلانچىلار بولغان، شۇڭا ئۇ دائىم ئەتراپلىق، مۇكەممەل ئۇرۇش تەدبىرى

تۇزەلىگەن. تەمىنات جەھەتتىمۇ ئۇلار گومىنداڭنىڭ 36 ـ شىسى دەپ ئىتىراپ قىلىنغان بولغاچقا، ھۆكۈمەتتىن ھەربىي كىيىم ـ كېچەك، ئاشلىق ئېلىپ تۇرغان. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى يۇرسەت تاپسىلا خەلقنى بۇلاپ ـ تالاپ، قاقتى ـ سوقتى قىلىپ، چۆنتىكىنى توشقۇزۇپ تۇرغان.

خوجىنىياز ھاجى، مەھمۇت مۇھىتى پىدائىيلىرى بولسا، گەرچە ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن قوشۇنغا قاتناشقان بولسىمۇ، ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە كۆرمىگەن بولغاچقا، ھەربىي ئىنتىزامغا دىققەت قىلىپ كېتەلمىگەن، بىر تۇتاش قوماندانلىقتا سەل قارىغان، ھەرقايسى ليەن، پەي، بەنلەردىكى ئادەم سانى ئېگىز ـ پەس بولغاچقا، ئۇرۇش ۋاقتىدا قىسىملارنى تەقسىم قىلىشتىمۇ نۇرغۇن مەسىلىلەر كۆرۈلگەن. پىدائىيلارنىڭ قوراللىرى ئاددىي، ئوق ـ دورىلىرى كەمچىل، زاپاس قوشۇنى يوق دېيەرلىك بولغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر قايسى يۇرتلۇق پىدائىيلار ئۆز ئارا يۇت تېپىشىپ، ئۆز كۈچىنى خوراتقان. پىدائىيلارنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا ياشلىقلار ۋە ياشانغانلار كۆپ سانىنى ئىگىلىگەن. قۇمۇلدىن كەلگەن پىدائىيلار تاغ ئۇرۇشىغا ئۇستا بولغاچقا، جەنۇبىي شىنجاڭ تۇزلەڭلىكىدە ئۆز رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرالمىغان. خوجىنىياز ھاجى بىلەن مەھمۇت مۇھىتىنىڭ ئەتراپىدا ھەربىي مەسلىھەتچىلەرمۇ يوق دېيەرلىك بولغان. ئەڭ مۇھىمى قوزغىلاڭچىلارنىڭ تۇرمۇش تەمىناتى مەسىلىسى بولۇپ، گەرچە شېڭ شىسەي خوجىنىياز ھاجىنى جەنۇبىي شىنجاڭنى مۇھاپىزەت قىلىش سىلىڭى، مەھمۇت مۇھىتىنى شىنجاڭ ئاتلىق 6 ـ شىسىنىڭ شىجاڭى دەپ بېكىتكەن بولسىمۇ، ئۇلارغا بىر قېتىم ئون نەچچە ساندۇق ئوق، ئازغىنە قەغەز پۇل ئەۋەتكەندىن باشقا ھېچقانداق ماددىي ياردەم بەرمىگەن. قوزغىلاڭچىلار 1932 ـ يىلى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەندە ئۆيىدىن كىيىپ چىققان كىيىملىرىنى تاكى 1934 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە كىيىپ

يۈرگەن. مەھمۇت مۇھىتى پىدائىيلارغا پۇقرالارنىڭ بىر تال قىلىغىمۇ قول تەگكۈزمەسلىك ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرگەن. بۇ تۈزۈمگە خىلاپلىق قىلغۇچىلارنى قاتتىق جازالىغان، پىدائىيلارغا بولسا ھېچقانداق خىراجەت بېرىلمىگەن. قىيىنچىلىق بىرقانچە يىل داۋاملىشىۋەرگەچكە بۇ تەبىئىي ھالدا پىدائىيلارنىڭ روھىي دۇنياسىغا تەسىر كۆرسەتكەن. لېكىن، بۇ خىل قاتتىق تۈزۈم، خوجىنىياز ھاجى بىلەن مەھمۇت مۇھىتىنىڭ پۇقرالارنى قەدىرلەش روھى پىدائىيلارنىڭ قايىللىقىنى قوزغىغان، ئۆزلىرىنى قاتتىق ئەزگەن، جىنىڭ شۈرىن، شېڭ شىسەي، ما جۇڭيىڭ قاتارلىقلاردىن روشەن پەرقلەنگەن بولغاچقا، ئۇرۇشلاردا تۇرمۇش جاپالىق، قۇربان بېرىشلەر كۆپ بولسىمۇ، بىرمۇ پىدائىي سەپتىن چۈشۈپ قېچىپ كەتمىگەن. ما جۇڭيىڭ ھەربىي كۈچى، ئىقتىساد جەھەتتىن خوجىنىياز ھاجىدىن بىرقانچە ھەسسە كۈچلۈك بولسىمۇ، ئۇنىڭ خەلققە سالغان زۇلمى ئاخىرى ئۆزىنىڭ ئۆلىمنى تەۋرىتىۋەتكەن.

خوجىنىياز ھاجى ئاقسۇغا كەلگەندىن كېيىن جەنۇبىي شىنجاڭ «باۋئەن سىلىڭ» (گارنىزون قوماندانى) ئۇنۋانى بىلەن ئاقسۇدا بىر مەزگىل تۇردى. «ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۈرۈمچىدىن كەلگەن مەخسۇس بىر ئۆمەك تەنتەنىلىك مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ، خوجىنىياز ھاجىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە، مەھمۇت مۇھىتىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ ئامانلىق قوغداش شتابىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى ۋە قوشۇمچە 6 ـ دىۋىزىيە (تولۇق ئىسمى «شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە قۇرۇقلۇق ئەسكەرلىرى ئاتلىق قوشۇنى ۋاقىتلىق 6 ـ دىۋىزىيىسى») كوماندىرلىقىغا تەيىنلەنگەنلىكىنى رەسمىي جاكارلىغان ھەمدە ھاجىمنى ئۈرۈمچىگە بېرىپ، مۇئاۋىن رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋېلىشقا تەكلىپ قىلغان ئىدى. ئۆمەك يەنە بۇ ئىككىيلەنگە ماش رەڭ سارجىدىن تىكىلگەن ھەربىي فورما،

قاسقانلىق شەپكە، ياقىغا قادايدىغان گېنېراللىق ئالتۇن چەن ۋە پارقىراپ تۇرىدىغان تاسما بەلۋاغلارنى تەقدىم قىلغانىدى. بىراق، ھاجىم ئۇرۇمچىگە بېرىشقا ئۇنىماي، ھەتتا شېڭ شىسەينىڭ ئارقا- ئارقىدىن يوللىغان تېلېگراممىلىرىغىمۇ پەرۋا قىلماي، جىم يېتىۋالغانىدى. شۇ ۋەجىدىن ئاپرېسوف سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ رەسمىي ۋەكىلى سۈپىتىدە ئۇنى ئۇرۇمچىگە بېرىشقا كۆندۈرمەكچى ۋە مۇمكىن قەدەر ئۆزى بىلەن بىرگە ئېلىپ كەتمەكچى بولۇپ، ئايروپىلان بىلەن ئاقسۇغا كەلگەنىدى».
1934 ـ يىلى 8 ـ ئايدا خوجىنىياز ھاجى خەنزۇچە، رۇسچە، ئۇيغۇرچە ئۈچ خىل يېزىقتا تۈزۈلگەن، خوجىنىياز ھاجىنىڭ ھاياتى، مال ـ مۈلكى، سىياسىي ئورنىغا كاپالەتلىك قىلىش مەزمۇن قىلىنغان توختامغا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كاپالىتىگە ئىشىنىپ ئۇرۇمچىگە كېلىپ، مۇئاۋىن رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتكۈزۈۋالدى. ئۇنىڭ ئاساسىي قوشۇنلىرى جەنۇبىي شىنجاڭدا تۇرغۇزۇلۇپ، مەھمۇت مۇھىتى بۇ قوشۇنلارنىڭ شىجاڭ سۈپىتىدە قەشقەردە قالدى. بۇ چاغدا 6 ـ دىۋىزىيىگە قاراشلىق بىر بىرگادا، تۆت پولك (تۇەن)، بىر مۇھاپىزەتچى ئىسكادرون بار بولۇپ، بىرگادا كوماندىرلىقىغا قۇمۇللۇق سالى دورغا، مۇئاۋىنلىقىغا تۇرپانلىق توختىبەگ، 1 ـ پولك كوماندىرلىقىغا تۇرپانلىق سەمەت ھاجى، 2 ـ پولك كوماندىرلىقىغا تۇرپانلىق قۇربان نىياز شاھىدى (گاجىدى)، 3 ـ پولك كوماندىرلىقىغا توقسۇنلۇق غوپۇر، 4 ـ پولك كوماندىرلىقىغا تۇرپانلىق پولاتبەگلەر تەيىنلەنگەنىدى. مەھمۇت شىجاڭ قەشقەر شەھىرىدىكى سابىق شىتەي يامۇلىغا، بىر پولك باش شتاب ئورۇنلاشقان جايدىكى يۇمىلاق شەھەرگە، بىر پولك شەھەر ئىچىدىكى سودا سارايلارغا، بىر پولك يېڭىسار قەلئەسىگە، بىر پولك يەركەن كونا شەھەرگە ئورۇنلاشتى. 1933ـ يىلى تەشكىللەنگەن يەرلىك قوشۇنلاردىن «قەشقەر ئۇستۇن ئاتۇش

برىگادىسى» دەپ ئاتالغان زەيدىن كارۋاننىڭ قالدۇق قوشۇنلىرى، «ئاستىن ئاتۇش برىگادىسى» دەپ ئاتالغان كىچىك ئاخۇننىڭ قالدۇق قوشۇنلىرى ۋە كىچىك ئاخۇن قوشۇنىدىكى «پارتىزان ئەترەت قوماندانى» دەپ ئاتالغان رىشتەمنىڭ بىر ۋوزۋود ئەسكىرى مەھمۇت مۇھىتى قوشۇنىغا قوشۇۋېتىلدى، شۇنىڭ بىلەن 6 - دىۋىزىيىنىڭ ئەسكىرىنىڭ ئومۇمىي سانى 5000 ئەتراپىدا بولدى.

مەھمۇت مۇھىتى ئاكىسى مەخسۇت مۇھىتىنىڭ ئىزىنى بېسىپ، تۇرپاندىن قوزغىلىپ چىققاندىن باشلاپ، خوجىنىياز ھاجى بىلەن بىرگە مۇرنى مۇرىگە تىرەپ كۆرەش قىلدى، بولۇپمۇ ئۇ تۇرپانلىقلارنىڭ ئاق كۆڭۈل، راستگۇي، سەممىمىي-سادىق، جىگەرلىك، ھەققانىيەتچىل، نام - شۆھرەتنى دوست تۇتۇپ كەتمەيدىغان خاراكتېرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملىگەن بولۇپ، بۇ خاراكتېرى بىلەن باشتىن - ئاخىر خوجىنىياز ھاجىغا سادىق بولۇپ، ئۇنى جان - تېنى بىلەن قوغداپ، ھەر قانداق پىكىر-خىيالىغا، ھەرىكىتىگە ھەمدەمدە بولۇپ، قوزغىلاڭنىڭ يادروسى بولغان قوماندانلارنىڭ ئىتتىپاقلىقى جەھەتتە ئاجايىپ بۈيۈك ئۆلگە تىكلەپ بەردى. ھەربىي ھوقۇق، باتۇرلۇق، جەڭ ماھارىتىدىكى ئۇستۇنلۇك، خەلقىنىڭ قايىللىقى قاتارلىق تەرەپلەردە زور ئىمتىيازغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، خوجىنىياز ھاجى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە ھەرگىزمۇ غەيرىي خىياللاردا بولماي، ئۇنىڭغا بولغان ئېتىقادىنى ئىزچىل ساقلاپ كەلدى. چەت ئەلگە چىقىپ كېتىش ئالدىدىمۇ خوجىنىياز ھاجىغا: «خەير - خوش ھاجى ئاكا! ئۆزلىرىنى ئاللاغا تاپشۇردۇم، مېنىڭدىن رازى بولسىلا، بۇ ئالەمدە كۆرۈشەلمىسەك، ئۇ ئالەمدە كۆرۈشەرمىز. بىز بەك ئۇلۇغ ۋە مۇقەددەس ئىشنى باشلىغانىدۇق، بۇ ئىشقا پۈتكۈل بارلىقىمىزنى ئاتىغانىدۇق، نىيىتىمىز خالىس بولغانلىقى ئۈچۈن پۈتكۈل ئەل - يۇرت بىزگە ئەگەشكەن. ئاللا بىزگە

نۇسرەت ئاتا قىلغانىدى. ۋاي، ئىسىت ئاخىرى يېڭىلىپ قالدۇق، يېڭىلىشىمىزغا نادانلىقىمىز سەۋەب بولدى. نادانلىقىمىز ۋەجىدىن ئالداندۇق، ئالداندۇق، بەكلا ئالداندۇق، دۈشمەنلىرىمىز بۆكىمىزگە جىگدە سالسا ئۇنى تۇيمىدۇق. ھېچكىم بىزدەك ھاماقەت بولماس! تاڭنا مەھشەر كۈنى مىڭ - مىڭلىغان شېھىتلىرىمىزنىڭ يۈزىگە قانداق قارارمىز؟ ئاللاغا نېمە جاۋاب ئېيتۇرمىز؟ گېپىم قاتتىق كەتتى، مېنى ئەپۇ قىلسىلا!»①

دېگەن خەتنى يېزىپ، ئۆزىنىڭ قىيالماسلىق، تەۋەززۇلۇق ھېسسىياتىنى ئىپادىلىدى. بۇ جەھەتتە مەھمۇت مۇھىتى تارىختا ئۆتكەن بىر قىسىم قوزغىلاڭ رەھبەرلىرىگە ئوخشاش ئۆز ئارا ھوقۇق، ئىمتىياز تالىشىپ، ئىتتىپاقسىزلىق تۇغدۇرۇپ، ئىنقىلابنى زىيانغا ئۇچراتمىدىغان، قەبىھ ئۇسۇللار بىلەن بىر - بىرىنى قەستلەيدىغان ئىشلارغا روشەن سېلىشتۇرما بولغان ھالدا تارىختا سەمىمىي، سادىق بىر سىمانى قالدۇرۇپ كەتتى. بۇنى قوزغىلاڭنىڭ بىر غەلىبىسى دېيىشكە بولىدۇ. لېكىن، دەل مۇشۇ سەمىمىي سادىقلىق، كەڭ قورساقلىق قوزغىلاڭغا ئاز بولمىغان زىيانلارنىمۇ ئېلىپ كەلدى. ما جۇڭيىڭ ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى چوڭ - كىچىك قوماندانلار تۇرپان - قۇمۇل قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ مۇشۇ خىل خاراكتېرىدىن پايدىلىنىپ، قوزغىلاڭنىڭ غەلىبە مېۋىسىنى كۆپ قېتىم تارتىۋالدى. نۇرغۇن باھادىر ئەزىمەتلەرنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەبچى بولدى. مەككارلىق، ۋاپاسىزلىق قىلىپ، ھىيلە - نەيرەڭ، كۆز بويامچىلىق ئىشلىتىپ، قوزغىلاڭچىلارنى تالاي قېتىم ئالدىدى، ھەتتا قىلچە تەپ تارتماستىن، ئۇرۇشتا كەينىدە، ئولجىدا ئالدىدا يۈرۈپ، بىر يولىلا قوزغىلاڭنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالدى. قوزغىلاڭچىلارغا ئۆزلىرى خالىغانچە شىجاڭ،

---

① ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر «ئويغانغان زېمىن»، 2 - قىسىم، 436 - بەت.

تۇەنجاڭ، لۈيجاڭ دېگەندەك ئەمەللەرنى بېرىپ، بۇيرۇقۋازلىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ بۇرنىدىن يېتىلىمەكچى بولدى. گەرچە ئەڭ ئاخىرىدا قاچقۇن ما جۇڭيىڭ يەنىلا مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئالدامچىلىقى تۇرپان - قۇمۇل قوزغىلاڭچىلىرىغا تەسۋىرلىگۈسىز زور زىيانلارنى ئېلىپ كەلدى.

مەھمۇت مۇھىتى ئىنتايىن قورقۇمسىز، باتۇر، قەھرىلىك كىشى بولۇپ، ئۆزى باش قوماندان بولۇشىغا قارىماي، ھەر قانداق جەڭدە ئات چاپتۇرۇپ، ماۋزورىنى ئوينىتىپ، سەپنىڭ ئالدىدا ماڭغان. قوزغىلاڭنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە قورالنى ھاياتىدا تۇنجى قېتىم كۆرگەن بىر قىسىم كىشىلەر ئوق ئېتىلغاندا چۆچۈپ كېتىپ، دەرھال بېشىنى پەس قىلىپ مۆكۈۋالىدىغان كۈلكىلىك ئەھۋاللارنى سادىر قىلغان. بۇ چاغدا مەھمۇت مۇھىتى پىدائىيلارغا: «ئوق دېگەن سەن مۆكۈپ بولغۇچە تېگىپ بولىدۇ، شۇڭا ئورۇننى، شارائىتنى ياخشى ئىگىلەپ، يۈرەكنى پۈتۈن تۇتۇپ، قورقماي جەڭ قىلىش كېرەك، قانچە قورقساڭ، ئەجەل شۇنچە ئەگىيدۇ» دەپ پىدائىيلارنى قايىل قىلغان ۋە ئۆزى ئۈلگە بولۇپ، ھەر قانداق ئۇرۇشتا ئالدىدا تۇرۇپ، قەھرىمانلىق كۆرسەتكەن. شۇڭا، ئۇنىڭ ئاق بوز ئاتقا مىنىپ تۇرغان ھەيۋەتلىك تۇرقى، بوم ئاۋازى بىلەن ھۆررا توۋلاپ، قىلىچ ياكى ماۋزورىنى ئوينىتىپ، ھۇجۇمغا ئۆتكەن جەسۇرانە ھالىتى دۈشمەنلەرنى داۋاملىق ساراسىمىگە سېلىپ كەلگەن. مەھمۇت مۇھىتىنىڭ نامى تىللاردا داستان بولۇپ، پىدائىيلار ئىچىدە مۇتلەق نوپۇزغا، ھۆرمەتكە ئىگە بولغان. بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭ ھەققىدە سەيپىدىن ئەزىزى ئۆزىنىڭ «ئۆمۈر داستانى» ناملىق ئەسلىمىسىنىڭ 1 - قىسىم 212 - بېتىدە مۇنداق يازىدۇ: «قۇمۇلدا قوزغالغان ۋە تۇرپاندا ئاۋاز قوشۇشقا ئېرىشكەن يۇقىرىقى قوزغىلاڭ شىنجاڭنىڭ شەرقىي قىسمىغا يېيىلىپ، جىن شۇرېن مۇستەبىت ھاكىمىيىتىگە ھەممىدىن

بۇرۇن ۋە ئەڭ قاقشاتقۇچ زەربە بەرگەن شىددەتلىك خەلق قوزغىلىڭى ئىدى. ئۇ شىنجاڭنىڭ دېھقانلار ئىنقىلابى تارىخىدا تەركىبىنىڭ ساپلىقى، ئۆزى دۇچ كەلگەن ۋەزىيەتنىڭ مۇرەككەپلىكى، شارائىتىنىڭ ئېغىرلىقى، يەككە - يېگانە تۇرۇپ، كۈچلۈك مەدەت يوق ئەھۋال ئاستىدىمۇ ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە كۈچلۈك، جەڭگىۋار ھەر خىل دۈشمەنلەرگە ئۈنۈملۈك زەربە بېرەلىگەنلىكى، ئاممىۋى ئاساسىنىڭ كەڭلىكى ۋە ئومۇمىيلىقى قاتارلىق جەھەتلەردە مەڭگۈ ئۇنتۇلمايدىغان پارلاق سەھىپە ياراتتى. ئۇ ئۆز كۆلىمىنىڭ ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى ھەرقانداق قوزغىلاڭلاردىن كەڭلىكى، ئوخشاش مەقسەت، بىر نىشان ئۈچۈن تىرىشىش شوئارىنىڭ بىردەكلىكى، رەھبەرلىك قاتلىمىنىڭ شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدە شەرتسىز ئېتىراپ قىلىنىشى بىلەنمۇ رەت قىلغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە ئۇلۇغلىنىشقا تېگىشلىك. گەرچە ئۇمۇ دېھقانلار ھەرىكىتىنىڭ جىمىكى ئاجىزلىقلىرىدىن خالىي بولالمىغان ۋە شۇ سەۋەبتىن ئۆزىنىڭ شانلىق غەلىبىسىنى پۇرسەتپەرەس سىياسىي ھايانكەشلەرگە تارتتۇرۇپ قويغان بولسىمۇ، لېكىن، ئۇ ھېچكىم، ھېچقاچان، ھېچقانداق قىلىپ تارتىۋالالمايدىغان بىر مۆجىزىلىك ھەقىقەتنى قالدۇرۇپ كەتتى. سانسىزلىغان قوزغىلاڭچىلارنىڭ (بىرمۇنچە رەھبەرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان) ئىسسىق قانلىرى بەدىلىگە كەلگەن بۇ ھەقىقەت شۇكى، ئۇ شىنجاڭنىڭ ئۆزىدىن كېيىنكى كەلگۈسىنى كۆرسىتىپ بەردى، خەلقنىڭ كۈچىنى نامايىش قىلدى، شۇنداقلا خەلققە دۈشمەننىڭ كىملىكىنى، بۇ دۈشمەنگە قانداق تاقابىل تۇرۇش كېرەكلىكىنى ئۆگىتىپ، ئاچچىق ساۋاق بەردى. دۈشمەنلەر بۇ قوزغىلاڭدىن قورققانىدى، كېيىن ئۇنى قانلىق باستۇردى، يەنە شۇنداق قوزغىلاڭ چىقمىسۇن، دەپ مىنۇت - سېكۇنت پەخەس بولۇپ، ھەرقانداق كىچىك دەرىجىدىكى پىكرەن قوغىلاڭنىمۇ تەقىپ

قىلدى. بۇنىڭ بەدىلىگە ئۇلار نېمىگە ئېرىشتى؟ ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان بولسىمۇ بىرەر دەقىقە خاتىرجەم، بەخىرامان ياشاشتىن مەھرۇم بولۇپ، دەككە - دۈككە ئىچىدە ياشىدى، ئاخىرى قوزغىلاڭچىلار ئارزۇ قىلغاندەك ئاقىۋەتكە — ئۇزۇل - كېسىل گۇمران بولۇش قىسمىتىگە دۇچار بولدى. خەلق قوزغىلاڭچىلىرى تارىخ بەتلىرىدە، ئەۋلادلىرىنىڭ خاتىرىسىدە تۆردىن پەخرىي ئورۇن ئېلىپ ياشىغان، رەھبەرلىرىنىڭ ئۇنداق ياكى مۇنداق سەۋەنلىكلىرى سېخىيلارچە كەچۈرۈم قىلىنىپ، يەنىلا ھۆرمەتلەنگەن ۋە ئۇنتۇلمىغان بولسا، دۈشمەنلىرى ئاللىبۇرۇن تارىخىي چىركىن قاتارىدا ئەبەدىي لەنەتكە مەھكۇم بولدى.

1934 - يىلىنىڭ يېزىدا قەشقەر تىنچلاندى، ھەربىي، مەمۇرىيەت ئورۇنلىرى تەرتىپكە سېلىندى. ئەمدى قەشقەردە ئىقتىسادىي، مەدەنىي - مائارىپ ئىشلىرىغا تۇتۇش قىلىندى. مەھمۇت شىجاڭ تۈركىيىدىن كەلگەن بىر نەچچە ئەپەندىلەر ئارقىلىق مائارىپ ھەرىكىتىنى باشلىۋەتتى. بۇ ھەرىكەتنىڭ بايراقدارى تۈركىيىدە ئوقۇپ كەلگەن مەرىپەتپەرۋەر زات مەمتىلى ئەپەندى[1] بولۇپ، ئۇنىڭ باشچىلىقىدا ئېلىپ بېرىلغان، ئاتۇشنى ئاساس قىلغان زور كۆلەمدىكى، داغدۇغىلىق مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتىنى مەھمۇت مۇھىتى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللىغان، ياردەم بەرگەن، ئۇلارنىڭ مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتى ئۈچۈن نۇرغۇن پايدىلىق شارائىتلارنى يارىتىپ بەرگەن. مەمتىلى

① تەخەللۇسى تەۋپىق، 1901 - يىلى ئاتۇشنىڭ بۇيامەت كەنتىدە توختاجى ئىسىملىك تېۋىپ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. بالىلىق چاغلىرىدا ئۆز يېزىسىدا ئېچىلغان يېڭىچە پەننىي مەكتەپلەردە ئوقۇغان. 1920 - يىلى يۇرتىدىن ئايرىلىپ، بورتالا، چۆچەك قاتارلىق جايلارغا بېرىپ تىرىكچىلىك قىلغان. 1926 - يىلى چېگرىدىن ئۆتۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەمەي، تاشكەنت شەھەرلىرىگە بېرىپ، تىرىكچىلىك ۋە ئوقۇش بىلەن مەشغۇل بولغان. 1928- يىلى تۈركىيىگە كېلىپ، ئىستانبولدىكى بىر دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىدە ئوقۇغان. 1934 - يىلى قەشقەرگە قايتىپ كېلىپ مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللانغان ۋە ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنىڭ بايراقدارىغا ئايلانغان. 1937 - يىلى 30- ماي كۈنى قەشقەر ياۋاغ تۈرمىسىدە كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈلگەن.

ئەپەندىنىڭ يېڭى مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتى باشلانغاندىن كېيىن مۇتەئەسسىپ روھانىيلار بۇ ھەرىكەتكە ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن قارشى تۇرغان، زىيانكەشلىك قىلغان. مۇشۇنداق ئەھۋالدا مەمتىلى ئەپەندى ئوقۇغۇچىلىرىنى باشلاپ، قەشقەر شەھىرىگە بېرىپ، ئەينى ۋاقىتتىكى قەشقەرنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي رەھبىرى مەھمۇت شىجاڭدىن ياردەم سورىغان. بۇ ھەقتە سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ «ئۆمۈر داستانى» ناملىق كىتابىنىڭ 1 ـ قىسمىدا مۇنداق بايانلار بار: «شۇ ئەھۋالدا، مەمتىلى ئەپەندى مەھمۇت شىجاڭغا ئەھۋالدىن دوكلات بېرىش ئۈچۈن، بىزگە ئوقۇغۇچىلارنى ئېلىپ قەشقەر شەھىرىگە بېرىشنى خەۋەر قىلدى. مەھمۇت شىجاڭنىڭ: ‹كەلمەي تۇرۇڭلار› دېگەن جاۋابىغا قارىماي، ئوقۇشنى توختىتىپ قويۇپ، بىر ھەپتە تەييارلىق قىلدۇق. تەييارلىق: شېئىر، ناخشا ئۆگىنىش، مەشكە مېڭىشنى ئۆگىنىش، يېڭى كىيىم تىككۈزۈش (ئوخشاش كىيىم)، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئىككى كىشىلىك، بىر كۆرۈنۈشلۈك شىكايەتنامە تەييارلاش بولدى. كۈنلۈك مەشغۇلاتىمىز، سىنىپتا شېئىر ئۆگىنىش، تاشقىرىغا چىقىپ مېڭىش ـ تۇرۇشنى مەشىق قىلىش بولدى. قىسقىسى، قاتىلاڭ ھەرىكەت بىلەن بىر جەڭگىۋار تەشۋىقاتچى ئەترەت تەييارلاندى. بىر ھەپتىگە يەتمەي بۇ تەييارلىقىمىزمۇ پۈتۈپ، بىز شەھەرگە قاراپ يولغا چىقتۇق. بىز يولغا چىققاندا، يۇرتتىكى چوڭ ـ كىچىك، ئەر ـ ئايال يىغىلىپ ئۇزاتتى. كىشىلەردە بەك ھاياجانلىنىش كەيپىياتى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بىزنىڭ ئەترىتىمىز راستىنلا كىشىنى ھاياجانلاندۇرغۇدەك، روھلاندۇرغۇدەك ھەيۋەتلىك ئىدى. تۆتتىن بولۇپ تىزىلغان ئۇزۇن ئەترەتنىڭ ئالدىدا بىر بالا مەشئەل سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن، ‹ئىزچىلار› دەپ خەت يېزىلغان قىزىل بايراقنى كۆتۈرۈپ ماڭدى. ئۇنىڭ كەينىدە ئىككى چوڭ، ئىككى كىچىك دۇمباق، ئىككى سۇناي، بىر نەيلىك سازچىلار مارش

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاھاڭغا ئەتراپنى ياڭرىتىپ چېلىپ ماڭدى. كىيىملىرىمىزمۇ ماش رەڭ چەكمەندىن تىكىلگەن، قايرىما ياقىلىق، ئىككى يانچۇقلۇق كۆڭلەك، بېلىمىزدە تاسما كەمەر، شالۋۇرىمۇ شۇ رەڭدە، بېشىمىزدىمۇ شۇ رەڭدىكى قۇلىقى ئۈستىگە قايرىلغان، چېكىلىكلىك شەپكە بار ئىدى. سول قولىمىزدا بىر دەپتەر، قېرىنداش، ئوڭ قولىمىزدا ئىزچىلار كالتىكى دەپ ئاتالغان نوغۇچتەك چىرايلىق ياسالغان كالتەك كۆتۈرگەنىدۇق. يەڭلىرىمىز تۈرۈلگەن، بېشىمىز ئېگىز كۆتۈرۈلگەن، مەيدىمىزنى كېرىپ، ھەربىيلەرچە ھەيۋەت بىلەن شېئىر ئېيتىپ مارشقا ماڭىمىز. ئۆزىمىزگە ئۆزىمىزنىڭمۇ زوقىمىز كېلىدۇ. دىلىمىزدا ياش باللاردا بولىدىغان مەغرۇرلۇق ھېسسىياتى ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. تەڭ ئاۋاز بىلەن قەدىمىمىزگە كېلىشتۈرۈپ مۇنۇ شېئىرنى ئوقۇيمىز:

بىز ئىزچىلارمىز قوللىرىمىز گاڭ،
كۆزىمىز نۇرلۇق، قەلبىمىز ساغلام.
خەلق يولىدا ئالغا باسىمىز،
دۈشمەنگە قارشى ساقلاپ ئىنتىقام.
ئۆگەن تىرىشىپ ياش ئىزچى باللا،
ۋەتەن، مىللەت غېمىدە قاينار ۋىجدانلار.

ئۇزۇن ۋاقىت بىز زالىم قولىدا،
ئىشلىيەلمىدۇق خەلق يولىدا.
قۇللۇق ئورنىدىن ئەمدى دەس تۇردۇق،
ئالغا ئۆرلەيمىز ئېرپان نۇرىدا.
ئۆگەن تىرىشىپ ياش ئىزچى باللا،
ۋەتەن، مىللەت غېمىدە قاينار ۋىجدانلار.

ئۆسكەن يۇرتىمىز قانلىق شىغىل تاش،
ۋەتەن يولىدا پىدادۇر بۇ باش.
ماڭغان يولىمىز نىجاتلىق يولى،
قايتما بۇ يولدىن ئىنزچى قېرىنداش.
ئۆگەن تىرىشىپ ياش ئىنزچى باللا،
ۋەتەن، مىللەت غېمىدە قايىنار ۋىجدانلار.

شۇنداق قىلىپ مۇشۇ شەكىلدە كوچىدىن چاڭ چىقىرىپ يۇرتتىن چىقىپ، قومال تاغقا قاراپ كۆتۈرۈلدۇق. مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئۆزى بايراقتىن كېيىنرەك ئەترەتكە ياندىشىپ ماڭاتتى. مەن ئەترەتنىڭ ئوتتۇرىسىدىراق يانداپ، شېئىرگە باشلامچىلىق قىلىپ ھەم «بىر - ئىككى - ئۈچ» دەپ ئاياغلارنى تەڭشەپ ماڭدىم.

بىز چۆللەردە ئىختىيارىيراق، يۇرتقا كىرگەندە يەنە ھېلىقى ھەيۋىتىمىز بىلەن ماڭىمىز، شۇنداق قىلىپ بەشكېرەم ئاۋاتتىن ئۆتۈپ، كەچقۇرۇنلۇقى ئاپاق غوجامغا كېلىپ توختىدۇق. ئۇ يەردە ھېلىقى مەجىددىن ئەپەندى بىلەن مەھمۇت شىجاڭنىڭ ئىككى - ئۈچ كادىرى بىزنى كۈتۈپ تۇرۇپتىكەن. ئۇلار مەمتىلى ئەپەندىگە شەھەرگە كىرمەي، مۇشۇ يەردىن قايتىپ كېتىشكە نەسىھەت قىپتۇ. بۇ مەھمۇت شىجاڭنىڭ پىكرى ئىمىش، نېمە ئۈچۈن قايتىشقا تەكلىپ بەرگەنلىكىنى مەن ئۇقمىدىم، لېكىن مەمتىلى ئەپەندى ئۇنىماپتۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە، ئۇلارنىڭ توسىشىغا قارىماي شەھەرگە قاراپ ماڭدۇق. يەنە تۇنۇگۈنكىدەك تىزىلىپ، تېخىمۇ غەيرەت بىلەن، تېخىمۇ ھەيۋەت بىلەن ماڭدۇق. بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن، شەھەردىن چىققان بىر قىسىم ئاتلىق ئەسكەرلەر بىزنى توختاتتى. بۇلارنىڭ ئالدىدا كېلىۋاتقان بىر ھەربىي ئەمەلدار ئاتتىن چۈشۈپ، مەمتىلى ئەپەندى بىلەن بىر ئاز سۆزلەشكەندىن كېيىن، ئەسكەرلەرنىڭ بىر

قىسمى ئالدىمىزغا تىزىلدى، بىر قىسمى ئىككى يېنىمىزغا قاتار تىزىلدى، ھېلىقى ئەمەلدار ئالدىمىزدىكى ئەسكەرلەرنىڭ ئەڭ ئالدىدا ماڭدى. بىزنىڭ توسقانغا ئۇنىماي مېڭىۋەرگەنلىكىمىزدىن خەۋەر تاپقان مەھمۇت شىجاڭ بۇلارنى بىزنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن چىقارغانىكەن. ئەمدى بىز مەھمۇت شىجاڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ھىمايىسىدە ئىلگىرىلىدۇق. بىزنىڭ بېشىمىز ئاسمانغا يەتتى، ئەندىشىلىرىمىز تۈگىدى. ئاۋازلىرىمىزنىڭ پۈتكىنىگە قارىماي، توختىماي شېئىر ئوقۇپ، مەزمۇت دەسسەپ شەھەرگە كىردۇق. ئۇ كۈنى شەھەر ئىچى گويا بىر بايرام بولغاندەك تۇس ئېلىپ كەتتى. بىز تۆشۈك دەرۋازىسىدىن كىرىپ تا مەھمۇت شىجاڭ تۇرغان جايغا بارغۇچە، يولنىڭ ئىككى چېتىدە تىقما - تىقماق ئادەم بىزگە قاراپ تۇرۇشتى. ئەمدى ئالدىمىزدا ھەربىي كاناي - دۇمباقچىلار ماڭدى. ئۇلارنىڭ ئاۋازى بىزنىڭ سۇناي - دۇمباقلىرىمىزنى بېسىپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ، شەھەرنى زىلزىلىگە سېلىپ يېڭى دەرۋازىغا بارغىنىمىزدا مەھمۇت شىجاڭنىڭ سىلىڭبۇسىدا، دەرۋازا تېشىدىكى مەيداندىن تارتىپ تا ئىچكى ھويلىغىچە قاتار تىزىلغان مىلتىقلىق ئەسكەرلەر بىزنى قارشى ئالدى. خۇشلۇقىمىز بارغانچە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. كېيىن، ھەربىي كاناي - دۇمباقچىلار دەرۋازا تۈۋىدە چەتكە چىقىپ توختىدى. بىز ئالدىمىزدىكى دۇمباق، سۇناي ئاۋازىغا تەڭكەش قىلىپ، ئۈنىمىزنىڭ بارىچە ۋارقىراپ شېئىر ئېيتىپ، سىلىڭبۇنى ياڭرىتىپ، ئىچكىرى ھويلىغا كىردۇق. بۇ يەردە مەھمۇت شىجاڭ ئۆزىنىڭ بىرمۇنچە ئەمەلدارلىرى بىلەن تۇرغانىكەن، ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ توختىدۇق. ئۇ بىزنى بەك قىزغىن قارشى ئالدى. ھويلىنىڭ ئۆزىمۇ بىر دەمدىلا تەنتەنىلىك قارشى ئېلىش مەيدانىغا ئايلىنىپ كەتتى. ھويلىنىڭ بىر چېتىدىرەك بىر ئۇستى يېپىق سۇپا بار ئىكەن، مەھمۇت شىجاڭ شۇ يەرگە چىقىپ بىزنى قارشى ئېلىپ قىسقىچە سۆز قىلدى،

ئۇ بەك هاياجان بىلەن سۆزلىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك، سۆزلىرى ئانچە رەتلىك بولمىسىمۇ، لېكىن قارشى ئېلىش روھى بەك قىزغىن ئىدى. ئۇنىڭ بىزنى قوللىغانلىقى بىزنى ناھايىتى خۇش قىلىۋەتتى. لېكىن، ئۇنىڭ بۇ سۆزىدىكى قوللىشى تېخى يېتەرلىك ئەمەس ئىدى. مەمتىلى ئەپەندىنىڭ پىلانىچە، بىز ئۇنىڭ تولۇق قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك ئىدى. مەھمۇت شىجاڭ سۆزلەپ بولۇپ چۈشكەندىن كېيىن، مەمتىلى ئەپەندى دوكلات تەرىقىسىدە قىسقىچە سۆزلىدى. ئۇ: «بىزنىڭ يوللىرىمىزنى جاھىللار توسماقتا، بىزگە ياردەم كېرەك» دەپ ئاخىرىدا ئۆزى يازغان تۆۋەندىكى شېئىرىنى چوڭ ماھارەت بىلەن دېكلاماتسىيە قىلدى:

ئەي ئانا يەر، كۆزلىرىڭدە ئۇمىد پارلار ھەر زامان،
ئۈستۈڭدىدۇر گاھى تۇتۇق، گاھى روشەن كۆك ئاسمان.

ئۆتتى تارىخ، ئۆتتى يىللار، ئىستىبداتلار ئۆتتى كۆپ،
جەڭ ـ چېلىشلار يالقۇنىدا چىقتى سانسىز قەھرىمان.

ئەي ئانا يەر، پاك مۇقەددەس سەندە بىزنىڭ جانىمىز،
سۆيگۈ ـ مېھرىڭ ۋە سۈتۈڭدىن پۈتتى بىزنىڭ قانىمىز.

جان تىكىپ چۈشتۇق كۈرەشكە ئىلىم ـ ئېرپان يولىدا،
ئاھ! لېكىن جاھىل گۇرۇھ بىزنى يوقاتماق كويىدا.

بەلنى باغلاپ توختىماستىن باسىمىز مەزمۇت قەدەم،
ئەمما بىزگە باشپاناھدىن بەكمۇ لازىمدۇر ياردەم.

مەمتىلى ئەپەندى دېكلاماتسىيىسىنى شۇنداق جانلىق ھەم

ياخشى ئېيتتىكى، پۈتۈن ھويلىدا ئولتۇرغانلارنى ھاياجانغا كەلتۈرۈۋەتتى، شۇ يەردە تۇرغانلار ئۇزاق چاۋاك چېلىشتى. بەزىلەر كۆز ياشلىرىنىمۇ سۈرتۈشتى. مەمتىلى ئەپەندى سۇپىدىن چۈشكەندە، مەھمۇت شىجاڭ ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، ئاندىن ئولتۇرغۇزدى. كىشىلەردە شۇنداق بىر خۇشاللىق كەيپىيات پەيدا بولدىكى، ئۇلارنىڭ بۇ مەكتەپ ھەرىكىتىگە توسقۇنلۇق قىلغۇچىلارنى تىتىۋەتكۈسى كېلەتتى. كىشىلەرنىڭ مەمتىلى ئەپەندىگە، بىزگە بولغان زوقى، سۆيۈنۈشى تېخىمۇ ئاشتى.

ئەمدى بىزنىڭ ئىككى كىشىلىك ئويۇنىمىز باشلاندى. بۇنى ئويۇن دېسىمۇ، بىر - بىرى بىلەن تالاشقان ئىككى كىشىلىك سۆھبەت دېسىمۇ بولاتتى. ھەرىكەتلىرىمىز، سۆز ئاھاڭلىرىمىز ئارتىسقا ئوخشايتتى. ئەگەر ئويۇن دېيىشكە توغرا كەلسە، بۇ مېنىڭ بىرىنچى قېتىم سەھنىگە چىقىشىم، ئەگەر نۇتۇق دېيىشكە توغرا كەلسە، بۇ مېنىڭ مۇشۇنداق سەھنىدە بىرىنچى قېتىم سۆزلىشىم ئىدى.

مۇھەممەت ھۇسەيىن دېگەن ساۋاقدىشىمىز سەھنىگە چىقىپ سۆز باشلىدى. ئۇ ئاتۇشتىكى مەكتەپ ھەرىكىتى، مۇئەللىملەر يېتىشتۈرۈش كۇرسىنىڭ ئۇتۇقلىرى، يۇرت - يۇرتتا مەكتەپلەر سېلىنىۋاتقانلىقى ۋە يېڭى ئىلىم - ئېرپان يولىنىڭ ئېچىلغانلىقى توغرىسىدا تەنتەنىلىك سۆزلەپ كېلىپ: «بىز ئاتلاندۇق، بىز قولىمىزغا قەلەم - كىتاب ئالدۇق، ئىلىم - مەرىپەت يولىغا قەدەم تاشلىدۇق. يولىمىز پارلاق. . . » دېگەندە مەن ئوقۇغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىن قوپۇپ: «توختا ساۋاقداش! » دەپ قولۇمنى كۆتۈردۈم، ھەممە ئادەم ھەيرانلىق بىلەن ماڭا قارىدى.

مەن ھەربىيلەرچە قەدەم تاشلاپ، يەنە قولۇمدا قەلەم - دەپتەر ۋە ئىزچى كالتىكى بىلەن سەھنىگە چىقتىم. چىقىپ مۇھەممەت ھۇسەيىنگە: «سىنىڭ ئاۋۋالقى سۆزلىرىڭنىڭ

ھەممىسى ياخشى، لېكىن ئاخىرقى سۆزلىرىڭگە قوشۇلمايمەن»
دېدىم. خەقلەر ھەيران قېلىپ ماڭا قاراشتى. ئۇنىڭدىن كېيىن
مەن ئۇ ساۋاقداشنى بىر چەتكە ئىتتىرىپ سۆز باشلىدىم:

— راست، بىز ئۇلۇغ قەدەم باشلىدۇق. ئىلىم - مەرىپەت، مائارىپ ئىشى ئۈچۈن باتۇر قەدەملەر تاشلىدۇق. پۈتۈن خەلق، ئاتا - ئانىلار، بالىلارنىڭ ھەممىسى بىزنى قوللايدۇ. بىز مۇشۇنداق شانلىق قەدەملەر بىلەن ئىلگىرىلەۋاتقاندا، بىر قىسىم مۇتەئەسسىپلەر قويغا ئېتىلغان بۆرىدەك بىزگە ھۇجۇم قىلماقتا، بىزنى تىللاپ ئۇرماقتا، ھاقارەت قىلىپ يوللىرىمىزغا تاشلار ئاتماقتا. بىزنىڭ ھاياتىمىز خەۋپكە ئۇچرىماقتا، يولىمىز توسىلىپ قالغىلىۋاتىدۇ. ئۇلار بىزنى ئۆلتۈرۈشى مۇمكىن، مەكتەپلىرىمىزگە ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈشى مۇمكىن. بىز يولىمىزدىن ھەرگىز يانمايمىز، لېكىن بىزگە ياردەم كېرەك. . .

سۆزۈم مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، مەھمۇت شىجاڭ غەزەپ بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ۋە: «قانداق نېمىلەر ئۇ سىلەرگە قارشىلىق قىلىدىغان؟ » دەپ ۋارقىرىدى. مەن ئۇنىڭغا جاۋابەن سۆزۈمنى داۋام قىلدۇردۇم:

— بىر قىسىم قازى ھاجىم، مۇپتى ئاخۇنۇم، بەگ - بايلار، يوغان قورساق هارام تاماقلار، خەلقنىڭ قېنىنى شورايدىغان مۇشتۇمزورلار. ئۇلار بىزنى دەھرىي، كالتە قۇيرۇقلار، دىنىمىزنى بۇزۇۋاتىدۇ، دەيدۇ. بۇ بىزگە بوھتان، بىز دىنىمىزنى بۇزغىنىمىز يوق، بىز مۇقەددەس ئىسلام دىنىمىزنى قوغدايمىز. بىز پەيغەمبىرىمىزنىڭ «ھەممە ئەر - ئايال مۇسۇلمانلارغا ئىلىم تەلەپ قىلماقلىق پەرزدۇر» دېگەن سۈننىتىنى ئادا قىلماقتىمىز. خەلقىمىز غەپلەتتىن ئويغىنىشى كېرەك، نادانلىقتىن قۇتۇلۇپ، ئالغا بېسىشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىلىم كېرەك، ئوقۇش كېرەك، مەكتەپ كېرەك. بىز باشلىغان ئۇلۇغ يولىمىزدا توسقۇنلۇقلارغا ئۇچرىدۇق، بىزگە

ياردەم كېرەك. ئاتىمىز مەھمۇت شىجاڭنىڭ بىزنى قوللىشىنى، بىزگە ياردەم قىلىشىنى، بىزنىڭ غالىبىيەت بىلەن ئالغا بېسىشىمىزغا مەدەت بېرىشىنى ئىلتىماس قىلىمىز!

ئولتۇرغان كۆپچىلىك بارغانچە جانلىنىشقا، بىر - بىرى بىلەن غۇلغۇلا قىلىشقا باشلىدى. ئاخىرىدا، مەن مەمتىلى ئەپەندىنىڭ بىزگە ئۆگەتكەن تۆۋەندىكى شېئىرىنى هاياجان بىلەن دېكلاماتسىيە قىلدىم:

ۋەتەن ئۈچۈن تەرەققىيات ئىزدەيمىز،
ئارزۇيىمىز - راۋاجلانسۇن مائارىپ.
جاننى پىدا قىلدۇق ئەزىز خەلققە،
بىزنىڭ يۈرەك زالىملارغا مۇخالىپ.

بولسا دەيمىز بىزدە هوقۇق - ئادالەت،
بولسا بەربات خورلاپاتلىق، جاهالەت.
شۇنىڭ ئۈچۈن ياشىسۇن بۇ ئىنقىلاب،
زاۋال تاپسۇن ناھەقچىلىق، ئىختىلاپ.

پورەكلىسۇن گۈزەل باھار گۈللىرى،
شوخ سايرىسۇن يۇرتىمىز بۇلبۇللىرى.
ئىقبال ئۈچۈن بولايلى بىز ئىتتىپاق،
جىلۋىلەنسۇن مەرىپەتنىڭ نۇرلىرى.

مەھمۇت شىجاڭ يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇ مەمتىلى ئەپەندىگە قاراپ: «ئۇ لومودىلارغا ھەرگىز يول بەرمەڭلار، مەن بىر خەت يېزىپ بېرەي، كېيىن سىزگە ئىككى مىلتىقلىق ئەسكەر بېرەي، ئەگەر يەنە قارشىلىق قىلىدىغانلار بولسا باغلاپ ماڭا ئەۋەتىپ بېرىڭلار. مەن بار ئىكەنمەن، سىلەرنىڭ مائارىپ

ئىشىڭلارغا ھېچكىم توسقۇنلۇق قىلالمايدۇ» دېدى. ئۇنىڭ ئاخىرقى سۆزى يۇقىرى ئاۋاز بىلەن بىر ئاز تىترەپ چىقتى، بۇنىڭدىن ئۇنىڭ غەزەپلەنگەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. ھەممەيلەن قىزغىن چاۋاك چالدى. بىز ئوقۇغۇچىلار قولىمىزدىكى ئىزچى كالتەكلىرىمىزنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ھېلىقى يولدا كەلگەندە ئېيتىپ كەلگەن شېئىرىمىزنى قايتا باشلىۋەتتۇق. سىلىڭبۇنىڭ ھويلىسى قىزغىن كەيپىياتقا تولدى. مەمتىلى ئەپەندى غەلىبە قازاندى، بىز غەلىبە قازاندۇق، خۇشلۇقىمىزدىن كۆزلىرىمىزدىن ياش چىقاتتى. ئىلگىرى «شەھەرگە كەلمىسەڭلارمۇ بولىدۇ» دېگەن مەھمۇت شىجاڭنىڭ بىزگە بولغان مۇھەببىتىدە تۈپتىن ئۆزگىرىش بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئىلگىرى «كەلمەڭلار» دېگىنى بىزنى قارشى ئالمايدىغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئەھۋالنىڭ بۇنچىلىك ئېغىرلىقىنى بىلمىگەنلىكىدىن ئىدى. ئۇنىڭغا ئەرز سۇنۇش مۇمكىن ئىدى، مەمتىلى ئەپەندى ئۆزى كېلىپ دوكلات قىلىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. لېكىن، بۇنداق قىلىپ ئۇتۇق قازىنىشقا بولمايتتى. مەمتىلى ئەپەندىنىڭ پىلانى ئوڭۇشلۇق چىقتى. ئۇ، ئېغىز بىلەن ئەمەس، ئەمەلىيەت بىلەن، ئاتمىش ئوقۇغۇچىنىڭ يېڭى قىياپىتى بىلەن، ئۇلارنىڭ ئاغزى بىلەن ھەم ئۇتۇقنى دوكلات قىلماقچى، ھەم توسقۇنلۇقنى يېڭىش ئۈچۈن ياردەم ئالماقچى بولغانىدى، نەتىجىسى ھەقىقەتەن بەك ئۇتۇقلۇق بولدى.

مەھمۇت شىجاڭ ھەممىمىزگە قاراپ كۈلۈپ تۇرۇپ: «بىر-ئىككى كۈن دەم ئېلىڭلار، قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئەمدى سىلەرگە ھېچكىم كاشىلا قىلالمايدۇ» دېدى، بىز يەنە چاۋاك چالدۇق. شۇنىڭ بىلەن بۈگۈنكى دوكلات يىغىنىمىز تامام بولدى.

باشتا بىز ئىشىمىز توختاپ قالارمىكىن، دەپ قورققانىدۇق، ئەمدى مەھمۇت شىجاڭنىڭ بۇيرۇق خېتى بار،

مەمتىلى ئەپەندىنى قوغدايدىغان ئىككى نەپەر قوراللىق ئەسكەرمۇ بار، بۇ بۇيرۇق بىلەن ئەسكەر بىز ئۈچۈن ناھايىتى زور كۈچ بولغاندەك تۇيۇلاتتى.

ئاتۇشقا قايتىپ ئىككى كۈندىن كېيىن مەشھەتتىكى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان قەبرىسى يېنىدىكى ئازنا مەسچىت ھويلىسىدا ئاممۇۋى يىغىن ئۆتكۈزدۇق. يىغىنغا ئاتۇشنىڭ ھەممە كەنتلىرىدىن دېگۈدەك ئاخۇنلار، بايلار، يۇرت مۆتىۋەرلىرى ۋە مەكتەپ ئاتىلار ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرى، ئۇنىڭدىن باشقا ئاددىي پۇقرالار قاتناشتى. بىر پۈتۈن ئوقۇغۇچىلار قاتناشتۇق. ئۇن مىڭغا يېقىن كىشى قاتناشقان بۇ يىغىن بەك سۈرلۈك ئېچىلدى. مەسچىتنىڭ پېشايۋىنىدا بىر مۇنچە يۇرت مۆتىۋەرلىرى تۇرۇشتى، پېشايۋاننىڭ ئالدىدا مەمتىلى ئەپەندى مىلتىقلىق ئىككى ئەسكەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا كۇلۇمسىرەپ تۇراتتى. ئۇ كۇلگەن بىلەنمۇ مەجلىسنىڭ ئومۇمىي كەيپىياتىدىكى جىددىيلىك بىلىنىپ تۇراتتى. مەمتىلى ئەپەندى ئاۋۋال مەھمۇت شىجاڭنىڭ بۇيرۇق خېتىنى ئاڭلاتتى، ئاندىن كېيىن ئۆزى قىسقىچە سۆز قىلدى. مەھمۇت شىجاڭنىڭ خېتىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مۇنداق ئىدى:

«ئاتۇشتىكى ئۆلىمايۇ ئىكرام، يۇرت كاتتىلىرىغا، جىمىكى پۇقرالارغا مەلۇم بولسۇنكى، مەمتىلى ئەپەندى باشلىق بولۇپ يېڭى مەكتەپ ئېچىش ھەرىكىتىنى باشلىغانلىقى كىشىنى خۇش قىلىدىغان ئىش، خەلقنىڭ كۆڭلىدىكى ئىش. نادانلىقتىن ئويغىنىش ۋاقتى كەلدى، دۇنيادىكى باشقا ئەللەر بىزدىن جىق ئېشىپ كەتتى. ئەمدى كۆزىمىزنى ئاچمىساق، بالىلىرىمىزنى ئوقۇتمىساق بولمايدۇ. بۇ بىز ئاتىلارنىڭ ۋەزىپىمىز. مۇنداق بىر ياخشى ئىشقا ئاڭلىساق قارشىلىق بولۇۋېتىپتۇ، ھەتتا توسقۇنلۇق، تەھدىت سېلىش، مۇئەللىملەر مەكتىپىدىكى ئوقۇغۇچىلارنى تىللاپ ـ ھاقارەتلەشلەرمۇ يۈز بېرىپتۇ. بۇنداق

ئىشلارغا يول قويغىلى بولمايدۇ. مەمتىلى ئەپەندىگە مەكتەپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ھوقۇق بېرىلدى. كىمىكى بۇ ئىشقا قارشىلىق ياكى توسقۇنلۇق قىلىدىغان بولسا، مەيلى ئۇ قانداق چوڭ ئاخۇن بولسۇن، مەيلى ئۇ قانداق بەگ - باي بولسۇن، كىم بولسا بولسۇن، ئۇنىڭغا قاتتىق جازا بېرىلىدۇ. چوڭ - كىچىك پۈتۈن خالايىقنىڭمۇ مەمتىلى ئەپەندىمگە ۋە ئۇنىڭ مەكتەپ ئىشلىرىغا ياردەم قىلىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن.

دەپ: شىجاڭ مەھمۇت مۇھىتى

بۇ خەتنىڭ قۇدرىتى، مەھمۇت مۇھىتىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن مەمتىلى ئەپەندىنىڭ يېڭى مائارىپ ھەركىتىدىكى توسالغۇلار سۈپۈرۈپ تاشلىنىپ، ئاتۇش ۋە قەشقەرلەردە مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغان.

بولۇپمۇ مەھمۇت شىجاڭ بەرگەن ئىككى قوراللىق ئەسكەر مۇھاپىزەت قىلىپ تۇرغان مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ھوقۇقى ۋە ئابرۇيى مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنى بېسىپ كەتتى. مەمتىلى ئەپەندى ھامان يۇرت - يۇرتنى ئايلىنىپ تەشۋىق قىلاتتى، ئاتىلار ھەيئىتى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، مەكتەپنى كېڭەيتىش ئىشلىرىنى توختاتمايتتى. مۇئەللىملەرنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىپ بېرەتتى.»

بۇ ھەقتە يەنە مىرەھمەت سىيىت، يالقۇن روزى ئەپەندىلەر يازغان، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن 1997 - يىلى نەشر قىلىنغان «مەمتىلى ئەپەندى» ناملىق كىتابتا مۇنداق بايانلار بار: «تەخمىنەن 1935 - يىلى ياز ئايلىرىنىڭ بىرىدە، مەمتىلى ئەپەندى مۇئاۋىن باش قوماندان مەھمۇت مۇھىتى ۋە قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مائارىپىغا مەسئۇل رەھبەرلىرىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، قىرىق نەپەر ئىزچىنى ئەگەشتۈرۈپ قەشقەر شەھىرىگە «مىللەت باغچىسى»غا ئۇل قويۇش مۇراسىمىغا

www.uyghurkitap.com

قاتنىشىش ئۈچۈن بارغان. مەمتىلى ئەپەندى ئىزچىلىرى بىلەن قەشقەر شەھىرىگە يېتىپ كەلگەندە، قەشقەر شەھەر ئىزچىلىرى ئالدىغا چىقىپ قىزغىن ھېسسىيات ۋە زور تەنتەنە بىلەن قارشى ئالغان. مەمتىلى ئەپەندىنىڭ كوماندا بېرىشى بىلەن، قىرىق نەپەر ئىزچى نەي - بارابانلارنى ياڭرىتىپ، جەڭگىۋار مارشلارنى ئوقۇپ، يەرنى تىترەتكۈدەك مەش دەسسەپ، شەھەرنىڭ ئاساسلىق رەستىلىرىنى ئايلىنىپ، ھېيتكاھ جامەسى ئالدىغا يېتىپ كەلگەندە، مىڭلىغان خەلق ئۇلارغا قاراپ ئىچى - ئىچىدىن ھەۋەسى كېلىپ، ئاپىرىن ئوقۇشقان...

مەمتىلى ئەپەندى ئىزچىلارنى نوبېشى مەكتەپكە قاراپ مېڭىشقا بۇيرۇق بېرىپ، ئۆزى سەپنىڭ ئالدىدا كەينىچىلەپ مېڭىپ، باراban چالغان پېتى، ئىزچىلارنى ناخشا توۋلىتىپ، ھېيتكاھتىن يۈرۈپ كەتكەن. خەلق ئەگىشىپ مېڭىپ، ئۇلار نوبېشى مەكتىپىنىڭ ھويلىسىغا كىرىپ كەتكەندىن كېيىن، ئاندىن قايتىپ كەتكەن...

ئۇلار شۇ كۈنى نوبېشى مەكتىپىدە قونۇپ، ئەتىسى چۈشتىن كېيىن قەشقەر شەھەر يۇمىلاق شەھەر كۆلبېشىدىكى بىر ھاۋالىق، كۆركەم باغچا ئىچىگە يېتىپ كەلگەن. بۇ يەردە مەھمۇت مۇھىتى (مەھمۇت شىجاڭ) باشلىق رەھبەرلەر، قەشقەر مائارىپىنىڭ يېتەكچىلىرى ۋە رەھبەرلىرىدىن ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم، مەجىددىن ئەپەندى، مەھمۇد نەدىم، ئەھمەد پەرد ئابباس ۋە قەشقەرنىڭ سانايىنەپىسە مۇدىرى نامان ئەپەندى قاتارلىق كىشىلەر، شۇنداقلا قەشقەر شەھىرىنىڭ ئىزچىلىرى ھەيۋەتلىك مارش سادالىرى بىلەن باغچىغا كىرىپ كەلگەن مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئىزچىلىرىنى قىزغىن قارشى ئالغان.

قارشى ئېلىش ئاياغلاشقاندىن كېيىن، زىياپەت ئۆتكۈزۈلگەن. زىياپەتتىن كېيىن، قەشقەر شەھىرىنىڭ ئىزچىلىرى بىلەن مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئىزچىلىرى قاتار تىزىلىپ

تۇرغان. «مىللەت باغچىسى»غا ئۇل بېسىش ئالدىدا، مەھمۇت مۇھىتى ھاياجان بىلەن نۇتۇق سۆزلىگەن، ئاندىن ئۆز قولى بىلەن ئۇل قويۇپ بەرگەن. ئارقىدىن باشقا رەھبەرلەر، ئۇستازلار، ئىزچىلار تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن ئۇل بېسىشقا قاتناشقان. مەھمۇت مۇھىتىنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرى تەرتىپنى ساقلىغان.

مەھمۇت مۇھىتىنىڭ باش بولۇشى بىلەن ئۇل قويۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، مەمتىلى ئەپەندى سەھنىگە چىقىپ، ئۆزىنىڭ نۇتۇق تالانتىنى تولۇق نامايان قىلىپ، ئىنتايىن ئۆتكۈر پىكىرلەرنى بايان قىلىپ، مۇراسىمغا قاتناشقان بارلىق چوڭ - كىچىكلەرنى ھاياجانغا سېلىۋەتكەن. مەھمۇت مۇھىتى بىلەن مەجىددىن ئەپەندى مەمتىلى ئەپەندىنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ: «سىز ئىسمى - جىسمىغا لايىق ۋەتەن بالىسى، كەم ئۇچرايدىغان ۋىجدان ئىگىسى، ئوت يۈرەك يىگىت، ئۆتكۈر پىكىرلىك ناتىق، بىز سىزدىن پەخىرلىنىمىز، تېخىمۇ غەيرەت بىلەن ئىشلەڭ!» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلغان...

مەمتىلى ئەپەندى 1936 - يىلى «12 - ئاپرېل» بايرىمىغا قاتنىشىش ئۈچۈن ئاتۇشتىن يەنە بىر قېتىم ئىزچىلارنى ۋە ئوقۇغۇچىلارنى قەشقەرگە ئېلىپ بارغان...

مۇئاۋىن باش قوماندان مەھمۇت مۇھىتى يۈزدەك جەڭچىنى ئەگەشتۈرۈپ ئاتۇشتىن كەلگەن ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنى كۈتۈۋالغىلى چىققان. بىر قىسىم رەھبەرلەر، ئوقۇتقۇچىلار ۋە قەشقەر شەھىرىنىڭ ئىزچىلىرىمۇ قارشى ئېلىشقا چىققان بولۇپ، ئۇلار مەمتىلى ئەپەندى باشلاپ كەلگەن ئوقۇغۇچىلار بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشكەن...

12 - ئاپرېل كۈنى تاڭ سەھەردە، بارلىق ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار ئادىتى بويىچە گىمناستىكا ئوينىغاندىن كېيىن، غىزالىنىپ، بايرام پائالىيىتى ئۆتكۈزىدىغان مەيدانغا مېڭىشنى

www.uyghurkitap.com

كۆتۈپ تۇرغان. بىرلا پۈشتەك چېلىنىشى بىلەن بارلىق ئوقۇغۇچىلار سەپكە تىزىلغان. يەنە بىرلا كوماندا بىلەن بارلىق ئوقۇغۇچىلار نەي - بارابانلىرىنى ياڭرىتىپ، قىزىل مەيدانغا قاراپ ئاتلانغان. «12 - ئاپرېل» بايرىمى قەشقەر شەھىرىدىن يېڭىشەھەرگە چىقىدىغان يولنىڭ شەرق تەرىپىدىكى قىزىل مەيداندا ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقى ئۈچۈن، مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان شەھەر ئاھالىسى ۋە ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار بايراملىق كىيىملىرىنى كىيىشىپ، رەستە - رەستىلەردە دولقۇنلاپ ئېقىپ، گويا ئەزىم دەريادەك قىزىل مەيدانغا قاراپ ئاققان. ئاستىن ئاتۇش، ئۈستۈن ئاتۇش ۋە قەشقەر تەۋەسىدىكى مەكتەپلەردىن كەلگەن مىڭلىغان ئوقۇغۇچىلار بەس - بەس بىلەن ناخشا ئوقۇپ، تولۇپ - تاشقان قىزغىنلىق ۋە كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن تېخىمۇ ھەيۋەتلىك مەنزىرە پەيدا قىلغان. مەمتىلى ئەپەندى ھەر يۈز ئوقۇغۇچى ئارىلىقىغا ئىككىدىن بارابانچى ئورۇنلاشتۇرغان. ئوقۇغۇچىلار باراban ئاۋازىغا كەلتۈرۈپ تەكشى قەدەم تاشلاپ، خۇددى مۇنتىزىم ھەربىيلەردەك ماڭغان. ئۈچىسىغا بەقەسەم تون، بېشىغا قەشقەرنىڭ بادام دوپپىسىنى كىيگەن، يۈزىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان، پەرىشتىدەك پاكىز مويسىپىتلار، ئۈچىسىغا خاڭدەن تاۋاردا ئۈزۈن ۋە كالتا نىمچە كىيگەن، يۈزىگە چۈمبەل تارتىپ، ئاق پەرەنجىگە ئورىنىۋالغان ئاياللار ئوغۇل - قىزلىرىنى ئېلىشىپ، كۆركەم زىننەتلەنگەن مەپە - ھارۋىلارغا ئولتۇرۇشۇپ، رەت - رەت سەپ بولۇپ، جاراڭلىق ناخشا - مارشلارنى ئوقۇپ، نەي - بارابانلارنى ياڭرىتىپ كېتىۋاتقان ئوقۇغۇچىلارغا قاراپ زوقلانغان، مەھمۇت مۇھىتىنىڭ «ئاچىل - ئاچىل گۈل ئاچىل» دېگەن جەڭ ناخشىسىنى ئوقۇپ كېتىۋاتقان ئاتلىق، پىيادە مىللىي قىسىم جەڭچىلىرىگە قاراپ چەكسىز ئىپتىخارلانغان. تارىخنىڭ تۈگىمەس قىسمەتلىرىدە تالاي قېتىم تاسقىلىپ خانىۋەيران قىلىۋېتىلگەن، كۆرمىگەن كۈنلىرى

قالمىغان بۇ خەلق كۆز ئالدىدىكى جانلانغان بۇ مەنزىرىگە قاراپ، «خەلقنىڭ ئارمىيىسى بولمىسا، خەلقنىڭ ھېچ نەرسىسى بولمايدۇ» دېگەن بۇ ھەقىقەتنى چوڭقۇر ھېس قىلغان.

ھەممەيلەن جاي - جايىغا بېرىپ، ئولتۇرىدىغانلار ئولتۇرۇشۇپ، ئۆرە تۇرىدىغانلار ئۆرە تۇرۇشۇپ، رەڭگارەڭ بايراقلار لەپىلدەپ تۇرغان بايرام مۇنبىرىگە قاراپ تۇرۇشقان.

يىغىن باشقۇرغۇچى كاناي بىلەن بايرام مۇنبىرىدىن ئورۇن ئالىدىغانلارنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئېلان قىلغان. شۇنىڭ بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭ گارنىزونىنىڭ قوماندانى مەھمۇت مۇھىتى باشلىق ھەربىي ئەمەلدارلار، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ رەھبەرلىرى، مائارىپ رەھبەرلىرى، دىنىي زاتلار ۋە ھەر ساھە ۋەكىللىرى ئون مىڭلىغان ئاممىنىڭ قىزغىن ئالقىش ساداسى ئىچىدە بايرام مۇنبىرىدىن ئورۇن ئالغان.

يىغىن باشقۇرغۇچى يىغىننىڭ كۇنتەرتىپىنى ئېلان قىلغان. مەھمۇت مۇھىتى ئاممىنىڭ ئالقىش ساداسى ئىچىدە سۆزگە چىققان. ئۇنىڭ سۆزى ئاممىنىڭ كەيپىياتىنى تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە چىقارغان.

«ياشىسۇن قۇمۇل دېھقانلار ھەرىكىتىنىڭ شانلىق غەلىبىسى!»، «ياشىسۇن باتۇر، كۈرەشچان خەلقىمىز!»، «ياشىسۇن ۋە پارلانسۇن يېڭىچە مائارىپ - مەكتەپلىرىمىز!» دېگەنگە ئوخشاش شوئارلار پۈتۈن مەيداننى قاپلىغان.

مەھمۇت مۇھىتىنىڭ نۇتقى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، يىغىننىڭ كۇنتەرتىپى بويىچە ھەر ساھەنىڭ ۋەكىللىرى سۆزگە چىققان. ئاتۇش ئىزچى - ئوقۇغۇچىلىرى ۋەكىلى ئابدۇلۋارىس بايرام مۇنبىرىگە چىقىپ، مەمتىلى ئەپەندى يېزىپ ئۆگەتكەن مۇنۇ ئىككى كۇپلېت شېئىرنى دېكلاماتسىيە قىلغان:

ئۆزۈم كىچىك، سۆزۈم چۈچۈك،
مەن بىر ئېچىلغان نازۇك چېچەك.

www.uyghurkitap.com

ئوقۇمىغانلار پوچەك ـ پوچەك،
ئۇنىڭ ئوتى دائىم ئۆچەك.

مەن بىر كىچىك ئۇيغۇر ئوغلىمەن،
بەك توغرا مەن، بەك توغرا مەن.
مەكتەپلىكمەن يۈزۈم پارلاق،
ئەخلاقسىزلىق مەندىن يىراق.

بالىلار تىلى بىلەن يېزىلغان بۇ شېئىرنى ئابدۇلۋارىس ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئوقۇغان، نەتىجىدە پۈتكۈل ئامما هاياجانغا چۆمگەن. مەھمۇت مۇھىتى ئابدۇلۋارىسنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ: «بارىكاللا ئوغلۇم! بارىكاللا ئوغلۇم!» دەپ، ئۇنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويغان.

ۋەكىللەرنىڭ نۇتقى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، يىغىنىنىڭ كونتەرتىپى بويىچە، تۇنجى قېتىم مەھمۇت مۇھىتىنىڭ ئاتلىق ۋە پىيادە مىللىي قىسمى ھەيۋەت بىلەن بايرام مۇنبىرىدىكى رەھبەرلەرگە ۋە ھەر ساھە ۋەكىللىرىگە ئېھتىرام بىلدۈرۈپ، باتۇرانە قەدەم تاشلاپ پاراتتىن ئۆتكەندە، پۈتۈن مەيدان مىسلى كۆرۈلمىگەن قاينام ـ تاشقىنلىق ۋە ئىپتىخارلىققا چۆمگەن. ئارقىدىن قەشقەر شەھەر ئىزچىلىرى ۋە نوبېشى مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى پاراتتىن ئۆتۈپ، ئايلىنىپ مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ، «ياشىسۇن ئۇلۇغ دوستلۇق، ياشىسۇن يېڭىچە مائارىپ» دېگەن شوئارنى ئاجايىپ كۆركەم شەكىل ئارقىلىق ئىپادىلىگەن. . .

مەمتىلى ئەپەندى ئىزچىلىرى بىلەن قەشقەردە بىر نەچچە كۈن تۇرغان. بۇ جەرياندا شەھەر ئىچىدىكى بىر قانچە مەكتەپنى زىيارەت قىلىپ تەجرىبە ئالماشتۇرغان. مائارىپ ئىدارىسى ۋە بىر قىسىم مەكتەپلەر ئۇلارنى زىياپەت ـ يىغىنلارنى ئۆتكۈزۈپ

قىزغىن كۈتۈۋالغان. مەھمۇت مۇھىتىمۇ مەخسۇس زىياپەت ئۆتكۈزۈپ، مەمتىلى ئەپەندى يېتەكلىگەن ئىزچىلارغا قەشقەرنىڭ مائارىپ ساھەسىدىكى زاتلارنى قوشۇپ بىللە كۈتۈۋالغان. بۇ زىياپەتكە شۇ كۈنلىرى ئاتۇشتىن بىر ئىش بىلەن قەشقەرگە كەلگەن ئابدۇراخمان شائىرمۇ قاتناشقان.

زىياپەتتە مەھمۇت مۇھىتى سۆز قىلىپ، ئاتۇشتىكى يېڭى مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا يۇقىرى باھا بەرگەن. مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئوينىغان رولىنى ئالاھىدە تىلغا ئالغان. مەمتىلى ئەپەندىمۇ سۆز قىلىپ، مەھمۇت مۇھىتىنىڭ ئاتۇشنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى قوللاشتا زور ئەمەلىي ياردەم قىلغانلىقىنى تىلغا ئېلىپ، ئالاھىدە رەھمەت ئېيتقان. زىياپەتتە مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئوقۇغۇچىسى يىگىرمە تۆت ياشلىق ئابدۇراخمان شائىر مەھمۇت مۇھىتىغا ئاتاپ يازغان شېئىرىنى ئاجايىپ جاراڭلىق ۋە مەغرۇر ھېسسىيات بىلەن دېكلاماتسىيە قىلىپ بەرگەن:

سانا[1] خالىققا بولسۇنكى ئەدەمدىن[2] ئەيلىدى مەۋجۇت،
بەنى ئادەم ياراتىپ ھەم شېپى قىلدى ئانى مەھمۇد[3]،
تەكەببۇر ئەيلىدى شەيتان خۇدا دەرگاھىدىن مەردۇد[4]،
بىرسى ئۆزگە ئەردى مۇھەممەت مۇستاپا مەقسۇت[5]،
مۇھەممەت ئىممەتىدىن چىقتى تۇرپاندىن ئۇشۇل مەھمۇد.

نەچچە يىلدىن بېرى زۇلمەتتە ئەردى ھەم بولۇپ ۋەيران،
بۇ زۇلمەتتىن قۇتۇلماققا تۇمەنىڭ جان بېرىپ قۇربان،
يېتىپ خارلىق، جاھالەت زەنجىرىدە ھەم بولۇپ سەرسان،

① سانا — ھەمدۇسانا، مەدھىيە.
② ئەدەم — يوقلۇق.
③ مەھمۇد — ماختاش، مەدھىيىلەش.
④ مەردۇد — قوغلانغان.
⑤ مەقسۇت — كۆڭۈلگە پۈكۈلگەن، ئارزۇ قىلغان.

تاپالماستىن شىپا دەردكە بۇ مىللەت بولدى كۆپ ۋەيران،
چىقىپ ئەل بەختىگە شۇدەم پاناھ بولدى بۇگۇن مەھمۇد.

ئايا ئەي، شاھى ئادىل جۇملىمىز[1] نى ئەل ئامان قىلدىڭ،
مائارىپ - مەكتىپىنى تەربىيە ئەيلەپ راۋان قىلدىڭ،
بۇ مىللەت يولىدا دەريايى نىلدەك قان راۋان قىلدىڭ،
نەتىجىسىگە بۇ قانىنىڭ ئىلمۇ ھېكمەتنى ئايان قىلدىڭ،
ئېچىپ قويدۇڭ بۇگۇن دارىلفۇنۇندىن بىزگە يول مەھمۇد.

سېنىڭ ۋەسپىڭنى ئېيتتى بۇ كىشى بۇلبۇل سۇخەنداندۇر،
ئاتاسىدۇر چوڭئاخۇن، شائىر ئىسمى ئابدۇراخماندۇر.
قەسەمكى بۇ مائارىپ يولىدا گوياكى پەرۋاندۇر،
سىپاتىڭنى قىلىپ تەرىپ ئۇ شۇل نەزمىنى يازغاندۇر،
ئۇمىددۇركى ھۇزۇرۇڭدا قوبۇل بولغاي سۆزۈم مەھمۇد.

ئابدۇراخمان شائىر شېئىرىنى ئوقۇپ بولغاندا، مەھمۇت مۇھىتى باشلىق ئەمەلدارلار ۋە ئەسكەرلەر ئاپىرىن ئوقۇپ ئالقىش ياغدۇرغان. مەھمۇت مۇھىتى ئابدۇراخمان شائىرنىڭ قولىنى سىقىپ تۇرۇپ، يېنىــــغا ئولتۇرغۇزۇپ: «ساڭا تەشەككۇر ئوغلۇم! خۇدا رەھمەت قىلسۇن، ھىممىتىڭگە، غەيرىتىڭگە ۋە پاساھەتلىك سۆزلىرىڭگە باركاللا، مەن بۇ قەدەر مەدھىيىلەشكە لايىق ئەمەس. ئەمما، سېنىڭ بۇ شېئىرىڭ بىلەن روھىمغا روھ قوشۇلدى، ناھايىتى جانلاندىم» دېگەن.

مەھمۇت مۇھىتى ئورۇنلاشتۇرغان بۇ زىياپەت ناھايىتــى كۆڭۈللۈك ئاخىرلاشقان. مەھمۇت مۇھىتىدىن ئىككــى كۈن ئاۋۋال ئاكىسى موسۇل ھاجىم مەمتىلــى ئەپەندى باشلىـــق

---

① جۇملىمىز — بارچىمىزنى دېگەن مەنىدە.

ئىزچىللارنى زىياپەت ئۆتكۈزۈپ قىزغىن كۈتۈۋالغان بولۇپ، بۇ زىياپەتتە قەشقەر ۋەزىيىتى، شىنجاڭ ۋەزىيىتى ۋە خەلقئارا ۋەزىيەت توغرىسىدا كۆپ گەپ بولۇپ، مېھمانلارنىڭ كەيپىياتى ناھايىتى جىددىي بولغان.

مەھمۇت مۇھىتى يەنە قەشقەردە يېڭى مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ھەر خىل مەرىپەتچىلىك تەشكىلاتلىرىنى قۇرغان، مەھمۇت مۇھىتىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن قەشقەردە ئالىي بىلىم يۇرتى بولغان «دارىلئۇلۇم» (ھازىرقى ئالىي تېخنىكوم دەرىجىلىك مەكتەپ) مەكتىپى مەيدانغا كەلگەن. قەشقەردە ئىلگىرى مەدرىسىلەردىكى ئوقۇتۇش تۈزۈمى ئەينى چاغدىكى دەۋرنىڭ تەلىپىگە لايىقلىشالمىغانلىقى ئۈستىگە، مەدرىسىلەردىكى موللىلارنىڭ قالاق ئەقىدىچىلىكى ۋە قۇرۇق سەپسەتىلەر ئارىلاشقان بىر قىسىم دىنىي كىتابلارنىڭ ھەممە يەردە تارقىلىپ يۇرۇشى تۈپەيلىدىن، ئەل ئىچىدە خۇراپاتلىق ۋە نادانلىق چوڭقۇر ئورۇن ئالغانىدى. مائارىپ ھەققىدە ئانچە چۈشەنچىسى يوق بىر قىسىم مەخسۇم ۋە مەخسۇمزادىلەر كېيىنكى يىللاردا مەدرىسىلەرنى ئۆزلىرىنىڭ نەسەب ۋە بايلىقىغا تايىنىپ ئىگىلىۋالغاچقا، بىر نەچچە يىل ئوقۇپ خېلى مەلۇماتقا ئىگە بولغان بىلىم ئەھلىلىرى ئۆزلىرىنىڭ نەسەبسىز ۋە نامراتلىقى تۈپەيلىدىن چەتكە قېقىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرالمىغانىدى. يەنە كېلىپ ھەر بىر مەدرىسىنىڭ ۋەخپىلىرى بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنى ئاز ساندىكى كىشىلەر ئىگىلىۋالغانلىقتىن، مەدرىسىلەرنىڭ ئوقۇتۇشىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىشكە ئىمكانىيەت بولمىغان، شۇڭا قەشقەر مائارىپى 30 ـ يىللاردا قالاق ھالەتتە تۇرۇپ كەلگەن. مەھمۇت مۇھىتى قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىگە زور كۈچ بىلەن مەدەت بەرگەن، نەتىجىدە قەشقەر مائارىپى يېڭى تەرەققىيات مەنزىلىنى

كۆتۈۋالغان. مەدرىسىلەردىكى كونا، قالاق ئوقۇتۇش ئۇسۇلىغا قارىتا مەھمۇت مۇھىتىنىڭ قوللىشى بىلەن 1935 ـ يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا قەشقەردە «ئىسلاھول ـ مەدارىس ۋەلمەساجىد ھەيئىتى» (مەدرىسە ـ مەسچىتلەردە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ھەيئىتى) دەپ ئاتىلىدىغان بىر تەشكىلات قۇرۇلغان. بۇ ھەيئەتنىڭ رەئىسلىكىگە مەھمۇت مۇھىتىنىڭ ئەڭ يېقىن ئادىمى، تەرەققىيپەرۋەر شائىر، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاتلىق قوشۇنى 6 ـ دىۋىزىيە باش شتاب كاتىبات باشقارمىسىنىڭ پودپولكوۋنىك دەرىجىلىك باش كاتىپى داموللا نەئىمى تەيىنلەنگەن. بۇ ھەيئەتنىڭ مەقسىتى يۇرت مائارىپىنى ئىلمىي يوسۇندا يەكۈنلەش، زامانىۋى ئىلىم ـ پەننىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، خەلقنىڭ ئاڭ ـ پىكرىنى ئېچىش ۋە يۇقىرى كۆتۈرۈش، ئىقتىسادىي جەھەتتە ۋەخپە مەبلەغلىرىنى توغرا باشقۇرۇپ، ئۆز ئورنىغا ئىشلىتىش، مەدرىسە ـ مەسچىتلەرنى يېڭىلاپ، ئۇلارنى يېڭى مائارىپ ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، قىسقىسى زاماننىڭ مائارىپقا بولغان ئېھتىياجىنى ئاز ـ تولا بولسىمۇ قاندۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى. شۇڭا، ھەيئەت قۇرۇلۇپلا ئالدى بىلەن شەھەر ئىچىدىكى 17 مەدرىسە ۋە 100 دىن ئارتۇق مەسچىتكە ئىگىدارچىلىق قىلىپ، ئۇ جايلاردىكى مۇدەررىس، ئىمام، خەتىپ، مەزىن قاتارلىقلاردىن ئىمتىھان ئېلىپ، ئىمتىھاندىن ئۆتەلىگەنلەرگە قابىلىيىتىگە يارىشا ئۇنۋان بەرگەن ۋە خىزمەتكە قويغانىدى. ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگەنلەرنى نەسەب ۋە بايلىقى قانچە يۇقىرى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر خىزمەتتىن قالدۇرۇپ قويغان ياكى ئۆزىنىڭ قابىلىيىتىگە يارىشا ئىشقا قويغان، نەسەبى ۋە بايلىقى تۆپەيلىدىن بىر چەتتە قالغان ياش ئىلىم ئەھلىلىرىنى ئىمتىھان ئېلىپ تاللاش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ قابىلىيىتىگە قاراپ خىزمەتكە قويغان. شەھەر خەلقىنى ساۋات چىقىرىشقا ئومۇميۈزلۈك سەپەرۋەر قىلىپ، ساۋات چىقىرىش كەچ

كۆرسلىرىنى ئاچقان. مەدرىسە ـ مەسچىتلەرنىڭ قاراڭغۇ، تار، زەي ئۆيلىرىنى ۋە بۇزۇلغان جايلىرىنى ئۆزگەرتىپ، رېمونت قىلىپ يېڭىلىغان. مەدرىسە ـ مەسچىتلەرنىڭ يېزىلاردىكى ۋەخپە يەرلىرى، باغلىرى، شەھەر ئىچىدىكى ساراي ـ دۇكانلىرىدىن قىلىنغان كىرىملەرنى مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن ئىشلەتكەن ۋە خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشلىگەن ئىش ھەققى قىلىپ تارقىتىپ بەرگەن.

«مەدرىسە ـ مەسچىتلەردە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ھەيئىتى» يوقىرىقىدەك ئىشلارنى قىلىش بىلەن بىر چاغدا، يەنە 1936 ـ يىلى 3 ـ ئايلاردا ئەينى چاغدا قەشقەردىكى ئالىي بىلىم يۇرتى بولغان «دارىلئۇلۇم» مەكتىپىنى قۇرغان (مەكتەپ ئورنى «خانلىق مەدرىسە» دە بولغان) . بۇ مەكتەپتە ھەپتىدە ئالتە كۈن دەرس ئۆتۈلۈپ، ھەر كۈنى چۈشتىن ئىلگىرى دىنىي دەرس، چۈشتىن كېيىن پەننىي دەرس ئۆتۈلگەن. دىنىي دەرستە ئەرەب تىلى ئوقۇتۇش ئاساس قىلىنغان بولۇپ، ئىلمىي نەھۋى (سىنتاكسىس) ، ئىلمىي فىقھە (شەرىئەت ئەھكاملىرىغا دائىر بىلىم) ، ئىلمىي تەپسىر (قۇرئاننى يېشىش ئىلمى) ، ئىلمىي مەنتىقە (سۆز قابىلىيىتىنى ئاشۇرۇش ئىلمى) ، پەلسەپە، ئەدەبىيات، ھۆسنخەت ئىلمى قاتارلىق دەرسلەر ئۆتۈلگەن. پەننىي دەرس ئوقۇتۇشتا گېئومېتىرىيە، تەبىئەت، ھېساب، تارىخ، جۇغراپىيە، خىمىيە، فىزىكا قاتارلىق پەنلەر ئۆتۈلگەن. مەكتەپكە دەسلەپتە سابىق «خانلىق مەدرىسە» نىڭ تالىپلىرىدىن ۋە جەمئىيەتتىن بولۇپ 100 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنغان. مەكتەپتە قىرائەتخانا تەسىس قىلىنغان بولۇپ ، بۇ قىرائەتخانا ئىلىم سۆيەر ۋە مائارىپنى قوللايدىغان كىشىلەر تەرىپىدىن ئىئانە قىلىنغان تۈرلۈك پەننىي ۋە دىنىي كىتابلار بىلەن لىق تولغان، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەتراپلىق بىلىم ئېلىشى ئۈچۈن ياخشى شارائىت يارىتىلغان. مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش ئىشلىرى كۆزگە كۆرۈنەرلىك

www.uyghurkitap.com

بولۇپ، كىشىلەرنىڭ دىلىنى سۆيۈندۈرگەن. دەرسلىكلەرنىڭ مەزمۇن دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، سىجىللىقى ئېغىر بولغانسېرى ئوقۇغۇچىلارنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە بىلىمگە ئىنتىلىشى تېخىمۇ كۈچلۈك بولغان①.

مەھمۇت مۇھىتى قەشقەردىكى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرغان ۋە قوللىغان، بۇ ئارقىلىق ئۇيۇشمىنىڭ خىراجەت بېرىشى بىلەن ئوقۇتۇشى يۈرۈشتۈرۈلىدىغان مەكتەپلەرنى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاشىنى، يېتىم - يېسىرلارنىڭ تۇرمۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغان. بۇ ھەقتە مۇھەممەتئىمىن قۇربانى «تارىخ بېتىنى ۋاراقلىغاندا»② ناملىق ماقالىسىدا مۇنداق يازىدۇ: 1935- يىلىنىڭ ئاخىرى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئۈرۈمچىدىن بىر گۇرۇپپا قەشقەردىكى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىلىرىنىڭ مال - مۈلكىنى ئېنىقلىغىلى كېلىدۇ ۋە بۇ مىراسلارنى ئاتالمىش ئەسلي ئىگىسى بولغان ئاپاق خوجا ئەۋلادلىرىغا قايتۇرۇش كېرەك، دېگەن غۇلغۇلا كۆپىيىپ قالىدۇ.

ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى ئۈرۈمچىدىن كەلگەن تەكشۈرۈش كومىسسىيىسى تەرىپىدىن تەقىب ئاستىغا ئېلىنغانلىقتىن، ئەمدى قەشقەر خەلقى ئالدىدا بۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش كېرەكمۇ، يوق؟ دېگەن سوئال تۇغۇلدى. خەلقنىڭ قان - تەرىگە كەلگەن بۇ مەبلەغلەرنى ئۇلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى ھېچكىم خالىمايتتى. بۇ ھەقتە ھەيئەت تەشكىل قىلىندى، بىر قانچە قېتىملاپ يىغىنلار ئېچىلدى، كومىسسىيىگە ئەھۋال چۈشەندۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرىۋەردى، سۈركىلىش كۈچەيدى، تالاش - تارتىشلار كۆپەيدى، ئاخىرى ئىش خەتەرلىك

---

① مۇھەممەتئىمىن قۇربانى«قەشقەر تەزكىرىسىدىن تەرمىلەر»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1999 - يىلى نەشرى.

② شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001 - يىلى نەشر قىلغان «تارىخ بېتىنى ۋاراقلىغاندا» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن.

باسقۇچقا بېرىپ قالدى.

قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مۇئاۋىن گارنىزون قوماندانى، ئۇيغۇر ئاتلىق ئەسكىرى 6 - دىۋىزىيىنىڭ قوماندانى مەھمۇت مۇھىتى يىغىنغا قاتنىشىپ، خەلق تەرەپتە تۇرۇپ پىكىر قىلىش قارارىغا كەلدى:

— ئەپەندىلەر، — دېدى ئۇ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، — سىلەر ئۇيۇشمىمىزدىن راستىنلا ھېساب ئالامسىلەر؟ ئۇيۇشمىمىز مالىيىسىدىكى توپلانغان مەبلەغ پۈتۈنلەي خەلقنىڭ، ئۇ كىشىلەر تەرىپىدىن بېرىلگەن ئۆشرە - زاكات، ئىئانە، مازار ۋەخپە كىرىمى قاتارلىقلاردىن كەلگەن. ئۇيۇشمىمىز بۇ كىرىم بىلەن يۈزلىگەن قېرى، مېيىپ، ئىگە - چاقىسىز كىشىلەرنى ئاساس قىلغان دارىلئاجىزىن، نەچچە يۈزلىگەن يېتىمنى ئاساس قىلغان دارىلئېيتاملارنى باقىدۇ، ئۇنىڭدىكى باللارنى ئوقۇتىدۇ، تەربىيىلەيدۇ. شەھەر ئەتراپىدىكى يۈزلىگەن مەكتەپلەردىكى ئوقۇتقۇچىلار بۇ كىرىملەر بىلەن تەمىنلىنىدۇ. بۇ ھەقتە نەچچە قېتىملاپ چۈشەنچە بەرسەك قۇلاق سالمىدىڭلار، سىلەرنىڭ كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىزنىڭ، جەمئىيەتنىڭ ئۈمىدى، مىللەتنىڭ ئۈمىدى، شۇنداقلا دۇنيانىڭ ئۈمىدى بولغان ياش - غۇنچىلارغا، ئاجىزلارغا سەرپ قىلىنىدىغان بۇ مەبلەغنى ئاشۇ مىراسخورلارغا ئېلىپ بېرىشىڭلارغا قەتئىي قارشى تۇرىمەن، قەتئىي قارشى تۇرىمەن!

ئۇ يىغىندا سۈكۈت قىلىپ ئولتۇرۇۋالغان قازى رەئىس، كاتتا ئۆلىما ئابدۇغوپۇر داموللىغا نەپرەت كۆزى بىلەن تىكىلدى-دە، پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتتى:

— سىلەر يەنە ھېساب ئالامسىلەر، ئەگەر شۇنداق قىلىدىغان بولساڭلار ھېسابنى مانا مۇشۇ بېرىدۇ!...

مەھمۇت مۇھىتى بەتلەنگەن تاپانچىنى غەزەپ بىلەن شىرە ئۈستىگە تاشلىدى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن غەزەپ ئۇچقۇنلىرى

چاقناپ كەتتى. ئۇ ئۆز ئىرادىسىدىن ۋاز كېچىپ مەجلىستىن چىقىپ كېتىۋاتقان «ھېسابچىلار» غا مەغرۇرلۇق بىلەن قاراپ تۇراتتى. مەھمۇت شىجاڭنىڭ بىۋاسىتە ئوتتۇرىغا چىقىپ ئارىلىشىشى ۋە خەلق تەرەپتە تۇرۇپ ھەققانىيەتنى ياقىلىشى، كەڭ خەلقنىڭ قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرۈشى، ئۇرۇش ۋە مالىمانچىلىق تۈپەيلىدىن ئۇيغۇر ئۇيۇشما مالىيىسىدە ۋەخىپنى تۆلىگۈدەك ئىقتىسادنىڭ بولمىغانلىقى سەۋەبلىك تەپتىش كومىسسىيىسى ئۇرۇمچىگە قايتىپ كەتتى.

دېمەك، مەھمۇت مۇھىتى قەشقەردە تۇرغان مەزگىلدە ئەقىل، پەزىلەت بىلەن، ئەدل ـ ئادالەت بىلەن يۇرت سوراپ، خەلق ئۈچۈن نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلىپ بەردى. مەسىلەن، 1936 ـ يىلى مەھمۇت مۇھىتى قەشقەر شەھىرىدىكى «يۇمىلاق شەھەر دەرۋازىسى» نى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، نورىبېشى (بۇ كوچا ياقۇپبەگ زامانىسىدا تۈمەن دەرياسىنىڭ باش ئېقىنىدىن ياغاچ نور ئارقىلىق شەھەرگە سۇ ئەكىرىلگەن كوچا بولغاچقا مۇشۇنداق ئاتالغان) كوچىسىدا بىر دەرۋازا ئاچقۇزغان، بۇ دەرۋازا «نورىبېشى دەرۋازىسى» دەپ ئاتالغان. ئۇ داڭلىق ئۇستىلارنى تەشكىللەپ، شەھەر ئىچىگە سۇ ئەكىرگەن ئىلگىرىكى ياغاچ نورنى ئېلىۋېتىپ، سۇنى ئىككى مېتىر ئېگىزلىكتىن تۆۋەنگە سەكرىتىپ، ئاندىن يۇقىرىغا ئېلىپ چىقىدىغان دۈملىمە ئېرىق ياساتقان. بۇ ئېرىق (نور) پىششىق خىش ۋە دوغاپ بىلەن ئىنتايىن پۇختا قىلىپ ياسالغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىدىن ھارۋا، ئاپتوموبىل ئۆتسىمۇ نور ھېچقانداق تەسىرگە ئۇچرىماي، سۇ راۋان ئېقىۋەرگەن. بۇ ئېرىق تاكى مۇشۇ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىغىچە شەھەر ئىچىنى تەمىنلەپ كەلگەن.

ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان ھەر خىل تەرىقىچى كۈچلەرنىڭ قايتا ـ قايتا «پەتىھ» قىلىشى، بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشى نەتىجىسىدە خانىۋەيران بولغان ئەزىزانە قەشقەرنىڭ ۋەزىيىتى

مەھمۇت مۇھىتى كەلگەندىن كېيىن بىر مەزگىل مۇقىملىشىپ، خەلق خاتىرجەم تۇرمۇشقا ئېرىشتى. ئۇ مەرىپەتپەرۋەر، تەرەققىيپەرۋەر ئاكىسى مەخسۇت مۇھىتىنىڭ روھىغا ۋارىسلىق قىلىپ، يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇپ، مەرىپەت پېشۋالىرىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللاپ، قەشقەرنىڭ مائارىپ، مەدەنىيەت تارىخىدا ئاز كۆرۈلىدىغان گۈللىنىش ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۇردى. مەھمۇت مۇھىتىنىڭ بىۋاستە ياردىمى بىلەن قۇتلۇق شەۋقىنىڭ باش مۇھەررىرلىكىدە قەشقەردە ئۇيغۇر مەتبۇئاتچىلىقىدىكى تۇنجى نەشر ئەپكار بولغان «يېڭى ھايات گېزىتى» نەشر قىلىندى. بۇ گېزىتنى دەسلەپتە قەشقەر ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسى، كېيىن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى يېتەرلىك مەبلەغ بىلەن تەمىنلەپ تۇردى. 1937 ـ يىلىغا كەلگەندە بۇ گېزىتنىڭ نامى «قەشقەر ـ شىنجاڭ گېزىتى» گە ئۆزگەرتىلدى. بۇ گېزىت بىر تەرەپتىن ئەينى ۋاقىتتىكى ھۆكۈمرانلارنىڭ زۇلمەتلىك تۈزۈمىنى پاش قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن خەلقنى خۇراپاتلىقتىن قۇتۇلۇپ، يېڭىچە مەدەنىيەتنى ئۆگىنىشكە دەۋەت قىلدى. ئەركىنلىك، باراۋەرلىك شوئارى ئاستىدا ئىتتىپاقلىشىپ، ئەزگۈچىلەرگە قارشى كۈرەش قىلىشقا ئۈندىدى. بۇ گېزىتنىڭ تىراژىمۇ كۈندىن ـ كۈنگە كۆپىيىپ، ئون نەچچە مىڭ پارچىغا يەتتى. گېزىتنىڭ خەنزۇچە نۇسخىسىمۇ نەشر قىلىنىپ، شاپىگرافتا بېسىلدى (ھازىرقى «قەشقەر گېزىتى» دەل مۇشۇ گېزىتنىڭ ئاساسىدا قۇرۇلغان). مەھمۇت شىجاڭنىڭ ۋاستىسى بىلەن قۇرۇلغان كۆپلىگەن مەكتەپلەر جەمئىيەت ئۈچۈن، كېيىنكى دەۋر ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان ھالقىلىق تارىخىي شەخسلەرنى، ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيىلەپ بەردى. مەھمۇت مۇھىتى ئەينى ۋاقىتتىكى مائارىپ، مەدەنىيەت، قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ تەقەززاسىنى كۆزدە تۇتۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان

يېقىن دوستلۇق مۇناسىۋىتىدىن پايدىلىنىپ، ئۇيغۇر ياشلىرىنى تاشكەنت ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا چىقىرىشنى قارار قىلدى ۋە شىڭ شىسەيگە قايتا ـ قايتا تېلېگرامما يوللاپ، ئاخىرى بۇ ئىشنى روياپقا چىقاردى. مەھمۇت مۇھىتىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن 1934ـ يىلىدىن 1936 ـ يىلىغىچە ئۈچ تۈركۈمدە 300 ئوقۇغۇچى ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا چىقتى. بۇ ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدىكى غايەت زور غەلىبە بولۇپ، بۇ ئوقۇغۇچىلار شىنجاڭ تارىخىدا تۇنجى قېتىم مەيدانغا كەلگەن يېڭى زىيالىيلار بولۇش سۈپىتى بىلەن كېيىنكى تەرەققىيات داۋامىدا ھەرقايسى ساھەلەردە ئاجايىپ زور رولىلارنى ئوينىدى. بۇ يەردە شۇنداق بىر روھ كىشىنى تەسىرلەندۈرىدۇكى، مەخسۇت مۇھىتى «مەخسۇدىيە مەكتىپى» نى ئېچىپ، يېڭى مائارىپ مەشئىلىنى يېقىپ، باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرغان بولسا، ئىنىسى مەھمۇت مۇھىتى بۇ خىل مائارىپ ھەرىكىتىنى جەنۇبىي شىنجاڭ زېمىنىدا يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈش بىلەن بىرگە باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپىنى قوبۇل قىلغان ئوقۇغۇچىلارنى، جۈملىدىن «مەخسۇدىيە مەكتىپى» نىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىپ، مەرىپەت مەشئىلىنى ئەڭ ئېگىز مەنزىلگىچە يالقۇنجاتتى، ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا داۋاملاشقان قىزىل يىپنى پارلاق مەنزىلگە تۇتاشتۇردى.

مەھمۇت مۇھىتى ئوچۇق سۆزلۈك، ھەققانىيەتچى، ئېتىقادلىق، مەرىپەتپەرۋەر كىشى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىلىم ئەھلىلىرىنى، مەرىپەتسۆيەر كىشىلەرنى ئىنتايىن قەدىرلەيتتى، ساتقىن، ئىككى يۈزلىمچى كىشىلەرنى قاتتىق ئۆچ كۆرەتتى. ئۇنىڭ بۇ خىل خاراكتېرى ئابدۇغوپۇر شاپتۇل داموللىغا تۇتقان پوزىتسىيىسىدە روشەن ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ.

ئابدۇغوپۇر داموللا ئەسلىي پەيزىۋات ناھىيىسىنىڭ شاپتۇل

يېزىسىدىن بولۇپ، ئۆز يېزىسىدا ساۋاتىنى چىقارغان، كېيىن ناھىيىدە ۋە قەشقەردىكى مەدرىسىلەردە ئوقۇغان. 1900 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا بۇخاراغا بېرىپ ئوقۇپ، سەئۇدى ئەرەبىستانغا بېرىپ ھەج قىلىپ كەلگەن. 1914 ـ يىلى قەشقەرنىڭ شەيخۇلئىسلامى ۋە بۇيۇك ئۆلىماسى باۋۇدۇن مەخدۇم ۋاپات بولغاندىن كېيىن چاسا مەدرىسىگە ئىمام، مۇدەررىس، كېيىنكى كۈنلەردە «خانلىق مەدرىسە»گە مۇدەررىس بولغان. دىنىي ئىلىمگە كامىللىقى، سۆزمەنلىكي بىلەن «شاپتۇل ئابدۇغوپۇر داموللا ھاجى» دەپ تونۇلۇپ، ئەينى چاغدىكى دوتەي ما شاۋۇنىڭمۇ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان. 1933 ـ يىلى قەشقەردە دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ سەركەردىسى تۆمۈر ئېلى ھوقۇق يۈرگۈزگەن چاغدا ئابدۇغوپۇر داموللا تۆمۈر شىجاڭنىڭ يېقىنىغا ئايلىنىپ، قەشقەرنىڭ باش قازىلىقىغا كۆتۈرۈلگەن. 1934 ـ يىلى 7 ـ ئايدا مەھمۇت مۇھىتى قەشقەرگە كەلگەندە ئابدۇغوپۇر داموللا بىر يۇمىلاپلا مەھمۇت شىجاڭنىڭ يېقىنى بولۇۋالغان. مەھمۇت مۇھىتى ئۇنىڭ دىنىي ئۆلىما ۋە ئالىم ئىكەنلىكىگە ھۆرمەت بىلدۈرۈپ، ئۇنى ئەتىۋارلاپ ئۆزىگە مۇشاۋىر قىلىۋالغان، ھەتتا قەشقەر «مىللەت مەجلىسى»نىڭ رەئىسى قىلىپ تىكلىگەن. شۇنىڭدەك 1935 ـ يىلى ئۈرۈمچىدە ئېچىلغان قۇرۇلتايغا قەشقەرنىڭ ۋەكىلي قىلىپ ئەۋەتكەن، ئۇنىڭدىن كۆپ ئۈمىدلەرنى كۈتكەن. لېكىن ئابدۇغوپۇر داموللا قۇرۇلتايدىن قايتىپ كېلىپ، خەلقنىڭ كۈتكىنىنىڭ ئەكسىچە، ھۆكۈمەتنى ماختاپ، شېڭ شىسەي ۋە ئۇنىڭ «ئالتە بۈيۈك سىياسەت»نى كۆككە كۆتۈرگەن. ئۈرۈمچىگە بارغاندا ئۆزىنىڭ ھۆكۈمەت تەرەپتىن ئالاھىدە كۈتۈۋېلىنغانلىقىنى، شېڭ شىسەينىڭ ئۇنىڭ ئالدىغا ئالاھىدە چىققانلىقىنى، قايتقاندا ئۇزىتىپ قويغانلىقىنى ئاغزىدىن چۈشۈرمىگەن، ھەتتا: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەندىن كېيىن دۇنياغا يەنە پەيغەمبەر كەلمەيدۇ، دېگەن، ئەگەر كېلىدۇ،

www.uyghurkitap.com

دېگەن بولسا، مانا مۇشۇ شېڭ دۇبەن جانابلىرى بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز بولۇپ كەلگەن بولاتتى»① دەپ سۆزلەپ يۈرگەن. بۇنىڭدىن ئابدۇغوپۇر دامولىلىنىڭ شېڭ شىسەيگە سېتىلىپ كەتكەنلىكىنى، ئەينى ۋاقىتتىكى كاتتا ئالىم، تەرەققىيپەرۋەر زات ئابدۇقادىر دامولا② نى قەستلەپ ئۆلتۈرۈشتە شاپتۇل دامولىلىنىڭمۇ قولى بارلىقىنى ھېس قىلغان. مەھمۇت شىجاڭ بۇ ئىشتىن قاتتىق غەزەپكە كېلىپ، 1936 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئىككى ئادىمىنى ئەۋەتىپ، ئابدۇغوپۇر دامولىنى قەشقەر كونىشەھەرنىڭ ئۆتەڭ بازىرىدا يوشۇرۇن ئۆلتۈرگۈزۈۋەتكەن. شېڭ شىسەينىڭ يېقىن ئادىمى بولغان ئابدۇغوپۇر داموللام ئۆلتۈرۈلگەچكە، مەھمۇت مۇھىتى بىلەن شېڭ شىسەي ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت يەنىمۇ كەسكىنلەشكەن.

«... 1936 ـ يىلى ۋە 1937 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا مەھمۇت شىجاڭ بەك قىيىن ئەھۋالدا قالغان. خوجىنىياز ھاجى بىلەن مەھمۇت شىجاڭنىڭ ئۆزىدىنلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇلارنى قوللىشى ۋە ئۇلارغا ئەگىشىشىدىن بەك قورققان شېڭ شىسەي بۇ ئىككىسىنى يوقىتىشنى ئۆزىنىڭ ئاساسىي مەقسىتى قىلغان. شېڭ شىسەينىڭ بىرىنچى چارىسى خوجىنىياز ھاجىغا مۇئاۋىن رەئىسلىك دوپپىسىنى كىيگۈزۈپ،

① ليۇ زىشاۋ «ئۇيغۇر تارىخى» 669 ـ بەت، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى نەشرى.

② ئابدۇقادىر بىننىي ئابدۇۋارىس قەشقىرى، كاتتا ئالىم، تەرەققىيپەرۋەر ئەدىب، مەرىپەتپەرۋەر دېموكراتىك زات، دىنىي ئىسلاھاتچى بولۇپ، 1862 ـ يىلى ئاتۇشنىڭ مەشھەت يېزىسىدا تۇغۇلغان. بۇخاراغا بېرىپ ئوقۇغان، سەمەرقەنت، ئۇفا قاتارلىق جايلاردا بىر مەزگىل مۇدەررىسلىك قىلغان. 1907 ـ يىلى قەشقەرگە قايتىپ كېلىپ، كونا ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىشنى تەشەببۇس قىلىپ، ئىسلاھاتچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. يېڭىچە دەرسلىكلەرنى تۈزۈپ تارقاتقان. ئۇنىڭ بىر قىسىم ئەسەرلىرى مىسىر، قازان، تاشكەنت قاتارلىق جايلاردىمۇ نەشر قىلىنىپ زور تەسىر قوزغىغان. ھەققانىيەتچىلىكى، كاتتا ئالىملىقى، توغرا سۆزلۈكى بىلەن خەلقنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەن. ئابدۇقادىر داموللامغا نىسبەتەن ئۆچمەنلىكى ئەڭ كۈچلۈكى، شۇ ۋاقىتتىكى قەشقەرنىڭ ئەڭ چوڭ ئۆلىماسى ئابدۇغوپۇر شاپتۇل داموللا بىلەن قەشقەرنىڭ ئەڭ چوڭ بېيى ئۆمەر باي ئىككىسى ئەنگلىيە، شۋېتسىيە كونسۇلخانىسىدىكىلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئەمەت دېگەن بىر تەلۋە نائەھلىنى سېتىۋېلىپ، 1924 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئابدۇقادىر داموللامنى ئۆز ئۆيىدە ئۆلتۈرگۈزۈۋەتكەن.

ئۇنى ئۇرۇمچىگە ئەكىلىۋېلىش بولغان، مەھمۇت شىجاڭغا قەشقەردە بىر شىجاڭلىق (دىۋىزىيە كوماندىرلىق) مەنسىپىنىلا بەرگەن، ئۇنىڭ ئۇستىگە ليۇ بىلىڭ دېگەن ئادەمنى قەشقەر گارنىزون قوماندانى قىلىپ تەيىنلەپ، ئۇ ئارقىلىق مەھمۇت شىجاڭنى تىزگىنلىمەكچى بولغان، لېكىن شېڭ شىسەي بۇنىڭ بىلەنمۇ خاتىرجەم بولالمىغان.

شېڭ شىسەي مەھمۇت شىجاڭنىڭ كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇش ئۈچۈن، مەھمۇت شىجاڭنىڭ ئىشەنچلىك تايانچ كادىرلىرىدىن ئابدۇراخمان، نىزامىدىن ھاجى، ئايۇپبەگ، مۇتىۋللا ئاخۇن، شېرىپ ھاجى، توختى بۇجاڭ، ھەمەدەمبەگ ھاجى، باراتتۇەنجاڭ قاتارلىق كىشىلەرنى قايتا ـ قايتا تېلېگراما بېرىپ، مەھمۇت شىجاڭنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قويماي، ئۆگىنىشكە دەپ ئۇرۇمچىگە چاقىرتىۋالغان، كېيىن يەنە شېڭ شىسەي مەھمۇت شىجاڭنىڭ ئىككى پولك كوماندىرى، تۆت روتا كوماندىرىنى ئۇرۇمچىگە ئۆگىنىشكە چاقىرتقان. بۇنىڭدىن باشقا شېڭ شىسەي قەشقەردىكى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بارلىق ساقچى ئورۇنلىرىنى ئىگىلەپ، كەڭ ئىشپىيونلۇق ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق مەھمۇت شىجاڭنى ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىنى قاتتىق نازارەت قىلغان ۋە مەھمۇت شىجاڭنى قوللىغان بىر قانچە ئادەمنى قاماپ ئۆلتۈرگەن.

مەھمۇت شىجاڭ ئۆز ۋاقتىدا شېڭ شىسەينىڭ ئۆزىنى يوقىتىش سۇيىقەستىنى بىلگەن بولسىمۇ، لېكىن شېڭ شىسەيگە ئوچۇق قارشى چىقالمىغان، چۈنكى شېڭ شىسەينى سوۋېت ھۆكۈمىتى قوللايتتى. مەھمۇت مۇھىتىنىڭ بىر چارىسى ئىمىن ۋاھىدى، مۆمىن ئاخۇن دېگەن ئىككى كىشىنى نەنجىڭغا ئەۋەتىپ، جياڭ جيېشىغا شېڭ شىسەي ئۈستىدىن شىكايەت قىلىش بولغان. جيياڭ جېشى «بىز ھازىر ياپونغا قارشى ئۇرۇش بىلەن ئالدىراش، بىر مەزگىل كۈتۈپ تۇرۇڭلار» دېگەنمىش.

ئۇلار قايتىشتا ئىمىن ئاخۇن لەنجۇدا قېپقالغان، مۆمىن ئاخۇننى قۇمۇلدا شېڭ شىسەينىڭ ئىشپىيونلىرى تۇتۇۋالغان. مەھمۇت شىجاڭ ئۇرۇنۇشلىرى ئەمەلگە ئاشمىغاندىن كېيىن قانداق قىلىش ھەققىدە باش قاتۇرۇپ، 1936 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئۆزىنىڭ سادىق كىشىلىرى: ئىسمايىل بەگ، مۇھىت پەيزى، ياقۇپ تۆەنجاڭ، ھىمىت ھاجى، كىچىك ئاخۇنلارنى چاقىرىپ مۇزاكىرە قىپتۇ. ئىككى خىل پىكىر چىقىپتۇ: بىرى، ھازىر قوزغىلىش، يەنە بىرى، ياخشى تەييارلىنىپ پۇرسەت كۇتۇش. كېيىن ئىككىنچى پىكىر ماقۇللىنىپتۇ. بۇ مەخپىي مەسلىھەتنى بىرسى قەشقەردىكى گارنىزون قوماندانى ليۇ بىڭغا ۋە سوۋېت كونسۇلىغا يەتكۈزۈپ قويۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن شېڭ شىسەي بىلەن مەھمۇت مۇھىتنىڭ ئارىسىدىكى زىددىيەت يەنىمۇ كۈچىيىپتۇ. 1937 ـ يىلىنىڭ بېشىدا (قۇربان ھېيت كۈنلىرى) مەھمۇت شىجاڭ ئىككىنچى قېتىم يېقىن كىشىلىرى بىلەن مۇزاكىرە قىلىپ، ھەربىي قىسىملارنى يېڭىسارغا توپلاپ ھەرىكەت قىلماقچى بولغانىكەن، بۇمۇ گارنىزون قوماندانىغا مەلۇم بولۇپ قاپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي شېڭ شىسەيدىن مەھمۇت شىجاڭنىڭ ئاساسلىق كادىرلىرىدىن 23 كىشىنى ئۈرۈمچىگە ئۆگىنىشكە چاقىرىپ تېلېگراما كەپتۇ. ئاندىن كېيىن، مەھمۇت شىجاڭنىمۇ ئۈچىنچى قېتىملىق ئۆلكىلىك قۇرۇلتاينىڭ تەييارلىق يىغىنىغا ئۈرۈمچىگە چاقىرىپتۇ. مەھمۇت شىجاڭ بارماي بىر قانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، قەشقەر گارنىزون قوماندانى ليۇ بىڭ مەھمۇت شىجاڭنى مۇزاكىرە قىلىدىغان ئىش بار دەپ يېڭىشەھەرگە چاقىرىپتۇ.

مەھمۇت شىجاڭ ئۈرۈمچىگە بارىمەن دېگەن گەپنى تارقىتىپ، مەخپىي چەتكە چىقىپ پۇرسەت كۈتۈش ئۈچۈن ئوۋ قىلىش نامى بىلەن يوشۇرۇنچە شەھەردىن چىقىپ كەتكەن. شۇنداق قىلىپ ئۇ 1937 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ئەتىگەندە يېقىن كىشىلىرى موسۇل ھاجى (ئۆزىنىڭ ئاكىسى)، باياخۇن

ئەزىز، ئابدۇللا داموللا نەئىمى، گايىت ئاخۇن، شېرىپ ئاخۇن، ياسىن قارىي، ئابلىمىت قاتارلىق 35 كىشى بىلەن يەكەنگە كەتكەن. كېيىنكى ئالدىدا ھەربىي قىسىملارنى سەنمۇجاڭنىڭ ئابدۇنىيازغا تاپشۇرغان. . .

مەھمۇت شىجاڭ نېمىشقا ھىندىستانغا ئۆتۈپ كەتتى؟ يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك، ئۇ ناھايىتى قىيىن ئەھۋالدا قالغان ئىدى. ئۇنىڭ ئالدىدا ئىككى يول تۇراتتى: بىرى، شېڭ شىسەيگە تەسلىم بولۇش، بۇ ئۆلۈم يولى ئىدى. يەنە بىرى — سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئىلتىماس قىلىپ، ئۇلارنىڭ ياردىمى بىلەن شېڭ شىسەيگە قارشى تۇرۇش، بۇمۇ تۇيۇق يول ئىدى. بۇ يولنى ماھىيىتىدىن ئېيتقاندا مەھمۇت شىجاڭ خالىمايتتى. ئۇنىڭ كوممۇنىزمدىن قورقۇش ھالىتى ئاشۇنداق ئاقىۋەتنى كەلتۈرگەن ئىدى. دېمەك، ئۇ ۋۇشسا قان تۆكۈلەتتى، ئۆزى يېڭىلەتتى. »

بەزى ماتېرىياللاردا يېزىلىشىچە، مەھمۇت مۇھىتى ھەمراھلىرى بىلەن قەشقەردىن چىقىپ كەتكەنچە، يەكەنگە بېرىپ، لاداق يولى بىلەن ھىندىستانغا ئۆتكەن. ئۇ يەردىن تۈركىيىگە بارغان ھەم سەئۇدى ئەرەبىستانىغا بېرىپ ھەج قىلىپ، ھىندىستانغا قايتىپ كېلىپ، كالكوتتا پورتىدىن پاراخوتقا ئولتۇرۇپ، شاڭخەيگە كەلگەن. ئاندىن ياپونىيە قاتارلىق جايلارنى ئايلىنىپ، بېيجىڭغا قايتىپ كېلىپ، ئىلگىرى قومۇل ۋاڭى تۇرغان قەسىردە تۇرغان. 1944 - يىلى كېسەل بىلەن بېيجىڭدا ئۆلگەن. مەھمۇت مۇھىتىنىڭ ئابلىمىت مۇھىتى، ھەجەر مۇھىتى، خەلچىخان مۇھىتى، ئابلىز مۇھىتى، ئابدۇمىجىت مۇھىتى، بېشارەت مۇھىتى قاتارلىق پەرزەنتلىرىنىڭ بىر قىسمى جەڭلەردە شېھىت بولغان، بىر قىسمى ھەر خىل ئاچچىق قىسمەتلەرنى باشتىن كۆچۈرۈپ، ئۇنىڭدىن تەۋەررۈك بولۇپ ئىزىنى بېسىپ ياشىغان.

ئەينى ۋاقىتتىكى مەركىزىي ھۆكۈمەت بولغان گومىنداڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھۆكۈمىتى مەھمۇت مۇھىتىنى جەنۇبىي شىنجاڭ ئامانلىق قوغداش شتابىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى ۋە قوشۇمچە 6 ـ دىۋىزىيە كوماندىرلىقىغا تەيىنلىگەن ۋە گېنېرال لېيتېنانت ئۇنۋانىنى بەرگەن. مەھمۇت مۇھىتىمۇ بۇ ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئېلىپ، گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى تەقدىم قىلغان ماش رەڭ سارجىدىن تىكىلگەن ھەربىي فورما، قاسقانلىق شەپكە، ياقىغا قادايدىغان گېنېراللىق ئالتۇن چەن ۋە تاسما بەلۋاغلارنى قوبۇل قىلغان. سوۋېت ئىتتىپاقى شېڭ شىسەيگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن مەشھۇر مارشال رىبالكىننى شېڭ شىسەي ئەسكەرلىرىنى مەشقلەندۈرۈشكە ئەۋەتكەندە، مەھمۇت مۇھىتى قوشۇنلىرىمۇ شېڭ شىسەيگە قاراشلىق بولغاچقا، رىبالكىن قەشقەرگە كېلىپ، مەھمۇت شىجاڭنىڭ ئەسكەرلىرىگە ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە بەرگەن. كېيىن شېڭ شىسەي سۇيىقەست قىلماقچى بولغاندا مەھمۇت مۇھىتى نەنجىڭغا مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىپ جياڭ جيېشىغا شېڭ شىسەي ئۈستىدىن ئەرز قىلغان. جاڭ جيېشى: «بىز ھازىر ياپونلار بىلەن ئۇرۇشۇۋاتىمىز، سەن بىر مەزگىل تەخىر قىلىپ تۇر» دەپ جاۋاب بەرگەن.

مەھمۇت مۇھىتى چەت ئەلگە چىقىپ كەتكەندىن كېيىن شېڭ شىسەي مەھمۇت شىجاڭنىڭ قەشقەردە قالدۇرۇپ قويغان كوماندىرى ئابدۇنىياز تۆەنجاڭ بىلەن ما خوسەن قىسىملىرىنى سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ قولى بىلەن باستۇرۇپ، قەشقەردىن ئۆزىگە كېلىدىغان خەۋپنى تۈگەتكەن ۋە بۆرە تېرىسىنى كىيىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلى ۋەكىل بولۇپ تۈزگەن كېلىشىمنىڭ ۋاقتى ئۆتكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، 1937 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى خوجىنىياز ھاجىنى قولغا ئالغان. بىر يىلدىن كېيىن «ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ جاسۇسى» دېگەن يوقىلاڭ بەتنامنى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ بوغۇپ ئۆلتۈرگەن.

ئەينى يىللاردا بىر قىسىم كىشىلەر گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ ئارخىپخانىسىدىن بىر مەخپىي ھۆججەتنى قولغا چۈشۈرگەن. بۇ ھۆججەت شېڭ شىسەينىڭ خوجىنىياز ھاجى ھەققىدە جياڭ جيېشىغا يوللىغان ھۆججىتى بولۇپ، ھۆججەتتە: «خوجىنىياز ھاجى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىشپىيونى، ئۇ سوۋېت بىلەن بىرلىشىپ، شىنجاڭ زېمىنىدا ئۇيغۇرىستان قۇرماقچى بولدى. شۇڭا، مەن ئۇنى قولغا ئالدىم، دۆلەتنى پارچىلىماقچى بولغان بۇ ئىشپىيونغا ئۆلۈم جازاسى بەرمەكچى، تەستىقلاپ بەرسەڭلار» دېيىلگەن. بۇ ھۆججەتتىن شېڭ شىسەينىڭ نەقەدەر ياۋۇز، مەككار، ھىيلىگەر، ئىككى يۈزلىمىچى، نەيرەڭۋاز ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. شېڭ شىسەي يېڭى تەختكە چىققان، كۈچى ئاجىز ۋاقتىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئوتتۇرىغا سېلىپ، خوجىنىياز ھاجىغا قايتا - قايتا ئەلچى ئەۋەتىپ، يالۋۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن ئىتتىپاق تۈزدى. ئازراق كۈچلىنىۋالغاندىن كېيىن خوجىنىياز ھاجىنى كۆزگە قادالغان مىخ دەپ قاراپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۇنى «ياپونىيىنىڭ ئىشپىيونى» دەپ چېقىپ، قولغا ئالدى. گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىگە بولسا، ئۇلارنىڭ دۈشمىنى بولغان سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جاسۇسى، دەپ مەلۇمات يوللاپ، خوجىنىياز ھاجىغا ئۆلۈم جازاسى بەردى. ئەمەلىيەتتە جاللات شېڭ شىسەي بىرەرسىنى ئۆلتۈرۈشتە ئەزەلدىن گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ پىكرىنى ئالغىنى يوق، ئۇ بۇنىڭسىزمۇ شىنجاڭدا يۈزمىڭلاپ كىشىنىڭ جېنىغا زامىن بولدى. لېكىن، خوجىنىياز ھاجى تەسىرى زور شەخس بولغاچقا، كېيىن بىرەر گەپ چىقىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىگە ساختا مەلۇمات يوللاپ، كېيىنكى جاۋابكارلىقتىن قۇتۇلماقچى بولغان. بۇنىڭدىن شېڭ شىسەينىڭ نەقەدەر رەزىل، قارا نىيەت، مەككارلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# گوسۇل مۇھىتى

گوسۇل مۇھىتى مۇھىتىلار ئائىلىسىنىڭ تۆتىنچى ئوغلى بولۇپ، ئۇنىڭ توغرۇلۇق ماتېرىياللار بەك ئاز. گوسۇل مۇھىتى 1894 ـ يىلى تۇرپان ئاستانىدە دۇنياغا كەلگەن. كىچىكىدە شۇ يەردىكى مەدرىسىلەردە تەلىم ـ تەربىيە ئالغان ۋە ئاكىسى ئاچقان «مەخسۇدىيە مەكتىپى» دە ئوقۇغان. 1910 ـ يىلىدىن باشلاپ، ئائىلىسىنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلىرىغا ياردەملەشكەن. 1932 ـ يىلى گوسۇل مۇھىتىنىڭ ئاكىلىرى مەخسۇت مۇھىتى بىلەن مەھمۇت مۇھىتى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىغا ئاۋاز قوشۇپ، ئاستانىدە قوزغىلاڭ كۆتۈردى. 1933 ـ يىلى 8 ـ مارت كۈنى ئىككىنچى ئاكىسى مەخسۇت مۇھىتى لۈكچۈندە جەڭدە قازا قىلغاندىن كېيىن، ئۈچىنچى ئاكىسى مەھمۇت مۇھىتى قوزغىلاڭنىڭ باش قوماندانى بولۇپ، خوجىنىياز ھاجى بىلەن قەشقەرگە كەتتى. ئاستانىدىكى مۇھىتىلار ئائىلىسىدە پەقەت ئۆزىلا قېپقالغان گوسۇل مۇھىتى ئاكىلىرىغا تەۋە بولغان دېھقانچىلىق ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ تۇردى.

ئاستانىنىڭ ئالتە كىلومېتىر جەنۇبىدىكى مەڭگۈبۇلاق دېگەن جايىدا توققۇز كارىز بولۇپ، بۇ كارىزلارنىڭ كۆپ قىسمى مۇھىتىلار ئائىلىسىگە تەۋە بولغاچقا، گوسۇل مۇھىتىنىڭ كۆپىنچە ۋاقتى شۇ يەردە ئۆتەتتى. ئاستانىدە يېڭىچە پەننى مەكتەپ ئېچىلغىلى 20 يىل بولغان بولسىمۇ، مەڭگۈبۇلاق ئاستانىگە يىراق بولغاچقا، بۇ يەردە بىرمۇ بالا مەكتەپ يۈزى كۆرمىگەنىدى. بۇ ئەھۋالدىن قەلبى ئۆرتەنگەن، مەرىپەتپەرۋەر ئاكىلىرىنىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچرىغان گوسۇل مۇھىتى

مەڭگۈبۇلاقتىن ئىبارەت مۇشۇ چەت زېمىندا مەكتەپ ئېچىپ، سەبىي بالىلارنىڭ قاراڭغۇ دىلىنى مەرىپەت مەشئىلى بىلەن يورۇتۇش نىيىتىگە كەلدى. ئۇ مۇشۇ ئۇلۇغ نىيەت بىلەن مەڭگۈبۇلاقنىڭ خېنىمكارىز (كېيىنچە «گوسۇلنىڭ كارىزى» دەپ ئاتالغان) مەھەللىسىدىكى ئۆز قورۇسى ئىچىگە تۆت دېرىزىلىك ئازادە بىر سىنىپ سالدى. بىراق، سىنىپ پۈتكەن بولسىمۇ، ئوقۇيدىغان بالا چىقمىدى.

شۇ چاغلاردا توققۇز كارىزدىن تەركىب تاپقان مەڭگۈبۇلاقتا جەمئىي 40 نەچچە ئائىلە، 200 دىن ئارتۇق نوپۇس بار بولۇپ، بۇلار غەربتىن شەرققە تۆت كىلومېتىر دائىرىدە تارقاق ئولتۇراقلاشقانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يەردىكى دېھقانلار بەك نامرات بولغاچقا، بالىلارنىڭ ئوقۇش خىراجىتىنى ئۈستىگە ئېلىشقا ماجالى يەتمەيتتى. ئەۋلادمۇ ئەۋلاد نامراتلىقتا، نادانلىقتا ياشاپ كەلگەن، تۇرپان رايونىنىڭ ئەڭ چېتىدىكى دېھقانلار «دېھقان بالىلىرى ئوقۇسىمۇ، ئوقۇمىسىمۇ بەرىبىر كەتمەن چاپىدىغان گەپ» دەپ قارىغاچقا، ئوقۇشنىڭ پايدىسىنى ھېس قىلالمايتتى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا گوسۇل مۇھەتى دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىگە ئۆيمۇ ئۆي كىرىپ، ئوقۇشنىڭ پايدىسىنى سۆزلەپ، دېھقانلارنى قايىل قىلدى. دېھقانلارنىڭ نامراتلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئوقۇتقۇچىنىڭ ئىش ھەققى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەپتەر، كىتاب، قەلەم، سومكا پۇلى، ھەتتا كىيىم - كېچەكلىرىنىڭ پۇلىنىمۇ ئۆز ئۈستىگە ئالىدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە بەردى.

گوسۇل مۇھەتى مەڭگۈبۇلاق تەۋەسىدىكى 7 ياشتىن 15 ياشقىچە بولغان 26 بالىنى تىزىمغا ئېلىپ، ھەر بىر بالىغا دەپتەر، قەلەم، كىتاب، سومكا ۋە سۇر رەڭلىك رەختتىن ئوخشاش قىلىپ تىكتۈرگەن ئىشتان، چاپان، ئوخشاش دوپپا، ئاياغ تارقىتىپ بەردى. ماتا بىلەن چەكمەندىن قوپال تىكىلگەن كىيىملەرگە كۆنۈپ قالغان بالىلار، ئۆزبېكىستاندا توقۇلغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

رەختتىن سىپتا تىكىلگەن كىيىملەرنى كىيىپ ئىنتايىن خۇشال بولۇپ كېتىشتى. ئاتا ـ ئانىلارمۇ بىر تەرەپتىن گوسۇل مۇھتىنىڭ كەڭ قوللۇقىغا، مەردلىكىگە ئاپىرىن ئوقۇشسا، يەنە بىر تەرەپتىن بالىلىرىنىڭ پاكىز، رەتلىك، بىر خىل كىيىملىرىگە قاراپ ئىچ ـ ئىچىدىن ماز (ھەۋەسلىنىش) بولۇپ كېتىشتى. گوسۇل مۇھتى ئاستانىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان ئابدۇراخمان ئادىل ئىسىملىك ئوقۇتقۇچىنى مەڭگۈبۇلاقتىكى مەكتەپكە مۇئەللىم بولۇپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. شۇنداق قىلىپ، 1933 ـ يىلى 10 ـ ئايدا 26 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنغان «گوسۇل مۇھتى مەكتىپى» دە رەسمىي ئوقۇش باشلاندى. شۇنىڭ بىلەن نادانلىق، زۇلمەت ئىلكىدە ئۇخلاپ ياتقان بۇ چەت، ياقا زېمىندا مەرىپەت مەشئىلى يالقۇنجاشقا باشلىدى. بۇ مەكتەپنى شۇ دەۋردە شىنجاڭ زېمىنىدىكى ئەڭ چەت مەھەللىدە ئېچىلغان تۇنجى مەكتەپ دېيىشكە بولىدۇ.

گوسۇل مۇھتى مەكتەپ قۇرۇلغاندىن كېيىن مەكتەپ باشقۇرۇش، ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا ئىزچىل كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى. يازلىق تەتىل مەزگىللىرىدە ئۈرۈمچىدىن تەنتەربىيە، سەنئەت ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەكلىپ قىلىپ، ئوقۇغۇچىلارنى ھەر خىل تەنتەربىيە تۈرلىرىنى ئۆگىنىش، سەنئەت نومۇرلىرىنى ئورۇنداشقا تەشكىللەپ، خېلى ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى. نەتىجىدە، بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئەينى يىللىرى ھەر قايسى يېزا ـ قىشلاقلار ئارا ئۆتكۈزۈلگەن تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرىدە 1 ـ لىككە ئېرىشتى.

1936 ـ يىلى شىڭ شىسەي گوسۇل مۇھتىغا «خىزمەت بېرىمەن» دەپ ئالداپ ۋە بېسىم قىلىپ، ئۈرۈمچىگە ئېلىپ چىقىپ، كۆرۈنۈشتە بىر ئىدارىنىڭ مەسلىھەتچىسى قىلغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە نەزەربەند ئاستىغا ئالدى. گوسۇل مۇھتى ئۈرۈمچىگە ماڭغۇچە ئاستانە ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىغا

مەڭگۈبۇلاق مەكتەپىنىڭ خىراجىتىنى ئۆزىگە ۋاكالىتەن بېرىپ تۇرۇشنى ھاۋالە قىلدى.

1937 ـ يىلى شېڭ شىسەي بىر تۈركۈم ئىلغار كىشىلەرنى قولغا ئالغاندا گوسۇل مۇھىتىنىمۇ تۈرمىگە تاشلىدى ھەمدە ئارىدىن بىر نەچچە يىل ئۆتۈپ 1940 ـ يىلىغا كەلگەندە ئۇنى تۈرمىدە قىيناپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئۇ ۋاپات بولغاندا ئاران 46 ياشتا ئىدى. گوسۇل مۇھىتىدىن رىسالەت مۇھىتى، ئابدۇللا مۇھىتى، ئىبادەت مۇھىتى، پەتتار مۇھىتى قاتارلىق پەرزەنتلەر قالغان.

«گوسۇل مۇھىتى مەكتىپى» ئوقۇغۇچىلىرى ئالتە يىل ئوقۇپ، 1939 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئوقۇش پۈتتۈردى. ئالتە يىلدا بۇ مەكتەپتە ئابدۇراخمان ئادىل، ئىسكەندەر ئابىدى، ئابدۇراخمان تاھىر، ئىبراھىم سەلىمى، تۇرسۇن ئېلى قاتارلىق بەش ئوقۇتقۇچى ئىلگىرى ـ كېيىن ئوقۇتقۇچىلىق قىلدى. بىرىنچى تۈركۈم ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن باشقۇرىدىغان ھەم خىراجەت بىلەن تەمىنلەيدىغان ئادەم بولمىغاچقا، مەكتەپ تاقىلىپ قالدى. شۇ قېتىم ئوقۇش پۈتتۈرگەن 26 ئوقۇغۇچى ئازادلىقتىن كېيىن ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا ئىشلەپ جەمئىيەتكە تېگىشلىك تۆھپە قوشتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مۇھىتلار جەمەتىنىڭ تۆھپىكار ئەۋلادلىرى

## ئابدۇراخمان مۇھىتى

موسۇل مۇھىتىنىڭ ئىككىنچى ئوغلى بولغان ئابدۇراخمان مۇھىتى 1910 ـ يىلى تۇرپان ئاستانىنىڭ غوجامئالدى مەھەللىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1918 ـ يىلىدىن 1924 ـ يىلىغىچە ئاستانىدىكى كىچىك ئانىسى مەخسۇت مۇھىتى ئاچقان «مەخسۇدىيە مەكتىپى»دە ئوقۇغان. 1932 ـ يىلى كۆزدە قوزغالغان دېھقانلار قوزغىلىڭىغا ئاكتىپ قاتناشقان ھەمدە خوجىنىياز ھاجى، مەھمۇت شىجاڭ قوشۇنىغا قاتنىشىپ، قەدىمىي شەھەر قەشقەرگە بارغان.

1934 ـ يىلى بىر تۈركۈم ياشلار بىلەن بىللە قەشقەردىن ئۆزبېكىستان پايتەختى تاشكەنتكە بېرىپ ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مەمۇرىي ھوقۇق فاكۇلتېتىدا ئىككى يىل ئوقۇغان. 1936 ـ يىلى ئوقۇشنى تاماملاپ، چۆچەك ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە كەلگەن ھەمدە ئۈرۈمچىدە بىر يىلغا يېقىن خىزمەت قىلغان. 1938 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، تۈرمىگە قامىلىپ، ئالتە يىلدىن كۆپرەك تۈرمە ھاياتىنى باشتىن كۆچۈرگەن. 1944 ـ يىلى تۈرمىدىن چىقىپ ئانا يۇرتى ئاستانىگە كېلىپ، «ئاستانە بىۋاستە قاراشلىق ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى»دا بوغالتىر بولۇپ ئىشلىگەن. 1945 ـ يىلى ئەتىيازدا بۇرھان شەھىدى تۇرپانغا

كەلگەندە ئۇنى ئۈرۈمچىگە بىللە ئېلىپ بېرىپ خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان.

1946 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى ئۈرۈمچىدە 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمى ئىمزالىدى. 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ بىر قىسىم ئاپپاراتلىرىغا ۋە بەزى ناھىيىلەرنىڭ ھاكىملىقىغا ئۈچ ۋىلايەت تەرەپتىن كادىرلار قويۇلدى. مۇشۇ روھقا ئاساسەن، ئابدۇراخمان مۇھىتى 1946 ـ يىلى 8 ـ ئايدا تۇرپان ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلەندى.

ئابدۇراخمان مۇھىتىنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش يىغىنى تۇرپان شەھەر جەنۇبىي قوۋۇق مەھەللىسىدىكى رەخمىتۇل قارىيھاجىم مەسچىتىدە تولىمۇ داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. شۇنچە چوڭ مەسچىتنىڭ ئىچى ئادەملەر بىلەن لىقمۇ لىق توشۇپ كەتكەن بولۇپ، مەسچىت ئىچىگە سىغمىغان نۇرغۇن كىشىلەر يولدا تۇرۇپ قېلىشتى. يىغىنغا تەخمىنەن 5000 دەك ئادەم قاتناشقان بولۇپ، شۇ چاغدىكى ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بۇرھان شەھىدى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە ۋاكالىتەن يىغىنغا ئىشتىراك قىلىپ، ئابدۇراخمان مۇھىتىنىڭ ھاكىملىق ۋەزىپىسىگە تەيىنلەنگەنلىكىنى ئېلان قىلدى.

ئابدۇراخمان مۇھىتىنىڭ ھاكىم بولۇشىمۇ ئاسانغا توختىمىغانىدى. ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتتە تۇرپانغا كىمنى ھاكىم قىلىش مەسىلىسىدە كەسكىن كۈرەش بولغانىدى. بۇنداق بولۇشى تۇرپاننىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى ۋە ئىستراتېگىيىلىك ئورنىنىڭ مۇھىملىقىدا ئىدى. تۇرپان شىنجاڭنى ئىچكىرى ئۆلكىلەر بىلەن تۇتاشتۇرىدىغان قاتناش تۈگىنى، يەنە كېلىپ ئۈرۈمچىگە يېقىن. تۇرپاندا بىرەر ئەھۋال بولۇپ قالسا ئۈرۈمچىگە تەھدىت ئېلىپ كېلەتتى، شۇڭا ئىككى تەرەپنىڭ تالىشىشى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كەسكىن بولغانىدى. بۇ ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ ۋەكىللىرىنىڭ مۇرەسسەسىز كۈرەش ئېلىپ بېرىشى ئارقىلىق مىڭ تەستە قولغا كەلگەن نەتىجە ئىدى. گومىنداڭ تەرەپ بولسا تۇرپاننىڭ ھاكىملىقىدىن ئىبارەت مەمۇرىي ھوقۇق قولدىن كەتكەندىن كېيىن، بۇنىڭ ئورنىنى ھەربىي كۈچ بىلەن تولدۇرۇپ تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، تېزدىن تۇرپاندا تۇرۇشلۇق ھەربىي كۈچىنى كۆپەيتىپ، قورال لارنى خىللاپ، خەۋەرلىشىش ئاپپاراتلىرىنى تولۇقلاپ بەردى.

ئابدۇراخمان مۆھىتى تۇرپانغا ھاكىم بولغاندىن كېيىن ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوف، سەيپىدىن ئەزىزى قاتارلىق رەھبەرلەر بىلەن مۇناسىۋەت باغلاشنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ يوليورۇقلىرىنى تۇرپاندا ئىزچىل لاشتۇردى. ئۇ ناھىيىلىك ھۆكۈمەت تەركىبىدىكى گومىنداڭپەرەس جاھىل كۈچلەرنى تازىلاپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا بىر تۈركۈم ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەرنى ئورۇنلاشتۇردى. ئابدۇراخمان مۆھىتى بايرىقى روشەن ھالدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە ۋە گومىنداڭپەرەس جاھىل كۈچلەرگە، مىللەت، دىن تونىغا ئورۇنۇۋالغان مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە قارشى كۈرەش قىلدى.

ئابدۇراخمان مۆھىتى 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمىنى تەشۋىق قىلىش ۋە ئىجرا قىلىشتا چىڭ تۇردى. 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمىنىڭ روھى بويىچە نىسەن① قىلىنغان يەرلەر ئۆز ئىگىلىرىگە قايتۇرۇلۇشى كېرەك ئىدى. لېكىن، گومىنداڭ بۇنىڭغا قارشى تۇردى. شۇنىڭ بىلەن 11 ماددىلىق تىنچلىق

① خەنزۇچە «خائىنلارنىڭ مۈلكى» دېگەن مەنىدە بولۇپ، شېڭ شىسەي 1937 ـ يىلىدىن 1943 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا شىنجاڭ بويىچە 10 مىڭ ئادەمنى «خائىنلار» دېگەن بەتنام بىلەن تۈرمىگە قاماپ، ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىپ، باشقا كىشىلەرگە ئەرزان باھادا سېتىۋەتكەن، سېتىۋالغۇچىلار «نىسەنچى» دەپ ئاتالغان. 1946ـ يىلى گومىنداڭ بىلەن ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ ھاسىل قىلغان «11 ماددىلىق بىتىم» نىڭ روھىغا ئاساسەن، بىرلەشمە ھۆكۈمەت ئاتالمىش «خائىنلارنىڭ مۈلكى» نى ئېنىقلاپ، ئۆز ئىگىلىرىگە قايتۇرۇپ بېرىشكە مەسئۇل بولغان.

بىتىمىنى ئىجرا قىلىش بىلەن ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇش ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش ئۆتكۈرلىشىپ كەتتى.

1947 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئاستانىدىكى خەلق ئاممىسى قوزغىلىپ نىسەن قىلىنغان مەڭگۈ بۇلاقتىكى كارىزلارنى ۋە قاراغوجا كارىزدىكى تۆت سوقما دېگەن كارىزنى نىسەنچىلەردىن قايتۇرۇۋالدى. گومىنداڭ دائىرىلىرى بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، دەرھال تۆت سوقمىغا بىر روتا ئەسكەر ئەۋەتىپ، يەرلەرنى يەنە نىسەنچىلەرگە ئېلىپ بەردى ھەمدە نىسەنچىلەرگە قورال تارقىتىپ بەردى. نىسەنچىلەر قولىدىكى قورال بىلەن ئۆزلىرىنى قوغداپ قالدى، بۇ ئىش تۇرپان خەلقىنىڭ غەزىپىنى قوزغىدى.

1947 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ياڭخى كارىزدىكى ئىمىن زايىت 30 نەچچە نەپەر ياشنى تەشكىللەپ، تۆت سوقمىغا قوراللىق ھۇجۇم قىلىپ نىسەنچىلەرنى بويسۇندۇردى. بۇ ئىش تۆت سوقمىدىن قېچىپ چىققان نىسەنچى كالىر (خۇيزۇ) ئارقىلىق گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ تۇرپاندا تۇرۇشلۇق 231 ـ يىڭنىڭ باشلىقى تەن زېمىنگە دوكلات قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇ جىددىي يىغىن ئېچىپ، سۇيىقەست پىلانلىدى. ئۇنىڭ سۇيىقەستلىك پىلانى مۇنداق ئىدى: تۆت سوقمىغا بىر روتا ئەسكەر ئەۋەتىپ، ئىمىن زايىت باشچىلىقىدىكى دېھقان قوزغىلاڭچىلارنى يوقىتىش، ئەتىسى (7 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى) بىر تۈركۈم گومىنداڭپەرەسلەرنى نامايىش قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، نامايىش قوشۇنىغا بىر تۈركۈم ھەربىيلەرنى پۇقراچە كىيىندۈرۈپ كىرگۈزۈش، نامايىشچىلارغا تاڭ سەھەردە ئابدۇراخمان مۇھىتى، باۋۇدۇن يۇسۇپلەرنى ئۆلتۈرگۈزۈش، بۇنى «ئامما قىلدى» دەپ خۇلاسىلەش بىرلىككە كېلىندى. شۇنداق قىلىپ 7 ـ ئاينىڭ 11ـ كۈنى پېشىندىن كېيىن تۇرپاندىكى يېڭىشەھەر دەرۋازىلىرى تاقىلىپ يېڭىشەھەرگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كىرىش ـ چىقىش مەنئى قىلىندى. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ئىشقا بارماقچى بولۇپ يېڭىشەھەر شەرقىي دەرۋازىغا بارغان ئابدۇراخمان مۇھىتى، باۋۇدۇن يۇسۇپلەر ھەربىيلەر تەرىپىدىن توسۇپ قويۇلدى. ئابدۇراخمان مۇھىتى بىلەن باۋۇدۇن يۇسۇپ يېڭىشەھەردىكى ساقچى ئىدارىسىگە كىرىپ بۇ ئىشنىڭ سەۋەبىنى بىلەلمەي تۇرغاندا دۈشمەننىڭ مەخپىي يىغىنىغا قاتناشقان بارات ئىسىملىك بىر ئادەم كېلىپ دۈشمەننىڭ سۇيىقەستىنى ھاكىملارغا ئۇقتۇرۇپ قويدى. ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى بىلگەن ئابدۇراخمان مۇھىتى، باۋۇدۇن يۇسۇپلەر مەسلىھەتلىشىپ، كېچە قاراڭغۇلۇقىدىن پايدىلىنىپ سېپىلدىن چۈشۈپ شەھەردىن چىقىپ كېتىشكە بىرلىككە كەلدى. يېرىم كېچە بولغاندا يېڭىشەھەرنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى سېپىلغا يانداش سېلىنغان ئابدۇرېھىم ئەمەت ھاجىنىڭ ھويلىسىغا كىرىپ شوتا قويۇپ سېپىل ئۈستىگە چىقىپ، ئارغامچا بىلەن يەرگە سىيرىلىپ چۈشتى ـ دە، يار يېزىسىغا بېرىپ ئاتلىق پاقابۇلاققا كەتتى. شۇنداق قىلىپ دۈشمەننىڭ ئابدۇراخمان مۇھىتىلارنى ئۆلتۈرۈشتەك سۇيىقەستلىك پىلانى مەغلۇپ بولدى.

ئابدۇراخمان ھاكىمنىڭ شەھەردىن چىقىپ كەتكەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەر ئاستانە، قاراغوجا يېزىلىرىغا يېتىپ كەلگەندە غەزەپكە كەلگەن ئامما گومىنداڭغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرمەكچى بولدى. ئابدۇراخمان ھاكىم ئويلىنىپ كۆرۈپ، ئەمدى ئۇرۇشتىن باشقا يول قالمىدى، دەپ ھېسابلىدى. شۇنداق قىلىپ 1947 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئۇ ئاستانىدىكى ياشلار تەشكىلاتىنىڭ مەسئۇللىرى ئابدۇللا پەرسا، رەجەپ توختىلارغا سىڭگىم ئېغىزىدىكى گومىنداڭ ئەسكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلىش توغرىسىدا خەت ئەۋەتتى. خەت 7 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى شام ۋاقتىدا ئاستانىگە يېتىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ يەردىكى ياشلار خوجىنىياز ھاجى ئەينى ۋاقىتتا قۇرغان پاختا زاۋۇتىغا

يىغىلىپ يىغىن ئاچقاندىن كېيىن سىڭگىم ئېغىزىغا ئاتلاندى. يېرىم كېچىگىچە قاراغوجا، ئاستانىدىكى 700 دەك ئادەم سىڭگىم ئېغىزىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى باغلارغا يېتىپ باردى. 1947- يىلى 7 - ئاينىڭ 13 - كۈنى تاڭ يورۇغان چاغدا ھۇجۇم باشلاندى. تاياق - توقماق ۋە ئاددىي قوراللار بىلەن قوراللانغان قوزغىلاڭچىلار باتۇرلۇقتا تايىنىپ بىرسى يىقىلسا يەنە بىرسى ئىلگىرىلەپ جەڭ قىلدى. شۇ كۈنى چۈشكە يېقىن ئابدۇراخمان مۇھىتى سىڭگىم ئېغىزىغا يېتىپ كېلىپ جەڭگە بىۋاسىتە قوماندانلىق قىلدى، قوزغىلاڭچىلار دۈشمەن پوتەيلىرىنى قورشاپ بولغان، دۈشمەنلەرمۇ ئاق بايراق چىقىرىپ تەسلىم بولغان بىر چاغدا تۇرپان شەھەر تەرىپىدىن ئاق بايراق كۆتۈرگەن، پۇقراچە كىيىنگەن ئاتلىق قوشۇن يېتىپ كەلدى. قوزغىلاڭچىلار ئۇلارنى ئۆز ئادەملىرىمىز ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ تۇرۇشىغا، بۇ پۇقراچە كىيىنگەن قوشۇن تۇيۇقسىز ئاق بايراقنى تاشلاپ، قويۇنلىرىدىن قوراللىرىنى چىقىرىپ، قوزغىلاڭچىلارنى قىرىشقا باشلىدى. تۇيۇقسىز قىلىنغان ھۇجۇمدىن تەمتىرەپ قالغان قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى تەرتىپسىز چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. شۇنداق قىلىپ قولغا كېلەيلا دەپ قالغان غەلىبە دۈشمەننىڭ ھىيلە - مىكىر بىلەن كەلگەن ياردەمچى قوشۇنى تۈپەيلىدىن قولدىن كەتتى.

ئابدۇراخمان مۇھىتى گۇناھسىز خەلقنىڭ بىھۇدە ئۆلۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن چېكىنىۋاتقان قوزغىلاڭچىلارنى يۇرت ئىچىگە چېكىنمەي، تۇيۇق تەرەپكە چېكىنىشكە بۇيرۇق بەردى. قوزغىلاڭچىلار كەينىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقان دۈشمەنلەر بىلەن ئۇرۇشقاچ چېكىنىپ، تۇيۇققا يېقىنلاشقاندا يەر شارائىتىدىن پايدىلىنىپ دۈشمەن يېتىپ كەلگەندە توسۇپ زەربە بېرىپ، دۈشمەننى چېكىندۇردى. بىراق، دۈشمەن كۈچلۈك، قوزغىلاڭچى قوشۇن ئاجىز بولغانلىقتىن، تۇيۇقتىن چالقانغا يۆتكىلىشكە مەجبۇر بولدى. چالقاندا بىر نەچچە

كۆن تۇرغاندىن كېيىن قارايۈزى غولىغا كېلىپ، بۇ يەردە پارتىزانلار ھەيئىتى تەشكىل قىلدى، ئابدۇراخمان مۇھىتى پارتىزانلار ھەيئىتىنىڭ باشلىقى بولۇپ سايلاندى. ئابدۇراخمان مۇھىتى شۇ چاغدىكى ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق پارتىزانلارنى ئىنقىلاب ئوتى يالقۇنجاپ تۇرغان ئىلى، ئالتاي، تارغاباتاي قاتارلىق ئۈچ ۋىلايەت تەۋەسىگە باشلاپ كېتىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. پارتىزانلار ھەيئىتى مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق ئابدۇراخمان مۇھىتىنىڭ بۇ پىكرىگە قوشۇلدى.

پارتىزانلار قارايۈزى غولىدا ئاۋۋال قوشۇننى تەرتىپكە سېلىش، مەشىق قىلدۇرۇش، ئوزۇق تەييارلاش قاتارلىق ئىشلارنى قىلدى. 1947 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى 800 دىن ئارتۇق پارتىزان ئابدۇراخمان مۇھىتىنىڭ باشچىلىقىدا ئىستراتېگىيىلىك يۆتكىلىشنى باشلىدى. پارتىزانلار ئابدۇراخمان مۇھىتىنىڭ باشچىلىقىدا كوجەي ـ بۇرجاي جېڭى، ئالغۇيدىكى جەڭ، ئېگىز داۋاندىكى جەڭ قاتارلىق كۆپلىگەن قانلىق جەڭلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ، دۈشمەننىڭ كۆپ قېتىم توسۇپ زەربە بېرىشى، قوغلاپ زەربە بېرىشى، قورشاپ زەربە بېرىشلىرىدىن باتۇرلۇق بىلەن ئۆتۈپ، 1947 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى غەلىبىلىك ھالدا ئىلى ۋىلايىتى چېگرىسىغا يېتىپ باردى. بۇ چاغدا پارتىزانلاردىن ئاران 200 دىن ئارتۇق ئادەم قالغانىدى.

ئابدۇراخمان مۇھىتى باشلاپ بارغان پارتىزانلار ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسىگە «قىلىچ ئىسكادرون» نامى بىلەن قوشۇلۇپ، شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىنىشىغا زور تۆھپە قوشتى.

ئابدۇراخمان مۇھىتى غۇلجىغا بارغاندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت خەلقچىل ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ مۇھىم مەسئۇللۇق ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ، ئۆزىنىڭ تەشكىللەشتىكى قابىللىقى، تالانتى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرىنىڭ ماختىشىغا ئېرىشتى.

جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغاندىن كېيىن ئابدۇراخمان مۇھىتى ئۈچ ۋىلايەتتە خىزمەت قىلغان بىر تۈركۈم رەھبىرىي يولداشلار بىلەن بىللە ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ كېلىپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى خەلق ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى، سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ باش كاتىپى، مەملىكەتلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، 1 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، ئاپتونوم رايونلۇق بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ھەيئىتى قاتارلىق مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۆتىدى. ئۇ خىزمەتتە قىزغىن، مەسئۇلىيەتچان بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى بىلەن شىنجاڭنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلابتىن سوتسىيالىستىك ئىنقىلابقا بۇرۇلۇشىدا ۋە سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا زور تۆھپىلەرنى قوشۇپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى.

ئۇ 1957 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى كېسەل سەۋەبى بىلەن 47 يېشىدا ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى داغدۇغىلىق تەزىيە يىغىنى ئېچىپ ماتەم بىلدۈردى.

## ئابدۇرېھىم مۇھىتى

ئابدۇرېھىم مۇھىتى موسۇل مۇھىتىنىڭ ئۈچىنچى ئوغلى بولۇپ، 1912 ـ يىلى تۇرپان ئاستانىدە تۇغۇلغان. 1918 ـ يىلىدىن 1924 ـ يىلىغىچە «مەخسۇدىيە مەكتىپى» دە ئوقۇغان. 1924 ـ يىلىدىن 1932 ـ يىلىغىچە ئائىلە ئىشلىرىغا ياردەملەشكەن. 1932 ـ يىلى مەخسۇت مۇھىتى، مەھمۇت مۇھىتىلار باشچىلىقىدا قوزغالغان تۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭىغا

قاتناشقان. قوزغىلاڭچى قوشۇن بىلەن بىللە قانلىق جەڭلەرنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، مەھمۇت شىجاڭ ۋە خوجىنىياز ھاجىلار بىلەن بىللە قەشقەر شەھىرىگە بارغان. 1934 ـ يىلى مەھمۇت شىجاڭنىڭ كۆچ چىقىرىشى بىلەن بىر تۈركۈم ياشلار قاتارىدا ئۆزبېكىستان پايتەختى تاشكەنت شەھىرىگە بېرىپ ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مەمۇرىي ھوقۇق فاكۇلتېتىدا ئىككى يىل ئوقۇپ، 1936 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئوقۇشنى غەلىبىلىك تاماملاپ، چۆچەك ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەن. ئۈرۈمچىگە كەلگەندە شېڭ شىسەي ئۇنى ئۆلكىلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشكە خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرغان. ئابدۇرېھىم مۇھىتى ئۆلكىلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشىدە خىزمەت ئىشلىگەن مەزگىلدە ھەققانىيەتنى ياقىلاپ، ۋەتەنپەرۋەر كۆچلەر بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك بىرلىك سېپىنى زورايتىش، ئەكسىيەتچىلەرگە قارشى تۇرۇش جەھەتلەردە ئاكتىپ خىزمەت قىلغان.

1939 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا شېڭ شىسەي تەرىپىدىن تۈرمىگە قامالغان. تۈرمىدە غېنى باتۇر بىلەن بىر مەزگىل بىر كامېردا ياتقان. 1944 ـ يىلى تۈرمىدىن چىقىپ ئانا يۇرتى تۇرپان ئاستانىگە قايتىپ كېلىپ، ئائىلىسىنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلىرىنى باشقۇرغان.

1947 ـ يىلى ئاكىسى ئابدۇراخمان مۇھىتى باشچىلىقىدا تۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭىغا ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ، سىڭگىم ئېغىزىدا ئېلىپ بېرىلغان كەسكىن جەڭگە قاتناشقان. قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن پارتىزانلار بىلەن بىرلىكتە يول بويى قانلىق جەڭلەرنى قىلىپ، 1947 ـ يىلى 8 ـ ئايدا شۇ چاغدىكى شىنجاڭ مىللىي ئىنقىلابىنىڭ مەركىزى بولغان ئۈچ ۋىلايەت تەۋەسىگە يېتىپ بېرىپ، مىللىي ئارمىيە جەڭچىسى بولغان.

ئابدۇرېھىم مۇھىتى 1949 ـ يىلى ئاستانىگە قايتىپ

كېلىپ، سودا قىلىش ۋە لەنجۇ شەھىرىدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان تۇغقىنى ئابدۇخالىقنى يوقلاپ كېلىش ئۈچۈن تۇرپانىنىڭ قۇرۇق ئۈزۈم قاتارلىق يەرلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئېلىپ لەنجۇغا بارغان. بۇ دەل جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا يۈرۈش قىلغۇچى قىسىملىرى لەنجۇغا يېتىپ كەلگەن چاغ بولۇپ، بۇنىڭدىن خۇشال بولغان ئابدۇرېھىم مۇھىتى ئىككى ماشىنا (تەخمىنەن يەتتە توننا) قۇرۇق ئۈزۈمنى ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىلىرىدىن هال سوراپ تەقدىم قىلغان. 1951 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە لەنجۇ شەھىرىدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان.

1952 ـ يىلى ئەتىيازدا تۇرپان ئاستانىگە قايتىپ كەلگەن. بۇ ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش، سىنىپى تەركىب ئايرىش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان چاغ بولۇپ، خىزمەت ئەترىتى ئابدۇرېھىم مۇھىتىنىڭ ئەھۋالىنى ئىنچىكە تەكشۈرۈپ، ئۇنى «ۋەتەنپەرۋەر زىيالىي» دەپ بېكىتكەن.

ئابدۇرېھىم مۇھىتى 1952 ـ يىلدىن 1956 ـ يىلغىچە ئاتىسى موسۇلباي سىڭگىم ئېغىزىدا قۇرغان پاختا ئايرىش زاۋۇتىنى باشقۇرغان. 1956 ـ يىلى سەيپىدىن ئەزىزى ۋە ئابدۇراخمان مۇھىتىلار تۇرپانغا خىزمەتكە كەلگەندە سىڭگىم ئېغىزىدىكى موسۇلباي پاختا زاۋۇتىغا بېرىپ ئابدۇرېھىم مۇھىتىنى ئالاھىدە يوقلاپ هال سورىغان. بۇ دەل سودا ـ سانائەتنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلغان چاغ ئىدى. ئابدۇراخمان مۇھىتى ئابدۇرېھىم مۇھىتىغا پاختا زاۋۇتىنى ھۆكۈمەتنىڭ شىركەتلىرىگە پاي قىلىپ قوشۇش تەكلىپىنى بەرگەن. ئابدۇرېھىم مۇھىتى بۇنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلغان. شۇ چاغدىكى ئاستانە، قاراغوجا يېزىلىرى بويىچە ئەڭ چوڭ ھېسابلىنىدىغان بۇ پاختا پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى 5000 پاي باھالىنىپ شىركەتكە قوشۇۋېتىلگەن.

ئابدۇرېھىم مۇھىتى شىركەت كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولۇپ ئىشلىگەن. 1958 ـ يىلى سول لۇشيەنىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ شىركەتتىن بوشىتىلغان.

1958 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرى ئابدۇرېھىم مۇھىتى تۇغقان يوقلاش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە بارغاندا سەيپىدىن ئەزىزى بىلەن ئۇچرىشىپ قالغان. ئابدۇرېھىم مۇھىتىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچراپ ئىشسىز قالغانلىقىنى ئۇققان سەيپىدىن ئەزىزى ئۇنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى شىركىتىنىڭ مال سېتىش ماگىزىنىغا پىركازچىكلىققا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان. ئۇ بۇ خىزمەتنى كىچىك كۆرمەي، بەجانىدىل ئىشلەپ، ئۆزىنىڭ قىزغىنلىقى، خىزمەتتىكى مەسئۇلىيەتچانلىقى ۋە ئەلا مۇلازىمىتى بىلەن خىزمەتداشلىرىنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن.

1962 ـ يىلىدىكى ئاپپاراتلارنى ئىخچاملاش، كادىرلارنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈش دولقۇنىدا ئىش ئورنىدىن ئايرىلىپ، ئانا يۇرتى تۇرپان ئاستانىگە قايتىپ كەلگەن. ئۇ ئاستانىدە ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىگە قاتنىشىش بىلەن بىرگە ئاتىسى موسۇلباي ۋاقتىدا بەرپا قىلىنغان «چوڭ باغ» دەپ ئاتىلىدىغان باغقا كۆچۈپ بېرىپ، باغنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، يېڭى مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئۆستۈرۈش قاتارلىق ئەمگەكلەر بىلەن شۇغۇللانغان. 1972 ـ يىلى 7 ـ ئايدا رېماتىزم كېسىلى بىلەن ئاستانىدە ۋاپات بولغان، ئۇنىڭ جەسىتى ئاۋات قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغان.

## ئەنۋەر مۇھىتى

ئەنۋەر مۇھىتى — مەخسۇت مۇھىتىنىڭ چوڭ ئوغلى بولۇپ، 1916 ـ يىلى تۇرپان ئاستانىنىڭ غوجامئالدى مەھەللىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1916 ـ يىلىدىن 1923 ـ يىلىغىچە ئائىلە تەربىيىسىدە بولغان. 1923 ـ يىلىدىن 1928ـ

يىلىغىچە ئاستانىدىكى ئاتىسى ئاچقان «مەخسۇدىيە مەكتىپى» دە، 1928 ـ يىلىدىن 1930 ـ يىلىغىچە دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغان. ئەنۋەر مۇھىتى كىچىكىدىن باشلاپ ناھايىتى ئۆتكۈر پىكىرلىك، زېرەك چوڭ بولغان بولۇپ، ئاتىسى مەخسۇت مۇھىتى ئۇيۇشتۇرغان ھەر خىل سۆھبەتلەرگە قاتنىشىپ، بىلىم ئىگىلىشكە بولغان ئىشتىياقى كۈنسېرى كۈچەيگەن. شۇڭا، مەخسۇت مۇھىتى بۇ ئوغلىنى 1931 ـ يىلى تيەنجىنگە ئوقۇشقا ماڭدۇرغان. بەختكە قارشى ئۇ لەنجۇغا بارغاندا ما جۇڭيىڭ تەرىپىدىن تۇتۇپ قېلىنىپ، ئېلىپ ماڭغان خىراجەتلىرى تارتىۋېلىنىپ، شىنجاڭغا قايتىپ كېلىشكە مەجبۇر بولغان.

ئۇ 1932 ـ يىلى خوجىنىياز ھاجى، مەھمۇت مۇھىتىلار باشچىلىقىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىغا قاتنىشىپ، 1933 ـ يىلى قەشقەرگە بارغان. 1934 ـ يىلى بىرىنچى قارارلىق چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇيدىغان ياشلار بىلەن ئۆزبېكىستان پايتەختى تاشكەنتكە بېرىپ ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مەمۇرىي ھوقۇق فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. 1936 ـ يىلى كۈزدە ئوقۇش پۈتتۈرۈپ ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 6 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1939 ـ يىلى كۈزدە «خائىنلارنىڭ ئەۋلادى» دېگەن بەتنام بىلەن شېڭ شىسەي تەرىپىدىن تۈرمىگە تاشلانغان، 1940 ـ يىلى 24 يېشىدا تۈرمىدە قىيناپ ئۆلتۈرۈلگەن.

## ئابدۇرېشىت مۇھىتى

ئابدۇرېشىت — مەخسۇت مۇھىتىنىڭ ئىككىنچى ئوغلى بولۇپ، 1918 ـ يىلى تۇرپان ئاستانىنىڭ غوجامئالدى مەھەللىسىدە تۇغۇلغان. 1925 ـ يىلىدىن 1930 ـ يىلىغىچە ئاستانىدىكى ئاتىسى ئاچقان «مەخسۇدىيە مەكتىپى» دە ئوقۇغان.

www.uyghurkitap.com

1933 ـ يىلى ئەمدىلا 15 ياشقا كىرگەن ئابدۇرېشىت خوجىنىياز ھاجى، مەھمۇت مۇھىتىلارنىڭ قوشۇنىغا قاتنىشىپ قەشقەرگە بارغان. 1935 ـ يىلى كۈزدە ئىككىنچى قارارلىق تاشكەنتكە بېرىپ ئوقۇيدىغان ياشلار بىلەن ئۆزبېكىستان پايتەختى تاشكەنتكە بېرىپ ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مەمۇرىي ھوقۇق فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان.

1937 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئوقۇش پۈتتۈرۈپ چۆچەك ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەن ھەم ئۈرۈمچى 6 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1938 ـ يىلى 10 ـ ئايدا «خائىنلارنىڭ ئەۋلادى» دېگەن نام بىلەن تۈرمىگە تاشلانغان. 1939 ـ يىلى ئابدۇرېشىت ئېغىر كېسەل بولۇپ قالغانلىقتىن تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلگەن. ئۇ تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن، يۇرتى تۇرپان ئاستانىگە قايتىپ كەلگەن. دەل شۇ چاغدا ئاستانىدە ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلىۋاتقان بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ كېسەللىكىگە قارىماي كۇرسقا كېلىپ دەرس ئۆتۈپ بەرگەن. كۇرسانتلار ئۇنىڭ مول بىلىمى ئاساسىدا سۆزلىگەن دەرسلىرىنى ئوبدان ئۆزلەشتۈرگەن ۋە زور ئىلھام ئالغان. ئابدۇرېشىتنىڭ ئېغىر كېسەل تۇرۇپمۇ دەرس مۇنبىرىگە چىقىپ دەرس سۆزلىشى ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈرگەن.

1940 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئۇنىڭ كېسىلى ئېغىرلاپ ئاستانىدە 22 يېشىدا ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ جەسىتى تۇرپان ئاستانىدىكى ھەزرىتى ئەلپەتتا غوجام مازىرىنىڭ مۇھىتىلار قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغان.

## ئىبراھىم مۇھىتى

مەخسۇت مۇھىتىنىڭ ئوغلى، 1924 ـ يىلى تۇرپان ئاستانىدە تۇغۇلغان. 1933 ـ يىلى ئاتىسى مەخسۇت مۇھىتى

لۇكچۇندىكى جەڭدە قازا قىلغاندىن كېيىن كىچىك ئاتىسى مەھمۇت مۇھىتى ئۇنى ئۆزىنىڭ ئوغۇللىرى بىلەن بىرگە قەشقەرگە ئېلىپ كەتكەن. ئىبراھىم مۇھىتى دەسلەپتە قەشقەر يۇمىلاق شەھەرگە جايلاشقان ھەربىي شتابنىڭ ئىچىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپتە، كېيىن ئوردا ئالدى مەكتەپتە ئوقۇغان. مەھمۇت مۇھىتى ئۇنى «ئاكامنىڭ تەۋەررۇك ئوغلى» دەپ ناھايىتى ئەتىۋارلاپ تەربىيىلىگەن. ئىبراھىم مۇھىتى 1936 - يىلى ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بىلەن تۇرپانغا قايتىپ كەلگەن ۋە ئائىلە ئىشلىرىغا ياردەملەشكەچ، ئۆيدە ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرغان.

1947 - يىلى نەۋرە ئاكىسى ئابدۇراخمان مۇھىتى سىڭگىم ئېغىزىدا گومىنداڭغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەندە، ئۇمۇ قولىغا قورال ئېلىپ ئىنقىلابقا قاتناشقان. قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ئابدۇراخمان مۇھىتىغا ئەگىشىپ، غۇلجىغا قاراپ يولغا چىققان. ئۇلار ئۆرتەڭ ئېغىزىدىن ئۆتۈپ يۇلتۇز يايلاقلىرىغا كەلگەندە مىلتىق ئوقىدىن ئاتلىرى ئۈركۈپ كېتىپ، ئىبراھىم مۇھىتى، ئابلىز مۇھىتى (مەھمۇت مۇھىتىنىڭ كىچىك ئوغلى)، ئابدۇللا مۇھىتى (گوسۇل مۇھىتىنىڭ ئوغلى) قاتارلىقلار توپتىن ئايرىلىپ قالغان. ئۇلار ئامالسىز ئېسىل كىيىملىرىنى قازاق مالچىلارغا تېگىشىپ، ئاتلىرىنى ئېشەككە ئالماشتۇرۇپ، تۇرپانغا قايتىپ كەلگەن. ئابلىز مۇھىتى بىلەن ئابدۇللا مۇھىتى ئىشپىيونلارنىڭ چېقىپ قويۇشى بىلەن تۇرپان چىگىبۇلاقتا گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىپ، سىڭگىم ئېغىزىدا ۋەھشىيلەرچە ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەن.

ئىبراھىم مۇھىتى كارىزلارنىڭ تەشمىسىدە، كېمىر ئۆيلەردە بىر مەزگىل پاناھلانغاندىن كېيىن گومىنداڭنىڭ بىر پوچتا ماشىنا شوپۇرىغا ئون نەچچە سەر ئالتۇننى پارە بېرىپ، پوچتا ماشىنىسى بىلەن ئۇرۇمچىگە چىقىۋالغان. بۇرھان شەھىدى

ئۈرۈمچىدە ئىبراھىم مۇھىتىنىڭ ئەھۋالىنى ئۇققاندىن كېيىن ئۇنى «دوستۇمنىڭ ئوغلى» دەپ پاناھىغا ئېلىپ، ئۆزىگە كاتىپ قىلىپ ئىشلەتكەن. ئىبراھىم مۇھىتى 1948 - يىلى «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» نىڭ تەسىرى بىلەن قۇرۇلغان ئىنقىلابىي تەشكىلات — خەلقچىل ياشلار تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ كىرگەن. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ۋەكىلى دېڭ لىچۈن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يوشۇرۇن ھالدا ئۈرۈمچىگە كېلىپ، يەر ئاستى خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغاندا، ئىبراھىم مۇھىتى ھاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا قارىماي، ئۇنىڭغا ئالاقىچى بولۇپ ئىشلىگەن. دېڭ لىچۈن يوشۇرۇنۇپ تۇرۇۋاتقان جايغا تاماق توشۇپ بېرىش بىلەن بىرگە، كېچىسى چىقىپ كوچىلارغا تەشۋىق ۋەرەقىلىرىنى چاپلاپ، ئىنقىلابىي ئىدىيىلەرنى تەشۋىق قىلغان. 1949 - يىلى شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇپ، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 1 - دالا ئارمىيىسى ۋاڭ جېننىڭ باشچىلىقىدا ئۈرۈمچىگە كىرگەندە، ئىبراھىم مۇھىتى ياشلار ۋەكىلى بولۇپ، ئۇلانبايغا چىقىپ ئۇلارنى كۈتۈۋالغان. تانكىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، پاساھەتلىك نۇتۇق سۆزلەپ، كۆپچىلىكنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشكەن.

ئازادلىقتىن كېيىن ئىبراھىم مۇھىتى شىنجاڭ دارىلفۇنۇنىنىڭ (ھازىرقى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى) ئىلمىي بۆلۈمىدە ئىشلىدى. 1953 - يىلى بېيجىڭدىكى خەلق ئۇنىۋېرسىتېتىغا بىلىم ئاشۇرۇشقا بېرىپ، ئىقتىساد، ستاتىستىكا كەسپى بويىچە تۆت يىل ئوقۇدى. بېيجىڭدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى خىزمىتىنى داۋاملاشتۇردى. 1965 - يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندا، «توردىن چۈشۈپ قالغان پومېشچىك»، «قارا گېزەندە» دەپ تارتىپ چىقىرىلىپ، ئون يىلغا يېقىن ئازاب چەكتى. بۇ جەرياندا ئۇ مەكتەپتە پارۋايغا ئوت قالىدى،

تامچىلىق، ياغاچچىلىق قىلدى. ئېغىر جىسمانىي ئەمگەككە سېلىنىپ، ئەركىنلىكتىن، سۆزلەش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىندى. 1981 ـ يىلى سىياسەت ئەمەلىيلەشكەندە، ئۇنىڭ خىزمىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇتۇشنى ئېلېكترلەشتۈرۈش بۆلۈمىدە بۆلۈم باشلىقى بولدى. 1985 ـ يىلى دەم ئېلىشقا چىقتى.

مەرىپەتپەرۋەر زات مەخسۇت مۇھىتىنىڭ ھايات ياشاۋاتقان، ئۇنىڭ روھىغا ۋارىسلىق قىلغان بىردىنبىر ئوغلى، پېشقەدەم زىيالىي ئىبراھىم مۇھىتى 80 يىللىق ئۆمۈر مۇساپىسىدە بىر قانچە دەۋرنى بېشىدىن كۆچۈرۈپ، ئوقلار ۋىشىلداپ ئۇچۇپ تۇرغان جەڭ مەيدانلىرىدا قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ، كوممۇنىستىك ئىدىيىنى تەشۋىق قىلىپ، خەلقنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن مۇناسىپ تۆھپە قوشتى. ناھەق قارىلىنىپ، كۆپ يىل خورلۇق تارتقان بولسىمۇ، ئېتىقادىنى قىلچە سۇسلاشتۇرماي، ياش ئەۋلادلارنى تەربىيىلەشكە يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلدى. ئاتىسى مەخسۇت مۇھىتى ھەققىدە ئەسلىمە ماقالىلەرنى يېزىپ، تەتقىقاتچىلارنى سۈرەت، ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەپ، ئەينى دەۋر تارىخىنىڭ ئوڭۇشلۇق، ئىلمىي يورۇتۇلۇشىغا ھەسسە قوشتى. بىز ۋۇجۇدىدا ئۇلۇغ زات مەخسۇت مۇھىتىنىڭ قېنى ۋە روھى جۇشقۇنلاپ تۇرغان بۇ ھۆرمەتلىك مويسىپىتقا يەنىمۇ ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيمىز.

## ئابلىمىت مۇھىتى

ئابلىمىت مۇھىتى — مەھمۇت شىجاڭنىڭ چوڭ ئوغلى بولۇپ، 1912 ـ يىلى تۇرپان ئاستانىنىڭ غوجامئالدى مەھەللىسىدە تۇغۇلغان. 1919 ـ يىلىدىن 1924 ـ يىلىغىچە «مەخسۇدىيە مەكتىپى»دە ئوقۇغان. باشلانغۇچ مەكتەپنى

پۈتتۈرگەندىن كېيىن 1926 ـ يىلىغىچە دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغان.

ئۇ خوجىنىياز ھاجى، مەھمۇت مۇھىتىلارغا ئەگىشىپ، 1933 ـ يىلى قەدىمىي شەھەر قەشقەرگە بارغان. 1934 ـ يىلى چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇيدىغان بىرىنچى قارار ياشلار بىلەن ئۆزبېكىستان پايتەختىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مەمۇرىي ھوقۇق فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن. 1936 ـ يىلى ئوقۇشنى تاماملاپ ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەن. ئۈرۈمچىگە كېلىپ، قىزلار 6 ـ مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى بولغان. 1938 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلانغان. 1943 ـ يىلى تۈرمىدىن چىقىپ يەنە قىزلار 6 ـ مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى بولغان. 1944 ـ يىلى تەنتەربىيە مەشقى قىلىۋاتقان ئوقۇغۇچىلار ئاتقان چويۇن توپ ئابلىمىت مەھمۇتنىڭ بېشىغا تېگىپ كېتىپ ئېرۋىسىغا تەسىر قىلغان. شۇنىڭ بىلەن خىزمەتتىن ئايرىلىپ يۇرتى تۇرپانغا قايتىپ كەلگەن.

جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 ـ يىلى سەيپىدىن ئەزىزى ئۇنى ئۈرۈمچىگە چاقىرتىپ چىقىپ، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ھەيئەتلىكىگە كۆرسىتىپ خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرغان. 1978 ـ يىلى كېسەل سەۋەبى بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولغان.

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ «ئويغانغان زېمىن» ناملىق رومانىنىڭ 2 ـ قىسمىدا مۇنداق بايانلار بار: «مەھمۇت مۇھىتى 1937 ـ يىلى 4 ـ ئايدا لاداق يولى بىلەن ھىندىستانغا قاچقاندىن كېيىن ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شىمالىي دەرۋازىسى سىرتىدىكى مەيداندا ئۆتكۈزۈلگەن ئاممىۋى يىغىندا خوجىنىياز ھاجى سۆزگە چىقىپ، ئۇلارنى 'ۋەتەن خائىنلىرى'، 'ئىسيانچى ئوغرىلار' دەپ قاتتىق سۆكتى. مەھمۇت مۇھىتىنىڭ تاشكەنتتە ئوقۇپ كەلگەن ئوغلى ئابلىمىت مۇھىتىمۇ دادىسىغا قارشى ئۇزۇن نۇتۇق

سۆزلەپ، ‹مېنىڭ ئۇنداق ئاتام يوق، ئۇ خائىن!› دەپ قاتتىق توۋلىدى ھەمدە ئۇنىڭ بۇ نۇتقى ‹شىنجاڭ گېزىتى› دە ئېلان قىلىندى».

بۇ ئەھۋالغا قارىتا مۇھىتىلارنىڭ ھازىرقى ھايات پەرزەنتى، 80 ياشقا ئۇلاشقان ئىبراھىم مەخسۇت مۇھىتى مۇنداق دەيدۇ: «ئەمەلىيەتتە ئەينى دەۋردە زالىم شېڭ شىسەي ئابلىمىت مۇھىتىنى مەجبۇرلاپ، سەھنىگە چىقارغان، سۆز تېكىستىنىمۇ ئۆزلىرى تەييار قىلىپ، ئابلىمىت مۇھىتىنىڭ نامىدا «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئېلان قىلغان. شۇڭا، بۇ ئىش ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن كۆپ ئۆتمەيلا يەنى 1938 ـ يىلى نەيرەڭۋازلىقىنىڭ پاش بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئابلىمىت مۇھىتىنى تۈرمىگە تاشلىغان ۋە ئۇنى تۈرمىدە قاتتىق قىيناپ، ئەس ـ ھوشىنى بىلەلمەيدىغان ھالغا چۈشۈرۈپ قويغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئابلىمىت مۇھىتىنىڭ نېرۋىسى بۇزۇلۇپ، ئاستانىگە قايتىپ كەلگەن.

## ئابدۇمىجىت (مىجىت) مۇھىتى

ئابدۇمىجىت مۇھىتى — مەھمۇت مۇھىتىنىڭ ئوغلى، ئۇ 1930 ـ يىلى 12 ـ ئايدا تۇرپان ئاستانىدە تۇغۇلغان. 1938ـ يىلىدىن 1942 ـ يىلىغىچە ئۇرۇمچى ۋە غۇلجىدا باشلانغۇچ مەكتەپتە، 1948 ـ يىلىدىن 1949 ـ يىلىغىچە ئىلى ئەخمەتجان نامىدىكى دارىلمۇئەللىمىنىنىڭ مالىيە ـ بوغالتىرلىق كەسپىدە، 1951 ـ يىلىدىن 1953 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ فىزىمات فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان.

1947 ـ يىلى ئەمدىلا 17 ياشقا كىرگەن ئابدۇمىجىت مۇھىتى نەۋرە ئاكىسى ئابدۇراخمان مۇھىتى باشچىلىقىدا سىڭگىم ئېغىزىدا كۆتۈرۈلگەن ياشلار ئىنقىلابىغا قاتناشقان ۋە

www.uyghurkitap.com

ئابدۇراخمان مۇھىتىلار بىلەن بىرگە غۇلجىغا كەتكەن. 1953 ـ يىلى 7 ـ ئايدىن 1956 ـ يىلىغىچە ئۇرۇمچى ئىشچى ـ دېھقان تېز پۈتتۈرۈش مەكتىپىدە، 1956 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن 1978 ـ يىلىغىچە ئۇرۇمچى تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتىپىدە، 1978 ـ يىلىدىن 1991 ـ يىلى دەم ئېلىشقا چىققانغا قەدەر شىنجاڭ رادىئو ـ تېلېۋىزىيە پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتقۇچى، ماتېماتىكا كافېدراسىنىڭ باشلىقى بولغان، 1998 ـ يىلى 8 ـ ئايدا يۈرەك كېسىلى بىلەن 68 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

ئابدۇمىجىت مۇھىتى بارلىقىنى خەلقنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا بېغىشلىغان كۆزگە كۆرۈنگەن مائارىپچى، ياخشى ئۇستاز بولۇپ، ئۇ بىر ئۆمۈر يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ، پارتىيىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، ئەۋلادلارنى ياراملىق قىلىپ تەربىيىلەش يولىدا ھاردىم ـ تالدىم دېمەي ئىشلىگەن. ھايات يولىدا ئۇچرىغان تۈرلۈك جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى يېڭىپ، ئىلىم ـ مەرىپەت مۇساپىسىدە چوڭقۇر ئىزدىنىپ، ئەستايىدىل ئىشلەپ كەڭ خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان.

مۇھىتىلارنىڭ پەرزەنتلىرىدىن يەنە قاسىم موسۇل مۇھىتى (قاسىم باي) 1938 ـ يىلى شېڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىدە 45 يېشىدا ئۆلتۈرۈلگەن. ئابلىز مەھمۇت مۇھىتى، ئابدۇللا گوسۇل مۇھىتى قاتارلىقلار 1947 ـ يىلى ئابدۇراخمان مۇھىتى باشچىلىقىدىكى تۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭى مەغلۇپ بولغاندا، گومىنداڭچىلار تەرىپىدىن «قوزغىلاڭچىلارنىڭ پۇشتى» دەپ قارىلىپ، 20 ياش ئەتراپىدا ئۆلتۈرۈلگەن. دېمەك، مۇھىتىلار پەرزەنتلىرىنىڭ كۆپىنچىسى خەلقنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن جەڭ مەيدانلىرىدا، تۈرمىلەردە ھاياتىدىن ئايرىلغان. بىر قىسمى قاراڭغۇ كامېرلاردا ئېغىر قىيناق ئازابىنى باشتىن كەچۈرگەن، بىر قىسمى سۈرگۈن قىلىنغان، تەقىب ئاستىغا ئېلىنغان. ئەڭ ئېچىنىشلىقى ئازادلىقتىن كېيىن «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»

مەزگىلىدە مۇھەممەتلەرنىڭ پەرزەنتلىرى يەنە بىر قېتىم زەربىگە ئۇچراپ، تۈرمىلەرگە تاشلانغان، ئېغىر جىسمانىي ئەمگەكلەرگە سېلىنغان. يەر، كارىز، ئۆي - ماكانلىرى پۈتۈنلەي مۇسادىرە قىلىنىپ، ئىشسىز، ماكانسىز قالغان. بىر قىسمى ئېغىر روھىي بېسىمدىن نېرۋىسىدىن ئادىشىپ قالغان.

پەقەت «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئاخىرلاشقاندىن كېيىنلا ئۇلارغا كىيگۈزۈلگەن قالپاقلار ئېلىپ تاشلىنىپ، كىشىلىك ھوقۇقى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن. شۇنىڭدىن كېيىن مۇھەممەتلەرنىڭ ھايات ۋارىسلىرى ئەجدادلىرىنىڭ روھىغا ۋارىسلىق قىلىپ، شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا زور تۆھپىلەرنى قوشقان، بۇ يەردە سەھىپە ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن پەقەت ئىش - پائالىيەتلىرى بىر قەدەر مەلۇملۇق، گەۋدىلىك بولغانلىرى تونۇشتۇرۇلدى.

كىتابىمىزنىڭ باش قىسمىدا قەيت قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، تۇرپان ئاستانىدىكى مۆمىن ئاكىنىڭ مۇھەممەت، مومىنت ئىسمىلىك ئوغۇللىرى بولغان. مۇھەممەت ئاكىنىڭ بىز يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەن موسۇل، مەخسۇت، مەھمۇت، گوسۇل قاتارلىق پەرزەنتلىرى، مومىنت ئاكىنىڭمۇ يەنە مەخسۇت، تۆمۈر قاتارلىق ئوغۇللىرى بولغان. مومىنتنىڭ ئوغلى مەخسۇتنىڭ ئابلىمىت، رېشىت ئىسىملىك ئىككى پەرزەنتى مۇھەممەتلەر جەمەتىنىڭ مەرىپەتپەرۋەرلىكىگە، تەرەققىيپەرۋەرلىكىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ھاياتىدا ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرۇپ، خەلقنىڭ ھۆرمەت تۆرىدىن ئورۇن ئالغان. بىز بۇ ئىككىيلەننىمۇ تونۇشتۇرۇپ ئۆتۈشنى لايىق تاپتۇق.

## ئابلىمىت مەخسۇدوف

ئابلىمىت مەخسۇت 1916 - يىلى تۇرپان ئاستانىنىڭ تەيزاڭ كەنتىدە ئوقۇمۇشلۇق دىنىي زات مەخسۇت مومىنت ئائىلىسىدە

دۇنياغا كەلگەن. 1924 ـ يىلىدىن 1929 ـ يىلىغىچە ئاستانىدە ئاتىسىنىڭ نەۋرە تۇغقىنى مەخسۇت مۇھىتى ئاچقان «مەخسۇدىيە مەكتىپى» دە ئوقۇغان.

1931 ـ يىلى ئەتىيازدا ئىستىبدات جىنىڭ شۇرىن ھاكىمىيىتى ۋە يەرلىك بەگ، خوجىلارنىڭ زۇلۇم، ئېكسپىلاتاتسىيىسى دەستىدىن سەۋر قاچىسى چېقىلغان قەھرىمان قۇمۇل خەلقى خوجىنىياز ھاجىنىڭ باشچىلىقىدا قوزغىلاڭ كۆتۈردى. قۇمۇل تاغلىرىدىن كۆتۈرۈلگەن ئىنقىلاب يالقۇنى تېزلا پۈتۈن شەرقىي، جەنۇبىي شىنجاڭغىچە تۇتاشتى. تۇرپان ئاستانىدىكى دېھقانلارمۇ بۇ قوزغىلاڭغا ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ، مەخسۇت مۇھىتى، مەھمۇت مۇھىتىلارنىڭ باشچىلىقىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، خوجىنىياز ھاجى قوزغىلىڭىغا قوشۇلدى. مانا مۇشۇ قوزغىلاڭچىلار سېپىگە 16 ياشقا كىرگەن ئابلىمىت مەخسۇتمۇ قىزغىنلىق بىلەن قاتناشقانىدى. ئاق كۆڭۈل، جىگەرلىك بۇ ياش شۇ قېتىم ئۆيدىن چىقىپ كەتكەنچە ئۆزىنىڭ قىسمەت خاتىرىسىگە شىنجاڭدىكى نۇرغۇن زور ۋەقەلەرگە ئىشتىراك قىلىش ۋە شاھىت بولۇشنىڭ، ئازادلىقتىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ، ئاقارتىش ئىشلىرىدا مۇھىم رول ئوينايدىغان تارىخىي شەخسنىڭ بىرىگە ئايلىنىشىنىڭ پۈتۈلگەنلىكىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى.

ئابلىمىت مەخسۇدوف دەسلەپتە ئاتا تۇغقان قېرىنداشلىرى بولغان مەخسۇت مۇھىتى، مەھمۇت مۇھىتىلارغا ئەگىشىپ، ئاددىي ئەسكەر بولۇپ، ئاستانە، تۇرپان يېڭىشەھەر، كونىشەھەر، پىچان بازىرى، لۈكچۈن قاتارلىق جايلاردىكى ئۇرۇشلارغا قاتناشقان. بۇ جەرياندا ئۇنىڭ يۈرىكى توختاپ، ئۇرۇش تەجرىبىسى بېيىپ، خېلى ياراملىق ئەسكەر بولۇپ قالغان ۋە زېرەكلىكى، باتۇرلۇقى، مەرگەنلىكى بىلەن قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئارىسىدا مۇناسىپ ھۆرمەتكە ئېرىشكەن. مەخسۇت مۇھىتى

لۈكچۇندىكى جەڭدە قازا قىلغاندىن كېيىن مەھمۇت مۇھىتى باش قوماندان بولۇپ، ئۆزى بىلەن بىرگە قوشۇلۇپ چىققان ئاستانىلىك ياشلاردىن بىر قوغداش بەنى تەشكىل قىلغان ۋە ئابلىمىت مەخسۇتنى بەنجاڭلىققا تەيىنلىگەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئابلىمىت مەخسۇت باش قوماندان مەھمۇت مۇھىتى بىلەن شىمالدا گۈچۈڭ، جىمىسار، جەنۇبتا كورلا، ئاقسۇ، قەشقەرلەرگىچە بىرگە بارغان، ئۇنىڭ بىلەن كېچە ـ كۈندۈز دېگۈدەك بىللە بولۇپ، تالاي جەڭلەرگە قاتنىشىپ، ھالقىلىق پەيتلەردە بىر قانچە قېتىم مەھمۇت مۇھىتىنى دۈشمەن قورشاۋىدىن قۇتقۇزۇپ قالغان. شۇڭا، ئۇنىڭ دەرىجىسى بالداقمۇ بالداق ئۆستۈرۈلۈپ، مەھمۇت مۇھىتىنى قوغداش پەيىنىڭ پەيجاڭى، لىيەنجاڭى، 6 ـ دىۋىزىيە پىلىموت ئەترىتىنىڭ مايور دەرىجىلىك باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. بۇ جەرياندا كۆپ قېتىم قانلىق جەڭلەرگە قاتنىشىپ ۋە باشچىلىق قىلىپ، جاننى ئالىقانغا ئېلىپ قويۇپ دۈشمەن بىلەن ئېلىشىپ، باتۇرلۇقى، پاراسەتلىكلىكى بىلەن كۆپ قېتىم ئۆلۈم ئاغزىدىن قايتىپ كەلگەن.

1935 ـ يىلى 11 ـ ئايدىن 1937 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە ئىككىنچى قارار تاشكەنتكە بېرىپ ئوقۇيدىغان ياشلار بىلەن قەشقەردىن ئۆزبېكىستان پايتەختى تاشكەنتكە بېرىپ ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مەمۇرىي ھوقۇق فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان.

1937 ـ يىلى ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ دەسلەپتە چۆچەكتە ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولغان. 1938 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ كېلىپ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىدا بۆلۈم باشلىقى بولغان. 1939 ـ يىلىنىڭ بېشىدا شىنجاڭ مەدەنىي ئالاقە جەمئىيىتىدە تەھرىر بولۇپ ئىشلىگەن. 1940 ـ يىلى شېڭ شىسەينىڭ تۇتقۇن قىلىشى بىلەن 1944 ـ يىلىغىچە تۆت يىل تۈرمىدە ياتقان. تۈرمىدىن چىقىپ بىر يىل

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بولماي تۇرۇپ يەنە قولغا ئېلىنىپ، 1946 - يىلىغىچە بىر يىلدىن ئارتۇقراق تۈرمىدە ياتقان. 1946 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن 11 بىتىم روھى بويىچە تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلگەن.

ئابلىمىت مەخسۇت ئىككىنچى قېتىم تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن، 1946 - يىلىدىن 1947 - يىلىغىچە شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك مائارىپ نازارىتى 2 - بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

1947 - يىلى 8 - ئايدا گومىنداڭ تەرەپنىڭ بۇزغۇنچىلىق قىلىشى بىلەن 11 بىتىم بۇزۇلدى. شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەركىبىدە خىزمەت ئىشلەۋاتقان ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوف، سەيپىدىن ئەزىزى قاتارلىق يولداشلار ئۈرۈمچىدىن غۇلجىغا قايتقاندا ئابلىمىت مەخسۇتمۇ ئۇلار بىلەن بىرگە غۇلجىغا بېرىپ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقان. ئۇ ئۈچ ۋىلايەتكە بارغاندىن كېيىن، ھەربىي سەپكە كىرىپ، ئالدى بىلەن مۇزات داۋىنىدا رازۋېدكا ئورنىنىڭ باشلىقى بولغان. ئۇنىڭدىن كېيىن جىڭ، شىخو، ماناسلاردا گومىنداڭ قوشۇنلىرى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان كەسكىن جەڭلەرگە قاتناشقان، ماناسنى ئىگىلىگەندىن كېيىن ماناس دەرياسى ئالدىنقى سەپ رازۋېدكا ئەترىتىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلەپ مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشقان ھەم مايورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن.

ئابلىمىت مەخسۇت 1949 - يىلى 10 - ئايدىن 1950 - يىلى 8 - ئايغىچە شىنجاڭ ئۆلكىلىك مەسلىھەتچىلەر باشقارمىسىدا سەيپىدىن ئەزىزىگە مەسلىھەتچى بولغان. 1950 - يىلى 8 - ئايدىن 1955 - يىلىغىچە شىنجاڭ دېموكراتىيە ئىتتىپاقى تەرىپىدىن چىقىرىلىدىغان «ئالغا» گېزىتىنىڭ باش

مۇھەررىرى بولغان، 1955 ـ يىلىدىن 1956 ـ يىلىغىچە «ئىتتىپاق» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى بولغان.

ئابلىمىت مەخسۇت 1956 ـ يىلى خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن قەشقەرگە بېرىپ جەنۇبىي شىنجاڭ پارتكومىدا تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقى، «جەنۇبىي تيانشان گېزىتى» (ھازىرقى «قەشقەر گېزىتى») نىڭ مەسئۇلى بولۇپ ئىشلەپ، پارتىيىنىڭ ئاخبارات ـ تەشۋىقات ئىشلىرىغا سادىق بولۇپ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە پارتىيىنىڭ ئاۋازىنى ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ، پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە تېگىشلىك تۆھپە قوشقان.

1956 ـ يىلى قەشقەردىن ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ كېلىپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، نازىرى، نازارەت پارتگۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولۇپ ئىشلىگەن. بۇ مەزگىلدە ئۇ بېيجىڭغا كۆپ قېتىم بېرىپ، مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەر بىلەن قايتا ـ قايتا كۆرۈشۈپ، شىنجاڭدا كىنو ستۇدىيىسى قۇرۇش، سەنئەت مەكتىپى (ھازىرقى سەنئەت ئىنستىتۇتى) قۇرۇش خىزمەتلىرىگە بىۋاستە يېتەكچىلىك قىلغان ۋە بۇ خىزمەتلەرنى ئۆزى قول سېلىپ ئىشلىگەن. كىنو ستۇدىيىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ، شىنجاڭدا ئىشلەنگەن تۇنجى فىلىم «بوستانلىقتىكى تەنتەنە» قاتارلىق فىلىملەرنىڭ يورۇقلۇققا چىقىشىغا ئاساس سالغان. سەنئەت مەكتىپىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولۇپ، دەسلەپكى قەدەمدە مەكتەپنىڭ تەشكىلىي ئاپپاراتلىرىنى قۇرۇش، ئەسلىھەلىرىنى يۈرۈشلەشتۈرۈش خىزمەتلىرىنى ئىشلەپ، شىنجاڭدا كەسپىي سەنئەتچىلەر قوشۇنىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە تۈرتكە بولغان. شىنجاڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىغىمۇ قاتناشقان. كېيىن جۇڭگو ـ سوۋېت دوستلۇق ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى بولغان. 1963 ـ يىلى ماۋ زېدۇڭ ئەسەرلىرىنى تەرجىمە

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قىلىشقا قاتناشقان.

1966 ـ يىلى قوزغالغان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا بەتنام چاپلىنىپ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان. 1974 ـ يىلى خىزمىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، 1978 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مەسئۇلى بولۇپ ئىشلىگەن.

1978 ـ يىلىدىن 1983 ـ يىلىغىچە سابىق شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولۇپ ئىشلەپ، 1983 ـ يىلى 9 ـ ئايدا پېنسىيىگە چىققان.

ئابلىمىت مەخسۇت مەشھۇر جامائەت ئەربابى، ئۇ 20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق 2 ـ، 3 ـ قېتىملىق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق 4 ـ، 5 ـ قېتىملىق سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ھەيئىتى بولغان.

ئابلىمىت مەخسۇت ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئەينى يىللاردا خېلى سالماق ئىلمىي ماقالىلەرنى يېزىپ، جەمئىيەتتە خېلى زور تەسىر قوزغىغان. 1944 ـ يىلى ئۇنىڭ «ئەي قەلەم يېشىڭنى تۆك» ناملىق شېئىرى «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان. 1938 ـ يىلى ئەمدىلا 22 ياشقا كىرگەن، چۆچەكتە ئىشلەۋاتقان ئابلىمىت مەخسۇت «تارباغاتاي گېزىتى» دە «مائارىپ ھەققىدە» ناملىق ئىلمىي ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ، مائارىپ، ئوقۇتۇش خىزمىتى ھەققىدە سىستېمىلىق قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئەينى ۋاقىتتىكى زىيالىيلارنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىغان. شۇ يىلى يەنە «شىنجاڭ گېزىتى» دە «خەلقئارا ۋەزىيەت» ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلغان. 1939 ـ يىلى ئابلىمىت مەخسۇت ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ ساۋاتىنى چىقىرىش

مەقسىتىدە ئۇيغۇر تىلى ئېلىپبەسىنى تۈزۈپ تارقاتقان. 1949ـ يىلى سەيپىدىن ئەزىزىلەر بىلەن بىللە شەرەپلىك ھالدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولۇپ كىرگەن. ئۇلار شىنجاڭدىن پارتىيىگە كىرگەن تۇنجى ئاز سانلىق مىللەت پارتىيە ئەزالىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئابلىمىت مەخسۇت بىر نەچچە دەۋرنى باشتىن كەچۈرگەن، نۇرغۇن تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ گۇۋاھچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن بېشىدىن كەچۈرگەن ئەشۇ ۋەقەلەرنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا بىلدۈرۈش مەقسىتىدە «تۇرپان، پىچان، توقسۇن خەلقىنىڭ 1947ـ يىلىدىكى قوزغىلىڭىدىن خاتىرە» ( « شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 12 ـ قىسىم» ) ، «1931 ـ ، 1934 ـ يىللىرى شىنجاڭدا بولغان خەلق قوزغىلاڭلىرىدىن قىسقىچە ئەسلىمە» ، ( «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 38 ـ قىسىم) قاتارلىق بىر بۆلۈك چوڭ ھەجىملىك ماقالىلەرنى ئېلان قىلغان.

خىزمەت ۋە كۈرەش ھاياتىدا ئىزچىل تۇردە ئاددىي ـ ساددا، كەمتەر بولۇپ، تۆھپىدە ئالدىدا، شان ـ شەرەپتە كەينىدە تۇرۇپ كەلگەن، ھەر قانداق ھەرىكەتتە ئەڭ مۇشكۇل، جاپالىق ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالسىمۇ، ئۇن ـ تىنىسىز ھالدا مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىپ، باشقىلاردىن ئورۇن، مەرتىۋە تالاشمىغان، شىنجاڭنىڭ ئازادلىق، مەدەنىيەت، تارىخ ـ تەزكىرە، مائارىپ ئىشلىرىغا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان بۇ پېشقەدەم — مەدەنىيەت جەڭچىسى 2001 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدە 85 يېشىدا ۋاپات بولدى.

## رېشىت مەخسۇت

تۆھپىكار مائارىپچى، جامائەت ئەربابى، شائىر رېشىت مەخسۇت 1933 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى تۇرپان ئاستانىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىر ئوقۇمۇشلۇق ئائىلىدە دۇنياغا كەلدى. ئۇنىڭ ئاتىسى مەخسۇت مومىنت مەدرىسىلەردە كۆپ ئوقۇغان، ئەرەب، پارس تىللىرىنى بىلىدىغان ئوقۇمۇشلۇق كىشى بولۇپ، ئۇ كىچىك رىشىتقا دائىم جالالىدىن رۇمىنىڭ «مەسنەۋى» ناملىق كىتابىنى، ناۋائى، شاھ مەشرەپ قاتارلىقلارنىڭ غەزەللىرىنى، شەيخ سەئىدىنىڭ «بوستان»، «گۈلىستان» ناملىق ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ بېرەتتى. ئۇزۇن تۈنلەردە چۆچەك، رىۋايەتلەرنى ئېيتىپ بېرەتتى. بۇ خىل مۇھىت تەبىئىي ھالدا رىشىت مەخسۇتنىڭ بەدىئىي دىتىنىڭ شەكىللىنىشىدىكى مەنبە بولدى. رىشىت مەخسۇت شۇ ۋاقىتلاردىن باشلاپ، ئەدەبىياتقا ئىشتىياق باغلاپ، خەلق قوشاقلىرىنى، مەشرەپلەردە ئېيتىلىدىغان ناخشىلارنى يىغىپ كۆچۈرۈپ، يادلاپ يۈردى. 1940 ـ يىلى ئاتىسىنىڭ نەۋرە تۇغقىنى بولغان مەخسۇت مۇھىتى ئاساسىنى سالغان ئاستانىدىكى يېڭىي مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇدى. 1946 ـ يىلى ئەمدىلا 13 ياشقا كىرگەن رىشىت مەخسۇت تەلەپكار ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئەجرىدە ئوقۇشنى ئەلا نەتىجە بىلەن تاماملاپ، ئۈرۈمچىي 2 ـ دارىلمۇئەللىمىنگە ئوقۇشقا چىقتى. رىشىت مەخسۇت دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە ئەينى ۋاقىتتىكى ئەدىب، ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى ئابلىز شېرىپى، ساۋاقداشلىرىدىن كېيىنكى دەۋرلەردە ئاتاقلىق شائىرلاردىن بولۇپ قالغان روزى قادىرى (رەۋنەق)، پەتتارجان مۇھەممىدى قاتارلىقلار ئۇنىڭغا زور تەسىر كۆرسەتتى. 1947 ـ يىلى رىشىت مەخسۇتنىڭ «ئادا قىل» ناملىق تۇنجى شېئىرى «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 3 ـ دېكابىردىكى سانىدا «ئابدۇرىشىت مەخسۇدى» نامى بىلەن ئېلان قىلىندى ۋە رىشىت مەخسۇت شۇ يىللىرى ساۋاقداشلىرى ئىچىدىكى ئەڭ كىچىك «بالا شائىر» بولۇپ قالدى. 1948 ـ يىلى 5 ـ ئايدا دارىلمۇئەللىمىننى تاماملاپ، ئۆزىنىڭ ئانا مەكتىپى ئاستانە باشلانغۇچ مەكتىپىگە قايتىپ كېلىپ ئوقۇتقۇچىلىق

قىلدى. ئۇ ئوقۇتقۇچى بولغاندىن كېيىن، ياش ئەۋلادلارنى تەربىيىلەشكە بارلىقىنى بېغىشلاپ، ئىزچىل تۇردە قېتىرقىنىپ خىزمەت ئىشلەپ كەلدى ۋە خىزمەت نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولغانلىقى ئۈچۈن 1952 ـ يىلى كۈزدە ئۆلكىلىك بيۇرو كادىرلار مەكتىپىگە (ھازىرقى ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپى) بىر يىللىق ئوقۇشقا ئەۋەتىلدى. ئوقۇشتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئەينى ۋاقىتتىكى ئۈرۈمچى ۋىلايىتىگە بىۋاسىتە قاراشلىق بولغان تۇرپان يېڭىشەھەر باشلانغۇچ مەكتىپىگە ئىلمىي مۇدىر بولۇپ تەيىنلەندى. شۇ چاغدا رىشىت مەخسۇت ئەمدىلا 20 ياشقا كىرگەن ئىدى. بىر يىلدىن كېيىن تۇرپان 1 ـ ئوتتۇرا مەكتىپى (ھازىرقى شەھەرلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ) قۇرۇلۇپ، بۇ يەرگە ئوقۇتقۇچى بولۇپ يۆتكىلىپ كەلدى. 1956 ـ يىلى ئاستانە ئوتتۇرا مەكتىپى قۇرۇلغاندا ئاستانىگە كېلىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلدى. 1959 ـ يىلى مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ سىياسىي فاكۇلتېتىغا ئىككى يىللىق ئوقۇشقا ئەۋەتىلدى. 1961ـ يىلى ئىنستىتۇتنى پۈتتۈرۈپ كەلگەندىن كېيىن ئاستانە ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇدىرى ۋە پارتىيە ياچېيكا شۇجىسى بولۇپ ئىشلىدى. بۇ جەرياندا رىشىت مەخسۇت مۇھىتى قاتارلىق تۆھپىكار ئەجدادلىرىنىڭ روھىغا ۋارىسلىق قىلىپ، مول بىلىملىك، يۇقىرى ساپالىق، مەسئۇلىيەتچان، مېھرىبان، پەزىلەتلىك ئۇستاز بولۇش سۈپىتى بىلەن يۈزلىگەن ياراملىق ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيىلىدى، ئىدىقۇت دىيارىدا مائارىپنى يەنىمۇ ئومۇملاشتۇرۇش، سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇن قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشۇپ، تۇرپاندىكى ھۆرمەتكە سازاۋەر، تۆھپىكار مائارىپچىلارنىڭ ئوبرازىنى ياراتتى.

بۇ يىللاردا رىشىت مەخسۇت ئىزچىل تۇردە ئوقۇش، ئۆگىنىش ۋە ئىجادىيەتنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. بوش ۋاقىت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تاپسىلا كىتاب كۆرۈپ، خاتىرە قالدۇردى. ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنغان ھەر قانداق ماتېرىيالنى ئىزدەپ تېپىپ كۆرۈپ چىقتى. ئاستانە يېزىسى تەۋەسىدە كۆپلىگەن پېشقەدەملەر بىلەن ئۇچرىشىپ، خەلق قوشاقلىرى ۋە مۇقام تېكىستلىرىدىن نۇرغۇننى توپلىدى. مۇشۇ جەرياندا ئۇ ئەرەب، پارس، چاغاتاي، خەنزۇ تىللىرىدىن بىمالال پايدىلىنالايدىغان، ھەتتا يازالايدىغان سەۋىيىگە يەتتى. ئۆزىگە زۆرۈر كېرەكلىك بولغان ئەدەبىياتقا ئائىت بىلىملەرنى ئىگىلىگەندىن سىرت ئۆگىنىشكە تېگىشلىكلا بولغان بارلىق بىلىملەرنى يەنى دۇنيا، جۇڭگو تارىخى جۈملىدىن ئۇيغۇر تارىخىنى، جۇغراپىيىسىنى، تەبىئەت بىلىملىرىنى، خەلقئارا ساۋاتلارنى، تۇرمۇش بىلىملىرى ۋە تېببىي ساۋاتلارنى ئېرىنمەي ئۆگەندى. ئەرەب تىلىنى پىششىق بىلىش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئىسلام دىنى تارىخى ۋە دىنىي بىلىملەردىنمۇ چوڭقۇر خەۋەردار بولدى. شۇڭا، يېزىدىكى كۆپلىگەن دىنىي زاتلار رېشىت مەخسۇتنىڭ بۇ جەھەتتىكى بىلىمىگە قايىل بولاتتى ۋە ئۇنى «ئۇستاز» دەپ تونۇيتتى.

رېشىت مەخسۇت 1972 ـ يىلى تۇرپان سەنئەت ئۆمىكى قايتىدىن قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۆمەك باشلىقى بولۇپ يۆتكىلىپ كەلدى. ئۇ بۇيەرگە كەلگەندىن كېيىن، سەنئەت ئۆمەكنى قايتىدىن تەرتىپكە سېلىپ، ئۈچ ناھىيىنى ئايلىنىپ يۈرۈپ، ئىقتىدارلىق ياشلارنى ئۆمەككە قوبۇل قىلدى. سۈپەتلىك تېكىستلەرنى يېزىپ ۋە تەشكىللەپ ئاھاڭغا سالدى. 1981 ـ يىلى ئۆمەك ئەزالىرىنى جەنۇبىي جۇڭگو رايونىغا ئېكىسكۇرسىيىگە ئاپىرىپ، گۇاڭجۇ، نەننىڭ قاتارلىق جايلاردىكى رىقابەت يۈزلىنىشىنى كۆرسەتتى. ئۇنىڭ رىغبەتلەندۇرۇشى نەتىجىسىدە، تۇرپان رايونىدىن 80 پارچىغا يېقىن ناخشا شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىدا ئاڭلىتىلدى. 1980 ـ يىلى رېشىت مەخسۇت مەدەنىيەت ـ مائارىپ باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ

تەيىنلەندى. ئەينى يىللاردا تۇرپانغا ئوخشاش مۇشۇنداق قەدىمكى مەدەنىيەتلىك يۇرتتا بىرەرمۇ مەتبۇئات، نەشر ئەپكارى يوق بولۇپ، بۇ ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان شائىر رىشىت مەخسۇت ۋە تۇرپاندىكى زىيالىيلارنىڭ ئىچىنى تىتىلدىتىۋاتقان مەسىلە ئىدى. ئۇ مەدەنىيەت ـ مائارىپ باشقارمىسىغا يۆتكىلىپ كەلگەندىن كېيىن باشقارما باشلىقى، تونۇلغان زىيالىي رىشىت توختى بىلەن بىرلىكتە تۇرپاندا بىر ئەدەبىي ژۇرنالنى يورۇقلۇققا چىقىرىشقا كىرىشىپ كەتتى. شۇ يىللاردا ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى بولۇپ تۇرۇۋاتقان پەتتارجان مۇھەممىدى ئۇلارنى يېقىندىن قوللىدى، سودا نازارىتىدىكى دەريا ھەسەن بۇ ئىشقا ھەمكارلاشتى. نەتىجىدە، تۆمۈر داۋامەت، ئابلىز نازىرى قاتارلىق رەھبەرلەرنىڭ تەستىقلىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئاخىرى ژۇرنال نەشر قىلىش ئىشىنى ھەل قىلدى. ژۇرنال يورۇقلۇققا چىققاندىن كېيىن رىشىت مەخسۇت ئۆزى بىۋاسىتە ئادەم يۆتكەپ كېلىپ، مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلىكنى ئۈستىگە ئېلىپ، «تۇرپان» ژۇرنىلىنىڭ بىرىنچى سانىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا يورۇقلۇققا چىقاردى. دېمەك، شائىرنىڭ تۇرپاننىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىدا ئوينىغان رولى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئۆچمەس تۆھپىسى ئەبەدىي نۇرلىنىپ تۇرىدۇ.

1984 ـ يىلى كۈزدە رىشىت مەخسۇت ۋىلايەتلىك پارتىيە مەكتىپىگە مۇئاۋىن مۇدىر بولۇپ، 1987 ـ يىلى ۋىلايەتلىك مىللەت ـ دىن ئىشلىرى باشقارمىسىغا مۇئاۋىن باشلىق بولۇپ يۆتكەلدى. 1993 ـ يىلى پېنسىيىگە چىقتى.

ئىلىم ئىزدەيلى،
بۇ زامان ياتماي.
غەپلەت، جاھالەت،

لايىغا پاتماي.
پەرىشان بولۇپ،
ھەيكەلدەك قاتماي.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نادانلىق بىلەن،
نومۇسنى ساتماي.
ئىلىمسىز مىللەت،
خانۇ ۋەيراندۇر.

بۇ كۈن ئۇيقۇدىن،
كۆتۈرەيلى باش.
سابا يورۇدى،
ساچىپ تىلك قۇياش.
ئىرپان سۆيەيلى،
ھەر بىر ئىرقداش.
نىشان قىلايلى،
مۇساۋات ياشاش.
بۇ كۈن بىزلەرگە،
كەلگەن دەۋراندۇر.

يېيىلىپ ئىرپان،
گۈللەنسۇن ھامان.
ئىرپان بىلەن بىز،
ياشايمىز ئامان.
ئىرپان قۇچۇشقا،
كەلدى خۇش زامان.
كېلىڭ ئوغۇل ـ قىز،
تېز مەكتەپ تامان.
بەخت بولىقى
ئىلىم ـ ئىرپاندۇر.

ئويلانماي ئەمدى،
كەلگىن جۇرئەتكە.
يولۇقماي دېسەڭ،
بالاي ـ ئاپەتكە.
ئىرپان بىلەن بىز،
پاتماي غەپلەتكە.
كەڭ يول ئاچايلى،
ھۆر ـ سائادەتكە.
ئىلىم ھاياتنىڭ،
بەخت كانىدۇر.

مانا بۇ شېئىر 16 ياشلىق رىشىت مەخسۇتنىڭ «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1949 ـ يىلىق 8 ـ يانۋار سانىدا «ئايتولدى» تەخەللۇسىدا ئېلان قىلىنغان «ئىلىم ئىزدەيلى» ناملىق شېئىرىدۇر. ئېنىقكى رىشىت مەخسۇت ئىجادىيەتكە يېڭىلا قەدەم قويغان مەسۇم ياشلىق دەۋرىدىن باشلاپلا يېڭىچە ئىدىيە، ئىلغار پىكىر، ئۆتكۈر بەدىئىي تەپەككۇر ۋە چوڭقۇر مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن مىللەتنى، ئانا خەلقىنى خۇراپاتلىق، مۇتەئەسسىپلىك، نادانلىق، غەپلەتتىن قۇتۇلۇشقا، ئىلىم ـ

مەرىپەت ئۆگىنىشكە چاقىردى. بۇ خىل ئىدىيە ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدە باشتىن ـ ئاخىر ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. ئازادلىقتىن كېيىن ئۇ تولۇپ ـ تاشقان قىزغىنلىق ۋە يېڭىچە روھ بىلەن سوتسىيالىزمنى، پارتىيىنى كۈيلىدى. ئۆتكۈر پىكىرلىك رۇبائىيلىرى بىلەن ھەققانىيەتنى، ئادالەتنى، ئىنساپ ـ دىيانەتنى، ئېزگۈلۈكنى، غۇرۇر، ئەخلاقنى، ياخشى ئادەم، ياخشى ئىشلارنى مەدھىيىلىدى، كۈيلىدى. ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى بەزىبىر ناچار خاھىشلارنى، كىشىلەر قەلبىدىكى سەلبىي تۇيغۇلارنى قاتتىق قامچا ئاستىغا ئالدى. ئۇنىڭ بىر خىل ئەقلىيە سۆزى تۈسىدىكى ئاممىباب، ھايات ھەقىقەتلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن رۇبائىيلىرى كىشىلەر قەلبىنىڭ چوڭقۇر قېتىدىن ئورۇن ئېلىپ، كەڭ ئاممىنىڭ سۆيۈپ ئوقۇشىغا سازاۋەر بولدى. نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنىڭ رۇبائىيلىرىنى يادلىۋېلىپ، ھۆسنخەت قىلىپ چوڭايتىپ يېزىپ، ھۆرمەت بىلەن ساقلاپ كەلدى. شائىر ھاياتىدا رۇبائىي، پارچە، مەسنەۋى، غەزەل، مۇخەممەس، مۇختەمىلات ۋە ھەر خىل بارماق ۋەزنىلىك شېئىرلاردىن بولۇپ، مىڭ پارچىدىن ئوشۇق ئەسەر ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ «يۇرتىمىز بوستان بولدى»، «گۈللىگەن تۇرپان»، «بۈيلۈق باغلىرى» ناملىق تېكىستلىرىگە سېلىنغان ناخشىلىرى كۆپ يىللاردىن بېرى خەلق ئارىسىدا ئىزچىل ئېيتىلىپ كەلدى. بولۇپمۇ شائىرنىڭ ئىجادىيەتتىكى ئەڭ زور تۆھپىسى رۇبائىيچىلىق بولۇپ، شائىر ئۆزىنىڭ ئاممىباب، ھازىرجاۋاب، چوڭقۇر مەنىلىك، جەلپكار، تېرەن تۇرمۇش ئاساسىغا ۋە خەلقنىڭ سۆيۈپ ئوقۇشىغا سازاۋەر بولغان رۇبائىيلىرى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مۇناسىپ ئورۇننى ئىگىلىدى.

رېشىت مەخسۇت بىر ئۆمۈر كەمتەر، چىقىشقاق، خۇش پېئىللىقى، بىلەن ئاددىي ـ ساددا ياشاپ كەلدى. مەيلى قايسى

ساھەدە ئىشلىمىسۇن، مەيلى قايسى خىل ۋەزىپىنى ئۆتىمىسۇن، ئاما ئۇچۇن ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىشكە، خەلققە نەپ بېرىشكە تىرىشتى، جامائەت ئىشلىرىغا، ھەر خىل يىغىلىش، كۇرسلارغا ئاكتىپ قاتنىشىپ، پائالىيەتلەرنى تەشكىللەپ، ئۆزىنىڭ ئاكتىپ پائالىيەتچى ئىكەنلىكىنى نامايان قىلدى ۋە ئاۋام ئۈچۈن نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلىپ بەردى. شائىرنىڭ يەزىلەتلىك، ئاددىي ـ ساددا، تەمەسسىز، ھەر ۋاقىت باشقىلارنى ئويلايدىغان، ھەرقانداق ھاجەتمەن كىشىگە قولىدىن كېلىشىچە ياردەم بېرىدىغان خاراكتېرى ئۇنىڭ ھاياتىدا كىشىلەرگە قالدۇرغان، ئۇنى زور ھۆرمەتكە نائىل قىلغان ئەڭ ياخشى تەسىرى بولۇپ، شۇنداق بولغاچقىلا شائىرغا ئىككى قېتىم تون كىيگۈزۈلدى. 1995 ـ يىلى تۇرپان ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى شائىرغا تون كىيگۈزگەن بولسا، 1996 ـ يىلى 11 ـ ئايدا شائىرنىڭ يارۇ بۇرادەرلىرى، ئوقۇغۇچى، شاگىرتلىرى، جەمئىيەتنىكى ئىلىم ئەھلىلىرى، مەرىپەتپەرۋەر تىجارەتچىلەر شائىرغا يەنە بىر قېتىم تون كىيگۈزدى.

1992 ـ يىلى شائىرنىڭ «رۇبائىي ۋە پارچىلار» ناملىق ئەسىرى بىرىنچى قېتىملىق «تۇرپان ئەدەبىياتى» مۇكاپاتىغا، 1990 ـ يىلى «رۇبائىيلار» ناملىق ئەسىرى ئىككىنچى قېتىملىق «خانتەڭرى ئەدەبىياتى» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. يەنە نۇرغۇن ئەسەرلىرى ۋىلايەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئەدەبىي ئىجادىيەت مۇسابىقىلىرىدە كۆپ قېتىم مۇكاپاتلارغا ئېرىشتى. 1985 ـ يىلى ئۇنىڭغا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا 30 يىل ئىشلىگەن كادىر» دېگەن شەرەپ گۇۋاھنامىسى بېرىلدى. ئۇ يۇقىرىقى شان ـ شەرەپ، تۆھپىلەرگە مۇناسىپ ھالدا خەلق قەلبىدىن ئورۇن ئېلىپ، نۇرغۇن كىشىلەر ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالىدىغان، نامىنى يادلايدىغان كىشىگە ئايلاندى.

ئۇ هايات چېغىدا جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى جەمئىيىتىنىڭ، «تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى» نىڭ ئەزاسى، «تۇرپان» ژۇرنىلىنىڭ تەھرىر ھەيئىتى ئىدى. مىڭ ئەپسۇسكى، رەھىمسىز كېسەل 67 ياشقا كىرگەن شائىرنى 2000 - يىلى 4 - ئاينىڭ 19 - كۈنى بۇ دۇنيادىن ۋاقىتسىز ئېلىپ كەتتى. ئۇنىڭ جەسىتى ئاستانىدىكى مۇھەممەتلار قەبرىستانلىقىغا قويۇلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# خاتىمە

يېقىندىن ياسالغان ئازادە، كەڭ، تۈپتۈز دۆلەت 312 ـ نومۇرلۇق يولى بىلەن تۇرپان شەھىرىدىن شەرققە قاراپ 40 كىلومېتىر ماڭسىڭىز سىڭگىم ئېغىزىغا يېتىپ كېلىسىز. شىمال تەرەپتە يول بويى سىزگە ئەگىشىپ كەلگەن سېھىرلىك ئىدىقۇت تېغى ئاستا ـ ئاستا يولغا يېقىنلاپ، سىڭگىم ئېغىزىغا كەلگەندە 90 گرادۇسلۇق بۇرۇلۇش ياساپ، جەنۇبقا قايرىلىدۇ. تاغ جەنۇبقا قايرىلغان جايدا، تاغنىڭ ئىككى بۆلىكىنىڭ ئارىسىدا ئۇزۇنلۇقى بەش كىلومېتىردىن ئاشىدىغان بىر ئېغىز شەكىللىنىدۇ. ئەتراپى ئېگىز تاغلار بىلەن قورشالغان، تۆۋەندە مۇرتۇق دەرياسى ئويناقشىپ ئېقىپ تۇرىدىغان، ئېقىن بويىدا ياپيېشىل قومۇشلۇق، رەت ـ رەت سۆگەتلەر ئۆزگىچە مەنزىرە ھاسىل قىلغان، شەرق تەرەپتىكى يېزىنىڭ نامى بىلەن «سىڭگىم ئېغىزى» دەپ ئاتىلىدىغان بۇ ئېغىز جەنۇب شىمال قاتنىشىدىكى بىردىنبىر ئۆتكەل، مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك تۈگۈن بولۇش سۈپىتى بىلەن تارىختىن بۇيان ئەسكەر تۇرغۇزۇلۇپ، ھەرقايسى كۈچلەر تالىشىدىغان، دۈشمەننى توسىدىغان ئورۇن بولۇپ كەلگەن، ھازىرمۇ بۇ يەردە قەدىمكى پوتەيلەرنىڭ ئىزلىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

سىڭگىم ئېغىزىنىڭ غەرب تەرىپىدە تۇرۇپ، شىمالغا يۈزلەنسىڭىز، كۆز ئالدىڭىزدىلا ھەيۋەت بىلەن سوزۇلۇپ ياتقان ئىدىقۇت تېغىنىڭ تىلىم ـ تىلىم، يول ـ يول ئېرىقچىلار، پاكار ـ پاكار تاقىر چوققىلار، قىزغۇچ رەڭدە تاۋلىنىپ تۇرغان تاش ـ توپىلار بىلەن گىرەلىشىپ، ئاجايىپ بىر ساماۋى، مۆجىزىۋى

كۆرۈنۈش ھاسىل قىلغانلىقىنى، بىر قاراشتا تاغ گەۋدىسىنىڭ گويا ياۋ خەنجىرىدە لەختە - لەختە بولسىمۇ، يەنىلا تىنىماي سوقۇپ تۇرغان، باتۇرنىڭ قىپقىزىل يۈرىكىگىلا ئوخشايدىغانلىقىنى، يەنە بىر قاراشتا خۇددى چوڭقۇر تەپەككۇر ئىلكىدە ئويغا پاتقان، يىللار دولقۇنلىرى چېھرىگە قات - قات قورۇقلارنى سالغان بوۋاينى ئەسلىتىدىغانلىقىنى ھېس قىلالايسىز. قىشمۇ ياز چوغدەك قىزىرىپ، يالقۇندەك يېلىنجاپ تۇرغان بۇ تاغنىڭ مەنزىرىسى مۇشۇنداق ئۆزگىچە بولغاچقا، بۇ يەردىن يىل بويى چەت ئەللىك ساياھەتچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ.

سىڭگىم ئېغىزىدىن جەنۇبقا قايرىلغان يولنى بويلاپ بىر كىلومېتىر ماڭسىڭىز يولنىڭ شەرق تەرىپىگە، سىڭگىم ئېغىزىدىن چىقىپ، ئاستانە، قاراغوجا يېزىلىرىغا قاراپ ئېقىۋاتقان ئېقىننىڭ بويىغا قاراغوجا يېزىلىق پاختا پىششىقلاپ ئىشلەش، سېتىۋېلىش زاۋۇتى جايلاشقان بولۇپ، بۇ زاۋۇت دەل ئەينى ۋاقىتتىكى موسۇلباي قۇرغان پاختا زاۋۇتىنىڭ ئورنىغا توغرا كېلىدۇ. پاختا زاۋۇتىدىن سەل ئۆتۈپ شەرققە قايرىلسىڭىز قاراغوجا يېزىسىغا، ئۇدۇل ماڭسىڭىز ئاستانە يېزىسىغا ماڭىسىز. ئۇدۇل كەتكەن يولنىڭ بويىدا باراقسان ئۆسكەن قارىياغاچ، جىگدە، ئۈجمە، سۆگەت دەرەخلىرى يېشىل كارىدور ھاسىل قىلغان بولۇپ، يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە كۆجۈم مەھەللىلەر، ياپ - يېشىل تەكلىكلەر، تۇتاش كەتكەن ئانارلىق باغلار، تېخى ئۆزلەشتۈرۈلمىگەن ئېگىز - پەس توپىلىق شورلۇقلار، چوڭ - كىچىك قەبرىلەردىن تەركىب تاپقان زاراتگاھلىقلار كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. مۇشۇ مەنزىرىلەردىن ھوزۇرلىنىپ، بەش كىلومېتىرغا يېقىن ماڭسىڭىز ئاستانە يېزىسىنىڭ مەركىزى تۆت كوچىسىغا كېلىسىز. تۆت كوچىنىڭ غەرب تەرىپى غوجامئالدى كەنتى، شەرق تەرىپى يېڭىتۇر كەنتى،

ئۇنىڭ نېرىسى قاراغوجا يېزىسى بولۇپ، ئىككى يېزا تۇتىشىپ كېتىدۇ. تۆت كوچىدىن غەربكە قاراپ 100 مېتىردەكلا مېڭىپ، يولنىڭ جەنۇبىدىكى بىر رەت دېھقان ئۆيلىرىنىڭ كەينىگە ئۆتسىڭىزلا ھەزرىتى ئەلپەتتاھ غوجام مازىرى ئالدىڭىزدا نامايان بولىدۇ. بۇ مازارغا مۇھتىلارنىڭ ئەۋلادلىرىدىن مەخسۇت مۇھتى، مۇھىبۇللا ئەپەندىم، رىشىت مەخسۇت قاتارلىق خېلى كۆپ كىشىلەرنىڭ جەسىتى قويۇلغان. غوجامئالدى كەنتىدىكى مۇشۇ مەركىزىي كوچىغا موسۇل مۇھتى، مەخسۇت مۇھتى، مەھمۇت مۇھتى ئاكا - ئۇكىلارنىڭ قورۇلىرى تۇتاش جايلاشقان بولۇپ، بۇ كوچا تارىختىكى نۇرغۇن ۋەقەلەرگە شاھىت بولغان، ئۆز قۇچىقىدىن مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتىنى، ئىنقىلاب دولقۇنىنى، مىللىي سودا روھىنى پۈتۈن شىنجاڭ تۇپرىقىغا تۇتاشتۇرغان كوچا بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. كوچىنىڭ شىمال تەرىپىگە مەھمۇت مۇھتىنىڭ ھەيۋەتلىك، كەڭرى قورۇسى جايلاشقان بولۇپ، ھازىر ئاستانە يېزىلىق پارتكوم، ھۆكۈمەتنىڭ ئىشخانا بىناسى قىلىپ ئىشلىتىلىۋاتقان بۇ قورۇ ناھايىتى مۇكەممەل ساقلانماقتا. بۇ قورۇ تەخمىنەن 1920 - يىللار ئەتراپىدا سېلىنغان، يەرلىك كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئەسلىدە مەخسۇت مۇھتى بۇ يەرگە سوۋېت پاسونىدا بىر ھەيۋەتلىك قورۇ سالدۇرماقچى بولۇپ، سىرتقى جايلاردىن ياغاچ ياغىچى ۋە باشقا چىدامىلىق، كۆركەم، تۈز ياغاچلارنى، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن تام مەش، گازۋاي لامپا، ھەر خىل مىس ماتېرىياللارنى ئەكەلدۈرگەن. ئۇ تەييارلىقلارنى بىرەر قۇر پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۆيىنى لايىھىلەيدىغان، قۇرۇلۇشقا يېتەكچىلىك قىلىدىغان ئىنژېنېر ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كېتىپ، ئۇزۇنغىچە كېلەلمىگەن. ئاستانىدە قالغان مەھمۇت مۇھتى ئاكىسىنىڭ ئارزۇسى بويىچە ئۆي قۇرۇلۇشىنى باشلىغان. ئۇ ئەينى ۋاقىتتىكى لوكچۇن ۋاڭ ئوردىسىنىڭ

خاس مېمارچىلىق ئۇستىسى بولغان تېيىپ ئۇستىنى[1] ئۆي قۇرۇلۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىشقا تەكلىپ قىلغان. ئەينى ۋاقىتتىكى قائىدە بويىچە، ۋاڭلارنىڭ خاس ھۈنەرۋەنلىرىنىڭ ئاددىي پۇقرالارنىڭ ئۆيلىرىدە ئىشلىشىگە رۇخسەت قىلىنمايدىغان بولۇپ، تېيىپ ئۇستا مۇھىتلار ئائىلىسىنىڭ ئىناۋىتى، مەرىپەتپەرۋەر، تەرەققىيپەرۋەرلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، يۇقىرىقى قائىدىنى بۇزۇپ، بۇ قۇرۇلۇشنى ئۆزى باش بولۇپ پۈتتۈرگەن. لېكىن، ئاقىۋەتتە كېيىنكى مەزگىلدە لۈكچۈن ۋاڭلىقىنىڭ ۋارىسلىرى تېيىپ ئۇستىنى «ۋاڭلىقنىڭ ئەمرىمەرۇپلىرىغا مۇخالىپ ئىش قىلدى» دەپ ئادەم سېلىپ، يوشۇرۇن ئۆلتۈرگۈزۈۋەتكەن.

دېمەك، پۈتكۈل تۇرپان رايونىدا كەم ئۇچرايدىغان ھەيۋەتلىك، نەقىشلىك، كۆركەم بۇ قۇرۇلۇش ئاخىرى پۈتۈپ، مەھمۇت مۇھىتىنىڭ قورۇسى نامى بىلەن يىراق - يېقىنغا پۇر كەتكەن. جەنۇب تەرەپكە قاراپ تۇرىدىغان بۇ ئىمارەت ھەر بىر رىتىمدە سەككىز تالدىن، ئۈچ رەتتە 24 تال تۈۋرۈك قويۇلغان ئېگىز پېشايۋان؛ كېمىر، دالانچىلىق يەنە ئاستى - ئۈستى ئىككى قەۋەتلىك 24 ئېغىز ئۆي، دالانغا چىقىدىغان مۇستەھكەم، نەقىشلىق ياغاچ پەلەمپەيدىن تەركىب تاپقان زور قۇرۇلۇش بولۇپ، تۈۋرۈكلەر ئۈچۈن ئىلىپتەك تۈز ۋە ئېگىز ياغاچلار تاللانغان، بۇ ياغاچلار ئىنچىكە سىلىقلانغان. ئۆيلەرنىڭ ئاستى-ئۈستى تاختايلىق بولۇپ، ھەر بىر ئۆيگە ئالتىدىن دېرىزە قويۇلغان، تورۇسمۇ تۈپتۈز سىلىقلانغان شال بىلەن يېپىلىپ، چۆرىلىرى چىرايلىق ئويما نەقىش بىلەن زىننەتلەنگەن. ئىشىك-دېرىزىلەرنىڭ ياغاچلىرى، پېشايۋان تۈۋرۈكلىرى ناھايىتى

① تېيىپ ئۇستا لۈكچۈن ۋاڭلىرىنىڭ قەبرە گۈمبىزىنىمۇ ئاجايىپ يۇقىرى ماھارەت بىلەن ياسىغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆز قولى بىلەن قويغان ئىمزاسى ھازىرمۇ «ئالتۇنلۇق» تىكى چوڭ گۈمبەزنىڭ ئىچىدە يېزىقلىق پېتى تۇرماقتا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

پۈختا، ئۆي تاملىرى ھازىرقى ئۆيلەرنىڭكىدىن خېلى كۆپ قېلىن بولۇپ، ئىشىكلەرگە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلتۈرۈلگەن نەپىس سېرىق مىس تۇتقۇچلار ئورنىتىلغان. ئەڭ ئالاھىدە يېرى ھەر بىر ئۆيدىكى كارىدور بىلەن چېگرىلىنىدىغان تامغا قەلەيدىن نەپىس قىلىپ ياسالغان ئېگىز تام مەش ئورنىتىلغان بولۇپ، تام مەشنىڭ ئوت قالايدىغان تەرىپى كارىدورغا قارىتىلغان. بۇنىڭدا بىر تەرەپتىن ئۆيلەرگە كۆمۈر ۋە كۈل توزۇپ، پاسكىنا بولۇپ كېتىشىنىڭ ئالدى ئېلىنسا، يەنە بىر تەرەپتىن كارىدورلارنىڭمۇ ئىسسىق تۇرۇشى ئىشقا ئاشۇرۇلغان. بۇ قۇرۇلۇشنىڭ كەينى تەرىپىگىمۇ ئاددىي پېشايۋان ياسىلىپ، ئىككى تەرەپتىن چىققىلى بولىدىغان چاققان ياغاچ پەلەمپەي ئورنىتىلغان. بۇ ئىمارەتنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ئادەمنىڭ دىققىتىنى قوزغايدىغىنى، سول تەرەپ بۇلۇڭدىكى ئىككى دېرىزىنى توسۇش ئۈچۈن ياسالغان، ئېگىزلىكى ئىككى مېتىر، كەڭلىكى ئىككى مېتىر ياغاچ قاشا بولۇپ، يەرلىك كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ قاشا يامان نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ ئۆي ئىچىدە بولۇنۇۋاتقان گەپلەرنى دېرىزىدىن يوشۇرۇنچە ئاڭلىۋېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ياسالغانىكەن. دەل مۇشۇ دېرىزىسى سىرتقا قارايدىغان، بىر كارىدور بىلەن ئوڭ تەرەپتىكى ئۆيلەردىن ئايرىلىپ سېلىنغان بۇ ئۆيدە تۇرپان قوزغىلىڭى ۋە باشقا ئىشلار ھەققىدە كۆپ قېتىم مۇھىم مەسلىھەتلەر بولۇنغانىكەن، نۇرغۇن ئىستراتېگىيىلىك پىلانلار مۇشۇ ئۆيدە ۋۇجۇدقا چىققانىكەن. ئادەمنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى يېقىندا، ئاشۇ يىللارنىڭ شاھىتى سۈپىتىدىكى بۇ ياغاچ قاشا يېزا تەرىپىدىن ئېلىۋېتىلگەن. شۇ يەرلىك كىشىلەرنىڭ ئەسلىشىچە، مەھمۇت مۇھىتىنىڭ بۇ قورۇسىدا تۇيۇقلۇق گايىت ئىسىملىك بىر كىشى ئۆي خىزمەتچىسى بولۇپ ئىشلىگەن بولۇپ، گايىت ئەسلى ئاتا - ئانىسى يوق يېتىم بولغاچقا ئاكا - ئۇكا مۇھىتىلار ئۇنىڭ بېشىنى

سىلاپ، ئۆز ئۆكسىدەك كۆرۈپ، ئۆي ـ ئوچاقلىق قىلىپ قويغان. نامدا ئۆي خىزمەتچىسى بولسىمۇ، مۇھتىلار ئۇنى ئۆز قېرىندىشىدەك كۆرگەن. شۇڭا، گايىت ئاخۇن ئۇلاردىن ئۆمۈر بويى مىننەتدار بولۇپ، بۇ چوڭ ھويلىنىڭ تازىلىق، ئوتۇن ـ كۆمۈر، سۇ توشۇش قاتارلىق ئىشلىرىنى پىداكارلىق بىلەن ئۈستىگە ئېلىپ، بۇ ئائىلە ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ ئىشلىگەن. ئازادلىق ھارپىسىغىچە بۇ ئائىلىنىڭ پەرزەنتلىرى ھەرقايسى جايلارغا تاراپ كەتكەن، ياكى جەڭلەردە، تۈرمىلەردە قازا قىلغان، گايىت ئاخۇنمۇ يۇرتى تۇيۇققا قايتىپ كەتكەن. لېكىن، ئۇنىڭ ئۆزى ئۇزۇن يىل تۇرغان بۇ قورۇغا، سۆيۈنۈپ ئىشلىگەن ئائىلە ئىشلىرىغا ۋە مېھرىبان ئۆي ئىگىلىرىگە مۇھەببىتى بولغاچقا، بۇ ئائىلىدىن رىشتىنى ئۈزەلمەي، 50 ـ يىللارغىچىلا بۇ قورۇغا كېلىشنى توختىتىپ قويمىغان. ئۇ كېچىلىرى تۇيۇقتىن ئاستانىگە كېلىپ، چۆلدەرەپ قالغان چوڭ قورۇنى سىيرىپ سۈپۈرۈپ، سۇ سېپىپ، ئىدىشلارنى سۇ بىلەن لىق تولدۇرۇپ، ئوتۇنلارنى يېرىپ تەييار قىلىپ قويۇپ، تاڭ ئاتقاندا تۇيۇققا قايتىپ كەتكەن. ئۇ بۇ ئادىتىنى خېلى يىللارغىچە داۋاملاشتۇرغان. بۇ يەردە شۇنى قەيت قىلىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، مۇھتىلارنىڭ پەرزەنتلىرى ئەينى يىللاردىكى تونۇلغان بايلاردىن، ئازادلىقتىن كېيىنكى ئاتالغۇ بويىچە ئېيتقاندا «پومېشچىك»لاردىن بولسىمۇ، باشقا جازانىخور بايلاردەك دېھقانلارغا زۇلۇم قىلىدىغان، ئۇرىدىغان، سولايدىغان، ئىقتىسادىي جەھەتتىن تالان ـ تاراج قىلىدىغان ئىشلارنى ھەرگىز سادىر قىلمىغان. بەلكى، دېھقانلارغا قولىدىن كېلىشىچە ياردەم قىلغان، ئاجىز، يېتىم ـ يېسىرلارنىڭ بېشىنى سىلىغان، ئاشلىقى تۈگەپ كەتكەنلەرگە ئاشلىق ئىئانە قىلغان. دېھقانلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى ئۆز يانلىرىدىن پۇل چىقىرىپ ئوقۇتقان، تەمرەتكە كېسىلى تارقىلىپ كەتكەن شۇ يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ھەر

www.uyghurkitap.com

خىل دورىلارنى ئالغاچ كېلىپ، دېھقان پەرزەنتلىرىنى خالىس داۋالىغان. شۇڭا، ئازادلىقتىن كېيىن «تۇرپاندىكى تۆت چوڭ پومېشچىك» دەپ ئاتالغان مۇھىتىلار پەرزەنتلىرىنىڭ تەركىبى ئايرىلغاندا «خەلقنىڭ غەزىپى يوق پومېشچىكلار» دەپ بېكىتىلگەن.

مەھمۇت مۇھىتىنىڭ قورۇسىنىڭ غەرب تەرىپىگە تاشكەنتتىن شىنجاڭغا كېلىپ تىجارەت ئىشى بىلەن بېيىغان مەرپەتپەرۋەر زات مەنسۇرجانباي تەرىپىدىن 1922 - يىلى سېلىنغان مەسچىت ۋە مەدرىسە، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى (ھازىرقى ساقچىخانىنىڭ ئورنى)، قادىر ھەسەننىڭ ئۆيى قاتارلىقلار جايلاشقان بولۇپ، بۇنىڭ نېرىسىغىلا مەخسۇت مۇھىتىنىڭ قورۇسى جايلاشقان. بۇ ئىككى قورۇنىڭ ئارىلىقى 100 مېتىرمۇ كەلمەيدىغان بولۇپ، موسۇلبايىنىڭ قورۇسى مۇشۇ ئىككى قورۇنىڭ ئوتتۇرىسىغا يولىنىڭ قارشى تەرىپىگە جايلاشقان. ئەپسۇسكى، ھازىر موسۇلبايىنىڭ قورۇسىدىن كىچىككىنە ئىزنامۇ قالمىغان. (لېكىن، موسۇلبايىنىڭ تۇرپان يېڭىشەھەردىكى قورۇسى خېلى مۇكەممەل ساقلانماقتا، بۇنى كىتابىمىزنىڭ باش قىسمىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتتۇق).

مەخسۇت مۇھىتىنىڭ قورۇسى ھازىرقى ئاستانە ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئىچىدە بولۇپ، كۆلىمى مەھمۇت مۇھىتىنىڭ قورۇسىدىن كىچىك، ئۇسلۇبىمۇ ئاددىي. بۇ قورۇ مەكتەپنىڭ غەرب تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، جەنۇبقا قارىتىپ سېلىنغان، ئىمارەت ئاستى - ئۈستى ئىككى قەۋەتلىك بولۇپ، ئاددىي پېشايۋان چىقىرىلغان. ئۆي ئىچىنىڭ بېزىلىشى، ئۇسلۇبى مەھمۇت مۇھىتى قورۇسىنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇ ئۆي مەخسۇت مۇھىتىغا مۇھىت ھاجىدىن قالغان، تارىخى بىر قەدەر ئۇزۇن بولغاچقا، خېلى كونىرىغان بولۇپ، ياخشى ئاسرالمىسا، ۋەيران بولۇش خەۋپى بارلىقى كۆرۈنۈپلا تۇرىدۇ. قىسمەتنىڭ

شۇنداق ماس كېلىپ قېلىشى كىشىنى ئويغا سالىدۇكى، ئەينى يىللاردا تۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ باش شتابى يەنى سىياسىي مەركىزى بولغان مەھمۇت مۇھىتى قورۇسى ھازىرمۇ ئاستانە يېزىسىنىڭ سىياسىي مەركىزى بولۇپ قالغان، ئەينى يىللاردا مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ ئوچىقى بولغان مەخسۇت مۇھىتىنىڭ قورۇسى ھازىرمۇ بىلىم باغچىسى بولۇپ كەلگەن.

گوسۇل مۇھىتىنىڭ قورۇسى غوجامئالدى مەھەللىسىنىڭ ئالتە كىلومېتىر غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان مەڭگۈبۇلاق كەنتىدە بولۇپ، بۇ قورۇمۇ سوۋېت پاسونىدا سېلىنغان، قوش قاناتلىق نەقىشلىك ئىشىكلەر، كەڭ دېرىزىلەر، ئىشىكلەرگە چىرايلىق سېرىق مىس تۇتقۇچلار ئورنىتىلغان، ھەتتا ئۆينىڭ تورۇسى قىزىل پاختا رەخت بىلەن زىننەتلەنگەن. ۋاھالەنكى، كېيىنكى ھەر خىل ئاپەتلەر جەريانىدا بۇ ئۆيمۇ ۋەيران بولۇپ، كىچىككىنە ئىزناسىمۇ قالمىغان. دېمەك، بۇ تۆت مۇھىتىنىڭ ئىچىدە مەخسۇت مۇھىتى بىلەن مەھمۇت مۇھىتى ئاكا - ئۇكا ئىككىلەننىڭ قورۇسى خۇددى ئۇلارنىڭ سەلتەنەتى، شۆھرىتىدىن دېرەك بېرىپ تۇرغاندەك، ئۇلارنىڭ قەلبىمىزدىكى روھىدەك ھازىرمۇ ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# پايدىلانغان مەنبەلەر:

1. سەيپىدىن ئەزىزى «ئۈمۈر داستانى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990 ـ يىلى نەشرى.
2. ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر «ئويغانغان زېمىن»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1 ـ، 2 ـ قىسىم، 1988 ـ، 1993 ـ يىللار نەشرى.
3. ئابدۇراخمان ئابدۇللا «تاشكەنتچىلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى نەشرى.
4. ئابلىمىت مەخسۇدوف «1931 ـ، 1934 ـ يىللىرى شىنجاڭدا بولغان خەلق قوزغىلاڭلىرىدىن قىسقىچە ئەسلىمە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ 38 ـ قىسمى.
5. خېۋىر تۆمۈر «بالدۇر ئويغانغان ئادەم»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1987 ـ يىلى نەشرى.
6. ئابدۇللا تالىپ «ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدىن ئوچېركلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى نەشرى.
7. شېرىپ خۇشتار «شىنجاڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى مەشھۇر شەخسلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى نەشرى.
8. مۇھەممەت شاھنىياز «بالدۇر ئويغانغان ئادەم ـ ئابدۇخالىق ئۇيغۇر»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى نەشرى.
9. مىرئەھمەت سېيىت، يالقۇن روزى «مەمتىلى ئەپەندى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى نەشرى.
10. «تارىخ بېتىنى ۋاراقلىغاندا»، تۈزگۈچى: غەيرەت ئەيسا، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى نەشرى.
11. ليۇ زىشاۋ «ئۇيغۇر تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987 ـ يىلى نەشرى.

12. بۇرھان شەھىدى «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى نەشرى.
13. مۇھەممەت ئىمىن «تۇرپان ۋاڭلىرى»، تۇرپان ۋىلايەتلىك سىياسىي كېڭەش خىزمەت كومىتېتى تۈزۈپ، نەشر قىلغان. 1997 ـ يىلى نەشرى.
14. ئىبراھىم مۇھىتى «مەرىپەتپەرۋەر مەرھۇم مەخسۇت مۇھىتى توغرىسىدا ئەسلىمە»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»، 13 ـ سان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى نەشرى.
15. مەھمۇت ئىلياس «تۇرپان ئاستانىدە يېڭى مائارىپنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىياتى»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»، 42 ـ سان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى نەشرى.
16. ئەيسا نىياز «قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىغا دائىر بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدا ئەسلىمە»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»، 12ـ سان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى نەشرى.
17. «ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرى» (نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: مەھمۇت زەيدى، مەھمۇت ئەكبەر، ئىسمايىل تۆمۈرى) شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى نەشرى.
18. «تۇرپان تارىخ ماتېرىياللىرى»، 1 ـ قىسىم، (تۈزگۈچىلەر: غېنى مەينەم، كېرەم تۇرسۇن). جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى تۇرپان شەھەرلىك كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللىرى ئىشخانىسى 1988 ـ يىل تۈزگەن.
19. كېرەم تۇرسۇن «تۇرپاننىڭ مائارىپ تارىخى»، «تۇرپان تارىخ ماتېرىياللىرى»، 2 ـ قىسىم، جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى تۇرپان شەھەرلىك كومىتېتى تارىخىي ماتېرىياللار كومىتېتى 1992 ـ يىلى تۈزگەن.
20. ئابدۇراخمان ئابدۇللا «مەشھۇر مەرىپەتپەرۋەر ئىنقىلابچى مەخسۇت مۇھىتى»، «تۇرپان تارىخ ماتېرىياللىرى»، 3 ـ قىسىم، جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى تۇرپان شەھەرلىك كومىتېتى تارىخىي

ماتېرىياللار كومىتېتى 1995 - يىلى تۈزگەن.
24. كېرەم تۇرسۇن «گۇلەندەم ئاۋۇستەيىنىڭ تۇرپان مائارىپى ئۈچۈن قوشقان تۆھپىسى» ، «تۇرپان تارىخ ماتېرىياللىرى» 5 - قىسىم، جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى تۇرپان شەھەرلىك كومىتېتى تارىخى ماتېرىياللار كومىتېتى 1999 - يىلى تۈزگەن.
25. ئابدۇراخمان ئابدۇللا « ‹گوسۇل مۇھىتى مەكتىپى› توغرىسىدا» ، «تۇرپان گېزىتى»
26. يۈسۈپ ھەسەن « ‹چوڭ يېغىلىق› تا قانغا بويالغان پىچان» ، «پىچان تارىخ ماتېرىياللىرى» 6 - قىسىم، پىچان ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش تارىخىي ماتېرىياللار كومىتېتى تۈزگەن.
27. تېيىپ پولات «پىچان ھەم باشقا يەرلەردىكى ئۇرۇش ۋە سېتىنىياز لىيەنجاڭ» ، «پىچان تارىخ ماتېرىياللىرى» ، 1 - قىسىم.
28. مۇھەممەتئىمىن قۇربانى «قەشقەر تەزكىرىسىدىن تەرمىلەر» قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1999 - يىلى نەشرى.
29. مەخمۇت ئەكبەر، ئىسمايىل تۆمۈرلەرنىڭ «شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋە ئۇنىڭ ئىككى پارچە شېئىرى توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسى، «تارىم» ژۇرنىلى 1984 - يىللىق 12 - سان.
30. شېرىپ خۇشتار «شىنجاڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئۆتكەن شەخسلەر» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003 - يىلى نەشرى.

مەسئۇل مۇھەررىرى: مۇھەممەتتۇردى مىرزائەخمەت
مەسئۇل كوررېكتورى: ھەجەرگۈل تۇرسۇن
مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: نۇرمۇھەممەت ئۆمەر

Doğu Türkistanlı Uzman Dr.
Turguncan UYGURTÜRKOĞLU'nun
Kütüphanesi
Kitap No.:...8.....

## ئىدىقۇت ئەۋلادلىرى
### —— مۇھىتلار جەمەتى

ئاپتورى: ئۆمەرجان سىدىق

* * *

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھەر جەنۇبىي ئازاتلىق يولى 348- نومۇر)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى
شىنجاڭ «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850mm×1168mm 1/32 باسما تاۋىقى 14.25 قىستۇرما بېتى: 16
2003 — يىل 12 — ئاي 1 — نەشرى
2003 — يىل 12 — ئاي 1 — بېسىلىشى
تىرازى: 1 —— 4000
ISBN 7—228—08440—3
باھاسى: 25.00 يۈەن